دۇەن لیەنچىن

# دولقۇنلار، قايناملار ۋە تورلار

(1)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ۋىسىلمىگەنلەر، قاتىللار
# ۋە تۇللار

**(1)**

ئاپتورى:            دۇەن ليەنچىن
تەرجىمە قىلغۇچى: يۈنۈسجان ئېلى
                        ھەنىپە ئابدۇللا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب شاڭخەي خەلق نەشرىياتىنىڭ 1988 - يىل 6 - ئاي
بىرىنچى نەشرى، 1988 - يىل 6 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە
ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据上海人民出版社1988年6月第1版1988年6月第1次印刷本翻
译出版

مەسئۇل مۇھەررىرى: ۋەلى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ليۇ پېيچىن

**دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالار**

ئاپتورى: دۇەن لىيەنچىن
تەرجىمە قىلغۇچى: يۇنۇسجان ئېلى، ھەنىپە ئابدۇللا

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتر، 1/32
باسما تاۋىقى: 37.75 قىستۇرما ۋارىقى: 4
1996 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1996 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 2.700
ISBN7—228—03058—3/K·361
باھاسى: 31.50 يۈەن

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................ 1

I باب مۇقەددىمە، گۈيفاڭ، دىڭلىڭ، قاڭقىل، تېلىلار-
نىڭ ئېتنىك مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنى مىللەت
دەپ ئاتاشقا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىق
مەسىلىسى ........................................ 1

1. دىڭلىڭلار بىلەن گۈيفاڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى ..... 2

2. قاڭقىللار بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى ..... 23

3. تۇرالار بىلەن قاڭقىللارنىڭ مۇناسىۋىتى ........ 51

4. گۈيفاڭ، دىڭلىڭ، قاڭقىل، تۇرالارنى مىللەت
دەپ ئاتاشقا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىق
مەسىلىسى توغرىسىدا ........................ 74

## بىرىنچى قىسىم دىڭلىڭلار

I باب شيا، شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدە گۈيفاڭ
دېگەن نام ئاستىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان
دىڭلىڭلار ........................................ 115

1. چىن سۇلالىسىدىن ئاۋۋالقى دەۋرگە ئائىت قەدىم-
كى كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن گۈيفاڭلار ۋە ئۇ-
لار ئورۇنلاشقان جايلار .................. 115

2. گۈيفاڭلار بىلەن شياڭ، جۇ سۇلالىلىرىنىڭ
مۇناسىۋىتى ........................................ 122

3. گۈيفاڭلارنىڭ تارقىلىش ۋە كۆچۈشلىرى ......... 130

4. گۇيفاڭلارنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيىنى ئۆزلەشتۈ-
رۈشى — قاراسۇق مەدەنىيىتى .............. 140
I باب هون دۆلىتى مەزگىلىدىكى دىڭلىڭلار ........ 164
1. دىڭلىڭلارنىڭ باتۇر تەڭرىقۇت موڭغۇل دالاسى-
نى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرىكى مەزگىل-
دىكى جايلىشىشى ................................ 164
2. هون دۆلىتىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى،
ئۇنىڭ دىڭلىڭلارنى بويسۇندۇرۇشى ۋە
ئۇلارغا هۆكۈمرانلىق قىلىشى .................. 180
3. دىڭلىڭلارنىڭ هون دۆلىتىنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا
قارشى كۆرەشلىرى ................................ 201
4. دىڭلىڭلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي
تۈزۈمى ........................................... 212
IV باب موڭغۇل دالاسىدا مىللەتلەرنىڭ چوڭ
قوشۇلۇش مەزگىلىدىكى دىڭلىڭلار .............. 225
1. دىڭلىڭلارنىڭ موڭغۇل دالاسى بىلەن جۇڭغارىيە
ئويمانلىقىغا كۆچۈشى، دىڭلىڭلار بىلەن هونلار-
نىڭ قالدۇق قوۋملىرىنىڭ قوشۇلۇشى ............ 228
2. سيانبى قەبىلىلىرىنىڭ موڭغۇل دالاسىغا كۆ-
چۈشى، دىڭلىڭلار بىلەن توغبات سيانبىلىرى-
نىڭ قوشۇلۇشى .................................. 254
3. سيانبى تان شىخۇاي باشچىلىقىدىكى قەبىلىلەر
ھەربىي چوڭ ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بۇ شۇ-
ھالدا دىڭلىڭلارغا تاقابىل تۇرۇشى، توغبات
سيانبىلىرىنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشى ۋە دىڭلىڭ-
لارنىڭ ئىككىنچى نۆۋەت جەنۇبقا كۆچۈشى .... 290
V باب ۋېي، جىن، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە
ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلار ......... 302

1. دىڭلىڭلارنىڭ بىر تارمىقىنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى
304 بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا كۆچۈشى ...
2. ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلارنىڭ ئۇرۇق-
310 قەبىلىلىرىنىڭ تەركىبى ۋە جايلىشىشى ...
3. 16 پادىشاھلىق دەۋرىدە ئىچكى رايونلارغا
326 كۆچكەن دىڭلىڭلار ...
(1) جوگشەن دىڭلىڭلىرىنىڭ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى جاۋ
پادىشاھلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، جۇدىنىڭ
326 بېگى دى بىن ...
(2) جوگشەن دىڭلىڭلىرىنىڭ ئالدىنقى يەن پادىشاھلى-
329 قىغا بەيئەت قىلىشى، ئادىل، بەيئەتچى ۋاڭ دىشۇ...
(3) ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىنىڭ جوگشەن دىڭلىڭلى-
رىنى شىنئەن بىلەن مىيەنچىگە كۆچۈرۈشى ۋە دى بىن-
نىڭ چىن پادىشاھلىقىغا قارشى ئىسيان
330 كۆتۈرۈشى ...
(4) دىڭلىڭلارنىڭ كېيىنكى يەن پادىشاھلىقى بىلەن
332 بولغان كۈرىشى ...
(5) دىڭلىڭلارنىڭ «بۈيۈك ۋېي بەگلىكى»نىڭ قۇرۇلۇ-
339 شى ۋە يىمىرىلىشى ...
4. تۇغيات-ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىچ-
كى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلار، دىڭلىڭلارنىڭ
تۇغيات-ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى
349 ئېلىپ بارغان كۈرىشى ...
5. ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلارنىڭ خەنزۇ-
361 لارغا قوشۇلۇش مەسىلىسى توغرىسىدا ...

## ئىككىنچى قىسىم قاڭقىللار

I باب. قاڭقىللارنىڭ مىلادى IV ئەسىردىن VI ئەسىر-
نىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى

جايلىشىشى، ئىجتىمائىي ئىگىلىك تۈزۈمى ۋە
ئۆرپ - ئادەتلىرى ...... 373
1. قاڭقىللارنىڭ مىلادى IV ئەسىردىن V ئەسىرنىڭ
باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى موڭغۇل دالا-
سىدىكى جايلىشىش ئەھۋالى ...... 374
2. قاڭقىللارنىڭ ئىگىلىكى ...... 383
3. قاڭقىللارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ...... 389
4. قاڭقىللارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ...... 397
VI باب 16 پادىشاھلىق، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋ-
رىدىكى ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنىڭ قاڭقىللارغا
قاراتقان بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرى، جورجان
خانلىقىنىڭ قاڭقىللارنى بويسۇندۇرۇشى ۋە
ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ...... 411
1. ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنىڭ قاڭقىللارغا قارات-
قان ئۈچ قېتىملىق بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشى ...... 414
2. جورجان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ قاڭ-
قىللارنى بويسۇندۇرۇشى ھەم ھۆكۈمرانلىقى ...... 420
(1) جورجان مىللىتىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە
جورجان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ...... 420
(2) جورجانلارنىڭ قاڭقىللارنى بويسۇندۇرۇشى ۋە
ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشى ...... 428
3. قاڭقىل خەلقىنىڭ جورجان خانلىقىنىڭ ھۆكۈم-
رانلىقىغا قارشى كۈرىشى، قاڭقىللارنىڭ پۈۋۈر-
غۇر قەبىلىسىنىڭ قوزغىلىڭى ۋە غەربكە
كۆچۈشى ...... 438
(1) قاڭقىل خەلقىنىڭ جورجان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلى-
قىغا قارشى ئۇرۇشتىكى ئۈچ خىل كۈرەش شەكلى ...... 438
(2) جورجانلارنىڭ يۈچىلىق قاغانىنىڭ يېڭى سىياسىتى ۋە

تولۇن قاغاننىڭ ئەكسىيەتچىلىكى، پوۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ جورجان خانلىقىغا قارشى قوزغىلىڭى ۋە غەربكە كۆچۈشى ........................................ 441

(ء) قاڭقىلالارنىڭ پوۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەربكە كۆچكەن ۋاقتى توغرىسىدا.......... 447

VII باب قاڭقىل دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ جورجان خانلىقى بىلەن بولغان كۈرىشى .......... 463

1. قاڭقىل دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە غەربىي يۇرتىنىڭ ۋەزىيىتى .................................... 464

2. قاڭقىل دۆلىتىنىڭ توغبات ۋېي سۇلالىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن ماسلىشىشى ئارقىسىدا، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا غەلىبىلىك ھالدا يۈرۈش قىلىشى، قاڭقىللارنىڭ كىنكىت، پىشامشان، قوسلارنى ئىشغال قىلغان ۋاقتى توغرىسىدا...... 472

3. ئىفتالىتلارنىڭ شەرققە كېڭىيىشى ۋە قاڭقىل دۆلىتىگە بولغان تەھدىتى، ئىفتالىتلارنىڭ كىنكىتنى ئىگىلىگەن ۋاقتى بىلەن تۈيغۇنلارنىڭ پىشامشاننى ئىشغال قىلغان ۋاقتى توغرىسىدا ........ 480

4. قاڭقىل دۆلىتىنىڭ كرىزىسى ۋە مىئوتۇنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشى، قۇدرەتلىك قاڭقىل دۆلىتى ........................................ 493

5. توغبات ـ ۋېي سۇلالىسىنىڭ جورجان خانلىقىغا قارىتا قوللانغان «قايتا يولەپ، كۈللەندۈرۈش ۋە مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇشقا يار ـ يۆلەك بولۇش» سىياسىتى، قاڭقىل دۆلىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە مۇنقەرز بولۇشى .......................... 507

IX باب. تۇغبات — دەي (ۋېي) پادىشاھلىقىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى قاچقۇنلارغا قاراتقان بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرى ۋە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاچقۇنلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى .............. 521
1. تۇغبات قەبىلىلىرىنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە ئۇلار قۇرغان دەي (ۋېي) پادىشاھلىقىنىڭ شىمالىي چۆللۈكتىكى قاچقۇنلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرى .... 522
2. مىللەتلەرنىڭ 16 پادىشاھلىق، شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىدىكى زور كۆلەملىك كۆچۈشى، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچكەن قاچقۇنلارنىڭ سانى ۋە قەبىلىلىرى توغرىسىدا يۈزەكى قىياس........ 545
3. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاچقۇنلارنىڭ جايلىشىشى، «غەربىي تۇرالار»، «خېشى تۇرالىرى»، «شەرقىي تۇرالار»، «شىمالىي تۇرالار» توغرىسىدا ئىزاھ ........................ 564
4. تۇغبات — ۋېي سۇلالىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاچقۇنلارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىق شەكلىنىڭ باسقۇچ خاراكتېرلىك ئۈچ خىل ئۆزگىرىشى ... 578
5. تۇغبات ۋېي سۇلالىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاچقۇنلارغا قاراتقان ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمى ........................ 603
X باب. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاچقۇنلارنىڭ تۇغبات — ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا قايتىشى .............. 620
1. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاچقۇنلارنىڭ ئۈچ قېتىم

لنق كەڭ كۆلەملىك قارشلىق كۆرستىش
كۆرىشى ........................................ 621
2. ئالتە قورغان چوڭ قوزغىلىڭى مەزگىلىدىكى
چۆللۆكنىڭ جەنۇبىدىكى قائىقىللار .............. 636
3. چۆللۆكنىڭ جەنۇبىدىكى قائىقىللارنىڭ چۆللۆكنىڭ
شىمالىغا قايتىشى .................................. 651

## ئۈچىنچى قىسىم تۇرالار

XI باب ئالدىنقى تۈرك خانلىقى مەزگىلىدىكى
تۇرالار ............................................ 669
1. تۈركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى، تۈرك
خانلىقىنىڭ تۇرا قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇشى ... 671
2. تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ قەبىلە تەركىبى، جايلىشى-
شى، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئۆرپ -
ئادەتلىرى ........................................ 681
(1) قەبىلە تەركىبى ۋە جايلىشىشى .................. 681
(2) ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئۆرپ -
ئادەتلىرى ........................................ 693
3. ئالدىنقى تۈرك خانلىقىنىڭ تۇرالار ئۈستىدىكى
ھۆكۈمرانلىقى ....................................... 700
4. تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ مىلادى 599 — 603 -
يىللاردا تۈرك خانلىقىغا قارشى ئېلىپ
بارغان كۈرەشلىرى، چۇبە - سىرتاردۇش
خانلىقى (605 — 612) .............................. 717
5. تاڭ سۇلالىسى، جىنگۇەن يىللىرىنىڭ باشلىرى-
دا پارتلىغان تۇراخەلقىنىڭ بۈيۈك قوزغىلىڭى ۋە
شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ... 734
XII باب سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ باش - ئاخىرى ... 763

1. سرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە سرتاردۇش خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ............ 764
2. سرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئوردىسى جايلاشقان ئورۇن ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنلىرى ............ 777
3. سرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئىگىلىكى، ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى ............ 797
4. سرتاردۇش خانلىقىنىڭ ئىچكى سىياسىتى ...... 802
(1) قاغانلارنى «ئورتاق سايلاش» تۈزۈمى ............ 802
(2) ھەربىي، مەمۇري رايونلىرىنىڭ ئايرىلىشى ۋە ئۇ-نىڭدىكى ئۆزگىرىش ............ 806
(3) ھەربىي قوشۇنلىرى ۋە ئۇنىڭ تەشكىل تېپىشى ... 812
(4) مالىيە، باج سېلىق تۈزۈمى ............ 817
5. تۈرا قەبىلىلىرىنىڭ «ئۆلۈش يەر» مەسىلىسى توغرىسىدا ............ 819
6. سرتاردۇش خانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، سرتاردۇش خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ............ 841
(1) تاڭ سۇلالىسىگە قارام دۆلەت بولغان مەزگىلدىكى سرتاردۇش خانلىقى ............ 842
(2) تاڭ سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتقان مەزگىلدىكى سرتاردۇش خانلىقى، سرتاردۇش خانلىقىنىڭ يوقىلىشىدىكى سەۋەبلەر ............ 870
7. سرتاردۇش خانلىقىنىڭ تارىخىي ئورنى ...... 896
XIII باب تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشىغان چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۈرالار ... 917
1. تاڭ تەيزۇڭنىڭ شىمالدىكى تۈرا قەبىلىلىرىنى ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىش سىياسىتى ۋە تۈرا قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىش

جەريالى ...... 918
2. تاڭ سۇلالىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا-
لارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى ...... 927
(1) تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇرا قەبىلىلىرى ئارىسىدا مەھ-
كىمە، ئايماقلارنى تەسىس قىلىشى ...... 927
(2) يەنرەن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى،
تاڭ سۇلالىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالار
ئۈستىدە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى ئۈنۈملۈك
يۈرگۈزۈشى ...... 937
(3) ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى تۇمىدىنىڭ «تۆزىنى
قاغان» دەپ ئاتاش مەسىلىسى توغرىسىدا ...... 945
3. ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ئۇيغۇر بىلەن كۆلۈبىينىڭ
تاڭ سۇلالىسىگە قارشى سۇيىقەست پىلانلىشى،
تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنى تىنچلاندۇرۇپ،
ئۇلارنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش
ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرلىرى ۋە ئۇنىڭ
ئەھمىيىتى ...... 953
4. تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ دۈشمەن-
لەشكەن ئەللەرنى تىنچىتىشى ۋە زېمىن كېڭەي-
تىشى ئۈچۈن قوشقان زور تۆھپىسى ...... 957
(1) تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ كۇسەننى تىنچىتىشى
(مىلادى 647 — 648 – يىللار) ...... 958
(2) تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىرتارەۇشلار بىلەن تۈركلەر-
نىڭ چەۋبەقاغانىنىڭ قەبىلىلىرىنى يوقىتىشىغا ياردەم
بېرىشى (مىلادى 648 — 650 – يىللار) ...... 964
(3) تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ غەربىي تۈرك خانلى-
قىنى يوقىتىشى (مىلادى 651 — 658 – يىللار) ...... 969

(4). تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ كورىيەگە جازا يۈرۈش قىلىشى (مىلادى 660 — 661 - يىللار) ... 977
5. تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى .... 982
(1). مىلادى 659 — 660 - يىللاردىكى ئىزگىل، بارغۇت، بايىرقۇ، توڭرا قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى ...... 988
(2) مىلادى 661 — 663 - يىللاردىكى ئۇيغۇرلار باشچىلىقىدىكى توققۇز تۇرالارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۆرىشى .......................... 990
(3). مىلادى 669 - يىلى ۋە مىلادى 681 - يىلىدىكى سىرتاردۇشلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۆرىشى... 1002
(4). مىلادى 686 - يىلىدىكى بارغۇت، توڭرالارنىڭ «تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشى»، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇن چىقىرىپ ئىسيانچىلارنى تىنچىتىشى ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ «ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنۇش» مەسىلىسى، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشى ............................ 1007
XIV باب تاڭ سۇلالىسى ۋە كېيىنكى تۈرك خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۇرالار .................. 1045
1. كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ھەم ئۇلارنىڭ تۇرالارنى بويسۇندۇرۇشى... 1047
(1) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالار تاڭ سۇلالىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ۋەزىيەت ........ 1047
(2). كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارنى بويسۇندۇرغان ۋاقتى ۋە جەريانى... 1052

2. تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ بەگچۇر قاغانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى ۋە جەنۇبقا كۆچۈشى ...... 1059
(1) كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى قۇتاۋۇق، بەگچۇر قاغانلارنىڭ شىمالدىكى تۇرالارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى ...... 1059
(2) چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارنىڭ كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كەڭ كۆلەملىك كۈرىشى ۋە جەنۇبقا — تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىگە كۆچۈشى ...... 1070
3. بىلگە قاغاننىڭ يېڭى سىياسىتى ۋە تۇرا خەلقىنى شىمالغا جەلپ قىلىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتۇرۇش سىياسىتى ...... 1080
4. تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى تۇرالارنىڭ جايلىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىش سەۋەبلىرى بىلەن جەريانى ...... 1091
(1) تۇرالارنىڭ تاڭ سۇلالىسى چېگرىسى ئىچىدە جايلىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ قەبىلە تەشكىلى ...... 1093
(2) تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى تۇرالارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىش سەۋەبلىرى ۋە جەريانى ...... 1111
5. ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللىنىشى ...... 1128
(1) ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ...... 1128
(2) كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ۋە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، تۇرا قەبى-

ئەللىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ
شەكىللىنىشى ........................................ 1136
خاتىمە ........................................ 1156
قوشۇمچە:
دۆلەتلەر، قاغانلىقلار، ۋە تۆرىلەر تارىخىدىكى
چوڭ ئىشلار يىلنامىسى ........................ 1161
ئاخىرقى سۆز ........................................ 1188

# كىرىش سۆز

مەملىكىتىمىزنىڭ شىياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگىچە بولغان تارىخىدىكى گۆيفاڭ (ئۇي-لار، دىڭلىڭ (دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان تۇرالار)، قاڭقىل (تۆلۇس-لەر) ۋە تۇرا (تىبلى دەپ ئاتالغان تۇرالار) لار، ئوخشاش بىر خىل مىللەتنىڭ ئوخشاشمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاتىلىشى ئىدى. بۇ كىتاب گۆيفاڭلاردىن باشلىنىپ، مىلادى 744 - يى-لىدىكى ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇش ھارپىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، جەمئىي ئۈچ بۆلۈم (بىرىنچى بۆلۈم «دىڭلىڭلار قىسمى»، ئىككىنچى بۆلۈم «قاڭقىللار قىسمى»، ئۈچىنچى بۆلۈم «تۇرالار قىسمى»)، XIV بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مەز-كۇر مىللەتنىڭ تەخمىنەن ئىككى مىڭ يىللىق تارىخى بايان قىلىنىدۇ.

گۆيفاڭلار شىياڭ، جۇ سۇلالىلىرىنىڭ تارىخىغا نىسبەتەن مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەنىدى. دىڭلىڭلار چۆللۈكنىڭ شىما-لىدىكى ھونلارنىڭ گۈللىنىش ۋە مۇنقەرز بولۇشىدا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى 16 پادىشاھلىق دەۋرىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئوخشاشلا مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ھالبۇكى، قاڭ-قىللارنىڭ جورجان خانلىقى بىلەن شىمالىي ۋېي (توغبات ۋې-ي) سۇلالىسىدە، تۇرالارنىڭ تۈرك خانلىقى بىلەن سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىدە ئوينىغان رولىنىمۇ ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. قاڭقىللار بىلەن تۇرالارنىڭ نوپۇسى كۆپ بولۇپلا

قالماستىن، بەلكى چۆللۈكنىڭ غەربىدىكى كەڭ رايونلارنى ئىگىلىگەنىدى؛ تارقالغان ئورنىدىن ئالغاندا، ئۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىي قىسمى، ئىچكى موڭغۇل، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشىيا قاتارلىق ئۆلكە ۋە رايونلىرىغا تارقالغانىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى بىلەن سىياسىي پائالىيىتىنىڭ جورجان ۋە تۈرك خانلىقلىرىنىڭ گۈللىنىش ۋە مۇنقەرىز بولۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زور بولغاچقا، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي ۋېيى، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغىمۇ مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەنىدى. مەسىلەن، شىمالىي ۋېيى سۇلالىسىنىڭ ھالاك بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان ئالتە قورغان، قوزغىلىڭىدا قاڭقىللار ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتلىك بولغان شىمال ۋە غەربىي شىمال تەرەپتىكى زېمىنلىرىنىڭ زور دەرىجىدە كېڭەيتىلىشىدە تۇرا قەبىلىلىرى غايەت زور تۆھپە قوشقانىدى. شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا شۇنداق ئېيتىشقىمۇ بولىدۇكى، قاڭقىل ۋە تۇرالارنىڭ تارىخىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، بۇ دەۋردىكى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرەپ ۋە ھالقا بولۇپ، شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى بىلەن سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى تارىخىنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇر تەتقىق قىلىشتىكى كەم بولسا بولمايدىغان تەتقىقات تېمىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالار ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى، دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالارنىڭ تارىخى ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قارايدۇ. بۇ كىتابتا تارىخىي كىتابلار، تار-

خېمولوگىيىلىك ماتېرىياللار. ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقات نە-
تىجىلىرىنى پايدىلىنىش ئاساسىدا، گۇيغاڭلار دىڭلىڭلارنىڭ
ئېتنىك مەنبەسى ئىككىلىكىنى ئىسپاتلاشنى مەقسەت قىلدىم.
گۇيغاڭ، دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالارنىڭ تارىخىنى بىر كى-
تاب قىلىپ توپلاپ، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن تارىخىنى
شەرھلەپ بېرىش، ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى زامان
تارىخىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشنى
مەقسەت قىلدىم. بۇ قىزىقارلىق بىر ئىلمىي مەسىلە بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى يەنە ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئالدىنقىلار دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالارنىڭ تارىخىنى
تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىرە-
قەدەر مۇھىم ئەسەرلىرىدىن ۋاڭ گوۋېينىڭ «دىڭلىڭلارنىڭ تارىخى»،
فەن ۋېنلەننىڭ «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخىدىن قىسقىچە توپلام»-
نىڭ ئۈچىنچى بۆلۈم 7-بابىدىكى «ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى»،
فىڭ جىياشىڭ، چېڭ سۇلۇ، مۇگۇاڭگۇېن قاتارلىقلار تۈزگەن
«ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپ-
لىمى» (بىرىنچى قىسمى)، سېن جوڭمىيەننىڭ «تۈرك تارىخىغا
ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» (بىرىنچى، ئىككىنچى قىسمى) قا-
قاتارلىق ئەسەرلەر بار. بۇ كىتابتا يۇقىرىدىكى ئاپتورلارنىڭ
تەتقىقات نەتىجىلىرى پايدىلىنىلدى ۋە قوبۇل قىلىندى. بۇ
يەردە مەرھۇم تۈركولوگ سېن جوڭمىيەن ئەپەندىگە ئالاھىدە
مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. سېن جوڭمىيەن ئەپەندىنىڭ بى-
لىمى چوڭقۇر، يازغان ئەسەرلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئۇ سۈي،
تاڭ ۋە تۈرك تارىخى ھەققىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ-
لا قالماستىن، بەلكى تۇرالار ۋە تۈركلەرگە ئائىت تارىخىي ئە-
سەرلەر بىلەن مەڭگۇ تاشلار ئۈستىدىمۇ ئالاھىدە كەڭ دائىرى-
لىك تەكشۈرۈپ ۋە ئۇنى ئىزاھلاپ چىقىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ
تۇرا، تۈرك تارىخى تەتقىقاتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈر-

دى. بۇ كىتابتا گەرچە ئۇرغۇلىغان مەسىلىلەردە لىسىن جوڭمـ
ـيەن ئەپەندىنىڭ قارىشىغا قوشۇلمىغان بولسامىمۇ، ئەمما كىتـ
ـابىمنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمى بولغان «تۇرالار قىسمى» نى يېز
ـىشتا يەنىلا سىين جوڭمىيەن ئەپەندىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىد
ـىن كۆپلەپ پايلاندىم.

1962 - يىلى ئۇستازىم ما چاڭشۇنىڭ قولىدا ئوقۇۋاتـ
ـقان چېغىمدىلا، مەندە مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى
مىللەتلەر تارىخىغا نىسبەتەن چوڭقۇر قىزىقىش پەيدا بولغان
ھەمدە دەسلەپكى تەتقىقاتىمنى باشلىغانىدىم. شۇ ۋاقىتتىن
باشلاپ ھازىرغىچە 22 يىل ئۆتتى. بۇ جەرياندا تەتقىقات
خىزمىتىم ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر مەھەل يېرىم
ولدا توختاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر كۈنمۇ ئىسىم
ـدىن چىقارمىدىم. بۇ كىتابنىڭ يېزىلىشى بولسا، ئۆزۈمنىڭ
تەتقىقات نەتىجىلىرىم ئۈستىدە بىر قېتىملىق دەسلەپكى قەد
ـەملىك خۇلاسىلەش ئېلىپ بېرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سەۋىيەمنىڭ ۋە شەرت - شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيـ
ـلىدىن نۇقسانلاردىن خالى بولۇش تەس. شۇڭا كەسىپداشـ
ـلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

دۆەن لىيەنچىن

غەربىي شىمال داشۆسى 1984 - يىل ئاۋغۇست

# I باب مۇقەددىمە، كۇيفاڭلار، دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالارنىڭ ئېتنىك مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنى مىللەت دەپ ئاتاشقا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىق مەسىلىسى

تارىخىي خاتىرىلەر ۋە كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، خەن، ۋېي سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار، 16 پادىشاھلىق ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قاڭقىللار، سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تۇرالارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر خىل مىللەتنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاتىلىشى ئىدى ①. ئەمما خەن، ۋېي سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى دىڭلىڭلارنى بۇ مىللەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنبەسى دەپ ھېسابلاشقا بولامدۇ ھەممە دىڭلىڭلار، قاڭقىللار، تۇرالارنى بىر مىللەتنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاتىلىشى دەپ قاراشتا تارىخىي ئەسەرلەردە قانداق ئاساسلار بار؟ نا- ھايەت، دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالارنى مىللەت دەپ ئاتىغاندا، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ يۇقىرىدىكى مەسىلىلەر كىتابىمىزنىڭ ھەرقايسى بابلىرىغا چېتىلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قەدەر مۇھىمراقلىرىنى يەنىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەممە مەركەزلىك ھالدا ھەل قىلىشنى زۆرۈر تاپتۇق. ئۇنداق بولمايدىكەن،

بىز «ھەرقايسى يات مىللەتلەرنى پۈتۈنلەي ئارىلاشتۇرۇۋېتىش»② تىن ئىبارەت خاتالىقنى سادىر قىلىپ قويغان بولىمىز، ئەلۋەتتە.

## 1. دىڭلىڭلار بىلەن گۇيفاڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى

نۆۋەتتە بايان قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر، قەدىمكى ئۇيغۇر (خۇيخې) لار، تۇرالار ۋە قاڭقىللارغا ئائىت بەزى ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار بىلەنلا چەكلەنگەن بولۇپ، ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىلا ئۇنىڭدىن ئاۋۋالقى شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى مەزگىلىدىكى گۇيفاڭلارغىچە سۈرۈشتە قىلىندى. ئەمەلىيەتتە گۇيفاڭلار بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ مىللەت جەھەتتىكى ئىچكى ئىزچىللىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بۇ خىل ئىچكى ئىزچىللىق مۇناسىۋەت مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى يازما مەنبەلىرىدىلا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ قالماستىن، بەلكى شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ۋېي شۇ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لى يەنشۇ، دۇيۇ ۋە كېيىنكى دەۋردىكى ۋاڭ گوۋېي قاتارلىقلارنىڭ تەتقىقاتى، بولۇپمۇ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلىش خىزمىتىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، تەدرىجىي ئېچىلىۋاتقان تېخىمۇ مول ماتېرىياللار ئارقىلىق، نۆۋەتتە بىر قەدەر ئايدىڭلاشتى. ھازىر بىز گۇيفاڭلارنى دىڭلىڭلارنىڭ ئىچكى مەنبەسى دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، گەرچە دەلىللەر يەنىلا ئانچە تولۇق ئەمەس دېيىشكە بولىدىغۇ، ئاغرىنىشقا بولمايدۇ (نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخىنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس)، ئەمما جۇڭگولۇق بىلەن ئاساسسىز گەپ قىلىشقا تېخىمۇ ھاجەتسىز.

گۇيفاڭلارنى دىڭلىڭلارنىڭ ئىچكى مەنبەسى دەپ

قاراش، تارىختا بىر قېتىملىق ئۇزاق مۇددەتلىك تونۇش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن.

شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، جورجان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئېزىلگۈچى مىللەت قاڭقىللار ئىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا توغبات-ۋېي سۇلالىسىنىڭ جورجان خانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كۆپلىگەن قاڭقىل ئاھالىلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىگە كۆچۈپ كەلگەن. قاڭقىللار ئەينى ۋاقىتتا چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىدىكى ئادەم سانى ئەڭ كۆپ، تارقالغان ئورنى ئەڭ كەڭ مىللەتكە ئايلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مايىل بولۇش - بولماسلىقى جورجانلار بىلەن توغبات-ۋېيدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ گۈللىنىش ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشىدە ئىنتايىن زور مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىدى، شۇ سەۋەبتىن ۋېي شۇ «ۋېينامە» نى يازغاندا قاڭقىللار ئۈچۈن مەخسۇس قىسسە تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى، تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئېتنىك مەنبەسى، تارىخى قاتارلىقلىرى ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك خاتىرە قالدۇرغان. قاڭقىللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا ۋېي شۇ مۇنداق دەيدۇ:

«قاڭقىللار ئىلگىرىكى قىزىل دىلار (قىزىل تۇرالار) نىڭ ئايرىم بىر قوۋمى بولۇپ، دەسلەپتە «تىل» (تۇرا) دەپ ئاتالغان، شىمال تەرەپتىكىلەر ئۇلارنى «چىلى» دەپ ئاتىسا، شىيالىقلار «قاڭقىل» دەپ ئاتىلىدىغان دىڭلىڭلار (قاڭقىل دىڭلىڭلىرى) دەيتتى.»

«قاڭقىل» دەپ ئاتىلىدىغان دىڭلىڭلار ئەينى ۋاقىتتا موڭغۇل دالاسى بىلەن شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردىن پايدىلىنىپ، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغان دىڭلىڭلارنى كۆرسىتەتتى. «قاڭقىل» بۇ يەردە ھەم سۈپەت ھەم رەۋىش بولۇپ كەلگەنىدى. «قاڭقىل»

دەپ ئاتىلىدىغان دىڭلىڭلار دېگەنلىك ئېگىز چاقلىق ھارۋىلار-
دىن پايدىلىنىدىغان دىڭلىڭلار دېگەنلىك ئىدى. بۇ ئاساسەن
غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئىچكىرىگە
كۆچۈپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان تاغلىق دىڭلىڭلاردىن
ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈشكە قارىتىلغانىدى. بۇ نۇقتا ھەققىدە
بىز تۆۋەندە يەنە قايتا توختىلىپ ئۆتىمىز. بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم
ھالقىلىق تەرىپى ۋېي شۇنىڭ دىڭلىڭلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرى-
سىدىكى قارىشى بولۇپ، ئۇ دىڭلىڭلار «ئىلگىرى قىزىل دىلارنىڭ
ئايرىم بىر قوۋمى» دەپ قارىغانىدى. ۋېي شۇنىڭ بۇ قارىشىنى،
تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ياشىغان تارىخشۇناس
لى يەنشۇ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىس-
سە» نى تۈزگەندە پۈتۈنلەي قوبۇل قىلغانىدى. دەرۋەقە ئەس-
لىدىكى «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» شىمالىي سۇڭ
سۇلالىسى دەۋرىدە يوقاپ كەتكەنىدى، «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەق-
قىدە قىسسە» نىڭ ھازىرقى نۇسخىسى سۇڭ سۇلالىسىدىن كېي-
يىن يېزىلغان «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە
قىسسە» گە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ تولۇقلانغان، ئەمما «شىمالىي
سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ تۈزۈلۈش ئۇسۇلى، تاڭ سۇلالىسى
دەۋرىدىكى لىيۇ جىجى باھا بەرگەندەك «يىغىنچاقلاپ كۆچۈ-
رۈلگەن يېقىنقى دەۋر تارىخلىرى» بولغانلىقى ئۈچۈن، تارىخ-
شۇناسلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ خىلدىكى يۈزلىنىش بويىچە
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»، «ۋېينامە.
قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىن كۆچۈرۈش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا
كەلگەن، شۇ سەۋەبتىن كېيىنكىلەر «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى.
قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» نى «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە
قىسسە» دىن ئۆزگەرتىپ تولۇقلىغان، دېگەن تونۇشتا بولماقتا.
شۇڭا قاڭقىللار «ئىلگىرىكى قىزىل دىلارنىڭ ئايرىم
بىر قوۋمى» دېگەن بۇ خىل قاراشنى، باشتا ۋېي شۇنىڭ تىلغا

ئېلىپ، كېيىن لى يەنشۇنىڭ ئۇلى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»
غا كۆچۈرۈپ كىرگۈزگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تاڭ سۇ-
لالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە ياشىغان تارىخشۇناس دۇيۇ
تەرىپىدىن يېزىلغان «قانۇنلار قامۇسى» دا يەنىلا ۋېي شۇنىڭ
قارىشى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، پەقەت «قىزىل دىلارنىڭ
ئايرىم بىر قوۋمى» دېگەن سۆزدىكى «ئايرىم» دېگەن سۆزنى
چىقىرىۋېتىپ، «قىزىل دىلار قوۋمىدىن» دەپ ئالغان. بەزىلەر
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»
بىلەن «قانۇنلار قامۇسى. قاڭقىللار» نىڭ ھەر ئىككىلىسى
«ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىن ئېلىنغان، ئارتۇقچە
كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەھمىيەت بېرىش ھاجەتسىز دەپ قارايدۇ.
بۇ خىل قاراش توغرا ئەمەس. مەيلى لى يەنشۇ ياكى دۇيۇ
بولسۇن، ئۇلار «ۋېينامە» دىن يىغىنچاقلاپ كۆچۈرگەندە،
«ۋېينامە» دىكى ماتېرىيال ۋە كۆزقاراشلار ئۈستىدە بىرقېتىم-
لىق ئىنتايىن پۇختا تەتقىقات ئېلىپ بارغان، تەكشۈرگەن ۋە
مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. شۇڭا ئۇلارنى «ۋېينامە» دە خاتىرىلەن-
گەن بارلىق ماتېرىياللار ئۈستىدە، بولۇپمۇ «ۋېينامە. قاڭقىل-
لار ھەققىدە قىسسە» ئۆز ئىچىگە ئالغان دىڭلىڭلارنىڭ
ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدىكى كۆز قاراش ئۈستىدە ھېچقانداق
مۇھاكىمە يۈرگۈزمىگەن، پەرقلەندۈرمىگەن، «شىمالىي سۇلالى-
لەر تارىخى» بىلەن «قانۇنلار قامۇسى» غا ئۆز پېتىچە كۆچۈ-
رۈپ قويغان، دېيىش ھەم ئورۇنسىز ھەم ئەمەلىيەتكىمۇ ئۇي-
غۇن كەلمەيدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدا بىز «ۋېينامە. قاڭقىللار
ھەققىدە قىسسە» دىن نەقىل ئالغان «شىمال تەرەپتىكىلەر»
دېگەن سۆزنىڭ كەينىدىكى سۆزلەر (يەنى «چىلى دەپ ئاتىسا،
شيالىقلار ... دەيتتى») «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىل-
لار ھەققىدە قىسسە» دە ئۇچرىمايدۇ. ھالبۇكى، «قانۇنلار
قامۇسى، قاڭقىللار» دىلا مۇشۇ سۆزلەر بار. ناھايىتى ئېنىقكى،

«كېيىنكىلەر «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قائىدىلار ھەققىدە
قىسسە» دېگەن پايدىلىنىپ، «ۋېينامە» نى تۈزگەرتىپ تولۇقلى-
غاندا، «قانۇنلار قامۇسى. قائىدىلار» نىڭ «ۋېينامە. قائىدىلار
ھەققىدە قىسسە» نى مەنبە قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ خىل
تونۇشقا ئاساسەن، ۋېي شۇنىڭ ئەسىرىدە بۇ سۆزلەر (يەنى،
«چىلى دەپ ئاتىسا، شىيالىقلار ... دەيتتى») ئەسلىدىنلا بولغان-
لىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تولۇقلاپ كىرگۈزۈلۈشى كېرەك، دەپ
قارىغان. «ۋېينامە. قائىدىلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ ھازىرقى
نۇسخىسى بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قائىدىلار ھەق-
قىدە قىسسە» نىڭ بۇ خىل پەرقىنىڭ قانداق كېلىپ چىقى-
شىدىن قەتئىينەزەر، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قائىدىلار
ھەققىدە قىسسە» نىڭ «ۋېينامە. قائىدىلار ھەققىدە قىسسە»
نىڭ ئەسلىدىكى نۇسخىسى بىلەن پەرقى بار. لى يەنشۇ «شى-
مالىي سۇلالىلەر تارىخى» نى تۈزگەندە، ئالدىنقى دەۋرلەردى-
كى تارىخلارنى «يىغىنچاقلاپ كۆچۈرگەن» دېگەن تاشقىرى،
يەنە ئالدىنقى دەۋرلەردىكى تارىخلاردىكى ئوخشاش بولۇپ قالغان،
قايتىلانغان، ئارتۇقچە بولۇپ قالغان دەپ قارالغان سۆزلەرنى تۈزەتكەن،
شاللاپ چىقىرىۋەتكەن ۋە تولۇقلىغان. بۇنى تارىخشۇناسلار
ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇڭا يېقىنقى يىللاردا تېپىلغان «شىمالىي سۇلالىلەر
تارىخى. قائىدىلار ھەققىدە قىسسە» دە چۈشۈپ قالغان سۆزلەر-
نى، لى يەنشۇ كىتاب تۈزگەندە چىقىرىۋەتكەنمىدۇ.
كۆپچىلىكنىڭ مەلۇمكى، لى يەنشۇنىڭ «جەنۇبىي سۇلالىلەر
تارىخى» نى تۈزۈپ چىقىشى، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نى تۈزۈش-
تىكى ئاساسلىق مۇددىئاسىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئال-
دىنقى دەۋرلەردىكى تارىخلارنىڭ «سۇڭ، چى، لياڭ، چېن،
ۋېي، جۇ، سۈي» ئوردىلىرىنى جەنۇب ۋە شىمال دەپ ئايرىپ، جەنۇب
تەرەپتىكىلەرنىڭ شىمالدىكىلەرنى «ئۆزۈن چاچلىق بۇلاڭچىلار»،
شىمال تەرەپتىكىلەرنىڭ جەنۇبتىكىلەرنى «دېڭىز قاراقچىلىرى»

دەپ ئاتىغانلىقىغا بولغان نارازىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى؛ ئۇ تالاڭ سۇلالىسىنىڭ تولۇق بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىدەك ۋەزىيەت ئاستىدا ھاقارەتلىك سۆز - ئىبارىلەرنى چىقىرىۋېتىپ، جەنۇب بىلەن شىمالدىكى ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ ئايرىم - ئايرىم يېزىلغان تارىخلىرىنى بىر كىتاب قىلىپ ئىشلەپ چىققان. لى يەنشۇ «ۋېينامە: قائقىللار ھەققىدە قىسسە» دە: «شىمال تەرەپتىكىلەر» دېگەن سۆز بىلەن «شيالىقلار» دېگەن سۆزنىڭ بىللە تىلغا ئېلىنغانلىقىنى، ئۇنداق بولغاندا سۆز مەنىلىرى ئارىلىشىپ، تەكرار-تەكرار بولۇپ كېتىپلا قالماستىن، بەلكى «شىمال تەرەپتىكىلەر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «شيالىقلار» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئىستىسنا قىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۆزىنىڭ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دېگەن كىتاب تېمىسىغىمۇ زىت بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. قىسقىسى، ئۇ بۇ خىل پىكرىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، «شيالىقلار» دېگەن سۆزنى چىقىرىپ تاشلاپ، «شىمال تەرەپتىكىلەر» دېگەن سۆزنى ساقلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن؛ سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتە باغلىنىشى ئۈچۈن يەنە «شيالىقلار» دېگەن سۆزنىڭ ئالدى - كەينىدىكى بىرقانچە سۆزنىمۇ چىقىرىۋەتكەن. بۇ ھال لى يەنشۇنىڭ «ۋېينامە: قائقىللار ھەققىدە قىسسە» نى يىغىنچاقلاپ كۆچۈرگەندە، ئەستايىدىللىق بىلەن تەتقىق قىلىپ، مۇلاھىزە يۈرگۈزگەنلىكىنى، ھەمدە نوقۇل ھالدىلا ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈۋالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دۈيۈنىڭ «قىزىل دىلارنىڭ ئايرىم بىر قوۋمى» دېگەن سۆزنى «قىزىل دىلار قوۋمىدىن» دەپ ئۆزگەرتكەنلىكىگە كەلسەك، گەرچە «ئايرىم» دېگەن بىرلا سۆز چىقىرىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر تۈزىتىش ئىدى. چۈنكى ۋېي شۇنىڭ، دىڭلىڭلار «ئىلگىرىكى قىزىل دىلارنىڭ ئايرىم بىر قوۋمى»

دېگەن قارىشىغا ئاساسەن، خەت مەنىسىدىن ئالغاندا بۇ گەپ «دىڭلىڭلار ميلادىدىن 594 يىل ئىلگىرى جىن بەگلىكى قىزىل دىلارنى يوقاتقاندىن كېيىن ساقلىنىپ قېلىنغان بىر قىسىم قىزىل دىلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى» (ئايرىم قوۋمى) بولۇپ قالدى. بۇنداق بولغاندا چۈشەندۈرمەك ناھايىتى تەس. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قىزىل دىلار ئەينى ۋاقىتتا جىن بەگلىكىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمى (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمى)نى بازا قىلغان بولۇپ، جىن بەگلىكى قىزىل دىلارنى يوقاتقاندا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆلتۈرۈلگەن، كۆپ قىسمى جىن بەگلىكى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ قۇل قىلىنغانچىقا. تارىخىي كىتابلاردا قىزىل دىلارنىڭ ئايرىم قوۋملىرىنىڭ موڭغۇل دالاسىغا قېچىپ بارغانلىقى ھەققىدە زادىلا خاتىرە يوق. شۇڭا دىڭلىڭلار بىلەن قىزىل دىلارنىڭ ئايرىم قوۋملىرىنى باغلاش ناھايىتى تەس. دۇيۇ «قىزىل دىلارنىڭ ئايرىم بىر قوۋمى» دېگەن سۆزنى «قىزىل دىلار قوۋمىدىن» دەپ ئۆزگەرتكەندە، بىر تەرەپتىن ئۇ ۋېي شۇنىڭ دىڭلىڭلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى قىزىل دىلار دېگەن قارىشىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ قىزىل دىلارنى «قىزىل دىلارنىڭ ئايرىم قوۋمى» دېگەن سۆز بىلەن چەكلەپ قويۇشقا قوشۇلمىغان. قىزىل دىلار ئەمىنىيە دەۋرىدىكى دى مىللىتىنىڭ ئۈچ چوڭ تارمىقى (قىزىل تۇرالار، ئاق تۇرالار، ئېگىز تۇرالار) نىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمىكى بىر تارماق بولۇپ، تۆۋەندە بىز ئۇلارنىڭ تارىخىنىڭ شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىگە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. دۇيۇنىڭ ئۆزگەرتىشى بىرلا سۆز بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشىمىزدا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىكى «ئىلگىرىكى قىزىل دىلارنىڭ ئايرىم بىر قوۋمى» دېگەن سۆزنىڭ كەينىگە «دەسلەپتە تىل (تۇرا) دەپ ئاتالغان» دېگەن

سۆز يېزىلغان؛ دۇيۇ «قانۇنلار قامۇسى. قاڭقىللار» دا «دەسلەپتە تىل (تۇرا) دەپ ئاتالغانىكەن» دەپ يېزىپ، «دەسلەپتە» دېگەن سۆزنىڭ كەينىگە «ئىكەن» دېگەن سۆزنى قوشقان. گەرچە بۇ بىرلا سۆزنىڭ كۆپىيىشى بولسىمۇ، ئەمما مۇھىم بىر تولۇقلىنىش ئىدى. چۈنكى ۋېي شۇ ئىشلەتكەن سۆزلەرنىڭ ئىچىدە «دى» ۋە «تىل» (تۇرا) دىن ئىبارەت ئىككى نامنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇنچىۋالا ئېنىق بولمىغان بولۇپ، دۇيۇ «ئىكەن» دېگەن سۆزنى كۆپەيتىپ، «تىل» (تۇرا) بىلەن «دى» دىن ئىبارەت ئىككى سۆزنىڭ ۋارىسلىق جەريانىدىكى مۇناسىۋىتىنى ئېنىق تۇرغۇزغان. شۇ ئارقىلىق دى، تىل (تۇرا) ۋە دىڭلىڭدىن ئىبارەت ئۈچ خىل نامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاھاڭ ئۆزگىرىش مۇناسىۋىتىنى بىزگە ناھايىتى ئېنىق ئېيىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا دۇيۇ يەنە «ۋۇيىنامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىكى مەزمۇنلارنىڭ كۆپ قىسمىنى قىسقارتىۋەتكەن ۋە تۈزەتكەنىدى. دۇيۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە ياشىغان كىشى بولۇپ، ئۇ تاڭ دەيزوڭ، تاڭ دېزوڭ، تاڭ شۇنزوڭ ۋە تاڭ شيەنزوڭدىن ئىبارەت تۆت پادىشاھنىڭ دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن. جېنيۈەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خۇەينەننىڭ ھىراۋۇلى بولغان، تۆھپىسى بولغانلىقى ئۈچۈن جېنيۈەننىڭ 19 - يىلى (مىلادى 803 - يىلى) ئوردىغا كىرىپ ۋەزىرلىككە ئۆستۈرۈلۈپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم شەخسكە ئايلانغان. ئۇ قەدىمكى تۈزۈملەر ۋە شىمالىي چېگرىنىڭ مۇداپىئەسى، مىللەتلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىش ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. ئۇ يازغان «قانۇنلار قامۇسى» نىڭ كۆپ قىسمى ئالدىنقى دەۋرلەردىكى تارىخلاردىن ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇ ئەسەرنى تولۇق رەتلەپ ۋە تۈزىتىپ چىققانىدى؛ ئۇ يەنە يازما شەكلىدىكى كىچىك ئىزاھات بېرىش،

ماتېرىياللارغا تولۇقلىما بېرىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئالدىنقى دەۋرلەردىكى تارىخلاردا ئۇچرىتىلغان نۇقسانلارنى بىۋاسىتە كۆرسىتىپ بېرىپ، نۇقسانلارنىڭ شۇ پېتى كېتىپ قېلىشىغا يول قويمىغان. ئۇنىڭ «ۋېينامە. قاگقىللار ھەققىدە قىسسە» ئۇستىدىكى تولۇقلىمىسى ۋە تۈزىتىشى، ئۇنىڭ ئىلمىي پوزىتسىيىسىنىڭ ئىنتايىن كەسكىنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. قىسقىسى، لى يەنشۇ بىلەن دۇيۇ «ۋېينامە. قاگقىللار ھەققىدە قىسسە» نى ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈۋالغان، ھېچ-قانداق بىرەر يېڭى قاراش بارلىققا كەلتۈرەلمىگەن دېيىشنىڭ (ھېچقانداق ئاساسى يوق.

ۋېي شۇ، لى يەنشۇ ۋە دۇيۇلار زادى نېمىگە ئاساسەن قىزىل دىلارنى دىڭلىڭلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى دەپ يازغان؟ بۇ مەسىلە ھەققىدە مەيلى ۋېي شۇ ياكى لى يەنشۇ بىلەن دۇيۇ بولسۇن ھەممىسى بۇ ھەقتە ھېچقانداق چۈشەنچە بەرگەن ئەمەس. ھازىرقى بار بولغان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئۇلار-نىڭ دىڭلىڭلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى قىزىل دىلار دېگەن ئەقلىي خۇلاسىسىدىكى ئاساسى، ھېچ بولمىغاندا تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن:

(1) «ۋېينامە»دىن ئۈزۈندىلەر. «غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، غەربىي جىن سۇلالىسى مەزگىلىدە كانگىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ بارغان دىڭلىڭلار (تاغلىق دىڭلىڭلار) «غەربىي دىڭلىڭ» دەپ ئاتالغانلارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتامانلىرى ئۆزلى-رىنى دىشۇ، دىغلۇ دىلىرى دەپ ئاتايتتى، بۇ بىر قىسىم دىڭلىڭلار دى ئۇرۇقىدىن ئىدى.

(2) دى ئۇرۇقى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل دالاسىدا ياشىغۇچى قاگقىللار (قاگقىل دەپ ئاتالغان دىڭلىڭلار)نىڭ

ئالتە قەبىلىسىنىڭ بىرى بولۇپ، ئالتە قەبىلىگە باشچىلىق قىلاتـ
تى. غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن بۇيانقى موڭغۇل دالا-
سىنىڭ ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا، بۇ بىر قىسىم دىڭلىڭلار شەكـ
سىزكى، ھونلار مۇلقەرز بولغاندىن كېيىن، ھونلارنىڭ شىمالىي
(ھازىرقى جەنۇبىي سىبىرىيە) دىن جەنۇبقا كۆچۈپ موڭغۇل دالا-
سىغا كەلگەن، ئۇلار غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىـ
دىكى «شىمالىي دىڭلىڭلار» نىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىدى.

(3) چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى دەۋرىدىكى دىلار. چىن سۇلالى-
سىدىن بۇرۇنقى ھۆججەتلەردە كۆپىنچە يەنە دى 翟 دەپ يېزىلغانىدى.
مەسىلەن، جىن شيەنگۇڭنىڭ ۋاقتىدا جوڭئېر «دىلارنىڭ ئارىسىغا
قېچىپ كەتكەن»، «زۇچيۇمىڭ تەپسىرى. شىگوڭنىڭ بەشىنچى
يىلى» دا: «دىلار 翟 نىڭ ئارىسىغا قېچىپ كەتكەن» دەپ يېزىل-
غان؛ جۇ شياڭۋاڭ قىزىل دىلاردىن خوتۇن ئېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە
خانىكە قىلغان بولۇپ، «دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان. جۇ
سۇلالىسى، ئۆتكەن دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان» دا: «دى
(翟) لىق خانىكە» دەپ ئاتالغان؛ «تارىخىي خاتىرىلەر.
ھونلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ «دى (狄) لىق خانىكە» دەپ
تىلغا ئېلىنغان؛ رۇڭ، دى، ئاق دى، قىزىل دى، ئېگىز دىلارنىڭ
ھەممىسى «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە
ئايرىم - ئايرىم ھالدا رۇڭ دى، قىزىل دى، ئاق دى، ئېگىز دى،
دەپ يېزىلغان. ئومۇمەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى 狄 (دى) ۋە 翟 (دى)
لار بىلەن تەڭ قاتارغا قويۇلۇپ تىلغا ئېلىنغانىدى. بۇ يەرـ
دىكى 翟 (دى) لار يەنى دى (狄) لاردىن ئىدى. «تارىخىي
خاتىرىلەر. جۇ سۇلالىسى پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرىلەر»
گە ئاساسلانغاندا، جۇ قوۋمى بۇ جۇنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ، دى-
لار بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قىلغان بولۇپ، بۇ جۇ «رۇڭ،
دىلارنىڭ ئارىسىغا قېچىپ كەتكەن»، گوڭ ليۇ «رۇڭ، دىلارنىڭ
ئارىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانىدى». دىلار بىر دېگەن

جايغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەنلىكتىن گۇگۇك[11] دەلغۇ چى تىبەتنىڭ ئىچكىگە كۆچۈپ كەتكەنىدى. ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن كېيىن يېزىلغان يازما مەنبەلەردە دىلارنىڭ ئۈچ چوڭ تارمىقى خاتىرىگە ئېلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، قىزىل دىلار ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمكىسى ئىدى. دى تائىپىلىرى خۇاشيا دۆلەتلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن، پەقەت قىزىل دىلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىلا دىلارنى ئۆزلىرىنىڭ جەمەتى قىلغانىدى. ۋاڭ گوۋېي قىزىل دىلار «دى تائىپىلىرىنىڭ ئەجدادلىرىدۇر»⑩ دەيدۇ. شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى دىلار قىزىل دىلارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادلىرى ھېسابلىنىدۇ.

(4) «نەزمىنامە»، «تارىخىي خاتىرىلەر. جۇ پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرىلەر» گە ئاساسلانغاندا، دىلار شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال ۋە شىمالىدىكى رايونلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلار ئولتۇراقلاشقان جايلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ ماكانلاشقان ئورۇنلىرى بىلەن ئوخشايتتى، بەلكى ئارىلىقلىرى ئانچە توسۇلۇپ تۇرمايتتى. دېمەك، (1) ۋە (2)-نۇقتىدىن شىمالىي ۋېي سۇلالىسى (تۇغبات — ۋېي دۆلىتى) دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار (قاڭقىل دەپ ئاتالغان دىڭلىڭلار ۋە تاغلىق دىڭلىڭلار) بىلەن خەن، ۋېي دەۋرىدىكى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى دىڭلىڭلارنى بىر قوۋم دەپ خۇلاسە چىقىرىشقا، (3) ۋە (4)-نۇقتىدىن خەن، ۋېي دەۋرىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى قىزىل دىلار دەپ خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ. قىسقىسى، ۋېي شۇ، لىي يەنشۇ، دۇيو قاتارلىق كىشىلەر، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قاڭقىل دەپ ئاتالغان دىڭلىڭلار بىلەن تاغلىق دىڭلىڭلارنىڭ جايلاشقان ئورنى، كۆچۈشى، ئۇرۇق جەمەتلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئۆزلىرى

ئىنتايىن پىششىق بىلىدىغان «زۇچيۇمىڭ تەپسىرى»، «دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايانلار»، «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە»، «ۋېينامە»دىن ئۆزۈندىلەر» قاتارلىق كىتابلاردىن پايدىلىنىپ، دىڭلىڭلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى قىزىل دىلار دېگەن ئاساسى بار خۇلاسىنى چىقارغان، يەنە كېلىپ ئۇلار پايدىلانغان ۋە ئاساسلانغان ئارخىپ ماتېرىياللار بىلەن تارىخىي ئەسەرلەر، بىزنىڭ ھازىر كۆرۈۋاتقىنىمىزدىن تېخىمۇ كۆپ بولغان بولۇشى مۇمكىن.

بىزنىڭچە دىڭلىڭلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى قىزىل دىلار دېگەن مەسىلىگە مۇئامىلە قىلىشتا، تۆۋەندىكىدەك ئىككى نۇقتىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش ئىنتايىن زۆرۈر:

بىرىنچى، ۋېي شۇ، لى يەنشۇ ۋە دۇيۇلار شىمالىي سۇلالىلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخشۇناسلار بولۇپ، ئۇلار يازغان «ۋېينامە»، «جەنۇبىي سۇلالىلەر تارىخى»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «قانۇنلار قامۇسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتا ئوردا ۋە ئاۋام خەلق تەرىپىدىن يېزىلغان ھەمدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە تارقالغان مەشھۇر ئەسەرلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىگىچە بولغان 300 — 400 يىللىق ئارىلىقتا مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شەخسلەر دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ دىڭلىڭلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى قىزىل دىلار دېگەن قارىشى، مۇنداقچە قىلغاندا، ۋېي شۇدىن دۇيۇغىچە بولغان بۇ نەچچە يۈز يىللىق ئارىلىقتىكى مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىڭلىڭلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە بولغان تونۇشى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىسىنى

ئەگىش ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى، ۋېي شۇ قاڭقىل دەپ ئاتالغان دىڭلىڭلار بىلەن تاغلىق دىڭلىڭلارنىڭ پائالىيىتى ئىنتايىن جانلانغان دەۋردە ياشىغانىدى. مىلادى VI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، توغبات - ۋېي دۆلىتى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى قاڭقىللار (يەنى قاڭقىل دەپ ئاتالغان دىڭلىڭلار) نى ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمالىدىكى چېگرا رايونلارغا كۆچۈرگەن-دىن كېيىن، توغبات - ۋېي دۆلىتىنىڭ زېمىنى ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان قاڭقىللارنىڭ ئومۇمىي ئادەم سانى بىر مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ قاڭقىللار توغبات - ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىدى، ئۇلارنىڭ توغبات- ۋېي سۇلالىسى بىلەن زىچ سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى بار ئىدى. توغبات - ۋېي سۇلالىسى قاڭقىللارنىڭ بەزى قەبىلە باشلىقلىرىغا يۇقىرى مەرتىۋە ۋە ئەمەللەرنى بەرگەنىدى. مەسىلەن، قاڭقىللارنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسى (قاڭقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسىنىڭ بىرى) نىڭ باشلىقى بېكقۇلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، شىمالىي ۋېي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا مىڭدۇ بېگىلىك ئۇتۇغاتىنى بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئوغلى پانتېكىن ئوردا دىۋانبېگىلىك مەنسىپىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇنىڭ نەۋرىسى قوغۇرسۇ تېكىن ئالتە قورغان قوزغىلىڭى مەزگىلىدە قوشۇن ئەمىرى بولغان بولۇپ، كېيىن ئىككىنچى سۈيۈرغال قوۋملارنىڭ قەبىلە باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنىدى، پادىشاھ ۋېي جۇڭدى نىڭ دەۋرىدە «فۇچېڭ بارونى، ئالتۇن جۇلالىق ئىناۋەتلىك تۆرە» دېگەن مەرتىۋە بېرىلگەنىدى. ئۇشىيايۈەن ئۇرۇشىدا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن گاۋخۇەن تەرىپىدىن باش ئەمىر لەشكەرلىككە ئۆستۈرۈلگەن، شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ باۋنەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى

(مىلادى 551 — 559 - يىللار) دا يەنە خەلپەت بەگلىكىگە
تەيىنلىنىپ، سول قول ۋەزىرلىككە ئۆستۈرۈلگەن. مەشھۇر «تۇرا-
قوشاقلىرى» نى مانا مۇشۇ قوغۇرسۇ تېكىن گاۋخۇەنگە
ئېيتىپ بەرگەنىدى. جىن زىگۇاڭ ئۇلۇغسانغۇنلۇققا كۆتۈ-
رۈلگەندىن كېيىن، گاۋخۇەن بىلەن قودىلاشقانىدى، ئۇنىڭ
ھەرتمۇسى تەڭداشسىز ئىدى. قاڭقىللارنىڭ باشلىقى
ئىنىلىغ گاۋخۇەنگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، يەنجۇ
ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگىلىكىگە ئۆستۈرۈلگەنىدى. قوغۇرسۇ
تېكىن، قوغۇرسۇنۇر، ئىنىلىغ، تۇرا يالچىن قاتارلىقلار-
نىڭ ھەممىسى ۋېي شۇ بىلەن زامانداش كىشىلەر بولۇپ،
تيەنباۋنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 552 - يىلى) گاۋخۇەن
ۋېي شۇنى «ۋېينامە» نى تۈزۈشكە تەيىنلىگەندە، قاڭقىللارنىڭ
بۇ قەبىلە باشلىقلىرى گاۋخۇەننىڭ قول ئاستىدىكى
چوڭ ئەمەلدارلار ئىدى. ۋېي شۇ «قاڭقىللار ھەققىدە
قىسسە» نى يازغاندا، ئېھتىمال ئۇ ئۆزى بىلەن بىرگە
ئوردىدا ئەمەلدار بولغان قاڭقىل قەبىلە باشلىقلىرىنى
ئۇزاق مۇددەت تەكشۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. دەرۋەقە،
تارىخى ئەسەرلەردە بۇ جەھەتتىكى خاتىرىلەر بولمىسىمۇ،
ئەمما مۇشۇنداق بولۇشى ئېھتىمالغا بەكلا يېقىن. ئۇنىڭغا نىيەت
قالدۇرۇپ سۆزلىگەندە، شىمالىي ۋېي، شىمالىي چى سۇلالىلىرى
بىلەن قاڭقىللارنىڭ مۇناسىۋىتى شۇنداق زىچ بولغانىكەن،
ئۇ ھالدا ئوردا ئىچىدە پايدىلىنىلىدىغان قاڭقىللارغا
مۇناسىۋەتلىك ئارخىپ ماتېرىياللارمۇ ئاز بولمىسلىقى
مۇمكىن، قىسقىسى، ۋېي شۇنى كېيىنكى
كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ تېخىمۇ
كۆپ ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە ئىدى. ئۇ يازغان
«قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»، ئۇنىڭ دىڭلىڭلارنىڭ
ئېتنىك مەنبەسىگە بولغان تونۇشىنى ئۆز ئىچىگە

ئالغان بولۇپ، بىرقەدەر چوڭ تىپتىكى ئەسەر بولغاچقا مۇناسىپ ئىشەنچلىككە ۋە نوپۇزغا ئىگە ئىدى. پەقەت يازما مەنبەلەر دۆۋىسىنىڭ ئىچىدىلا چۆكۈلەپ يۈرىدىغان ياكى مىللەتلەرنىڭ ئىتنىك نامىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن ماقالە يازىدىغان ئايرىم كىشىلەرنىڭ يازغىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىنتايىن زور ئوخشىماسلىق تەرىپى بار ئىدى.

يۇقىرىدىكى ئىككى نۇقتىغا ئاساسەن بىز، ئەگەر ئىبخسۇ كۆپ يازما مەنبەلەر بىلەن ئارخېئولوگىيىلىك ئىسپاتلار بولمىغاندا، ۋېي شۇ ئوتتۇرىغا قويىدىغان، لى يەنشۇ بىلەن دۇيۇ تۈزەتكەن ھەمدە قوۋۋەتلىگەن دىڭلىڭلارنىڭ ئىتنىك مەنبەسى قىزىل دىلار دېگەن قاراشنى توغرا ئەمەس، بۇ قاراش داۋاملىق رەۋىشتە ئەھمىيەت بېرىشكە ئېرىشىشى كېرەك دەپ قارىغان بولاتتۇق.

ئەمما دۇيۇدىن كېيىن تاكى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچىلىك دىڭلىڭلارنىڭ ئىتنىك مەنبەسى قىزىل دىلار دېگەن قاراش ئۈستىدە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى. بۇ مەزگىلدە، مەيلى ھۆكۈمەت تۈزگەن تارىخلاردا بولسۇن ياكى خۇسۇسىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بولسۇن دىڭلىڭلار بىلەن قىزىل دىلارنىڭ مۇناسىۋىتى كەمدىن-كەم بايان قىلىنغان، بەلكى يېرىمىدىن كۆپرەكىدە «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىكى قاراش قايتىلانغان بولۇپ، قىلچە ئىلگىرىلەش بولمىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، مەملىكىتىمىزنىڭ زىيالىيلىرى چېگرا رايونلارنىڭ تارىخى بىلەن جۇغراپىيىلىك تۈزۈلمىسىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئۈزلۈكسىز ھالدا مۇھاكىمە ئېلىپ باردى ۋە دىڭلىڭ،

گۆيفاڭ، دىلارغا ئائىت ماقالە بىلەن ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئېلان قىلدى. بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ۋاڭ گوۋېينىڭ «گۆيفاڭ، خۇلىيى، شيەنيۇنلەر توغرىسىدا مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىسى ئەڭ مەشھۇر ئىدى. بۇ ماقالىدە يازما مەنبەلەر بىلەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بويىچە، شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى گۆيفاڭلار بىلەن ئەمىنىيە دەۋرىدىكى دىلارنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە دەلىللىگەن، ئەمىنىيە دەۋرىدىكى دى مىللىتى گۆيفاڭلاردىن كېلىپ چىققان دەپ قارالغان. ۋاڭ گوۋېينىڭ تەتقىقاتىنى دى مىللىتى بىلەن گۆيفاڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى شەرھلەشتە بىر قېتىملىق بۆسۈش پەيدا قىلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ⑪.

گۆيفاڭلار شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدە مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان ئاز سانلىق مىللەت ئىدى. ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى «ئاستانىلىقتىن تېپىلغان جۇ سۇلالىسى تارىخى»، «پالنامە»، «تاغ - تىزمىلار قۇرئىنى»، قەدىمكى ۋە هازىرقى نۇسخىدىكى «بامبۇك يىلنامە»، «تارىخىي خاتىرىلەر. يىن سۇلالىسى ھەققىدە خاتىرە» ۋە يەر ئاستىدىن تېپىلغان «كىچىك يۇي داگقىنى» ھەمدە شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىنىڭ چىغىناق - تاغاق يېزىقىدىكى پالنامىلەردە خاتىرىلەنگەن. بولۇپمۇ، «كىچىك يۇي داگقىنى» بىلەن چىغىناق - تاغاق يېزىقىدىكى پالنامىلەر تېپىلغاندىن كېيىن. بىزدە شياڭ، جۇدىن ئىبارەت ئىككى سۇلالە دەۋرىدە مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا «گۆي» دەپ ئاتىلىدىغان مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا نىسبەتەن ھېچقانداق گۇمان قالمىدى. يۇقىرىدىكى قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەھمىيەت بېرىشكە

ئېگىشلىكى «قەدىمكى بامبۇك يىلنامە» دە خاتىرىلەنگەن «ۋۇيىنىڭ 35 - يىلى، جۇ ۋاڭجىيې غەربتىكى كۆيرۇڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، دىلارنىڭ 22 خانىنى ئەسىرگە ئالدى» دېگەن ماتېرىيال ئىدى. كۆيفاڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، كۆيفاڭلارنىڭ خانىنى ئەسىرگە ئېلىشى، بەلكى دىلارنىڭ خانىنى ئەسىرگە ئېلىشى بولۇپ، بۇ هال كۆيفاڭلارنىڭ قەبىلە باشلىقىنىڭ يەنە دى خانى دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن كۆيفاڭلار يەنە دىلار دەپمۇ ئاتالغان دەپ هۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ؛ كۆي، دى دېگەن سۆزلەرنىڭ هەممىسى بۇ مىللەتنىڭ ئاتىلىشى ئىدى[12]. بىراق يىن خارابىلىقىدىن چىققان پالنامىلەردىن قارىغاندا، كۆيفاڭ دېگەن بۇ نام شياڭ سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمەت هۆججەتلىرىدە بىرقەدەر كۆپرەك كۆرۈلۈپ تۇرغانىدى.

ئەگەر شياڭ سۇلالىسىدىكىلەر بۇ مىللەتنى ئاساسەن كۆيفاڭ ياكى كۆي دەپ ئاتىغان بولسا، ئۇ هالدا جۇ سۇلالىسىدىكىلەر نېمىگە ئاساسەن بۇ مىللەتنى دى دەپ ئاتىغان بولغىيتتى؟ يۇقىرىدىكى جۇ ۋاڭجىيىنىڭ كۆيفاڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، دى خانىنى ئەسىرگە ئالغانلىق ھەققىدىكى خاتىرە، ئەڭ دەسلەپتە جۇ سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ يازما هۆججەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغانىدى. جۇ جەمەتىدىكىلەر بۇ جۇدىن تارتىپ تاكى گوگوڭ دەنفۇنىڭ دەۋرىگىچە دى مىللىتى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قىلغان، ئەمەلىيەتتە بۇ كۆيفاڭلار بولۇپ، ئىككىسى بىر مىللەتنى كۆرسىتەتتى.

ئەمما يۇقىرىدىكى «قەدىمكى بامبۇك يىلنامە» دىكى كۆيفاڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، دى خانىنى ئەسىرگە ئالغانلىق ھەققىدىكى خاتىرە، پەقەت پارچە - پۇرات سۆزلەرلا بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى

قوزغىيالىغانىدى، كېيىنكىلەر بىردەك گۇيفائىلارنىڭ ئۆزى گۇيفائىلار، دى مىللىتىنىڭ ئۆزى دى مىللىتى دەپ قارىغاچقا، بەزى كىشىلەر ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلاشنى ئويلاپ يېتەلمىگەنىدى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلىپ ئۆتۈلگەندەك، دىلار ئەمنىيە دەۋرىدە قىزىل دى، ئاق دى، ئېگىز دى دەپ ئۈچ تارماققا بۆلۈنگەنىدى. «دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان. جۇ بەگلىكى ئەربابلىرى» دە «دىلار گۇي جەمەتىدىن ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن، ۋېي جاۋ «گۇي جەمەتى قىزىل دىلاردۇر» دەپ ئىزاھلىغان. جۇ شياڭۋاڭ قىزىل دىلارنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن مەلىكە «گۇيفائىلىق خانىكە» دەپ ئاتالغانىدى. ئاق دىلار قىزىل دىلارنىڭ چياڭ جيۇرۇ ئورۇقىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى نەپەر قىزنى قولغا چۈشۈرگەن، چوڭىنىڭ ئىسمى شۇگۇي، كىچىكىنىڭ ئىسمى جىگۇي ئىدى. ۋاڭ فۇ «خىيالچىلار. ئورۇق - جەمەتلەر ھەققىدە تەپسىر» دە «گۇي جەمەتىدىكىلەر قىزىل دىلاردۇر» دەپ ئېيتقانىدى. دېمەك، قىزىل دىلارنىڭ جەمەتىنىڭ گۇي ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق مەسىلە يوق. ئۇنىڭدىن باشقا «نەسەبنامە» دە يەنە «ليۇجۇڭ جەمەتى گۇيفاڭ جەمەتىنىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلەندى، ئۇ گۇيلۇق خانىش دەپ ئاتالدى» دېيىلگەن. يەر ئاستىدىن تېپىلغان ئالدىنقى، چىن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت «باۋجۇن داڭقىنى»، «باۋجۇن ئىسرىقدانى»، «جىبلىڭ بېگى تۇڭگۇينىڭ داڭقىنى»، «رۇي بېگى زوشۇگۇينىڭ داڭقىنى» دا دىلىق خانىكە گۇي جەمەتىدىن دەپ، تىلغا ئېلىنغانىدى. ۋاڭ گوۋېي مول يازما ھۆججەتلەر، ئارخېئولوگىيىلىك ۋە قەدىمكى يېزىقلارغا ئائىت ماتېرىياللارغا ئاساسەن، «隗» (ۋېي)، «嬇» (گۇي)، «媿» (گۇي) لارنىڭ

هەممىسى «鬼» (گۇي) نىڭ ۋارىيانتى؛ ۋېي جەمەتى يەنى گۇي جەمەتىدۇر، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ «يىن. جۇ سۇلالىلىرى مەركىزىدىكى گۇيفاڭلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جەمەتى ۋېي ئىدى» دەپ قارايدۇ. «خىيالچانلار. ئۇرۇق - جەمەتلەر ھەققىدە تەپسىر» دە: «ۋېي ئەڭ قەدىمكى جەمەت ئىدى» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ يەردە دېيىلگەن «ئەڭ قەدىمكى جەمەتى»، بۇ جەمەتنىڭ ئەمىنىيە دەۋرىدىن ئىلگىرىكى شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا دى مىللىتىنىڭ ئارىسىدا مەۋجۇتلۇقىنىڭ جەزملەشتۈرۈلۈشى ئىدى. ۋاڭ گوۋېينىڭ يەكۈنى پۈتۈنلەي توغرا⑬. ئەمىنىيە دەۋرىدىكى قىزىل دىلار شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى مىللەت جەمەتى (گۇي) نى دۆلەت نامى قىلغان گۇيفاڭلارنىڭ بىۋاستە ئەۋلادلىرى ھېسابلىنىدۇ⑭. ئاق دى، ئېگىر دىلارغا كەلسەك، ئۇلار كېيىنچە دى مىللىتىنىڭ تەركىبى ئىچىگە كىرگەن ئۇرۇق - قەبىلىلەر بولۇشى مۇمكىن. پەقەت شىمالىي دىلارنىڭ ئىچىدىكى قىزىل دىلارلا گۇيفاڭلار بىلەن تومۇرداش ئېتنىكلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە.

شۇنداق قىلىپ بىز قىزىل دىلار بىلەن گۇيفاڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر - بىرىگە باغلىدۇق. ئەلۋەتتە يەكۈنىمۇ ناھايىتى ئېنىق بولدى: گۇيفاڭلار غەربىي شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ ئەجدادلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما يەنە بىر قىيىن مەسىلە داۋاملىق ھەل قىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

دىڭلىڭلار «تاغ - تىزمىلار قۇرئى» دا: «钉灵» (دىڭلىڭ)، «تارىخىي خاتىرىلەر، ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە: «丁灵» (دىڭلىڭ)، «خەننامە. سۇۋۇنىڭ تەرجىمىھالى» دا: «丁零» (دىڭلىڭ)، «ۋېي خاتىرىلىرى، غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە» دە: «丁令» (دىڭلىڭ) دەپ يېزىلغان. خەن، ۋېي

دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار ھونلارنىڭ شىمالى بىلەن
كانكىيىنىڭ شىمالىدا يەنى ھازىرقى جەنۇبىي
سىبىرىيىدىن شەرقتە بايقال كۆلىگىچە، غەربتە
بالقاش كۆلىگىچە بولغان جايلاردا ئولتۇراقلاشقانىدى، شياڭ،
جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، مەملىكىتىمىزنىڭ چېگرىسى ئىچىدە
ئولتۇراقلاشقان گۈيفاڭلار قايسى ۋاقىتتا، نېمە سەۋەبلەرتۈپەي-
لىدىن موڭغۇلىيىدىن جەنۇبىي سىبىرىيىگە كۆچۈپ كەتكەن؟

ۋاڭ گوۋېيدىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ ۋە موڭغۇلىيە بىلەن
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ * ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىش ۋە تەتقىقات
خىزمەتلىرى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. سوۋېت ئىتتىپاقى
بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالىملىرى، جەنۇبىي
سىبىرىيە ۋە موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك
ماتېرىياللارغا ئاساسەن، شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدە مەم-
لىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان
دىڭلىڭلار(يەنى دىلار ياكى گۈيفاڭلار، سوۋېت ئالىملىرى تەرىپىدىن
«دىڭلىڭ»دەپ تەرجىمە قىلىنغان تۇرالار)نىڭ بىر تارمىقى موڭغۇ-
لىيە بىلەن جەنۇبىي سىبىرىيىگە كۆچۈپ بارغان ھەمدە بۇ
قېتىمقى چوڭ كۆچۈشتە شياڭ، جۇ سۇلالىلىرىنىڭ برونزا
مەدەنىيىتىنى موڭغۇلىيە بىلەن جەنۇبىي سىبىرىيىگە ئېلىپ
بارغان دەپ ئىسپاتلىدى. ھالبۇكى، مەملىكىتىمىزنىڭ يازما
ماتېرىياللىرىدا، بولۇپمۇ يەر ئاستىدىن تېپىلغان «كىنچىك
يۈي داڭقىنى» بىلەن چىغىناق - تاغاق يېزىقىدىكى پالنامە-
لەردە، شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى
رايونلاردا كۆپ قېتىم گۈيفاڭلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان
كەڭ كۆلەمدىكى جازا ئۇرۇشلىرىنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ئىسپات-
لانغانىدى، ئىككى پارچە چىغىناق - تاغاق يېزىقىدىكى
پالنامىدە «گۈيفاڭلار قاچتى» يەنى گۈيفاڭلار يىراق تامان

*بۇ يەردە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تۆۋەندىمۇ شۇنداق ـ تەھرىردىن.

قېچىپ كەتتى ياكى كۆچۈپ كەتتى دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ سوۋېت ۋە موڭغۇلىيە ئالىملىرىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى دىڭلىڭلارنىڭ موڭغۇلىيە بىلەن جەنۇبىي سىبىرىيىگە كۆچۈپ بارغانلىقى ھەققىدىكى ھۆكۈمىنى پايدىلىق قوشۇمچە دەلىل بىلەن تەمىن ئەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى يەنە ئانتروپولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭلار بىلەن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى دىڭلىڭلار (يەنى گۇيفاڭلار) نىڭ ئېتنىكىلىق مۇناسىۋىتىنى شەرھلىدى (مۇشۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى بابىغا قارالسۇن). شەكسىزكى، بۇ تەتقىقاتلار مەملىكىتىمىزنىڭ شىيالىڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى گۇيفاڭلار بىلەن جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى شەرھلەشتە، يەنە بىر قېتىملىق بۆسۈش ئىدى.

يۇقىرىدىكى ئىككى قېتىملىق بۆسۈش نەتىجىسى بولغانىكەن، بىز يىغىلىق دەۋرىدە كىتاب بولۇپ تۈزۈلگەن ھەمدە مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخ كىتابلىرىنىڭ ئىچىدە «دىڭلىڭ دۆلىتى» بىلەن «گۇيفاڭلار دۆلىتى» ھەققىدە ئەڭ كۆپ خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان «تاغ تىزمىلار قۇرئىي» نى ئەمدى داۋاملىق رەۋىشتە ئىپتىدائىي ئەپسانىلەر بىلەن تولغان دەپ سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك، بەلكى مەزكۇر كىتابتىكى دىڭلىڭلار بىلەن گۇيفاڭلارغا ئائىت پارچە-پۇرات ماتېرىياللار بىلەن چىن سۇلالىسىنىڭ ئالدىدىكى دەۋرلەرگە ئائىت باشقا ماتېرىياللارنى، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلما ماتېرىياللارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال رەتلەپ ۋە تەتقىق قىلىپ، دىڭلىڭ مىللىتىنىڭ يىراق قىياپىتىنى قەدىمكى زامان تارىخى تەمىنلىگەن يىپ ئۇچى بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

دىڭلىڭلارنىڭ تارىخى «تاغ تىزمىلار قۇرئىي» دا خاتىرىلەنگەن مەملىكىتىمىزنىڭ رىۋايەتلەردىكى دەۋرى بىلەن شىيالىڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى گۇيفاڭلاردىن باشلىنىدۇ؛

گويفاڭلار مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخ كىتابلىرىدىكى دىڭلىڭلار تارىخىنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.

## 2. قاڭقىللار بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى

قاڭقىللار بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىرى، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قاڭقىللار بىلەن شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ چېگرىسى ئىچىدە ياشىغان دىڭلىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى؛ يەنە بىرى، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قاڭقىللار بىلەن خەن، ۋېي دەۋرىدىكى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىدى. ئالدىنقى خىلدىكى مۇناسىۋەت قاڭقىللار بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ تىكلىنىيىلىك مۇناسىۋىتى، كېيىنكى خىلدىكى مۇناسىۋەت قاڭقىللار بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ توغرا لىنىيىلىك مۇناسىۋىتى ئىدى.

ئاۋۋال، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قاڭقىللار بىلەن شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

«ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە قاڭقىللار: «سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ، تۇرا (تېرە) نى كىيىم، گۆشنى ئوزۇق قىلىدۇ، كالا، قوي قاتارلىق چارۋا ماللارنى يېتىشتۈرۈشى، جورجانلارنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ھارۋىلىرىنىڭ چاقى ئېگىز، گۈگۈسۈنى كۆپ» دېيىلگەن ھەمدە يەنە قاڭقىللار: «ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردىن پايدىلىنىپ، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ، چارۋىچىلىققا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ» دېيىلگەن. دېمەك، «چاقى ئېگىز، گۈگۈسۈنى كۆپ» ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ياساش

ۋە ئۇلى ئېشلىتىش، قاڭقىل مىللىتىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە ئۇيغۇرلار (يەنى «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن قاڭقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسىنىڭ ئىچىدىكى يۈەنخېلار ئاساس قىلىنغان)نىڭ ئەجدادلىرى ھونلار ئىدى، «ئۇلار ئادەتتە كۆپىنچە ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردىن پايدىلىنىپ يول يۈرىدۇ، ئۇلار يۈەنۋېي دەۋرىدە قاڭقىل قەبىلىسى دەپمۇ ئاتالغان» دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، قاڭقىللارنىڭ مىللەت نامى، ئۇلار ئىشلەتكەن ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى مەنبە قىلغانىدى. سېن جوڭمىيەن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «قاڭقىللار، ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ نامى بويىچە ئاتالغانىدى»، سېن جوڭمىيەن ئەپەندىنىڭ سۆزى پۈتۈنلەي توغرا. قاڭقىللار بۇ مىللەتنىڭ ئۆزلىرىنى ئاتىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ئىشلەتكەنلىكىگە قاراپ، ئۇلارغا بەرگەن لەقىمى ئىدى.

بۇ مىللەت نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق لەقەم بىلەن ئاتىلىپ قالغان؟ نېمە ئۈچۈن كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىمۇ، بۇ لەقەم بۇ مىللەتنىڭ رەسمىي نامىغا ئايلىنىپ قالغان؟ ئۇلارنىڭ ئەسلى مىللەت نامى نېمە؟ بۇ مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، قاڭقىللار بىلەن شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر.

«ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىكى قاڭقىللارنىڭ ئاتىلىشلىرىدا دى، تىل (تۇرا)، چىلى (يەنى چىلى دېگەن سۆزدە 勑، 敕 دېگەن خەتلەر ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلۇپ قوللىنىلغان)، قاڭقىل دەپ ئاتالغان دىڭلىڭلار بار ئىدى. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىكى بايانلاردىن قارىغاندا، ۋېي شۇ

دى، تىل (تۈرا)، چىلى بىلەن دىڭلىڭ دېگەن سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاھاڭ ئۆزگىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەشەببۇس قىلغان (گەرچە تىل مەنىسى ئېنىق بولمىسىمۇ)، شۇڭا قاڭقىللارنىڭ ئەسلى نامى دىڭلىڭ ئىدى. «دىڭلىڭ» دېگەن بۇ نام غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن بۇيان خەنزۇچە مەنبەلەردە ئىنتايىن كەڭ تۈردە قوللىنىلىپ كېلىندى. ۋېي شۇ چىلىلارنىڭ دىڭلىڭلار ئىكەنلىكىنى، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاھاڭ ئۆزگىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلمىسىمۇ، تەرتىپ بويىچە دىڭلىڭ دەپ يېزىپ، چىلى دەپ يازمىغان، ئەمما ئۇ «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە يەنە ئەتەي دىڭلىڭ دەپ يازماي، بەلكى چىلى دەپ يازغان؛ قاڭقىل دەپ ئاتالغان دىڭلىڭلارنىڭ نام تەركىبىدە گەرچە دىڭلىڭلار بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئالدىغا يەنە «قاڭقىل» دېگەن ئېنىقلىمىنى قوشۇپ قويغان. ۋېي شۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ خىيالىغا كەلگىنى بويىچە قىلغان ئىشى بولماستىن، بەلكى شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ بۇ بىر قىسىم دىڭلىڭلارنىڭ نامىنى ئاتاشتىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەنىدى.

ئەسلىدە، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردا ئولتۇرىدىغان دىڭلىڭلار، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىنى ئىستېلا قىلىش يولىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىغا ئەگىشىپ، زور بىر قىسمى تالان ـ تاراج قىلىنىپ ئەسىر ئېلىنىپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ھەيدەپ كېلىنگەندە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە خېلى بۇرۇنلا غەربىي جىن، 16 پادىشاھلىق دەۋرىدە، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن ئىچكىرىگە كۆچۈپ كەلگەن كۆپ ساندىكى دىڭلىڭلار ئولتۇراقلاشقانىدى، بۇ ئىككى تارماقتىكى دىڭلىڭلار-نىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى دىڭلىڭ دەپ ئاتىغانىكەن، ئەلۋەتتە

ئۇلار بىر مىللەت ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زور پەرقلەرمۇ بار. ئەينى ۋاقىتتا ئىچكىرىگە كۆچۈپ كەلگەن دىڭلىڭلار خەنزۇلار رايونىدا ئۇزاق تۇرغاچقا، ئاساسلىق دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئىقتىسادىي تۇرمۇش، مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە مەلۇم دەرىجىدە خەنزۇلاشقانىدى. ھالبۇكى موڭغۇل دالاسىدىكى دىڭلىڭلار بولسا ئۇنداق ئەمەس ئىدى، ئۇلار بەلكىم ئاۋۋالقىدەكلا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل دالاسىدا تۇرمۇش كەچۈرگەنىدى ياكى موڭغۇل دالاسىدا شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەرىپىدىن تالان - تاراج قىلىنىپ، ئەمدىلا چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا ھەيدەپ كېلىنگەنىدى. ئۇلار بۇ يەردىمۇ داۋاملىق ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردىن پايدىلىنىپ، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزگەنىدى؛ مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت جەھەتلەردە ئاۋۋالقىدەكلا يايلاق چارۋىچىلىرىنىڭ جەسۇرلۇقىنى ساقلاپ قالغانىدى، ئىككى تارماقتىكىلەرنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئورۇنلىرىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى، ئىچكىرىگە كۆچۈپ كەلگەن دىڭلىڭلار ئاساسلىق شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دىڭجۇ ۋە بىڭجۇ ئايماقلىرىدا ئولتۇراقلاشقانىدى؛ موڭغۇل دالاسىدىكى دىڭلىڭلار بولسا شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمال تەرەپتىكى چېگراسى بىلەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل دالاسىدا ئولتۇراقلاشقانىدى. ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان دىڭلىڭلار بىلەن موڭغۇل دالاسىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ پەرقى، دائىم ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان شىمالىي سۇلالىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى. نام جەھەتتە بۇ ئىككى تارماقتىكى دىڭلىڭلارنى قانداق پەرقلەندۈرۈش، ئىككىسىنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك ئەينى ۋاقىتتىكى شىمالىي سۇلالىلەردىكى سىياسىيلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ كۆز ئالدى-

دىكى بىر مەسىلىگە ئايلانغانىدى.

ئىچكىرىگە كۆچۈپ كەلگەن دىڭلىڭلار خېلى بۇرۇنلا 16 پادىشاھلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلارغا كۆچۈپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، 16 پادىشاھلىقتىكى ھۆكۈمران سىنىپلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار تەرىپىدىن ئىزچىل تۈردە دىڭلىڭلار دەپ ئاتالدى، شۇڭا شىمالىي سۇلا-لىلەر دەۋرىدە، مەيلى توغبات سىيانپىلىرى بولسۇن ياكى خەنزۇلار بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىچكىرىگە كۆچۈپ كەلگەن دىڭلىڭلارنى «دىڭلىڭ» دېگەن نام داۋاملىق ئاتاپ كەلدى، ھالبۇكى، بۇ ئىككى تارماقتىكى دىڭلىڭلارنى نام جەھەتتە پەرقلەندۈرۈشنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئاسا-سلىقى تارىخ سەھنىسىدە كېيىنرەك ئوتتۇرىغا چىققان، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا ياشايدىغان، يول يۈرگەندە ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردىن پايدىلىنىدىغان دىڭلىڭلارغا مەركەزلەشتۈردى.

«ۋېينامە. قائىدىلەر ھەققىدە قىسسە» دە: «شىمال تەرەپتىكىلەر» يول يۈرگەندە ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردىن پايدىلىنى-دىغان دىڭلىڭلارنى «چىلى» دەيتتى، «شيالىقلار» بولسا ئۇلار-نى «قائىقىل دەپ ئاتىلىدىغان دىڭلىڭلار» دەپ ئاتايتتى، دېيىلگەن. «شىمالىي تەرەپتىكىلەر» ۋە «شيالىقلار» دېگەن نېمە؟ بۇ ھەقتە بەزىلەر شۇنىڭغا قاراپلا تەبىر بېرىپ، نەتىجىدە خاتا يەكۈنگە سەۋەب بولغانىدى. مەن «شىمال تەرەپتىكىلەر» ۋە «شيالىقلار» دېگەن سۆز «ۋېينامە» دە كۆرۈلگەن، شۇڭا شىمالىي ۋېيدىكىلەرنىڭ ئۇلارغا بەرگەن تەبىرىنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك دەپ قارايمەن. «ۋېينامە. سۇي خاۋنىڭ تەرجىمىھالى» دا دەل شىمالىي ۋېي سۇلالىسى-نىڭ دەسلەپكى يىلىدا شىمالىي ۋېيدىكىلەرنىڭ «شىمال تەرەپتىكىلەر» ۋە «شيالىقلار» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەنلىكىگە

ئائىت ئەمەلىي مىساللار بار. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىلى، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى، يول يۈرگەندە ئېگىز چاقلىق هارۋىلاردىن پايدىلىنىدىغان كۆپ ساندىكى دىڭلىڭلارنىڭ جەنۇبقا كۆچۈپ ۋېي سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىگە كەلگەن هەم بۇ بىر قىسىم دىڭلىڭلارنىڭ نامىمۇ مۇقىملىشىشقا باشلىغان ۋاقىت ئىدى، شۇڭا بۇ ئەمەلىي مىسال بىزنىڭ تېخىمۇ ئەهمىيەت بېرىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. بۇ يەردە كەلتۈرۈلگەن نەقىلنىڭ مۇهىملىقىدىن ئالغاندا هەمدە كەلتۈرۈلگەن نەقىلنىڭ ئۇ يەردىن - بۇيەردىن ئېلىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قىسقىچە ئىزاھ بەردۇق، ئەسلى خاتىرىدىكىسى تۆۋەندىكىچە:

«شىنرۇينىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادى 45 - يىلى) كۈزلۈك هوسۇل ياخشى بولمىغاچقا، سالنامىچى ۋاڭ لياڭ بىلەن سۇ خۇەن مەلىكە خۇا يىننى ۋاستە قىلىپ، پادىشاھ تەيزۇڭ (يەنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ مىلق يۈەندى پادىشاهى توغبات — سى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) غا: بېشارەتتە 50 يىللىق كاتتا مەركىگە كۆنەي كۆتكۈزۈپ، ئاستانىنى يې (هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ لىنجاڭ ناهىيىسى) غا كۆچۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىنىسكەن دەپ مەلۇم بولدى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىزي خاۋ بىلەن جۈيانمۇ ئوردىغا كىرىپ پادىشاھ تەيزۇڭغا: بۇگۈنكى كۈنلۈكتە ئاستانىنى يېغا كۆچۈرۈش، بۇيىلقى قەهەتچىلىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇقىم بىر چارىسى ئەمەس. شەرقىي ئايماقتىكىلەر بىزنى هەمىشە دۆلىتى بىپايان چۆل - جەزىرىلەردە تۇرسىمۇ، پۇقرالىرى بىلەن چارۋىلىرى هەددى - هېسابسىز، بەئەينى كالىنىڭ مويىدەك كۆپ دەپ ئاتىشىدۇ. كونا ئاستانىدا تۇرۇپ قالىمىز دېسەك، پۇقرالار بۆلۈنۈپ كۆچكىلى تۇرسا، ئۇ هالدا ئايماقتىكى يەرلەر يېتىشمەي قېلىشى مۇمكىن. هەرقايسى ۋىلايەت،

ۋاھىلەرگە تارقىلىپ، ئورمانلىقلاردا ئولتۇراقلاشقانىدىمۇ، يەر - سۇ يېتىشمەي، كېسەللىك، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى ھەدەپ كۆرۈلسە پۇقرالارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن ئەتراپتىكىلەر خەۋەر تاپسا. ئەلۋەتتە بىزنى نەزەرگە ئالمايدۇ. چۆكەي (يەنى تاڭغىت پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى قۇلانبوبو كۆزدە تۇتۇلىدۇ) بىلەن جورجانلار باستۇرۇپ كەلگىلى تۇرسا، يۇنجۇڭ بىلەن پېكچىڭ خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ - دە، بىزنى ئۇلاردىن ئايرىپ تۇرۇۋاتقان خېگىدايمۇ خەتەر ئىچىدە قالىدۇ، قۇتقۇزىمىز دېسەكمۇ، ۋاقتىدا يېتىپ بېرىش ئۇنچىۋالا ئاسانغا توختىمايدۇ، شۇڭا بۇجاينى ئۈن - تىنسىز ھالدا قولدىن بېرىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. شىمال تەرەپتە تۇرساق شەندۇڭ تەرەپتە بىرەر غەليان بولغان تەقدىردىمۇ، جەنۇبقا ئەپچىللىك بىلەن ئەسكەر يۆتكەپ، ئۇ جايلارغا ھەيۋىمىزنى كۆرسىتىپ قويغىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا كىمنىڭ ھەددى؟ پۇقرالارمۇ ھەدەپ ئىتائەت قىلىدۇ. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ شىيالىقلارنى تىزگىنلەپ تۇرۇشنىڭ ئاقىلانە چارىسىدۇر. ياندۇرقى باھاردا ئوت - چۆپلەر ئايىنىپ، سۈت - قايماقلار ئاۋۇسا ھەممە كۆكتات، مېۋە - چېۋىلەر تەل بولسا، كۈز پەسلىگە ئوبدان ئۆلىشىۋالغىلى بولىدۇ. مۇبادا زىرائەتلەرنى ئارىلىقتا يىغىۋالالىساق، بۇ تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ، پادىشاھ تەيزۇڭ ئاڭلاپ بۇنى ئىنتايىن توغرا دەپ قارىدى».

يۇقىرىدىكى بايانىنى تەپسىلىي ئوقۇساق، «شىمال تەرەپتىكىلەر» دېگەن سۆز بىلەن «شىيالىقلار» دېگەن سۆزنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسى دەي ۋىلايىتىدىكى پېكچىڭ شەھىرى بولۇپ، پېكچىڭ شەھىرى «شىمال تەرەپتىكىلەرنىڭ تۇرالغۇسى» دەپ ئاتىلاتتى، دېمەك، پېكچىڭ شەھىرى شىمال تەرەپ دەپمۇ ئاتالغانىدى. يەنە يۇنجوڭ ۋىلايىتىدىكى شېڭلېمۇ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ كونا ئاستانىسى بولۇپ، شىمالىي

ۋېي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى پادىشاھلىرىنىڭ قەبرىلىرى شېڭلېدا ئىدى، يۇنجوڭ پىڭچېڭ شەھىرى بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، يۇنجوڭ «شىمال تەرەپتىكىلەر» دېگەن سۆزنىڭ ئىچىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەنىدى. يۇنجوڭ بىلەن پىڭچېڭ شەھىرىنىڭ توغبات سىيانپى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توپلانغان جايى ئىكەنلىكىدىن ئالغاندا، بۇ جايلار ئەينى ۋاقىتتا توغبات سىيانپى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ئىدى. شۇڭا «شىمال تەرەپتىكىلەر» دېگەن سۆز جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمدىن تاشقىرى ھەم بىر مىللىي ياكى سىياسىي ئۇقۇم بولۇپ، ئاساسلىقى توغبات ـ سىيانپى ئاقسۆڭەكلىرىنى كۆرسىتىش بىلەن چەكلەنگەنىدى. «شىيالىقلار» دېگەن سۆز بىلەن «شىمال تەرەپتىكىلەر» دېگەن سۆزنىڭ دەلمۇدەل تىلغا ئېلىنىشى، يۇنجوڭ بىلەن پىڭچېڭ شەھە-رىنىڭ جەنۇبىدىكى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى-دىكى خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلىرىغا قارىتىلغانىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئەينى ۋاقىتتا يەنە ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى خېتاۋ(ئوردوس)، شەنشى بىلەن خېبېيدىكى جايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، سۇيخاۋ ئېيتقان شىيالىقلار ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا، جەنۇبىي قىسمى بىلەن خېبېي ئۆلكىسىنى كۆرسىتەتتى. «شىيالىقلار» دېگەن سۆز «ۋېينامە» ۋە ئۇنىڭدىكى خاتىرە، قىسسەلەردە يەنە «شىيالىقلار رايونى» دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭ دائىرىسى، سۇيخاۋ ئېيتقان دائىرىدىن كەڭ ئىدى، كۆپىنچە خۇەيخې دەرياسىنىڭ شىمالى-دىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنى كۆرسىتەتتى. «جاڭگونىڭ تەرجىمىھالى» دا «ئوتتۇرا شيا» دېگەن نام ئۇچرايدۇ. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ داۋۇدى پادىشاھنىڭ خۇاڭشى ئىككىنچى يىلى (مىلادى 397 ـ يىلى) ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنىڭ قارىمىقىدىكى جۇڭشەنگە ھۇجۇم

قىلىپ، كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنىڭ ھازىرقى خېبېي بىلەن
شەنشى ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى زېمىنلىرىنى ئىشغال
قىلىۋالغان؛ يوڭشىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 409 - يىلى)
غا كەلگەندە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ زېمىنى جەنۇبتا
خۇاڭخې دەرياسىغىچە يېتىپ بارغان، جاڭ گۇنىڭ ۋېي سۇ-
لالىسى پادىشاھىغا سۇنغان مەكتۇپىدا «بۇيرۇققا بىنائەن ئوتتۇرا
شيا تىنچىتىلغان بولسىمۇ» دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ، بۇنىڭدا
«ئوتتۇرا شيا» نىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرىسى ئېنىق كۆر-
سىتىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ جەنۇبتىكى چېگرىسىنىڭ
خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتمىگەنلىكى شەكسىز ئىدى. «گاۋزۇ
ھەققىدە خاتىرە» دە «جەنۇبىي شيا» دېگەن نام ئۇچرايدۇ.
شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەي ۋۇدى پادىشاھىنىڭ دەۋرىدە،
شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ جەنۇبتىكى چېگرىسى خۇەيخې
دەرياسىغا يېتىپ بارغان بولۇپ، خۇەيخې دەرياسى ئارقىلىق
جەنۇبىي سۇلالىلەر بىلەن تىركىشىپ تۇرغانىدى. بۇ خىل
خۇەيخې دەرياسى ئارقىلىق تىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتى تاكى
شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋۋېندى (يەنى ۋېي گاۋزۇ)
نىڭ دەۋرىگىچىلىك پۈتۈنلەي ئۆزگەرمىگەنىدى. «ۋېينامە. گاۋزۇ
ھەققىدە خاتىرە» دە «ۋېي سۇلالىسى ئەزەلدىن شىمالنى بازا
قىلىپ، جەنۇبىي شيانى تىنچىتىپ كەلگەن ۋە بۇ جايلارنى
نەچچە ئەۋلادتىن بۇيان ئۆزلەشتۈرۈپ، پۈتۈنلەي ھەيۋە بىلەن
تىزگىنلەپ كەلدى» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنى «ئوتتۇرا شيا»
ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇنىڭدىكى
«جەنۇبىي شيا» خۇاڭخې دەرياسى بىلەن خۇەيخې دەرياسىنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى جايلارنى كۆرسەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا،
ھازىرقى شەنشىنىڭ شىمالىي قىسمى، قەدىمكى دەۋردە شيالىق-
لار زېمىنى دەپ ئاتالغان بولۇپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى
دەۋرىدە ھونلاردىن كېلىپ چىققان قۇلانبوبو بۇ جايدا تاڭغىت

بەگلىكىنى قۇرغانىدى؛ ئاگەنت بەگلىكى يوقىتىلغاندىن كېيىن، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بۇ جايدا يەنە شياجو ئايمىقىنى تەسىس قىلغان. ئايماق ئورۇنلاشقان جايمۇ ئاۋۋالقىدەكلا ئاگەنت دەپ ئاتالغانىدى. يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، «شيالىقلار» دېگەن سۆز ئەمەلىيەتتە يۇنجوڭ بىلەن پېڭچېڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئوتتۇرا شيا، جەنۇبىي شيا، غەربىي شيالارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، خۇەيخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنى كۆرسىتەتتى. «شىمال تەرەپتىكىلەر» دېگەن سۆزگە ئوخشاش، «شيالىقلار» دېگەن سۆزمۇ نوقۇل ھالدىكى بىر جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم بولۇپ قالماستىن، ئاساسلىقى بىر مىللىي ۋە سىياسىي ئۇقۇم بولۇپ، ئومۇمەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئولتۇرۇشلۇق خەنزۇلارنى كۆرسىتەتتى. خۇەيخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جەنۇبىي سۇلالىلەر بولسا «شيالىقلار» دېگەن سۆزنىڭ سىرتىدا بولۇپ، شىمالىي سۇلالىدىكىلەر ئۇلارنى شيا دەپ ئاتىماستىن، ئۇلارنى «دېڭىز قاراقچىلىرى» دەپ ئاتايتتى. مەسىلەن، لىيۇسوڭنى «دېڭىز قاراقچىسى لىيۇسوڭ» دەپ، شياۋچىنى «دېڭىز قاراقچىسى شياۋداۋچىڭ» دەپ ئاتىغانغا ئوخشاش.

شۇڭا يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىلدە دېيىلگەن «شىمال تەرەپتىكىلەر چىلى دەپ ئاتىسا، شيالىقلار دىڭلىڭلار دەپ ئاتايتتى» دېگەن سۆز يۇنجوڭ بىلەن پېڭچېڭ شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقان توغبات سىيانپىلىرىنىڭ ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردىن پايدىلىنىدىغان دىڭلىڭلارنى چىلى دەپ ئاتىغانلىقى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى خەنزۇلارنىڭ ئۇلارنى دىڭلىڭ دەپ ئاتىغانلىقىغا قارىتىلغانىدى. دېمەك، توغبات ئاقسۆڭەكلىرى موڭغۇل دالاسىدىكى دىڭلىڭلار بىلەن ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان دىڭ-

لىڭلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، دىڭلىڭ دېگەن نامنىڭ يەنە بىر خىل ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان «چىلى» دېگەن نامى قوللىنىلغانىدى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار بولسا ئۇلار بىلەن ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان دىڭلىڭلارنىڭ ئەڭ چوڭ پەرقىنى ئېگىز چاقلىق ھارۋىلار ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈپ، ئۇلارنى «قاڭقىل» دەپ ئاتالغان دىڭلىڭلار دەپ ئاتىغانىدى. قاڭقىل — دىڭلىڭ دېگەن سۆز كېيىن قاڭقىل دەپ قىسقارتىلدى؛ بۇ يەردە بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى كۆزدە تۇتۇلغاچقا، «دىڭلىڭ» دېگەن سۆزنى قىسقارتىپ، «قاڭقىل» دېگەن سۆزنى قىسقارتماي ساقلاپ قالغانىدى.

قاڭقىللار «قاڭقىل دەپ ئاتالغان دىڭلىڭ» لارنىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى دېيىشتە يازما ئاساس بارمۇ-يوق؟ بار. بىرىنچى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىكى «شيالىقلار قاڭقىل دېيىلگەنلەرنى دىڭلىڭ دەپ ئاتايتتى» دېگەن سۆز، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى خەنزۇلار قاڭقىل دەپ ئاتىغان دىڭلىڭلارنى كۆرسىتەتتى. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، پۈتكۈل شىمالىي سۇلالىلەر-نىڭ يازما مەنبەلىرىدە پەقەت ئىچكىرىگە كۆچۈپ، دىڭجو بىلەن بىڭجو قاتارلىق ئايماقلاردا ئولتۇراقلاشقان دىڭلىڭلار (ياكى تاغلىق دىڭلىڭلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) لا دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلار ھەرگىز قاڭقىل دەپ ئاتالمىغانىدى؛ ھالبۇكى، قاڭقىللار بولسا ياكى چىلىلار ياكى بولمىسا قاڭقىل دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلار ھەرگىزمۇ دىڭلىڭ دەپ ئاتالمىغانىدى. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە قاڭقىللار ئۈچۈن مەخسۇس قىسسە تۇرغۇزۇلغان، مەزكۇر قىسسەنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە، ئىچكىرىگە كۆچۈپ كەلگەن دىڭلىڭلارغا چېتىشلىق بىرەر ئېغىز سۆزمۇ يوق. مەسىلەن، «شيالىقلار قاڭقىللارنى دىڭلىڭ دەيتتى» دېگەن سۆزنى «شيالىقلار قاڭقىل، دىڭلىڭ دەيتتى»

دەپ ئۆزگەرتىپ يازغاندا، چوقۇم قائىدىلەر ھەم دىڭلىڭ دەپمۇ
ئاتىلاتتى دېگەنگە سەۋەبچى بولىدۇ، ھالبۇكى بۇ، شىمالىي
سۇلالىلەرنىڭ بارلىق يازما مەنبەلىرىدىكى قائىدىلەرنىڭ نامى
بىلەن قارىمۇ قارشى بولۇپ قېلىپ، پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.
بەزىلەر «شيالىقلار» دېگەن سۆز جەنۇبىي سۇلالىلەر بىلەن شىمالىي
سۇلالىلەردىكى ھەممە خەنزۇلارغا قارىتىلغان، قەدىمكىلەرنىڭ «شيا-
لىقلار قائىدىل ـ دىڭلىڭ دەيتتى» دېگىنى شىمالىي سۇلالىلەردىكى
خەنزۇلارنىڭ قائىدىلەرنى شۇنداق دەپ ئاتىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
جەنۇبىي سۇلالىلەردىكى خەنزۇلار دىڭلىڭ دەپ ئاتايتتى دەپ قاراي-
دۇ[15]. بۇنداق چۈشەندۈرۈش توغرا ئەمەس. دەرۋەقە، جەنۇبىي سۇ-
لالىلەردىكىلەر مەيلى ئىچكىرىگە كۆچۈپ كەلگەن دىڭلىڭلارنى بولسۇن
ياكى قائىدىلەرنى بولسۇن، پەرقلەندۈرمەي ئومۇملاشتۇرۇپلا
دىڭلىڭ دەپ ئاتىغانىدى. ئەمما خۇددى بىز كۆرسىتىپ ئۆت-
كەندەك شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىكىلەر جەنۇبىي سۇلالىدىكىلەرنى
«شيالىقلار» دېگەن سۆزنىڭ ئىچىگە كىرگۈزمەي، بەلكى دۈشمەن-
لىك بىلەن ئۇلارنى ھاقارەتلەپ، «دېڭىز قاراقچىلىرى» دەپ
ئاتىغانىدى. ۋېي شۇ «ۋېينامە» نى جەنۇبىي سۇلالىلەر بىلەن
شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ تىركىشىش ۋەزىيىتى تېخى ئاخىرلاشمى-
غان ۋاقىتتىلا تۈزگەن بولۇپ، ئەلۋەتتە شىمالىي
سۇلالىدىكىلەرنىڭ كۆزقارىشى بويىچە يازغان، ئۇنداق بولمىسا
جەنۇبىي سۇلالىدىكىلەرنىڭ قائىدىلەر دەپ ئاتىغانلىقى قانداق
قىلىپ «قائىدىلەر ھەققىدە قىسسە» گە كىرىپ قالىدۇ؟ شۇڭا،
جەنۇبىي سۇلالىدىكىلەر قائىدىلەرنى دىڭلىڭ دەپ ئاتايتتى
دېگەن چۈشەنچىمۇ ئوخشاشلا پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ، پەقەت قائى-
دىلەر دېيىلگەنلەرنىڭ دىڭلىڭ دېگەن نامىنى قائىدىلەرنىڭ
تولۇق ئاتىلىشى دېگەندىلا، ئاندىن «ۋېينامە. قائىدىلەر ھەققىدە
قىسسە» دىكى ئەسلى مەنىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئىككىنچى،
«ۋېينامە» دە خاتىرىلەنگەن شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ دەسلەپكى

يىللىرىغا ئائىت تارىخىي پاكىتلاردا. يەنىلا «قاڭقىللار دېيىلگەن
دىڭلىڭ»لار دېگەن ئومۇمىي نام ئانچە - مۇنچە ئۇچرايدۇ.
مەسىلەن، «ۋېينامە. تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە تەيچاڭنىڭ
ئۈچىنچى يىلى (مىلادى 418 - يىلى) «پادىشاھ جاڭچۇەندىكى
قاڭقىللارنى قوغدايدىغان كەپتاۋۇل شۆفەنگە يارلىق چۈشۈرۈپ،
ئۇنىڭ قاڭقىللار دەپ ئاتىلىدىغان دىڭلىڭلارنىڭ 12 قەبىلە-
سىنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلىپ،
شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، ئېرغۇنا دەرياسىغا يېتىپ بېرىشنى
ئۇقتۇرغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ 12 قەبىلىنىڭ ئاقساقىلى
قاڭقىللارنى قوغدايدىغان كەپتاۋۇلغا قاراشلىق بولۇپ، ھەم-
مىسىنىڭ قاڭقىللارنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قوۋملى-
رى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. شىمالىي سۇلالىلەرگە دائىر يازما
مەنبەلەردە، يالغۇز سىيانپى، جورجان، قاڭقىللارنىڭلا قەبىلە
باشلىقلىرىنىڭ ئاقساقال دەپ ئاتىلىدىغانلىقى
ئۇچرايدۇ (مۇشۇ كىتابنىڭ XI بابىغا قارالسۇن)، ئىچكىرىگە
كۆچۈپ بارغان دىڭلىڭلارنىڭ باشلىقلىرىنىڭ ئاقساقال
دەپ ئاتىلىدىغانلىقى كۆزگە چېلىقمايدۇ.
شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئىچكىرىگە كۆچۈپ بېرىپ، دىڭجو
بىلەن بىڭجو قاتارلىق ئايماقلاردىكى تەيخاڭشەن تاغلىرىنىڭ
ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان دىڭلىڭلار ئاساسلىقى دېھقانچىلىق بىلەن
مەشغۇل بولغانىدى، ئۇلار جەڭ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ يۈرەل-
مەيدىغان، ھەتتا چەۋەنداز دېمۇ ئاتالمىغان تۇرسا، قانداقلارچە
چەۋەندازلار دەپ ئاتالغان قاڭقىللار بىللە شىمالغا
يۈرۈش ئېلىپ بارالىغاي؟ «ۋېينامە» دە خاتىرىلەنگەن ماتېرى-
ياللاردىن قارىغاندا، ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان دىڭلىڭلارنىڭ
ئۇرۇش قىلىش كۈچى ئاجىز بولغاچقا، ۋېي سۇلالىسىدىكىلەر
دائىم ئۇلارنى سەپەر بولۇشقا مەجبۇرلايتتى، ھالبۇكى، قاڭقىللار
ئۇلارغا قارىغاندا ئات مىنىپ ئوقيا ئېتىشقا ماھىر بولغاچقا،

ئۇلار دائىم دېگۈدەك ھەممىدىن ئاۋۋال ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە مەجبۇر ئىدى. شۇنداق ئىكەن، ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى قانداقلارچە جەڭگىۋارلىقى بولمىغان دىڭلىڭلارنى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ جورجان خانلىقىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتەلىسۇن؟ شۇڭا، مەيلى قايسى تەرەپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇۋەن باشچىلىق قىلغان «قاڭقىللار دەپ ئاتالغان دىڭلىڭلارنىڭ 12 قەبىلىسى بىلەن قوۋملىرى» نىڭ ھەممىسى قاڭقىللارنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن قوۋملىرى بولۇپ، ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان دىڭلىڭلارنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن قوۋملىرى ئەمەس. «ۋېينامە. گاۋبىنىڭ تەرجىمىھالى» دا «پادىشاھ شىزۇ قاڭقىل دەپ ئاتالغان چىلىلارنى غەربىي شيا بەگلىكىنىڭ ھۆكۈمرانى قۇلاندىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ۋەقە شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا يۈز بەرگەنىدى، «قاڭقىل دەپ ئاتالغان چىلىلار»، «قاڭقىل دەپ ئاتالغان دىڭلىڭلار» نىڭ باشقىچە تەرجىمىسى ئىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «قاڭقىل دەپ ئاتالغان دىڭلىڭ»، «قاڭقىل دەپ ئاتالغان چىلى» دېگەن ناملار، ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەسلىدىكى ئوردا ئارخىپلىرىدا ساقلانغان بولۇپ، ۋېي شۇ كىتاب تۈزگەندە قىسقارتىۋەتمەيلا «ۋېينامە» گە كىرگۈزگەنىدى. يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، «قاڭقىل»، دېگەن نامنىڭ «قاڭقىللار» دېيىلگەن دىڭلىڭلارنىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق.

قاڭقىل دېگەن بۇ نامنىڭ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئىنتايىن كەڭ تارقىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان دىڭلىڭلار مەۋجۇت بولغانلىقتىن، كىشىلەردە بۇ ئىككى قوۋمنى پەرقلەندۈرۈش ئېھتىياجى تۇغۇلغانىدى. شىمالىي سۇلالىلەر ئاخىرلىشىپ، ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان دىڭلىڭلار پۈتۈنلەي خەنزۇلارغا قوشۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، قاڭقىل

مىللىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما قاڭقىل دېگەن نامنىڭ مەۋجۇت بولۇش زۆرۈرىيىتى قالمىغانىدى. شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا ئائىت قەدىمكى تارىخىي كىتابلاردىن بىز كۈندىن - كۈنگە كۆپ قوللىنىلغان «چىلى» دېگەن نامنى كۆرىمىز، قاڭقىل دېگەن نام شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن ئاۋۋالقىغا ئوخشاش تارقالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. سۇي سۇلالىسى دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەندە تارىخىي كىتابلاردا قاڭقىل دېگەن بۇ نامدىن ئەسەر قالمىدى.

يۇقىرىقىلار قاڭقىللار بىلەن شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ چېگرىسى ئىچىگە كۆچۈپ كەلگەن دىڭلىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىدۇر. تۆۋەندە قاڭقىللار بىلەن خەن - ۋېي دەۋرىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇھاكىمە قىلىمىز.

يۇقىرىدىكى بايانلارغا ئوخشاش، شىمالىي سۇلالىدىكىلەر موڭغۇل دالاسىدىكى دىڭلىڭلارنى ياكى چىلى، ياكى قاڭقىللار دېيىلىدىغان دىڭلىڭلار دەپ ئاتايتتى. بۇ بىر تەرەپتىن، قاڭقىل دەپ ئاتالغان دىڭلىڭلار بىلەن ئىچكىرىگە كۆچۈپ كەلگەن دىڭلىڭلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىڭلىڭلار ئىكەنلىكىدىن، ئوخشاش ئىرق، ئورتاق ئەجدادقا ئىگە ئىكەنلىكىدىن، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئىككى تارماقتىكى دىڭلىڭلارنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ خىل ھەم ئوخشاشلىق ھەم پەرقلىق نام، شىمالىي سۇلالىدىكىلەرنىڭ ئەمەلىي پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلەپ بەرگەنىدى. ئەمما مەملىكەت زېمىنىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەن جەنۇبىي سۇلالىدىكىلەر بۇنىڭغا ئوخشاشمايتتى، ئۇلار ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان قاڭقىللار بىلەن شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ دىڭجو بىلەن بىڭجو قاتارلىق ئايماقلىرىدا ئولتۇراقلاشقان دىڭلىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى

پەرقتىن بىخەۋەر ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ مەخسۇس ئېتىنىڭ
جەھەتتىكى تەكشۈرۈش مەسىلىسى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، بۇ
ئىككى تارماقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى دىڭلىڭلار بولغاچقا، ئۇلار-
نىڭ ھەممىسىنىلا دىڭلىڭلار دەپ ئاتىغانىدى. جەنۇبىي سۇ-
لالىلەر بىلەن شىمالىي سۇلالىدىكىلەرنىڭ قايسىسى بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ بۇ ئىككى تارماقتىكى دىڭلىڭلارنىڭ
نامىنى ئاتىشىدا يۇقىرىقىدەك پەرق بار ئىدى، لېكىن ئۇلار-
نىڭ ھەممىسى بۇ ئىككى تارماقتىكى دىڭلىڭلارنى «دىڭلىڭلار»
دەپ قارىغانلىقتىن، بۇ نام جەھەتتە شىمالىي سۇلالىلەر
دەۋرىدىكى قاڭقىللار (قاڭقىل دەپ ئاتالغان دىڭلىڭلار)
بىلەن دىڭلىڭلار (يەنى ئىچكىرىگە كۆچۈپ كەلگەن دىڭلىڭلار)
نى خەن - ۋېي دەۋرىدىكى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى دىڭلىڭلار
بىلەن بىر - بىرىگە باغلاشنى مەقسەت قىلاتتى. ئەلۋەتتە، بۇ
ئۇلارنىڭ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قاڭقىللار بىلەن
دىڭلىڭلارنى پۈتۈنلەي خەن - ۋېي دەۋرىدىكى چۆللۈكنىڭ شىما-
لىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ ئەۋلادى دەپ قارىغانلىقىدىن بولغانىدى.

شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قاڭقىللار بىلەن دىڭلىڭ-
لارنى خەن - ۋېي دەۋرىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ ئەۋلادى
دەپ قاراش پۈتۈنلەي توغرا. ئۇلارنىڭ ئەجدادى، ئەۋلادلىق
مۇناسىۋىتى ھەققىدە،ئۇلارنىڭ نامى بىلەن ئۇرۇق جەمەتىدىن
يىپ ئۇچى تېپىلىشىلا قالماي (بۇنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆت-
كەنىدۇق)، بەلكى ھۇنلار مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن كۆپ سان-
دىكى دىڭلىڭلار جەنۇبىي سىبىرىيىدىن ئايرىلىپ موڭغۇل
دالاسى بىلەن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى سەددىچىننىڭ ئىچكى
قىسمىغا كۆچۈپ كەلگەن، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسى-
ۋەتلىك ھالقىلىرىنى تېپىپ چىقىشقا بولىدۇ (بۇنىڭ تەپسىلا-
تى ئۇچۇن مۇشۇ كىتابنىڭ IV، V بابلىرىغا قارالسۇن)، شۇ-
ڭا شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قاڭقىللار بىلەن دىڭلىڭلار-

لى خەن - ۋېي دەۋرىدىكى جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى دىڭلىڭلاردىن كېلىپ چىققان دېگەن بۇ يەكۈن، موڭغۇل دالاسىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن ھۆكۈمدۇر.

قىسقىسى، قاڭقىللار بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇنداق بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قاڭقىللار بىلەن شىمالىي سۇلالىلەر چېگرىسى ئىچىدىكى دىڭلىڭلار ئوخشاش بىر مىللەت ئىچىدىكى قېرىنداشلىق ياكى تارماق مۇناسىۋەتتە ئىكەن بولۇپ، خەن-ۋېي دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار بىلەن ئەجداد ۋە ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە ئىدى.

سۈي جۇڭمىيەن ئەپەندى قاڭقىللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنىڭ دىڭلىڭلار ئىكەنلىكى ھەققىدە باشقىچە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ «يېڭى تاڭنامە. توغباتلار ھەققىدە قىسسە ئىزاھ» دا مۇنداق دەيدۇ: «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 98 - جىلدتا: «قاڭقىللار... دەسلەپتە تىل (تۇرا) دەپ ئاتالغان، شىمال تەرەپتىكىلەر ئۇلارنى قاڭقىللار دەپ ئاتالغان دىڭلىڭلار دەپ ئاتايتتى» دېيىلگەن. «ۋېينامە» دىكى خاتىرىلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا، قاڭقىللار بىلەن دىڭلىڭلار كۆپىنچە ئايرىم بايان قىلىنغان. مەسىلەن، تيەنشىڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى، تيەنشىڭنىڭ بەشىنچى يىلى، تەيچاڭنىڭ ئىككىنچى يىلى، شېنجيانىڭ تۆتىنچى يىلى، يەنخېنىڭ تۆتىنچى يىلى، تەيپىڭ جىنجۈنىڭ سەككىزىنچى يىلىدىكى خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسىدە دىڭلىڭلار ئايرىم تىلغا ئېلىنغان، پەقەت تەيچاڭنىڭ ئۈچىنچى يىلىدىكى خاتىرىدىلا «قاڭقىللارنى ھىمات قىلىدىغان كەپتاۋۇل شۆخەنگە يارلىق چۈشۈرۈپ، قاڭقىل دەپ ئاتالغان دىڭلىڭلارنىڭ 12 قەبىلىسىدىكى ئاقساقاللار بىلەن قوۋۇملىرىغا باشچىلىق قىلىپ، شىمالدىكى ئېرغۇنا دەرياسىغا يېتىپ بېرىشنى بۇيرۇغان» دېيىلگەن. بۇنىڭدا ئالدىنقىسىنىڭ كېيىنكىسىگە قوماندانلىق قىلغانلىقى بىلەن ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىنى

ئىزگىنلىگەنلىكى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئورلى ھەق-
قىدىكى سېلىشتۇرمىدىن قارىغاندا. ئىككىسىنى بىر قاتاردا
قويۇش سەل توغرىدەك قىلىدۇ. بۇرۇنقى قىسسە، خاتىرىلەردىكى قاڭ-
قىللار بىلەن دىڭلىڭلار ئوخشاش مىللەت ئىدى دېگەن سۆزلەر-
نى شۇ پېتىچە دەلىللەشمۇ زىددىيەتلىكتەك تۇرىدۇ». ئۇ يەنە
مۇنداق دەيدۇ: ««سۇڭنامە» نىڭ 33 - جىلدتا، جىن سۇلا-
لىسى پادىشاھى شىيا ۋۇدىنىڭ تەييۈەن 15 - يىلى 8 - ئاي-
دا گۇنجۇ ئايمىقىدا چېكەتكە ئاپەتى يۈز بەردى، بۇ ۋاقىتتا
دىڭلىڭلار گۇنجۇ بىلەن يۇجۇ ئايمىقىغا پاراكەندىچىلىك
سالدى، سيانپىلار خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىغا باستۇرۇپ كىر-
دى، جازالاش ئۇرۇشلىرى تىنىچىمىدى، «جىننامە»
نىڭ 113 جىلدتا: «فۇجيەن شىمالدىكى دىڭلىڭلارنى شىئەنگە
كۆچۈردى»، شۇ كىتابنىڭ 114 - جىلدتىكى «فۇجيەن ھەققىـ
دە خاتىرە» دە: «مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ مۇلازىمكەپتاۋۇلى
دىۋۇ خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدا غەليان كۆتۈردى» ھەم «ۋېينامە»
نىڭ ئىككىنچى جىلدتا تيەنشىڭنىڭ ئىككىنچى يىلى دىڭ-
لىڭلارنىڭ قوماندانى دىۋۇ ئىچكىرىگە بەيئەت قىلدى دېگەن
سۆزلەر ئۇچرايدۇ. شۇڭا دىڭلىڭلارنى قاڭقىللار بىلەن بىر قىلىپ
ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.»⑰ سېن جوڭمىيەن ئەپەندى قاڭ-
قىللارنىڭ تولۇق ئاتىلىشى بىلەن قىسقارتىلىپ ئاتىلىشىنىڭ
پەرقىنى چۈشەنمەي، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار
ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ۋېينامە. تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دىكى
«قاڭقىل دەپ ئاتالغان دىڭلىڭلار» دېگەن سۆزنى «قاڭقىل ۋە
دىڭلىڭلار» دەپ چۈشىنىۋالغان ھەم بۇ يەردىكى قاڭقىللار
بىلەن دىڭلىڭلار ئوخشاش بىر مىللەت ئەمەس دەپ كېسىپ
ئېيتقان. ئەگەر «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىكى «قاڭقىل
دېيىلگەن دىڭلىڭلار» نى «قاڭقىللار، دىڭلىڭلار» دەپ يازغاندا
ھەمدە ئۇنىڭدىكى قاڭقىللار بىلەن دىڭلىڭلارنى ئايرىم مىللەت

دەپ ھۆكۈم قىلغاندا، «شىيالىقلار قاڭقىل ـ دىڭلىڭ دەپ ئاتايتتى» دېگەننى چۈشەندۈرمەكمۇ قىيىن بولۇپ قالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىكى قاڭقىللارنىڭ ئۇرۇق ـ قوۋملىرىنىڭ ناملىرىنى رەتكە تىزىپ، تۇيۇقسىزلا قاڭقىللار بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان يات مىللەتلەرنىڭ ناملىرىنى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويغاندا، بۇ تېخىمۇ غەلىتە ئىش بولغان بولىدۇ. سېن جوڭمىيەن ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكەن «ۋېينامە» بىلەن «جىننامە» دىكى دىڭلىڭلارنىڭ ئايرىم نامىغا ئائىت مىسال پۈتۈنلەي ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان دىڭلىڭلار (يەنى تاغلىق دىڭلىڭلار) نى كۆرسىتىدۇ، دىڭلىڭلار بىلەن قاڭقىللارنى ئايرىم بايان قىلغان مىسال بولسا، ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان دىڭلىڭلار بىلەن قاڭقىل دەپ ئاتالغان دىڭلىڭلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تىلغا ئالغان مىسال بولۇپ، قالغانلىرىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. يۇقىرىدىكى بايانلارغا ئوخشاش، شىمالىي سۇلالىدىكىلەر ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان دىڭلىڭلارنى دىڭلىڭ ياكى تاغلىق دىڭلىڭلار دەپلا ئاتىغان بولۇپ، ئۇلارنى قاڭقىل دەپ ئاتىمىغانىدى، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلار قاڭقىللاردىن ئايرىم مىللەت ئەمەس ئىدى. بەلكى ئۇلار ئىقتىسادىي تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاللىقاچان خەنزۇلىشىپ بولغانىدى. سېن جوڭمىيەن ئەپەندى قاڭقىللار بىلەن شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ نام جەھەتتىكى «ئايرىم ئاتىلىشى» ياكى شۇنىڭغا ئائىت «ئايرىم بايانلار» نىلا كۆرگەنىدى، ئەمما ئۇ «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىكى «قاڭقىل دەپ ئاتالغان دىڭلىڭلار» نىڭ قاڭقىللارنىڭ تولۇق ئاتىلىشى ئىكەنلىكى بىلەن شىمالىي سۇلالىدىكىلەرنىڭ قاڭقىللار ۋە دىڭلىڭلار ھەققىدىكى ئايرىم بايانى بىلەن قاڭقىللارنىڭ تولۇق ئاتىلىشى بولغان «قاڭقىل دەپ ئاتالغان دىڭلىڭلار» نىڭ پۈتۈنلەي ئىككى ئىش ئىكەنلىكىنى پەرقلەن-

دۇرمىگەن، نەتىجىدە «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»دىكى «قاڭقىل دەپ ئاتالغان دىڭلىڭلار»نى ئوخشاش بولمىغان ئىككى مىللەت دەپ قارىغان، شۇ ئارقىلىق نام جەھەتتە يورۇتۇلغان قاڭقىللارنىڭ شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى دىڭلىڭلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، خەن، ۋېي دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار بىلەن بولغان ئەجداد، ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان.

سېن جوڭمىيەن ئەپەندى قاڭقىللار بىلەن خەن، ۋېي دەۋرىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىنكار قىلمىسىمۇ، قاڭقىللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى باشقا تەرەپتىن ئىزدىمەي تۇرالمىغانىدى. ئۇ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە خاتىرىلەنگەن كانگىيە ھەققىدە «ئىزاھ» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «قاڭقىللار كانگىيىلىكلەرنىڭ بىر تارمىقى بولسا كېرەك، قاڭقىل بىلەن كانگىيە بىر خىل ئاھاڭنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر.»⑱ ئۇ «يېڭى تاڭنامە. تۇغباتلار ھەققىدە قىسسە»گە ئىزاھ»دا يۇقىرىدىكى قارىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرۇپ، مۇنداق دەيدۇ: «كانگىيە بىلەن دىڭلىڭلار خەنزۇچە يېزىلغان تارىخ كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن، كانگىيە يەنى kankali دېگەننىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى ھارۋا دېگەنلىك ئىدى، ۋېي دەۋرىگە كەلگەندە قاڭقىل دەپ ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، بۇرۇنقى مەنىدە قوللىنىلغان، بۇنىڭدىن قارىغاندا كانگىيە بىلەن دىڭلىڭلار ئىككى خىل ئىرق، قاڭقىللار بىلەن دىڭلىڭلارمۇ ئوخشاشلا ئىككى خىل ئىرقتۇر.» ئۇ «تۈركلەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى توغرىسىدا بايان»⑲ ناملىق ماقالىسىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كانگىيە — قاڭقىل — قاڭلى دېگەنلەرنىڭ ئوخشاش بىر سۆز ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي بېكىتىشكە بولىدۇ». 1958 - يىلى ئۇ «چىلىلار بىلەن تېلې

لارنىڭ، قاڭقىللار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ پەرقى، (قوشۇمچە دىگىلىڭ، ئوغۇزلار ھەققىدە»[20] ناملىق ماقالىسىدە «شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قاڭقىللارنىڭ ئەسلىدىكى «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دىكى كانگيۈە» ئىكەنلىكىنى قايتا تەكىتلىگەنىدى، ئەمما ئۇ قاڭقىل «كانگيۈينىڭ باشقىچە ئاھاڭ تەرجىمىسى» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى «ئاھاڭ تەرجىمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى» دىگەن قارىشىنى «تۈزەتكەنىدى.»

سىن جوڭمىيەن ئەپەندىنىڭ بۇ قارىشى، ئەمەلىيەتتە ئىران بىلەن غەرب ئالىملىرىنىڭ قاراشلىرىنى مەنبە قىلغانىدى. بۇ قاراش ئەڭ دەسلەپتە XIV ئەسىردىكى ئىرانلىق تارىخشۇناس راشىددىننىڭ «جامىئۇتتاۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە كۆرۈلگەنىدى. راشىددىن (Rashid — eddin) تىلغا ئالغان قاڭقىللار (يەنى «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى. بۇخامنىڭ تەرجىمىھالى» غا ئاساسلانغاندا قاڭقىللار مىلادى XII ئەسىردە ھازىرقى كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئولتۇراقلاشقانىدى) «تۇنجى بولۇپ ھارۋا ياسىغانلىقى ئۈچۈن، قاڭقىللار دەپ ئاتالغانىدى، تۈركلەر ھارۋىنى قانقىل دەپ ئاتايتتى.»[21] كېيىن رۇسىيىلىك ئالىم رادلوف (W.Radloff) «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە: «ئۇيغۇر رىۋايەتلىرىدىكى مۇقەددەس باتۇر ئوغۇزخان ئەتراپتىكى ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان غەنىيمەتلەرنى قولغا چۈشۈرگەندە، ئېلىپ كېتىشكە چارىسىز قالغان، زېرەك بىر كىشى ھارۋا ياساپ غەنىيمەتلەرنى ھارۋىغا قاچىلاپ توشۇغاندا، ئوغۇزخان بىلەن كۆپچىلىك ئىنتايىن خۇرسەن بولۇشقان، ھارۋا ماڭغاندا قانقا، قانقا دەپ ئاۋاز چىقارغاچقا، ئوغۇزخان ئۇ كىشىگە بەگلىك نامىنى بېرىپ، ئۇنى قانقىل (Kankly) دەپ ئاتىغان»[22] دەپ

يازغان. قانقىل دېگەنلىك يەنى قاڭقىل ھەم قاڭلى دېگەنلىك ئىدى. يېقىنقى يىللاردا تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوغۇزنامە» دىمۇ ئوغۇزخاننىڭ قوشۇنلىرى ئىچىدە زېرەك بىر چېۋەر ئادەم بار، ئۇ «بىر ھارۋا ياسىدى، ھارۋا ئۈستىگە بارلىق غەنىيمەتلەرنى قاچىلىدى، ھارۋىنىڭ ئالدىغا جانلىق غەنىيمەتلەرنى قوشتى. ئۇلارغا ھارۋىنى تارتقۇزدى. ئەتراپتىكى ئەل ـ جامائەت بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئۇلارمۇ ھارۋا ياسىدى. ھارۋا ماڭغاندا Qangha،Qangha دېگەن ئاۋاز چىقاتتى، شۇڭلاشقا ئۇ ئادەم Qangha دەپ ئاتالدى»㉓ دەپ رىۋايەت قىلىنغان. Qangha يەنى قاڭقىل ئىدى. فرانسىيىلىك ئالىم پېللىئوت (P.Pelliot)نىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا «ئوغۇزنامە» مىلادى XII ئەسىردىن XV ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەسەر ئىدى㉔. يۇقىرىدىكى قاراشلارنى سېلىشتۇرغاندا، بۇ ناملار ئانچە پەرق قىلمايتتى، يەنى ھەممىسىنىڭلا نامى ھارۋا دېگەن مەنىدىكى قاڭلى بولۇپ، ئۇلار ھارۋا ياساپ ۋە ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن شۇ نام بىلەن ئاتالغانىدى، ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ قوۋملىرىنى، مەيلى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا بولسۇن، مەيلى قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تارىخىغا بولسۇن، پۈتۈنلەي تەڭ ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ، بۇ ئەسلى مىلادى XIII، XIV ئەسىرلەر مەزگىلىدە قاڭلى رايونىغا تارقالغان قاڭلى دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەت بولۇپ، كېيىن ئەدىبلەر («ئوغۇزنامە»نىڭ نامەلۇم ئاپتورىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) تەرىپىدىن تارىخقا كىرگۈزۈلگەن، بىراق ئۇ يەنىلا رىۋايەت بولغانلىقى ئۈچۈن رەسمىي تارىخلاردىكى مەلۇماتلار بىلەن بىر ـ بىرىگە ماس كەلمەيدۇ.

خوڭ جۈن قاڭلىلار بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قاڭقىللارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە

«يۈەن سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت تەرجىمە ـ ۋەسىقىلەرنى
دەلىللەپ تولۇقلاش» ناملىق ئەسىرىنىڭ 24 ـ جىلدىتىكى
«قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»، گە «تولۇقلىما» دا مۇنداق
دېگەن: «قاڭلى ـ كاڭلىق دەپمۇ باشقىچە يېزىلىدۇ، ئۇلار
قەدىمكى قاڭقىللارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىدى.» خوڭ جۈن
يەنە ئۇنىڭ ئاستىغا ئۆزى «راشىددىن، ئەبۇلغازىلارنىڭ باياد-
لىرىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشىشىدۇ» دەپ ئىزاھ بەرگەن. بۇنىڭغا
ئاساسلانغاندا، قاڭلىلار «قەدىمكى قاڭقىللارنىڭ كېيىنكى ئەۋ-
لادلىرى» دېگەن قاراش، ئىران تارىخچىسى راشىددىن قاتار-
لىقلارنىڭكىنى مەنبە قىلغان بولۇپ، خوڭ جۈن ئۆزى ئوتتۇر-
غا قويغان ئەمەس. خوڭ جۈن يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن
«قەدىمكى قاڭقىللارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى» دېگەن سۆز
يەنە «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن ۋېي
سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاڭقىللارنىڭ پائالىيىتىدىن بىۋاستە
ئېلىنغان بولغاچقا، ئاندىن مۇنداق دېگەنىدى: «...جورجانلار
تەرىپىدىن تارمار كەلتۈرۈلگەچكە، يۈەن، ۋېي دەۋرىدىن كېيىن
ئۇلارنىڭ نامى تارىخنامىلەردە كۆرۈلمىدى. تۈركلەر باش
كۆتۈرۈپ چىقىپ، شەرقتىن غەربكىچە مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان
زېمىنلارنى ئىلكىگە ئالغاندا، ئۇلار تۈركلەرگە بەيئەت قىلغان بول-
سىمۇ، ئۇلارنىڭ نامى ئۆزگىرىپ كەتكەچكە، كىتابلاردا ئىسپاتلان-
مىدى، موڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىنلا، ئاندىن قاڭلى
دەپ يېزىلدى، ئۇلار ئارال دېڭىزىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي
بىلەن كاسپىي دېڭىزىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقانىدى.» خوڭ جۈن
بۇ يەردە راشىددىننىڭ كۆز قارىشىغا تولۇق ئەمەل قىلغان
بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا مەلۇم قارىشى بار ئىدى.
ئۇنىڭ «جورجانلار تەرىپىدىن تارمار كەلتۈرۈلگەچكە، يۈەن،
ۋېي دەۋرىدىن كېيىن تارىخىي كىتابلاردا كۆرۈلمىدى» دېگە-
نىدىن قارىغاندا، ئۇ قاڭلىلارنى مىلادى 541 ـ يىلى جور-

جانلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان پوۋۇرغۇر قەبىلىسى تەر-
پىدىن قۇرۇلغان قاڭقىل دۆلىتىنىڭ بىۋاسىتە كېيىنكى ئەۋلاد-
لىرى دەپ ھېسابلىنغان بولۇشى مۇمكىن (قاڭقىللارنىڭ پوۋۇرغۇر
قەبىلىسى قۇرغان قاڭقىل دۆلىتى «ئالدىنقى قوشنىڭ غەربىي
شىمالىي تەرىپىدە» يەنى ھازىرقى ئۈرۈمچى ئەتراپىدا ئىدى، مۇشۇ
كىتابنىڭ VII بابىغا قارالسۇن). خوڭ جۈننىڭ ئەسلى
مەقسىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ راشىددىن-
نىڭ «جامىئۇتتاۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدىكى بايانلارنى نە-
قىل كەلتۈرگەنلىكىدىن قارىغاندا، راشىددىنىنىڭ پىكرىمۇ ئەل-
ۋەتتە موڭغۇللارنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاڭلىلارنى
مىلادى IV — V ئەسىرلەردە موڭغۇل دالاسى بىلەن شىنجاڭدا
پائالىيەت ئېلىپ بارغان قاڭقىللارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى
دېگەنگە مايىل بولغاچقا، ئۇ قاڭقىللارنى قاڭلىلارنىڭ كېيىنكى
ئەۋلادلىرى دەپ قارىمىغانىدى. خوڭ جۈنمۇ مۇشۇنداق
چۈشەنگەنىدى، بۇ خىل قاڭلىلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنىڭ
قاڭقىللار ئىكەنلىكىگە ئائىت رىۋايەتنىڭ مەلۇم ئاساسى بار.
يۇقىرىدىكى خوڭ جۈن كەلتۈرگەن نەقىللەردىن تاشقىرى يەنە،
يەنە بىرخىل ئېھتىماللىقمۇ مەۋجۇت. «ۋېينامە. غەربىي
يۇرت تەزكىرىسى» دە: «قەندىھار دۆلىتى ئۇديانىڭ غەربىدە
بولۇپ، ئەسلى نامى پۇرۇسا پۇرا ئىدى، ئېفتالىتلار تەرىپىدىن
مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، بۇ يەردە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان
ئەنئەنىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇلارنىڭ خان جەمەتى
تۇرالار ئىدى، ئۇلار بۇ ئەلگە ئىككى ئەۋلاد ھۆكۈمرانلىق
قىلدى» دېيىلگەن. قەندىھار دۆلىتىنىڭ ئورنى ھازىرقى پاكىس-
تاننىڭ شىمالىي قىسمىدا ئىدى. بۇ سۆزلەر تەييۈەننىڭ
ئىككىنچى يىلى (مىلادى 436 - يىلى) دوڭ ۋەن غەربىي
يۇرتتىكى توققۇز جاۋۇپ دۆلىتىگە ئەلچىلىككە بېرىپ قايتىپ
كەلگەندە، ئۇردىغا مەلۇم قىلغان ماتېرىياللارنى ئاساس قىل-

ھالىدى، «ئۇلار بۇ ئەلگە ئىككى ئەۋلاد ھۆكۈمرانلىق قىلدى» دېگىنى، تۇرالارنىڭ قەلدىھار دۆلىتىگە مىلادى V ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى ئىدى. دېمەك، غەربىي دېڭىزلارنىڭ ھون دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن باشلىغان جەنۇبقا كۆچۈش پائالىيىتى، مىلادى V ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلارغا يېتىپ بارغانىدى، ھالبۇكى غەربىي دېڭىزلارنىڭ بۇرۇنقى ئورۇنلىرىغا يېقىن بولغان قاڭقىلىنى قاڭقىللارنىڭ ئىشغال قىلىۋېلىشى ھەمدە ئۇ جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى پۈتۈنلەي تولۇق ئىدى. «ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە تەييۇەننىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادى 436 - يىلى) يەنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن كۆكتارتىنىڭ غەربىدىكى جايلار ئوتتۇرىسىدا قويۇق بېرىش - كېلىش يۈز بېرىشكە باشلىغان ئاشۇ يىللاردا «قاڭقىل دۆلىتىنىڭ ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇرغان» لىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ «قاڭقىل دۆلىتى» پوۋۇرغور قەبىلىسى قۇرغان «قاڭقىل دۆلىتى» (پوۋۇرغور قەبىلىسى قاڭقىل دۆلىتىنى مىلادى 487 - يىلى قۇرغانىدى) ئەمەس ئىدى. قاڭقىللار بىلەن تۇرالارنىڭ تارىخى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدىغانلارمۇ بۇ «قاڭقىل دۆلىتى» نىڭ قەيەردىلىكىنى كۆرسىتىشتە، قاراڭغۇلۇق ھېس قىلماقتا، مەن ئۇنى چوقۇم تۇرالار ئىشغال قىلىۋالغان جايلاردىكى قەندىخار دۆلىتى ياكى قاڭلى دۆلىتى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمەن.

ئەمما «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بۇقانىڭ تەرجىمھالى» دا: بۇقان «قاڭلى بەگلىكىنىڭ ئاقساقاللىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغانىدى، قاڭلى دۆلىتىدىكىلەر يەنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاڭقىل دۆلىتىدىكىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىدى» دېيىلىپ، قاڭقىللارنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاڭقىللارنىڭ

ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەنىدى. لېكىن غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ كىتابلىرىدا غەربىي يۇرتتا قاغىلىق نامىدىكى دۆلەتنىڭ بارلىقى پەقەت خاتىرىلەنمىگەن، جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا قىلغان ئىككى قېتىملىق ئەلچىلىكىنى تەكشۈرگەندىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ نائىب ئەلچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگىلا بارغانىدى، بەن چاۋ ئاتا - بالا ئىككىيلەنمۇ غەربىي يۇرتنى كۆپ يىل ئىدارە قىلغانىدى، گەنيىڭ داكىچىنغا ئەلچىلىككە بارغانىدا، ئۇنىڭ تېخىمۇ غەربىدىكى سۈرىيە (ھازىرقى ئىراقنىڭ چېگراسى ئىچىدە) گە بارغانىدى. ئەگەردە ئىككى خەن دەۋرىدە راستتىنلا قاغىلىق دۆلىتى بولغان بولسا، ئۇ چوقۇم خەۋەر تاپقان بولاتتى: «بۇقاننىڭ تەرجىمھالى» دىكى سۆزنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. مەلۇمكى، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ نۇسخىلىرى كۆپ بولۇپ، پۈتۈن كىتاب 210 جىلد، كىتاب تۈزۈلۈشتىن باشلاپ كىتاب بولۇپ شەكىللەنگىچە «ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ پەقەت 331 كۈنلا كەتكەن»، قەدىمدىن ھازىرغىچە تۈزۈلگەن تارىخىي كىتابلارنىڭ ئىچىدە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دەك تېز تۈزۈلۈپ بولۇنغان كىتابلار كەم ئۇچرايدۇ.㉘ ئالدىراپ تۈزۈش، ئاساسلانغان تارىخىي ماتېرىياللار ئۈستىدە تەپسىلىي تەكشۈرۈش ۋە تۈزىتىش ئېلىپ بارماسلىق تۈپەيلىدىن، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا خاتا بولۇپ قالغان، چالا قالغان، قايتىلانغان ئورۇنلار ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا، كېيىنكىلەر ئارىسىدا بۇ كىتابنى داۋاملىق ئۆزگەرتىپ ۋە تولۇقلاپ تۈزگەنلەر بار ئىدى. قاغىلىقلارنى «خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاغىلىق دۆلىتىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى» دەپ قاراش «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ مۇشۇنداق سەۋەنلىكلىرىگە دائىر بىر مىسالدۇر.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاغىلىقلارنىڭ ئورۇنلاشقان

جايلىرى ئەسلىدە، ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كانگىيە دۆلىتىنىڭ كونا زېمىنى ئىدى؛ قاڭلى بىلەن كانگىيە دېگەن سۆز ھەم ئاھاڭ جەھەتتە يېقىن بولغاچقا، بۇ كىشىنى ناھايىتى ئاسانلا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە مۇناسىۋەت باردۇر دېگەن ئويغا سالىدۇ. راشىددىننىڭ «جامىئۇتتاۋارىخ» ناملىق ئەسىرى بىلەن «ئوغۇزنامە» دە ئىزاھلانغان قاڭلىنىڭ ھارۋا دېگەن مەنىسى بىلەن ئۇلارنى «قەدىمكى قاڭقىل دۆلىتىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى» دەپ ئاتاش كېرەك دېگەن قاراش مەملىكىتىمىزگە تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئەسلىدىلا بۇرمىلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دىكى «قاڭلىلار، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاڭقىل دۆلىتىدۇر» دېگەن قاراشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلدى، سېن جوڭمىيەن ئەپەندىنىڭ يۇقىرىدىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كانگىيە دۆلىتى يەنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاڭقىل دۆلىتىدۇر دېگەن قارىشى، دەل مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەيدانغا كەلگەنىدى.

سېن جوڭمىيەن ئەپەندى 1934 - يىلى، قاڭقىللار يەنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كانگىيىلىكلەردۇر دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلغاندىن بۇيان، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا قوشۇلىدىغانلار ئىنتايىن ئاز بولدى، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، سېن جوڭمىيەن ئەپەندىنىڭ بۇ قارىشىنىڭ يازما مەنبە جەھەتتىكى ئاساسى ئىنتايىن كەم ئىدى. مەملىكىتىمىزنىڭ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بۇقانىنىڭ تەرجىمىھالى» بولسۇن، مۇسۇلمانلار يازغان «جامىئۇتتاۋارىخ» بولسۇن ۋە يېقىنقى يىللاردا تېپىلغان «ئوغۇزنامە» بولسۇن، قانچىلىك بىباھا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى XIII ئەسىردىن كېيىنكى يازما ماتېرىياللار ئىدى، ئەمما قانچە قىلغان بىلەن،

ئۆلى مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدىكى كاڭ-
گىيىنى قەدىمكى قاڭقىل دۆلىتى دەپ ھۆكۈم قىلىشتىكى تۈپ
ئاساسقا ئايلاندۇرۇشقا بولمايدۇ، يالغۇز كاڭگىيە، قاڭقىل،
قاڭلى دېگەن ئۈچ سۆزنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىش مۇناسىۋىتىگە
تايىنىپلا، ئۇلارنى ئوخشاش مىللەت ئىدى دەپ ھۆكۈم قىلىشتا
قايىل قىلىش كۈچى يېتەرلىك بولماس، ياپونىيىلىك ئالىم
شىراتورى كۇراكىچى «كاڭگىيە بىلەن قاڭلى (قاڭقىل) نىڭ
ھەرقايسىسى ئايرىم مىللەت»㉑ دەپ قارايدۇ. 1958 - يىلى
سېن جوڭمىيەن ئەپەندى قاڭقىل كاڭگىيىنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى
دېگەن قارىشىدىن ۋاز كېچىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.
(بۇ قاراش سېن جوڭمىيەن ئەپەندىنىڭ كاڭگىيە يەنى قاڭقىل،
قاڭلىدۇر دەيدىغان تەشەببۇسىنىڭ ئاساسلىق دەلىلى ئىدى).
شۇنىڭ بىلەن شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قاڭقىللارنىڭ
ئېتنىك مەنبەسى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كاڭگىيىلىكلەر
دەيدىغان قاراش تېخىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغان بولۇپ
قالدى.

بىز مىلادى VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كىتاب بولۇپ
تۈزۈلگەن «ۋېينامە» دىكى قاڭقىللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنىڭ
خەن، ۋېي دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار ئىكەنلىكى ھەققىدىكى
تەشەببۇسنى ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان جۇڭگو بىلەن
غەرب مەنبەلىرىنىڭ ئارىسىدا ئەڭ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ۋە
ئەڭ ئەھمىيەت بېرىلىشكە تېگىشلىكى دەپ قارايمىز، بۇ يالغۇز
ئۇنىڭ «جامىئۇتتاۋارىخ»، «ئوغۇزنامە» قاتارلىق ئەسەرلەردىن
خېلى بۇرۇن ئىكەنلىكى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالما-
ستىن، بەلكى مەزكۇر قاڭقىل مىللىتى چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى
بىلەن شىمالىدا ئادەتتىن تاشقىرى جانلانغاندا، ئاپتورنىڭ قاڭ-
قىللارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ بىۋاسىتە مىللەت تەكشۈرۈشى ئېلىپ
بارغان دەۋردە يېزىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۇنىڭدىن باشقا، جۇلىيەنكۇن ئەپەندىمۇ «ۋەپىنامە» دىكى قاڭقىللارنىڭ ئىپتىنىڭ مەنبەسى خەن، ۋېي دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار دېگەن قاراشقا قارىتا، ئۆزىنىڭ گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ⑰ ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «سەۋەبلىرى» نىڭ بەزىلىرىگە بىز يۇقىرىدىكى بايانلىرىمىزدا جاۋاب بەردۇق، بەزىلىرى دىڭلىڭلار بىلەن قاڭقىللارنىڭ تارىخىدىكى داۋاملىق تەتقىق قىلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولغاچقا، قاڭقىللارنىڭ ئىپتىنىڭ مەنبەسىنىڭ خەن، ۋېي دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراشقا قارىتا، ھەل قىلغۇچ ئىنكار دەلىللەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغانىدى، شۇڭا بۇ يەردە قىسقارتتۇق.

## 3. تۇرالار بىلەن قاڭقىللارنىڭ مۇناسىۋىتى

يۇقىرىدا بىز قاڭقىللار بىلەن تۇرالارنى ئوخشاش بىر خىل مىللەتنىڭ ئوخشاشمىغان ئاتىلىشى، يەنى «شىمال تەرەپتىكىلەر» چىلى دەپ ئاتىسا، «شىيانبىلار» قاڭقىل دەيتتى دەپ تىلغا ئالغانىدۇق. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا قاڭقىللار يەنى چىللار ئىدى.

شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە، يەنى «قاڭقىل» ۋە «چىلى» دېگەن ئىبارەت بۇ ئىككى نام، مەملىكىتىمىزنىڭ يازما مەنبەلىرىدە ئاز كۆرۈلۈشكە باشلىغان ۋاقىتتا، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قاڭقىللار تەڭ زېمىن تارقالغان چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى سەددىچىنىنىڭ سىرتى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدا خەنزۇچە مەنبەلەردە تېلى دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ئۇرۇق — قەبىلىلەر بارلىققا كەلدى. تۇرالار تاكى سۇي سۇلالىسى دەۋرىگىچە تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى 40 قا يېقىن ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ بىردىنبىر

نامىغا ئايلانغانىدى، سۇي سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرالار شىمالىي سۇلالىلەر بىلەن جورجان خانلىقى دەۋرىدىكى چىلىلار شۇمۇ ـ قانداق؟

«قانۇنلار قامۇسى. تۇرالار» دا: «16 پادىشاھلىقتىكى كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى مورۇڭچۇينىڭ دەۋرىدە، سەددىچىنىڭ ئىچىدىكى شىمالىي ۋېي بىلەن كېيىنكى ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە خېشى ئارىلىقى بىلەن يىڭجۇ ئايىمىقىدا چىلى قەبىلىلىرى بار ئىدى؛ تۇرا ئۇنىڭ ئۆزگەرتىلىپ ئاتىلىشىدۇر» دېيىلگەن، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە: ئۇيغۇرلار (يەنى قاڭقىللارنىڭ ئۇيغۇر ئۇرۇقى) «كېيىنكى ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە تۇرا قەبىلىلىرى دەپ ئاتالدى» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە: ئۇيغۇرلار «ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردىن پايدىلىناتتى، ۋېي دەۋرىدە قاڭقىل قەبىلىسى دەپ ئاتالدى. كېيىن يەنە چىلى ياكى تۇرا دەپمۇ ئۆزگەرتىلىپ ئاتالدى» دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ كىتابلىرىدا، تۇرالارنىڭ چىلى دەپمۇ باشقىچە تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ.

تۇرالارنىڭ يەنى چىلىلار ئىكەنلىكى ھەققىدە، ئاتىلىشتىكى ئاھاڭ ئۆزگىرىشى جەھەتتىنلا تارىخىي كىتابلاردا يۇقىرىقىدەك ئاساسلار بولۇپ قالماستىن، بەلكى شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا قاڭقىل ياكى چىلى قەبىلىسىنىڭ يەنە تۇرا دەپ ئاتالغانلىقىغا ئائىت دەلىللەرمۇ ئاز ئەمەس. «ۋېينامە» گە ئاساسلانغاندا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ جېڭگۇاڭ بەشىنچى يىلى (مىلادى 524 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا، ئالتە قورغاننىڭ بىرى بولغان ۋويې قورغىنى ئەتراپىدا قوزغىلاڭ پارتىلىغان. 4 ـ ئايدا ئالتە قورغاننىڭ غەربىي قىسمىدا تۇرۇشلۇق «غەربىي چىلىلار» نىڭ قەبىلە

باشلىقلىرىدىن قوغۇرسۇتېكىن، ئېلىغ، تېلەئىپى، ئېلەنغۇت قاتارلىقلار ئۆز قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلىپ قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشقان. 8 - ئايدا ئالتە قورغاننىڭ شەرقىي قىسمىدا تۇرۇشلۇق «شەرقىي چىلىلار» مۇ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، قوزغىلاڭچى قوشۇنغا قاتناشقان. تارىختا «شەرق ۋە غەربىي قىسىمدىكى چىلىلار يىغىلىقى» دەپ ئاتالغان («ۋېينامە. گۇاڭ ياڭ ۋاڭى يۈەن شېننىڭ تەرجىمىھالى»).
شىمالىي ۋېي سۇلالىسى يۈەن شېننى قوشۇن باشلاپ شىمالغا جازا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولغاچقا، يۈەن شېن چېكىنىپ يۈنجوگنى قوغداشقا مەجبۇر بولغان. 10 - ئايدا شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ باش سانغۇنى خې بادۇبا چىلىلار بىلەن خۇەيشۇدا ئۇرۇش قىلغان. دۇبا ئۇرۇشتا ئۆلۈپ، قوزغىلاڭچى قوشۇنلار خۇەيشۇنى ئىشغال قىلىۋالغان. نەتىجىدە ئالتە قورغان ئەتراپى پۈتۈنلەي قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. يۈەن شېن ئوردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ: «ھازىر ئالتە قورغاندىكىلەر توپىلاڭ كۆتۈردى، قاڭقىللارنىڭ ئىككى قەبىلىسى (شەرق ۋە غەربىي قىسىم چىلىلار كۆزدە تۇتۇلغان) ئۇلارغا ھەمنەپەس بولۇۋاتىدۇ» دېگەن. يۈەن شېن يۈجىننى ئەۋەتىپ، غەربىي قىسىم چىلىلارنى تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرغان. غەربىي قىسىم چىلىلار ئۆز قەبىلە باشلىقىنىڭ باشچىلىقىدا شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇپ ھەمدە جەنۇبقا كۆچكەن. «جۇنامە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىكى بۇ بىر ئابزاس تارىخ چىلىلارغا چېتىشلىق بولۇپ، چىلىلار ھەممىشە «تۇرا» دەپ ئاتالغانىدى. مەسىلەن، «جۇنامە. يۈجىننىڭ تەرجىمىھالى»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. يۈ سۇتەننىڭ تەرجىمىھالى. قوشۇمچە يۈجىننىڭ تەرجىمىھالى» دا جېڭگۇاڭنىڭ تۆتىنچى

يىلى يۈجېنىنىڭ «يېنىك قوراللار بىلەن قوراللانغان چەۋەندازلارنى باشلاپ ئوغرىلارنى چارلاش ئۈچۈن سەددىچىندىن چىققاندا، نەچچە مىڭ تۇرا چەۋەندازلىرىنىڭ يوشۇرۇنچە يېتىپ كەلگەن» لىكى، يۈجېنىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى چىلىلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگەنلىكى، «شۇنىڭ بىلەن غەربىي قىسمىدىكى تۇرالارنىڭ باشلىقى نېلىغ قاتارلىقلارنىڭ 30 مىڭ تۇتۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ بەيئەت قىلىپ، داۋاملىق جەنۇبقا كۆچكەن» لىكى خاتىرىلەنگەن. «جۇنامە. خې باشقىنىڭ تەرجىمىھالى» دا خې بادۇبانىڭ خۇەيسۇدا «تۇرالار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ھالاك بولغان» لىقى خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن «ۋېينامە» دە چىلى دەپ ئاتالغانلارنىڭ «جۇنامە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا پۈتۈنلەي تۇرا دەپ ئاتالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. يۇقىرىقىلار چۆللۈكنىڭ جەنۇبى بىلەن سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى چىلىلارنىڭ ھەم تۇرا دەپمۇ ئاتالغانلىقىغا ئائىت دەلىلدۇر.

«ۋېينامە. قوچۇ تەزكىرىسى» دە: قوچۇنىڭ «شىمالىدا قىزىلتاغ بار، ئۇنىڭ شىمالىغا 70 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا تەڭرىخانتېغى بار بولۇپ، يازدىمۇ قار - مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ؛ بۇ تاغنىڭ شىمالىي تۇرالار بىلەن چېگرىداش» دەپ خاتىرىلىنىپ، قاڭقىل دۆلىتى بىلەن قوچۇ بەگلىكىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئائىت ئىش - ئىزلار بايان قىلىنغان. بۇ يەردىكى قاڭقىل دۆلىتىنى مىلادى 487 - يىلى قاڭقىللارنىڭ پۇۋۇرغور قەبىلىسى غەربكە كۆچۈپ «ئالدىنقى قىسمى غەربىي شىمالغا كەلگەن» دىن كېيىن قۇرغانىدى. قىزىلتاغ بىلەن تەڭرىخانتېغى ھازىرقى شەرقىي تيانشان تاغ تىزمىسىدىكى بوغدا تېغىنى كۆرسىتەتتى. تاغنىڭ شىمالى يەنى قاڭقىل دۆلىتىنىڭ زېمىنلىرى ئىدى. بۇ يەردە دېيىلگەن «تاغنىڭ شىمالىي تۇرالار بىلەن چېگرى-

داش» دېگەن سۆز تاغنىڭ شىمالىنىڭ تۇرالار يەلى
قائىدىلار تارقالغان جايلار ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەندى.
ۋېي شۇ يازغان «ۋېينامە. قائىدىلار ھەققىدە قىسسە» سۇلۇڭ
سۇلالىسى دەۋرىدە يوقىلىپ كەتكەندى. «ۋېينامە. قائىدىلار
ھەققىدە قىسسە» نىڭ ھازىرقى نۇسخىسى بولسا «شىمالىي
سۇلالىلەر تارىخى. قائىدىلار ھەققىدە قىسسە» دىن تولۇقلاپ
كۆچۈرۈلگەندى، ھالبۇكى، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى.
قائىدىلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئۆزى بولسا «ۋېينامە» دىن
ئېلىنغانىدى. دېمەك، «ۋېينامە» دە قائىدىل دەپ ئاتالغانلارنىڭ
تۇرا دەپ ئاتالغانلىقى «جۇنامە» گە قارىغاندا، بىر ئاز بۇرۇن
تىلغا ئېلىنغانىدى. بۇ جۇغرافىيە ئۇيمانلىقىدىكى قائىدىلارنىڭ
ھەم تۇرا دەپ ئاتالغانلىقىغا ئائىت روشەن دەلىلدۇر.

يۇقىرىدىكىلەر 16 پادىشاھلىق، شىمالىي سۇلالىلەر
دەۋرىدىكى چىلى (قائىقىل) لارنىڭ. شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ
ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاپ يەنە تۇرا دەپ ئاتالغانلىقىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «قانۇنلار قامۇسى» بىلەن «يېڭى
تاڭنامە» دىكى «تېلى»، «چىلى» نىڭ ئۆزگەرتىلىپ ئاتىلىشى
دېگەن قاراش توغرىدۇر. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگىنىدەك
«چىلى» لار «شىمالىي تەرەپتىكىلەر» يەنى سىيانپى ئاقۇڭەك
لىرىنىڭ دىڭلىڭلارنى ئاتىشى ئىدى. دىڭلىڭلار يەنى دى، دىلار
ئىدى؛ ھالبۇكى دى، تىل بىلەن تۇرا دېگەن سۆز ئاھاڭ
جەھەتتىن يېقىن بولغاچقا، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە شېۋە
پەرقى تۈپەيلىدىن، چىلى دېگەن سۆزنىڭ تۇرا دەپ تەرجىمە
قىلىنىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار
ھەققىدە قىسسە» دە «تېلى» دېگەن سۆز «تۇرا» (特勒) دەپ
يېزىلغان، سېن جوڭمېيەن ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلان-
غاندا «تې» (特) بىلەن «دى» (狄) سۆزىنىڭ جاراڭسىز
ۋە جاراڭلىق ئوقۇلۇشتىكى پەرقى («تې» جاراڭسىز، «دى»

جاراڭلىق تاۋۇش ئىدى) بولسىمۇ، ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيادا «تېپ» تاۋۇشى خېلى بۇرۇنلا جاراڭلىق «دى» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.»[28] بۇنىڭدىن قارىغاندا «تۇرا» (特勒) دېگەن سۆزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا يەنە «تېلى» دېگەن سۆزگە ئاھاڭ جەھەتتە يېقىن بولغان «تىل» دېگەن سۆز بىلەنمۇ ئاتالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭا مەن تۇرانى غەربىي يۇرت ئارقىلىق تارقىلىپ كىرگەن دىڭلىڭلارنىڭ ئاتىلىشىغا ئائىت نام بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلىمەن. تۇركلەر ئالتاي تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپى (ھازىرقى جۇڭغارىيە ئويمانلىقى) دە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارمۇ دىڭلىڭلارنى تۇرا دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن. شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تېلىلار دىڭلىڭلاردىن ئىبارەت بۇ مىللەتنىڭ بىردىنبىر نامىغا ئايلانغانىدى.

ئىلىم ساھەسىدىكى بەزى يولداشلار تۇرالارنىڭ قاڭقىللار ئىكەنلىكىگە قوشۇلمايدۇ. جۇ ليەنكۇن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «دىڭلىڭلارنىڭ ئىرقى بىلەن تىلى ۋە ئۇلارنىڭ شىمالىي چۆللۈكتىكى قوۋملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»[29] ناملىق ماقالىسىدە «قاڭقىللار بىلەن تۇرالارنىڭ پەرقى بار» دەپ قارايدۇ، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان بەش نۇقتا بىرقەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ماددىلىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە يىغىنچاقلاپ تۆۋەندىكىدەك بايان قىلدۇق:

(1) جۇ ليەنكۇن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «قاڭقىللار-نىڭ ئالتە قەبىلىسىنىڭ ئىچىدىكى دى ئۇرۇقى ‹شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى› بىلەن ‹سۇينامە› نىڭ ‹تۇرالار ھەققىدە قىسسە› دە كۆرۈلمەيدۇ. يۈەنخې يەنى ۋېيخېلار ‹تۇرالار ھەققىدە قىسسە› دە كۆرۈلىدۇ. قوغۇرسۇ ئۇرۇقى ‹تۇرالار

ھەققىدە قىسسە›دە تىلغا ئېلىنمىسىمۇ، ئەمما ‹شىمالىي چى سۇلالىسى تارىخى›، نىڭ 17 - جىلدىكى ‹قوغۇرسۇ ئالتۇنى نىڭ تەرجىمھالى›، غا ئاساسلانغاندا، قوغۇرسۇ ئالتۇنىنىڭ تەخەللۇسى ئالتۇن بولۇپ، سۇجۇ ئايمىقىدىكى چىلىلار قوۋمىدىن ئىدى. قوغۇرسۇلارنىڭ ئۆزى بولسا تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ بىرى ئىدى.» [10] جۇبە ئۇرۇقى يەنى «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دىكى چۇبە قەبىلىسى ئىدى. قۇتلۇق غۇز ئۇرۇقى يەنى «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دىكى خاككاسلار ئىدى. ئىزگىل ئۇرۇقى بىلەن «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دىكى ئېركىننىڭ ئۇرۇقلۇشى بىر - بىرىگە يېقىن بولسىمۇ، ئەمما «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە: «نامى ئېركىن دېيىلىدۇ» دەپ ئېركىننى ئەمەل مەنىسىدە ئىپادىلىگەچكە، ئىزگىل ئۇرۇقى بىلەن ئوخشاشمايتتى. شۇنداق بولغان تەقدىردە «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە قاڭقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسىنىڭ تۆتىلا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، قالغان ئىككى قەبىلە كۆرۈلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «ۋېينامە» ئىككىنچى جىلد «تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» گە ئاساسلانغاندا شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى قاڭقىللارنىڭ داۋغان قەبىلىسى (ئىلاۋە: «ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە») دە «豆陈» (داۋغان) دەپ يېزىلغان. «臣» دەپ يېزىش خاتا) گە جازا يۈرۈش قىلىپ، بۆرە ئېغىلىغىچە يېتىپ بارغان، يەنە شۇ كىتابتىكى «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، ‹شىمالدا قاڭقىللارنىڭ ئايرىم قوۋملىرى بولغان يۈەنخېلار بىلەن ئۇيغۇرلارغا زەربە بېرىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغانىدى›، بىراق قاڭقىللارنىڭ داۋغان قەبىلىسى بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىسى «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە كۆرۈلمەيدۇ. يەنە شۇ كىتابتىكى «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، قاڭقىل قوۋملىرى (ئىلاۋە: «ئەسلىدىكى قىسسەدە ‹جەمەت›» دەپ يېزىلغان.

«قوۋم» دەپ يېزىش خاتا) نىڭ يەنە «12 جەمەتى بار ئى-
دى ......» بۇ 12 جەمەتنىڭ ئىچىدە ئارۇن يەنى ئالانلار،
پوۋۇرغور يەنى پوۋۇرۋارلاردىن تاشقىرى، قالغان 10 جەمەت
«تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە يوق، بەلكى تۇرا قوۋملىرىنىڭ
خېلى كۆپ ساندىكىلىرىنى «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە كۆ-
رۈلمەيدۇ، دېمەك، ئىككى قىسسەدە ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان قوۋم-
لارنىڭ بىر - بىرى بىلەن زور پەرقى بار ئىدى».

بىرىنچىدىن، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قاڭقىل-
لارنىڭ ئالتە قەبىلىسىنىڭ ئىچىدىكى دى ئۇرۇقىنىڭ ئاساسىي
گەۋدىسى خېلى بۇرۇنلا غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى
يىللىرىدىلا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ كېلىپ، 16 پادى-
شاھلىق، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە دىڭلىڭلار (ئۇلارنىڭ
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى پائالىيىتىنى
مۇشۇ كىتابنىڭ V بابىغا قاراڭ) دەپ ئاتالغانىدى، چۆللۈكنىڭ
شىمالىدا قالغانلىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى. شۇڭا «سۈي-
نامە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىكى «تۇرالار ھەق-
قىدە قىسسە» دە ئۇلارنىڭ پائالىيىتى خاتىرىلەنمەيلا قالماي،
«ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ ئۇلارنىڭ نامىنى
تىلغا ئېلىپ قويۇش بىلەنلا چەكلەنگەنىدى. «ۋېينامە. تەيزۇ
ھەققىدە خاتىرە» دە تىلغا ئېلىنغان «قاڭقىللارنىڭ داۋغان
قەبىلىسى»، «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە يۈەنخې
قەبىلىسىنىڭ «ئايرىم قوۋمى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، يۈەنخې
قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىدى. «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە
خاتىرىلەنگەن «يۈەنخې — ئۇيغۇر قەبىلىسى» دىكى يۈەنخېلار
بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىسى تەڭداش مۇناسىۋەتكە ئىگە ئەمەس
ئىدى. ئالدىنقىسى كېيىنكىسىگە قوماندانلىق قىلىدىغان بېقىن-
دىلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىدى، شۇڭا ئۇنى يۈەنخې قەبىلى-
سىگە قاراشلىق ئۇيغۇر قەبىلىسى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

قاڭقىللارنىڭ 12 جەمەتىدىكى بۆركلى ئۇرۇقى يەنى غەربىي چىلە-
لارنىڭ ئىچىدىكى چىلى ئۇرۇقى («ۋېينامە. تۇرا يالىچىنىڭ
تەرجىمىھالى». «جۇنامە. چىلى كىۋەكىنىڭ تەرجىمىھالى». «شىمال-
لىي چى سۇلالىسى تارىخى. چىلى بېكنىڭ تەرجىمىھالى»
بىلەن «ۋۇشۇ كىتابىنىڭ IX بابىغا قارالسۇن) دىن ئىدى.
جۇليەنكۇن ئەپەندىنىڭ چىلىلار يەنى تۇرالاردۇر
دېگەن دەلىلىگە ئاساسلانغاندا، يۇقىرىدىكى قاڭقىل-
لارنىڭ ئۈچ قەبىلىسىنىڭ ھەممىسى تۇرا قەبىلىلىرى
ئىدى. دېمەك، قاڭقىل قەبىلىلىرىنىڭ ئىچكىرىگە كۆچۈپ
بارغان ئۇرۇقلىرى ئىچىدە، دى ئۇرۇقىدىن باشقىسى «تۇرالار
ھەققىدە قىسسە» دە كۆرۈلمىگەنىنىڭ سىرتىدا،
تۇرا دېگەن نام بىلەن ئاتالغانلىرى جۇليەنكۇن ئەپەندى
كۆرسەتكەنگە قارىغاندا كۆپ ئىدى. ئىككىنچىدىن، «قاڭقىللار
ھەققىدە قىسسە» بىلەن «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە»نى
سېلىشتۇرغاندا، دەرۋەق ئىككى «قىسسە» دىكى نۇرغۇنلىغان
قەبىلىلەر بىر - بىرىگە ماس كەلمەيدۇ، بولۇپمۇ «تۇرالار
ھەققىدە قىسسە»دە خاتىرىلەنگەن قەبىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمى،
«قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە يوق. بىزنىڭچە بۇ مەسىلىگە
قاڭقىللارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن ئۇلار
ئۇچراپ كەلگەن يات مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە زۇلمى
جەھەتتىن چۈشەنچە ھاسىل قىلىش كېرەك. قاڭقىللارنىڭ مىللەت
نامى مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ تاكى تۇرا
قەبىلىلىرى «سۇينامە» دە خاتىرىلەنگىچە بولغان تەخمىنەن 240
يىللىق ۋاقىتقىچە بولغان تارىخنامىلەردە كۆرۈلۈپ تۇرغانىدى.
گەرچە قاڭقىللارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى يات مىللەتلەرنىڭ
ھۆكۈمرانلىقى ۋە زۇلۇمى تۈپەيلىدىن ئاستىراق بولغان بولسىمۇ،
ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن يەنىلا تەرەققىي قىلغانىدى، ئىشلەپ-
چىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ،

يېگى قاڭقىل قەبىلىلىرىنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشى مۇقەررەر ئىدى. شۇڭا «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن تۇرا قەبىلىلىرى «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن قاڭقىل قەبىلىلىرىدىن كۆپ ئىدى، بۇ قاڭقىللارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى. قاڭقىللار يات مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئازابىنى يەتكىچە تارتقان مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئۇلار ئاۋۋال ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن توغبات سىيانپىلىرىنىڭ دەي پادىشاھلىقىنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا، ئارقىدىنلا يەنە جورجان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچرىغان، جورجان خانلىقىنىڭ دەۋرىدە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا ئۈزلۈكسىز ئىچكىرىلەپ كىرىپ جورجان خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، نەتىجىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، بىر مىليوندىن ئارتۇق قاڭقىل ئاھالىلىرى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەرىپىدىن مەجبۇرىي تۈردە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈرۈلگەنىدى؛ يەنە نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قاڭقىل ئاھالىلىرى ئاۋۋال دەكلا جورجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ، موڭغۇل دالاسىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئالدىنقى قىسمى غەربىي شىمالغا بېرىپ ماكانلاشقانىدى. قاڭقىل قوۋملىرى چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىغا تارقىلىپ كېتىشكە ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. تۈرك خانلىقى باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچرىغان. ئۇرۇش ۋە يات مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان قاڭقىل ئۇرۇق - قوۋملىرىنىڭ تارقاپ كېتىش ۋە كۆچۈشلىرى، ئۇرۇق - قوۋملارنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە قايتا بىرىكىشىنىڭ مۇقەررەرلىكى ئىدى. بەزى ئۇرۇق - قوۋملار زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكتىن،

ھەتتاكى تارىختىن يوقالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئىزلىرى يېڭى ئۇرۇق - قەبىلىلەرنى تەشكىل قىلغانىدى. يەنە بەزى ئۇرۇق - قوۋملار بولسا نۇرغۇنلىغان قوۋملارغا پارچىلىنىپ كەتكەنىدى ھەمدە يېڭى ناملارغا ئېرىشكەنىدى.[31] ئۇنىڭدىن باشقا «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» مەملىكىتىمىز جەنۇب بىلەن شىمال دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن دەۋردە قاڭقىللار ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان قىسسە بولۇپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئاساسەن موڭغۇل دالاسىدىكى جورجان خانلىقى ۋە قاڭقىللار بىلەن ئۇرۇش قىلغانىدى، شۇڭا «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە ئاساسلىق موڭغۇل دالاسىغا تارقالغان ۋە موڭغۇل دالاسىدىن غەربكە كۆچۈپ جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا بارغان قاڭقىللارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرىنىڭ تەشكىللىنىش ئەھۋالى خاتىرىلەنگەنىدى. ھالبۇكى ھون دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن كانگىيىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدىن جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالى بىلەن غەربىگە كۆچۈپ بارغان دىڭلىڭ قەبىلىلىرى توغرىلىق ئېنىق چۈشەنچە بېرىلمىگەنىدى. «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە بۇ رايوندىكى دىڭلىڭ قەبىلىلىرىنىڭ ناملىرىنى چۈشۈرۈپ قويغانلىقى ئېھتىمالغا بەكلا يېقىن بولسا كېرەك. سۈي سۇلالىسى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ تەپرىقە ۋەزىيىتى ئاخىرلاشتى. سۈي سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك بىرلىكى ناھايىتى تېزلىكتىلا چۆللۈكنىڭ شىمالى بىلەن غەربىي يۇرتقا تەسىر كۆرسەتتى. بۇ شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خانلىقلىرىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان ۋاقتى بولۇپ، چۆللۈكنىڭ شىمالى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا ئىدى، ئەمما غەربىي يۇرت ئەلچىلىرى بىلەن غوز سودىگەرلىرى يەنىلا تۈرك خانلىقىنىڭ توسقۇنلۇقىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ،

تۇركۇم - تۈركۈملەپ سۇي سۇلالىسىگە كەلگەنىدى. سۇي سۇلالىسى ئۆزىنىڭ تۈرك خانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ئۇلاردىن چۆللۈكنىڭ شىمالى بىلەن غەربىي يۇرتقا ئائىت نۇرغۇنلىغان ئاخبارات ماتېرىياللىرىنى توپلىغان، جۈملىدىن تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى تۇرا قوۋملىرىغا ئائىت ماتېرىياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. سۇي سۇلالىسىنىڭ تۈرك خانلىقىغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى، تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ تۈرك خانلىقى تەرىپىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىنىدىغان ئاھالىلەرنىڭ كۆپ ساندىكىسىنى تەشكىل قىلىدىغان تېلى قوۋملىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆڭۈل قويۇپ تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەنىدى. ۋەزىر جاڭ سۇنشېڭ بىلەن فېي جۈي قاتارلىق كىشىلەر، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كۆپ قېتىم ئەلچىلىككە بېرىپ، تۈرك خانلىقىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى، چۆللۈكنىڭ شىمالى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپ تەرەپلىمىلىك مول بىلىملەرگە ئىگە بولغانىدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، سۇي سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت بىلەن موڭغۇل دالاسىدىكى تۇرا قوۋملىرىنى چۈشىنىشى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە قارىغاندا، خېلى تەپسىلىي بولغانىدى. شىمالىي سۇلالىلەردىكىلەر خېلىدىن بېرى ئۇقماي كەلگەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقى بىلەن كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى دىڭلىڭ قەبىلىلىرى سۇي سۇلالىسىدىن باشلاپ خاتىرىگە يېزىلىشىمۇ ئىنتايىن تەبىئىي ئىدى. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن قاڭقىل قەبىلىلىرى بىلەن تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا بىر - بىرىدە تولۇق كۆرۈلمەيدۇ ۋە «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن تۇرا قەبىلىلىرى، «قاڭقىللار ھەق-

قىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن قاڭقىل قەبىلىلىرىدىن كۆپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى پۈتۈنلەي قاڭقىل مىللىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىدىن مۇۋاپىق چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. موڭغۇل دالاسىنىڭ تارىخىدىكى بويسۇندۇرۇلغان مىللەتلەرنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرى كۆپىنچە بويسۇندۇرغۇچى مىللەتلەرنىڭ نامى ياكى بويسۇندۇرغۇچى مىللەتلەرنىڭ نام - ئاتاقلىرى بىلەن ئاتالغانىدى، بۇنى هون دۆلىتى، جورجان خانلىقى ۋە تۈرك خانلىقىنىڭ تارىخىدىن دەلىللىگىلى بولىدۇ. لېكىن مەيلى قاڭقىللار بولسۇن ياكى تۇرالار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۇي سۇلالىسىدىن ئاۋۋال ھۆكۈمران مىللەتكە ئايلىنالمىغانىدى؛ يات مىللەتلەرنىڭ تۇرالارنى قارىسىغىلا ئاتاپ قويۇشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىمۇ ئەسلا يوق ئىدى. قىسقىسى، تۇرا قوۋملىرىنىڭ نام - ئاتاقلىرىنىڭ «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە تولۇق كۆرۈلمىگەنلىكىگە ئاساسەن، «ئىككى قىسسەدە ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان قوۋملارنىڭ زور پەرقى بار ئىدى» دەپ ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ ئۆزىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى تولۇق ئەمەس. ئەكسىچە تۇرا قوۋملىرىنىڭ ئارىسىدا قاڭقىل قەبىلىلىرىنىڭ خېلى كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ نام - ئاتاقلىرىنىڭ بارلىقىدىن ئىبارەت بۇ تارىخي پاكىتنىڭ ئۆزىمۇ، قاڭقىللار بىلەن تۇرالارنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى دەلىللەپ، كېيىنكىسىنىڭ ئالدىنقىسىدىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

(2) جۇلىيەنكۇن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «تۇرا قوۋملىرىنىڭ ئورۇنلاشقان جايلىرى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، موڭغۇل دالاسىدىن كاسپىي دېڭىزغىچە بولغان جايلارغا تارقالغانىدى، ئەمما قاڭقىل قوۋملىرىنىڭ پائالىيىتى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسىدىن ئېشىپ كېتەلمىگەنىدى.» دېگەنلەر هون

دۆلىتىنىڭ ۋاقتىدا ئاساسەن جەنۇبىي سىبىرىيىدە ئولتۇراقلاشقان
بولۇپ، هون دۆلىتىنىڭ تالان ـ تاراج ۋە قۇل قىلىشىدىن
قۇتۇلۇش ئۈچۈن، تەخمىنەن هون دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى مەز-
گىللىرىدە، بىر قىسىم دىڭلىڭلار پەيدىنپەي غەربكە كۆچ-
كەنىدى. هون دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن كۆپلىگەن
دىڭلىڭلار جەنۇبقا كۆچۈپ موڭغۇلىيە يايلىقى بىلەن جۇڭغارىيە
ئويمانلىقىغا كەلگەنىدى. كېيىن جورجان خانلىقى بىلەن
تۈرك خانلىقى كەينى ـ كەينىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقتى.
بىر بۆلۈم دىڭلىڭلار جورجانلار بىلەن تۈركلەرنىڭ تاجاۋۇز
ۋە تالان ـ تاراج قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تېخىمۇ
غەربكە كۆچۈپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كاسپىي دېڭىزىنىڭ ئەترا-
پىغا كۆچۈپ بارغانىدى. تۇرالارنىڭ موڭغۇل دالاسىدىن
كاسپىي دېڭىزىنىڭ ئەتراپىغىچە بولغان جايلارغا تارقىلىشىنى
پۈتۈنلەي مىللەتلەرنىڭ هۆكۈمرانلىقى ۋە زۇلمى كەلتۈرۈپ
چىقارغانىدى. «قاڭقىل» دېگەن نام بولسا «شىيالىقلار» نىڭ
موڭغۇل دالاسى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىس-
مىدىكى دىڭلىڭلارنى ئاتىشى ئىدى. شىمالىي سۇلالىلەر دەۋ-
رىدىكى «شىيالىقلار» كۆكتارتىنىڭ غەربىدىكى دىڭلىڭلار بىلەن
قىلچە ئۇچرىشالمىغانىدى، شۇڭا بۇ جايلاردىكى دىڭلىڭلارنىڭ
نامى مەسىلىسى ھەققىدە بىر نەرسە دېمىگەنىدى. «قاڭقىل»
دېگەن نامنىڭ چەكلىمىلىكىنى پۈتۈنلەي دەۋر كەلتۈرۈپ
چىقارغانىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن قاڭقىللار بىلەن تۇرالار-
نى ئايرىم مىللەت دەپ هۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ.

(3) جۇلىيەنكۇن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «قاڭقىللار
چاقى ئېگىز، گۈگۈسۇنى كۆپ هارۋىلارنى ئىشلەتكەنلىكى
ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان، ھالبۇكى «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە
بۇنداق سۆزلەر ئۇچرىمايدۇ.» قاڭقىللارنىڭ قايسى ۋاقىتلار-
دىن باشلاپ ئېگىز چاقلىق هارۋىلارنى ئىشلەتكەنلىكى تار-

مىي ماتېرىياللاردا ئېنىق ئەمەس. «ئوغۇزنامە» دە: ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئوغۇز خاقانى ۋاقتىدا ئىشلىتىلگەن دېيىلگەن، ھالبۇكى
ئوغۇزخاننىڭ كىملىكى، قايسى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ
خاقانى ئىكەنلىكىنىڭ ھەممىسى ھەل قىلىش قىيىن بولغان
مەسىلە. «ئوغۇزنامە» نىڭ مىلادى XIII ۋە XV ئەسىرلەر ئارى-
لىقىدىكى ئەسەر ئىكەنلىكىدىن قارىغاندا، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ
ھارۋا ئىشلەتكەنلىكىگە ئائىت نىسبەتەن كېيىنكى رىۋايەت
خاراكتېرلىك بىر ھېكايىدۇر. شۇڭلاشقا مىلادى VI ئەسىرنىڭ
ئوتتۇرىلىرىدا كىتاب بولۇپ تۈزۈلگەن «ۋېينامە. قاڭقىللار
ھەققىدە قىسسە» دىكى «شىمال تەرەپتىكىلەر چىلنى دەپ
ئاتىسا، شىمالىقلار قاڭقىل - دىڭلىڭلار دەيتتى»
دېگەن قاراش، «ئوغۇزنامە» گە قارىغاندا زور تارىخىي ما-
تېرىيال قىممىتىگە ئىگە ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى تەھلىللەرگە
ئاساسلانغاندا، قاڭقىل دېگەن نام شىمالىقلارنىڭ يەنى شى-
مالىي سۇلالىلەردىكى خەنزۇلارنىڭ ئۇلارنى ئاتىشى ئىدى،
شىمالىقلارنىڭ قاڭقىللارنى ئاتىشى پۈتۈنلەي ئۇلار بىلەن
ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان دىڭلىڭلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن
ئىدى، «شىمالىي تەرەپتىكى» خېلىق، دەي ئايماقلىرىدا ئولتۇ-
رۇشلۇق سىيانپى ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن باشقا مىللەتلەرگە كەل-
سەك، ئاۋۋالقىدەكلا ئۇلارنى چىلى دەپ ئاتىغانىدى. شىمالىي
سۇلالىلەردىن كېيىن ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان دىڭلىڭلار
پۈتۈنلەي خەنزۇلىشىپ كەتكەنىدى، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى
قاڭقىللارنىڭ كۆپ قىسمى يەنە چۆللۈكنىڭ شىمالىي (X
بابقا قارالسۇن) غا قايتىپ كېتىپ، داۋاملىق قاڭقىل دەپ
ئاتالغان دىڭلىڭلار بىلەن ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان دىڭلىڭ-
لارنىڭ قاڭقىل دېگەن بۇنامىمۇ ئىجتىمائىي ئېھتىياجدىن قېپ-
قالغان ۋە پەيدىنپەي پۈتۈنلەي يوقالغانىدى. سۈي،
تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئۇرالارنىڭ داۋاملىق ئىگىز چاقلىق

ھارۋىلارنى ئىشلەتكەن ياكى ئىشلەتمىگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلە ھەققىدە گەرچە بىز يازما ماتېرىياللاردىن ئېنىق دەلىل تاپالمىساقمۇ، ئەمما ئېگىز چاقلىق ھارۋىلار يايلاقتا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان مىللەتلەرگە ماس كېلىدىغانلىقتىن، ئۇنى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردىن يوقىلىپ كەتمىگەن دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ، شۇڭا بىز تۇرالارنى ئاۋۋالقىدەكلا ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ئىشلەتكەن دەپ تەخمىن قىلىمىز. «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە تۇرالارنىڭ بۇنداق ئادىتىنىڭ بارلىقى ياكى بولمىسا ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ئىشلىتىشىنىڭ بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، بۇ مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكى بولماي قالغانلىقى خاتىرىلەنمىگەچكە، «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنمىغانىدى. بىز «قاڭقىل» دېگەن نامنىڭ يوقىلىشىنى ھەرگىزمۇ ئادەم سانى بۇنداق كۆپ قاڭقىل مىللىتىنىڭ يوقىلىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ دەپ قارايمىز. «سۇينامە»، كونا ۋە يېڭى «تاڭنامە» دە قاڭقىللارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى تولۇق خاتىرىلىمەي، بۇ مىللەتنىڭ داۋاملىق تۇرا دېگەن نام ئاستىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ھەققىدە مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈش بەرگەنىدى، ئۇنداق بولمايدىكەن، بىز شىمالىي سۇلالىلەر ئاخىرلىشىشى بىلەنلا، قاڭقىل مىللىتىنىڭ قانداق قىلىپ يوقالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمىز.

(4) جۇلىيەنكۇن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «تۇرالار ئەسلىدە ھونلارنىڭ ئايرىم جەمەتىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، قوماندانلىرى يوق ئىدى، سىياسىي جەھەتتە مۇستەھكەم قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئەمەس ئىدى، ئەزەلدىن ھۆكۈمران ئۇرۇقى يوق ئىدى. ئەمما قاڭقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسىنىڭ 12 جەمەتى ئىچىدىكى ئالتە قەبىلە مېھمان جەمەت بولۇپ، 12 جەمەت بولسا قاڭقىللارنىڭ ئەسلى جەمەتى ئىدى، ھالبۇكى

12 جەمەتنىڭ ئىچىدىكى يۇۋۇرغۇرلار قاڭقىللارنىڭ ھۆكۈمران ئۇرۇقى ئىدى.» بۇنداق دېيىش قاڭقىللاردا يۇۋۇرغۇر قەبىلىسى ھۆكۈمران ئۇرۇق قىلغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بار ئىدى، ھالبۇكى، ئۇلاردا بۇنداق قەبىلىلەر ئىتتىپاقى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلارنى بىر مىللەت ئەمەس دېگەنلىك بولىدۇ. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، قاڭقىللارنىڭ ئالتە «قوۋمى» (يەنى قاڭقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسى) بىلەن قاڭقىللارنىڭ 12 جەمەتى ئايرىم خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئالدىنقى ئابزاستا «ئۇلارنىڭ قوۋمى» دەدى ئۇرۇقى قاتارلىق ئالتە قەبىلە بار دېيىلگەن، كېيىنكى ئابزاستىمۇ «قاڭقىللارنىڭ جەمەتىدىن يەنە 12 جەمەت بار» دېيىلگەن. قاڭقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسى بىلەن 12 جەمەتىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئالىملارنىڭ كۆپلىگەن تەتقىقاتلىرى بار، بەزىلىرى ئۇلارغا ئائىت قەدىمكى كىتابلاردىكى خاتىرىلەرنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكىنى ئاساس قىلسا. بەزىلىرى ئۇلارنىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى تارقىلىش ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى ئاساس قىلدى، بەزىلىرى ئۇلارنىڭ جورجان خانلىقى ۋە شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكىنى ئاساس قىلدى، يەنە بەزىلىرى ئۇلارنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى ئاساس قىلدى[33]. قاراشلاردا ئوخشىماسلىق بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسى ئۇلارنى بىر مىللەت دەپ قارىغانىدى. ئېلىمىز ئالىمى فېڭ چېڭجۈن ئەپەندى يۇقىرىدىكى قاراشلارغا ئوخشىمايدىغان قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ قاڭقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسى «قاڭقىللارنىڭ ئەسلى جەمەتى ئەمەس»، بەلكى قاڭقىللارنىڭ «مېھمان قەبىلىسىدۇر»؛ ھالبۇكى 12 جەمەتى بولسا «قاڭقىللارنىڭ ئەسلى جەمەتىدۇر». ئالتە قەبىلە بىلەن 12 جەمەتنىڭ مۇناسىۋىتى «خۇددى تۇركلەر بىلەن تۇرا

قوۋملىرىنىڭ، توققۇز ئوغۇز ئۇيغۇرلىرى بىلەن قارلۇق، باس-
مىل، قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاشتۇر» دەپ
قارىغانىدى. بۇ 12 جەمەت بىلەن ئالتە قەبىلىنىڭ مۇناس-
ۋىتىنى ئاساسىي گەۋدە بىلەن مېھمان قەبىلىنىڭ، ھۆكۈمران-
لىق قىلىش بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنىشنىڭ، قۇل قىلىش
بىلەن قۇل قىلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتى دېگەنلىك ئىدى. فېڭ
چېڭجۈن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «قاڭقىللار (12 جەمەتنى
كۆرسىتىدۇ) گۈللەنگەن مەزگىلدە ئۇلارغا قاراشلىق قوۋملار
بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمىگەنىدى.»㉛ بۇ يەردە بايان قىلىن-
غان قاڭقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسى بىلەن 12 جەمەتنىڭ
مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»،
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»،
«قانۇنلار قامۇسى. قاڭقىللار» نى ئاساس قىلغان بولسىمۇ،
ئەمما يۇقىرىدىكى قىسسەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئالتە قەبىلىنىڭ
قاڭقىللارنىڭ قوۋمى ئىكەنلىكى ئېنىق خاتىرىلىنىپلا قالماي،
بەلكى ئالتە قەبىلىنىڭ 12 جەمەتكە تەۋەلىكى ھەققىدە
ھېچقانداق ئاساس ئۇچرىمايدۇ. فېڭ چېڭجۈن ئەپەندى ئۆ-
زىنىڭ ئالدىراپ چىقارغان ھۆكۈمىگە ئاساسەنلا، ئالتە قەبى-
لىنىڭ 12 جەمەتنىڭ «مېھمان قەبىلىسى» ئەمەسلىكىنى
ئويلاپ يېتەلمىگەنىدى. جۇليەنكۇن ئەپەندى فېڭ چېڭجۈن
ئەپەندىنىڭ قارىشىغا ئۆكتە قوپۇپ، مەن ھەرگىزمۇ قوشۇل-
مايمەن دېگەنىدى. «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرى-
لەنگەن قاڭقىللارنىڭ «قوماندانلىرى بولمىسىمۇ، ھەرقايسى
قوۋملارنىڭ جەمەت پېشۋالىرى بار ئىدى» دەپ كۆرسەت-
كەنىدى. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، قاڭقىللارنىڭ بارلىق
جەمەتلىرىنىڭ قوماندانلىرى يوق بولۇپ، پەقەت
«قوۋم» پېشۋالىرىلا بار ئىدى، قوۋم يەنى قە-
بىلە بولۇپ، «قوۋم» نىڭ جەمەت پېشۋاسى قەبىلىنىڭ

قوماندانى ياكى قەبىلىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئالتە قەبىلىنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى بار ئىدى. مەسىلەن، قوغۇزرسۇ قەبىلىسىنىڭ قەبىلە باشلىقى بېگىسقۇلى، يۈەنخې قەبىلىسىنىڭ باشلىقى شۇقا ئىدى. پوۋۇرغور ئۇرۇقى باشچىلىقىدىكى 12 جەمەتنىڭمۇ قەبىلە باشلىقى بار ئىدى؛ «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى كېيىن 12 جەمەتنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، غەربكە كۆچۈشكە باشچىلىق قىلغان ئاپۇرغۇر ئىدى. قىسقىسى، قاڭقىللارنى ھۆكۈمران ئۇرۇق بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئۇرۇقلارغا بۆلۈنگەن. شۇنىڭدەك ھەممە قاڭقىل مىللىتىنىڭ «مۇستەھكەم قەبىلىلەر ئىتتىپاقى» نى تەشكىل قىلغان دېيىشىمىزگە ئاساسى كەمچىلدۇر. ئۇنىڭدىن سىرت، بۇنداق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى قاڭقىللار بىلەن تۇرالارنىڭ بىر مىللەت ئەمەسلىكىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۆلچىمى قىلغاندىمۇ، ئوخشاشلا قايىل قىلىش تەس. ئېنگېلس خېلى بۇرۇنلا «ئۆزئارا تۇغقانچىلىقى بولغان قەبىلىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ھامان ۋاقىتلىق ۋە جىددىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، بۇنداق ئېھتىياجنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ يەنە تارقىلىپمۇ كېتىدۇ.»㉟ دېگەنىدى. بۇنى دىڭلىڭلار بىلەن تۇرالارنىڭ تارىخىنىڭ ھەممىسىگە تەتبىقلاشقا بولىدۇ. «خەننامە. ھونلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، دىڭلىڭلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىردە، ھون دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى (مۇشۇ كىتابنىڭ IV بابىغا قارالسۇن) نى تەشكىل قىلغانىدى. مىلادى I ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھون دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، دىڭلىڭلارنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقىمۇ پەيدىنپەي يىمىرىلدى. بىز ئەلۋەتتە بۇنىڭلىق بىلەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىردىكى دىڭلىڭ مىللىتى بىلەن مىلادى I ئەسىرنىڭ

ئاخىرىدىكى دىڭلىڭ مىللىتىنى بىر مىللەت ئەمەس ئىدى دەپ قارىمايمىز. تۇرالارنى ئېيتىپ ئېيتقاندىمۇ، مىلادى VII ئەسىر-نىڭ باشلىرىدا، جۇڭغارىيە ئورمانلىقىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن، چۇبە قەبىلىسى بىلەن سىرتاردۇش قەبىلە-سىنىڭ نامىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغانىدى، ئەمما ئۇ ئاران سەككىز يىللا مەۋجۇت بولۇپ يىمىرىلگەنىدى (بۇ كىتابنىڭ IX بابىغا قارالسۇن). بۇنىڭلىق بىلەن بىز ئەلۋەتتە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان چۇبە، سىر-تاردۇشلار بىلەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى چۇبە، سىرتاردۇشلارنى بىر مىللەت ئەمەس دېسەك بولمايدۇ. نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق قەدىمكى زامان تارىخىدا، ئۇزۇقتىن قەبىلىگە، قەبىلىدىن قەبىلىلەر ئىتتىپا-قىغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئورتاق تەرەققىيات يولىنى بېسىپ ئۆتكەنىدى، ئەمما تۈرلۈك مۇرەككەپ تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ تەرەققىيات يولىدا، ھامان بۇرۇلۇش ھەتتا قىسقا مۇددەتلىك چېكىنىشلەرمۇ كېلىپ چىقاتتى. شۇڭا جۇلىيەنكۇن ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدەك، قاغىلىلار مۇس-تەھكەم قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلالمىغان بولسىمۇ، بۇنىڭغا ئاساسەنلا ئۇلار بىلەن تېخى بۇ خىل قەبىلىلەر ئىتتى-پاقىنى قۇرمىغان تۇرالارنى بىر مىللەت ئەمەس ئىدى دەپ ھۆكۈم قىلالمايمىز.

(5) جۇلىيەنكۇن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا: «قاغىلىلار ھەققىدە قىسسە» ھەم «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» بار، «ۋېينامە. قاغىلىلار ھەققىدە قىسسە» دە «شىمال تەرەپتىكىلەر چىلى دەپ ئاتىسا، شىيا-لىقلار قاغىل - دىڭلىڭ دەيتتى» دېيىلگەن، ئەمما «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاغىلىلار ھەققىدە قىسسە» دە «يەقەتلا

شىمال تەرەپتىكىلەر قاغىل - دىڭلىڭ دەيتتى» دېيىلگەن، ھەرگىزمۇ «شىمال تەرەپتىكىلەر چىلى دەپ ئاتىسا» دېيىلمىگەن. «ۋېينامە» گەرچە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىن بۇرۇن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما «ۋېينامە» نىڭ ئەسلىدىكى 103 - جىلدى كەمتۈك بولغاچقا (ئىلاۋە: «قاغىللار ھەققىدە قىسسە» مۇ مۇشۇ جىلدىنىڭ ئىچىدە)، كېيىنكىلەر بۇ ئابزاسنى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىن ئېلىپ تولۇقلاپ كىرگۈزگەنىدى. تولۇقلاپ كىرگۈزگۈچى كىشى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاغىللار ھەققىدە قىسسە» دىن پايدىلىنىپ، ئەسلىدىكى ئابزاسنى ئۆزگەرتىپ تۈزەتكەچكە، مۇشۇنداق بىر جۈملىنى قوشقانىدى. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا ۋېي، چى (شەرقىي ۋېينىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، جۇ (غەربىي ۋېينىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، سۇيدىن ئىبارەت تۆت سۇلالىنىڭ 230 يىللىق (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى داۋ ۋۇدىنىڭ دېڭگو تۇنجى يىلىدىن سۇي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى دىڭ يىنىڭ ئىككىنچى يىلىغىچە يەنى مىلادى 386 - يىلىدىن 618 - يىلىغىچە) تارىخىغا ئائىت ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ تۈزۈلۈش ئۇسۇلى ئاساسەن تۆت كىتاب يەنى «ۋېينامە»، «جۇنامە»، «شىمالىي چى تارىخى»، «سۇينامە» گە قارىتا ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش، چىقىرىۋېتىش (ھەم تولۇقلاشمۇ بار) ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. ئۇنىڭ «قاغىللار ھەققىدە قىسسە» سى «ۋېينامە» دىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قاغىللارنىڭ تارىخى خاتىرىلەنگەن؛ «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» سى «سۇينامە» دىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا سۇي سۇلالىسى دەۋرىدىكى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارنىڭ تارىخى خاتىرىلەنگەن. «قاغىللار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دىن ئىبارەت بۇ ئىككى قىس-

مەنىڭ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىن ئىبارەت بۇ بىر
تارىخىي كىتابتا بىرگە مەۋجۇت بولۇشى، ئاپتور (لى يەنشۇ)
نىڭ قاڭقىللار بىلەن تۇرالار بىر مىللەت ئەمەس، ئىككىسىنى
بىرلەشتۇرۇپ بايان قىلىشقا بولمايدۇ دەپ قارىغانلىقىدىن
دېرەك بەرمەيدۇ؛ ھالبۇكى، ئاپتورنىڭ كىتابنى تۈزۈش ئۇسۇلى
ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى تارىخلارنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش،
چىقىرىۋېتىشنىلا يەنە كېلىپ ئۆزگەرتمەسلىكنى تەلەپ قىل-
غاچقا، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا ھەم «قاڭقىللار ھەق-
قىدە قىسسە» نىڭ ھەم «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» نىڭ بول-
غانلىقى، قاڭقىللار بىلەن تۇرالارنىڭ بىر مىللەت ئەمەسلىكىنى
ئىسپاتلاشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغاچقا «شىمالىي سۇلالىلەر
تارىخى» كەلتۈرۈپ چىقارغان خاتا چۈشەنچىنى
بىلەلمىگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، «ۋېينامە. قاڭقىللار
ھەققىدە قىسسە» نىڭ ھازىرقى نۇسخىسىدا: «شىمالىي سۇلا-
لىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» گە قارىغاندا،
ھەقىقەتەنمۇ «...چىلى دەپ ئاتسا، شيالىقلار... دەيتتى» دېگەن
سۆز كۆپلەپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ سۆزلەر ۋېي شۇنىڭ
ئەسلىدىكى «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» سىدە جەزمەن بار
ئىدى، بۇنى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە
قىسسە» بىلەن «قانۇنلار قامۇسى. قاڭقىللار» نى سېلىشتۇرۇپمۇ
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لى يەنشۇ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»
نى تۈزگەندە، بۇ سۆزلەرنى چىقىرىپ تاشلىغانىدى. ئۇنىڭ
بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى يۇقىرىدا بىز سۆزلەپ ئۆتكەنى-
دۇق. كېيىنكىلەر «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەق-
قىدە قىسسە» دىن پايدىلىنىپ، «ۋېينامە» نى كۆچۈرۈپ
تولۇقلىغاندا، «قانۇنلار قامۇسى. قاڭقىللار» نى ئاساس قىلىپ

بۇ سۆزلەرنى تولۇقلاپ كىرگۈزۈپ، «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» نى ئەسلىگە كەلتۈرگەنىدى، بۇنداق قىلىش پۈتۈنلەي توغرا. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە بۇ سۆزلەرنىڭ يوقلۇقىغا ئاساسەنلا، ئەسلىدىكى «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ بۇ سۆزلەر يوق ئىدى دەپ ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆزى، شىمالىي سۇلالىدىكىلەرنىڭ قاڭقىللارنى چىلى دەپ ئاتىغانلىقىنى ئىنكار قىلىش ھەم قاڭقىللار بىلەن تۇرالارنىڭ مىللەتداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئىنكار قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» گە زىت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى چىلىلار بىلەن قاڭقىللارنىڭ «ۋېينامە» دە كۆپ قېتىم بىرلىكتە تىلغا ئېلىنغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتقىمۇ ئۇيغۇن كەلمىگەچكە، پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

يۇقىرىدىكى قاراشلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، جۇلىيەنكۇن ئەپەندىنىڭ تۇرالار بىلەن قاڭقىللارنى پەرقلىق دەپ قاراپ، ئۇلارنى ئىككى مىللەت دەپ ھۆكۈم قىلىشىنىڭ «ئاساسى» تولۇق ئەمەس، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى ھەر خىل مۇمكىنچىلىكى بار چاۋابلارغا بولغان گۇمان ياكى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللارغا بولغان خاتا چۈشەنچىلەر ئىدى. ئەلۋەتتە قاڭقىللار بىلەن تۇرالارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى، نۆۋەتتە تەتقىقاتتا پۈتۈنلەي ئايدىڭلاشقان باسقۇچقا يەتتى دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. بىراق، بىزنىڭ قاڭقىللار بىلەن تۇرالارنى بىر مىللەتنىڭ ئاتىلىشى دەپ ھېسابلىشىمىز بىر قەدەر ئاساسى بار قاراش بولۇپ، ئەكسىچە قاراشلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز گېپىنى يورغىلىتىشتىن خالىي بولالمىغان.

## 4. گۈيفاڭ، دىڭلىڭ، قاڭقىل، تۇرالارنى مىللەت دەپ ئاتاشقا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىق مەسىلىسى توغرىسىدا

يۇقىرىدىكى بايانلاردا بىز گۈيفاڭ، دىڭلىڭ، قاڭقىل، تۇرالارنى مىللەت دەپ ئاتىغانىدۇق. ئەمما ماركسىزملىق قاراشتىن ئالغاندا ئۇلارنى مىللەت دەپ ئاتاشقا بولامدۇ- يوق؟

مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىدىكى گۈيفاڭ، دىڭلىڭ، قاڭقىل ۋە تۇرالارنى مىللەت دەپ ئاتاشقا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى پەرقلەندۈرگەن ۋاقتىمىزدا، ستالىننىڭ «مىللەت ئادەملەرنىڭ تىل، تېررىتورىيە، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئومۇملۇقى ۋە مەدەنىيەت بىرلىكىدە ئىپادىلىنىدىغان روھىي ھالەت ئۆزلۈكى ئومۇملۇقى ئاساسىدا تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن مۇستەھكەم بىرلىكتۇر» [36] دېگەن مەشھۇر ھۆكۈمنى شەرتسىز ھالدا ئۆزىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. ئەمما شۇنىڭغىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەككى، ستالىننىڭ مىللەتنىڭ تۆت ئامىلى ھەققىدىكى يۇقىرىدىكى ھۆكۈمى، يېقىنقى زامان مىللىتىنىڭ يەنى بۇرژۇئازىيە مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە قارىتىلغانىدى. ماركسىزم كلاسسىكلىرىمۇ كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىن ئاۋۋال مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپ قېتىم ئىپتىدائىي جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى مىللەت ۋە مىللىي مەسىلىلەرنى [37] تىلغا ئالغانىدى. ستالىن ئۆزىنىڭ «مىللىي مەسىلە ۋە لېنىنىزم» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ كۆرسەت-

كەلىدى: «تىل، تېررىتورىيە، مەدەنىيەت ئومۇملۇقى قاتارلىقلار ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس، بەلكى كاپىتالىزمدىن ئىلگىرىكى مەزگىللەردىلا پەيدىنپەي شەكىللەنگەن.» [38] ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدە مىللەتنىڭ تۆت ئامىلى بىخ ھالەتتە ئىدى، قۇللۇق ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتكە كەلگەندە، بۇ خىل بىخ ھالەت پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ، نوتا بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەنىدى. ئەلۋەتتە ئۇنى يېقىنقى زامان مىللىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىن ئاۋۋالقى مەزگىلدىكى مىللەتنىڭ تۆت ئامىلى يەنىلا پىشىپ يېتىلگەن، ئىنتايىن مۇقىم ھالەتتە ئەمەس ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ بىخ، نوتا ھالەتتىكى مەۋجۇتلۇقى، مۇقەررەر ھالدا ئادەملەرنىڭ ئومۇملۇقى ئارىسىدىكى مىللەتنىڭ پەرقىنى نامايان قىلىپ بەرگەنىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس مانا مۇشۇ مەنە جەھەتتىن كاپىتالىزمدىن ئاۋۋالقى مەزگىلدىكى مىللەت ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەنىدى، شۇڭا بىز مەملىكىتىمىزدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنى تەتقىق قىلغان ۋە پەرقلەندۈرگەن ۋاقتىمىزدا، شۇنداق پوزىتسىيە تۇتۇشىمىز كېرەككى: «ھەرگىزمۇ كاپىتالىزم دەۋرىدە شەكىللەنگەن مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى دوگما قىلىپ، مىللەتنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋالماسلىقىمىز ھەم بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى تەتقىقاتتىكى يېتەكچى قىلىۋالماسلىقىمىز كېرەك.» [39]

يىن، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى گۇيفاڭلار خەن، ۋېي دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قاڭقىللاردىن سۇي سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرالارغىچە تەخمىنەن ئىككى مىڭ يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ ئىككى مىڭ يىللىق ئۇزاق دەۋر ئىچىدە، بۇ مىللەتنىڭ بەزى ئۇرۇق – قەبىلىلىرى داۋاملىق بۆلۈنۈپ چىقىپ، قوشنا رايونلاردىكى باشقا مىللەتلەرگە قوشۇلدى ۋە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتتى

(مەسىلەن، قامچىلىلارنىڭ خاككاس، ئېلفان قاتارلىق ئۇرۇق-
لىرى توغبات-سىيانپىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن،دى ئۇرۇقى ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن خەنزۇلارغا قوشۇلۇپ
كەتكەن، مۇشۇ كىتابنىڭ IV، V بابلىرىغا قاراڭ)؛ شۇنىڭ
بىلەن بىرگە باشقا مىللەتلەرنىڭ بەزى ئۇرۇق قەبىلىلىرىمۇ
ئۈزلۈكسىز ھالدا بۇ مىللەتكە قوشۇلغان (مەسىلەن، ھونلار-
نىڭ قالدۇق قوۋمىلىرى دىڭلىڭلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن.
مۇشۇ كىتابنىڭ IV بابىغا قاراڭ)، نەتىجىدە بۇ ئۇلارنىڭ
تىل، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق جەھەت-
لىرىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغانىدى.
لېكىن ئۇلاردا قانداق زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر، بۇ مىللەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى باشتىن -
ئاياغ مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باشتىن - ئاخىر
تومۇرداش بولۇپ كەلگەنىدى. گۈيفاڭ، دىڭلىڭ، قاڭقىل،
تۇرالار ھەر قايسى ئۆزلىرىنىڭ تۇرۇۋاتقان دەۋرىدە،
ھەممىسىنىڭ باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىدىغان ئورتاق مىل-
لەت بىرلىكى بار ئىدى.

شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى گۈيفاڭلار دەسلەپتە
مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى رايونلىرىدا ئولتۇراق-
لاشقانىدى، كېيىن شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى قۇلدارلىرىنىڭ
ئۇلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۈزلۈكسىز جازا يۈرۈشلىرى
تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا، يەنە
بىر تارمىقى شەرققە كۆچۈپ شەنشىنىڭ گاۋيۈەن ئەتراپىغا
يېتىپ بارغانىدى. چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ بارغان تار-
ماقتىكىلەر غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە دىڭلىڭلار دەپ
ئاتالدى. شەنشىنىڭ گاۋيۈەن ئەتراپىغا كۆچۈپ بارغان تار-
ماقتىكىلەر يېغىلىق دەۋرىدە خۇاشىيا مىللىتىگە قوشۇلۇپ
كەتتى. ⑩ گۈيفاڭلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان جايلىرىدا قانداق

ئۆزگىرىشىنىڭ يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، گۇيفاڭلارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرى بەزىدە چۆللۈكنىڭ شىمالىدا، بەزىدە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلاردا تېررىتورىيە ئومۇملۇقىنىڭ بولغانلىقى ئىنتايىن ئېنىق ئىدى. گۇيفاڭلارنىڭ ئۇرۇق، قوۋملىرىنىڭ قانداق تىلنى قوللانغانلىقى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان تېلىلار تۈرك تىلىدا سۆزلەشكەنىدى، بۇنىڭغا ئاساسەن بىز گۇيفاڭلارمۇ تۈرك تىلىنى قوللانغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلىمىز. گۇيفاڭ «گۇي» جەمەتىدىكى ھەر قايسى ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ قانداشلىقىنى ئاساسىي بىرلىك قىلغان ئۇرۇقلارنىڭ ئورتاق بىرلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇرۇق قەبىلىلەردە تىل، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئومۇملۇقىنىڭ بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. ئۇلاردا يەنە ئورتاق ئەجداد ئېتىقادى بىلەن ياۋا توخۇغا بولغان توتېم ئېتىقادىمۇ بار ئىدى. ئۇلار تۇفاڭ، گوڭفاڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرگە شياڭ سۇلالىسى پادىشاھلىقىنىڭ غەربىي شىمال تەرەپلىرىدە ئولتۇراقلاشقانىدى، ئەمما شاڭ سۇلالىسىدىكىلەر ئۇلار بىلەن تۇفاڭ، گوڭفاڭ قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمىگەنىدى. بىز چىغناق - سۆڭەك پۈتۈكتىكى پالنامىلەردىن شياڭ سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ ھامان ئۇلار بىلەن تۇفاڭ، گوڭفاڭ قاتارلىقلاردىن پەرقلەندۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. قىسقىسى، گۇيفاڭ تېررىتورىيە، تىل، ئىقتىسادىي مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللەتنىڭ ئورتاق بىربىرلىكىدۇر.

غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە دىڭلىڭلار جەنۇبىي سىبىرىيىدە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي سىبىرىيە بۇ مەزگىلدىكى دىڭلىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرىنىڭ ئومۇمىي تېررىتورىيىسى ئىدى. دىڭلىڭلارنىڭ تىل، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق

جەمەتلەردىكى ئەھۋالغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار كەمچىل بولغاچقا، بۇ ھەقتە بىز ھېچنېمە بىلمەيمىز. دىڭلىڭلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولغان شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قاڭقىللار بىلەن ھونلارنىڭ ئايرىم قوۋملىرىنىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى نەچچە يۈز يىللىق قوشۇلۇشىدا، ئەينى ۋاقىتتا ئىككىسى (يەنى قاڭقىل قوۋملىرى بىلەن ھونلارنىڭ بايىرغىت قەبىلىسى)نىڭ تىلىدا يەنىلا «ئازراق پەرق بار ئىدى.» غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بولسا ئىككىسىنىڭ «تىلىدىكى پەرق زورايدى.» ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئادەتتە ھونلارنى موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشەتتى، دەپ قارايدۇ. دىڭلىڭلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولغان تېرالارنىڭ تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغانلىقىدىن ئالغاندا، غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار ئەلۋەتتە تۈركىي تىلىدا سۆزلىشەتتى. دىڭلىڭلار بىلەن ھونلارنىڭ سۆزلەيدىغىنى بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل تىل ئىدى. ھون دۆلىتىنىڭ دەۋرىدە، مەيلى ھونلار بولسۇن ياكى دىڭلىڭلارنىڭ ئۆزلىرى بولسۇن، دىڭلىڭلار باشتىن - ئاياغ ئورتاق بىر مىللەت بىرلىكى بويىچە مەۋجۇت بولغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغانىدى. دىڭلىڭلارنىڭ ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىغان ئۈچ قېتىملىق كەڭ - كۆلەملىك قوزغىلىڭىدىن قارىغاندا، دىڭلىڭلاردا «مەدەنىيەت بىرلىكىدە ئىپادىلىنىدىغان روھىي ھالەت تۈزۈلۈش ئومۇملۇقى» شەكسىز مەۋجۇت ئىدى، يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ھونلارغا قارىتىمۇ قارشى بولغان ئورتاق مىللەت بىرلىكىگە مەنسۇپلۇقىنى ھېس قىلغان. ھەممىسى ھون دۆلىتىنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغاچقا، ئۇلاردا ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل تەرەققىي قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت روھىي ھالەت ئومۇملۇقى بار ئىدى. مانا مۇشۇنداق پۈتۈن مىللەتنىڭ روھىي

ھالەت تۈزۈلۈش ئومۇملۇقىنىڭ رولى بىلەن، دىڭلىڭ قوۋم-
لىرى ئاندىن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ ئۇيۇشقان ھەمدە
ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مىللىي كۆلەمگە ئىگە
ئۇرۇشلارنى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بارغانىدى (مۇشۇ كىتابنىڭ
I بابىغا قارالسۇن). دېمەك، دىڭلىڭلارنىڭ ئورتاق بىر مىل-
لەت بىرلىكى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قاڭقىللار، دەسلەپتە ئاساسەن
موڭغۇل دالاسى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي
قىسمىدا ئولتۇراقلاشقانىدى؛ جورجان خانلىقىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقى ۋە جورجانلار بىلەن شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن،
بىر قىسمى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ
چېگرىسى ئىچىگە كۆچكەن، بىر قىسمى غەربكە كۆچۈپ
ھازىرقى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا بارغان، يەنە ئاز بىر
قىسمى غەربكە كۆچۈپ پامىرنىڭ غەربىي قىسمىغا بارغان
بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئولتۇراقلىشىش جەھەتتىكى ئىنتايىن
تارقاق ھالەت، ئەلۋەتتە بىر قىسىم قاڭقىللارنىڭ كېيىنكى
مەزگىلدىكى بۆلۈنۈشى، باشقا مىللەتلەرگە قوشۇلۇش ئۈچۈن
شارائىت يارىتىپ بەرگەنىدى، ئەمما مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى
بىلەن ئاسسىمىلياتسىيىسى بىردەمدىلا ئىشقا ئاشمايتتى، ئولتۇراق-
لىشىشتىكى تارقاقلىق ھەرگىزمۇ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان
بىر جايدا شەكىللەنگەن تىل، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق
جەھەتلەردىكى ئومۇملۇقنى بىراقلا يوقىتالمايتتى. قاڭقىللارنىڭ
تىلىنى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئالىملار بىردەك تۈركىي
تىل دەپ قارايدۇ، مەسىلەن، ياپونىيىلىك ئالىم شىراتورى
كۇراكىچى قاڭقىللارنىڭ باشلىقى ئاپۇرغۇرنىڭ «كۆل بىلگە»
(侯娄匐勒) دېگەن نامىنى تۈركىي تىلدىكى Ulu (ئۇلۇق)
Beglik (بەگلىك) دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى㊷ دەپ

قارايدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئالىمى سېبىن جوڭمىيەن ئەپەلدىمۇ بۇ خىل قاراشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «قاغىللار ھەققىدە قىسسە» دە: قاغىللارنى «ھونلارنىڭ تىلى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان، بەزى جەھەتتىن ئازراق پەرق قىلىدىغان» بىر خىل تىلدا سۆزلىشەتتى دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ يەردىكى ھونلارنىڭ تىلى شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە قاغىللار بىلەن قوشنا ئولتۇراقلاشقان ھونلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى (مەسىلەن، بايىرغىت قەبىلىسى) نىڭ تىلىنى كۆرسىتەتتى. قاغىللار ھون دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن ھونلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى ۋە توغبات سىيانپىلىرى بىلەن مىللىي قوشۇلۇش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن (مۇشۇ كىتابنىڭ IV بابىغا قارالسۇن). گەرچە ئۇلارنىڭ تىلىغا ھون تىلى (موڭغۇل تىل گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ) دىكى نۇرغۇنلىغان سۆزلەر بىلەن سىيانپى تىلى (تۇڭغۇس تىل گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ) دىكى سۆزلەر قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئاساسىي تىل قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش يۈز بەرمىگەچكە، داۋاملىق تۈركىي تىلدا سۆزلەشكەنىدى. قاغىللارنىڭ دەۋرىدە، ھونلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى قاغىللارغا كۆپلەپ قوشۇلۇپ كەتكەنىدى، شۇڭا قەدىمكى ھون تىلىدىكى بەزى سۆزلەر قاغىللار تەرەپىدىن قوبۇل قىلىنىشتىن تاشقىرى، قالغانلىرى پەيدىنپەي ئىستېمالدىن قېپقالغانىدى. «ھونلارنىڭ تىلى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان، بەزى جەھەتتىن ئازراق پەرق قىلىدىغان» دېگەن سۆز قاغىللارنىڭ تىلى بىلەن ھونلارنىڭ بايىرغىت قەبىلەسىنىڭ تىلىنى سېلىشتۇرۇشقا قارىتىلغانىدى، بۇنى تەتۈرسىگە ئۆرۈپ ھونلارنىڭ بايىرغىت قەبىلىسىنىڭ تىلى «قاغىللارنىڭ تىلى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بەزى جەھەتتىن ئازراق پەرق قىلىدۇ» دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. شۇڭا بىز شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى موڭغۇل دالاسىدىكى ھونلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنى

قاڭقىللار بىلەن ئازراق پەرق قىلىدىغان تىلدا سۆزلىشەتتى، ئىككىسىنىڭ پەرقى ئىنتايىن زور دەرىجىدە تۈركىي تىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى شىۋىلەرنىڭ پەرقىگە ئۆزگىرىپ كەتكەن دەپ ئېيتالايمىز. قاڭقىللارنىڭ ئىقتىسادى گەرچە ئەينى ۋاقىتتىكى موڭغۇل دالاسىدىكى جورجان قاتارلىق مىللەتلەرنىڭكىگە ئوخشاش، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىقتىساد بولسىمۇ، ئەمما «چاقى ئېگىز، كۈكۈسۈنى كۆپ» ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ئىشلىتىش، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئۇلارنىڭ توي - تۆكۈن، دەپنە - مۇراسىم قاتارلىق ئۆرپ - ئادەتلىرىدە يەنە نۇرغۇنلىغان ئۆزگىچە تەرەپلەر بار ئىدى (مۇشۇ كىتابنىڭ VI بابىغا قارالسۇن). قاڭقىللار كۈچلۈك مىللىي ئاڭغا ئىگە بولۇپ، گەرچە ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئورۇنلىرى كېيىنچە ئىنتايىن تارقاق بولۇپ ئۆزگىرىپ، ھەم جورجانلار بىلەن شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەرىپىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارغا قاراشلىق ئۇرۇق، قەبىلىلەر، قانچىلىك يىراقلىقتا ئايرىلىپ تۇرۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئۆزلىرىنى چىلىلار دەپ ئاتىغانىدى. يات مىللەتلەرگە قارشى كۈرەش جەريانىدا، قاڭقىللار ھامان بىردەك ئىتتىپاقلاشقانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قاڭقىللارنىڭ باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىدىغان ئورتاق بىر مىللەت بىرلىكى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تۇرالارنى مىللەت دەپ ئاتاشقا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىق مەسىلىسى توغرىسىدا، ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك ئىككى مەسىلە بار: بىرىنچى، تۇرالار بىلەن تۈركلەر بىر مىللەتمۇ ياكى ئايرىم مىللەتمۇ؟ ئىككىنچى، تۇرالار مىللەتنىڭ خاس نامىمۇ ياكى نۇرغۇنلىغان مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئومۇمىي نامىمۇ؟»

بىرىنچى مەسىلە يەنى تۇرالار بىلەن تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسى، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئىلىم ساھەسىدە ئىختىلاپلار بىر قەدەر كۆپ، ھازىرغا قەدەر قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىلگەن مەسىلە ئەمەس.

«سۈينامە»، تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە تۇرالارنىڭ 40 تىن ئارتۇق قەبىلىسى باردەپ خاتىرىلەنگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تۇرالارنىڭ 15 قەبىلىسى بار ئىدى. جېنگۇەن يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە «توققۇز تۇرالار» بار دېيىلىپ، توققۇز تۇرالار يەنە «توققۇزدىلار» دەپمۇ ئاتالغانىدى. ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا «توققۇز ئوغۇز» دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. ئېلىمىز ئالىمى سېن جۇڭمىيەن بىلەن ياپونىيىلىك ئالىم ئونا گاۋاخىدېمى توققۇز ئوغۇزلار بىلەن توققۇز تۇرالارنىڭ ھەممىسىنى توققۇز ئوغۇزلار دەپ ھېسابلايدۇ㊹. ئۇنىڭدىن باشقا «تۈركچە ئۇيغۇر تونيۇقۇق» دېگەن تۇردى تاشتا ئۇچرايدىغان ... ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «تۈركچە ئۇيغۇر تۆھپىدار بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا «سەككىز ئوغۇز㊺» دېگەن نام، يەنە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى بارسىق دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاشتا «ئالتە ئوغۇز» دېگەن نام ئۇچرايدۇ㊻. سەككىز ئوغۇز، ئالتە ئوغۇز دېگەن ناملار، سەككىز تۇرا، ئالتە تۇرا دېگەن سۆزلەر بىلەن ئوخشاش بولۇشى كېرەك. ئەمما خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا سەككىز، ئالتە تۇرا دېگەندەك نام ئۇچرىمايدۇ.

تۇرا دېگەن نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسىگە غەربنىڭ خەنزۇشۇناسلىرىدىن چاۋاننىڭ (Chavannes)، تومسون (V.Thomsen) قاتارلىقلار Tolis نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ. ئېلىمىز ئالىملىرىدىن جوڭمىيەن ئەپەندى 1937 - يىلى ئېلان قىلغان «تۈركچە كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشىغا ئوقۇمۇ ۋە ئىزاھ» ناملىق ماقالىسىدە كۆپ تەرەپلىمە ماتېرىياللارنى نەقىل ئېلىش ئارقىلىق، «تۆلۆس» دېگەن نامنىڭ ئېلىمىزنىڭ «ۋۇي»

تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ تارىخلىرىدا دائىم ئۇچرايدىغان تازدۇ بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنىدىغان «تولشاد» دېگەن سۆز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. ئۇ «تولشاد»نىڭ تولۇق نامى تۆلۈس بولۇشى كېرەك، يەنى Tölis نى تولۇق تەرجىمە قىلغاندا، شەرقىي (شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىنى كۆرسىتىدۇ) مەمۇرىي رايوننىڭ باشلىقى دېگەنلىك بولىدۇ»㊼ دېگەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن 1940 - يىلى ياپونىيىلىك ئالىم ئوناگاۋاخىدېمى «تۈرالار توغرىسىدا مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىسىدە Tölis نى «مىللەت نامى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى رايون نامى سۈپىتىدە چۈشەندۈرۈش كېرەك» دەپ ھېسابلىغانىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «تۈرا» نى Tölis نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قاراشنىڭ خاتا قاراش ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

ياپونىيىلىك بەزى خەنزۇشۇناسلار تۈرالار بىلەن تۈركلەرنى بىر قوۋم، «تۈرا» نى يەنى تۈرك دېمەكتۇر دەپ قارايدۇ. «突厥» دېگەن خەت ئۇرقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا «Türk» دەپ يېزىلغان. غەرب خەنزۇشۇناسلىرىنىڭ ھەممىسى خەنزۇچىدىكى «突厥» دېگەن خەتنى «Türk» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ خىل قاراش ئاساسەن مۇقىملىشىپ قالدى. مىلادى 1915 - يىلى پېللىئوت «خەنزۇچىدىكى تۈرك دېگەن نامنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە، تۈرك دېگەن سۆزنى «Türk» نىڭ موڭغۇل تىلىدىكى كۆپلۈك شەكلى بولغان «Türküt»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى؛ بۇ سۆز موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان جورجانلار جورجان خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، غەربىي ۋېي خانلىقىغا قېچىپ بارغاندا خەنزۇلار رايونىغا تارقالغان دەپ قارىغانىدى㊽. ياپونىيىلىك ئالىم خانېدا تورۇ ئۆزىنىڭ تۈرالار بىلەن تۈركلەر بىر قوۋم دېگەن قارىشىنى

قىلىنغانلىقى قىلىپ، تۇرا، تۈرك دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى
دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ ئۇناگاۋاخىدىمىنىڭ قارىشىغا قارىتا «تارىخشۇناسلار تۇرا دېگەن سۆزنى ‹Türk› نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، تۈرك موڭغۇل تىلىدىكى كۆپلۈك شەكلى ‹Türküt› نىڭ يازما شەكلى دەپ ھېسابلايدۇ. گەرچە ئۇنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلىدە پەرق بولسىمۇ، تۇرا بىلەن تۈرك دېگەن سۆزنىڭ ھەر ئىككىلىسى ‹Türk› دېگەن نامدىن كەلگەن㊾» دېگەنىدى. ئىلمىي ئالىمى ماچاڭشۇ «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى» دېگەن ئەسىرىدىمۇ «تۇرا دېگەن نامنىڭ ئەسلى ئاھاڭى تۈرك بولۇپ، 突厥 نىڭ ئەسلى ئاھاڭى بىلەن ئوخشاش. ھالبۇكى تۇرا دېگەننى كەڭ مەنىدىكى تۈرك دېگەن نام دەپ قاراشقا بولىدۇ»㊿ دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ تۇرالار تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا تۈرك دېمەكتۇر دېگەن قاراشتۇر.
يەنە بىر خىل قاراشمۇ بار بولۇپ، ئۇنى ئاساسلىقى بەزى غەرب خەنزۇشۇناسلىرى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلارمۇ تۇرالار بىلەن تۈركلەرنى بىر مىللەت دەپ قارىسىمۇ، ئەمما «ئوغۇزلار VI ئەسىردە جۇڭگودىن قارا دېڭىزغىچە بولغان جايلاردا، بىر كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىلىدە ياشىغان ئۇلۇغ مىللەتنىڭ ئومۇمىي نامىدەك قىلىدۇ»(51) دەپ ھېسابلايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ تۈرك خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى «ئومۇمىي ئۇلۇغ خەلق» يەنى تۈركلەر بىلەن تۇرالارنىڭ ھەممىسى ئوغۇزلار (يەنى تۇرالار) غا مەنسۇپ دېگەنلىكتۇر. بۇ قاراشقا ئاساسەن، ئۇلار «تۈركچە مەڭگۈ تاشلاردىكى تۈرك دېگەن سۆزنى ئىرقىي مەنىسى بار دېگەندىن كۆرە، سىياسىي مەنىگە ئىگە دېگەن تۈزۈك» (52) دەپ ھېسابلىغانىدى. ئۇلارنىڭ نەزەرىچە «ئوغۇز مىللەت نامى، تۈرك ئوغۇزلىرى قۇرغان كۆچمەن چارۋىچىلار دۆلىتىنىڭ نامى يەنى سىياسىي جەمئىيەتنىڭ نامىدى.» (53) بۇ شەرق ئالىملىرى

نىڭ تۇرالارنى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا تۈركلەردۇر دېگەن قارىشىنىڭ ئەكسى بولۇپ، بۇمۇ بىر خىل تۈركلەر تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا تۇرا (ئۇغۇز) لاردۇر دېگەن قاراشتۇر.

يۇقىرىدىكى ئىككى خىل قاراش بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمىسىمۇ ماھىيەتتە بىر بولۇپ، يەنى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى تېلېلار بىلەن تۈركلەرنى بىر مىللەت دەپ قارايدۇ. بۇ مىللەتنىڭ نامى تۈركمىدى؟ ياكى ئۇغۇز (تۇرا) مىدى؟ دېگەن مەسىلىگە كەلسەك بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس. مەسىلەن، تۇرا تۈرك دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئۇنىگاۋاخىدىمى مۇنداق دەيدۇ: «قىياسىمچە، ئاشىنا (تۈركلەرنىڭ قاغانلىرىنىڭ فامىلىسى) ئۇرۇقىنىڭ مەنبەسىمۇ تۇرالارغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك.»[20] ھالبۇكى، تۈرك ئۇغۇزلارنىڭ قۇرغان دۆلەتلىرىنىڭ نامى دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بارتولد (Barthold) «ئۇغۇزلارنىڭ تۈركلەر ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق»[21] دەپ قارايدۇ. تارىخشۇناسلار تۇرالار بىلەن تۈركلەرنىڭ تۈركىي تىلى گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپلۇقىنى ئاللىبۇرۇن مۇقىملاشتۇرغاچقا، كۆپ ھاللاردا ئۇلار تۇرالار بىلەن تۈركلەرنى ئاساسەن تۈرك دەپ ھېسابلاۋاتىدۇ.

تۇرالار تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا تۈركلەردۇر دەپ قاراپ، ئۇلارنى تۈركلەردىن ئۆزگىچە بىر مىللەت دەپ قارالماسلىقتا، مېنىڭچە ئاساسلىقى ئۇرقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىكى تۆۋەندىكى ئىككى جۈملىگە ئاساسلانغان: «تۈركچە: كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ شىمالىي يۈزىدىكى تۆتىنچى قۇرىدا «توققۇز ئۇغۇزلار ئەسلىدە ئۆز خەلقىم ئىدى، جاھان قالايمىقانلاشقانلىقى ئۈچۈن، (بىز بىلەن) دۈشمەنلەشتى» دېيىلگەن؛ «تۈركچە بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي

يۈزىدىكى 29 - قۇردا: «توققۇز ئوغۇزلار مېنىڭ ئۆز خەلقىم ئىدى، جاھان قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ۋە ئىچىدە ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن بىزگە دۈشمەن بولدى»[illegible] دېيىلگەن. مەڭگۈ تاشتا تەخمىنەن مىلادى 715 - يىلى توققۇز ئوغۇزلار تۈركلەرنىڭ بەگچور قاغانىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى، ئىككىنچى يىلى بەگچورنىڭ ئىسيانچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ئائىت ئەھۋاللار سۆزلەنگەن. بىلگە قاغان بەگچورنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان تۈرك قاغانى ئىدى. مەڭگۈ تاش تېكىستىدىن ئېلىنغان بۇ ئىككى جۈملە سۆز بىلگە قاغاننىڭ ئۆز سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەلىي خاتىرە دەپ ئىشىنىشكە بولىدۇ. بىلگە قاغان ئوغۇزلار بىلەن تۈركلەرنى بىر قوۋم دەپ قاراپ، ئوغۇزلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىنى جاھاننىڭ قالايمىقانلىشىشى دەپ ھېسابلىغان. ئوغۇزلار بىلەن تۈركلەر راستىنلا بىر قوۋممۇ؟ بىلگە قاغاننىڭ ئوغۇزلار بىلەن تۈركلەر بىر قوۋم دېگەن قارىشىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

تۇرالار بىلەن تۈركلەر ھەرگىزمۇ بىر قوۋم ئەمەس. بىرىنچىدىن، تۇرالار بىلەن تۈركلەرنىڭ ياشىغان ئورۇنلىرى ئوخشاش ئەمەس. «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە جورجان خانلىقى دەۋرىدە تۈركلەر «ئالتۇن تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە»، «قوچۇنىڭ شىمالىدىكى تاغدا» دېيىلگەن. («سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە «ئەسىرلەر بويى ئالتۇن تاغدا»، «قوچۇنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان» دېيىلگەن؛ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە «ئالتۇن تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە»، «قوچۇنىڭ غەربىي شىمالىدا» دېيىلگەن. بۇ جاي شەرقىي تيانشان تاغ تىزمىسى بىلەن ئالتاي تېغىنىڭ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ). ھالبۇكى ئەينى ۋاقىتتا تۇرالار (قاڭقىللار) ئالاسەن چۆللۈكىنىڭ شىمالىدىكى

موڭغۇل دالاسىدا ئولتۇراقلاشقانىدى. قاڭقىللارنىڭ پۇۋۇرغۇر قەبىلىسى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، تۇركلەرنىڭ زېمىنلىرى قاڭقىللارنىڭ زېمىنلىرى بىلەن قوشنا بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئورۇنلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى. ئىككىنچىدىن، تۇرالار بىلەن تۇركلەرنىڭ ھەر ئىككىسى تۈركىي تىلدا سۆزلەشسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ شېۋىلىرى ئوخشىمايتتى(57)؛ تىلنىڭ ئوخشاشلىقى ياكى ئوخشىماسلىقى، مىللەتنى پەرقلەندۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان پايدىلىنىش ئۆلچىمى بولسىمۇ، لېكىن بۇ مۇتلەق دەرىجىدە ئەھمىيەتكە ئىگە دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى تارىختا بولسۇن ياكى ھازىر بولسۇن، بىر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ باشقا - باشقا مىللەت ھېسابلىنىدىغانلىقىغا ئائىت مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئۈچىنچىدىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئالغاندا تۇركلەرمۇ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تۆمۈر ئېرىتىش تېخنىكىسى ئەينى ۋاقىتتا ئالاھىدە تەرەققىي قىلغانىدى، ئۇلار جورجانلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، جورجان ئاقسۆڭەكلىرى ئۈچۈن مەخسۇس تۆمۈرچىلىك قىلغاچقا، «بازغانچى قۇللار» دەپ ئاتالغانىدى. ھالبۇكى قاڭقىللار بولسا «ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردىن پايدىلىنىپ، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرگەن»، ئاساسلىقى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىدى. قول سانائەت جەھەتتە ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ياساشتىن ئىبارەت ياغاچچىلىق سانائىتى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغانىدى. مەسىلەن، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تيەنشىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادى 399 - يىلى) شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى قاڭقىللارغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، بىر قېتىمدىلا ئىككى تۈمەندىن ئارتۇق ئېگىز چاقلىق ھارۋىنى غەنىيمەت ئالغانىدى. «قاڭقىل» لارنىڭ مىللەت نامى ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى

ياساش ۋە ئۆزىنى ئىشلىتىشتىن كەلگەنىدى. تۆركىلەر تۆمۈر تاۋلاش بىلەن، قاغىلار ھارۋا ياساش بىلەن نام قازانغانىدى. روشەنكى بۇ ئىككىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىر - بىرىگە ئوخشاشمايتتى، تۆرك خانلىقىدىن كېيىن تۆركىلەرنىڭ تۆمۈر تاۋلاش سانائىتى بىلەن تۇرالارنىڭ ھارۋىچىلىق سانائىتىگە ئائىت باشقا مەلۇمات ۋە خاتىرە بولمىسىمۇ، ئەمما ئىككىسىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بۇنداق پەرقى يەنىلا مەۋجۇت بولغانىدى. يەنە كېلىپ تۇرالار بىلەن تۆركىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدىمۇ خېلى زور پەرق بار ئىدى. تۆركىلەر كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغانىدى، «ئۇلار مۇۋاپىق بىر كۈننى تاللاپ، ئۆلگۈچىنىڭ مىنگەن ئېتى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى ئېلىۋالغان ھەمدە ئۆلۈكنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى دەپنە قىلغان» («جۇنامە. تۆركىلەر ھەققىدە قىسسە»). ھالبۇكى تۇرالار بولسا جەسەتنى كۆمۈپ دەپنە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان، قاغىلار «جەسەتنى ئازگالغا تاشلاپ قويۇپ كۆممىگەن» («ۋېينامە. قاغىلار ھەققىدە قىسسە»)، تۇرالار «ئۆلگۈچىنى كۆمۈپ دەپنە قىلىدۇ» («سۈينامە. تېلىلار ھەققىدە قىسسە»). قاغىلار بىلەن تۇرالارنىڭ دەپنە قىلىش ئۇسۇلىدا پەرق بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكىسى ئالدىنقىسىدىن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئاساسەن كۆمۈپ دەپنە قىلغان. بۇ تۆركىلەرنىڭ «جەسەتنى كۆيدۈرۈش» ئۇسۇلى بىلەن زادىلا ئوخشاشمايدۇ. ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخلارنىڭ «تۆركىلەر ھەققىدە قىسسە» لىرىدە تۆركىلەرنىڭ تۇي - تۆكۈن ئادەتلىرى خاتىرىلەنمىگەنىدى. «سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە تېلىلار بىلەن تۆركىلەرنىڭ تۇي - تۆكۈن جەھەتتىكى ئادەتلىرىنىڭ پەرقى ھەققىدە «(تۇرالاردا) ئەرلەر تۇي قىلغاندىن كېيىن ئايال تەرەپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرىدۇ، پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ»

دېيىلگەن. توي - تۆكۈن، دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرى مىللەت-
نىڭ روھىي ھالەت تۈزۈلۈش ئۇمۇملۇقىدىكى مۇھىم ئەزمۇن،
ئۇ ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تارىخىدا بىرقەدەر مۇھىم
بولغاچقا، ئەزەلدىن مىللەتنى پەرقلەندۈرۈشتىكى مۇھىم
ئاساس بولۇپ كەلگەنىدى، مىللەتشۇناسلار بىزگە مىللەت
ئۇقۇمى يەنى ئورتاق بىرلىكتىكى ئەزالارنىڭ ھەممىسىنىڭ
ئۆزلىرىنى بۇنداق روھىي ھالەت ئۇمۇملۇقىغا مەنسۇپ دەپ
ھېس قىلىشى. «مەدەنىيەت ئۇمۇملۇقىدا ئىپادىلىنىدىغان روھىي
ھالەت تۈزۈلۈش ئۇمۇملۇقى» دىن ئىبارەت بۇ مىللەت
ئامىلىنىڭ يادروسى دەيدۇ. تۇرالار كۈچلۈك مىللەت
ئۇقۇمىغا ئىگە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇرا دېگەن مىللەت
نامى بار. ئۇلار مەيلى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئولتۇراق-
لاشقاندا بولسۇن ياكى يىراقتىكى كۆكئارتنىڭ غەربىدە
ئولتۇراقلاشقاندا بولسۇن، ئۆزلىرىنى يەنىلا تۇرا دەپ
ئاتىغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى يەنىلا تۇرا دەپ ئاتىغانلىقىنى
خارلانغانلىق دەپ ھېسابلىمىغان. مەسىلەن، تۇرالارنىڭ
سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ باشلىقى يانىئۇن قاغان دەپ
ئاتىلىپ 10 يىلدىن كېيىنمۇ ئۆزىنى يەنىلا «مەن تۇرا قوۋمىدىن»
(«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ كېيىنكى
قىسمى) دېگەنىدى. سۈي، تاڭ سۇلالىسىدىكىلەرمۇ ئۇلارنى
تۇرا دەپ ئاتىغان. «سۈينامە» بىلەن «كونا تاڭنامە» دە ئۇلار
ئۈچۈن تۇرالار قىسمى تۇرغۇزۇلغانىدى. سۈي، تاڭ سۇلالىلى-
رىنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا تۇرا «تېلى» دەپ، تۈركنى «تۈرك»
دەپ، ئىككىسىنى ناھايىتى ئېنىق ئايرىپ، تۇرالارنى تۈرك
دەپ، تۈركلەرنى تۇرا دەپ زادىلا ئارىلاشتۇرۇۋەتمىگەنىدى.
ياپونىيىلىك خەنزۇشۇناسلارنىڭ تۇرالار تېگى - تەكتىدىن
تۈركلەردۇر دەپ، نام جەھەتتە تۇرالار بىلەن تۈركلەرنى بىر -
بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىشىنىڭ تارىخىي كىتابلاردا ھېچقانداق

ئاساسى يوق. سىن جوڭمىيەن ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ:
«ما چاڭشۇ ئەپەندى ئېيتقاندەك، ئىككىسى «Türk» دەپ
تەرجىمە قىلىنسا ھەممە بۇ ئىككى نام ئەينى ۋاقىتتا ئوخشاش
قوللىنىلغان بولسا، سۆزدە ئۇلارنى قانداق پەرقلەندۈرۈش
تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالىدۇ. بولۇپمۇ
«突» خېتى لەۋ تاۋۇشى ئاملىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان،
«铁» خېتى بولسا ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، «铁» خېتىنىڭ
ئوقۇلۇشىنى «Tür» دەپ تەڭلەشتۈرۈش شەكىل جەھەتتە
زورۇقتانلىق.» (ئە شۇنىڭدەك تۈركىنى ئوغۇزلار قۇرغان
دۆلەتنىڭ نامى دەپ قاراشنىڭمۇ ئاساسى كەمچىل. چۈنكى
مىلادى 630 - يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغان-
دىن كېيىن جەنۇبقا كۆچۈپ بېرىپ، تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت
قىلغان تۈركلەرنىڭ 10 تۈمەندىن ئارتۇق ئادىمى ئۆزلىرىنى
ئوغۇز دېمەي، يەنىلا تۈرك دەپ ئاتىغان (تاڭ سۇلالىسىمۇ
ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىغان) ئىدى. قىسقىسى، تېلىلارنى
تېگى - تەكتىدىن تۈركلەر دەپ، تۈركلەرنى تېگى - تەكتى-
دىن تۇرالار دەپ، ئۇلارنى نام جەھەتتە ئارىلاشتۇرۇۋېتىش،
سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە پۈتۈلگەن تارىخىي كىتابلارغا
پۈتۈنلەي زىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۇرالار بىلەن تۈركلەرنىڭ
مىللەت ئارا پايدا - زىيان توقۇنۇشى جۇرجان خانلىقى دەۋرى-
دىلا ئىپادىلەنگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا قاڭقىلىلار جۇرجان
ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چۆللۈكنىڭ
شىمالى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدا جۇرجان خانلىقى بىلەن
كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بارغانىدى. ھالبۇكى تۈركلەر بولسا
«ئالتۇنتاغنىڭ كۆنگەي تەرىپىدە»، جۇرجان ئاقسۆڭەكلىرى
ئۈچۈن تۆمۈر تاۋلاپ، «بازغانچى قۇللار» غا ئايلىنىپ، قاڭ-
قىللارنىڭ جۇرجان خانلىقىغا قارشى كۈرىشىگە باشتىن - ئاياغ
قاتناشمىدى. مىلادى 546 - يىلى (غەربىي ۋېي سۇلالىسى

پادىشاھى ژېيدىنىڭ داتۇڭ 12 - يىلى) جۇڭغارىيە ئويمانـ
لىقىدىكى تۇرالار (يەنى قاڭقىللارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى)
50 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى شەرققە جورجانلارغا قارشى يۈرۈش
قىلغاندا، تۈركلەرنىڭ باشلىقى تۇمەن قول ئاستىدىكىلىرىنى
باشلاپ، ئۇلارغا زەربە بېرىپ، تۇرالارنى ئەل قىلدۇرغان،
شۇنىڭدەك بۇ تۆھپىسى ئۈچۈن جورجان قاغانىغا «قۇدىلىشىش»
تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن
تۈركلەر ھۆكۈمران مىللەت، تېلىلار ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى
مىللەت بولغاچقا، پۈتكۈل تۈرك خانلىقى دەۋرىدە تۇرالار
بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدا قارىمۇقارشى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن.
تۈركلەر ئىنتايىن شەپقەتسىز ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تېلىلارنى
تالان - تاراج قىلغان ۋە باستۇرغان. ھالبۇكى تېلىلار
تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشنى بىر كۈنمۇ
توختىتىپ قويمىغان (بۇ كىتابنىڭ XI—XIV بابلىرىدىن
كۆرۈڭ). مىلادى 630 - ۋە 745 - يىلى ئالدىنقى ۋە كېيىنـ
كى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن مۇنقەرز
بولۇشىنىڭ ئۆزى، تۇرا قوۋملىرىنىڭ قوزغىلىپ كۈرەش
قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. تۇرالارنىڭ تۈركلەر بىلەن
بولغان قارىمۇقارشىلىقى ۋە تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى
ئېلىپ بارغان كۈرىشى، تۇرا قوۋملىرىنىڭ تۈركلەردىن
كەلگەن مىللىي زۇلۇمنى ئورتاق ھېس قىلغانلىقىنى، ئۇلاردا
زۇلۇمغا ئۇچراشتەك ئورتاق مىللىي تەقدىر بارلىقىنى، تۈركـ
لەرنىڭ مىللىي زۇلمىدىن قۇتۇلۇشنىڭ تۇرا قوۋملىرىنىڭ
ئورتاق ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇلار تۇرا
خەلقىنىڭ مىللىي ئېڭىدا ئەڭ مەركەزلىك ئىپادىلەنگەندى.
بۇ نۇقتىنى سۈي ۋە تاڭ سۇلالىسىدىن ئىبارەت ئىككى سۇلاـ
لىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىمۇ ناھايىتى ئېنىق كۆرۈپ يەتكەچكە، ئۇلار
تۈرك خانلىقىغا زەربە بېرىشتە، دائىم تۇرالارنىڭ تۈركلەرگە

قارشى كۈرەشنى قوللىغانىدى. بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسى تۇرا قوۋملىرىنىڭ كۈرەشكە ھەربىي ياردەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ تەرەپلىمە ياردەملەرنى بەرگەنىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن ئۈچىنچى يىلى (مىلادى 629 - يىلى) تۇرالارنىڭ سىرتاردۇش قەبىلىسىنىڭ باشلىقى يانۇنىڭ سىرتاردۇش خانلىقىنى قۇرۇشى، تاڭ تەيزۇڭنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. سىرتاردۇش خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئالدىنقى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ تېزلىكتە مۇنقەرز بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. ئالدىنقى شەرقىي تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى تۇرالار بىلەن تۈركلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى مىللەت، ئۇلاردا ئوخشاشمىغان مىللىي مەنپەئەت بارلىقىنى چىقىش قىلىپ، ئۇلارغا قارىتا بۆلۈپ باشقۇرۇش سىياسىتىنى قوللانغانىدى. ھەممىگە مەلۇمكى، ئالدىنقى شەرقىي تۈرك خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، تۈركلەرنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنىڭ سىرتاردۇشلار باشچىلىقىدىكى تۇرا قوۋملىرى تەرىپىدىن ئىسىرگە ئېلىنغان ۋە غەربىي يۇرتقا قېچىپ بارغانلىرىدىن باشقا، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كېلىپ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغانلىرىدىن يەنە 10 تۈمەندىن ئارتۇق ئادىمى بار ئىدى. تاڭ سۇلالىسى ۋېن يەنبونىڭ تەكلىپى بويىچە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا تۈرك ئايماق - ۋىلايىتىنى تەسىس قىلىپ ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. بۇ ۋاقىتتا سىرتاردۇشلار باشچىلىقىدىكى تۇرا قوۋملىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقانىدى. تاڭ تەيزۇڭ يارلىق چۈشۈرۈپ «چۆللۈكنىڭ شىمالىنى سىرتاردۇشلار باشقۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ جەنۇبىدا تۈركلەر تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلاردىن ئۆزئارا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقانلىرى بولسا كەچۈرمەستىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش كېرەك» («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»نىڭ كېيىنكى قىسمى»)

دېگەندى. سىرتاردۇش خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالارنىڭ زېمىنلىرىدا ئالتە ۋىلايەت، يەتتە ئايماق تەسىس قىلىپ، يەنرەن تۇتۇق مەھكىمىسى ئارقىلىق ئۇلارنى ئىدارە قىلغانىدى. ھالبۇكى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى تۈرك ئايماق - ۋىلايەتلىرى بولسا خانگاي تۇتۇق مەھكىمىسى ئارقىلىق ئىدارە قىلىنغانىدى. بۇ خىلدىكى رايونلارغا بۆلۈپ باشقۇرۇش ۋەزىيىتى مىلادى 682 - يىلى قۇتلۇق سىلگە قايتا دۆلەت قۇرغان (يەنى كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقى) غا قەدەر داۋام قىلدى. ئەگەر ئېلىك قاغاننىڭ دۆلىتى مۇنقەرز بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، تۇرا قوۋملىرى بىلەن تۈرك قوۋملىرىنىڭ چوڭ چۆللۈكنى پاسىل قىلىپ بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلاشقان ۋاقتى 50 يىلدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۇرالار بىلەن تۈركلەرنى ئايرىشنىڭ ناھايىتى ئېنىق بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دەرۋەقە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇرالار بىلەن تۈركلەرگە بۇنداق بۆلۈپ باشقۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىشتا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىنى قوشۇۋېلىپ، موڭغۇل دالاسىدا تاڭ سۇلالىسىگە رەقىب بولىدىغان كۆچمەن چارۋىچى چوڭ دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەنە بىر تەرەپتىن، تۇرالار بىلەن تۈركلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان مىللىي ئاڭ ۋە مەنپەئەتكە ئىگە مىللەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

نىھايەت، تۇرالار بىلەن تۈركلەر بىر مىللەت ئەمەس ئىكەن، لېمە ئۈچۈن بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىدا قايتا - قايتا قىلىپ: «توققۇز ئوغۇزلار ئەسلى مېنىڭ ئۆز خەلقىم ئىدى» دېيىلىدۇ؟ «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەت بىزنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىزنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

«جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە: «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى
سەك دۆلىتىدىن، بۇ دۆلەت ھونلارنىڭ شىمالىدا ئىدى»،
دەسلەپكى ئەجدادىنىڭ ئىسمى ئېل ئىشاچۇر، ئىشاچۇردىن تۆت
ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. «ئۇلاردىن بىرى ئاق ياۋا غازغا ئۆزگىرىپ
كېتىپتۇ، بىر ئوغۇلنىڭ دۆلىتى ئاباقان دەرياسى بىلەن كېم
دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، نامى قىرغىز ئىكەن، يەنە بىر
ئوغۇلنىڭ چۋاكىم دەرياسىنىڭ بويىدا بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ
ئوغلى چۋاكىمىش تېغىنى ساقلايدىكەن»، «ئۇكىلىرى بىرلىكتە
چوڭ ئاكىسىنى ئۆزلىرىگە ھۆكۈمدار قىلىپ، ئۇنىڭغا تۈرك دەپ
نام بېرىپتۇ، ئۇنىڭ ئىسمى «نارتۇغلاشاد ئىدى» دېيىلگەن،
ما چاگشۇ ئەپەندىنىڭ دەلىللىشىگە ئاساسلانغاندا، يۇقىرىقى
دەريالار ھازىرقى جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى يەنىسەي دەريا-
سىنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىدا ئىكەن. ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان
غىنى شۇكى، نەقىل ئېلىنغان بايانىدىكى قىرغىزلار
تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، يەنى «سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە
قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن ئاق تاغنىڭ ئەتراپىغا تارقالغان
تۇرالارنىڭ خاككاس قەبىلىسى ئىدى. تۇرالارنىڭ خاككاس
قەبىلىسى بىلەن تۈركلەر ئېل ئىشاچۇرنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. بۇ
رىۋايەتتىن قارىغاندا، تۇرالار بىلەن تۈركلەردە ناھايىتى
يىراق قەدىم زاماندا ئورتاق ئېتنىك مۇناسىۋەت باردەك
قىلىدۇ. بۇ رىۋايەت تۈركلەر ئارىسىدىلا تارقالغان بولۇشى
مۇمكىن (ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخىي كىتابلارنىڭ «تېلې-
لار ھەققىدە قىسسە» لىرىدە بۇ توغرىسىدا خاتىرە يوق). بىلگە
قاغان ئېيتقان «ئۆز خەلقىم» دېگەن سۆز، ئورتاق ئەجدادى،
ئورتاق قانداشلىقنى كۆرسەتسە كېرەك، ئۇ بۇنداق ياكى ئۇنداق
خىلدىكى رىۋايەتكە ئاساسلانغان بولۇشى مۇمكىن. بىلىش
كېرەككى بىز دەۋاتقان مىللەت، ماركسىزملىق نەزەرىيىگە
ئاساسەن، تارىختا شەكىللەنگەن ئورتاق تېررىتورىيە، ئورتاق

تىل، ئورتاق ئىقتىساد ۋە ئورتاق مەدەنىي تۇرمۇش ئالاھىـ
دىلىكىگە ئىگە ئادەملەرنىڭ ئومۇمىي بىرلىكىگە قارىتا بېرىلگەن
قاتتىق ئىلمىي مەنىگە ئىگە نامنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا
بۇنداق ئىلمىي مىللەت ئۇقۇمىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس،
شۇڭا بىز دەۋاتقان مىللەت بىلەن ئۇ ئېيتقان «قوۋم» نىڭ
ھېچقانداق ئومۇملۇقى يوق. تۈركلەر بىلەن تۇرالار ناھايىتى
يىراق قەدىم زاماندا مەنبەداش بولسىمۇ، ئەمما مىللەتلەرنىڭ
تارىخىدا مەنبەداش مىللەتنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىشى يەنى
قەدىمكى بىر مىللەت ناھايىتى مۇرەككەپ سەۋەبلەر تۈپەيـ
لىدىن، كېيىنچە ئىككى ياكى بىرقانچە مىللەتلەرگە بۆلۈنۈپ
كەتكەنلىكىگە دائىر مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئەگەر بىز سۈي،
تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ كىتابلىرىدىكى تۇرالار بىلەن
تۈركلەرنى ئايرىم - ئايرىم مىللەتنىڭ ئورتاق بىرلىكى دەپ
قارىغان مول ۋە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ماتېرىياللارغا
سەل قاراپ، ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىكى مەنىسى گادىرماش
بىرنەچچە جۈملىگە ئاساسلىنىپلا، ئۇلارنى بىر مىللەت دەپ
ھۆكۈم قىلساق، ئۇنداقتا بۇ بەك بىر تەرەپلىمە بولۇپ قالمامـ
دۇ؟ ئەلۋەتتە تۇرالار بىلەن تۈركلەر بىر خىل تىلدا سۆزلىـ
شىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى بۆرە تەسلىدىن دەپ
ئاتايدۇ. ئەمما بۇلارنى ئۇلارنىڭ بىر قوۋملۇقىنى ھۆكۈم
قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولمايدۇ.

تۆۋەندە بىز ئىككىنچى مەسىلىنى يەنى «تۇرالار» مىللەتـ
نىڭ خاس نامىمۇ ياكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان مىللەتنىڭ ئومۇمىي نامىمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە
توختىلايلى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا تۇرالارنى مىللەتنىڭ
خاس نامى ئەمەس دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلىدىغان
تۈرك تارىخشۇناسلىرى بار. [40] ئۇلارنىڭ ئاساسلىق دەلىللىرى
ئۈچ تۈرلۈك: بىرىنچى، «ئەگەر تۇرا ئىرقنىڭ نامى بولسا، تۈركچە

مەڭگۈتاشلاردا نېمىشقا چېلىقمايدۇ؟» ئىككىنچى، «سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە تۇرالار ناھايىتى كەڭ جايلارغا تارقالغان. قەبىلە سانى 40 تىن كەم ئەمەس دېيىلگەن، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ مىللەتنىڭ خاس نامى ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، «سۈينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە «ئۇرۇق، قوۋمى ھەممىدىن كۆپ»، «ناملىرى ھەرخىل بولسىمۇ، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تۇرا دەپ ئاتىلىدۇ» دېيىلگەن. بۇ سۆزنىڭ ئورامىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ تەركىبىنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ[55].

دەرۋەقە، ئورقۇن مەڭگۈتاشلىرىدا تۇرا دېگەن نام ئۇچرىمايدۇ، «ئوغۇز» دېگەن نامla ئۇچرايدۇ. ئەمما مەڭگۈتاشلاردا تۇرا دېگەن نامنىڭ ئۇچرىمىغانلىقى، ھەرگىزمۇ تۇرا دېگەن نام مىللەتنىڭ خاس نامى ئەمەسلىكىگە سەۋەب بولالمايدۇ، چۈنكى كىشىلەر مۇنداق سوئاللارنى يەنە تېخى دېگەن نام مىللەتنىڭ خاس نامى بولمىسا، «سۈينامە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «كونا تاڭنامە» قاتارلىق ئەسەرلەردە نېمە ئۈچۈن تۇرالار ئۈچۈن مەخسۇس قىسسە تۇرغۇزۇلغان؟ سۈي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ يىللىرىغىچە يەنى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان 200 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، نېمىشقا «تۇرا» دېگەن نام ئىزچىل تۈردە قوللىنىلىپ كېلىنىدۇ؟ نېمىشقا بۇ مەزگىلدە بىرەر تېلى قەبىلىسىنىڭ ئۆز نامىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى چېلىقتۇرمايمىز؟ ئەگەر مەڭگۈتاشقا ئاساسەن تېلى دېگەن نامنى مىللەتنىڭ خاس نامى دەپ ئىنكار قىلىشقا بولسا، يازما مەنبەلەرگە ئاساسەن تۇرا دېگەن نامنىڭ مىللەتنىڭ خاس نامى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمامدۇ؟ دېگەن سوئاللارنى ياندۇرۇپ قويالايدۇ. مەڭگۈتاشلاردىكى «تۇرا» دېگەن نامنىڭ چېلىقمىغانلىق مەسىلىسىنى تەتقىق

قىلىشقا توغرا كەلسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا ئاساسەن تۇرا دېگەن نامنى مىللەتنىڭ خاس نامى ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ.

«سۈيىنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ھەققەتەن 40 نەچچە ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ شەرقتە موڭغۇل دالاسىدىن غەربتە تاكى كاسپىي دېڭىزى ئەتراپلىرىغىچە بولغان كەڭ جايلارغا تارقالغانلىقى خاتىرىلەنگەن. قەبىلىلەرنىڭ كۆكتارتىنىڭ غەربىگىچە تارقىلىشى قاڭقىللار دەۋرىدىلا باشلانغانىدى. بىراق تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە تارقىلىشى قاڭقىللارنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ يىراقتا ئىدى. تۇرا قەبىلىلىرى تارقالغان جايلارنىڭ كېڭىيىشى، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ كۆچمەنلىك ئالاھىدىلىكىدىن باشقا، ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ تۈرك قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تالان-تاراج قىلىشى، ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلىغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مەسىلەن، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە: «كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، جىن بېگى گۇاڭ شىمالدىكى نارچى (ئەسلى چىمەن دەپ ئوقۇلسىمۇ، ئەمما خەنزۇچە ئاھاڭى تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئىسمىغا ئوخشاپ قالماسلىقى ئۈچۈن نارچى دەپ ئېلىنغان) لارغا يۈرۈش قىلىپ، بىلگە قاغان (غەربىي تۈركلەرنىڭ تاردۇ قاغانىنى كۆرسىتىدۇ) نى مەغلۇپ قىلغاندا، تۇرالار تارقىلىپ كېتىشتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ خاتىرە تۇرا قەبىلىلىرى سۈي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. تارىختا بىر مىللەت (بولۇپمۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەت) نىڭ ماكانى تەبىئىي سەۋەب (مەسىلەن، تەبىئىي ئاپەت) ۋە ئىجتىمائىي سەۋەب (مەسىلەن، ئۇرۇش ۋە مىللىي

زۇلۇم (قالماقلار) تۈپەيلىدىن، ۋاقىتلىق ئۆزگىرىپ تۇرغان قەدىلىرىمىز. تېمىلارنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ياكى ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرىنىڭ ئورنىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى، ھەتتا يىراق جايلارغا كۆچۈپ كەتكىنى مەۋجۇتلىقى، ئۇلارنى شۇ مىللەتنىڭ بىر قىسمى ئەمەس دەپ ئېيتالمايمىز. مەسىلەن، ئېلىمىز موڭغۇللىرىنىڭ تورغۇت قەبىلىسىدىن بەش تۈمەندىن كۆپرەك تۈتۈن يەنى تەخمىنەن 20 تۈمەندىن ئارتۇقراق كىشى، ئەسلى چارۋىچىلىق قىلغان جايى ھازىرقى شىنجاڭدىكى تارباغاتاي رايونىدىن مىلادىيە 1616 - يىلى غەربكە كۆچۈپ، نەچچە مىڭ كىلومېتىر يول يۈرۈپ، ھازىرقى قارا دېڭىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ۋولگا دەرياسى بويلىرىغا بارغان، ئۇلار 165 يىلدىن كېيىن يەنى 1771 - يىلى، چار روسىيىنىڭ زۇلمىغا چىدىماي ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. ئۇلار غەربكە كۆچكەن مەزگىلدە، مەيلى تورغۇتلار ياكى باشقا مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يەنىلا موڭغۇللار دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ ئورۇنلىرى شۇنچە يىراق جايغا ـ غەربكە يۆتكەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار باشقا بىر مىللەت دەپ ئاتالمىغان. مەسىلەن، يەنە قىرغىزلارنىڭ كۆپ قىسمى شىنجاڭنىڭ قىزىلسۇ قاتارلىق جايلىرىدا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان، يەنە بىر قىسمى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ فۇيۈ ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى چيەنلۇڭنىڭ دەۋرىدە مەجبۇرىي كۆچۈرۈۋېتىلگەن؛ بۇ ئىككى تارماق قىرغىزلارنىڭ ئارىلىقى نەچچە مىڭ كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىرغىز دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شىبە، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەرمۇ، شىنجاڭ ۋە خېيلۇڭجياڭ قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا تارقالغان؛ ئېلىمىزدىكى موڭغۇللار تارقالغان رايونلارنى ناھايىتى كەڭ دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلار ئاساسەن ئىچكى موڭغۇلغا جايلاشقاندىن باشقا، يەنە لياۋنىڭ، خېيلۇڭجياڭ، جىلىن، گەنسۇ، شىنجاڭ

يۇلىنەن قاتارلىق جايلارغا تارقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تارقالغان ئورۇنلىرى تېبەتلەرنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى موڭغۇللار دەپ ئاتىلىدۇ، قىسقىسى، ئىگىلىگەن ئورنىنىڭ كەڭ ۋە تار بولۇشى مىللەتنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۆلچىمى ئەمەس.

ئەمدى «سۈينامە. تورالار ھەققىدە قىسسە»دە دېيىلگەن «ئۇرۇقى ھەممىدىن كۆپ»، «ئۇرۇق - جەمەتلىرىنىڭ نامى ھەر خىل» دېگەن سۆزگە كەلسەك، بۇلار ھەرگىزمۇ «ئۇلارنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ» دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»گە ئاساسلانغاندا، قاڭقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسى يەنە ئالتە «قوۋم» دەپمۇ ئاتالغاندى. ئالتە قوۋمنىڭ ھەربىرى «پالانى ئۇرۇق» دەپ، «12 جەمەت»نىڭ ھەربىرىمۇ «پۇكۇنى ئۇرۇق» دەپ ئاتالغان. «سۈينامە. تېلىلار ھەققىدە قىسسە» دىكى «ئۇرۇقى ھەممىدىن كۆپ»، «ئۇرۇق - جەمەتلىرىنىڭ نامى ھەر خىل» دېگەن سۆز، يەنىلا تورالارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇرۇق - جەمەتلەرنى كۆرسىتىدۇ، باشقا مىللەتنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ.

دەرۋەقە «سۈينامە. تورالار ھەققىدە قىسسە»دە خاتىرىلەنگەن تېلى قەبىلىلىرى، بولۇپمۇ كۆكتارتنىڭ غەربىي ۋە شەرقىدە جايلاشقان تورا قەبىلىلىرى ئارىسىغا باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرىنىڭ كىرىپ قالغانلىقىنىڭ نىسبىتىنى كۆپ تەرەپلىمە. غۇز سودىگەرلىرىنىڭ خاتا مەلۇماتى بويىچە دىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. ھەممىدىن ئالىيانكى سۈي سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى يىپەك يولىنى ۋە ئەتراپىدىكى مىللەتلەرنىڭ جايلىشىشى توغرىسىدىكى بىلىمى ئاساسلىقى پېي جۈينىڭ «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىدىن كەلگەن. تەجرىبىسى

يۇرتىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىدىن خاتىرىلەر» نى فېي جۇي «جاڭيىدا بازار نازارەتچىسى بولغاندا، غەربىي يۇرتلۇق غۇز سودىگەرلەرنى زىيارەت» قىلىپ ئېرىشكەن ماتېرىياللار ئاساسىدا يېزىپ چىقانىدى. ئۇ ئېيتقاندەك «لياڭجۇنىڭ باي سودىگەرلىرى جاھانكەشتىلەر بولغاچقا، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئۇلارنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق» («سۈينامە. فېي جۈينىڭ تەرجىمھالى») بولغاچقا، ئۇنىڭ كىتابى مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تارىخ ۋە مىللەتنى پەرق ئېتىش قابىلىيىتى يېتەرسىز سودىگەرلەرنىڭ سۆزىنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا بەزى نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تامامەن مۇمكىن.

قىسقىسى، تۇرانى مىللەتنىڭ ئومۇمىي نامى دېگەن سۆز كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. تۇرا دېگەن نامنىڭ مىللەتنىڭ خاس نامى ئىكەنلىكى ئېنىق.

ئىزاھلار:

① فەن ۋېنلەن يازغان «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخىغا دائىت قىسقىچە تېپلام» (تۈزىتىلگەن نۇسخا)، ئۈچىنچى بۆلۈم، بەشىنچى بابتىكى «ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى» خەلق نەشرىياتى 965-يىل نەشرى؛ فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام» بىرىنچى كىتاب، بىرىنچى، ئىككىنچى باب، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981-يىل نەشرى ۋە يې چۈن يازغان «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش»، خەلق نەشرىياتى 1958-يىل نەشرىنىڭ 23-بەتكە قارالسۇن.

② ۋاڭ رىزۇبى، «دىڭلىڭ مىللىتىنىڭ تارىخى»، (دۆلەتلىك بېيجىڭ تەتقىقات ئورنىنىڭ «تارىخشۇناسلىق مەجمۇئەسى»، لىڭ

ئىككىنچى سانىغا بېسىلغان) دا خەن، ۋېي دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار بىلەن 16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى قاڭقىل، چىلىلارنى بىر قوۋم دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ تارىخىنى دىڭلىڭ دېگەن نام ئاستىدا بايان قىلغانىدى. سېن جوڭمىيەن ئەپەندى بۇنى نامۇۋاپىق دەپ ھېسابلايدۇ. سېن جوڭمىيەن ئەپەندىنىڭ «دىڭلىڭ مىللىتىنىڭ تارىخى» توغرىسىدىكى باھاسى ھەققىدە سېن جوڭمىيەن ئەپەندى يازغان «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ توپلىمى» نىڭ ئىككىنچى قىسمىدىكى ««يېڭى تاڭنامە. توغباتلار ھەققىدە قىسسە» گە ئىزاھ» قا قارالسۇن، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1958 - يىل نەشرى 747 - بەت.

③ مېنىڭ ئىگىلىشىمچە، ھازىرغىچە تۇرالار بىلەن دىڭلىڭلار-نىڭ تارىختىن كۈيفاڭلارغىچە سۈرۈشتە قىلىپ يېزىلغان ئەسەرلەر-دىن، پەقەت مېڭ ۋېنتوڭ يازغان «جۇ، چىن سۇلالىلىرى دەۋر-دىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسەر (لوگىمىن بىرلەشمە كىتاب ئىدارىسى، 1958 - يىل نەشرى) لا بار. مېڭ ئەپەندى «ھونلارنىڭ شىمالىدىكى دىڭلىڭلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرالارنىڭ 15 قەبىلىسىنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى قىزىل دىلارنىڭ ئايرىم بىر قوۋمى ياكى كۈيفاڭلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر» دەپ قارىغانىدى («جۇ، چىن سۇلا-لىرى دەۋرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەققىدە تەتقىقات» 53 - بەتكە قارالسۇن).

④ «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن «شيالىقلار قاڭقىل-دىڭلىڭلار دەيتتى» دېگەن جۈملىدىكى «قاڭقىل-دىڭلىڭ» دېگەن سۆزنى، چەت ئەللەردە تۇنجى بولۇپ ياپونىيىلىك ئالىم شىراتورى كۇراكىچى 1923 - يىلى ياپونىيىدى-كى «تارىخشۇناسلىق ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلغان «ھون مىللىتى توغرىسىدا مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىسىدە تىلغا ئالغانىدى (خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى 1936 - يىلى شاڭخەيدىكى جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بولۇپ، جې جيەنمىن

تۈزگەن دېيىلگەن. ئىچكى موڭغۇل داشۆسىدىكى يولداش لىن گەن تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئەسلى ئەسەرنىڭ شىراتورى كۇراكىچىنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىنى، خې چيەنمىنىنىڭ تەرجىمە قىلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. شىراتورى كۇراكىچىنىڭ ئەسلىدىكى ماقالىسىنىڭ تېمىسى «خونلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مۇھاكىمە» بولۇپ، دەسلەپتە 1923 - يىلى پارىژدىكى «ئاسىيا ژۇرنىلى» نىڭ 202 - جىلدىغا بېسىلغان، كېيىن «موڭغۇللارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مۇھاكىمە» دەپ ئۆزگەرتىلىپ، شۇ يىلى ياپونىيىدىكى «تارىخشۇناسلىق ژۇرنىلى» نىڭ 18 - سانىغا بېسىلغان، يېقىندا لىن گەن تۈزگەن «خونلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن. جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1983 - يىل نەشرى 184 — 216 - بەتلەر)، بۇ سۆز دۆلەت ئىچىدە تۇنجى بولۇپ، 1939 - يىلىدىكى «تىل، تارىخ مەجمۇئەسى» نىڭ VI توم، تۆتىنچى قىسمىدا ئېلان قىلىنغان «شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ يۈيۈېن جەمەتى ھەققىدە» ناملىق ئەسەردە تىلغا ئېلىنغانىدى. شىراتورى كۇراكىچى «قاڭقىل - دىڭلىڭ» دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن چۈشەندۈرۈش بەرمىگەنىدى، «شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ يۈيۈېن جەمەتى ھەققىدە» نىڭ ئاپتورى: «قاڭقىل - دىڭلىڭلار، ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ئىشلىتىدىغان بولغاچقا، بۇ ئىككى خەتنى يېزىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سۈپىتى ئىپادىلىنىپ بېرىلگەنىدى، شۇ سەۋەبتىن قىسقارتىلىپ يەنە قاڭقىللار دەپمۇ ئاتالغان» دەپ قاراپلا، يەنىمۇ ئېنىق بايان قىلمىغانىدى.

⑤ ئىچكىرىگە كۆچۈپ، بىنجۇ بىلەن دىڭجۇ ئايمىقىغا بارغان دىڭلىڭلار (ئاساسلىقى دى جەمەتىدىكى دىڭلىڭلار)، تاغلىق دىڭلىڭلار دەپ ئاتالغانىدى.

⑥ ليۇ جىنجى يازغان «ئومۇمىي تارىخ» غا قاراڭ.

⑦ جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى تەرىپىدىن يېقىندا نەشر

قىلىنغان تىنىش بەلگىسى قويۇلغان «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، قاتىللار ھەققىدە قىسسە» دە بۇ سۆزلەر بار (تىرناق بەلگىسىنى ئىچىگە ئېلىنغان)، كەينىدىكى قوشۇمچە «تەھقىق خاتىرىسى» دە: «ھەرقايسى نۇسخىلاردا ‹چىلى ...، شىيالىقلار ...› دەيتتى» دېگەن سۆزلەر چۈشۈپ قالغاچقا، ‹ۋەيىنامە› 103 ـ جىلد (يەنى ‹قاتىللار ھەققىدە قىسسە› مۇشۇ جىلدنىڭ ئىچىدە)، ‹قانۇنلار قامۇسى› 197 ـ جىلد (يەنى ‹قانۇنلار قامۇسى، قاتىللار›) گە ئاساسەن تولۇقلاندى» دېيىلگەن. دەرۋەقە بۇ يەردە دېيىلگەن ھەرقايسى نۇسخىلاردا چۈشۈپ قالغان بۇ سۆزلەر، ئەسلىدىكى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، قاتىللار ھەققىدە قىسسە» دە يوق ئىدى، شۇڭا ھازىرقى نۇسخىدىكى «ۋەيىنامە. قاتىللار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «قانۇنلار قامۇسى. قاتىللار» دا بۇ سۆزلەرنىڭ بولغانلىقىغا ئاساسەن، بۇ سۆزلەرنى «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاتىللار ھەققىدە قىسسە» گە تولۇقلاپ كىرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تۈگىتىشكە ئۇرۇنۇشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق.

⑧ نەشىر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئەسىرىم «شىمالىي دىلار ۋە جوڭشەن بەگلىكى» گە قارالسۇن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىل نەشرى 67 ـ 69 ـ بەتلەر.

⑨ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» نىڭ 94 ـ جىلدىدىكى پادىشاھ جىن چېڭدىنىڭ شيەنخې بەشىنچى يىلىدىكى يارلىقىدا «دىڭلىڭلارنىڭ دېيىشىچە، جەمەتى دەسلەپتە كانگىيدە ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن بولۇپ، كېيىن جوڭگوغا كۆچۈپ كەلگەن دەپ كۆرسىتىلگەن. سىماگۇاڭنىڭ بۇ قارىشى سۇلالىلىسى دەۋرىدە يوقىلىپ كەتكەن ئالاقىدار ئەسەرلەردىن ئېلىنغان بولسا كېرەك. ۋېيشۇ مۇ بۇ ئەسەرلەرنى كۆرگەن بولسا كېرەك.

⑩ ۋاڭ گوۋېي: «گۈيفاڭ، خۈنيى، شيەنيۈنلەر توغرىسىدا مۇھاكىمە»، «گۈەنتاڭ توپلىمى» 13 ـ جىلد.

⑪ ۋاڭ گوۋېي: «گۈيفاڭ، خۈنيى، شيەنيۈنلەر توغرىسىدا

مۇھاكىمە» ناملىق ئەسىرىدە قىزىل دىلار بىلەن گۈيفاڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئىنتايىن قىممەتلىك تەكشۈرۈش ۋە تەھلىل ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن دىڭلىڭلار بىلەن قىزىل دىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختالمىغانىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ گۈيفاڭلار بىلەن كېيىنكى مەزگىلدىكى خۇنيى، شيەنيۈن، ھونلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ بىر قىلىپ قويغان سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

⑫ «دى» ۋە «گۈي» سۆزلىرىنىڭ مەنىسى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشنى، نەشىر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئەسىرىم «شىمالىي دىلار ۋە جۇڭشەن بەگلىكى» نىڭ 2 — 3 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

⑬ بۇنىڭدا ۋاڭ گوۋېينىڭ «گۈيفاڭ، خۇنيى، شيەنيۈنلەر توغرىسىدا مۇھاكىمە» ناملىق ئەسىرىدىكى ئەمىنىيە دەۋرىدىكى دىلار بىلەن يەن، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى گۈيفاڭلارنى بىر قوۋم دەپ قارىغان قارىشى كۆزدە تۇتۇلغان. ۋاڭ گوۋېينىڭ بۇ ئەسىرىدىكى گۈيفاڭلار بىلەن كېيىنكى مەزگىلدىكى خۇنيى، شيەنيۈن، ھون قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر قوۋم دەپ قارىغان قارىشىغا كەلسەك، شەكسىز خاتا ئىدى.

⑭ ۋاڭ گوۋېينىڭ دىلار يەنى گۈيفاڭلار، ئەمىنىيە دەۋرىدىكى دىلار، شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى گۈيفاڭلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى دېگەن قارىشى، نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلىم - ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىنغانىدى. گومورو يازغان «جۇڭگو تارىخى» نىڭ بىرىنچى قىسمىدا: «دىلار ئەسلىدە گۈيفاڭلارنىڭ ئايرىم بىر تارمىقى ئىدى» دېيىلگەن، سېن جۇڭمىيەن يازغان «شيا دەۋرى ۋە شيا مىللىتى» («غەربىي جۇ سۇلالىسى مەدەنىيەت تارىخ مەجمۇئەسى» گە بېسىلغان) دە «مېنىڭ دىققەت قىلىشىمچە 20 نەپەر دى خانى، كۈيروڭلاردىن ئەسىر ئېلىنغانىدى، دى (翟) يەنى دىلار (狄) دۇر، گۈيفاڭلارنىڭ ئۆزىمۇ دىلاردىن ئىدى» دېيىلگەن. مېڭ ۋېنتوڭمۇ گۈيفاڭلار

بەلى دېلار دەپ قارايدۇ. «جۇ، چىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەققىدە تەتقىقات» قا قارالسۇن.

⑮ مۇشۇ كىتابنىڭ Ⅱ بابىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن چىغىناق ـ سۆگەك پۈتۈكلەردىكى پالنامىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا قارالسۇن.

⑯ جۇۋپىيجۇ: «چىملار ۋە جورجانلار» شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل نەشرى 3 ـ بەت.

⑰ سېن جوڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ توپلىمى» ئىككىنچى كىتاب 746 ـ بەت.

⑱ «فۇرېن داشۆ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» Ⅳ توم؛ ئىككىنچى سان.

⑲ «مىللەتشۇناسلىققا ئائىت تەتقىقات مەجمۇئەسى» ئالتىنچى سان.

⑳ سېن جوڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ توپلىمى» ئىككىنچى قىسىم 1059 ـ بەت.

㉑ جاڭ شىڭلياڭ تۈزۈپ ئىزاھلىغان «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار» نىڭ بەشىنچى قىسمىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1978 ـ يىل نەشرى 46 ـ بەت.

㉒ ليۇ يىتاڭ يازغان «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» تا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، تەيۋەن مەركىزىي كىتاب ئىدارىسى نەشرى 77 ـ بەت.

㉓ سېن جوڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ توپلىمى» ئىككىنچى قىسىم 1118 ـ بەت.

㉔ بۇنىڭدا سېن جوڭمىيەننىڭ «تۈركلەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى توغرىسىدا بايان» ناملىق ماقالىسى ئاساس قىلىنغان، «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ توپلىمى» ئىككىنچى قىسىم 1118 ـ بەتكە قارالسۇن. چىنىڭ سۇلۇ ئەپەندى مىلادى

XII ئەسىرگە ئائىت ئەسەر دەپ ھېسابلايدۇ. مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «مىللەتلەر تەتقىقاتىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» (ئىككىنچى توپلام) نىڭ 160 - بېتىگە قارالسۇن.

㉕ چېيەن داشى: «خەلۋەتخانا خاتىرىلىرى» 9 - جىلد، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ماددىسى.

㉖ «سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى تارىخ، جۇغراپىيىگە ئائىت ماقالىلەر مەجمۇئەسى» 404 - بەت. «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ توپلىمى» نىڭ 2 - قىسىم 1120 - بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

㉗ جۇ ليەنكۈن: «دىڭلىڭلارنىڭ ئىرقى بىلەن تىلى ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى قوۋملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، «جوڭشەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1957 - يىللىق 2 - سان. «ئىرق» بىلەن «مىللەت» بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئۇقۇم. مىللەت تارىختا شەكىللەنگەن تىل، تېررىتورىيە ۋە ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تۇرمۇش ئومۇمىيلىقىدىكى ئادەملەرنىڭ مۇستەھكەم بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تارىخشۇناسلىق بىلەن مىللەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ، ئىجتىمائىي پەن كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. «ئىرق» دېگەن بۇ ئۇقۇم ئىنسانلارنىڭ تاشقى بەدەن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى (تېرىسى قاتارلىقلار) گە ئاساسەن شەكىللەنگەن ئىنسانلار گۇرۇھىغا قارىتىلغان، ئۇ ئانتروپولوگىيىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ، بىئولوگىيە ئىلمىگە كىرىدۇ. «مىللەت» بىلەن «ئىرق» بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئىلىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۇ ليەنكۈن ئەپەندى بۇ ماقالىسىدە «ئىرق» بىلەن «مىللەت» دىن ئىبارەت بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىككى خىل كاتېگورىيىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ بىر قىلىپ سۆزلىگەچكە، تۇرغۇزۇلغان نۇقسانلار بىلەن خاتا قاراشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغانىدى.

㉘ سېن جوڭسىيەن، «دى دېگەن ئاتنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «تۈرك تارىخىدا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ توپلىمى» نىڭ ئىككىنچى قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن.

㉙ «جوڭشەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1957 - يىللىق 2 - سان.

㉚ جۇلىيەنكۈن ئەپەندى «قانۇنلار قامۇسى» بىلەن «يىڭى تاڭنامە» دىكى «چىللار يەنى تۇرالار» دېگەن قاراشقا قوشۇلىدۇ، لېكىن ئۇ قاڭقىللار بىلەن چىللار ئىككى مىللەت. بىر مىللەت ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ «قاڭقىللار بىلەن تۇرالار ئايرىم - ئايرىم مىللەت» دەيدىغان قارىشى مانا مۇشۇنى ئاساس قىلغان: قاڭقىللار يەنى چىللار «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»، «يىڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە كۆرۈلۈشتىن تاشقىرى، يەنە «ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە»، «گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە»، «دىڭ يىگىنىڭ تەرجىمىھالى» ۋە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، «ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە شىنجيانىڭ تۆتىنچى يىلى «بىلىق يىلىنىڭ 11 - ئېيىدا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرالار ئاقىۋاقلى باغا كوراكان قول ئاستىدىكى نەچچە يۈزمىڭ چەۋەندازغا باشچىلىق قىلىپ، نەچچە مىليون بوغىلارنى ھەيدەپ، پادىشاھ شىزۇنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىغا ئاپىرىپ بەردى، پادىشاھ شىزۇ بۇ بوغىلارنى ئوۋلاپ، قول ئاستىدىكى مۇلازىملىرىغا تارتۇق قىلىپ بەردى» دەپ خاتىرىلەنگەن. ھالبۇكى، شۇ كىتابتىكى «دىڭ يىگىنىڭ تەرجىمىھالى» دا بولسا «قاڭقىللارنىڭ ئاقىۋاقلى قول ئاستىدىكى نەچچە يۈز مىڭدىن كۆپ چەۋەندازلارغا باشچىلىق قىلىپ، نەچچە مىليوندىن كۆپ بوغىلارنى ھەيدەپ ئاپاردى ......» دېيىلگەن. يەنە «ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرىلەر» دە تەيخېنىڭ 22 - يىلى «چىللارنىڭ ئاقىۋاقلى شۇۋقا ئۆز قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلىپ،

ئىسيان كۆتۈردى» دېيىلگەن. ئەمما «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى،
قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە «قاڭقىللار جەنۇبقا كۆچۈشنى خالى-
مىغاچقا، شۇقانى ئۆزلىرىگە ئاقساقال قىلىپ سايلاپ، چۆللۈكنىڭ
شىمالىغا ئىسيان كۆتۈردى» دېيىلگەن، يۇقىرىقىلار قاڭقىللارنىڭ
چىلىلار ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

㉛ ياپونىيىلىك ئالىم ئونوگاۋا خىدېمى «تۇرالار توغرىسىدا
مۇھاكىمە» («شەرقىي ئوكيان تارىخ تەتقىقاتى» نىڭ 1940 - يىلى-
لىق 5 - جىلد، ئىككىنچى نومۇرلۇق سانىغا بېسىلغان، خەنزۇچە
تەرجىمىسى «مىللەتلەر تارىخىغا ئائىت تەرجىمە ماقالىلەر توپلىمى»
نىڭ 1978 - يىللىق 6 - سانىغا بېسىلغان) ناملىق ماقالىسىدە:
«سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ياشىغان تېلىلارنىڭ ھەرقايسى
قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى بىلەن ئۇلاردىن ئىلگىرىكى دەۋردىكى
قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى (قاڭقىل قەبىلىلىرىنىڭ ناملىرىنى كۆرسە-
تىمىز) پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
ئۆزئارا مۇناسىۋەتنىمۇ تەستە ئىزدەپ تېپىشقا بولىدۇ. بۇ قاڭقىل
دۆلىتى، جورجانلارنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ۋە تۈركلەرنىڭ باش
كۆتۈرۈپ چىقىشى قاتارلىق چۆللۈكنىڭ شىمالىنىڭ ۋەزىيىتىدىكى
زور ئۆزگىرىشلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، ھازىرقى
تېلى قەبىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدىكى
گۈللىنىش ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشنىڭ ئالمىشىشىمۇ بار ئىدى»
دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە ئۇنىڭ تېلىلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ
ناملىرى بىلەن قاڭقىللارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ ناملىرى
«پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدۇ» دېگەن بۇ نۇقتىئىنەزىرىنىڭ خاتا
بولۇشىدىن سىرت، قالغان دەلىللىرى توغرا.

㉜ جۇ ۋېيجو: «چىلىلار ۋە جورجانلار» 39 — 40 - بەتلەرگە
قارالسۇن.

㉝ فەن ۋېنلەن ئەپەندى «تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ نوپۇسى
كۆپەيگەنلىكتىن، ئەسلىدىكى بار قەبىلىلەردىن سىرت يەنە

يۇۋۇرغۇر قاتارلىق 26 قەبىلە بارلىققا كەلگەن» دەپ قارايدۇ. «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخىنىڭ قىسقىچە توپلىمى» ئۈچىنچى بۆلۈم، ئىككىنچى كىتابىدىكى «ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقى» غا قارالسۇن.

㉞ فېڭ چېڭجۈن: «قاڭقىللارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە قوش، پىشامشان بەگلىكلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ تارقىلىپ كېتىشى»، «غەربىي يۇرت، جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە ئائىت ماقالىلەر توپلىمى» غا بېسىلغان، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1957 - يىل نەشرى.

㉟ ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، خەلق نەشرىياتى 1958 - يىل نەشرى 91 - بەت.

㊱ ستالىن: «ماركسىزم ۋە مىللىي مەسىلە»، «ستالىن تاللانما ئەسەرلىرى»، II توم 294 — 295 - بەتلەر.

㊲ لىن ياۋخۇا: ‹مىللەت› دېگەن سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرجىمە نامى ھەققىدە» گە قارالسۇن، «تارىخ تەتقىقاتى» 1963 - يىللىق 2 - سان.

㊳ ستالىن: «مىللىي مەسىلە ۋە لېنىنىزم»، «ستالىن تاللانما ئەسەرلىرى» I توم، 289 - بەت.

㊴ فېي شياۋتوڭ: «مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنى پەرق ئېتىش مەسىلىسى توغرىسىدا»، «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1980 - يىللىق 1 - سان.

㊵ نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئەسىرىم: «شىمالىي دىيلار ۋە جوڭشەن بەگلىكى» گە قارالسۇن، 9 — 12 - بەتلەر.

⑭ نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئەسىرىم: «شىمالىي دىيلار ۋە جوڭشەن بەگلىكى» گە قارالسۇن، 2 — 3 - بەتلەر.

㊷ شىراتورى كۇراكىچى: «تۇڭغۇسلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مۇھاكىمە» نىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدىكى «كېيىش غۇزلىرى» غا قارالسۇن.

④③ ئورقۇن مەڭگۈ تېشى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ ئورقۇن دەريا بويلىرىدىن تېپىلغان «تۇرۇك يېزىقىدىكى كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن «تۇرۇك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»نى كۆرسىتىدۇ. ھەر ئىككى مەڭگۈ تاشنى تۇنجى بولۇپ خەن رۇلىن ئەپەندى ئېنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، ئالدىنقىسى «بېيپىڭ تەتقىقات ئورۇنىنىڭ كەسپىي دوكلاتى» نىڭ VI توم، 6 - سانىغا بېسىلغان، كېيىنكىسى «يۈگوڭ يېرىم ئايلىق مەجمۇئەسى» نىڭ VI توم 6 - سانىغا بېسىلغان. كېيىن 1937 - يىلى سېن جوڭمىيەن ئەپەندى «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشىغا مۇقەددىمە» نى يازغان («فۇرېن داشۆ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ VI توم، بىرىنچى، ئىككىنچى بىرلەشمە سانىغا بېسىلغان)، 1958 - يىلى «تۇرۇك يېزىقىدىكى كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن «تۇرۇك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» يەنە قايتا تەرجىمە قىلىنغان («تۇرۇك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ توپلىمى» نىڭ ئىككىنچى قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن). ھەر ئىككى مەڭگۈ تاشتا كېيىنكى تۇرۇك خانلىقى دەۋرىدىكى تېلىلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىياللار بار بولۇپ، كونا ۋە يېڭى «تاڭنامە» دىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرىدۇ.

④④ سېن جوڭمىيەن: «تۇرۇك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ توپلىمى» ئىككىنچى قىسىم: «يېقىندا مەن ئومۇمىيۈزلۈك رەتلەش ئارقىلىق تۇرۇك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلاردىكى «توققۇز ئوغۇز» ياكى «ئوغۇز» دېگەنلەرنىڭ توققۇز تۇرالارنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئاندىن ھېس قىلدىم»، ئۇنىڭغا ئاۋا خەتىمىنى: «تۇرالار توغرىسىدا مۇھاكىمە» دە چوڭلۇق كېمىلىگى شىمالىدىكى تۇرالارنىڭ توققۇز قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى توققۇز تۇرالار توققۇز ئوغۇزلارغا توغرا كېلىدۇ.»

④⑤ ۋاڭ جىڭرۇ: «تۇرۇك يېزىقىدىكى ئۇيغۇر ئۆھپىدار بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنىڭ تەرجىمىسىگە ئىزاھ»، «فۇرېن داشۆ ئىلمىي

ماقالىلەر توپلىمى» VII توم.
ئونوكاۋ ئېلىنغان ئىچىگە ھالقىغا (43) (44) (45) 49 47
خەدىبىسى: «تۈرالار توغرىسىدا مۇھاكىمە» گە قارالسۇن.

㊼ «فۇربىن داشۇ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» VI توم 2 ـ بىرلەشمە سان.

㊽ پەللىئوت: «خەنزۇچىدىكى تۈرك دېگەن نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى» خەنزۇچە تەرجىمىسى «غەربىي يۇرت جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخىي جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە ئائىت تەرجىمە ماقالىلەر توپلىمى» شاڭۋۇ كىتاب ئىدارىسى 1962 ـ يىل نەشرى 48 ـ بەت.

㊿ ما چاڭشۇ: «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى» 88 ـ بەت.

(51) «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» تۈرك ماددىسى، ئونوكاۋا ئەدىبىسىنىڭ «تۈرالار توغرىسىدا مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

(52) «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» غوز (Ghuz) ماددىسى؛ ئونوكاۋا ئەدىبىسىنىڭ «تۈرالار توغرىسىدا مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

(56) سېن جۇڭمىيەن قايتا ئىزاھلىغان: «تۈرك يېزىقىدىكى كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن «تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ توپلىمى» ئىككىنچى قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن.

(57) (سوۋېت ئىتتىپاقى) ل. پوتاپوۋ: «جەنۇبىي ئالتايلىقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» (خەنزۇچە تەرجىمىسى 1959 ـ يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ «مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمە ماقالىلەر توپلىمى» غا كىرگۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان) ناملىق ماقالىسىدە «‹تۇرا› دېگەن بىر بىرىكمە ئاتالغۇ مىللەت نامى ئەمەس» دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تۈرالار بىلەن تۈركلەر

«تىل مۇناسىۋىتى جەھەتتە ھازىرقى تۈرلۈك ئېتنىك كېلىپ چىقىشلار ۋە تۈرك خانلىقلىرى مۇناسىۋەتلىك بولغان قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ تىلىغا ئاساسەن ئېيتقاندىمۇ ئۇلارنىڭ ھامان پەرقى بار ئىدى» دەپ قارايدۇ.

(٤٨) سىن جوڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ توپلىمى» بىرىنچى قىسىم 7 - بەت.

(٤٩) ئالدىنقى نەقىلدىكى ل. پوتاپوۋ: «جەنۇبىي ئالتايلىقلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا تەتقىقات» داۋ يەنە تۇرا «بىر - بىرىگە ئاتالغۇ، مىللەت نامى ئەمەس» دەپ قارىغانىدى. دۆلەت ئىچىدە «تۇرا» مىللەتنىڭ خاس نامى ئەمەس دېگەن قاراشنى ئاساسلىق سىن جوڭمىيەن تەشەببۇس قىلىدۇ.

(٥٠) سىن جوڭمىيەن: «سۇيشىناتە. تۇرالار ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھ» 84 - جىلد، «تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ توپلىمى» ئىككىنچى قىسىمغا كىرگۈزۈلگەن، 662 - بەت.

# برنچی قسم

## تنگلنگلار

# II باب شىيا، شىياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدە گۇيماك دېگەن نام ئاستىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان دىڭلىڭلار

«مۇقەددىمە» دە ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، شىيا، شىياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى گۇيفاڭلار دىڭلىڭلارنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ بابتا چىن سۇلالىسىدىن ئاۋۋالقى دەۋرگە ئائىت قەدىمكى كىتابلار ۋە مىتال پۈتۈك، چىغىناق-سۆڭەك پۈتۈكلەردىكى گۇيفاڭلارغا دائىر خاتىرىلەر ھەمدە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەر-دىكى ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا، بۇ دەۋردىكى گۇيفاڭلارنىڭ تارقىلىشى، ئۇلارنىڭ خۇاشيالار قۇرغان سۇلالىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ بىر تارمىقىنىڭ شىياڭ، جۇ سۇلالىلىرىنىڭ جازا ئۇرۇشلىرى تۈپەيلىدىن جەنۇبىي سىبىرىيىگە كۆچۈشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك بايان يۈرگۈزىلىدۇ.

## 1. چىن سۇلالىسىدىن ئاۋۋالقى دەۋرگە ئائىت قەدىمكى كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن گۇيفاڭلار ۋە ئۇلار ئورۇنلاشقان جايلار

«تاغ - ئېرىزىملار قۇرئى. ئەلنامە»دە خاتىرىلەنگەن ئەللەرنىڭ ئىچىدە «گۇرلار ئېلى» بار بولۇپ، گۇر ئېلىدىكى

كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى «يەكچەشمە» ئىدى، شۇ كىتابنىڭ «چەت ئەللەر» دېگەن بابىدا يەنە ئۇلارنى «يەكچەشمىلەر ئېلى» دەپ ئاتاپ، ئۇ ئەلدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ «بىر كۆزى يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ چىققان» دەپ كۆرسىتىلگەن. «ئۇستۇنكى ئايدالا» دىمۇ چوڭ چۆللۈكتە «بىر كۆزى يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ چىققان «كىشىلەر بار، ئۇلار ۋېي (威) جەمەتىدىن»① دېيىلگەن. خاۋيى بۇنى ئىزاھلاپ «بۇ كىشىلەر يەكچەشمىلەر ئېلىدىن. «تاغ ـ ئېزىملار قۇرئى. چەت ئەللەر» دىمۇ تىلغا ئېلىنغان» ② دەپ كۆرسەتكەنىدى. يېقىنقى زاماندىكى يۈەن كېيىنىڭ بەرگەن ئىزاھىدا «‹تاغ ـ ئېزىملار قۇرئى. ئەلنامە› دە خاتىرىلەنگەن گۇرلار ئېلى شۇلارنى كۆرسىتىدۇ؛ ۋېي (威) بىلەن گۇر (鬼) ئاھاڭ جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە يېقىندۇر» دېيىلگەنىدى. بۇلارغا ئاساسلانغاندا، گۇرلار ئېلى يەنى يەكچەشمىلەر ئېلىدىن ئىدى؛ «يەكچەشمىلەر» دېگەنلىك گۇر ئېلىدىكىلەرنىڭ بېشىغا كىيىدىغان دۇبۇلغىسىغا ياكى يۈزلىرىگە تاقىۋالىدىغان تۆشۈكلۈك نىقابقا قارىتا ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن. «تاغ ـ ئېزىملار قۇرئى. ئەلنامە» دە «دىڭلىڭلار ئېلى» خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئۇلارنىڭ قوۋملىرىنىڭ تىزىنىڭ ئاستى پۈتۈنلەي موي بىلەن قاپلانغان، پۇتى ئاتنىڭ تۇيىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار يول يۈرۈشكە بەك ماھىر» دېيىلگەن، كوپۇ بۇ نەقىلنى «نەزىمنامىدىكى سىرلار» دا «ئاتقا ئوخشاش كۈنىگە 300 چاقىرىم يول باسىدۇ» دېيىلگەن دەپ ئىزاھلىغانىدى. بۇ قاراشلارنىڭ سىرلىق تەرەپلىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، دىڭلىڭلارنى ئات بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋىتى بولغان كۆچمەنلىك تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

«تاغ ـ ئېزىملار قۇرئى» چىن سۇلالىسىدىن ئاۋۋالقى دەۋرلەرگە ئائىت قەدىمكى جۇغراپىيە كىتابى بولۇپ، تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، كىتابتا ساقلىنىپ قېلىنغان كۆپلىگەن

ماتېرىياللارغا ئىشىنىشكە بولىدۇ.④ «تاغ - ئېزىملار قۇرئىنى»
يىغىلىق دەۋرىدە كىتاب بولۇپ پۈتكەنىدى. لېكىن خەن
سۇلالىسى دەۋرىدىكى لىيۇ شىن شەرھلەپ چىققان «تاغ -
ئېزىملار قۇرئىنى» دا بۇ كىتابنى ئاقساقال دا يۈي بىلەن بويى
يازغان، دېيىلگەن. ۋاڭ چۇڭمۇ بۇ قاراشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.
«تاغ - ئېزىملار قۇرئىنى» نى دايۈي بىلەن بويى يازغان
دېگەن قاراشقا ئىشىنىشكە بولمايدۇ. ئەمما «تاغ - ئېزىملار
قۇرئىنى» دا ھېكايەت قىلىنغان قىسسەلەردە شيا، شياڭ، جۇ
سۇلالىلىرىدىكى ھاكىمىيەتنى ئۆتتۈنۈپ بېرىشكە ئائىت ئىشلار
بىرقەدەر ئاز تىلغا ئېلىنغانلىقى ۋە شەيئىلەرگە بولغان
ئېپتىدائىي دىنىي ئۇقۇم بىلەن تولغانلىقىدىن قارىغاندا،
ئۇنىڭدىكى ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمى چوقۇم ئىنتايىن
قەدىمكى دەۋرنى مەنبە قىلغان بولۇپ. ئېغىزدىن - ئېغىزغا
كۆچۈپ تارقىلىش شەكلى ئارقىلىق شيا سۇلالىسى دەۋرىگىچە
تارقىلىپ يېتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا، يەنە
شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، گۈيفاڭلار رىۋايەتلەر دەۋرىدىكى
شيا سۇلالىسى دەۋرىدىلا، ئەينى مەزگىلدىكى كىشىلەرنىڭ
بىلگىنى بويىچە خاتىرىگە ئېلىنغانىدى.

گۈيفاڭلارنىڭ رىۋايەتلەر دەۋرىدىكى جايلىشىشى ھەققىدە،
«تاغ - ئېزىملار قۇرئىنى. ئەلنامە»دە: «گۈرلار ئېلى ئەرفۇجىشنىڭ
شىمالىدا»؛ «ئەرفۇجىشىن ئۆلارنىڭ شەرقىدە» دېيىلگەن.
لىيۇ شىن ««تاغ - ئېزىملار قۇرئىنى» دىكى مەلۇماتلار» دا:
«ئەرفۇجىشى شيائجۈن ۋىلايىتىدە» دېگەنىدى. بۇ يەر
ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى سۈيدېنىڭ شىمالىدا ئىدى.
شەنشىنىڭ شىمالى ۋە ئىچكى موڭغۇلنىڭ خېتاۋ رايونى گۈر
ئېلىنىڭ زېمىنلىرى ئىدى. «تاغ - ئېزىملار قۇرئىنى. يۇقىرىقى
ئايدالا» دا ۋېي جەمەتىدىكى «يەكچەشىملەر»، «چۈەنروڭ»
ۋە «چۈەنروڭلار ئېلى» ماددىلىرىدا بايان قىلىنغان بولۇپ،

ئۇلارنىڭ زېمىنلىرى چۆنروگلار بىلەن قوشنا يەنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردا ئىدى. «تاغ ــ ئېرىسلار قورئى. ئەلنامە» دە «دىڭلىڭ ئېلى» نىڭ ئورۇنلاشقان ئورنى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، مەزكۇر قىسسەنىڭ «شىمالىي دېڭىزنىڭ ئىچىدە» (رۇەن يۈەن ئىزاھلىغان نۇسخىدا: «ماۋ يىنىڭ نۇسخىسىدا ‹ئىچىدە› دېگەن سۆز ‹جەنۇبىدا› دەپ يېزىلغان» دېيىلگەن) دېگەن ماددىسىدا، ئاۋۋال دىچاگلار، كېيىن دىڭلىڭلار ئېلى، ئاندىن كېيىن يەن، خۇاڭ جامائەسى خاتىرىلەنگەندى. بۇ يەردىكى «شىمالىي دېڭىز» نى «تارىخىي خاتىرىلەر» بىلەن «خەننامە» دە خاتىرىلەنگەن شىمالىي دېڭىز (خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىمالىي دېڭىز ھازىرقى بايقال كۆلىنى كۆرسىتەتتى) دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولمىسمۇ،⑤ ئەمما دىڭلىڭ ئېلى بايقالنىڭ جەنۇبىدا ھەم ۋېيشۈي دەرياسى بىلەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىدىكى خۇاڭ، يەن، دىچاڭ جامائەلىرى بىلەن قوشنا زېمىنلارغا تارقالغان بولۇپ، ئۇ جايلار مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى گەنسۇدىن ئىچكى موڭغۇلدىكى خېتاۋغىچە بولغان رايونلار ئىدى. ئومۇمەن، مەملىكىتىمىزنىڭ رىۋايەتلەر دەۋرىدىكى گۇيفاڭ (گۇر ئېلى، يەكچەشمەر ئېلى، دىڭلىڭلار ئېلى) لارنىڭ تارقالغان رايونلىرى، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي رايونى يەنى ھازىرقى شەنشىنىڭ شىمالىي قىسمى، ئىچكى موڭغۇلنىڭ خېتاۋ رايونى، نىڭشىيا ۋە گەنسۇنىڭ خېشى ئارىلىقى ئەتراپلىرى ئىدى.

شياڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۇيفاڭلارنىڭ تارقالغان ئورۇنلىرى، «ئاستا ئىلىقتىن تېپىلغان جۇنامە. ۋاڭ خۇي شەرھى» دە خاتىرىلەنگەن يىجۇنىڭ تۆت ئەتراپتىكىلەردىن تارتۇق ئېلىش پەرمانىدا «كۇئېنلۇندىكى سەگلەر ئېلى بىلەن گۇرچىنلارنىڭ دەل غەربىدە» دېيىلگەن. كۇئېنلۇن يەر نامى،

سەگەلەر ئېلى، چۈەنروڭلاردەك قىلىدۇ. «زوچيۇەنىڭ تەپسىرى» دە جاۋ گوڭنىڭ 14 - يىلىدا شياڭ سۇلالىسى گورچىنلارغا «تارتۇق ۋە ئىنئام بېرىپ، ئۇلار بىلەن بىرلەشتى» دېيىلگەن، دۈيۈنىڭ ئىزاھىدا «چىن (秦)، تۈت ئەتراپتىكى جامائەلەردۇر» دەپ كۆرسىتىلگەن. گورچىن — گۈيفاڭلارنىڭ جامائەلىرى (جەمەتلىرى) نى كۆرسەتتى. شياڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جى يى ھازىرقى خېنەندىكى ئەنياڭنى مەركەز قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىدىكى ھازىرقى سەنشىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار شياڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ شىكار قىلىدىغان رايونى ئىدى. جىڭۋېي دەريا ۋادىلىرى بولسا شياڭ سۇلالىسىگە قاراشلىق جۇ جامائەسىنىڭ تارقالغان ئورۇنلىرى بولۇپ، گۇر ئېلىنىڭ تارقالغان جايلىرى، جۇ جامائەسىنىڭ تارقالغان ئورۇنلىرىنىڭ غەربىدە، يەنى ھازىرقى گەنسۇ، نىڭشيا ئەتراپلىرى ئىدى. «ماۋ چاڭ - ماۋ خېڭ نەزمىلىرىنىڭ يەشمىسى»دە: «گوگۇڭ بىن دېگەن جايدا ئولتۇراقلاشقاندا، دىلار دائىم بۇ جايلارغا تاجاۋۇز قىلىپ تۇراتتى» دېيىلگەن. دىلارنىڭ بىن دېگەن جايغا بېسىپ كىرگەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان جايلىرى بىن دېگەن جايدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ياكى ئۇنىڭغا قوشنا ئورۇنلاردا ئىدى. «كېيىنكى خەننامە. غەربىي چاڭلار ھەققىدە قىسسە» دە: «ۋۇدىڭ (يىن گاۋزۇڭ) غەربىي چاڭلار بىلەن گۈيفاڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلغان» دېيىلگەن. چاڭلار جامائەسى تارىختىن بۇيان مەملىكىتىمىزنىڭ گەنسۇ، چىڭخەي رايونلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەنىدى، ۋۇدىڭ جازا يۈرۈشى قىلغان گۈيفاڭلار مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمى ۋە غەربىي چاڭلار بىلەن چېگرىداش رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان بولسا كېرەك. «قەدىمكى بامبۇك يىلنامە» دە جۇ سۇلالىسى پادىشاھى جىپ «شىلودىكى گۈيرۇڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى» دېيىلگەن، شىلو يەنى

غەربتىكى لوشۇي دەرياسى ئىدى. قەدىمكى دەۋردە لياۋ، شۇي نامىدىكى دەريادىن تۆتىنىڭ بولغانلىقىغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ بىرى، ھازىرقى خېنەندىكى لوياڭنىڭ شەرقىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ خۇاڭخې دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان لوخې دەرياسى ئىدى⑦؛ ئىككىنچىسى، شەنشىنىڭ ۋۇجى ناھىيىسىدىن باشلىنىپ، شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ ۋېيخې دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان لوخې دەرياسى ئىدى⑧؛ ئۈچىنچىسى، بولسا سىچۇەننىڭ شىمالىي قىسمىدىن شەرققە قاراپ ئېقىپ مىنجياڭ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ⑨؛ تۆتىنچىسى، ھازىرقى نىڭشيا چېگرىسى ئىچىدە ئىدى. نىڭشيانىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى لوشۇي دەرياسى ھەققىدە «تاغ - ئېزىملار قۇرئى. قىبلىدىكى تاغ - قىبلىدىكى تۆت تەرەپ» تە: «جىڭشۇي دەرياسى جۇڭگو تېغىدىن باشلىنىدۇ...... ئۇنىڭ غەربىدىن 120 چاقىرىم يىراقلىقتا گاڭشەن تېغى بار، ئۇنىڭ غەربىدىن يەنە 200 چاقىرىم يول يۈرگەندە گاڭشەن تېغىنىڭ ئايىغىغا يېتىكىلى بولىدۇ. بۇ لوشۇي دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى بولۇپ، شىمالغا قاراپ ئېقىپ، خۇاڭخې دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇ يەردىكى لوشۇي دەرياسى ھازىرقى شەنشىدىكى جىڭشۇي دەرياسىنىڭ غەربى بىلەن نىڭشيادىكى جىڭيۈەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا ئىدى. يۇ جوگېڭ «تاغ ئېزىملار قۇرئى» دىكى جۇغراپىيىۋى مەلۇماتلارغا ئىزاھ» دا: «گاڭشەن تېغى دېگەن سۆزنى يۆشەن تېغى دەپمۇ ئوقۇشقا بولىدۇ، يۆشەن تېغىنىڭ ئايىغى، ھازىرقى گەنسۇنىڭ گويۈەن ئايمىقىدىكى جىتو، ليۇ پان، دافاڭ، شيۇمى تاغلىرىدۇر، ئۇ شەنشىدىكى لوڭجو تېغى بىلەن ئۆزئارا يانتۇ تۇتىشىپ تۇرغاچقا، بۇرۇندىن تارتىپ يۆشەن تېغىنىڭ ئايىغى دەپ ئاتالغان. لوشۇي دەرياسى ھازىرقى چىڭشۇيخې دەرياسىدۇر، شىمالغا قاراپ ئېقىپ، لىڭجودىكى مىڭشا قورغىنىنىڭ غەربىدە خۇاڭخې

دەرياسىغاقۇيۇلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. جوۋاڭجىيې گۇيروگىلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ بارغان لو دېگەن جاي «شىلو» (غەربىي لو) دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، چىشەن تېغى ئېتىكىنىڭ غەربىدە ئىدى؛ ئالدىنقى ئۈچ لوشۇي دەرياسى جۇ جامائەسى ئېلىنىڭ غەربىدە ئەمەس ئىدى. شىلو (لو) دەپمۇ ئاتالمىغانىدى. پەقەت بۇنىڭدىكى لوشۇي دەرياسىلا چىڭشۇيخې دەرياسىنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. يۇقىرىقىلارنى خۇلاسىلىگەندە، شياڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۇيفاڭلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئورۇنلىرى، ئۇلارنىڭ رىۋايەتلەر دەۋرىدىكى ئولتۇراقلاشقان ئورنى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاشتى.

جۇ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت پۈتۈكنامىلەردىمۇ، گۇيفاڭلارنىڭ تارقالغان ئورۇنلىرىغا دائىر مەلۇماتلار داۋاملىق ئۇچرايدۇ. «لياڭ بېگنىڭ يالمىنى» دا: «گۇيفاڭ بەدىۋىلىرى» ۋە «لياڭ بېگى ئۇرۇش قىلغان» دېگەن مىتال پۈتۈك يېزىقلىرى ئۇچرايدۇ. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، «لياڭ بېگنىڭ يالمىنى» نى غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، لياڭ بېگى گۇيفاڭلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قۇيدۇرغانىدى[10]. لياڭ بېگنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى، هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خەنچېڭ ناھىيىسىدە ئىدى. لياڭ بېگى بىلەن گۇيفاڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن سۈركىلىشلەر، گۇيفاڭلارنىڭ لياڭ بېگنىڭ سۇيۇرغاللىقىدا ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى گۇيفاڭلارنىڭ تارقالغان رايونلىرىنىڭ هازىرقى شەنشى، نىڭشيا چېگرىسى ئىچىدىن گۇەنجوڭ تۈزلەڭلىكىگە تۇتىشىدىغان لوخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىغىچە كېڭەيگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «كىچىك يۈي داڭقىنى» غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى كاڭۋاڭنىڭ دەۋرىدىكى ئەسۋاب بولۇپ، بۇ مىتال

يۇتۇكتە جۇ سۇلالىسىنىڭ گۇيفاڭلارغا قارشى ئېلىپ بارغان جازا يۈرۈشلىرى خېلى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن؛ گەرچە مېتال يۇتۇكتە ئۇرۇش بولغان ئورۇن خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇشنى، گۇيفاڭلارنىڭ جىڭلو دەريا ۋادىسىغا قىلغان كېڭىيىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى، ئۇرۇش جۇ سۇلالىسى بىلەن گۇيفاڭلار تۇتىشىپ تۇرىدىغان چيەنلوڭدا ياكى لياڭ بېگىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنىنىڭ مەلۇم بىر ئورنىدا يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

قىسقىسى، رىۋايەتلەر دەۋرىدىكى شيا سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ، تاكى جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى كاڭۋاڭنىڭ دەۋرىگىچىلىك بولغان ئارىلىقتا، گۇيفاڭلارنىڭ تارقالغان ئورۇنلىرىدا مەلۇم ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار باشتىن - ئاياغ موڭغۇل چوڭ چۆللۈكىنىڭ جەنۇبىدىكى شەنشىدىكى ۋېيشۈي دەرياسىنىڭ شىمالى، ئىچكى موڭغۇلدىكى خېتاۋ ۋە نىڭشيا، گەنسۇ رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان، مەملىكىتىمىزنىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخى دەۋرىدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلار خۇاڭخې دەرياسىدىكى خۇاشيا جامائەسى بىلەن بىرلىكتە، مەملىكىتىمىزنىڭ يىراق قەدىمكى زامان دەۋرىدىكى ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىدە ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىلىرىنى قوشقان.

## 2. گۇيفاڭلار بىلەن شياڭ، جۇ سۇلالىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى

رىۋايەتلەر دەۋرى بىلەن شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى گۇيفاڭلار، خۇاشيا جامائەسى بىلەن قوشنا جايلاردا ياشىغاچقا،

ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتنىڭ بولغانلىقى شۈبھىسىز ئىدى. بۇ توغرىلىق شيا سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت مەنبەلەردە خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. «ئاستانىلىقتىن تېپىلغان جۇنامە» گە ئاساسلانغاندا، شياڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى يى جۇن غەرب تەرەپتىكى گۇرچىنلارغا شياڭ سۇلالىسىگە ئۆز جايىدىن چىقىدىغان قىزىل بوياق، ئاق قوتاز قۇيرۇقى، پالاس، ئەنبەر، مۈڭگۈز، تاشپاقا تاپشۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق قىلغان؛ غەربىي شىمال تەرەپتىكى دى قەبىلىلىرىگە نار تۆگە، ئاق قاشتېشى، ياۋا ئات، دۇلدۇل، چاپقۇر ئات، ئېسىل ئوقيا تەقدىم قىلىشنى بۇيرۇق قىلغان. دەرۋەقە گۇيفاڭ قەبىلىلىرى شياڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، شياڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ھەمدە شياڭ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇرىدىغان بىر ئاز سانلىق مىللەت ئىدى، يېقىنقى يىللاردا شەنشىدىكى چىشەن تېغى ئېتىكىدىن تېپىلغان غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت چىغىناق - سۆگەك پۈتۈك پالنامىلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر پارچە پالنامىدە: «乎实商西، 入鬼吏 (事)» دېيىلگەن. تەكشۈرۈپ دەلىللەشلەرگە ئاساسلانغاندا، «‹实› خېتى ئادەم ئىسمىنى، ‹商› خېتى ‹ئىنئام قىلىش›، تىكى ‹赏› خېتىنى، ‹入鬼吏› بولسا ‹گۇيفاڭلاردىن...... مەنسەپكە تەيىنلەندى› دېگەننى بىلدۈرۈپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ھال گۇيفاڭلارنىڭ جۇ سۇلالىسىدە خىزمەت قىلغانلىقى بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئىناق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» ⑫.

لېكىن شياڭ سۇلالىسى بىلەن كېيىن باش كۆتۈرۈپ چىققان جۇ سۇلالىسى، مەملىكىتىمىزنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ، قۇللارنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ئۇرۇشتىكى ئەسىرلەر ئىدى. شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگىمۇ قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ چوڭقۇر تامغىسى

نىڭ بېسىلىشى شەكسىز ئىدى. شىياڭ، جۇ سۇلالىلىرىنىڭ قۇلدارلار سىنىپى قۇللارغا ئىگە بولۇش ۋە قۇللارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن دائىم دېگۈدەك، ئەتراپتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا ئۇرۇش قوزغايتتى. چىغىناق - سۆڭەك پۈتۈك پالنامىلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، شىياڭ سۇلالىسى ئاساسەن غەرب ۋە غەربىي شىمال تەرەپلەردىكى توفاڭ 方国، تۇفاڭ، گۈيفاڭ، گوفاڭ قاتارلىقلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغايتتى. جۇ سۇلالىسىمۇ ئەتراپتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا ئۇرۇش قوزغىغانىدى. «ئاستانىلىقتىن تېپىلغان جۇنامە. نەسەبىي ئەسەرلەر ھەققىدە پارچىلار» غا ئاساسلانغاندا، جۇ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە «99 بەگلىك يوقىتىلغان»، «652 بەگلىك ئەل قىلدۇرۇلغان»، «177 مىڭ 729 ئادەمنىڭ كاللىسى ئېلىنغان»، «310 مىڭ 230 ئادەم ئەسىرگە ئېلىنغان.»⑬ غەربىي شىمال رايونىدىكى گۈيفاڭ، رۇڭ قەبىلىلىرى بىلەن خۇەيىي رايونىدىكى بەدەۋىلەر ئەللىرىنىڭ ھەممىسى شىياڭ، جۇ سۇلالىلىرىدىكى قۇلدارلارنىڭ دائىم ئۇرۇش قوزغاپ قۇللارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

شىياڭ، جۇ سۇلالىلىرى قۇلدارلار دۆلىتىنىڭ گۈيفاڭلارغا قارشى ئېلىپ بارغان جازا يۈرۈشلىرىنىڭ ئىچىدە كۆلىمى بىر قەدەر چوڭراق بولغان ئۇرۇشتىن تۆۋەندىكى ئۈچ قېتىمقىسىنى مىسالغا كەلتۈرىمىز:

بىرىنچى قېتىمقىسى، شىياڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ پادىشاھى ۋۇدىنىڭ زامانىدا يۈز بەرگەنىدى. ئەينى زاماندا بىن دېگەن جايدا ئولتۇرۇشلۇق، شىياڭ سۇلالىسىگە قاراشلىق جۇ جامائەسى دائىم دېگۈدەك رۇڭ، دى جامائەلىرىنىڭ پاراكەندە قىلىشىغا ئۇچراپ تۇراتتى. «دۆلەت ئەربابلىرى

ھەققىدە بايان. جۇ بەگلىكىدىكى ئەربابلار ھەققىدە بايان» دا كوڭلىيۇنىڭ ئەجدادى بۇجۇ «رۇڭ ۋە دىلارنىڭ ئارىسىغا قېچىپ شۇ يەردە بېرىپ ئۆلگەن» لىكى خاتىرىلەنگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر. جۇ سۇلالىسى پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرىلەر» دە كوڭلىيۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ «رۇڭ، دىلارنىڭ ئارىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان» لىقى خاتىرىلەنگەن. كوڭلىيۇ پايتەختىنى تەي دېگەن جايدىن بىن دېگەن جايغا كۆچۈرگەنىدى، «تارىخىي خاتىرىلەر. جۇ سۇلالىسى ھەققىدە قىسسە» دە بۇ قېتىمقى كۆچۈشنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ھېچنەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدىكى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، رۇڭ، دىلار بىلەن بولغان سۈركىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. كوڭلىيۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ يەتتىنچى ئەۋلادى گاۋيۇگە قەدەر، يەنى شياڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ پادىشاھى ۋۇدىڭنىڭ دەۋرىگىچىلىك سەلتەنەت سۈرگەنىدى. ⑭ «پالنامە. رەمباللىق» تا: «پادىشاھ گاۋزۇڭ گۈيفاڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۈچ يىلدا ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان» دېيىلگەن. قۇدرەتلىك شياڭ سۇلالىسى ئۈچ يىللىق ۋاقتىنى سەرپ قىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلىگەن بولۇپ، بۇ ھال گۈيفاڭلارنىڭمۇ شياڭ سۇلالىسىگە قارشى كەسكىن ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش ئېلىپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش شياڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەلۋەتتە قۇل بولاش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئەمما گۈيفاڭلارغا قوشنا جايلاردا ئولتۇراقلاشقان جۇ جامائەسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغىمۇ پايدىلىق ئىدى.

گاۋيۇ باشچىلىقىدىكى جۇ جامائەسى ۋۇ دىڭنىڭ گۈيفاڭلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشىغا قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن. جۇ جامائەسىنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنى، شيا سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇ بىلەن شياڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شياڭجياۋېيدىن

ئىبارەت مىللەتنىڭ گۈللىنىش ۋە مۇنقەرز بولۇشىدا زور تۆھپە قوشقان كىشىلەر بىلەن تەڭ قاتاردا قويۇپ، ئەڭ كاتتا نەزىر – چىراغلار ئارقىلىق ئۇنى خاتىرىلىگەنىدى، [15] ھەتتا ئەمىنىيە دەۋرىگە كەلگەندىمۇ، چۇ جىڭۋاڭ يەنە تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن ئۆزىنىڭ گاۋ يۈ، يا يۈ (گاۋيۈنىڭ بالىسى) لەرنىڭ تۆھپىلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

ئىككىنچى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك جازا يۈرۈش، شياڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋاڭ يىنىڭ دەۋرىدە يۈز بەرگەنىدى. چۇ جامائەسىدە گاۋيۈ ئۆلگەندىن كېيىن گوگوڭ دەنفۇنىڭ دەۋرىگىچىلىك ئۈچ ئەۋلاد ئۆتتى. ئەينى ۋاقىتتا گۈيفاڭلار ئارام ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ئارقىلىق يەنە كۈچەيگەچكە، بىر دېگەن جاينى تارتىۋېلىش ئۈچۈن چۇ جامائەسى بىلەن كۈندىن – كۈنگە دەھشەتلىك بولغان ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان. دىلارنىڭ تەھدىتى تۈپەيلىدىن چۇ جامائەسىدىكىلەر بىر دېگەن جايدا ياشاشقا ئامالسىز قالغانىدى. «ماۋ چاڭ – ماۋ خېڭ نەزمىلىرىنىڭ يەشمىسى» دە: «گوگوڭ دەنفۇ بىن دىيارىدا تۇرۇۋاتقان چاغدا، دىلار بىن دىيارىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. گوگوڭ دەنفۇ ئۇلارغا مال – دۇنيا بەرسىمۇ، ئۇلار رازى بولۇشمىدى؛ ئۇلارغا سەممىيەتلىكىنى بىلدۈرسىمۇ، ئۇلار يەنە رازى بولۇشمىدى؛ ئۇنچە – مەرۋايىت، قاشتاشلىرىنى بەرسىمۇ، ئۇلار يەنە رازى بولۇشمىدى. گوگوڭ دەنفۇ قول ئاستىدىكى چوڭ – كىچىكلەرگە: «دىلار ئاچكۆز بولغاچقا بىزنىڭ يېرىمىزگە بېسىپ كىردى. مەن قول ئاستىمدىكىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، ئۇلارغا ھۆكۈمران بولۇشنىڭ بۇنداق ئىشىنى قىلالمايمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ قوۋملىرىنى باشلاپ، لياڭشەن تېغىدىن ئېشىپ، چىشەن تېغى ئېتىكىگە كېلىپ جايلاشتى» دېيىلگەن. گوگوڭ دەنفۇ بىن دىيارىدىن ۋاز كېچىپ،

چىشەن تېغىنىڭ ئېتىكىدىكى جويۈەن دېگەن جايغا كۆچۈپ
كېلىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئەمما ئۇ بۇ جايدا ئۇزاق
ئۆتمەيلا يەنە دىلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان. گوگوڭ
دەنفۇ بىر تەرەپتىن جۇ جامائەسىگە باشچىلىق قىلىپ
دىلار بىلەن ئۇرۇش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قەبىلە
تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىپ، يەرلەرنى بۆلۈپ تېرىشنى،
ئەمەلدارلىق تەسىس قىلىپ جۇيۈەن دېگەن
جاينىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدىن پايدىلىنىپ، ئىشلەپ
چىقىرىشنى راۋاجلاندۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇ
جامائەسىدىكىلەر سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغان ھەمدە
تېخىمۇ كۈچەيگەن. گوگوڭ دەنفۇ ئۆلگەندىن كېيىن جىلى
تەختكە چىقتى، بۇ ۋاقىت شياڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى
ۋۇيىنىڭ سەلتەنەت دەۋرىگە توغرا كېلەتتى. جىلى گوگوڭنىڭ
ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، شياڭ سۇلالىسى
بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇردى.
ۋۇيىنىڭ 34 - يىلى ئۇ شەخسەن شياڭ سۇلالىسىنىڭ
پايتەختىگە بېرىپ ۋۇيى بىلەن كۆرۈشكەن ھەمدە شياڭ
سۇلالىسىنىڭ قولدار ئاقسۆڭەكلىرى ئىچىدىكى رېن جەمەتىنىڭ
جى ئۇرۇقى بىلەن قۇدىلاشقان، شياڭ سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ
ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ، جۇ جامائەسىنىڭ
كۈچىنى تېخىمۇ زورايتقان. قۇدرەتلىك شياڭ سۇلالىسىنىڭ
قوللىشى ئاستىدا، يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان جۇ
جامائەسىنىڭ قولدارلار سىنىپى گۈيفاڭلارغا قارىتا ھۇجۇم
قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئۇلار زەربە بېرىشنىڭ نۇقتىسى-
نى ئاۋۋال، جۇ جامائەسىنىڭ بازىسى بولغان جۇيۈەن دېگەن
جايغا يېقىن بولغان شىلونىڭ ئەتراپىدىكى گۈيفاڭ قەبىلى-
لىرىگە قاراتقان. «قەدىمكى بامبۇك يىلنامە»
دە: «ۋۇيىنىڭ 35 - يىلى (يەنى جۇۋاڭجىي شياڭ سۇلالىس-

نىڭ پادىشاھى ۋۇيىنى تاۋاب قىلىپ قايتىپ كەلگەن ئىككىنچى يىلى)، جوۋاڭ جيې شىلودىكى گۈيفاڭلارغا ⑰ جازا يۈرۈشى قىلىپ، دىلارنىڭ ㉒ خانىنى ئەسىرگە ئالغان» دېيىلگەن. «پالنامە، ئاخىرقى رەم» دە: «جېن گۈيفاڭلارغا قارشى جازا يۈرۈش ئېلىپ بېرىشتا ئۈدا ،ئۈچ يىلغىچە ئۇلۇغ ئەلنىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولغان» دېيىلگەن. بۇ يەردىكى «جېن»، دېگەن ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا جوۋاڭجيې بولۇشى مۇمكىن. ⑱ «ئۇلۇغ ئەل» شياڭ سۇلالىسىنى كۆرسەتكەن بولۇپ. جوۋاڭ جيېنىڭ بۇ قېتىمقى يۈرۈشتا، شياڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇيىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەسىرگە ئېلىنغان گۈيفاڭلارنىڭ ئادەم سانى ئىچىدە، يالغۇز ئاقساقاللىرىدىنلا 22 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەسىرگە ئېلىنغانلارنىڭ ئادەم سانىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. جى لى ئۇزاق ئۆتمەي يەنە «يىن سۇلالىسىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار» لىقىغا تەيىنلىنىپ، شياڭ سۇلالىسىنىڭ غەربتىكى ئەڭ كۈچلۈك بېقىندى ئېلىگە ئايلانغاندى.

ئۈچىنچى قېتىم گۈيفاڭلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان كەڭ كۆلەملىك جازا يۈرۈشى، جۇ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن يۈز بەرگەنىدى. غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرى مەملىكىتىمىز قۇللۇق جەمئىيىتىنىڭ تولۇق گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ، قۇللۇق تۈزۈم ئىقتىسادىي، شياڭ سۇلالىسى دەۋرىگە قارىغاندا تېخىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. گۈيفاڭلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان جازا يۈرۈشىمۇ، كۆلەم جەھەتتە شياڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭكىدىن تېخىمۇ زورايغانىدى. كومورو، چېن مىڭجيا قاتارلىقلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، چوڭ - كىچىك يۈي داڭقىنى، جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى كاڭۋاڭنىڭ دەۋرىدىكى جابدۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «چوڭ يۈي

داڭقىنى» دا خاتىرىلىنىشىچە، يۈي جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى كاڭۋاڭ تەرىپىدىن «رۇڭلارغا قارشى پىدائىيلار مەھكىمىسىنىڭ بېگى» يەنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلىرىنى باشتىن - ئاياغ باشقۇرىدىغان باشلىقلىققا تەيىنلەنگەنىدى⑳. «كىچىك يۈي داڭقىنى» دا جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى كاڭۋاڭنىڭ يۈيىنى ئىككى قېتىم قوشۇن باشلاپ بېرىپ گۈيفاڭلارغا قارشى جازا ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتكەنلىكى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتا يۈي «ئىككى نەپەر قەبىلە باشلىقى» نى تىرىك تۇتقان، 4812 دانە «بەلگە قولاق» (ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن دۈشمەننىڭ سول قولىقى) يىغىۋالغان، «13 مىڭ 81 ئادەم ئەسىر ئالغان»، «30 دانە ھارۋا ئولجا ئالغان»، «□□ ئات ئولجا ئالغان»، «355 كالا ئولجا ئالغان»، «38 تۇياق قوي ئولجا ئالغان». ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتا، بىر نەپەر قەبىلە باشلىقىنى تىرىك تۇتقان، 237 دانە «بەلگە قولاق» يىغىۋالغان، □□ ئادەم ئەسىر ئېلىنغان، 104 تۇياق ئات ئولجا ئالغان، 100 □ دانە ھارۋا ئولجا ئالغان. ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا گۈيفاڭلارنىڭ جەمئىي ئىككى تۈمەنگە يېقىن ئادىمى ئەسىر ئېلىنغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇرۇشنىڭ كۆلىمىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شۇنىمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، خۇاشيا مىللىتى بىلەن گۈيفاڭ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا، بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرى بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشمۇ مەۋجۇت ئىدى. مەسىلەن، 1956 - يىلى شەنشىدىكى تيودې دېگەن جاينىڭ ۋۇتۇ كەنتىدىن شياڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە مەنسۇپ بىر تۈركۈم بىرونزا قوراللار تېپىلغان، بۇ قوراللارنىڭ ئىچىدە داڭقان، قومغان، چۆگۈن،

جام، جاۋۇر، ساپلىق، ئارا، ئىسكىنە، پىچاق، خەنجەر، يالمان، تەبەر قاتارلىقلار بار ئىدى، قوراللارنىڭ شەكلى بىلەن نەقىشلىرى شياڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى قوراللار بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما يەرلىك ۋە كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى㉑. تودىغا قوشنا بولغان بودې، شىلو قاتارلىق جايلاردىمۇ، ۋۇتۇ كەنتىدىن تېپىلغان قوراللارغا ئوخشاش، شياڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە مەنسۇپ بىرونزا قوراللار تېپىلغان㉒. بۇ بىرونزا قوراللارنىڭ شياڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۇيفاڭلاردىن قالغان يادىكارلىق ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى، ئەلۋەتتە يەنىلا تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شياڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ بىرونزا مەدەنىيىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا، شىمالىي شەنشى، خېتاۋ رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، بولۇپمۇ شياڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ۋە كەڭ رايونلارغا تارقالغانلىقىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت بىلەن ئىسپاتلاپ بەرگەنىدى.

## 3. گۇيفاڭلارنىڭ تارقىلىشى ۋە كۆچۈشلىرى

شياڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدىڭنىڭ گۇيفاڭلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كەڭ كۆلەملىك جازا يۈرۈشلىرى، بولۇپمۇ شياڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە جۇ جامائەسىنىڭ ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى جىڭخې دەريا ۋادىسىدا باش كۆتۈرۈپ چىقىشى، بۇ رايوندىكى خۇاشيالار بىلەن گۇيفاڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشى-

لىق ۋەزىيەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى، ئەگەر گوگوڭ دەنفۇدىن ئىلگىرى گۈيفاڭلار ھۇجۇم قىلىش ھالىتىدە، جۇ جامائەسى مۇداپىئە ھالىتىدە تۇراتتى دېيىلسە، ئۇنداقتا گوگوڭ دەنفۇ جۇيۈەن دېگەن جايغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، گۈيفاڭ خەلقى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان جۇ جامائەسى قولدارلار ھاكىمىيىتىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلانغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

شياڭ سۇلالىسىگە يېقىن جايلاردا ئولتۇراقلاشقان گۈيفاڭلارنىڭ بىر قىسىم قەبىلىلىرى شياڭ سۇلالىسى بىلەن جۇ بەگلىكىنىڭ بىرلەشمە كۈچلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا ئۇرۇش ئاپەتلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شياڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولۇشتى؛ ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى بۇ تۆھپىسى ئۈچۈن بەگلىك ئۇتۇغاتىغا ئېرىشىپ، تارىختا «گۇر بېگى» دەپ ئاتالدى㉓. شياڭ جۇۋاڭنىڭ دەۋرىدە گۇر بېگى بىلەن كۈنپېتىش بېگى چاڭ، ئېخۇ (سۇيۇرغاللىق زېمىنى ھازىرقى شەنشىنىڭ نىڭشياڭ ناھىيىسىدە) قاتارلىقلار بىرلىكتە ئۈچ ۋەزىرلىك ئۇتۇغاتىغا ئېرىشكەنىدى. گۇر بېگى يەنە شياڭ سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىپ، قىزىنى شياڭ جۇۋاڭغا ياتلىق قىلغانىدى. گۇر بېگىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى توغرىسىدا «تارىخىي خاتىرىلەر. يىن پادىشاھلىرى ھەققىدە» نىڭ شەرھىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن «زېمىنلار تەپسىرى» دە: «شياڭجو ئايمىقىنىڭ فۇياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 50 چاقىرىم يىراقلىقتا توققۇز بەگلىكلەر قەلئەسى بار، باشقىچە نامى گۇر قەلئەسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ يىن دەۋرىدىكى توققۇز بەگلىكلەر قەلئەسىدۇر» دېيىلگەن. ئۇنىڭ ئورنى خېبېيدىكى ھازىرقى سىشيەن ناھىيىسىدە ئىدى㉕. تارىخىي كىتابلاردا گۇر بېگىنىڭ قول ئاستىدىكى گۈيفاڭلارنىڭ ئەل

بولغان قوۋملىرىنىڭ سانى ۋە ئۇلارنىڭ تارقالغان ئورۇنلىرى مۇنداقچىلا خاتىرىلەنگەنىدى، گۇر بېگىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنىنىڭ ھازىرقى سىشيەن ناھىيىسى ئىچىدە ئىكەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى گۇيفاڭلارنىڭ ئەل بولغان قوۋملىرى، ھازىرقى سىشيەن ناھىيىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ئولتۇراقلاشقانىدى. شىياڭ سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن جۇ چېڭۋاڭ ئۆزىنىڭ تاغىسى يۇ خۇەيشىڭگە توقتۇز ئۇرۇقنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەچكە، تارىخچىلارنىڭ ھەممىسى خۇەي جەمەتىدىكىلەرنى بىردەك يەنى گۇر جەمەتىدىكىلەر دەپ ئاتىغانىدى[26]. خۇەي جەمەتىنىڭ توقتۇز ئۇرۇقى يەنى يىن دەۋرىدىكى جوۋاڭنىڭ مەزگىلىدىكى گۇر بېگىنىڭ باشچىلىقىدىكى گۇيفاڭلارنىڭ ئەل بولغان قوۋملىرى ئىدى، شۇڭا ئۇلار توققۇز بەگلىكلەر دەپمۇ ئاتالغانىدى. بۇ ئېھتىمال گۇر بېگىنىڭ باشچىلىقىدىكى گۇيفاڭلارنىڭ ئەل بولغان قوۋملىرىنىڭ ئىچىدە توققۇز ئۇرۇق ياكى توققۇز قەبىلىنىڭ بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن[27]. ياكى بولمىسا «گۇر» ياكى «جيۇ» (توققۇز) نىڭ بىرىنىڭ ئاھاڭى بىلەن پەرقلەندۈرۈلگەنىدى. بۇنىڭدىن شىياڭ جوۋاڭ دەۋرىدىكى گۇيفاڭلارنىڭ ئەل بولغان قوۋملىرىنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئورۇنلىرىنى، غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى جىن بەگلىكىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە، يەنى ھازىرقى سەنشىنىڭ جەنۇبىي ياكى شەرقىي جەنۇبىدىكى مەلۇم جايلاردا بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ (بۇ جايلارنىڭ شەرقىي گۇر بېگىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنىدىن ئانچە يىراق ئەمەس). «تارىخىي خاتىرىلەر. يىن پادىشاھلىرى ھەققىدە خاتىرىلەر» گە ئاساسلانغاندا، گۇر بېگى ئۈچ ۋەزىرنىڭ بىرلىك ئوتتۇغاتىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما

ئۇ ھەقىقىي قەدىرلەشكە ئېرىشەلمىگەنىدى. شياڭ جۇۋاڭ سەلتەنەتىنىڭ ئاخىرقى بىرقانچە يىلىدا، دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا، قۇللار بىلەن قۇلدارلار، ئاددىي خەلق بىلەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مىسلىسىز دەرىجىدە ئۆتكۈرلەشكەنىدى. ئۇ قۇللار بىلەن ئاددىي خەلقنىڭ كۈرىشىنىڭ يۈنىلىشىنى بۇرۇۋېتىش ئارقىلىق شياڭ سۇلالىسىنىڭ قۇلدارلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، مىللەتلەر ماجىراسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ئۇ يالغاندىن گۇر بېگىنىڭ قىزى «يولدىن چىقىپ كەتتى»[28] دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭ قىزىنى ئۆلتۈرگەن، بۇ ئارقىلىق گۇر بېگىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ، ئارقىدىنلا يەنە گۇر بېگىنىڭ ئۆزىنىمۇ قىيما - قىيما قىلىپ چاناپ ئۆلتۈرگەن. «نەزمىنامە. مۇناجات. لاغايلىماق» تا جۇ ۋېنۋاڭ شياڭ جۇۋاڭنى سۆكۈپ: «ئىچكى جەھەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ نەپرىتىنى قوزغىسا، تاشقى جەھەتتە گۇيفاڭلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى» دېگەنىدى، جۇ ۋېنۋاڭنىڭ دېگىنى ئېھتىمال مۇشۇ ۋەقەنى كۆرسەتسە كېرەك. جۇ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، بۇ بىر تۈركۈم گۇيفاڭ قوۋملىرى (يەنى خۇەي جەمەتىنىڭ توققۇز ئۇرۇقى)، جۇ سۇلالىسىنىڭ سۇيۇرغاللىقىدىكى جىن بەگلىكىنىڭ پۇقرالىرىغا ئايلانغانىدى، ئالاھازەل غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇاشيا مىللىتىگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتتى.

شياڭ، جۇ سۇلالىلىرىدىكى قۇلدارلارنىڭ قوزغىغان بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرىنىڭ زەربىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن گۇيفاڭلارنىڭ يەنە بىر قىسىم قوۋملىرى، مىللەتنىڭ كۆچۈش ھەرىكىتىنى قوزغىغانىدى.

گۇيفاڭلارنىڭ كۆچۈشى ھەققىدە، چىن سۇلالىسىدىن

بۇرۇنقى دەۋرىگە ئائىت يازما ماتېرىياللاردا ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرۇلمىغانىدى، پەقەت شيالڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇ دىڭنىڭ دەۋرىگە ئائىت ئىككى پارچە چىغىناق - سۆڭەك پۈتۈك پالنامىدە بۇ زور ۋەقەنىڭ ئۇچۇرىنى قىسقىچە قىلىپلا يورۇتۇپ ئۆتكەن. بۇ ئىككى پارچە پالنامە تېكىستىنىڭ تولۇق خاتىرىسى تۆۋەندىكىچە:

(1) قۇرئەندازنىڭ بېشارەت بېرىشىچە، توخۇ يىلىنىڭ 5 - ئېيىدا گۈيفاڭلار بالايىئاپەتلەر تۆپەيلىدىن يىراق تامان كۆچۈشكە باشلىغان («يىن خارابىلىقىدىن تېپىلغان يېزىقلارنىڭ B توپلىمى» 6684 - تارشا).

(2) بېشارەت بېرىلىشىچە، توخۇ يىلىنىڭ 5 - ئېيىدا گۈيفاڭلار ئاپەتلەر تۆپەيلىدىن يىراق تامان كۆچۈشكە باشلىغان («يىن خارابىلىقىدىن تېپىلغان يېزىقلارنىڭ A توپلىمى» 3343 - تارشا).

«سۆز - خەتلەر ئىزاھاتى» دا «易» خېتى «ئايرىلىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، «日» ۋە «勿» دېگەن ئىروگلىفتىن بىرىكىپ بارلىققا كەلگەن. بەزىدە «كېتىش» دېيىلسە، بەزىدە «ئۈزۈلۈش» ياكى «باشقىلاردىن پەرقلىنىش» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ، دېيىلگەن. «鬼方易» دېگەن سۆز توغرىسىدا، ھازىرقى كىشىلەردىن دىڭشەن «شيالڭ، جۇ سۇلالىلىرىنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ دەلىللەش» ناملىق ئەسىرىدە «易 خېتى 颺 (ياڭ) دەپمۇ ئوقۇلۇشى مۇمكىن، بۇ گۈيفاڭلارنىڭ يىراق تامان كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ» دەپ ئىزاھلىغان. ھازىرقى كىشىلەردىن يۈ شىڭۋۇمۇ «鬼方易 سۆزى توغرىسىدا ئىزاھ» ناملىق ئەسىرىدە «鬼方易 سۆزىگە بۇرۇندىن تارتىپ ھېچقانداق ئىزاھ بېرىلمىگەن»، 易 خېتى بىلەن 扬 خېتىنىڭ ھەر ئىككىلىسى

قەدىمكى ۋە ھازىرقى خەت شەكلىدۇر. جۇ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت مىتال پۈتۈك يېزىقلىرىدا 扬 خېتى كۆپىنچە شەكلىدە يېزىلغان، بۇ خەت 凡 خېتى بىلەن 手 خېتى شەكلىدىن بارلىققا كېلىپ ئورتاق ئىشلىتىلگەن. «سۆز-خەتلەر ئىزاھاتى» دا: «扬 خېتى كېتىش دېگەنلىكتۇر، ئۇ 手 شەكلىدە بولۇپ، 易 ئاھاڭىدا ئوقۇلىدۇ» دېيىلگەن. «نەزمە نامە. مېيەنشۇي دەرياسى» دا «ھەم كۆتۈلمىگەندە ھەم تۈزۈش دەپ خاتىرىلەنگەن». كېتىش بىلەن تۈزۈشنىڭ مەنىسى بىر-بىرىگە يېقىن كېلىدۇ. 扬 خېتى ئادەتتە يەنە 飏 دەپمۇ يېزىلاتتى، «نەسىرنامە. پەن گېڭ» دا خاتىرىلەنگەن 优贤扬历 دېگەن سۆزدىكى 扬 خېتىنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىلەر 飏 دەپ يازغان. جاڭ جەن «لېيزى. خۇاڭدى» دىكى «扬于地» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ «扬    » خەتلىرىنىڭ ھەممىسى 风 خېتى شەكلىدىن بارلىققا كەلگەن دەيدۇ؛ «鬼方易» دېگەن سۆزدىكى 易 خېتى پېئىل ئورنىدا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، گۇيفاڭلارنىڭ تۇزۇپ كەتكەنلىكىنى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ سەرسانلىقتا قالغانلىقىنىڭ دەرىجىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» دەپ يازغانىدى. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن پالنامىدىكى «鬼方易» دېگەن سۆز، گۇيفاڭلارنىڭ يىراق تامان كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ[29]. ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي كىتابلاردا، جۇكاڭۋاڭنىڭ گۇيفاڭلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئىككى قېتىملىق جازا يۈرۈشىدىن كېيىن ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە، گۇيفاڭلارنىڭ پۈتۈنلەي ئىز-دېرەكسىز يوقالغانلىقى، چۈەنرۇڭ ۋە شيەنيۈن دېگەن ناملارنىڭ ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەنلىكى يورۇتۇلغان. بىز بۇنى گۇيفاڭلارنىڭ كۆچكەنلىكىنىڭ ئېنىق بىر ھادىسىسى بولسا كېرەك دەپ قارايمىز.

گۆيفاڭلار قەيەرگە كۆچكەن؟ بۇمۇ ئوخشاشلا تارىخي كىتابلاردا ھېچقانداق ئىز قالدۇرۇلمىغان مەسىلىنىڭ بىرىدۇر. لېكىن بىز شۇنىڭدىن كېيىنكى گۆيفاڭلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى جەھەتتىن ئايرىم قىياسلارغىمۇ ئىگە بولالايمىز. «تارىخي خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا «ھونلار شىمالىدا دىڭلىڭلارنى بويسۇندۇرغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. ھونلار غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن ئاۋۋال ئاساسىنىقى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى چوغاي تېغىدىكى خېتاۋ رايونىغا تارقالغانىدى. ھونلارنىڭ شىمالىدىكى دىڭلىڭلار، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل دالاسىغا تارقالغانىدى (بۇ ھەقتە مۇشۇ كىتابنىڭ Ⅲ باب، 1 - بۆلۈمىگە قاراڭ). يەنە «خەننامە. سۇۋۇنىڭ تەرجىمىھالى» دا سۇۋۇ شىمالىي دېڭىزنىڭ بويىدا تۇرۇۋاتقاندا «دىڭلىڭلار ھەمىشە سۇۋۇنىڭ قوي، كالىلىرىنى ئوغرىلاپ كېتەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن، بۇنىڭدىن ھازىرقى بايقال كۆلى ئەتراپلىرىدىمۇ دىڭلىڭلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دەرۋەقە گۆيفاڭلارنىڭ بىر قىسىم خەلقلىرى شىمالغا كۆچكەنىدى. يەنە «زۇچيۇمىڭ تەپسىرى» جاۋگۇڭنىڭ 15 - يىلىدا «جىن بەگلىكىدىكى تاغلارنىڭ ئارىسىدا رۇڭ - دىلار ئۆزئارا قوشنا ئولتۇراتتى، ھالبۇكى بۇ جايلار جۇ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىدىن يىراقئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن؛ «دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان. جىن بەگلىكىدىكى ئەربابلار ھەققىدە باياننىڭ ئىككىنچىسى» دە «(جىن بەگلىكى) جىڭفودا شەھەرستان قۇرغاندىن كېيىن، فېنخې دەرياسى بىلەن سۇشۇي دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا بىر ئۆستەڭ قازدۇرغان. ھالبۇكى بۇ جايلار رۇڭ، دى قوۋملىرىنىڭ ئەڭ ئاۋات ماكانلىرىدۇر» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن ئەمىنىيە دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن كېيىن بىر قىسىم دى

قوۋملىرىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلىرىنىڭ شەرقتە
خۇاڭخې دەرياسىدىنمۇ ھالقىپ ئۆتۈپ، جىن بەگلىكىنىڭ
جەنۇبىدىكى فېنشۇي دەريا ۋادىسى بىلەن تەيخاڭشەن رايونى-
غىچە يېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دەرۋەقە يەنە
گۇيفاڭلارنىڭ بىر قىسمى شەرقىمۇ كۆچكەنىدى.

بىز گۇيفاڭلارنىڭ كۆچۈش جەريانلىرىنى تۆۋەندىكىدەك
ھۆكۈم قىلالايمىز: گۇيفاڭ خەلقلىرى شياڭ سۇلالىسىنىڭ
پادىشاھى ۋۇدىڭنىڭ ئۇرۇشپەرەسلىك سىياسىتى تۈپەيلىدىن،
ئۈزلۈكسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ۋاقىتتا، بىر بۆلۈم گۇيفاڭ
خەلقلىرى كۆچۈش پائالىيىتىنى باشلىغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا
گۇيفاڭلارنىڭ غەرب تەرىپى كۈچلۈك غەربىي رۇڭ قەبىلى-
لىرىنىڭ، جەنۇب تەرىپى كۈنىدىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان
جۇ جامائەسىنىڭ، شەرقىي تەرىپى شياڭ
سۇلالىسىنىڭ پادىشاھىغا قاراشلىق زېمىنلار ئىدى.
گۇيفاڭ خەلقى پەقەت شىمال تەرەپتىكى موڭغۇل دالاسىغا
كۆچىدىغان بىر يول ئارقىلىقلا كۆچەلەيتتى. چۆللۈكنىڭ شىما-
لىغا كۆچۈش پۈتۈن مىللەتنىڭ پىلانلىق كۆچۈشتىكى ھەرىكىتى
ئەمەس ئىدى. بەزى قەبىلىلەر شياڭ، جۇ ھاكىمىيەتلىرىگە
يېقىنراق جايلاردىن ئايرىلىپ چىقىشتا، بۇرۇنراق كۆچكەن
بولسىمۇ، زور تەھدىتلەرگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. بەزى
قەبىلىلەر شياڭ، جۇ سۇلالىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىدىن
يىراقراق ياكى چەت جايلاردا ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، ئىنتايىن
زور تەھدىتلەرگە ئۇچرىمىغان بولغاچقا، داۋاملىق چۆللۈكنىڭ
جەنۇبىدا قېپقالغان بولۇشى مۇمكىن. قىسقىسى، ۋۇدىڭ-
نىڭ دەۋرىدە باشلانغان چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كۆچۈش، قىسقا
مۇددەت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى مۇمكىن، شياڭ سۇلالى-
سى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، يېڭىدىن تىكلەنگەن جۇ جا-
مائەسىنىڭ قۇلدارلار ھاكىمىيىتى يەنە گۇيفاڭلارغا بولغان

جازا ئۇرۇشلىرىنى جىددىيلەشتۈرگەنىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى جۇ سۇلالىسىنىڭ سۈيۈرغال بەگلىكلىرى بىرقەدەر ئاجىز بولغانلىقتىن، بىر بۆلۈك گۇيفاڭ خەلقلىرى داۋاملىق رەۋىشتە چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كۆچۈشتىن تاشقىرى، يەنە بىر قىسىملىرى شەرققە كۆچۈپ، سەنشى - شەنشى ئېگىزلىكى بىلەن تەيخاڭشەن ئەتراپلىرىغا كەلگەن، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل ياپلىقىغا كۆچۈپ بارغان گۇيفاڭ خەلقلىرىنىڭ بىر قىسمى، كېيىن يەنە جەنۇبىي سىبىرىيە، بايقال كۆلى ئەتراپ-لىرى ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا كۆچكەن. بۇنىڭ بىلەن كېيىنكى مەزگىلدىكى تارىختا شيا، شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىنىڭكىدىن پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان گۇيفاڭلارنىڭ تارقالغان رايونلىرى مەيدانغا كەلگەن: موڭغۇل دالاسى بىلەن جەنۇبىي سىبىرىيەدە دىڭلىڭلار بار ئىدى، شىمالىي شەنشى، سەنشىنىڭ شىمالىي بىلەن جەنۇبىي، تەيخاڭشەن ئەتراپلىرىدا دىلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى گۇيفاڭ خەلقلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلاد-لىرى ئىدى.

كىشىنى ئويلاندۇرىدىغىنى شۇكى، «زوچيۇمىڭ تەپسىرى»، «دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋە ئەمىنيە دەۋرىدە جۇ سۇلالىسىنىڭ لوياڭ شەھىرىنىڭ شى-مالىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان قىزىل دى قەبىلىلىرى جىن بەگلىكى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار-نىڭ قالدۇق قوۋملىرىنىڭ ھەممىسى دى (翟 دەپمۇ يېزىلاتتى) جەمەتى دەپ ئاتالغانىدى، كېيىن ھەممىسى خۇاشيالارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن، شۇڭا جىن، خەن سولالىلىرى-نىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا ئۇلارنىڭ نېمە پائالىيەتلىرى

ئېلىپ بارغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. لېكىن بىز 16 پادىشاھلىق دەۋرىدە جەنۇبىي سىبىرىيەدىن ئېچكىرىگە كۆچۈپ سەددىچىننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا كەلگەن دىڭلىڭلارنىڭ يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ئۇرۇق-جەمەتلىرىدىن جەنۇبىي سىبىرىيىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان دىڭلىڭلارنىڭ ئارىسىدا دى (翟) جەمەتىنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى ئېچكىرىدىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئۆز قەبىلە باشلىقلىرى بولغان دىشۇ، دىبىن قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا، 16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقانلىقىنى ھەمدە خېنەنىڭ ھازىرقى خۇاشيەن ناھىيىسى، شەندۇڭدىكى تەيئەن قاتارلىق جايلاردىكى «يەتتە بەگنىڭ زېمىنى» دا ئۇلۇغ ۋېي بەگلىكىنى قۇرغانلىقىنى بىلەلەيمىز.㉛ ئۇلۇغ ۋېي بەگلىكى كېيىن كېيىنكى يەن بەگلىكى تەرىپىدىن مۇنقەرز بولغان. چۆللۈكنىڭ شىمالىدا داۋاملىق تۇرۇپ قالغان دىڭلىڭلار قاڭقىل قەبىلىلىرى دەپ ئاتالغان. ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، قاڭقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسىنىڭ ناملىرى ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغىنى يەنىلا دى (狄) جەمەتى ئىدى، دى جەمەتى شۈبھىسىزكى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئۇرۇق - قەبىلىسى ئىدى. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى شىمالىي دىلار بىلەن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ ئورتاق ئۇرۇق - جەمەتداشلىقى ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي پاكىت، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېلىمىزنىڭ شيا، شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى گۇيفاڭلاردىن كېلىپ چىققانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىپ قالماستىن، بەلكى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 4. گۈيفاڭلارنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيىنى ئۆزلەشتۈرۈشى — قاراسۇق مەدەنىيىتى

يۇقىرىدا كۆرسىتىلىپ ئۆتۈلگەندەك، دىلارنىڭ بىر قىسمى شياڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىن باشلاپلا شىمالغا كۆچكەنىدى. ئەمما چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت يازما مەنبەلەردە ئۇلارنىڭ شىمالغا كۆچكەنلىكىگە ئائىت ھېچقانداق ماتېرىيال قالدۇرۇلمىغانىدى، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەندىلا، ئۇلارچۆللۈكنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىي سىبىرىيىدە يېڭىباشتىن ئوتتۇرىغا چىققاندا، ئاندىن ئېلىمىزنىڭ يازما تارىخىي مەنبەلىرىدە خاتىرىلىنىشكە باشلىغان. «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە» قاتارلىق كىتابلاردا ھونلارنىڭ دىڭلىڭلارنى بويسۇندۇرۇشى ھەمدە دىڭلىڭلارنىڭ ھون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۈچ قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك قوزغىلىڭى خاتىرىلەنگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چۆللۈك شىمالىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ تارىخى، جۇڭگونىڭ سىياسەئونلىرى ۋە تارىخچىلىرى تەرىپىدىن ئىزچىل تۇردە ئەھمىيەت بېرىلگەنىدى. «ۋېينامە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»، «سۈينامە» بىلەن «كونا تاڭنامە» دە «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ قايىل قىلارلىق پاكىت ھېسابلىنىدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىنگۇەن يىللىرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى، تاڭ تەيزۇڭنى ھۆرمەتلەپ تەڭرى قاغان دەپ ئاتىغانىدى، تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىدا ئايماق - مەھكىمىلەرنى تەسىس قىلغان ھەمدە يەنرەن قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى تەسىس قىلىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى

ئايماق ـ مەھكىمىلەرنىڭ سىياسىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرغان، ئېلىمىزدىكى دى مىللىتى ئاچقان جەنۇبىي سىبىرىيە، مانا مۇشۇ [illegible]تىن باشلاپ رەسمىي مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسىگە كىرگەن[32].

لېكىن يېقىنقى زامان ئارخېئولوگىيە ئىلمى گۈللىنىشتىن ئاۋۋال، يېغىلىق دەۋرىدىن ئاۋۋالقى مەزگىلدىكى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ تارىخى، تارىخىي كىتابلاردا مۇنداقـچىلا تىلغا ئېلىنىپ قالغاچقا، داۋاملىق ئېنىق بولماي كەلگەنىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى، جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلارنى كەڭ كۆلەمدە قازدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى XIII ئەسىردىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى XVII ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا مەنسۇپ بولغان قەدىمكى خارابە ۋە قەبرىلەردىن نۇرغۇنلىغان ئۆزگىچە برونزا ۋە ساپال قاچىلار تېپىلدى. بۇ خىل ئۆزگىچە برونزا مەدەنىيىتى ئاۋۋال خاككاس باتىن كەنتىنىڭ ئەتراپىدىكى قاراسۇق دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىن تېپىلغاچقا، ئۇنىڭغا قاراسۇق مەدەنىيىتى (КарасукскаяКулЬтура) دەپ نام بېرىلدى. ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، تاشقى بايقال رايونىدىكى قاراسۇق مەدەنىيەت دەۋرىگە مەنسۇپ قەدىمكى خارابە ۋە قەبرىلەردىن شىيالىڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىنىڭ قوراللىرىنىڭ شەكلى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان 13 خىلدىن ئارتۇق ساپال داڭقان، ئۈچ پۇتلۇق ساپال داڭقان، برونزىدىن ياسالغان پىچاق، پالتا تېپىلغان؛ تاشقى بايقالنىڭ غەربىدىكى دىڭلىڭلار ياشىغان يەنىسەي دەريا ۋادىسىدىن، تاشقى بايقال رايونىدىن تېپىلغان يۇقىرىدىكى قوراللارنىڭ شەكلىگە ئوخشاش، كۆپلىگەن جابدۇقلار تېپىلمىشتىن تاشقىرى، يەنە 1950 - يىلى ئەنياڭدىن تېپىلغان قوراللارنىڭ شەك

لىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئوقيا، بىرونزىدىن ياسالغان نەيزە ۋە ئوق باشىقى تېپىلغان㉝. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، جەنۇبىي سىبىرىيىدىن تېپىلغان يۇقىرىدىكى بىرونزىدىن ياسالغان پالتا بىلەن ساپال قاچىلار، موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىنمۇ كۆپلەپ تېپىلغان، ستالىنىنىڭ دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەنلەر كومىتېتى بىرلىكتە تۈزگەن «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي تارىخى» دا مۇنداق دېيىلگەن: «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىن بىرونزا دەۋرىگە مەنسۇپ نۇرغۇنلىغان مەدەنىي يادىكارلىقلار قېزىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ بالدۇرقىلىرى دەپ ھېسابلانغانلىرى قاراسۇق دەۋرىگە ئائىت يادىكارلىقلاردۇر ...... موڭغۇلىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بىرونزا قوراللىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ دەۋرگە مەنسۇپ. بۇ يەردە ئالدى بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى بىر تۈركۈم بىرونزا پىچاقلاردۇر. بۇ پىچاقلار سىبىرىيىدىكى قاراسۇق پىچاقلىرىغا ئىنتايىن ئوخشايدۇ، شۇنىڭدەك يەنە شياڭ، يىن دەۋرى ۋە جۇ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شىمالىي جۇڭگودا ئىشلەنگەن پىچاقلار بىلەنمۇ ئوخشىشىدۇ. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىن قېزىۋېلىنغان ئايپالتا مۇكەممەل ياسالغان بولۇپ، مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئۈچ قىرلىق يوپۇرماق شەكلىدىكى بىرونزا چەمبىرىكى بىلەن بىر تۈركۈمدىكى يادىكارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل چەمبىرەكنىڭ شەكلى ئەينى ۋاقىتتا جەنۇبىي سىبىرىيە بىلەن شىمالىي جۇڭگودىكى ئاياللارنىڭ چاچلىرىغا قىستۇرۇۋالىدىغان تاقا شەكىللىك چەمبىرەكنىڭ شەكلى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۈرچىن يولىدىن بايىن

ئۆلان تېغىغا 10 كىلومېتىر ئايرىلىپ تۇرىدىغان جىڭگىر تېغى ئېتىكىدىن بىر دۆۋە سۆڭەك، كۋارتس تاش پارچىلىرى ۋە قوپال ئۇسۇلدا ياسالغان ساپال پارچىلىرى تېپىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، چۆللۈك بىلەن سىلىنغا دەريا ئويمانلىقىدىنمۇ ئوخشاش خىلدىكى ساپال بۇيۇملار تېپىلغان. بۇ قاچىلارنىڭ ياسىلىش تېخنىكىسى ۋە شەكىل جەھەتتە، يەنىسەي ۋە ئالتايدىكى قاراسۇق مەدەنىيىتىنىڭ قاچىلاش ئەسۋابلىرى بىلەن بەك ئوخشىشىپلا قالماستىن، بەلكى رېخى رايونىدىكى تاش لەھەتتىن تېپىلغان ھەمدەپنە قىلىنغان ساپال كومزەك بىلەنمۇ ئىنتايىن ئوخشايدۇ.» ㉞ 1960 - يىلىدىن كېيىن قاراسۇق شەكلىدىكى برونزا ئايپالتا بىلەن شىمالىي جۇڭگودىن تېپىلغان ساپال قاچىلار شەكلىدىكى ساپال قاچىلار جەنۇبىي چۆللۈك ئۆلكىسى بىلەن ئوردجار دەرياسى، دېل تېغى ئەتراپىدىن داۋاملىق كۆپلەپ تېپىلغان. دەرۋەقە قاراسۇق مەدەنىيىتى، جۇڭگونىڭ شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىنىڭ برونزا مەدەنىيىتى بولۇپ، جۇڭگودىن موڭغۇلىيە ۋە سىبىرىيە رايونلىرىغا تارقالغانىدى.

1956 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەھرىرلەپ نەشىر قىلغان «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» دا مۇنداق دېيىلگەن: «قاراسۇق مەدەنىيىتىنىڭ خەنجەر، پىچاق، نەيزە، ئەگرى دەستىلىك پالتا، تاقا شەكىللىك ھالقا ۋە ھەرخىل شەكىلدىكى ئۇششاق پەيپەيزە قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى، جۇڭگونىڭ سەددىچىن سېپىلىغا يېقىن بولغان شىمال تەرەپتىكى ھەرقايسى رايونلاردىن تېپىلغانلىرى بىلەن ئالاھىدە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. كۆپلىگەن ئەڭ تىپىك قاراسۇق جابدۇقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ پىچاق، جۇپ ئات قوشۇلغان ھارۋىنىڭ رەسىمى، ساپال قاچىلارنىڭ زىننەتلىنىشىنى، پۈتۈنلەي ئەنياڭنىڭ ئەتراپىدىكى شياڭ (يىن) سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسىدىن تېپىلغان بۇيۇملار بىلەن برونزا قوراللارنىڭ زىننەتلىرىدىن،

ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى بىۋاستە ئەندىزىلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ.
قاراسۇقنىڭ ئۆزگىچە تاش ئابىدىلىرى (تىك تاختا شەكىللىك
تاش ئابىدە) دىكى نەقىشلەرنىڭ زىننەتلىرىنىڭ بىۋاستە
هالدا يىن بۇيۇملىرىنى مەنبە قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پا-
كىتمۇ، بۇ دەلىلنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ»[36]. سوۋېت ئىتتىپاقى
پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى س. ۋ. كىسېلېۋ ئەينى
ۋاقىتتا مۇنداق دېگەنىدى: «قاراسۇقنىڭ ئۆزگىچە مىس،
ساپال قوراللىرى بىلەن زىننەتلەش سەنئىتى، سەددىچىنىڭ
شىمالىدىكى ئاشۇ رايونلار — ئوردوس، سۇيىيۈەن، رېخې (ئىلاۋە:
يۇقىرىدىكى رايونلار پۈتۈنلەي ئېلىمىزنىڭ هازىرقى ئىچكى
موڭغۇل، خېبېي، لياۋنىڭ ئۆلكىلىرىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە)
نىڭكىگە ئەڭ يېقىن. هالبۇكى، بۇ رايونلارنىڭ مەدەنىيىتى
بىلەن جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ يىن، شياڭ دەۋرىنىڭ مەدەنىيە
تىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەت بار ئىدى.»[37]
«موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي تارىخى» نىڭ ئاپ-
تورلىرىمۇ، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسى ئىچى-
دىكى قاراسۇق مەدەنىيىتىنى، مەملىكىتىمىزنىڭ شياڭ، جۇ
سۇلالىلىرىنىڭ برونزا مەدەنىيىتىنى مەنبە قىلغان دەپ قارايدۇ.
بۇلارنىڭ هەممىسى، ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى
بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخشۇناس ۋە
ئارخېئولوگلىرىنىڭ يەر ئاستىدىن تېپىلغان كۆپلىگەن ئارخېئو-
لوگىيىلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا چىقارغان، قاراسۇق مەدە-
نىيىتى شياڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتىنى مەنبە قىلغان دېگەن
توغرا يەكۈننى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شياڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتىنى كىملەر جەنۇبىي سىبى-
رىيە بىلەن ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا ئېلىپ بارغان؟
«دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» I تومىنىڭ ئاپتورى مۇنداق يازغان:
«قاراسۇق تېپىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى رايونلار بويى-

چە تۈۋەلدىكىدەك تەتقىقات تۈرلىرىگە بۆلۈشكە بولىدۇ: باي-
قال بويى رايونى (بۇ يەردىن يىن دەۋرىگە ئائىت ئۈچ پۈت-
لۈق بۇيۇملار تېپىلغان)، مىنىسكى ئويمانلىقى، ئالتاي (بۇ
يەردىن تېپىلغان، بۇرۇندىن بار بولغان قاراسۇق مەدەنىي
يادىكارلىقلىرىنىڭ سانى ئالاھىدە كۆپ)، قازاقىستان. جۇڭ-
گونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا،
دەسلەپتە جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن خەنزۇلارغا يې-
قىن ئولتۇراقلاشقان دىڭلىڭ قەبىلىلىرى يۇقىرىدىكى ئاشۇ
جايلاردا ئولتۇراقلاشقانىدى، شۈبھىسىزكى، ئۇلار شياڭ (يىن)
سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى جۇڭگو ئاھالىلىرىنىڭ ھەرخىل
مەدەنىيەت ئامىللىرى (بولۇپمۇ برونزا قۇيمىچىلىق ماھارىتى)
نى جەنۇبىي سىبىرىيىگە ئېلىپ كەلگەنىدى»[38]. «موڭغۇلىيە
خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي تارىخى» نىڭ ئاپتورلىرىمۇ
مۇنداق يازغان: «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن موڭغۇلىيىدىكى
قاراسۇق دەۋرىدىكى ئالاھىدە مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى،
زور بىر تۈركۈم ئاھالىلەرنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدىن
بۇ يەرگە كەلگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئاھالىلەر
چۆللۈك بىلەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا ياشىغان كۆچ-
مەن چارۋىچى قەبىلىلەر بولۇشى مۇمكىن.»[39] كىسېلېۋمۇ ئۆ-
زىنىڭ «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى» ناملىق
ئەسىرىدە مۇنداق يازغان: «مىنىسكى ئويمانلىقىدىكى تېپىلگەن
قاراسۇق بۇيۇملىرىنىڭ ئىچىدە، شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشى-
دىكى جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئاھالىلەرنىڭ يەنسەي
دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا ئېلىپ كەلگەن بۇيۇملىرى بار دەپ
قاراشقا بولىدۇ. بۇنى پىچاق ۋە يالمان بىلەنمۇ مۇقىملاشتۇ-
رۇشقا بولىدۇ، قىسقا شەمشەر بىلەن مەلۇم زىننەت بۇيۇملىرى
ئۈستىدىمۇ مۇشۇنداق قىياس قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك قا-
راسۇق دەۋرىدىكى يەنسەي دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى برونزا

سەنئەتى بىلەن غەربىي سىبىرىيىنىڭ ھېچقانداق ئوخشاشلىق ھادىسىسى مەۋجۇت ئەمەس، ئۇنىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلغانلىقىدىن قارىغاندا، شەرقىي جەنۇب تەرەپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى كېرەك. مەلۇم پاكىتلىق قىياسلارغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگودىن شىمالغا كۆچۈش، شياڭ، يىن دەۋرىدىلا باشلانغان بولۇشى مۇمكىن.»[40] كىسېلېۋنىڭ ئۆزى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا تەسىرى بار ئارخېئولوگلىرى، يەنە قاراسۇق دەۋرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ بەدەن تۈزۈلۈش ۋە ئىنسانشۇناسلىققا ئائىت ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئەينى ۋاقىتتىكى جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ئاھالىلەر بىلەن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى ئېلىمىزنىڭ شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىرقىنىڭ ئوخشاشلىقىنى ئىسپاتلاش ئارقىلىق، قاراسۇق مەدەنىيىتىنىڭ شياڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتىنى مەنبە قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ يەكۈننىڭ توغرىلىقىنى تېخىمۇ پايدىلىق دەلىللەر بىلەن تەمىن ئەتكەنىدى.

دىڭلىڭلارنىڭ قاراسۇق مەدەنىيىتىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ تارىخىدىكى ئورنى ھەققىدە، «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي تارىخى» دا مۇنداق دېيىلگەن: «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىن تېپىلغان بۇ خىل قەدىمكى يادىكارلىقلار بىلەن جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قاراسۇق شەكلىدىكى قەدىمكى يادىكارلىقلىرىنىڭ ئۆزئارا ئوخشاشلىقىنىڭ، شۇنىڭدەك جۇڭگونىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى سەددىچىننىڭ شىمالىدىن تېپىلغان قەدىمكى يادىكارلىقلارنىڭ ئوخشايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتلارنىڭ ئىنتايىن زور تارىخىي ئەھمىيىتى بار.»[42] كىسېلېۋ يەنە مۇنداق يازىدۇ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ برونزا دەۋرىدىكى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان قاراسۇق تېپىدىكى مەدەنىيىتى، جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ بىرلى-

كىدە ئىپادىلەنگەن»، «بۇ جەنۇبىي سىبىرىيە مەدەنىيىتىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ھازىرلانغان ئاساستۇر.»㊸

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن موڭغۇلىيە ئالىملىرىنىڭ 50 - يىللاردا ئېلان قىلغان يۇقىرىدىكى ماتېرىيال ۋە بايانلىرىدىكى مۇھاكىمىلىرىدىن بىز يەنە، جۇ ئارىلىقىدا گۈيفاڭ خەلقلىرىنىڭ شىمالغا كۆچۈپ، موڭغۇلىيە بىلەن سىبىرىيىگە بارغانلىقىغا ئائىت دەلىللەرگە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى شىمالغا كۆچكەن گۈيفاڭ خەلقىنىڭ شياڭ، جۇ سۇلالىلىرىنىڭ شانلىق بىرونزا مەدەنىيىتىنى موڭغۇلىيە بىلەن جەنۇبىي سىبىرىيىگە ئېلىپ بېرىپ، موڭغۇلىيە بىلەن جەنۇبىي سىبىرىيە قاتارلىق رايونلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى بىلەلەيمىز ㊹.

لېكىن 60 - يىللاردىن كېيىن ھەممەيلەنگە ئايان بولغان تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكى بەزى كىشىلەر قاراسۇق مەدەنىيىتىنىڭ مەنبە مەسىلىسىنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھېلىقى كىسېلېۋ ئۆزىنىڭ 1959 - يىلىدىكى جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بىر تەرەپتىن «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرونزا دەۋرى بىلەن جۇڭگونىڭ شياڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك جۇڭگونىڭ خۇاڭخې ۋادىسىدا بارلىققا كېلىپ ۋە تەرەققىي قىلغان. شياڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتى سەددىچىننىڭ ئەتراپلىرىغا تارقىلىپ بارغاندىن كېيىن يەنە، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى تاشقى بايقال رايونى، يەنىسەي، كوما دەريا ۋادىلىرىغا، ھەتتا تاكى گوركىي شەھىرى ئەتراپىدىكى ۋولگا دەريا ۋادىلىرى قاتارلىق رايونلارغا تەسىر كۆرسەتكەن»

دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ مەسىلە ھەققىدە ئۆزىنىڭ ھازىر «يېڭى» قارىشىنىڭ بارلىقىنى پەش قىلىپ: «ئىلگىرى شەرقنىڭ غەربكە كۆرسەتكەن تەسىرىنى مەۋجۇت دەپلا قارالغان، ھالبۇكى ھازىر بولسا ئىككى تەرەپ ئۆزئارا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن دەپ قاراش كېرەك» دېگەنىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ «ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن» دېگەن بۇ سۆزنى چۈشەنمەي قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، قايتا ئىزاھلاپ مۇنداق دېگەن: «تەسىرنى ئەڭ دەسلەپ غەرب شەرققە كۆرسەتكەن، ئارقىدىنلا يەنە شەرقمۇ غەربكە كۆرسەتكەن»، بۇ خىل غەربنىڭ شەرققە كۆرسەتكەن تەسىرى «جۇڭگو چېگرىسى ئىچىگە تارقىلىپ كىرگەندە، ئېھتىمال ...... شىياڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ مەلۇم بۇيۇملىرىنىڭ شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا، بۇ دەۋردىكى ئەنياڭ تېپىلدىكى بۇيۇملاردا ناھايىتى زور دەرىجىدىكى ئىلگىرىلەشلەر بولغان.»㊺ كىسىلېۋنىڭ «يېڭى» قارىشى مۇنداق بىر جۈملە سۆزدىن ئىبارەت ئىدى: مەيلى جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى قاراسۇق مەدەنىيىتى بولسۇن ياكى جۇڭگونىڭ ئەنياڭدىكى شىياڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتى بولسۇن، ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا قىسمىنىڭ يىراق قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا تەرەققىي قىلغانىدى.

1974 - يىلى ل. س. ۋاسىلىيېۋ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «تارىخ مەسىلىلىرى» ژۇرنىلىدا «قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى» ㊻ ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. ئۇ ماقالىسىدە شىياڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتى «پەقەت سىرتتىن كىرگەن كۆپلىگەن ئۇچۇرلار ئارقىلىقلا، ئاندىن تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلەتكەن» دەپ چورت كېسىپ ئېيتقان، ئۇ شىياڭ سۇلالىسىنىڭ ئات ھارۋىسىنى مىسال قىلىپ مۇنداق دېگەن:

يېڭى دەۋرنىڭ ئات ھارۋىسى بىلەن غەربىي ئاسىيانىڭ ئات
ھارۋىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان ئوخشاشلىق تەرەپ-
لەرنى مۇنازىرە قىلىش ھاجەتسىز. ...... ئۇلارنىڭ ئات ھارۋا
ۋە چاق ھارۋىسىنى قەدىرلىشى بىلەن كىرىت - مىدىيە ۋە
ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى نۇرغۇنلىغان مىللەت-
لەرنىڭ ئۇنى قەدىرلىشى بەكلا ئوخشايدۇ، «بۇنى ھەرگىزمۇ
تاسادىپىي ماس كېلىپ قالغانلىق دېگىلى بولمايدۇ.» ۋاسې-
لىيېۋ يېڭى دەۋرنىڭ ئات ھارۋىسى بىلەن غەربىي ئاسىيادىكى
ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ قەدىمكى ھارۋىسىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا قانداق ئوخشاشلىقلارنىڭ بارلىقى، شۇنىڭدەك بۇ
ئوخشاشلىق تەرەپلەرنى مۇنازىرە قىلىشنىڭ ھاجەت ئىكەنلىكى ياكى
ئەمەسلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق دەلىل كۆرسەتمىگەنىدى.
ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ھەرقانداق
بىر مىللەت ياكى ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ھەممىسى مەلۇم
ئوخشاشلىق قانۇنىيىتى بويىچە ئالغا تەرەققىي قىلىدۇ. ئىش-
لەپچىقىرىش ۋە ئىقتىسادىي مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى
تۈپەيلىدىن، كۆپىنچە باشقا مىللەت ۋە يەرلىكتىن مەلۇم
جەھەتتىن ياكى ئۆزئارا ئوخشاپ كېتىدىغان شەيئىلەرنى بار-
لىققا كەلتۈرەلەيدۇ. يېڭى دەۋرنىڭ ئات ھارۋىسىنىڭ غەربىي
ئاسىيانىڭ ئات ھارۋىسى بىلەن بولغان مەلۇم تەرەپلەردىكى
«ئوخشاشلىق تەرەپلىرى»، پەقەت يېڭى دەۋرى بىلەن غەربىي
ئاسىيانىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتنىڭ رولىدىكى ئىقتىسادىي ئېھتى-
ياجىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىلا چۈشەندۈرۈپ بەرگەن، شۇڭا
بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ۋاسىلىيېۋنىڭ ئۆزىمۇ «غەربىي
ئاسىيا بىلەن يېڭى دەۋردىكى جۇڭگونىڭ ئارىلىقى نەچچە مىڭ
كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ بۆلەكتىكى ئارىلىقتىن ئات ھارۋىسىنىڭ
ئىزىنى پۈتۈنلەي تاپقىلى بولمايدۇ» دېگەنىدى. بۇ ھال ئار-
خېئولوگىيە ئىلمىدىمۇ غەربىي ئاسىيانىڭ ئات ھارۋىسىنىڭ يېڭى

ەۋرىگە ئارقىلىپ كىرگەنلىكىگە ئائىت ھەرقانداق ئىزنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ۋاسىلىيېۋ ئېيتقان «سىرتتىن كەلگەن ئۈچۈرلار» جۇڭگوغا يەنە قانداق قىلىپ تارقىلىپ كىرگەندۇ؟ كېلىش يولى بولمىغان ئەھۋالدا، ئۇ يەنە قاراسۇق مەدەنىيىتىنى كۆتۈرۈپ چىققانىدى. ۋاسىلىيېۋ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قاراسۇق مەدەنىيىتىنىڭ برونزا قوراللىرى بىلەن يىن دەۋرىنىڭكى ئۆزئارا ئوخشايدۇ، يىنلىقلار بىلەن قاراسۇقلۇقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئۇچرىشىش مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ ھەممىسى، بۇ نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن» دەپ ئېتىراپ قىلغانىدى. قاراسۇق مەدەنىيىتى ئېلىمىزنىڭ يىن دەۋرى مەدەنىيىتىدىن كېيىن بولغان (قاراسۇق مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى چېكى يىن دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ) بىر خىل مەدەنىيەت، بۇ نۇقتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئېتىراپ قىلغانىدى. بۇ ھەقتە ۋاسىلىيېۋمۇ مۇنداق دېگەنىدى: «قاراسۇقنىڭ برونزا قوراللىرى ئىچىدە ‹ئىشلىتىلىشى ئېنىق بولمىغان› بويۇنتۇرۇق شەكىلدىكى بۇيۇملار بار، بۇ بىر مۇنچە ئۇزۇن تىك تۆت تەرەپلىك شەكىلدىكى مىس ياپراقچىلارنىڭ ئىككى بېشى ئەگرى، ياي شەكىلدە بولۇپ، نەقىشلىرىدە كىچىك بۆكەن ياكى يىرتقۇچ ھايۋاناتلارنىڭ ئوبرازلىرى بار. ئۇ يىن دەۋرىنىڭ جابدۇقلىرىنى تەقلىد قىلىپ ياسالغان كىچىك تىپتىكى بۇيۇم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.» بۇنىڭدىن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قاراسۇقنىڭ برونزا مەدەنىيىتى، شىياڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ برونزا مەدەنىيىتى جەنۇبىي سىبىرىيىگە تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن شەكىللەنگەن بىر خىل مەدەنىيەت بولۇپ، ۋاسىلىيېۋنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ يىن دەۋرىدە جەنۇبىي سىبىرىيىگە

ئارقىلىپ كىرگەن كۆپلىگەن «سىرتنىڭ ئۇچۇرى» نىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئەمما ۋاسىلىيېۋ ئۆزىنىڭ «يىن دەۋرى مەدەنىيىتى پەقەت سىرتتىن كىرگەن كۆپلىگەن ئۇچۇرلار ئارقىلىقلا، ئاندىن تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلەتكەن» دەپ كېسىپ ئېيتقان سۆزىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن پاكىتلاردىن كېيىن يەنە تۆۋەندىكىدەك ئەقلىي خۇلاسە چىقارغان: «بۇ ناھايىتى تەبىئىي ھالدا ئېرىشىلىدىغان بىر يەكۈندۇر، يەنى قاراسۇقلارنىڭ ئەجدادلىرى ئات ھارۋىسىنى بىلەتتى، لېكىن كېيىنچە بۇنداق قورال - جابدۇقلارنى ئۇنتۇپ كەتكەن، پەقەت ئىشلىتىلىشى راستتىنلا ئېنىق بولمىغان كىچىك بۇيۇم سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىپ (يەنى ۋاسىلىيېۋ ئېيتقان يىن دەۋرىنىڭكىنى تەقلىد قىلىپ ياسالغان بويۇنتۇرۇق شەكىلدىكى بۇيۇمنى كۆرسىتىدۇ)، ئۆتمۈشنىڭ ئەسلىمىسى قىلغان، بۇنداق كىچىك تىپتىكى بۇيۇملار ئېھتىمال ئات ھارۋىسىغا بولغان ئېتىقادنى بىلدۈرسە كېرەك.» قاراسۇقلار يىنلىقلارنىڭكىنى تەقلىد قىلىپ بىرونزا بويۇنتۇرۇقنى ياسىغاندا، قانداق قىلىپ قاراسۇق كىشىلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ھارۋا ئىشلەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالىغان؟ بۇ ئەڭ مۇھىم جىددىي مەسىلە ھەققىدە ۋاسىلىيېۋ جىم تۇرۇۋالغان.

ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغىنى شۇكى، ئۇ مۇنداق بىر چېكىنىش ئورنىنى قالدۇرغان ھەمدە بۇ چېكىنىش ئورنىغا ئاساسەن قاراسۇقلۇقلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مەدەنىيىتى، يىن دەۋرى مەدەنىيىتىدىن ئىلگىرى ئىدى دېگەن ئەقلىي خۇلاسىسىنى چىقارغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «شۇڭا شۇنداق ئېزاھلاشقا بولىدۇكى، يەنى قاراسۇق مەدەنىيىتى بىۋاسىتە ھالدىكى مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى يۆنىلىشىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، يىنلىقلارنىڭ ئەجدادلىرى بۇ مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئات ھارۋا (ئەلۋەتتە ئاتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە نۇرغۇنلىغان

ھەربىي قورال، جابدۇقلار ھەققىدىكى بىلىملەرگە ئېرىشكەن»، «ھەممە قاراسۇق مەدەنىيىتىنىڭ زۆررۈر بولغان روشەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە مەلۇم مىللىي تەركىبلەرمۇ، ئەنيالىڭ ئۈنىۋېرسال گەۋدىسىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىغا قاتناشقان.» باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، قاراسۇق مەدەنىيىتى شياڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتىدىن كېلىپ چىققان ئەمەس، ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئەكسىچە، شياڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتى قاراسۇق مەدەنىيىتىگە ئوخشاش تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە «مەلۇم مىللىي تەركىبلەر»نى مەنبە قىلغان.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەزى ئالىملىرىنىڭ قاراسۇق مەدەنىيىتىنىڭ مەنبە مەسىلىسىنى ئۆزگەرتىشى نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟ ئەجەبا 1959 - يىلىدىن كېيىن جەنۇبىي سىبىرىيىدىن يەنە قانداق يېڭى ماتېرىياللارنىڭ چىققانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، قاراسۇق مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئىلگىرىكى بارلىق نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پۈتۈنلەي يېڭى يەكۈن ئوتتۇرىغا قويۇش ئەسلا ھاجەتمۇ؟ ياق، ئۇلارنىڭ قاراسۇق مەدەنىيىتىنىڭ مەنبە مەسىلىسى ھەققىدىكى مەيدانىنىڭ ئۆزگىرىشى، پۈتۈنلەي سىياسىي جەھەتتىكى سەۋەبتىن بولغان. بۇ نۇقتا ناھايىتى ئېنىق.

ئىزاھلار:

① نەقىللەرنىڭ باشتىكىلىرى يۈەن كې يازغان «تاغ - ئېزىملار قۇرئىغا ئىزاھ» دىن ئېلىنغان، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 1960 - يىلى نەشرى، ئاياغدىكىلىرى «تاغ ئېزىملار قۇرئى» دىكى بايان بولۇپ، مەزكۇر كىتابنىڭ ئۆزىدىن ئېلىنغان.

② خاۋ يىشىڭ (چىڭ سۇلالىسى): «تاغ ئېزىملار قۇرئىنىڭ تەپسىرى»، يۈەن كېنىڭ «تاغ ئېزىملار قۇرئىغا ئىزاھ» ناملىق ئەسىرىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 436 - بەت.

⑨ ئىلگىرى كىشىلەر «تاغ ئېزىملار قۇرتى» دىگەن بەزى
ئاجايىپ - غارايىپ خاتىرىلەرنى تازا ياخشى چۈشىنەلمىگەن-
لىكتىن، قاملاشمىغان كەپلەرنى قىلغانىدى. مورگاننىڭ «قەدىمكى
جەمئىيەت» ناملىق ئەسىرى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ
ئېنگېلسنىڭ «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چى-
قىشى» ناملىق كىتابى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن،
ئېلىمىزنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكىلەرمۇ ئىلمىي تارىخىي قاراش
يەنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق پرىنسىپى بويىچە، «تاغ ئېزىملار
قۇرتى» دىگەن ئەپسانىلەرنى شەرھلەپ ۋە ئىزاھلىدى. «تاغ ئېزىم-
لار قۇرتى» دىگەن ئاشۇ ئىپتىدائىي ئۇرۇق قەبىلىلەرنىڭ ئەزالىرى
ۋە ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ سىرلىق تۈس بىلەن تولغان
تەسەۋۋۇرلىرى ھەققىدىكى بايانلارنى، بەزى ئالىملار ئۇلار ئىپتى-
دائىي ئىنسانلارنى توتېم ئېتىقادىنى نامايان قىلغان دەپ قا-
رىسا، يەنە بەزى ئالىملار ئىپتىدائىي سەنئەت نۇقتىسىدىن ئىزاھ-
لىغان، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا توغرا ئىدى. 1980 -
يىلى ئېلىمىزدىكى تەيۋەنلىك رەسسام ۋۇ شۈەنسەن ئەپەندى غەر-
بىي ئافرىقىدىكى بىرقەدەر قالاق رايونلارغا ساياھەتكە بېرىپ،
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «ئافرىقىدىكى غەلىتە نەرسىلەر» ناملىق
بىر پارچە ماقالە يازغان. ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «نىقاب
ئافرىقىدىكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئۇسۇللىرىدا كەم بولسا بول-
مايدىغان مۇراسىم. توي - تۆكۈن، دەپنە - مۇراسىم ياكى ياشلارنىڭ
ئۇسۇل پائالىيەتلىرىدە ئۇلار ياغاچتىن ئويۇلغان نىقابلارنى باش-
لىرىغا كىيىشىۋالىدۇ. نىقابقا ئىلاھلار، پېرىخونلار ياكى يىرتقۇچ
ھايۋانلارنى تۇتقۇچىلارنىڭ سۆرەتلىرى سىزىلىدۇ؛ بەزىلىرىنىڭ
ئېگىزلىكى ئىككى ئادەمنىڭ بويىچىلىك؛ بەزىلىرى قۇش، كالا
قاتارلىقلارنىڭ شەكلىدە ئىدى. دالدىغۇچلاردا ئىپادىلەنگەن نەق-
قىشلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ بىر تەرىپى قەستەنگە چوقايتىۋېتىلگەن
بولسا، بەزى رەسىملەردىكى ئادەملەر ھايۋان تەدىلىك قىلىپ سىزىل-

ىمان. غەربىي ئافرىقىنىڭ ئەتراپىدىكى دالدىغۇچلارنىڭ بەزىلىرىگە
قاتمۇقات رەسىم سىزىلغان، بەزىلىرىدە سەككىز كۆزلۈكلەر چېكىل-
گەندۇ، بەزىلىرىدە مۈڭگۈزى كالىنىڭ، ئېغىزى قۇشلارنىڭكىگە ئوخ-
شايدىغان شەكىللەر بار. لەقىشلەرنىڭ قۇرۇلمىلىرى ئىنتايىن
ئەركىن، تۈرىنى ھېسابلاپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. ئامىمۇ ھەر خىل»
(ئەسلىدىكى نۇسخىسى تەيۋەندە چىقىدىغان «جۇڭگو ۋاقىت گېزىتى»
نىڭ 1980 - يىللىق 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى سانىدىن
11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى سانىغىچە ئېلان قىلىنغان). يەنە
«دۇنيا بىلىملىرى رەسىملىك ژۇرنىلى» نىڭ 1984 - يىللىق
3 - سانىدا، «قىزىقارلىق قۇشلار دۆلىتى — پاپۇئا يېڭى گۋىنىي-
يىسى» ناملىق بىر پارچە ماقالە ۋە ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ، بېشىغا
لايدىن ياسالغان نىقاب كىيىۋالغان بىر يەرلىك كىشىنىڭ سۈ-
رىتى بېسىلغان، سۈرەتنىڭ ئاستىغا تۆۋەندىكىدەك ئىزاھ بېرىلگەن:
«ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇن سۇ يۇدۇۋېلىپ ئۇرۇش قىلىدىغان
بىر قەبىلە بار بولۇپ، خېلى كۆپ كىشىلەر كۈچلۈك دۈشمەن
تەرىپىدىن دەرياغا كىرگۈزۈۋېتىلگەنىكەن. بۇ خىل ئەھۋال ئاس-
تىدا، جەڭچىلەر بەدىنىگە لايىنى سۈرتۈۋېلىپ قايتىدىن دۈشمەنگە
ئېتىلغان. دۈشمەنلەر جىن - ئالۋاستىلار كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ
دەپ قاراپ قورقۇنچ ئىچىدە تەرەپ - تەرەپكە قاچقان، نەتى-
جىدە بۇ قەبىلە مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرغان. شۇنىڭدىن
تارتىپ بېشىغا لايدىن ياسالغان دالدىغۇچ كىيىدىغان، قولىغا
ئوقيا ئالغان لاي ئادەملەرنىڭ ئۇسسۇلى پەيدىنپەي تارقىلىپ،
ھازىرقىدەك چەت ئەل ساياھەتچىلىرى ياخشى كۆرىدىغان نومۇر-
لارغا ئايلانغان». كۈيفاگلارنىڭ «يەكچەشمىلەر» شۇنىڭدەك «يۇقى-
رىقى ئايدالا» دا خاتىرىلەنگەن «چۈەنروگلارنىڭ ئېلىدە ئىلاھلار
بار، ئادەملىرى ھايۋان تەنلىك»، «ئەلنامە» دە خاتىرىلەنگەن
«مياۋلىقلارنىڭ ئىلاھلىرى بار، ئادەملىرىنىڭ باشلىرى يىلان
تەنلىك»، «غەربىي چۆللۈك ھەققىدە قۇرئى» دا خاتىرىلەنگەن

شىيا فۇكەي «ئىككى كۆك يىلاننى بېشىدا يۆگەۋالاتتى. ئىككى ئەجدىھانى مىنىپ يۈرەتتى» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى رەسىم قىلىپ سىزىلغان ياكى ئىشلەنگەن نىقاب بولۇشى مۇمكىن.

④ مېنىڭ ۋېنتوڭ يازغان «‹تاغ ئېزىملار قۇرئىنى›نىڭ يېزىلغان دەۋرى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولغان ئورنى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» («جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخ مەجمۇئەسى» 1 - كىتاب) بىلەن يۈەن كې يازغان «تاغ ئېزىملار قۇرئىنىڭ ئىزاھى» ۋە شۇ شۈنجەن يازغان «‹تاغ ئېزىملار قۇرئىنى› ياخشى بىر كىتاب» («نۇر گېزىتى» 1962 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىكى سانى) قاتارلىق ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىدە «تاغ ئېزىملار قۇرئىنى» نى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ باھا بەرگەنىدى. شۇ شۈنجەن «‹تاغ ئېزىملار قۇرئىنى›دا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن توتېم ئۇرۇقى، جۇڭگونىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيىتىنى چۈشىنىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرەپ بولۇپ، ئوخشاشمىغان توتېم ئېتىقادىدىكى قوۋملارنىڭ ئارقىلىشىنى تەتقىق قىلىشتا، مۇھىم قىممەتكە ئىگە» دەپ قارىغانىدى.

⑤ «خەننامە. سۇۋۇنىڭ تەرجىمىھالى» دا: «(ھونلار) سۇۋۇنى شىمالىي دېڭىزنىڭ بويىدىكى ئادەمزاتسىز جايغا سۈرگۈن قىلىپ، قوچقار باققۇزغان. قوچقار قوزىلىغاندا قايتىپ كېلىشىنى بۇيرۇغان. شۇ يىلى قىشتا، دىڭلىڭلار ئۇنىڭ قوي، كالىلىرىنى ئوغرىلاپ كەتكەن» دېيىلگەن. «خەننامە. ھونلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، دىڭلىڭلار ھونلارنىڭ شىمالىدا ئىدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىمالىي دېڭىز ھازىرقى بايقال كۆلى ئىدى.

⑥ ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بىردەك «تاغ ئېزىملار قۇرئىنى» نىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى «ھەرگىزمۇ بىر ئادەمنىڭ قولىدىن چىققان ئەمەس، شۇنىڭدەك بىر دەۋردە يېزىلغانمۇ ئەمەس» دەپ قارايدۇ (شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «تاغ ئېزىملار قۇرئىنىڭ ئىزاھى» دىكى نەشرىياتتىن بېرىلگەن چۈشەندۈرۈش). شۇڭا گو ئېلى، يىنەكچەشمىلەر ئېلى ياكى دىڭلىڭ

لار ئېلى دەپمۇ ئاتالغانىدى.

⑦ «تاغ ئېزىدىملار قورۇقى. كۆن چىقمىشتىكى ئەللەر» دە: «لوشۇي دەرياسى ئۇستۇنىكى لوشى تېغىدىن باشلىنىپ، شەرقىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ، چېلىق گاۋنىڭ غەربىدە خۇاڭخې دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ» دېيىلگەن. ئۇنىڭ ئورنىدىن قارىغاندا، بۇ يەردىكى لوخې دەرياسى يەنى خېنەندىكى لوياڭنىڭ شەرقىي شىمالىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان، هازىرقى گوڭشيەن ناهىيىسىدە خۇاڭخې دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان لوخې دەرياسى ئىدى.

⑧ بۇ يەردىكى لوخې دەرياسى ھەققىدە «تاغ ئېزىملار قورۇقى. غەربىي تۆت قورۇقى» غا قارالسۇن.

⑨ «لياڭ بېگىنىڭ يالمىنى» ھەققىدىكى ئېنىقلىمىنى، ۋاڭ گوۋېيىنىڭ «گۇيفاڭ، خۇنيى، شيەنيۈنلەر توغرىسىدا مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىسىغا قارالسۇن.

⑩ سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى شياڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دىلار (گۇيفاڭلار) يەنى دىڭلىڭلاردۇر، «ئۇلار دەسلەپتە جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمى ۋە خەنزۇلارغا يېقىن جايلاردا ئولتۇراقلاشقان» دەپ قارايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» I توم، 456 – بەت، موسكۋا 1956 – يىل نەشرىگە قاراڭ.

⑪ شۇشتەي: «جۇيۇەندىن تېپىلغان چىغىناق – سۆڭەك پۈتۈكنامىسىدە تىلغا ئېلىنغان ئادەم، ئەمەل، ئەل ناملىرى توغرىسىدا قىسقىچە ئىزاھ»، «قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقاتى» 1 – توپلام، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1980 – يىل نەشرى.

⑫ «ئاستانىلىقتىن تېپىلغان جۇنامە. ئەسىرلەر» دە «107 مىڭ 779 ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالغان، 300 مىڭ 230 ئادەمنى ئەسىرگە ئالغان» دېيىلگەن. گومورونىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، جۇ جامائەسىدىكىلەر 100 مىڭنى يۈز مىليون دەپ ھېسابلايتتى؛ «يۈز مىليون 100 مىڭ» دېگەن سان «يۈز مىليون 70 مىڭ»

دەپمۇ يېزىلاتتى («جۇڭگونىڭ قەدىمكى جەمئىيىتى توغرىسىدا تەتقىقات» 271 - بەتكە قارالسۇن).

⑬ جۇ جامائەسىنىڭ قەبىلە باشلىقى گاۋيۈنىڭ يىن گاۋزۇڭ ۋۇدىڭ بىلەن دەۋرداش ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا تارىخىي كىتابلاردا ئېنىق خاتىرە يوق. بۇ يەردە مېنىڭ ۋېنتوڭنىڭ قىياسى ئاساس قىلىندى. مېنىڭ ئەپەندى يازغان «جۇ، چىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەققىدە تەتقىقات» نىڭ 51 - بېتىگە قارالسۇن.

⑭ «دۆلەت ئەربابلىرى ھەققىدە بايان. لو بەگلىكىدىكى ئەربابلار ھەققىدە بايان. بىرىنچى قىسمى» دا «جۇ يۈنىڭ ئەۋلادى ئىدى، شيالقلار ئۇنىڭغا بەك چوقۇناتتى: شياڭ جياۋبي چىنىڭ ئەۋلادى ئىدى، شياڭلىقلار ئۇنىڭغا بەك چوقۇناتتى؛ گاۋيۈ بىلەن تەيۋاڭ (يەنى گوگوڭ دەنفۇ) چىنىڭ ئەۋلادى ئىدى، جۇلۇقلار ئۇلارغا بەك چوقۇناتتى» دېيىلگەن.

⑮ «زوچيۇمىڭ تەپسىرى» جاۋگوڭنىڭ يەتتىنچى يىلىدا، جو چىڭۋاڭ «گاۋيۈ بىلەن يايۈنىڭ تۆھپىلىرى قانداقمۇ ئۇنتۇپ كېتىلسۇن» دېگەنىدى.

⑯ غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە، جۇلۇقلار ھەمىشە ھەربىي ئىشلارنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان كۈچلۈك دۈشمەنلىرىنى رۇڭلار (戎) دەپ ئاتايتتى، مەسىلەن، شەرقىي يىلارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرىنى شۈرۈك، خۇەيرۇڭ دەپ، چاڭلارنى چاڭرۇڭ، ھەتتا يىن سۇلالىسىنى رۇڭيىن دەپ ئاتىغانىدى. بۇ يەردىكى گۈيرۇڭلار گۈيفاڭلارنى كۆرسىتەتتى. نەشىر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئەسەرىم «شىمالىي دىلار ۋە جوڭشەن بەگلىكى» دە «گۈيرۇڭ» دېگەن سۆز، گۈيفاڭ ۋە غەربىي رۇڭلار دەپ خاتا ئىزاھلانغان، تۈزەتىشكە تېگىشلىك.

⑰ جېن (震) نىڭ ۋاڭجى ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس. بۇ يەردە

دىڭشەننىڭ قارىشىنى ئاساس قىلىندى. دىڭشەن يازغان «شىياڭ، جۇ سۇلالىلىرىنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ - دەلىللەش» كە قارالسۇن. لوگىمىن بىرلەشمە كىتاب ئىدارىسى 1960 - يىل نەشرى 78 - بەت.

⑱ «كېيىنكى خەننامە. غەربىي چاڭلار ھەققىدە قىسسە» دە «قەدىمكى يېزىقتىكى بامبۇكنامە. خاتىرىلىرى» دىن ئېلىنغان «جۇ ۋاڭجى يىنلىقلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلىققا تەيىنلەنگەن» دېگەن نەقىلنى، ۋاڭ جى ۋېيدىڭنىڭ تۆتىنچى يىلى ۋېيدىڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن يىنلىقلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلىققا تەيىنلەنگەن دەپ ئىزاھلىغان. لېكىن ئەينى مەزگىلدىكى ئەھۋالنى تەھلىل قىلغاندا، ۋاڭ جىنىڭ يىنلىقلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلىققا تەيىنلەنگەن ۋاقتى، ئۇنىڭ جامائەسى بىلەن شىياڭ سۇلالىسىنىڭ گۇيفاڭلارنىڭ ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىدىن كېيىن ئىدى، بۇ ۋاقىتتا شىياڭ سۇلالىسى بىلەن جۇ جامائەسىدىكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولغانىدى.

⑲ چېن مىڭجيا: «غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ مىس قوراللىرىدىكى پۈتۈكلەرنىڭ يىل دەۋرى توغرىسىدا ئىزدىنىش (ئۈچىنچى قىسمى)»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» 1956 - يىللىق بىرىنچى سان.

⑳ «شەنشى ئۆلكىسىنىڭ سۇدىبېدىكى ۋۇسۇن كەنتىدىكى گەمىدىن تېپىلغان بىر تۈركۈم مىس قوراللار»، «مەدەنىي يادىكارلىقلار ژۇرنىلى» 1975 - يىللىق ئىككىنچى سان.

㉑ «باۋجى ناھىيىسىدىن يېڭىدىن تېپىلغان يىن دەۋرىگە ئائىت برونزا قوراللار»، «مەدەنىي يادىكارلىقلار ژۇرنىلى» 1972 - يىللىق ئىككىنچى سان. «شىلو خۇلەنجيا ئېقىنىدىن شىياڭ دەۋرىگە ئائىت يېڭىدىن تېپىلغان برونزا قوراللاردىن قىسقىچە دوكلات»، «مەدەنىي يادىكارلىقلار ژۇرنىلى» 1962 - يىللىق

4 ـ، 5 ـ سان.

㉒ گۈيغاتلارنىڭ شىياڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغانلىقى، تارىخىي كىتابلاردا كەمدىن ـ كەم تىلغا ئېلىنغان. ئەمما گۈر بېگىنىڭ گۈر دېگەن نامىدىن قارىغاندا، بۇ نامنى گۈيغاتلاردىن كېلىپ چىققان بىر قەبىلە باشلىقى شىياڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بەرگەن ئۇتتۇغات نامى ئىدى.

㉓ «دېڭىزلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر. جاۋ بەگلىكى تەدبىرلىرى» دە «بورۇن شىياڭ جۇۋاڭ گۈر بېگى، ئې زېمىن بېگى، ۋېنۋاڭلارغا ئۈچ ۋەزىرلىك مەرتىۋىسىنى بەرگەن» دېيىلگەن؛ «تارىخىي خاتىرىلەر. يىن خاتىرىلىرى» دە (شىياڭ جۇۋاڭ غەرب تەرەپ بېگى چاڭ، توققۇز جەمەت بېگى («دىۋانلار شەرھى» دە شۇگۇۋاڭنىڭ «گۈر بېگى دەپمۇ يېزىلىدۇ» دەپ ئېيتقان سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلگەن) ۋە ئې زېمىن بېگىنى «ئۈچ ۋەزىرلىككە تەيىنلىگەن» دېيىلگەن.

㉔ چېڭ ئېنزې: «دېڭىزلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر» دە خاتىرىلەنگەن يەر نامىلىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە» نىڭ 18 ـ جىلدىدا «ئىنانچىلىق تەپسىرى» دە تىلغا ئېلىنغان «يې دېگەن جاينىڭ غەربىدىكى توققۇز بەگ قەلئەسى، گۈر بېگىنىڭ ئېلى بولۇشى مۇمكىن» دەپ يازغان. «شەرھنامە» دە: «توققۇز بەگ قەلئەسى شىياڭجۇ ئايمىقىدىكى فۇياڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 50 چاقىرىم يىراقلىقتا» دېيىلگەن، «ئۇلۇغ ئادالەتلىك دۇنيا خاتىرىسى» دە: «توققۇز بەگ قەلئەسىنىڭ يەنە بىر نامى گۈر بېگى قەلئەسىدۇر، سىجۇ ئايمىقىدىكى فۇياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 50 چاقىرىم يىراقلىقتا، بۇ شىيا جۇۋاڭنىڭ ۋاقتىدىكى گۈر بېگى قەلئەسىدۇر» دېيىلگەن.

㉕ سېن جوڭمىيەن: «شىيا سۇلالىسى دەۋرى ۋە دى مىللىتى» دە: «گۈي، ۋېي، خۇاي سۆزلىرى پەقەت شېۋىدىكى ئاھاڭ جەھەتتىنلا ئىنتايىن كىچىك پەرق قىلىدۇ»، «خۇاي جەمەتىنىڭ

توققۇز ئۇرۇقى ھەقىقەتەنمۇ دىلارنى كۆرسەتسە ئېگىرەك» دەپ يازغان. گومورو: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى جەمئىيىتى توغرىسىدا تەتقىقات» دا «خۇاي جەمەتىنىڭ توققۇز ئۇرۇقىدىكى خۇاي سۆزى ۋېي بىلەن ئوخشاش بولۇپ، يەنىلا دى جەمەتىدىندۇر» دەپ يازغان.

⑳ «زوچيۇمىڭ تەپسىرى» دىڭگوڭنىڭ تۆتىنچى يىلىدا «تاڭ شۇغا خۇەي جەمەتىنىڭ توققۇز ئۇرۇقى ئىنئام قىلىپ بېرىلدى» دېيىلگەن. جىن دەۋرىدىكى دۇيۈ: «خۇەي جەمەتىنىڭ توققۇز ئۇرۇقىنىڭ بىر جەمەتى توققۇز جەمەت دەپ ئاتىلاتتى» دەپ ئىزاھ بەرگەن.

㉗ «تارىخىي خاتىرىلەر. يىن خاتىرىلىرى» دە شياڭ جۇۋاڭنىڭ گۇر بېگىنىڭ قىزىنى ئۆلتۈرۈش سەۋەبىنى، يازغاندا ئۇنىڭ «يولدىن چىقىپ كەتكەن» لىكىنى سەۋەب قىلىپ يازغان. «لۈي بۇۋېي ئەمىنىيىسى» 23 - جىلد «يوللار» دىمۇ يەنە «شياڭ جۇۋاڭ گۇر بېگىنىڭ قىزىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى قولغا چۈشۈرگەن» دېيىلگەن. گاۋ شيۇ «شياڭ جۇۋاڭ خانىكە دايىنىڭ ئۆسەك گەپ-لىرىنى ئاڭلىغانىدىن كېيىن، گۇر بېگىنىڭ قىزىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىگە بەيئەت قىلغان گۇر بېگىنى تۇتۇۋالغان» دەپ ئىزاھ بەر-گەن. بۇلار بىلەن «يىن خاتىرىلىرى» دىكى سۆزلەر سەل - پەل پەرق قىلىدۇ.

㉘ لى شۈچىن «يىن دەۋرىنىڭ جۇغراپىيىسى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» دا «گۈيفاڭلار يىراق تامان كەتكەن» دېگەن سۆزنى ئادەم ئىسمى دەپ قارىغان. پالنامىدىكى سۆزلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسىدىن قارىغاندا، ئادەم ئىسمى دەپ ئىزاھلانسا، ئۇنىڭ ئالدى - ئارقىسىنى چۈشىنىش بەك قىيىن. بۇ يەردە دىڭشەن بىلەن يۈشىڭۋۇنىڭ قارىشى ئاساس قىلىندى.

㉙ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 94 - جىلدى، پادىشاھ جىن چىڭدىنىڭ شيەنخې توققۇزىنچى

يىلى (مىلادى 334 - يىلى) دىكى يارلىقىدا «دىڭلىڭلارنىڭ ئاقساقىلى دى بىن دەسلەپتە كانگىيىدە ياشاپ كەلگەن بولۇپ، كېيىن جۇڭگوغا كۆچۈپ كەلگەن» دېيىلگەن. يۈي چۈەن يازغان «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى. غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە» دە «دىڭلىڭلار دۆلىتى كانگىيىنىڭ شىمالىدا» دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، 16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى دى بىنىنىڭ باشچىلىقىدىكى دىڭلىڭلار، ئەسلىدە بالقاش كۆلىدىن تاكى يەنسەي دەرياسىنىڭ ئەتراپىغىچە بولغان جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان دىڭلىڭلار (تارىختا «غەربىي دىڭلىڭلار» دەپ ئاتالغاندى) نىڭ بىر تارمىقى ئىدى.

㉚ دى جەمەتى قۇرغان بۇيۇك ۋېي بەگلىكى ھەققىدە «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»گە ئائىت خاتىرىلەرنىڭ داۋامى. دىڭلىڭلارنىڭ يەن بەگلىكىگە ئاسىيلىق قىلىشى»؛ «16 پادىشاھلىق يىلنامىسىگە تولۇقلىما. كېيىنكى يەن بەگلىكى خاتىرىلىرى» دىن كۆرۈڭ. بۇ كىتابنىڭ بەشىنچى باب ئۈچىنچى پاراگرافىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

㉛ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» گە قاراڭ؛ ھەم بۇ كىتابنىڭ 13 - باب ئىككىنچى پاراگرافىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

㉜ س. ۋ. كىسىلېۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى): «سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدىكى برونزا قوراللار بىلەن جۇڭگونىڭ شىياڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى»، «ئارخېئولوگىيە ژۇرنىلى» 1960 - يىللىق ئىككىنچى سان؛ «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى برونزا دەۋرىنىڭ ئون تۆت يىلدىن بۇيانقى تەتقىق قىلىنىشى»، «ئارخېئولوگىيە ژۇرنىلى» 1959 - يىللىق ئالتىنچى سان (ئەسلى نۇسخىسى «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى» نىڭ 1957 - يىللىق تۆتىنچى سانىغا بېسىلغان). ئۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى»

I توم 458 - بەت، موسكۋا 1956 - يىل نەشرىگە قارالسۇن.

㉝ ㊳ ㊷ سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىلىم - پەن كومىتېتى بىرلىكتە تۈزگەن «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي تارىخى» خەنزۇچە تەرجىمىسى، پەن نەشرىياتى 1958 - يىل نەشرى، 48 - بەت.

㉞ ن. سېرىنجاپ (موڭغۇلىيە): موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «ئارخېئولوگىيە ژۇرنىلى» 1961 - يىللىق ئۈچىنچى سان. ياپونىيە ئالىمى شىراتورى كۇراكىچى 1923 - يىلى يازغان «خۇن مىللىتى توغرىسىدا مۇھاكىمە» ناملىق ئەسىرىدە دىڭلىڭلار خۇن ئىمپېرىيىسى باش كۆتۈرۈپ چىقمىشتىن ئاۋۋال، ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇرقۇن ۋە سېلىنگا دەريا ئەتراپلىرىغا تارقالغان دەپ قارىغان.

㉟ ㊲ سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» I توم 458 - بەت، موسكۋا 1956 - يىل نەشرى. ئۇنىڭدىن باشقا س. ۋ. كىسېلېۋ يازغان «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى» دىكى تەپسىلىي مەلۇماتلىرىغىمۇ قارالسۇن.

㊱ س. ۋ. كىسېلېۋ «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى بىرونزا دەۋرىنىڭ 14 يىلدىن بۇيانقى تەتقىق قىلىنىشى»، «ئارخېئولوگىيە ژۇرنىلى» 1959 - يىللىق ئالتىنچى سان.

㊴ س. ۋ. كىسېلېۋ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى» 191 - بەت، موسكۋا 1951 - يىل نەشرى.

㊵ ئا. ل. مىنگىت (سوۋېت ئىتتىپاقى): «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى» خەنزۇچە تەرجىمىسى 117 - بەت، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىلىم - پەن كومىتېتى بىرلىكتە تۈزگەن «موڭغۇلىيە خەلق جۇم-

مۇرىيەتنىڭ ئومۇمىي تارىخى» خەنزۇچە تەرجىمىسى 48 - بەت. سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخى» خەنزۇچە تەرجىمىسى 627 - بەت.

㊶ س. ۋ. كىسېلېۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى): «كىسېلېۋ لېكسىيەلىرى توپلىمى» خەنزۇچە تەرجىمىسى 81 - بەت.

㊸㊹ س. ۋ. كىسېلېۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى): «سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدىكى برونزا مەدەنىيىتى بىلەن شىياڭنۇ مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى»، «ئارخېئولوگىيە ژۇرنىلى» 1960 - يىللىق ئىككىنچى سان.

㊺ ل. س. ۋاسىلىيېۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى): «قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، سوۋېت ئىتتىپاقى «تارىخ مەسىلىلىرى ژۇرنىلى» 1974 - يىللىق 12 - سان. تەرجىمىسى «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسىگە دائىر ماقالىلەردىن تاللانمىلار» غا بېسىلغان، مەدەنىي يادىكارلىقلار نەشرىياتى 1980 - يىل نەشرى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى نەقىللەرمۇ مۇشۇ ماقالىدىن ئېلىنغاچقا ئايرىم ئىزاھ بېرىلمىدى.

# III باب هون دۆلتى مەزگىلدىكى دىڭلىڭلار

هون دۆلتى مەزگىلدە، دىڭلىڭلار هونلار تەرىپىدىن
بويسۇندۇرۇلغان ۋە هۆكۈمرانلىق قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بولۇپمۇ
ئىككى خەن سۇلالىسى بىلەن هون دۆلىتىنىڭ قارىمۇقارشى
لىقى سەۋەبىدىن، ئېلىمىزنىڭ يازما مەنبەلىرىدە دىڭلىڭلار
نىڭ بۇ مەزگىلدىكى پائالىيىتى بىرقەدەر ئاز خاتىرىلەن
گەنىدى. لېكىن بىز بار بولغان يازما ماتېرىياللارغا ئاسا
لىنىش شۇنىڭدەك بەزى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما
يادىكارلىقلاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىقمۇ بۇ مەزگىلدىكى
دىڭلىڭلارنىڭ تارىخي ئىزنالىرىنى مەلۇم جەھەتتىن تېپىپ
چىقالايمىز.

## 1. دىڭلىڭلارنىڭ باتۇر تەڭرىقۇت موخۇل دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرىكى مەزگىلدىكى جايلىشىشى

هون دۆلتى مىلادىدىن 209 يىل ئىلگىرى (چىن سىخۇاڭ
I نىڭ تۈنجى يىلى) باتۇر تەڭرىقۇت تەختتە ئولتۇرغان
ۋاقىتتا قۇرۇلغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ شىمالدا دىڭلىڭ،

ھۇلگېر، خاككاس، چۇشۇر قاتارلىقلارنى بويسۇندۇرۇپ، موڭغۇل دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى پۈتكۈل چۆللۈكنىڭ شىمالىۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلارغا كېڭەيتكەن. بىز چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى قاراسۇق مەدەنىيىتىدىن يەنى دىڭلىڭلارنىڭ بىرونزا مەدەنىيىتىنىڭ ئارقىلىشىدىن، ھازىرقى جەنۇبىي سىبىرىيە بىلەن موڭغۇل يايلىقىدىكى رايونلارنىڭ، دىڭلىڭلارنىڭ جايلاشقان رايونى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ دەۋرلەرگە ئايرىشىغا ئاساسلانغاندا، قاراسۇق مەدەنىيىتى مىلادىدىن 1200 يىل ئىلگىرىدىن مىلادىدىن 700 يىل ئىلگىرىكى مەزگىلگىچە تارقالغان مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئورنىنى تاغار مەدەنىيىتى (مىلادىدىن ئىلگىرى 700 — 1200) ئالغان. قاراسۇق مەدەنىيىتىنىڭ ئاخىرقى چېكىدىن باتۇر تەڭرىقۇت تەختتە ئولتۇرغان (تاغار مەدەنىيىتى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ) ۋاقىتنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 500 يىل ئىدى. بۇ مەزگىلدە جەنۇبىي سىبىرىيە بىلەن موڭغۇل دالاسىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ جايلىشىشىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يۈز بەرمىگەنىدى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، باتۇر تەڭرىقۇت موڭغۇل دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى دىڭلىڭلارنىڭ ئاۋۋالقىدەكلا يەنە جەنۇبىي سىبىرىيە بىلەن موڭغۇل دالاسىغا جايلاشقان ياكى جايلاشمىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلە ھەققىدە، ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا ياكى تونۇق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان (مەسىلەن، جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭلار ھەققىدە) ياكى يېزىپ قالدۇرۇلغان خاتىرىلەرمۇ مۇجمەل بولغاچقا، ئانچە ئېنىق (مەسىلەن، موڭغۇل دالاسىدىكى دىڭلىڭلار ھەققىدە) بولماي كەلگەنىدى.

دىڭلىڭلارنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى جايلىشىشى ھەق-

قىدە، ئىلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا غەربىي خەن سۇلالى-
سىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، يەنى باتۇر تەڭرىقۇت ھون
دۆلىتىنى قۇرغان ۋە موڭغۇل دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن-
دىن كېيىن ئاندىن خاتىرە قالدۇرۇشقا باشلىغانىدى. «تا-
رىخىي خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە غەربىي خەن
سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا باتۇر تەڭرىقۇت «شىمالدا
ھۇنگىر، چۇشەر، دىڭلىڭ، خاككاس، شىنلى ئەللىرىنى بويس-
ۇندۇرغان» دېيىلگەن، يەنى بۇنىڭدا باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ
موڭغۇل دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ۋە جەنۇبىي سىبىرى-
يىنى بويسۇندۇرغان ۋەقەسى كۆزدە تۇتۇلغانىدى. «خەننامە.
ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە خەن شۈەندى دەۋرىدە «دىڭلىڭلار
ئۇلار (ھونلار) نىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ
شىمالىغا ھۇجۇم قىلغان» دېيىلگەن، «خەننامە. سۇۋۇنىڭ
تەرجىمىھالى» دا سۇۋۇ بايقال كۆلى بويىغا بېرىپ ماكانلاشقان-
دا، «دىڭلىڭلار ئۇنىڭ قوي - كالىلىرىنى بۇلاپ تۇراتتى»
دېيىلگەن. «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھونلار ھەققىدە
قىسسە» دە خەن جاڭدى دەۋرىدە «دىڭلىڭلار ئۇلارنىڭ ئارقا
تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى» دېيىلگەن، بۇلارنىڭ
ھەممىسى دىڭلىڭلارنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە
بايقال كۆلى رايونلىرىدا ياشىغانلىقىنىڭ ئېنىق دەلىلى ھې-
سابلىنىدۇ. «خەننامە. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە غەربىي خەن
سۇلالىسىنىڭ شۈەندى پادىشاھ دەۋرىدە ھونلارنىڭ قۇتىنتۇش
تەڭرىقۇتى غەربكە قېچىپ بېرىپ، ئاسىيۇلارنى مەغلۇپ قىل-
غاندىن كېيىن، «شىمالدا دىڭلىڭلارنى مەغلۇپ قىلغان»
دېيىلگەن. بۇنىڭدىكى ئاسىيۇلار دىڭلىڭلارنىڭ شىمالىدا
بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋاڭ شيەنچيەن «خەن-
نامە»نىڭ تولۇقلىما ئىزاھلىرى» دا قوبدۇنىڭ شىمالىدا يەنى
ھازىرقى جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى يەنىسەي دەرياسى بىلەن كاتوگدەر-

ياسىنىڭ ئارىلىقىدا دەپ كۆرسەتكەنىدى. يۈي خۇەن «ۋېي
سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى. غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە»دە
دىڭلىڭلار شىمالىي دىڭلىڭ ۋە غەربىي دىڭلىڭلارغا بۆلۈنگەن،
شىمالىي دىڭلىڭلار «ھونلارنىڭ شىمالىدا»، غەربىي دىڭلىڭلار
«كانگكيىنىڭ شىمالىدا» دېگەنىدى. ھالبۇكى، ئۇ يەنە غەربىي
دىڭلىڭلارنى شىمالىي دىڭلىڭلارنىڭ «ئايرىم بىر ئۇرۇقى»
دېگەنىدى. دىڭلىڭلارنىڭ تارىخىنى بايان قىلىدىغانلار بۇ
ئىككى قەبىلىنى ئوخشاش مىللەت دەپ قارايدۇ①. «غەربىي
رۇڭلار ھەققىدە قىسسە»دە تىلغا ئېلىنغان ئورۇنلارغا ئاسا-
لانغاندا، غەربىي دىڭلىڭلار ھازىرقى بالقاش كۆلىنىڭ ئەتراپ-
لىرىغا تارقالغانىدى. يۇقىرىقىلار خەن، ۋېي دەۋرىدىكى
دىڭلىڭلارنىڭ بالقاش كۆلى ۋە ئۇنىڭ شەرقىگە تارقالغانلىقىغا
ئائىت ئەمەلىي ئاساسلاردۇر. ئۇنداقتا دىڭلىڭلارنىڭ باتۇر
تەڭرىقۇت موڭغۇل دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن
جەنۇبىي سىبىرىيىدە ئولتۇراقلاشقانلىقى راستتىنلا خاتا ئەمەس.
بۇنىڭغا ئاساسەن بىز، تاغار مەدەنىيىتى دەۋرىدە يەنى قارا-
سۇق مەدەنىيىتى ئاخىرلىشىپ، باتۇر تەڭرىقۇت موڭغۇل دالا-
سىنى بىرلىككە كەلتۈرگىچە بولغان 500 يىل ئىچىدە،
دىڭلىڭلار جەنۇبىي سىبىرىيىگە جايلاشقان دەپ ھۆكۈم قىلالاي-
مىز. چۈنكى ھون دۆلىتىدىن ئىلگىرى، جەنۇبىي سىبىرىيە
بىلەن ئۇنىڭغا قوشنا موڭغۇل دالاسىغا تارقالغان قوۋملارنىڭ
ھەممىسى سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى تەرەققىيات باس-
قۇچىدا تۇرۇۋاتاتتى. بۇ يەردە كۈچلۈك دۆلەت تېخى ئوتتۇرىغا
چىقمىغان ئەھۋالدا، شۇڭا دىڭلىڭلارنىڭ كەڭ كۆ-
لەملىك كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تارىخىي ئامىلمۇ
مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئارخېئولوگىيە ئىلمىدىن قارىغاندا،
بىر خىل مەدەنىيەت تىپىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى، دىر-
ۋەقە يۇ خىل مەدەنىيەت تىپىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە ئۇنى

تارقىتىدىغان مىللەتنىڭ گۈللىنىش ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى، لېكىن بۇ خىل مەدەنىيەت تىپىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى يەنە بىر خىل مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئېلىشى، ئەسلىدىكى مىللەتلەرنىڭ يوقىلىشى ۋە كۆچۈشىدىن دېرەك بەرمەيتتى؛ ئۇ كۆپ ھاللاردا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى جەمئىيەتتە بار بولغان مەدەنىيەت تىپى ئاساسىدىكى تەرەققىياتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى، شۇنىڭدەك يېڭى بىر باسقۇچقا تەرەققىي قىلاتتى. شۇڭا قاراسۇق مەدەنىيىتىنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن تاغار مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى، ھەرگىزمۇ جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ جايلىشىشىدا ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دىڭلىڭلار قاراسۇق مەدەنىيىتى ئاخىرلاشقاندا، باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنسا، ئۇنداقتا ھون دۆلىتى قۇرۇلۇشنىڭ ھارپىسىدا ئۇلار يەنە قايتا جەنۇبىي سىبىرىيىگە قايتىپ كەلگەن دېيىشنىڭمۇ ئاساسى كەمچىلدۇر.

موڭغۇل دالاسىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ قاراسۇق مەدەنىيىتىنى ئاخىرلاشقان ۋە باتۇر تەڭرىقۇت موڭغۇل دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرىكى قەيەرگە جايلاشقانلىقى ھەققىدىكى مەسىلە ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا ئىنتايىن ئاز خاتىرىلەنگەچكە، پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارى ۋە تەتقىق قىلىشىغا ئېرىشەلمەي، تا ھازىرغىچە ئېنىق بولماي كەلگەنىدى. بۇ مەسىلە دىڭلىڭلارنىڭ تارىخىدىكى ئىنتايىن زور بىر ئەمەلىي مەسىلە بولغاچقا، ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئىنتايىن زۆرۈر.

موڭغۇل دالاسى ھازىرقى چوڭ خىنگان تېغىنىڭ غەربى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ جەنۇبى، ئالتاي تېغىنىڭ شەرقى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل رايونىدىن

كى چوغاي تېغى، خېتاۋۇلنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. موڭغۇل دالاسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى چوڭ قۇملۇق ۋە چۆللۈك، غەربىي شىمال قىسمى ئېگىز كەتكەن تاغلىق، كۆل ۋە ئويمانلىقلار بولۇپ، شەرقىي جەنۇبى قىسمى ئېگىزلىك ۋە ئېگىز - پەس ئېدىرلىقلار ئىدى. شەرقىي قىسمىدا ئەگرى - بۈگرى كەتكەن كورولېن، ئونان دەرياسى ۋە خۇلۇنبىر كۆلى سۇ سىستېمىلىرى بار، تۇرا، ئۇرقۇن، سېلېنگا دەريالىرى ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىغا بۆرۈلۈپ ئاقىدۇ. غەربىي قىسمىدا قارا ئۇسۇ، قىرغىز كۆللىرىنى مەركەز قىلغان قوبېدۇ ئويمانلىقى بىلەن ئۇسۇپ كۆلىنى مەركەز قىلغان ئۇسۇپ ئويمانلىقى بار. قىشى ئۇزۇن ھەم قاتتىق سوغۇق، يېزى قىسقا ھەم مۆتىدىل بولۇپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە ماس كەلمەيدۇ، پەقەت ھەم قۇرغاقچىلىققا ھەم شورغا چىدامىلىق كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىگە باب كېلىدۇ. مانا بۇلار بۇ بىپايان كەڭ زېمىننى ئوت - چۆپلىرى سېلىنىدەك كەڭ ئوتلاق بىلەن كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ تەبىئىي چوڭ يايلىقىغا ئايلاندۇرغان.

باتۇر تەڭرىقۇت موڭغۇل دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرىكى، موڭغۇل دالاسىدىكى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا، «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە «چۈنچيۇدىن تۇمەنگىچە بولغان نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە، گاھ كۆچىپ، گاھ ئاجرىلىپ، تارقاق ياشاپ كەلگەندى. ئۇلارنىڭ نەسەبنامىلىرىنى بىلىش، تۈزۈشكە بولمايتتى. لېكىن باتۇرغا كەلگەندە ناھايىتى قۇدرەت تېپىپ، شىمالدىكى يات ئائىلىلەرنى تامامەن بويسۇندۇرۇپ، جەنۇبتا جوڭگو بىلەن دۈشمەنلىشەلەيدىغان بولغان» دېيىلگەن. «ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە يېغىلىق دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى بارلىق ئاز سانلىق مىللەت-

لەرنى، مەسلەن، شيەنيۇن، خۇنبى، شەنرۇڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەممە-
سىنى ھونلارنىڭ ئەجدادلىرى دەپ قارىغان بولۇپ، بۇنداق
قىلىش دەرۋەقە نۇرغۇنلىغان تارىخىي ئەسەرلەردە كۆرسىتىل-
گەنلەرگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ، لېكىن سىما چيەن ئېيتقان «گاھ
كۆچۈپ، گاھ ئاجىزلاپ، تارقاق ھالەتتە ياشاپ كەلگەنىدى»
دېگىنى شۈبھىسىزكى، يىراق قەدىمدىن تۆمەنگىچە بولغان نەچچە
مىڭ يىللىق ۋاقىتتا، ئېلىمىزنىڭ شىمالى بىلەن موڭغۇل دالاسىغا
تارقالغان بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر (ھونلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان) نىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى سۆزلى-
گەنلىكى ئىدى. بۇ مەزگىلدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھەم-
مىسى «گاھ كۆچۈپ، گاھ ئاجىزلاپ تارقاق ھالەتتە ياشاپ
كەلگەن» ئەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە كەڭ كۆلەملىك بويسۇندۇ-
رۇش پائالىيەتلىرىنىڭ يۈز بېرىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. ۋەھالەنكى يىن، جۇ دەۋرىدىن بۇيان موڭغۇل دالا-
سىغا كۆچۈپ كەلگەن ھەمدە ئۇ جايدا قاراسۇق مەدەنىيىتىنى
تارقاتقان دىڭلىڭلارنىڭمۇ، موڭغۇل دالاسىدىن كۆچۈشى
ئېھتىمال مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
سىما چيەن ئېيتقان باتۇر تەڭرىقۇت «شىمالدىكى يات
قائىپىلەرنى تامامەن بويسۇندۇرۇپ، جەنۇبتا جۇڭگو بىلەن
دۈشمەنلىشەلەيدىغان بولغان» دېگەن سۆزنى قانداق چۈشە-
نىش كېرەك؟ سىما چيەن ئېلىمىزنىڭ شىمالىنىڭ يېغىلىق
دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ۋەزىيەتنى توغرىسىدا توختىلىپ
«ئۇ چاغدا ئەتراپنى يەتتە كۆچلۈك بەگلىك ئوراپ تۇراتتى،
ئۇلاردىن ئۈچى ھونلار بىلەن چېگرىداش ئىدى» دەپ ئېيت-
قان. «تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ ئاچقۇچى» دىكى ئىلاۋىدە: «ئۈچ
بەگلىك يەن، جاۋ، چىن بەگلىكىدۇر» دېيىلگەن. يەنى يېغىلىق
دەۋرىدىكى يەن، جاۋ، چىن بەگلىكلىرىنىڭ زېمىنلىرى ھونلار
بىلەن بىۋاسىتە چېگرىلانغانىدى. باتۇر تەڭرىقۇت چىن سۇ-

لاسىنىڭ ئاخىرلىرىدا تەختكە چىققان، چىن بەگلىكى بۇ
ۋاقىتتا يەنە، جاۋ بەگلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەندۇڭ
دىكى ئالتە بەگلىكنى ئاللىقاچان يوقىتىپ بولغانىدى، ھون
لارنىڭ زېمىنى چىن سۇلالىسىنىڭ لياۋدۇڭدىن — خېبېي،
سەنشى، شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن گەنسۇنىڭ
شەرقىي قىسمى (يەنى چىن بەگلىكىنىڭ سېپىل سىزىقىنى
بويلاپ) غىچە بولغان جايلىرى بىلەن بىۋاستە
چېگرىداش بولغان بولسا كېرەك؛ «جەنۇبتا
جۇڭگو بىلەن دۈشمەنلىشەلەيدىغان بولغان» دېگەندە، چىن
ئىمپېرىيەسى بىلەن دۈشمەنلەشكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا
كېرەك. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ھونلار تەرە-
پىدىن بويسۇندۇرۇلغان «شىمالدىكى يات تائىپىلەر» نىڭ
ھونلار بىلەن چىن ئىمپېرىيىسىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇشى ھەرگىز
مۇمكىن ئەمەس، يەنى ھونلارنىڭ شىمالىغا تارقالغان ئاز
سانلىق مىللەتلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق.

ئېنىقلىنىشىچە، تۈمەن ۋە باتۇر تەڭرىقۇتلار تەختكە
چىققان مەزگىللەردىكى ھونلارنىڭ سىياسىي مەركىزى ۋە ئۇ-
لارغا قاراشلىق قەبىلىلەرنىڭ پائالىيەت مەركىزى شىمالىي
چۆللۈكتىكى موڭغۇل دالاسىدا ئەمەس ئىدى. «خەننامە. جۇغ-
راپىيە تەزكىرىسى» دە ۋۇيۈەن ئايمىقىنىڭ ئايغىدا تۈمەن-
بالىق دېگەن بىر يەر بار، بۇ يەرچۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى
چوغاي تېغى (ئەچكى موڭغۇلدىكى ھازىرقى داچىڭشەن تېغى)
نىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا② جايلاشقان دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭ
تۈمەنبالىق دەپ ئاتالغانلىقى، تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ بۇ جايغا
ئوردا سالدۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. «خەننامە. ھونلار ھەققىدە
قىسسە» دە كەيتاۋۇل خۇيىڭنىڭ مۇنداق دېگەن بىر ئابزاس سۆزى
خاتىرىلەنگەن، ئۇ: «شىمالىي چېگرىدىكى
قورغان لياۋدۇڭغا تۇتىشىدۇ، سەددىچىننىڭ سىرتىدا چوغاي

تېغى بار، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 1000 چا-
قىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان جايدا دەل - دەرەخ، ئوت - چۆپ-
لەر ئۆبدان ئۆسىدۇ، قۇشلار بىلەن ياۋايى ھايۋاناتلارمۇ
ناھايىتى كۆپ، باتۇر تەڭرىقۇت مۇشۇ جايلارنىڭ ئوتتۇرى-
سىدا تۇراتتى، ئۇ ئۇقيا ئېتىپ قاراقچىلىق قىلاتتى، بۇ جاي-
لار ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەت ئىدى.» بۇنىڭدىن باتۇر تەڭرى-
قۇتنىڭ ئىزدىشىنىڭ چوغاي تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىكەنلىكىنى
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «ھونلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلان-
غاندا، چوغاي تېغىدىن تاشقىرى يەنە، ھازىرقى ئىچكى موڭ-
غۇلنىڭ خېتاۋ رايونى، جۇملىدىن چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى
«خېنەن رايونى» مۇ، ھون قەبىلىلىرىنىڭ ئاساسلىق كۆچۈپ
يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدىغان جايلىرى بولغان. دەرۋەقە
چوغاي تېغىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقلاردىكى بوستانلىقلار بىلەن
موڭغۇل يايلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى بەزى جايلاردىمۇ قىسمەن
ھون قەبىلىلىرى تارقالغان بولۇشى مۇمكىن. تارىخىي خاتى-
رىلەردە چىن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى مېڭ تيەننىڭ شىمالدا
ھونلارغا زەربە بەرگەندە، خېتاۋ بىلەن چوغاي رايونىدىكى
ھونلارنىڭ شىمالغا كېتىپ، «ئون يىلدىن ئارتۇق» يۈرگەنلىكى
خاتىرىلەنگەن. موڭغۇل دالاسىدا ھونلارنىڭ تارقالغانلىقى
ناھايىتى ئېنىق ئىدى③. ئەمما تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ دەۋرىدى-
كى ھونلارنىڭ ئوردىسى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا تەسىس قىلىن-
غانىدى، مېڭ تيەننىڭ 100 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق چوڭ
قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى ھونلارغا
زەربە بەرگەنلىكى، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردىن ئىلگى-
رىلا، ھونلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ موڭغۇل دالاسىدا
بولماي، بەلكى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى چوغاي تېغىنىڭ خېتاۋ
رايونىدا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىن-

ھان باتۇر تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن «شىمال تەرەپتە بويسۇندۇرۇلغان» ھونگىر، چۇشەر، دىڭلىڭ، خاككاس، شىنلى قاتارلىق ئەللەر، پۈتۈنلەي «شىمالدا بويسۇندۇرۇلغان» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ مىللەتلەر باتۇر تەڭرىقۇت تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى چوغاي تېغىدىكى خېتاۋنى مەركەز قىلغان ھونلارنىڭ شىمالىغا تارقالغانىدى، يەنى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل دالاسى بىلەن جەنۇبىي سىبىرىيەگە تارقالغانىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە ئېيتىلغان باتۇر تەڭرىقۇت «شىمالدىكى يات تائىپىلەرنى تامامەن بويسۇندۇردى» دېگىنى ئاساسلىق ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشقا قارىتىلغان بولسا كېرەك.

چۇشەرلەرنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا تارقالغانلىقى، تارىخىي خاتىرىلەردە پۈتۈنلەي دېگۈدەك كەمدىن كەم خاتىرىلەنگەن. خاككاسلار يەنى «تاڭنامە» دە تىلغا ئېلىنغان قىرغىزلار بولۇپ، ئۇلارنى يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىغا تارقالغان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. قالغان قەبىلىلەر چۆللۈكنىڭ شىمالىغا تارقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرىنى ئىزدەپ تېپىشقا بولىدۇ. ھونگىرلار «خەننامە. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە: «浑窳» (ھونگىر) دەپ تىلغا ئېلىنغان، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ سۇفاڭ ئايمىقىدا ھونگىر ناھىيىسى (浑窳县) بار بولۇپ، سۇفاڭ ئايمىقىدىكى غەربىي قىسىم كاھېبگىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئىدى، ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى خېتاۋنىڭ غەربىي شىمالىدا ئىدى. «窳浑» خېتى 浑窳 نىڭ ئالمىشىپ قالغانلىقىدىن بولغان خاتالىق بولۇپ، خەن دەۋرىدىن ئىلگىرى ھونگىرلارنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولغان، خەن سۇلالىسى ئۇ جايدا تەسىس قىلغان ناھىيىنىڭ قەدىمكى نامىمۇ ئاشۇنداق ئاتالغان. بۇ پىكىر خاتا بولمىسا، ھونگىرلارنىڭ تۇرۇشلۇق

ئوزۇلىلىرى موڭغۇل دالاسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى مەلۇم
جايدا بولسا كېرەك. ما چاڭشۇ ئەپەندى شىنلىنى «تارىخىي
خاتىرىلەر. لى سىنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى شيەنلى (纤离)
مىكىن دەپ گۇمان قىلغان④. «لى سىنىڭ تەرجىمىھالى» غا
ئاساسلانغاندا، چىن بەگلىكىنىڭ بېگى يېڭى جېڭنىڭ دەسلەپ-
كى يىللىرىدا، خەن بەگلىكى جېڭ گونى ئەۋەتىپ، ئېرىق —
شاخاپ چاپتۇرۇپ، چىن بەگلىكىنىڭ ئەسكەرلىرىنى توسىغا-
نىدى، چىن بەگلىكىنىڭ شەرققە جازا يۈرۈش قىلىش سۈيىـ
قەستى ئاشكارىلىنىپ قالغاندىن كېيىن، چىن بېگى مۇساپىر
بەگلەرنى قوغلاپ چىقىرىش بۇيرۇقىنى چىقارغاندا، لى سى ئ
مەكتۇپ سۇنۇپ توسۇپ، «ھازىر جانابلىرى قاراقۇرۇم قاش
تېشىغا...... ئاستىلىرىدىكى تۇلپار (纤离之马) غا ئىگە بول-
دىلا» دەپ، تۇلپار ئاتنى «چاپقۇر دۇلدۇل» (骏良駃騠)
دەپ ئاتىغانىدى. ھالبۇكى «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار ھەق-
قىدە قىسسە» دە موڭغۇل دالاسىدىكى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا
«دۇلدۇل» دەپ ئاتىلىدىغان ئات چىقىدىغانلىقى تىلغا ئېلىن-
غان، بۇ يەردىكى تۇلپار ئات موڭغۇل دالاسىدىن چىقىشى
مۇمكىن. بىراق، ھونلارغا قوشنا بولغان مىللەتلەرنىڭ ئىچى-
دىكى شىنلى دەپ ئاتىلىدىغان مىللەتنىڭ نامى شيەنلىگە
يېقىن بولغاچقا، شيەنلىنىڭ شىنلى بولۇشىنىڭ ئېھتىماللىقى
چوڭراق. ئەينى چاغدا چىن سۇلالىسىنىڭ شىمالدىكى چېگرى-
سى شياڭجۇن ئايمىقى (ئورنى فۇشىدا بولۇپ، ھازىرقى شەن-
شىدىكى يۇلىننىڭ جەنۇبىدا ئىدى) دىن ئۆتمىگەنىدى. ھا-
زىرقى نىڭشيا، ئىچكى موڭغۇلدىكى خېتاۋ پۈتۈنلەي ھونلار-
نىڭ زېمىنلىرى بولۇپ، ئۇلارغا قاراشلىق تۇلپار ئاتلار
قاندىلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يىراقتىكى سىبىرىيەدىن كەل-
گەن بولماستىن، بەلكى چىن سۇلالىسىدىن ئانچە يىراق بول-
مىغان موڭغۇل دالاسىدىن كەلگەنىدى. قىسقىسى، شىنلىلار چىن

سۇلالىسىگە يېقىن بولغان موڭغۇل دالاسىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولسا كېرەك. دىڭلىڭلار توغرىسىدا «ۋېيي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى: غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە» دە: «ھونلارنىڭ شىمالىدا «دىڭلىڭ، خاككاس، شىنلى ئەللىرى بار، شىمالىي دېڭىزنىڭ جەنۇبىدا دىڭلىڭلارنىڭ بارلىقى ئېنىق» دەپ كۆرسىتىلگەن. دىڭ چيەن «خەننامە. ھونلار ھەققىدە قىسسە»، دىكى جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلارغا ئېنىقلىما»دا دىڭلىڭلارنى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان دەپ كۆرسەتكەن. ياپونىيىلىك ئالىم شىراتورى كۇراكىچى ئۆزىنىڭ «ھون مىللىتى توغرىسىدا مۇھاكىمە» ناملىق ئەسىرىدە، باتۇر تەڭرىقۇت موڭغۇل دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى، «ھونلارنىڭ تايانچ بازىسى سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى چوغاي تېغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بولۇشى كېرەك»، دىڭلىڭلار بىلەن ئۇيغۇرلار (ئۇيغۇرلارنى دىڭلىڭلار دەپ قارىغان) «بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى سىلىنگا ۋە ئورقۇن دەريا ۋادىلىرىغا جايلاشقان»⑤ دەپ ھېسابلىغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، باتۇر تەڭرىقۇت موڭغۇل دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئاساسەن شىمالدىكى يات ئائىپىلەر يەنى ھونگېر، چۈشەر، دىڭلىڭ، شىنلى قاتارلىق مىللەتلەر تارقالغانىدەك قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دىڭلىڭلارنىڭ ئىگىلىگەن جايلىرى ئەڭ كەڭ بولۇپ، موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا، شىمالىي ۋە غەربىدىكى مەلۇم جايلارغا تارقالغانىدى. باتۇر تەڭرىقۇت موڭغۇل دالاسىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، موڭغۇل دالاسىغا تارقالغان دىڭلىڭلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قۇل قىلىنىۋېلىنغاندىن تاشقىرى⑥، يەنە بىر قىسمى شىمالغا يەنى جەنۇبىي سىبىرىيىگە قېچىپ بېرىپ، شۇ جايلارغا تارقالغان قوۋملارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. ھونگېر، چۈشەر، شىنلى قاتارلىقلار، باتۇر

تەگرىقۇت ئۇلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار تارىخىي كىتابلاردا قايتا كۆرۈلمىگەن، ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ خەلقى ھونلار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ، قۇل قىلىنغاندىن كېيىن، پۈتۈنلەي تارقىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىدىكى يەكۈنلەر چۆللۈكنىڭ شىمالىنىڭ يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما ماتېرىياللىرى ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە ئىسپاتلانغانىدى. موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارخېئولوگى س. دورجى ۋە ئۇنىڭ «شىمالىي ھونلارنىڭ قەبرىلىرى» ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، موڭغۇل دالاسى رايونىنىڭ برونزا قوراللار دەۋرى تاكى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىرگىچە داۋاملاشقان، ھەتتا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە ئائىت ئايرىم قەبرىلەردىنمۇ يەنە، بىرقانچە پارچە تۆمۈردىن ياسالغان پالتا ۋە تۆمۈر باشاق تېپىلغان، ئەمما مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا باتۇر تەڭرىقۇت موڭغۇل دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، موڭغۇل دالاسىدا «تۆمۈر قوراللار كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەنىدى.» ئۇلانباتۇرنىڭ شىمالىدىن 70 ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان نويان تېغىدىكى ھون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، بۇ ۋاقىتتا تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىش، موڭغۇل دالاسىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە ھەربىي پائالىيەتلىرىگە ئارىسىغا كەڭ كۆلەمدە، چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەن. موڭغۇل دالاسىدا تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىش ئەھۋالىدىن ئىبارەت بۇنداق قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە يۈز بەرگەن جىددىي ئۆزگىرىش، شۈبھىسىزكى بۇ دەۋردىكى ھونلارنىڭ پائالىيەت مەركىزىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن، شۇنىڭدەك ھونلارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كۆچۈشى ۋە چۆللۈكنىڭ شىمالىنى

ھويسۇلدۇرۇشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ئېلىمىزدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI ۋە VII ئەسىرلىك ئالدى - كەينىدىلا، سەددىچىنىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى، ئۇزاق ئۆتمەي يەنە تۆمۈر قۇيۇمچىلىق تېخنىكىسى كەشپ قىلىنغانىدى. ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى ھازىرقى جياڭسۇنىڭ ليۇخېچېڭ كۆۋرۈكى، چاڭشانىڭ شەھەر رايونىدىكى لوڭدوڭپو، شىنزىلىڭ قاتارلىق جايلاردىكى شەرقىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەبرىلەردىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، تۆمۈر ساقا، تۆمۈر تاياقچە، تۆمۈر خەنجەر، تۆمۈر ئارا قاتارلىق تۆمۈر قوراللارنى تاپقان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا تۆمۈر قوراللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىلادىيىدىن -ئىلگىرىكى V ئەسىرگە كەلگەندە، تۆمۈر قوراللارنى ئىشلەپ چىقىرىش ۋە ئىشلىتىش تېخىمۇ ئومۇملاشقان. لۇياڭ سىمونت زاۋۇتىدىن تېپىلغان، يېغىلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە مەنسۇپ تۆمۈرئوتىغۇچ ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلىي تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئاق چويۇنغا سۇرمەتاش ئارىلاشتۇرۇلۇپ تاۋلاش ئارقىلىق قۇيۇلغانلىقى ئېنىقلانغان بولۇپ، تۆمۈر تاۋلاش بىلەن تۆمۈر قوراللارنى ياساش تېخنىكىسىنىڭ يېغىلىق دەۋرىدىن ئىلگىرىلا ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىلىرىگە كەلگەندە، تۆمۈر قوراللارنى ياساش ۋە ئىشلىتىش، ئېلىمىزنىڭ شىمالى ۋە چېگرا رايونلىرىغا كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان، خېبېيدىكى شىڭلوڭ، يىشەن، شىجياجۇاڭ، سەنشىدىكى چاڭجى قاتارلىق جايلاردىن، ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ، يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىلىگە مەنسۇپ زور بىر تۈركۈم تۆمۈر قوراللار تېپىلغان، دېھقان-

چاقىق، قوراللىرىدىن بىنگەن، جوتۇ، ئۇرتىغۇچ، ئورغاق، يوڭۇش قوزالى، پالتا، ساپان قاتارلىقلار، ھەربىي قوراللاردىن ساۋۇت ـ قۇياق، شەمشەر، نەيزە، يالمان، پىچاق، ئۇمۇت، ئۈزەڭگىدىن باشقا يەنە قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان رەندە، پىچقى، ئىسكەنە، بولقا قاتارلىق قوراللار بار. ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، شىڭلوڭدىكى جوۋاڭ قەبرىستانلىقىدىن ئۇتىغۇچ، جوتۇ، ئورغاق، پالتىلارنى قۇيۇپ ياسايدىغان زور بىر تۈركۈمدىكى تۆمۈر قېلىپلار تېپىلغان بولۇپ، تۆمۈر قوراللارنى ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چوغاي تېغىدىكى خېتاۋ رايونىغا تارقالغان ھونلارنىڭ يۇقىرىدىكى رايونلار بىلەن بولغان ئارىلىقىنى ناھايىتى يېقىن دەپ ئېيتىشقا بولغاچقا، شۈبھىسىزكى، ئۇلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىردە يۇقىرىدىكى رايونلاردىن تۆمۈر قوراللار بىلەن تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلغانىدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى ھونلارنىڭ تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىش ئەھۋالى ئىنتايىن ئومۇملاشقان، «تارىخىي خاتىرىلەر» بىلەن «خەننامە» نىڭ ھەر ئىككىلىسىدە بۇ مەزگىلدىكى ھونلارنىڭ ئىشلەتكەن ھەربىي قوراللىرى ئىچىدە تۆمۈردىن ياسالغان پىچاق، ئۇمۇت قاتارلىقلارنىڭ بارلىقى قەيت قىلىنغان. موڭغۇل دالاسىدا تۆمۈر قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ھازىر بار بولغان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئاساسەن ھونلار ئارقىلىق تارقالغان بولسا كېرەك. موڭغۇل دالاسىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردىن ئىلگىرىكى ۋاقىتقا ئائىت قېزىۋېلىنغان تۆمۈر قوراللار شۇنىڭ ئۈچۈن ئازكى، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ھون قەبىلىلىرى

موڭغۇل دالاسىغا بىرقەدەر ئاز جايلاشقانىدى؛ مىلادىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىردىن كېيىن موڭغۇل دالاسىدا تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىشى بولسا، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا تېخىمۇ كۆپ ھون قەبىلىلىرى موڭغۇل دالاسىغا كۆچۈپ كەلگەنىدى. ھونلارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل دالاسىغا كۆچۈپ كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، ھونلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىدىن تاشقىرى، ئەڭ دەسلەپكى ئېھتىماللىق، مىلادىدىن 265 يىل ئىلگىرى جاۋ بەگلىكىنىڭ سانغۇنى لى مۇنىڭ ھۇجۇمى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈز بەرگەن چىن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى مېڭ تيەننىڭ شىمالغا ھۇجۇم قىلىشى، ئەڭ ئاخىردىكىسى مىلادىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ موڭغۇل دالاسىنى بويسۇندۇرۇشى ئىدى. موڭغۇل دالاسىدا تۆمۈر قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە ئۆتۈش بىلەن ھونلارنىڭ موڭغۇل دالاسىغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە موڭغۇل دالاسىنى بويسۇندۇرغان ۋاقتى بىردەك. بۇ بىر جەھەتتىن ھونلارنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىنىڭ تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىش بىلەن ئۇنى ياساش تېخنىكىسىنى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؛ يەنە بىر جەھەتتىن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىردىن ئىلگىرى، تۆمۈر قوراللارنى ئىشلەتكەن ھونلارنىڭ ئاساسەن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا تارقالغانلىقىنى، ھالبۇكى، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل دالاسىنىڭ ئاۋۋالقىدەكلا برونزا دەۋرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بۇ جايلاردا ئاساسلىق جايلاشقانلارنىڭ برونزا قوراللارنى ئىشلەتكەن دىڭلىڭ قاتارلىق مىللەتلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 2. خۇن دۆلىتىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى، ئۇنىڭ دىڭلىڭلارنى بويسۇندۇرۇشى ۋە ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى

مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردە، خۇنلار تۆمۈر قوراللارنى چارۋىچىلىق، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا كەڭ كۆلەمدە ئىشلەتكەنلىكتىن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشتەك ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. خۇنلارنىڭ ئىپتىدائىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكى ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئاساسىدا تۈزۈلگەن ئۇرۇق - قەبىلىلەر تەشكىلاتى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە خۇسۇسىي بايلىقنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، پەيدىنپەي پارچىلاندى، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرى، بۇنداق پارچىلىنىشنىڭ جەريانىنى تېزلەتتى. قۇللارنىڭ ئەمگىكى ئىشلەپچىقىرىشتا خېلى كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىدىغان بولدى؛ تۈمەن باشچىلىقىدىكى خۇنلارنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي تەشكىلات شەكلى، قۇللار ۋە قۇلدارلاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سىنىپ كەسكىن تىركىشىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشالماي قالدى. قەبىلىلەر ئىتتىپاقى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتكە ئۆتۈشكە باشلىغانىدى.

مىلادىدىن 209 يىل ئىلگىرى، خۇن تەڭرىقۇتى باتۇر (昌顿 مەتەي) ئاۋازلىق ئوقيادىن پايدىلىنىپ، ئاتىسى تۈمەن، ئۆگەي ئانىسى، ئىنىسى ۋە ۋەزىرلىرىنىڭ ئىچىدىكى گەپكە كىرمەيدىغانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قورال كۈچى بىلەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، قۇل

لۇق تۈزۈمدىكى ھون دۆلىتىنى قۇردى. باتۇر تەڭرىقۇت ئىچكى قىسمىنى زور كۈچ بىلەن تەرتىپكە سېلىپ، قۇللۇق تۈزۈمنى قوغدايدىغان ھەر خىل قانۇن ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ھەربىي ئېھتىياج بويىچە ھون چارۋىچىلىرىنى تەشكىللىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق قىلىشقا باشلىدى. باتۇر تەڭرىقۇت «دۈشمەندىن بىرنى ئۆلتۈرگۈچى ياكى ئەسىر ئالغۇچىغا بىر ئاپقۇر شاراب ئىنئام قىلىنىدۇ، ئېرىشكەن غەنىيمەت، ئولجىسى كۆرسەتكەن خىزمىتىگە قاراپ بېرىلىدۇ، ئەسىر ئالغان ئادەمنى ئۆزى قول قىلىدۇ» («تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە») دېگەن چاقىرىق ئاستىدا ناھايىتى زور ۋە كۈچلۈك قوشۇن ئۇيۇشتۇردى. ئۇ بۇ قوشۇننى باشلاپ، شەرقتە تۇڭغۇسلارنى يوقىتىپ، «پۇقرالىرىنى ئەسىر ئالدى، مال ـ چارۋىلىرىنى ئولجا ئالدى»، چوڭ ـ كىچىك ھىنگان تېغى ۋە لياۋخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى رايونلارنى ئىگىلىدى؛ غەربتە خېشى ئارىلىقىغا جايلاشقان توخرىلار بىلەن غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، توخرىلارنى غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلىپ، غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنى بويسۇندۇردى؛ جەنۇبتا خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، تەسىر دائىرىسىنى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چەت ئايماق، ناھىيىلىرىگىچە كېڭەيتتى؛ شىمالدا ھۇنگېر، چۈشەر، دىڭلىڭ، خاككاس، شىنلى قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، پۈتكۈل موڭغۇل دالاسىنى ئىگىلەپ، جەنۇبىي سىبىرىيىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى، ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بىپايان كەڭ موڭغۇل دالاسىدا زېمىنى ئىنتايىن كەڭ بولغان ھون دۆلىتىنى قۇردى.

ھونلارنىڭ دىڭلىڭلارنى بويسۇندۇرغان ۋاقتى، «تارىخىي خاتىرىلەر» بىلەن «خەننامە» نىڭ ھەر ئىككىلىسىدە تەپسىلىي خاتىرىلەنمىگەن. ئەمما بۇ ئىككى كىتابنىڭ «ھونلار ھەققى-

دە «قىسسە» سىدە دىڭلىڭلارنى بويسۇندۇرغان ۋاقىت ھونلار غەربتە توخرىلارغا زەربە بەرگەندىن كېيىنكى، خەن سۇلالىسى خەن بېگى خەن شىننى مايىغا ئەۋەتىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدىغانلىقى يورۇتۇلغان. ئېنىقلىنىشىچە، ھونلار غەربتىكى توخرىيلارغا ئىككى قېتىم زەربە بەرگەن: بىرىنچى قېتىمقىسى. شياڭ يۈي بىلەن ليۇ باڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى تالىشىۋاتقان مەزگىلدە يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 206 — 202 يىل بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن؛ ئىككىنچى قېتىمقىسى، مىلادىدىن 175 يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن. توخرىيلار ھونلارنىڭ ئىككى قېتىملىق زەربىسى تۈپەيلىدىن خېشى ئارىلىقىدا پۇت دەسسەپ تۇرالماي، غەربكە ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. خەن ئۇردىسىنىڭ خەن بېگى خەن شىنى مايىغا ئەۋەتكەن ۋاقتى، «تارىخىي خاتىرىلەر. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرىلەر» گە ئاساسلانغاندا، گاۋزۇنىڭ ئالتىنچى يىلى يەنى مىلادىدىن 201 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. ھونلار دىڭلىڭلارنى بويسۇندۇرغان ۋاقىت ھونلار بىرىنچى قېتىم توخرىيلارغا زەربە بەرگەندىن كېيىن ۋە خەن گاۋزۇنىڭ ئالتىنچى يىلىدىن بۇرۇن، يەنى مىلادىدىن ئىلگىرى 206 — 201 يىللار ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ.

لېكىن بۇ ئىككى كىتابنىڭ «ھونلار ھەققىدە قىسسە» لىرىدىكى ھونلارنىڭ دىڭلىڭلارنى بويسۇندۇرغانلىقىغا ئائىت مەزمۇنلىرىنى تەپسىلىي مۇلاھىزە قىلساق، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن دىڭلىڭلارنىڭ ھونلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىقلاپ چىققىلى بولىدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە «شىمالدا ھۇنگىر، چۈشەر، دىڭلىڭ، خاككاس، شىنلى ئەللىرىنى بويسۇندۇرغان» دېگەن سۆزلەردىن كېيىن، «بۇ ۋاقىتتا خەن

سۇلالىسى ئەلنى ئەمدىلا تىنچىتقان، خەن بېگى خەن لىشېن
دەي ۋىلايىتىگە بەگ بولۇپ يۆتكەلگەن، ماي شەھىرى مەر-
كەز قىلىنغان ۋاقىت ئىدى، زور كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلغان
ھونلار ماينى مۇھاسىرىگە ئالغاچقا، خەن بېگى خەن شىن
ھونلارغا تەسلىم بولغان» دېيىلگەن. «بۇ ۋاقىت» دېگەننى
«شۇ چاغدا»، «شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا» ياكى «شۇ يىلى»
دەپ چۈشىنىش مۇمكىن. «خەن سۇلالىسى ئەلنى ئەمدىلا
تىنچىتقان» دېگەن سۆز بىلەن «تارىخىي خاتىرىلەر. گاۋزۇ
ھەققىدە خاتىرىلەر» نىڭ خەن گاۋزۇنىڭ بەشىنچى يىلى دېگەن
قىسمىنىڭ ئاخىرىدا ئېيتىلغان «جاھان تازا تىنچىغان» دې-
گەن سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىكى پەرقى بولسىمۇ (بىرىدە
«ئەمدىلا تىنچىتقان» يەنە بىرىدە «تازا تىنچىتقان» دېيىل-
گەن)، ئەمما بۇ سۆزلەرنى ئالدى - ئارقىسىدىكى سۆزلەر بى-
لەن باغلاپ قارىغاندا، ھەر ئىككىلىسىدە خەن گاۋزۇنىڭ بەشىنچى
يىلى (مىلادىيەدىن 202 يىل ئىلگىرى) شياڭ يۈنىڭ گەي-
شادا يوقىتىلغانلىقى، جاھاننىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى
ليۇ باڭنىڭ قولىدا بىرلىككە كەلتۈرۈلگەنلىكى كۆرسىتىلگەن.
خەن سۇلالىسىنىڭ خەن بېگى خەن شىننى مايىغا ئەۋەتكەن-
لىكى، خەن بېگى خەن شىننىڭ ھونلارغا تەسلىم بولغانلىقى
خەن گاۋزۇنىڭ ئالتىنچى يىلى يۈز بەرگەن ۋەقەلەردۇر. يۇقىرىدا
تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن نەقىلنىڭ ئالدى - ئارقىسىدىكى مەز-
مۇنلارنى باغلاشتۇرۇپ قارىغاندا، ئۇنىڭ مەنىسى مۇنداق:
«ھونلار شىمالدا دىڭلىڭ قاتارلىق مىللەتلەرنى بويسۇندۇرغان
ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، خەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنلىرىمۇ ئاساسىي
جەھەتتىن تىنچىتىلغان، شۇڭا، خەن گاۋزۇ ھونلار-
دىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن خەن بېگى خەن شىننى مايىغا
ئەۋەتكەن. مۇبادا مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈشنى توغرا دېيىلسە،
ئۇ ھالدا ھونلارنىڭ دىڭلىڭ قاتارلىق مىللەتلەرنى بويسۇن-

دۇرغان ۋاقتى چوقۇم، خەن سۇلالىسىنىڭ خەن بېگى خەن
شىننى مايىغا ئەۋەتىشتىن ئىلگىرى، شۇنىڭدەك «خەن سۇلا-
لىسى ئەلنى ئەمدىلا تىنچىتقان» ۋاقىتقا ياكى شۇنىڭغا يېقىن
ۋاقىتقا، يەنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 202 — 201 يىللار ئارـ
لىقىغا توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىدا دېيىلگەن ۋاقىت شۇنداق بىر
تارىخىي پاكىتتىن دېرەك بېرىدۇكى: خەن گاۋزۇ چۇ، خەن
ئۇرۇشىنى ئەمدىلا ئاخىرلاشتۇرۇپ تۇرۇشىغا، باتۇر تەڭرىقۇتـ
نىڭ شىمالدا دىڭلىڭ قاتارلىق مىللەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ،
موڭغۇل دالاسىنى پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلتۈرۈپ بولغانلىقىـ
دىن خەۋەر تاپقان، شۇڭا، ئۇ هون قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبقا
هۇجۇم قىلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ چەت يىراق ئايماق، ۋىـ
لايەتلىرىگە تەھدىت سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن،
شۆھرىتى ئالەمگە پۇر كەتكەن سانغۇن خەن شىننى ئىلگىرى
سۈيۈرغال قىلىپ بەرگەن يىڭچۈەن (هازىرقى خېنەننىڭ
يۈيشەن ناھىيىسى) دىن دەرھال شىمالدىكى مۇھىم چېگرا
جاي ــ مايىغا ئەۋەتىپ، هونلارنىڭ زور قوشۇنىنىڭ جەنۇبقا
هۇجۇم قىلىشىنى توسۇماقچى بولغان. هونلارنىڭ دىڭلىڭلارنى
بويسۇندۇرغان ۋاقتىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 202 — 201
يىللار ئەتراپىدا دەپ، خەن بېگى خەن شىننىڭ مايىغا ئە-
ۋەتىلگەن ۋاقتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراش شۇ ۋاقىتتىكى
ۋەزىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

هونلارنىڭ دىڭلىڭلارنى بويسۇندۇرۇش جەريانى تارىـ
خىي كىتابلاردا تەپسىلىي خاتىرىلەنمىگەن. ئەمما دىڭلىڭلار
«گاھ كۆچىيىپ، گاھ ئاجىزلاپ، تارقاق ياشاپ كەلگەن»
ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر سانجاق ـ سانجاق بولۇپ تۇرغان باسـ
قۇچتا تۇرغاچقا، بۇ شەكسىزكى، هونلارنىڭ ئىستىلاسىغا
ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى. ئۇ چاغدا دىڭلىڭلار بىرونزا قورالـ
لار دەۋرىگە، هونلار بولسا تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە

ئۆتكەندى. دىڭلىڭلار ھون دۆلىتىگە قارىغاندا، بولۇپمۇ
ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈزۈپ كەتكەن ھونلارنىڭ
ئىستىلاسىغا قارىتا ئۈنۈملۈك قارشىلىق كۆرسىتەلمەيتتى،
ئۇلارنىڭ ھون قۇلدارلىرى تەرىپىدىن تېزلا بويسۇندۇرۇلۇشى
تۇرغانلا گەپ ئىدى، ئەلۋەتتە.

ھازىر بار بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ھون
ئاقسۆڭەكلىرى موڭغۇل دالاسىدىكى دىڭلىڭلار بىلەن جەنۇبىي
سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭلارغا قارىتا شەكىل جەھەتتە سەل پەرق-
لىنىدىغان قۇللۇق تۈزۈمىدىكى سىياسەتنى قوللانغاندەك
تۇرىدۇ.

ھون ئاقسۆڭەكلىرى موڭغۇل دالاسىدىكى دىڭلىڭلارنى
بويسۇندۇرغان ۋاقىتتا، كۆپلىگەن دىڭلىڭلارنى ئەسىرگە ئال-
غان. ئاشۇنداق تۇتۇپ كېلىنگەن دىڭلىڭلار «كىم ئەسىر ئال-
غان بولسا شۇ قول قىلىدۇ» دېيىلگەن قائىدە بويىچە، پۈ-
تۈنلەي ھون قۇلدارلىرىنىڭ ئائىلە قۇللىرىغا ئايلىنىپ، ئاسا-
سەن قۇلدارلارنىڭ ئائىلە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتىگەن؛ ھال-
بۇكى، پۈتۈن ئۇرۇق ياكى قەبىلە بويىچە قولغا چۈشۈرۈلگەن
ياكى تەسلىم بولغان دىڭلىڭلار يۇقىرى قاتلام ھون ئاقسۆ-
ڭەكلىرىنىڭ يەنى چوڭ قۇلدارلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇللى-
رىغا ئايلىنىپ، نازارەت ئاستىدا كوللېكتىپ كۆچمەن چارۋى-
چىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان. قىس-
قىسى، پۈتكۈل موڭغۇل دالاسىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ ھەممىسى ھون
ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ خۇسۇسىي قۇللىرىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، موڭغۇل دالاسىدا ھونلار-
نىڭ قول ئاستىدا مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن ھەرقايسى
مىللەتلەردىن بولغان قۇللارنىڭ ئومۇمىي سانى 300 مىڭ-
دىن 500 مىڭغىچە بولۇپ، ھونلارنىڭ نوپۇسىنىڭ $\frac{1}{3}$

قىسمىدىن $\frac{1}{5}$ قىسمىغىچىلىكىنى تەشكىل قىلغان⑩. بۇنىڭ ئىچىدە بىۋاسىتە ھون ئاقسۆڭەكلىرى ئۈچۈن مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتەيدىغان دىڭلىڭ قۇللىرىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمىسەكمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ سانىنىڭ خېلى كۆپ ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ. «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى. غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلگەن: «زىلو (قۇل) ھونچە سۆزدۇر، ھونلار قۇللارنى «زىلو» دەيدۇ، جيەنۋۇ يىللىرى (مىلادى 26 — 57 - يىللار) دىن باشلاپ ھونلار ئاجىزلىشىپ پارچىلىنىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ قۇللىرى جېنچېڭ، ۋۇۋېي، جۇچيەننىڭ شىمالىدىكى خېشۈي، شىخې دەريالىرىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگە قېچىپ بېرىپ، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلدى، لياڭجۇ ئايمىقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى، ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرى كۆپىيىپ، نەچچە ئون مىڭغا يەتتى.... ئۇلار بىرلا ئۇرۇقتىن ئەمەس ئىدى، ئۇلۇغ غۇزلار — دىڭلىڭلار بولۇپ، چياڭ قوۋملىرى بىلەن ئارىلاش ياشايتتى، بۇ جايلار قۇللارنىڭ قەدىمكى ماكانى ئىدى.» ئۇلار مىلادى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھونلارنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن پايدىلىنىپ موڭغۇل دالىسىدىن خېشى ئارىلىقىغا قېچىپ كەلگەن ئۇلۇغ غۇز (غەربىي يۇرتلۇقلار)، دىڭلىڭ ۋە چياڭلاردىن بولغان قۇللار ئىدى. بۇنىڭدىكى «نەچچە ئون مىڭ تۈتۈن» دېگەن سۆزگە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. «تۈتۈن» كىگىز ئۆيگە قارىتىلغان. جايى «يىڭنامە، ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە غەربىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدىكى ھونلارنىڭ نوپۇسى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ، «ئىگىلىشىمچە، ھونلارنىڭ 60 مىڭدەك ئاتلىق ئەسكىرى بار ئىكەن، ھەر بەش جاندىن بىرى ئەسكەر بولىدىكەن، بەش كەررە ئالتە 30 بولىدۇ، شۇنداقتا ھونلارنىڭ

لوپۇسى 300 مىڭ ئەتراپىدا بولىدۇ» دېگەن. بەش جاننى بىر تۈتۈن قىلىپ ھېسابلاش ئېھتىمال، يايلاق ئاھالىلىرىنىڭ سانىنى ئېنىقلاشنىڭ بىر قائىدىسى بولۇشى مۇمكىن. تاڭ تەيزۇڭنىڭ ۋاقتىدا ۋەلىئەھد چىڭ جيەن «تۈركلەرنىڭ تىلى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىگە قىزىقىپ قېلىپ، ئادەملىرىنى تۈركلەردىن ئۆگىنىشكە، بەش جاننى بىر ئۆيلۈك قىلىپ، چاچلىرىنى ئۆرۈمە قىلىشقا، تېرىدىن كىيىم - كېچەك قىلىپ چارۋىچىلىق قىلىشقا دالالەت قىلغانىدى» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 196 - جىلد، جېنگۇەننىڭ 17 - يىلى). نەچچە ئون مىڭ دېگەن سانى 30 مىڭ تۈتۈندىن 50 مىڭ تۈتۈنگىچە دەپ چۈشىنىپ، 40 مىڭ تۈتۈن دەپ تەخمىن قىلساق، خېشى ئارىلىقىغا قېچىپ كەلگەن ھونلارنىڭ قۇللىرىنىڭ سانى 200 مىڭدىن ئارتۇق بولغان بولىدۇ⑪. بۇ بايانىدىن قارىغاندا، بۇ 200 مىڭدەك قۇل ئاساسەن غەربىي يۇرتلۇقلار بىلەن دىڭلىڭلار بولۇپ، چياڭلار بىرقەدەر ئاز ئىدى. ئەگەر غەربىي يۇرتلۇقلار بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ ھەرقايسىسىنى 5:2 نىسبەت بويىچە ھېسابلىغاندا، خېشى ئارىلىقىغا قېچىپ كەلگەن دىڭلىڭ قۇللار ئاز دېگەندە، 100 مىڭ ئەتراپىغا يېتىدۇ. بۇنىڭغا باشقا جايدىن قېچىپ كەتكەن ۋە قېچىپ كېتەلمەي قالغانلارنى (بۇلار كۆپ ساندا بولۇشى كېرەك) قوشقاندا، موڭغۇل دالاسىدا ھون قۇلدارلىرى بىۋاسىتە قۇل قىلىپ ئىشلەتكەن دىڭلىڭ قۇللارنىڭ ئومۇمىي سانى بۇ ساندىن ئېشىپ كېتىشى، بەلكىم نەچچە يۈز مىڭدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. دىڭلىڭلارنىڭ ئەزەلدىن موڭغۇل دالاسىدا ئولتۇراقلاشقانلىقىدىن شۇنىڭدەك ھونلارنىڭ دىڭلىڭلارنى بويسۇندۇرۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئەھۋالدىن ئويلاشقاندا، ھونلارنىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەيدىغان قۇللىرى

ئاساسەن دىڭلىڭلاردىنلا تەشكىل تاپقان بولۇشى مۇمكىن. نەچچە يۈز مىڭلىغان دىڭلىڭ قۇللار موڭغۇل دالاسىدا ھون قۇلدارلىرىنىڭ چارۋىلىرىنى بېقىش، يۇڭ قىرقىش، سېغىنچىلىق قىلىش، كۆن - خۇرۇم ئىشلەش، ھەربىي ئەشيالارنى توشۇش، كۈتكۈچىلىك قىلىش قاتارلىق قۇللار ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان، ھەتتا ھون ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن ھەمدەپنە قىلىنغان[12]. تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان ھەر خىل تەن ۋە مەنىۋى ئازابلارغا دۇچار بولۇپ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرگەن.

جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرىگە، ھون قۇلدارلىرى قەبىلە قۇللۇق تۈزۈمى (ئىرقىي قۇللۇق تۈزۈمى دەپ ئاتىغۇچىلارمۇ بار) نى قوللانغان. جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭلار تەخمىنەن موڭغۇل دالاسىدىكى دىڭلىڭلار ھونلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ياكى ئەل قىلىنغاندىن كېيىن، ھونلارغا تىز پۈككەن. ھونلار ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ئۇرۇق - قەبىلە تەشكىلاتلىرىنى ساقلاپ، ئۆز جايلىرىدا چارۋىچىلىق قىلىشقا رۇخسەت قىلىپلا قالماستىن، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ۋە تۈزۈملىرىنى ساقلاپ قېلىشىغىمۇ يول قويغان؛ ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇرۇق، قەبىلە ئاقساقاللىرى ھون دۆلىتىنىڭ يارلىقلىرى (مەلۇم بىر قۇلدارغا ئەمەس) غا مۇتلەق بويسۇنۇشى، ھون دۆلىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ۋەكالەتچىلىرىنىڭ باشقۇرۇشى ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى، دىڭلىڭلارنىڭ تاپشۇرۇشى ئۈچۈن ھون دۆلىتى بەلگىلەپ بەرگەن، دىڭلىڭلارنىڭ تۆلەش ئىقتىدارىدىن كۆپىنچە ئېشىپ تۇرىدىغان ماددىي نەرسىلەر ۋە ئىجارە سېلىقلارنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇلار ھون دۆلىتىنىڭ يەنى پۈتكۈل ھون قۇلدارلىرىنىڭ قۇللىرى ئىدى؛ ئۇلار موڭغۇل دالاسىدىكى دىڭلىڭلاردىن بولغان قۇللارغا

قارىغاندا، سىنىپىي ئورنى، تەقدىرى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشى، ئېزىلىش دەرىجىسى جەھەتتىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيتتى.

خون قۇلدارلار دۆلىتىنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئەھۋالى ھەققىدىكى ماتېرىياللار كەمچىل بولغاچقا، بۇ مەسىلىنى بىۋاسىتە مۇھاكىمە قىلىش قىيىن. بىراق تەلىيىمىزگە يارىشا تارىخىي كىتابلاردا خون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۇغان (توڭغۇسلارغا تەۋە) لار بىلەن غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەرنى قۇل قىلغانلىقىغا ئائىت بەزىبىر پارچە - پۇرات ماتېرىياللار ساقلىنىپ قېلىنغانىدى. ئۇغانلار بىلەن غەربىي يۇرتتىكى شەھەر قەلئە بەگلىكلىرىنىڭ خونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا كىرگەن ۋاقتى، دىڭلىڭلارنىڭكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى II ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا يېقىن باتۇر تەڭرىقۇت تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ خون دۆلىتىدە تۇتقان ئورنىمۇ ئوخشاش يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى خون دۆلىتىدە قۇل قىلىنىدىغان قەبىلە قۇللار ئىدى. شۇڭا خون دۆلىتىنىڭ دىڭلىڭلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى بىلەن قۇل قىلىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئۇغان ۋە غەربىي يۇرتقا بولغان ھۆكۈمرانلىق ۋە قۇل قىلىشىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. خونلارنىڭ ئۇغان ۋە غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەرنى ئەزگەن ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقىغا دائىر بەزىبىر ئەمەلىي پاكىتلاردىن، خون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇل قىلىنغان قەبىلىلەرگە قارىتا يۈرگۈزگەن قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق بىز خون دۆلىتىنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭلار ئارىسىدا يۈرگۈزگەن قەبىلە قۇللۇق تۈزۈمى ئەھۋالى توغرىسىدا ۋاسىتىلىك ھالدىكى چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز.

ئوغانلار ھونلارنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، توڭغۇسلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى، تۈمەن تەگرىقۇتىنىڭ دەۋرىدە توڭغۇسلار ئىنتايىن قۇدرەت تاپقان بولۇپ، تەسىر دائىرىسىنى موڭغۇل يايلىقىنىڭ شەرق ۋە شەرقىي جەنۇب قىسىملىرىغىچە كېڭەيتكەنىدى. باتۇر تەگرىقۇت تەختكە ئولتۇرغان دەسلەپكى چاغلاردا ئۇ توڭغۇسلارنىڭ «تەييارلىقسىز تۇرغان» لىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ، خەلقىنى، چارۋا - ماللىرىنى قولغا چۈشۈرگەن؛ ھونلار توڭغۇسلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن. خەن سۇلالىسىدىن تەسلىم بولغان، ھۆكۈمرانلىق تەجرىبىسىگە باي بولغان لۇۋەن (خەن گاۋزۇنىڭ دەۋرىدە يەن بەگلىكى سۈيۈرغال قىلىپ بېرىلگەن) نى توڭغۇسلارغا بەگ قىلىپ تەيىنلىگەن، لۇۋەن ئوغانلارنىڭ زېمىنىدا چىڭ ئورۇنلىشىۋېلىپ، ئوغانلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ۋە قۇل قىلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرىنى ئۆزىگە قولچوماق بولۇشقا مەجبۇرلىغان. ھونلار ئوغانلارنى ناھايىتى ئېغىر «تۇياق بېجى ۋە رەخت بېجى» تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلىغان. باجنىڭ مۆھلىتىنى ناھايىتى قىسقا قىلىپ بەلگىلىگەن. ئوغان خەلقى سەللا كېچىكتۈرۈپ قويسا، ئىنتايىن ئېغىر جازاغا ئۇچرىغان، ھەتتا قۇل قىلىنغان. «خەننامە. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە ھون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئوغانلاردىن ئېغىر باج - سېلىق ئېلىپ ئۇلارنى دەھشەتلىك تۇردە شىلىۋالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئاھاللىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغانلىقىغا ئائىت ئەمەلىي پاكىتلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، كىشىنى چۆچۈتىدۇ. مىلادى I ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ھونلار ئوغانلاردىن تۇياق بېجى، رەخت بېجى يىغىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتكەن، ئەلچى بىلەن بىر قىسىم سودىگەر ۋە ئادەم بېدىكلىرىمۇ بىرگە بارغان، ھون ئەلچىسى رەخت بېجى تاپشۇرۇشنى رەت قىلغان ئوغانلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن

ئۆرۈپ - قىينىغان، ھەتتا ھونلارغا خۇشامەت قىلىنىپ ئادەت-
لىنىپ كەتكەن قەبىلە ئاقساقاللىرىمۇ كەچۈرۈم قىلىنمىغان.
ئوغانلار تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا قوزغى-
لىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، رەخت بېجى تاپشۇرۇشنى رەت
قىلغان ھەمدە ھون ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن
بىرگە كەلگەن ئادەم بىدىكلىرىنى كۆرۈككە ئالغان. ھون تەڭ-
رىقۇتى ناگىقۇتىمۇش بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق غەزەپ-
لىنىپ، زور قوشۇن باشلاپ بېرىپ باستۇرۇپ، نۇرغۇن
بەختسىز ئوغانلارنى قىرىپ تاشلىغان. «ئوغانلار تارقىلىپ
كەتكەن، بەزىلىرى تاغلارغا قېچىپ كەتكەن، بەزىلىرى شەرق
تەرەپتىكى قورۇللارغا چىقىپ كەتكەن.» ھونلار ئوغانلارنىڭ
خوتۇن - بالىلىرىدىن مىڭدەك ئادەمنى بۇلاپ كەتكەن ۋە
ئۇلارغا «ئات ئەپكېلىپ قايتۇرۇپ كەتسەڭلار بولىدۇ» دېگەن،
بۇلاپ كېتىلگەن ئوغانلارنىڭ تۇغقانلىرى «ئۇلارنى قايتۇرۇپ
كېلىش ئۈچۈن مال - چارۋا ئېلىپ كەلگەن» بولسىمۇ، ھون-
لار مال - مۈلۈكلەرنى ئېلىپ قېلىپ، ئادەملەرنى قايتۇرۇپ
بەرمەي، ھون قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى
تولۇق ئاشكارىلىغان.

ھونلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى شەھەر-قەلئە بەگلىكلىرىگە
بولغان ھۆكۈمرانلىقىمۇ ئىنتايىن ۋەھشىيانە بولغانىدى.
باتۇر تەڭرىقۇت غەربىي يۇرتنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن،
غەربىي يۇرت باتىسقانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. باتىسقان
غەربىي يۇرتلۇقلارنى پۈتۈنلەي ھون دۆلىتىنىڭ قۇللىرى
دەپ قارىغان. مەسىلەن، غەربىي يۇرتتىكى شەھەر - قەلئە
بەگلىكلىرىنى باشقۇرىدىغان چوڭ ئەمەلدارلارنى «قۇلدارلار
چاكار بېگى» يەنى «ئاغلاقچى» دەپ ئاتىغان. ھون ئاقسۆڭەك-
لىرى غەربىي يۇرتتا يەنە «ھېسابسىز ئېغىر» باج - سېلىق
تۈزۈمىنى يۈرگۈزگەن، غەربىي يۇرتلۇقلار سەللا نارازىلىق

ياكى قارشىلىق بىلدۈرسە، ھون ئاقسۆڭەكلىرى «ئۇلارنىڭ
باج تاپشۇرماسلىقىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىپ، ھەممە بەگ
لىكلەرنى ئەدەبلەپ، باج نىسبىتىنى ئۆستۈرگەن، باج مۆھلى
تىنى قاتتىق بېكىتكەن» («كېيىنكى خەننامە. بەن چاۋنىڭ
تەرجىمىھالى»).

ھونلار جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭلارغا، ئوغاز ۋە
غەربىي يۇرتلۇقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانغا ئوخشاش دەھشەت
لىك ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسا كېرەك. تارىخىي خاتىرىلەردە
ھونلار دىڭلىڭلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، خۇددى توڭ
غۇسلارغا بەگ تەيىنلىگەندەك، جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى دىڭ
لىڭلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن ۋېي لۈي ئىسىملىك بىر
غۇزنى دىڭلىڭلارغا بەگ قىلىپ تەيىنلىگەن.

ۋېي لۈي خەن ۋۇدى زامانىدا ياشىغان كىشى ئىدى،
«خەننامە. لى لىڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا خاتىرىلىنىشىچە،
ئۇنىڭ ئاتىسى چاڭشۇي ۋادىسىدىكى غۇز چەۋەندازلىرىدىن
ئىدى. چاڭشۇي يەنى ھازىرقى شىئەن شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى
چەنشۇي دەرياسىنى، غۇزلار — غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ
دەۋرىدە ھونلارنى كۆرسىتەتتى[14]. خەن ۋۇدى پايتەختنى
قوغداش ئۈچۈن، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان بىر قىسىم
ھون چەۋەندازلىرىنى تەشكىللەپ، چاڭشۇيغا يۆتكەپ،
چېرىكچى بەگ تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى باشقۇرغانىدى. ۋېي لۈي
نىڭ ئاتىسىنىڭ تەرجىمىھالى ئېنىق ئەمەس. ۋېي لۈينىڭ
ئۆزى خەن ۋۇدىنىڭ خانىشى لى خېنىمنىڭ چوڭ ئاكىسى،
ياردەمچى مۇراسىمبېگى لى يەنيەن بىلەن قويۇق ئالاقىدە
بولغان. خەن ۋۇدى جىڭخېنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيىدىن
ئىلگىرىكى 92 ـ يىلى) لى يەنيەننىڭ كۆرسەتمىشى بىلەن
ئۇنى ھونلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن، ئۇ كېلىش ۋاقتىدا،
لى يەنيەننىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، پۈتۈن جەمەتى[15]

بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قورقۇپ كېتىپ، خونلارغا تەسلىم بولغان. ۋېي لۈي خەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنىدا چوڭ بولغانلىقتىن، خەن سۇلالىسىنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىنى پىششىق بىلىدىغان قۇۋۇ، تەدبىرلىك كىشى ئىدى، خونلارغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن «خونلار ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن، تەڭرىقۇت ئۇنى ئۆزىنىڭ يېنىدا ئېلىپ قېلىپ مەسلىھەتچى قىلىۋالغان» («خەننامە. لى لىڭنىڭ تەرجىمىھالى») ۋە دىڭلىڭلارغا بەگ قىلىپ تەيىنلىگەن. ۋېي لۈي ئۆزىنىڭ ھىيلە ۋە ئىقتىدارىغا تايىنىپ، تېزلىكتە خون دۆلىتىنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇق مەركىزى خون ئوردىسىغا كىرىپ، تەڭرىقۇتقا ئەقىل كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى «باشقىلارنىڭ ھايات - ماماتىنى بەلگىلەيدىغان»، ھەتتا تەڭرىقۇتنىڭ قارار چىقىرىش ۋە قارارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىمۇ رول ئوينايدىغان بولۇۋالغان. ۋېي لۈي ئۆزىنى ماختاپ، «بەگ دېگەن نامىم بار، قول ئاستىمدا نەچچە ئون مىڭ خەلق ۋە تاغ دالىلارغا تولۇپ كەتكەن يىلقىلىرىم بار، بايلىق دېگەن مانا شۇ-دە» دېگەن («خەننامە. سۇۋۇنىڭ تەرجىمىھالى»). ئۇ خون قۇلدارلار دۆلىتىنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، ئۇلارنى تالان - تاراج قىلىدىغان ئەڭ ئالىي ۋەكالەتچىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى نەچچە ئون مىڭ دىڭلىڭ قۇلغا ۋە ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىگە بىۋاسىتە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئەڭ چوڭ قۇلدار ئىدى.

1940 - يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى يەنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى خاككاس ئاپتونوم ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى ئاباقاننىڭ سەككىز كىلومېتىر جەنۇبىدىكى جايدىن روشەن جۇڭگو ئۇسلۇبىدىكى خان ئوردىسىنىڭ خارابىسىنى تاپقان. پۈتكۈل خارابىلىق 144 كۋادرات مېتىر

كۆلەمگە ئىگە، مەركىزىي ئوردا ۋە 15 قوشۇمچە بىنا قالدۇقلىرىدىن تەركىب تاپقان. ئوردا سېپىلىنىڭ ئۇلىنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن ئىككى مېتىر، ئوردا ئۇلىنىڭ تۆت ئەتراپىدا جۇڭگو ئۇسلۇبىدىكى كاھىشلار ۋە «تەڭرىنىڭ ئەركە بالىسى مەڭگۈ ياشىغاي، خۇشاللىق مەڭگۈ يار بولۇپ، زاۋاللىق يەتمىگەي» دېگەن خەنزۇچە خەت يېزىلغان زىننەت كاھىشلىرى بار، بىنانىڭ ئاستىدا تاشتىن قوپۇرۇلغان كاڭ سىستېمىلىرى بار. ئوردا قوۋۇقىنىڭ يېنىدىن مىستىن ياسالغان جۇڭگو ئۇسلۇبىدىكى شىر بېشى تېپىلغان.⑯ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئېلىمىز ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە دىڭلىڭلار جايلاشقان رايونلاردا جۇڭگوچە ئۇسلۇبتا ياسالغان خان ئوردىسى دەپ ھېسابلىغانىدى. ئەمما بۇ ئوردىنىڭ خوجايىنى كىم؟ بۇ مەسىلىدە تالاش - تارتىشلار بار. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگى كىسىلېۋ ۋە ئوردا خارابىسىنى تەكشۈرۈپ قېزىشقا قاتناشقان بېفچىخىۋا بىلەن ۋالىنسوۋا قاتارلىقلار خەن ۋۇدى دەۋرىدە ھونلارغا تەسلىم بولغان لى لىڭ بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشقا مايىلراق تۇرماقتا⑰. ئېلىمىز ئالىملىرىدىن بەزىلىرى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھون تەڭرىقۇتىغا ياتلىق قىلىنغان بىرەر مەلىكە بولسا كېرەك⑱ دەپ قارىماقتا. بەزىلەر ۋاڭ جاۋجۈننىڭ قىزى شۈيبۇقىز بولسا كېرەك دەيدۇ⑲. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، خاكاسلار «دىڭلىڭلار بىلەن ئارىلاش ئورۇق ئىدى، ھونلارنىڭ غەربىدە تۇراتتى، ھونلار خەن سۇلالىسىدىن ئەل بولغان سانغۇن لى لىڭنى خاكاسلارغا ئوڭ قول بىلىكخان قىلىپ، ۋېي لۈينى دىڭلىڭلارغا بەگ قىلىپ تەيىنلىگەنىدى»، «ئۇلارنىڭ بويلىرى ئېگىز، چاچلىرى قىزغۇچ، يۈزلىرى ئاق سۈزۈك، كۆزلىرى كۆكۈچ كېلەتتى، قارا چاچلىقى شۇملۇقنىڭ بېشارىتى دەپ بىلەتتى،

قارا كۆزلۈكلەرنى لى لىگىلىق مىياۋلارنىڭ ئەۋلادى دېيىشەتتى.» يەنە تاڭ گاۋزۇڭ خاكاس (يەنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كەنكۈنلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى) لەرنىڭ ئەلچىلىرىگە «سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار بىزنىڭكى بىلەن بىر، باشقىلار بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ» دېگەن. بۇلاردىن قارىغاندا، لى لىڭ ھونلارغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قاراشلىق قوۋملار يەنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى كەنكۈنلەرنىڭ زېمىنلىرىدا ئولتۇراقلاشقانىدى. بۇ يەردىكى مەسىلە شۇكى، بىرىنچىدىن، «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە بايان قىلىنغان مەنسەپ تۈزۈمىگە ئاساسلانغاندا، ئوڭ قول بىلىكخان ھون دۆلىتىدىكى تەڭرىقۇت ۋە سول قول بىلىكخاندىن كېيىن تۇرىدىغان، چېگرا رايونلارغا ئەۋەتىلىدىغان چوڭ ئەمەلدار ئىكەن، ئۇنىڭغا قاراشلىق زېمىن ھون دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلىدىكەن، شۇنداق بولغاندا ئۇ چوقۇم تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى ياكى ئىنىسى بولۇشى كېرەك؛ لى لىڭنىڭ بۇ ئەمەلنى تۇتالماسلىقى ئېنىق، «يېڭى تاڭنامە» دە دېيىلگەن لى لىڭ ئوڭ قول بىلىكخان بولغان دېگەن سۆزدە خاتالىق بولۇشى ئېنىق. «خەننامە. لى لىڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا تەڭرىقۇت لى لىڭنى ئەتىۋارلاپ، «ئۇنى ئوڭ قول دورغاپلىققا ئولتۇرغۇزدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «خەننامە» دە ئېيتىلغىنى ئورۇنلۇق بولسا كېرەك. ئىككىنچىدىن، تارىخىي خاتىرىلەردە ئوڭ قول بىلىكخان ياكى ئوڭ قول دورغاپلارنىڭ دىڭلىڭلارنى باشقۇرغانلىقىغا ئائىت مەلۇماتلار يوق، دىڭلىڭ بېگى ۋېي لۈينىڭ ئوڭ قول بىلىكخان ياكى ئوڭ قول دورغاپلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقى ھەققىدىمۇ خاتىرە يوق؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋېي لۈينىڭ ئورنى لى لىڭنىڭكىدىن يۇقىرى بولغاچقا، ئۇلاردا بېقىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ بولمىغانلىقىمۇ ئېنىق. ئۈچىنچى، غەربىي خەن

سۇلالىسى دەۋرىدە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ھونلارغا قاراشلىق
قەبىلىلەرنىڭ ئىچىدە دىڭلىڭلار ئەڭ كۈچلۈكى ئىدى. قىر-
غىزلار دىڭلىڭلار بىلەن ئارىلاش ياشىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ
زېمىنلىرى دىڭلىڭ بېگى ۋېي لۈيگە تەۋە ئىدى. قىسقىسى،
خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخي كىتابلاردىن لى لىڭ
بىلەن قىرغىزلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئائىت ھەرقانداق بىرەر
خاتىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ، شۇڭا بۇ خان ئوردىسىنىڭ
لى لىڭنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىشەندۈرىدىغان ئاساس ھەقىقەتەنمۇ
كەمچىل. «يېڭى تاڭنامە» دە دېيىلگەن خاككاسلارنىڭ دۆلىتى
ئىچىدىكى لى لىڭلىق مياۋلارنىڭ ئەۋلادلىرى، ئەينى ۋاقىتتا
لى لىڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ھونلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن
خاككاسلارنىڭ ئىچىدىكى لى لىڭنىڭ ئادەملىرىنىڭ كېيىنكى
ئەۋلادلىرى ئىدى. گەرچە بۇلار خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ،
ئەمما ھونلار لى لىڭنىڭ ئادەملىرىنى، لى لىڭ ئۆلگەندىن
كېيىن قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا قېچىپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇلارنى
شىمالدىكى كەنكۇنلەرنىڭ زېمىنلىرىغا كۆچۈرگەنلىكى پۈتۈن-
لەي ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. ئوردا خوجايىنىنىڭ شۈي يۈ
قىز ياكى خەن سۇلالىسىنىڭ باشقا بىر مەلىكىسى ئىكەنلىكى-
دىنمۇ گۇمان بار. مەلۇمكى، دىڭلىڭلار ھون دۆلىتىنىڭ قول
قەبىلىلىرى بولغاچقا، ھون ئاقسۆڭەكلىرىگە قاتتىق ئۆچمەن-
لىك بىلەن قارايتتى، پۈتكۈل ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە
دىڭلىڭلار پۇرسەت تاپسىلا ھون دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا
قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تۇرغان. ھون تەڭرىقۇتىنىڭ ئۆزى-
نىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، مۇشۇنداق بىر جاينى
تاللىشى، ۋەزىيەتكە سەل قارىغانلىقى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ
ئۈستىگە بۇ يەر بىلەن جەنۇبتىكى تەڭرىقۇت ئوردىسىنىڭ
ئارىلىقى، تۈز سىزىق بويىچە ھېسابلىغاندىمۇ، 1000 كىلومېتىر-
دىن ئارتۇق، يەنە كېلىپ ئارىنى چوڭ تاغلار ئايرىپ تۇرغاچقا،

بۇنىڭ ئەقلىغا سىغمايدىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم. بۇ جۇڭگوچە ئىزدىنىشنىڭ ئىگىسى باشقا بىرى بولماستىن، پەقەت دىڭلىڭلار بېگى ۋېي لۈيلا بولۇشى كېرەك، ۋېي لۈي خەن سۇلالىسى زېمىنىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ھونلارغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ھونلارغا سادىق بولغان بولسىمۇ، خەن سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيىتىگە مەپتۇن ئىدى. تەڭرىقۇت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە «دائىم قۇدىلىشىشنىڭ پايدىسىنى سۆزلەيتتى.» ئۇنىڭ جۇڭگو ئۇسلۇبىدىكى سارايلاردا تۇرۇشنى ياخشى كۆرۈشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى⑳. موڭغۇلىيىلىك ئالىم س. دورجىسۈرىننىڭ «شىمالىي ھونلار» ناملىق كىتابىدا يېزىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما ماتېرىياللار ۋە «خەننامە. ھونلار ھەققىدە قىسسە»، «خەننامە. سۇۋۇنىڭ تەرجىمىھالى»، «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى. غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، غەربىي خەن دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار شەرقتە ھازىرقى بايقال كۆلىگىچە بولغان جايلار بىلەن، غەربتە ھازىرقى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىگىچە بولغان جايلار بىلەن چېگرىدىلىنغانىدى. يەنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئاباقان دىڭلىڭلار كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئاشۇ يەرلەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. ۋېي لۈي ئوتتۇرىغا ئوردا قۇرۇپ، چارۋىچىلىق قىلىدىغان جايلىرى كەڭ بولغان دىڭلىڭلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان، يەر شارائىتىدىن قارىغاندا، ئوردا خوجايىنى ۋېي لۈيدىن باشقا كىشى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ھونلار جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دىڭلىڭلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان جايلىرىغا ۋە ئۆزلىرى بىلەن دىڭلىڭلار چېگرىلىنىدىغان يەرلەرگە مۇداپىئە قورغانلىرىنى سالغان ھەمدە ئورغۇن ئەسكەر تۇرغۇز-

غان. «خەننامە. سۇۋۇننىڭ تەرجىمىھالى» دا خەن ۋۇدىنىڭ تيەنخەن تۆتىنچى يىلى (مىلادىدىن 100 يىل ئىلگىرى) دا سۇۋۇ ھونلار تەرىپىدىن «شىمالىي دېڭىز» (ھازىرقى بايقال كۆلى) بويىغا سۈرگۈن قىلىنغان، «سۇۋۇ دېڭىز بويىغا بارغان...... ئۇ جايدا بەش - ئالتە يىل تۇرۇپ قالغان. تەگرىقۇتنىڭ ئىنىسى ئايكۇنبەگ (於靬王) دېڭىز بويىدا ئوۋچىلىق قىلغان، سۇۋۇ تور توقۇيالايتتى، يانىڭ كىرىچىنى تەڭشەشكە ماھىر ئىدى. ئايكۇنبەگ ئۇنىڭغا ئىجىل بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا كىيىم - كېچەك ۋە يېمەك - ئىچمەك بەرگەن. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئايكۇنبەگ ئاغرىپ قالغاندا، سۇۋۇغا ئات - چارۋا ۋە كىگىز ئۆي ئىنئام قىلغان» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن بايقال كۆلى رايونى ياكى كۆلنىڭ جەنۇبىنىڭ ھون تەگرىقۇتى غولىقۇ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 96 — 85 - يىللار) نىڭ ئىنىسى ئايكۇنبەگكە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن زېمىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ جاي ھونلاردىن دىڭلىڭلارغا بېرىشتىكى مۇھىم قاتناش يولى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھونلارنىڭ پايتەختىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى ئىدى. غولىقۇ تەگرىقۇتنىڭ ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق ئىنىسىنى بۇ جايغا قويغانلىقىدىن ئۇنىڭ دىڭلىڭلارنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇش ۋە ئۇلاردىن مۇداپىئەلىنىشنى كۆزدە تۇتقانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ جايدىكى ھونلار بىلەن دىڭلىڭلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئىنتايىن جىددىي ئىكەنلىكىنى، ھونلار سەللا پەرۋاسىزلىق قىلسا، دىڭلىڭلارنىڭ كىچىك كۆلەمدىكى ئاتلىقلىرى («قاراقچىلار») نىڭ بۇ جايلاردا پەيدا بولۇپ قالىدىغانلىقى روشەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

1927 - يىلدىن باشلاپ سوۋېت ئارخېئولوگلىرى بايقال كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى

سوۋېت بۇرىيات ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى ئۇلانئۇد شەھىرىنىڭ 16 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدىن خەن دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان بىر چاسا شەكىللىك شەھەر خارابىسىنى تاپقان، بۇ خارابىگە «ئىۋولگا شەھىرى» دېگەن نامنى بەرگەن. شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپى سېپىللىق بولۇپ، سېپىلنىڭ ئىچىدە خەندەك بار. غەرب تەرەپتىكى سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 348 مېتىر، جەنۇب بىلەن شىمال تەرەپتىكى ئىككى سېپىلنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 216 ۋە 194 مېتىر. شەرق تەرەپتىكى سېپىلنى سېلىنگا دەرياسى بۇزۇۋەتكەن. شەھەر ئىچىدىكى توققۇز جايدا ئادەتتىكى ئۆيلەرنىڭ ئىزلىرى بار، ئۇلار كىچىكرەك دۆڭگە سېلىنغان؛ ئىككى جايدا چوڭراق ئۆيلەرنىڭ ئىزلىرى بار، ئۇلار چوڭراق دۆڭگە سېلىنغان. بۇنداق ئېگىزلىكتىكى ئىمارەت، ئادەتتە ھەربىي مەقسەت (مۇداپىئە ۋە يىراقنى كۆزىتىش) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. خارابىلىقتىن ساپالدىن ئىشلەنگەن داس، كاساك، تاۋاق، تەخسە، پەتنۇس؛ مىستىن ياسالغان قەدەھ، قازان، ساپالدىن ياسالغان ئورچۇق؛ تۆمۈر ساپان چىشى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىدىن باشقا، يەنە تۆمۈر قىلىچ، تۆمۈر باشاق، سۆڭەك باشاق قاتارلىق قورال - ياراقلار شۇنىڭدەك تۆمۈر ۋە مىس تاۋلىغان ئورۇنلارنىڭ ئىزلىرى تېپىلغان. س. دورجىسىرىن «ئىۋولگا شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ھونلارنىڭ قەبرىلىرى ۋە شەھەر خارابىلىرى پەقەت تېپىلمىدى، شۇڭا ئىۋولگا شەھىرى ھونلارنىڭ ئەڭ شىمالىي تەرەپتىكى شەھىرى بولۇشى كېرەك؛ شەھەر ئەتراپىدا سېپىل ۋە خەندەكلەرنىڭ بولغانلىقىدىن قارىغاندا، بۇ شەھەر مۇداپىئە قەلئەسى» ㉒ دەپ ھېسابلىغان. ئۇ يەنە يەر ئاستىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارغا ئاساسەن، «بۇ شەھەر چوقۇم ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان؛

دېگەن. شۇبھىسىزكى بۇ توغرا كۆز قاراشتۇر. بۇ ھەم تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرالايدىغان، ھەم قورال-ياراق ياسىيالايدىغان، رېمونت قىلالايدىغان، قاتتىق مۇداپىئەلىنىپ تۇرىدىغان چوڭ قەلئەنىڭ خوجايىنى كىم؟ بۇ قەلئەنىڭ ئايكۆنبەككە تەۋە جايدا قۇرۇلغانلىقىدىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇزاق مۇددەت ئەسكەر تۇرغۇزۇش خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئايكۆنبەگ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ دىگلىگلارنىڭ جەنۇبقا باستۇرۇپ كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قۇرغان چېگرا مۇداپىئە قورغۇلى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئايكۆنبەگ ئېھتىمال بۇ جايدا شىكارغا چىققاندا پايدىلىنىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق ئوردا قۇرغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. «خەتنامە. سۇۋۇنىڭ تەرجىمھالى» دا ئايكۆنبەگ «دېڭىز بويىدا ئوۋچىلىق قىلاتتى» دېيىلگەن. بايقال كۆلى بىلەن ئۇۋۇلگا شەھىرىنىڭ ئارىلىقى لەچچە ئون كىلومېتىر كېلىدۇ. ئايكۆنبەگنىڭ بۇ ۋاقىتلىق ئوردىنى تۇرالغۇ قىلىپ، كۆل بويىدا ئوۋ ئوۋلىغان بولۇشى تامامەن مۇمكىن. يۇقىرىدىكى «سۇۋۇنىڭ تەرجىمھالى» دا يەنە «ئايكۆنبەگ ئۆلگەندىن كېيىن ئادەملىرى كۆچۈپ كەتكەن» دېيىلگەن. بۇنىڭدىكى «ئادەملىرى كۆچۈپ كەتكەن» دېگەن گەپنى ھونلارنىڭ چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى، بۇ جايدىن كەتكەن دەپ چۈشەنمەي، ئايكۆنبەگنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ۋە ئۇنىڭ كۈتكۈچىلىرى بۇ جايدىن كەتكەن دەپ چۈشىنىش كېرەك. ئۇۋۇلگا شەھىرىنى ئايكۆنبەگنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ دىگلىگلارنى باستۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ياسىغان ھەربىي قورغانى دەپ قاراش، تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن پاكىتلار بىلەن بىر يەردىن چىقمىسىلا قالماي، بەلكى بۇ خارابىلىقتىن تېپىلغان يادىكارلىقلار ۋە ئۇۋى ئىنشائاتلىرىنىڭ ئۇرۇنلاشتۇرۇلۇشىنىڭ روشەن ھەربىي خاراكتېرگە

ئىگە ئىكەنلىكى بىلەنمۇ تولۇق ماسلىشىپ كېلىدۇ.

ۋېي لۈي قوياندى تەڭرىقۇتنىڭ يەتتىنچى يىلى (خەن جاۋدىنىڭ يۈەنفېڭ ئىككىنچى يىلى، مىلادىدىن 79 يىل ئىلگىرى) دىن ئىلگىرى ئۆلگەن. ئۇنىڭ دىڭلىڭلارغا بەگ قىلىپ تەيىنلىنىشىدىن تارتىپ تا ئۆلگىچە بولغان ۋاقتى نەچچە ئون يىلغا يەتمىسىمۇ، هونلار باتۇر تەڭرىقۇت دىڭلىڭلارنى بويسۇندۇرغاندىن تارتىپ، مىلادى I ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە يەنى هون دۆلىتى هالاك بولغىچە تەخمىنەن 300 يىلدەك هۆكۈمرانلىق قىلغان، ۋېي لۈي دىڭلىڭلارغا بەگ بولۇشتىن ئىلگىرى، هونلارنىڭ دىڭلىڭلار ئۈستىدىن قانداق هۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەنلىكىگە، ۋېي لۈي ئۆلگەندىن كېيىن هونلارنىڭ دىڭلىڭلارغا يەنە بەگ قويغان ياكى قويمىغانلىقىغا، شۇنىڭدەك هونلارنىڭ دىڭلىڭلارغا قارىتا قول قەبىلە تۈزۈمىنى يۈرگۈزگەنلىكىگە ئائىت كونكرېت ئەھۋاللارنىڭ ئىزى يوقاپ كەتكەن.

يۇقىرىدا بىز هونلارنىڭ موڭغۇل دالاسى بىلەن جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى دىڭلىڭلارغا هۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىغا دائىر ئەھۋاللارنى يازما هۆججەت ۋە ئارخېئولوگىيەدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن ئايرىم - ئايرىم بايان قىلدۇق. بۇ بايانلاردىن بىز هون قۇلدارلار دۆلىتىنىڭ دىڭلىڭلار ئۈستىدىن قۇللۇق تۈزۈم هۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ بەزى ئەھۋالىنى كۆرۈۋالالايمىز.

### 3. دىڭلىڭلارنىڭ هون دۆلىتىنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشلىرى

هون دۆلىتىنىڭ دىڭلىڭلار ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ۋەھشىيانە هۆكۈمرانلىقى مۇقەررەر هالدا دىڭلىڭلارنىڭ هون قۇلدار

ئاقسۆڭەكلەرگە بولغان قارشىلىقى ۋە ئۆچمەنلىكىنى قوزغايت-
تى، دىڭلىڭلار ھۇن قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى
ئاستىدا تۇرغان 300 يىل ئىچىدە، ھۇن قۇلدارلار دۆلىتىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقى ۋە تالان - تاراج قىلىشىغا قارشىلىق كۆرسەت-
تىش، ئۆز مىللىتىنىڭ مۇستەقىل تەرەققىي قىلىش ھوقۇقىنى
قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، كۆپ قېتىم زور كۆلەملىك قوزغىلاڭ
كۆتۈرگەنىدى.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا
غەربىي خەن ئىمپېرىيىسى دەسلەپكى ئون نەچچە يىللىق ئۆ-
زىنى ئوڭشىۋېلىش ئاساسىدا، ئىلگىرىكى ھۇنلار بىلەن «قۇدى-
لىشىش» تىن ئىبارەت سىياسەتتىن ئۈزۈل - كېسەل ۋاز كې-
چىپ، ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق، بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشىغا قارىتا
قايتۇرما زەربە بېرىشكە باشلىدى. مىلادىيىدىن 123 — 119
يىللار ئىلگىرى، خەن ۋۇدى چوڭ سانغۇن ۋېي چىڭ، خۇ چۈ-
بىڭلارنىڭ باشچىلىقىدا زور قوشۇن ئەۋەتىپ، ھۇنلار بىلەن
قايتا - قايتا قاتتىق ئېلىشتى، ئۈچ قېتىملىق ھەل قىلغۇچ
ئۇرۇشتا ھۇنلار پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. مىلادىيىدىن
104 يىل ئىلگىرى (خەن ۋۇدىنىڭ تەيچى تۇنجى يىلى) دىن
باشلاپ، خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتقا ئەلچى ئەۋەتىپ، غەر-
بىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىدا، ھۇن-
لار بىلەن غەربىي يۇرتنى تالىشىش يۈزىسىدىن ئۇرۇش ئې-
لىپ باردى، ھۇنلار بۇ ئۇرۇشلاردىمۇ ئۇخشاشلا مەغلۇبىيەت-
كە ئۇچرىدى. چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتىكى مەغلۇ-
بىيەت ھۇن دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي ۋە مىللىي
زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرۈپ، ھۇن دۆلىتىنىڭ كۈچىنى تېز
سۈرئەتتە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى.

مىلادىيىدىن 72 يىل ئىلگىرى (خەن شۈەندىنىڭ بېنشى ئىك-
كىنچى يىلى) خەن سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن ئاسىيۇ-

لار خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن زور قوشۇن ئەۋەتىپ، ھونلارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئوڭ قول بېلىكخانىنىڭ ئوردىسىنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭ 40 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى، 70 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋىسىنى ئولجا ئالدى؛ ئارقىدىنلا ھونلار تەۋەسىدە يەنە ئاز كۆرۈلىدىغان چوڭ جۇت بولۇپ كېتىپ، ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ كۆپ قىسمى قىرىلىپ كەتتى. ھونلار زور دەرىجىدە ھالسىزلاندى. بۇ چاغدا، ھونلارنىڭ زۇلمى ئاستىدا نالە قىلىۋاتقان دىڭلىڭ خەلقى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىراقلا قوزغىلىپ زور كۆلەملىك قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرىنى ئېلىپ باردى. «خەننامە. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن 71 يىل ئىلگىرى (خەن شۈەندىنىڭ بېنشى ئۈچىنچى يىلى) «ھونلار ئاجىزلاشقاندا، دىڭلىڭلار ئۇلارنىڭ شىمالىدىن، ئۇغانلار شەرقتىن، ئاسىيۇلار غەرب تەرەپتىن زەربە بەردى. بۇ ئۈچ ئەل تەڭلا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ نەچچە ئون مىڭ ئادەم ۋە چارۋىلىرىنى قىرىپ تاشلىدى. ھونلار ئېلىدە ئاچارچىلىقتىن ئادەملەر كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىپ ئاھالىنىڭ 30 پىرسەنتى، چارۋىنىڭ 50 پىرسەنتى كېمىيىپ كەتتى، نەتىجىدە ھونلار ناھايىتىمۇ بەك ئاجىزلىشىپ كەتتى، ئۇلارغا بېقىندى بولغان بەگلىكلەرمۇ پارچىلىنىپ كېتىپ، ئۆز ھەلەكچىلىكىدە قالدى.» گەرچە دىڭلىڭلارنىڭ شۇ قېتىم ھونلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان ئورنى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ دىڭلىڭلارنىڭ ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشىنىڭ تۇنجى قېتىم خاتىرىگە ئېلىنىشى بولغاچقا، مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭلار بۇ قېتىمقى كۈرەش ئارقىلىق، ھون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل تەرەققىي قىلىش يولىغا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى.

دېڭىزلىق ۋە باشقا تېز ئىلگىرىلىگۈچى مىللەتلەرنىڭ كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى، خون قۇلدارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، خون ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى زور دەرىجىدە كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. مىلادىدىن 60 يىل ئىلگىرى يېڭىدىن تەختكە چىققان قويانغۇت تەڭرىقۇت بىلەن كونا تەڭرىقۇت شۈرۈۋي چانچۈي تەڭرىقۇتنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈرەش يۈز بەردى. خون ئاقسۆڭەكلىرىمۇ ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كېتىپ، ھاكىمىيەتنى تالىشىش ئۈچۈن ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشتى. دېڭىزلىق خەلقى خون ھۆكۈمرانلىرى سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆزئارا قىرغىنچىلىقتىن پايدىلىنىپ، خون دۆلىتىگە داۋاملىق زەربە بەردى. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مىلادىدىن 60 يىل ئىلگىرى، «دېڭىزلار خونلارغا ئۈچ قېتىم زەربە بېرىپ، نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن، چارۋىلىرىنى ھەيدەپ كەتكەن. خونلار 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىقلارنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ھېچ نەرسە قىلالمىغان» («خەننامە. خونلار ھەققىدە قىسسە»). بۇنىڭدىكى «نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن»، «خونلار 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىقلارنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ھېچنەرسە قىلالمىغان» دېگەن سۆزلەردىن قارىغاندا، دېڭىزلارنىڭ شۇ قېتىم خون دۆلىتىگە قارشى ئۈچ يىلغىچە ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ كۆلىمى ئىنتايىن زور بولغان بولۇپ، خون دۆلىتىگە بەرگەن زەربىسىمۇ قاتتىق بولغان. بۇ قېتىمقى كۈرەش مىلادىدىن 71 يىل ئىلگىرىكى مەزگىلدىكى قوزغىلاڭلارنىڭ مېۋىسىنى قوغداش خاراكتېرىگە ئىگە بولغاچقا، ھەققانىي كۈرەش ھېسابلىناتتى.

دېڭىزلارنىڭ غەلىبىلىك كۈرەشلىرى، جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى دېڭىزلارنى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە بۇ مۇستەقىللىقنى 20 يىلدىن ئارتۇقراق (مىلادىدىن ئىلگىرى 71 — 51) ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى،

بۇ دىڭلىڭلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. دىڭلىڭ ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ قوزغىلىپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، ھون دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر كەسكىنلىشىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا دۆلەتنى بەش تەڭرىقۇت تەڭلا تالىشىدىغان قالايمىقانچىلىق ۋەزىيەتكە يېتىپ قالدى. مىلادىدىن 53 يىل ئىلگىرى (خەن شۈەندىنىڭ گەنلۇ تۇنجى يىلى) ھونلار ئاخىرى جەنۇبىي ۋە شىمالىي ھونلار دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كېتىپ، جەنۇبىي ھونلار خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى، شىمالىي ھونلار چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كېتىپ، جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىشقا ئامالسىز قالدى.

لېكىن دىڭلىڭ خەلقىنىڭ مۇستەقىللىققا تەرەققىي قىلىش يولى ئەگرى - توقاي بولغانىدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شىمالىي ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتى قۇتېمۇش، غەربىي خەن سۇلالىسى ۋە جەنۇبىي ھونلارنىڭ بىرلەشمە كۈچىنىڭ غايەت زور بېسىمى بىلەن موڭغۇل دالىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن ئايرىلىپ، غەربكە قېچىشقا باشلىغان. مىلادىدىن 51 يىل ئىلگىرى (گەنلۇنىڭ ئۈچىنچى يىلى) قۇتېمۇش تەڭرىقۇت ھون قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، كەنكۈن، ئۇجۇز (قىرغىزلارنىڭ غەربىدە) ۋە ئاسىيۇلارغا ھۇجۇم قىلغان ھەمدە ئاسىيۇلارنىڭ شىمالىدىن دىڭلىڭلارغا ھۇجۇم قىلغان. دىڭلىڭ خەلقى بېسىپ كىرگەن ھون قوشۇنلىرى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، قايتا يەنە ھون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى.

ئەمما شىمالىي ھونلارنىڭ ھالاك بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. قۇتېمۇش تەڭرىقۇت غەربكە قېچىپ بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، جەنۇبىي ھونلارنىڭ قوغۇشار تەڭرىقۇتى ئادەملىرىنى باشلاپ،

شىمالغا — موڭغۇل دالاسىدىكى تەڭرىقۇت ئوردىسى (ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى قوش سەيدام كۆلىنىڭ ئەتراپىدا) غا كۆچۈپ باردى. قۇتىئۇش تەڭرىقۇت قوغۇشارنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇپ، تېخىمۇ غەربكە كۆچۈپ، تالاس دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ئوردا قۇردى. مىلادىدىن 36 يىل ئىلگىرى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى قورۇقچىبېگى گەن يەنشۇ بىلەن يانداش چېرىكچى بەگ چېن تاڭ غەربىي يۇرتتىكى شەھەر قەلئە بەگلىكلىرىنىڭ نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى باشلاپ قۇتىئۇش تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلدى. قۇتىئۇش تەڭرىقۇت مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ھونلار مۇنقەرز بولدى.

ھون دۆلىتىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە شىمالىي ھون قۇلدارلار ھاكىمىيىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى، خەنزۇ خەلقى باشچىلىقىدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ بىرلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر، ھالبۇكى، دىڭلىڭ خەلقىمۇ بۇ جاپالىق كۈرەشكە غايەت زور تۆھپە قوشقانىدى.

قوغۇشار تەڭرىقۇت شىمالغا — چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئوردىسىغا كۆچكەندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا پۈتكۈل موڭغۇل دالاسى قايتىدىن قوغۇشار سىستېمىسىدىكى ھون قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى، موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىدىكى سىيانپېلار، شىمالىدىكى دىڭلىڭلار شۇنىڭدەك غەربىي يۇرتتىكى شەھەر قەلئە بەگلىكلىرىمۇ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ھون قۇلدارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. قوغۇشار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەڭرىقۇتلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى خەن شۈەندى (مىلادىدىن ئىلگىرى 73 — 49) دىن كېيىنكى 70 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئاساسىي

چەھەتتىن ياخشى ئۆتتى. ئۇرۇشلار توختىتىلدى، خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار ئوتتۇرىسىدا ماددىي مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش بىرقەدەر كۆپەيدى. ۋاڭ ماڭنىڭ تۇزۇمنى ئۆزگەرتىشى ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، ھونلار يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت دەرمانىغا كېلىپ كېلىۋالغاندىن كېيىن، ماغدۇرىغا كۆچىيىۋالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇلار خەن سۇلالىسىنىڭ بايلىقى ۋە ئاھالىسىگە چىشىنى بىلەپ كەلگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنىدىكى يېڭى ھاكىمىيەت بىلەن كونا ھاكىمىيەت ئالمىشىۋاتقان قالايمىقانچىلىق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، خەن سۇلالىسى (شەرقىي خەن) گە قارشى يېڭىباشتىن بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشىنى باشلىدى. ئۇرۇش ھون دۆلىتىدىكى قۇللار بىلەن قۇلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى، ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىچىدىكى گۇرۇھلارنىڭ ئۆزئارا زىددىيىتىنى كەسكىنلەشتۇرۇۋەتتى. مىلادى 47 - يىلىغا كەلگەندە قايتا بىرلەشكەن ھون دۆلىتى يەنە جەنۇب، شىمال دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. جەنۇبىي ھونلار خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ، شىمالىي ھونلارنى قامال قىلدى. ئۇرۇش گاھ ئەۋج ئېلىپ، گاھ پەسىيىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ نەچچە ئون يىل داۋاملاشتى. شىمالىي ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىمۇ كۈنسايىن كىچىكلەپ كەتتى. شىمالىي ھونلار ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ ئەيش - ئىشرەت تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن، ئۆز دۆلىتىدىكى قۇللار سىنىپىنىڭ ۋە قۇل قىلىنغان خەلقلەرنىڭ بايلىقلىرىنى ھەدەپ تالان - تاراج قىلدى. بۇنىڭ بىلەن قۇللار ۋە قۇل قىلىنغان خەلقلەرنىڭ ئەھۋالى تېزلا يامانلاشتى. سىنىپىي زىددىيەت، مىللىي زىددىيەت ۋە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر مىسلى كۆ-

رۇلمىگەن دەرىجىدە كەسكىنلىشىپ كەتتى. شىمالىي خۇنلار بۆلۈنۈپ، پارچە - پارچە بولۇپ كەتتى. قۇللار خۇن دۆلىتى-دىن قاچقىلى تۇردى. يۇقىرىدا بىز كۆرسەتكەن «دۆۋپىنامە»» دىن ئۆزۈندىلەر. غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە» دىكى نەقىلدىكىدەك خەن گۇاڭۋۇدىنىڭ جيەنۋۇ يىللىرىدا تۈلۈغ غۇز، دىڭلىڭ ۋە چياڭلاردىن بولغان قۇللار خىشى كارىدورىغا قېچىپ كەتكەنلىرى نەچچە ئون مىڭ قەبىلە، تەخمىنەن 250 مىڭغا يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دىڭلىڭلاردىن بولغان قۇللار 80 مىڭدىن ئاشاتتى. بۇ قېتىمقى كەڭ كۆلەملىك قېچىش، خۇن دۆلىتى ئاجىزلىشىپ، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى پارچىلىنىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا يۈز بەرگەنىدى. دىڭلىڭ قۇللار ۋە باشقا مىللەتتىن بولغان قۇللار قېچىش جەريانىدا، خۇنلارنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىر نىيەتتە، بىر نىشانغا قاراپ ئورتاق ھەرىكەت قىلىپ قېچىش ھەرىكىتىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن. شۇڭا بۇ روشەن قوزغىلاڭ خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. موڭغۇل دالاسىدىن يەنى خۇن دۆلىتىدىن قېچىپ كەتكەن بۇ 200 مىڭ دىڭلىڭ ۋە باشقا مىللەتتىن بولغان قۇللارنىڭ ھەممىسى، خۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قۇللىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ قېچىشى، خۇن دۆلىتى-نىڭ ئاساسىنى تۈپتىن تەۋرىتىپ، خۇن دۆلىتىنىڭ پارچىلىنىش ۋە ھالاك بولۇش جەريانىنى تېزلەتتى.

موڭغۇل دالاسى دىڭلىڭ قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغان قۇللار كۆپلەپ قاچقان ۋاقىتتا، جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى دىڭلىڭ-لار ۋە باشقا قۇل قىلىنغان خەلقلەرمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە باشلىغانىدى. مىلادى 85 - يىلى (خەنجاڭدىنىڭ يۈەنخې ئىككىنچى يىلى) جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى دىڭلىڭلار بىلەن سيانپىلار، غەربىي يۇرتتىكى خەلق بىلەن بىرلىكتە، خۇن دۆلىتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەركىزدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق

زور قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھونلار ھەققىدە قىسسە»دە، «ئۇ چاغدا شىمالدىكى بۆلەكچىلەر (شىمالىي ھونلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئاجىزلاشقان، گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن ۋاقىت ئىدى. جەنۇبتىكىلەر (خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان جەنۇبىي ھونلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئۇدۇل تەرەپتىن، دىڭلىڭلار ئارقا تەرەپتىن، سىيانپىلار سول تەرەپتىن، غەربىي يۇرتلۇقلار ئوڭ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى، نەتىجىدە ئۇلار قايتا پۇت دەسسەپ تۇرالماي، تېخىمۇ يىراققا قاچتى» دېيىلگەن. يۇقىرىدىكى تەزكىردە يەنە «شىمالىي ھون تەڭرىقۇتى جەنۇبىي ھونلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ھەزەر ئەيلىدى، دىڭلىڭ، سىيانپىلاردىن ئەندىشىگە چۈشۈپ، يىراققا قېچىپ، ئورقۇن دەرياسىنىڭ غەربىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى»㉓ دېيىلگەن. ھون دۆلىتى ئاخىرى مۇنقەرز بولۇشتىن ئىبارەت شۇم تەقدىرگە دۇچ كەلدى، خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. مىلادى 89 - يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن جەنۇبىي ھونلارنىڭ نەچچە ئون مىڭ ئاتلىق قوشۇنى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، خانگاي تېغىنىڭ جەنۇبىدا شىمالىي ھونلارنى مەغلۇپ قىلدى. مىلادى 90 - يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن جەنۇبىي ھونلار سەددىچىندىن چىقىپ شىمالىي ھونلارغا يەنە زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەڭرىقۇتىنى يارىدار قىلدى. مىلادى 91 - يىلى، خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئالتاي تېغىدا شىمالىي ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتىنى قورشىۋالدى، تەڭرىقۇت غەربكە — كانگىيەگە قېچىپ كېتىپ ئىز - دېرەكسىز يوقالدى. ھونلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلىتى شۇنىڭدىن ئىبارەت مۇنقەرز بولدى (جەنۇبىي ھونلار خەن سۇلالىسىگە بېقىنغان بولسىمۇ، قايتا دۆلەت بولۇپ شەكىللىنەلمىدى).

1952 — 1955 - يىللىرى، موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئارخېئولوگى خ. پېرلە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ موڭغۇلىيىنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى كورولېن دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىن ۋە دوگبۇرخان دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىن ھونلارنىڭ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزىدىغان گوۋا - دۇبۇ، دۆرچىن، بۇر-خاندىن ئىبارەت ئۈچ خارابىسىنى تاپقان. گوۋا - دۇبۇ خارابىسىنىڭ جەنۇبىتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 367 مېتر، غەربتىن شەرققە كەڭلىكى 360 مېتر بولۇپ، تۆت ئەتراپىدا سېپىلنىڭ خارابىسى ساقلىنىپ قېلىنغان، شەھەرنىڭ ئىچىدە سېپىلنى بويلاپ نۇرغۇن ئىمارەتلەر سېلىنغان، شەھەرنىڭ مەركىزىدە چوڭ بىر ئىمارەتنىڭ ئىزى بار، قالغان ئىككى خارابىلىقتىكى ئىمارەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئۈچ خارابىلىقتىن نەزىر - چىراغ سۇپىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان لاي سۇپىدىن باشقا، ئىقتىسادىي تۇرمۇش بىلەن ئالاقىدار بولغان ھېچقانداق نەرسە تېپىلمىغان. شۇڭا ئۇ ھون-لارنىڭ نەزىر - چىراغ سۇپىسى دەپ قارالغان. ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، گوۋا - دۇبۇ خارابىلىقىنىڭ يەر يۈزىدىلا چۇچۇلە بولۇپ كەتكەن ناھايىتى نۇرغۇن ياغاچ پارچىلىرى، كۆل دۆۋىلىرى تېپىلغان بولۇپ، ئوتتا كۆيگەن ئىزلىرى ئېنىق بار. قالغان ئىككى خارابىلىقتا ئوتتا كۆيگەن ئىزلار بولمىسىمۇ، ئەمما ۋەيران قىلىنغانلىقى ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىغا دائىر ئىزلار ئېنىق ساقلىنىپ قېلىنغان. پېرلە بۇ ئۈچ خارابە مىلادى 85 — 93 - يىللىرى ئەتراپىدا شىمالىي ھونلار سيانپىلار ۋە دىڭلىڭلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرغان مەزگىللەردە بۇزۇلغان دەپ قارايدۇ[24]. ئەگەر پېرلەنىڭ پەرىزى توغرا بولىدىغان بولسا، بۇ بىرنەچچە خارابىلىق بىلەن بايقال كۆلى رايونىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ ئارىلىقى يىراق، سيانپىلار بىلەن بولغان ئارىلىقى يېقىنراق بولغانلىقتىن،

ئۇنىڭ دىڭلىڭلارنىڭ شىمالىدىن ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندىن
كېيىن بۇزۇۋېتىلگەنلىك ئېھتىمالى خېلى زور بولۇپ چىقىدۇ؛
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى دىڭ-
لىڭلار ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغالغاندا، بۇزۇل-
غانلىق ئېھتىمالىنىمۇ يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ. 1961-يىلى،
موڭغۇلىيە ئالىمى س. دورجى سۈرىن «شىمالىي ھونلار» ناملىق
كىتابىدا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن 50-يىللىرى-
نىڭ ئاخىرىلىرىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى
بىلەن موڭغۇلىيە ئالىملىرى بىرلىشىپ قازغان نەچچە يۈز ھون
قەبرىسى ۋە شەھەر خارابىلىرى ئۈستىدە كۆپ تەرەپتىن
تەتقىقات يۈرگۈزگەن. ئۇ كىتابىنىڭ ئاخىرىدا «ھازىر تېپىلغان
800 دىن ئارتۇق چوڭ-كىچىك ھون قەبرىسىنىڭ ھەممىسى
بۇرۇن ئوغرىلانغان، بۇ ئىش ھون دۆلىتى ھالاك بولغاندىن،
سيانپېيلارنىڭ ھونلار رايونىنى بېسىۋالغانلىقى بىلەن مۇناس-
ۋەتلىك»㉕ دېگەنىدى. دورجى سۈرىننىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى
ھون قەبرىلىرىنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى سيانپېيلارغا دۆڭگەپ
قويغانلىقى تارىخىي پاكىتلارغا ئانچە ئۇيغۇن ئەمەس. يەنى
موڭغۇل دالاسىدىكى دىڭلىڭ قاتارلىقلارنىڭ قارشىلىق كۆر-
سىتىش كۈرەشلىرىنى دېمىگەندىمۇ، جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى
دىڭلىڭلار، سيانپېيلار موڭغۇل دالاسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن
خېلى ئىلگىرى موڭغۇل دالاسىغا باستۇرۇپ كىرگەنىدى،
ھېچ بولمىغاندا، ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ پايتەختى ئۇلانباتور-
نىڭ شىمالىدىكى شۇنىڭدەك سېلىنگا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى
ئېقىنىدىكى ھون قەبرىلىرى دىڭلىڭلار جايلاشقان رايونلارغا
يېقىن بولغانلىقتىن؛ ئۇنى دىڭلىڭلارنىڭ كولاپ كەتكەنلىكى
ئېھتىمالغا يېقىنراق. ھونلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قەبرىلى-
رىنى كولاشتا قەبرىدىكى مال-دۇنيالارنى ئېلىۋېلىش مەقسەت
قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ھون ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئۆچ

ئېلىش ۋاستىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. سىيانپىلار شۇنداق قىلغان يەردە، دىڭلىڭلار ئۇنداق قىلالماسمىدى؟[21]

خون دۆلىتىنىڭ مۇنقەرز بولغانلىقى، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، خون دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ نەتىجىسىدۇر. دىڭلىڭ ۋە باشقا مەملىكەتنىڭ ئەمگەكچى خەلقلىرى بىرلىكتە، نەچچە يۈز يىلغا سوزۇلغان كەسكىن سىنىپىي كۈرەش ئارقىلىق خونلارنىڭ قۇلدارلىق دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، موڭغۇل يايلىقىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، بۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور.

## 4. دىڭلىڭلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما ماتېرىياللار، موڭغۇل دالىسى بىلەن جەنۇبىي سىبىرىيىدە برونزا دەۋرىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى III ئەسىرگىچە داۋام قىلغانلىقىنى، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردىن كېيىن ئاندىن تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. دىڭلىڭلار ئىشلەتكەن تۆمۈر قوراللار ئاساسەن خونلار ئارقىلىق كىرگەن. شۇڭا دىڭلىڭلارنىڭ تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە كىرىشى خونلاردىن سەل كېيىنرەك. ئاباقاندىكى جۇڭگوچە ئۆردا خارابىسىدىن تۆمۈر قىلىچنىڭ تېپىلغانلىقى، بايقال كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى «ئىۋولگا شەھىرى» دىن تۆمۈر ئوق باشىقى، تۆمۈر قىلىچلارنىڭ تېپىلغانلىقى، بىز تەكشۈرۈۋاتقان ئاشۇ دەۋردە جەنۇبىي سىبىرىيە رايونىدا تۆمۈر قوراللارنىڭ خېلىلا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ

بېرىدۇ.

هون تەڭرىقۇتى باتۇر دىڭلىڭلارنى بويسۇندۇرغان مەزگىلدە، دىڭلىڭلار تېخى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئۇرۇقداشلىق جامائە باسقۇچىدا تۇرۇۋاتاتتى، چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توغرىسىدا سىماچيەن ئېيتقان ئەھۋال يەنى «ھەرقايسىسى بىرەر يۈز تۇتۇندىن توپلىشىپ ئايرىم - ئايرىم جىلغىلاردا ياشايتتى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاقساقاللىرى بار ئىدى، ئۇلار بىرلىككە كېلەلمىگەنىدى» («تارىخىي خاتىرىلەر. هونلار ھەققىدە قىسسە») دېگەن ئەھۋالنى دىڭلىڭلارغىمۇ تەتبىقلاشقا بولاتتى.

تۆمۈر قوراللارنىڭ دىڭلىڭلارنىڭ ئارىسىدا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، دىڭلىڭلارنىڭ ئىجتىمائىي ئېشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئاھالىسى مىلادى I ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە كۆرۈنەرلىك ئاشتى، ۋېيلۆي دىڭلىڭلارغا بەگ بولغاندا «نەچچە ئون مىڭ ئادىمىم بار» دېگەن، «نەچچە ئون مىڭ ئادەم» دېگەندە، ۋېيلۆي باشقۇرغان دىڭلىڭ ئاھالىلىرى كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك. مىلادى III ئەسىرگە كەلگەندە، يۈيخۇەن ««ۋېينامە» دىن قىسقىچە ئۈزۈندىلەر» دېگەن كىتابنى يازغان ۋاقىتتا، «غەربىي دىڭلىڭلارنىڭ 60 مىڭ قاۋۇل ئەسكىرى بار» دېگەن. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك «غەربىي دىڭلىڭ»، «شىمالىي دىڭلىڭ» دېگەندە، جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى دىڭلىڭلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ ئۇلار بىر مىللەت ئىدى. بۇنىڭدىكى «60 مىڭ قاۋۇل ئەسكەر» دىڭلىڭلارنىڭ ئومۇمىي ئەسكەر سانى بولسا كېرەك. ئەگەر جايىنىڭ «يېڭىنامە» دىكى يالاقتىكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقنىڭ «بەش جاندىن بىرى ئەسكەر بولىدۇ» دېگىنى بويىچە ھېسابلىنغاندا، بۇ چاغدىكى دىڭلىڭلارنىڭ ئاھالىسى ئاز دېگەندىمۇ 300 مىڭغا بارغان. ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ دىڭلىڭلارنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى تارقىلىشى تېخىمۇ كەڭ

بولغان. ھونلار دۆلەت قۇرغاندا، پەقەت بايقال كۆلى رايونىدىلا دىڭلىڭلارنىڭ بارلىقى مەلۇم بولغانىدى، «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى» يېزىلغاندىن كېيىن، كالگىننىڭ شىمالىدىكى «غەربىي دىڭلىڭلار» ئوتتۇرىغا چىقىپ، تارىخقا پۈتۈلدى، بۇ ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس ئىدى.

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ ھون دۆلىتى بىلەن بولغان كۈرەش قىلىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، مىلادىدىن 71 يىل ئىلگىرى دىڭلىڭلار ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى زور كۆلەمدە قوزغالغان چاغلاردا، ئۇرۇق - قەبىلە باسقۇچىدىن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى باسقۇچىغا ئۆتكەن. شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشىدا پەيت ئوبدان تاللىنىپلا قالماي، بەلكى ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، بۇ قوزغىلاڭغا دىڭلىڭلارنىڭ ھەممىسى قاتناشقان بولسا كېرەك. بۇ ئىشنى ئۇرۇق - قەبىلىدىن ھالقىغان چوڭ ئىجتىمائىي ئاپپاراتنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە رەھبەرلىك قىلىشى ئارقىلىقلا ئورۇندىغىلى بولاتتى. شۇڭا دىڭلىڭ مىللىتى ھون دۆلىتىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تەشكىلاتنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇشى تامامەن مۇمكىن. دىڭلىڭلار قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئاپپاراتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇلارنىڭ ھون دۆلىتى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشلىرى مىللەت كۆلىمىگە ئىگە بولغان ۋە دائىم غەلىبە قىلىپ تۇرغان. بۇ نۇقتىنى «خەننامە. ھونلار ھەققىدە قىسسە»، «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھونلار ھەققىدە قىسسە»دە خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللاردىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىزاھلار:

① يۈيخۇەن «ۋېينامە» دىن ئۈزۈندىلەر. «غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە» دە شىمالىي دىڭلىڭ ۋە غەربىي دىڭلىڭ دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، يۇەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە يەنە ياغلاقارجۇ تەرىپىدىن قايتا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «قوش ئېقىن بويىدىكى زاھىتلىق خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە ئىزاھ بېرىپ «كانگىيىنىڭ شىمالى، ئاسىيولارنىڭ غەربىدە دىڭلىڭلار (丁令) بار دېگەن سۆزنىڭ ئوقۇلۇشى بىلەن ھونلارنىڭ شىمالىدا دىڭلىڭلار (丁零) بار دېگەن سۆزنىڭ ئوقۇلۇشى ئوخشاشمايدۇ، ئۇلار بىر ئىرق ئەمەستەك قىلىدۇ» دېگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىمالىي دىڭلىڭ، غەربىي دىڭلىڭ دېگەن قاراش ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا تارقالغانىدى. كېيىنكى زاماندا ئۆتكەن بەزى ئالىملارمۇ ياغلاقارجۇنىڭ قارىشىنى خاتا دەپ ھېسابلىدى، ۋاڭ رىۋېي «دىڭلىڭ مىللىتىنىڭ تارىخى» (دۆلەتلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ «تارىخشۇناسلىق مەجمۇئەسى» نىڭ 2 - سانىغا بېسىلغان) دا مۇنداق كۆرسەتكەنىدى: «دىڭلىڭلار يەنى سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تېلىلار بولۇپ، موڭغۇلىيىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان رايونلارغا تارقالغان ئىنتايىن چوڭ بىر ئىرق ئىدى. خەن دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلار ئۇلارنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى بىلمىگەچكە، دىڭلىڭلارنى ھونلارنىڭ شىمالىدىمۇ بار، بىراق كانگىيىنىڭ شىمالىدىكى دىڭلىڭلار ئۇلار بىلەن بىر مىللەت ئەمەس دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ بىر مىللەت ئىكەنلىكىگە سەل قارىغان. گەرچە ياغلاقارجۇنىڭ ئۆزى موڭغۇلىيىدە تۇرغان، ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىن غەربىي قىسمىغىچە تارقالغان ئىرقلار توغرىسىدا مۇپەسسەل چۈشەنچىگە ئىگە بولسىمۇ، ئىككى سۆزنىڭ ئوقۇلۇشىنىڭ ئوخشاشلىقىغا ئاساسەن، رەسمىي تارىخ ۋە

مۇھىم تارىخىي پاكىتلارغا قارىماستىنلا، ئىككىسىنى بىر ئىرق ئەمەس دەپ ھۆكۈم چىقىرىۋەتكەن». سېن جوڭمىيەن؛ «يېڭى تاڭنامە. توغىباتلار ھەققىدە قىسسە» گە ئىزاھ» («تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ توپلىمى» نىڭ ئىككىنچى قىسمىغا بېسىلغان) دا ياغلۇقارجۇنىڭ دىڭلىن (丁令) بىلەن دىڭلىڭ (丁零) دىن ئىبارەت ئىككى سۆزنىڭ ئاھاڭىنىڭ ئوقۇلۇشى ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۇلار ئىككى خىل ئىرق دەپ چىقارغان ھۆكۈمگە قارىتا رەددىيە بېرىپ مۇنداق يازغان: «تەرجىمىدە قوللىنىلمىغان خەتلەرنىڭ ئوخشىماي قېلىشى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ھادىسە، ng تاۋۇشى بىلەن n تاۋۇشى قاپىيداش بولۇپ، خەنزۇ تىلىنىڭ شېۋىلىرىدە كۆپلەپ ئالمىشىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇنىڭغا ئاساسلىنىپلا دىڭلىڭلار (丁零) بىلەن ئۇلارنىڭ ئىرقىنى پەرقلەندۈرۈشكە بولمايدۇ.»

② بەنگۇ «خەننامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە ۋۇيۈەن ئايمىقىدىكى كۆياڭغا ئىزاھ بېرىپ «ئۇنىڭ شىمالىدىكى تاشقۇۋۇق ئۆتكىلىدىن چىقىپ، گۇاڭلۇ شەھرىنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ غەربىي شىمالىدا يەنە جىجۇ شەھرىنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ غەربىي شىمالىدا يەنە تومەنبالىقنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ» دېگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۆياڭ ئاھىيىسى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى كۆياڭ ناھىيە شەھرىنىڭ شىمالىدا ئىدى، ئۇنىڭ شىمالىدىكى تاشقۇۋۇق ئۆتكىلى ھازىرقى دارخان ماۋمىڭئەن بىرلەشمە خوشۇنىنىڭ چېگرىسى ئىچىدە ئىدى، گۇاڭلۇ شەھرى يەنى گۇاڭلۇ قورغىنى بولۇپ، خەن ۋۇدىنىڭ ۋاقتىدا، ئۇنى كېڭەش بېگى شۈمەنشۇ بىنا قىلدۇرغاچقا شۇنداق ئاتالغان. تومەنبالىق ئۇنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئارىلىقى سەل يىراقراق، ئۇنىڭ ئورنى ئىچكى موڭغۇلدىكى داچىڭشەن تېغى (چوغاي تېغىنىڭ شەرقىي تارماق تىزمىسى) نىڭ ئوتتۇرىسىدا.

③ «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە «چىنى بەگ ئىمكى ئالتە بەگلىكىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، چىن شىخۇاڭ مېڭ تيەننى 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن شىمالدىكى ھونلارغا قارشى جازا يۈرۈشكە ئەۋەتتى ...... تۈمەن تەگرىقۇت چىن خاقانلىقىغا تىزلىق كېلەلمەي، شىمالغا كۆچكەن» دېيىلگەن. تۈمەن تەگرىقۇتنىڭ ئوردىسى چوغاي تېغىدىكى تۈمەنبالىقتا ئىدى؛ چوغاي تېغىنىڭ شىمالى چوڭ قۇملۇق بولۇپ، ئۇ شىمالغا كۆچكەندە، چوڭ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوستانلىق بىلەن ياكى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل دالاسىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ كۆچكەن. شىراتۇرى كۇرا‐اكىچى ھونلار خەن دەۋرىدىن ئىلگىرى ئاساسەن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى چوغاي تېغىدىكى خېتاۋ رايونىغا تارقالغان، چىن سۇلالىسىنىڭ مېڭ تيەننى ھونلارغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتىشى بىلەن تۈمەن تەگرىقۇتنىڭ شىمالغا كۆچۈشى، «چۆللۈكنىڭ شىمالىدىمۇ ئۇلارنىڭ جايلاشقان» لىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ دەپ قارايدۇ. «ھون مەدەنىيىتى توغرىسىدا مۇھاكىمە» گە قاراڭ.

④ ماچاڭشۇ: «شىمالىي دىلار ۋە ھونلار» 24 ‐ بەت.

⑤ لىن گەن تۈزگەن «ھونلارنىڭ تارىخىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» 214 ‐ بەتكە قاراڭ.

⑥ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنئۇ يىللىرىدا موڭغۇل دالاسىدىن خېشى كارىدورىغا قېچىپ بارغان تەخمىنەن 80 مىڭ دىڭلىڭ قول. ئېھتىمال بۇ بىر قىسىم دىڭلىڭلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولۇشى كېرەك.

⑦ س. دورجى سۈرۈن (موڭغۇلىيە) نىڭ «شىمالىي ھونلارنىڭ قەبرىلىرى» ناملىق ماقالىسى، ئەسلى نۇسخىسى ئۇلانباتۇر ئىلىم ‐ پەن كومىتېتى نەشىر قىلغان «ئاكادېمىيىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى» نىڭ 1956 ‐ يىللىق بىرىنچى سانىغا بېسىلغان، قالغان ماتېرىياللار بىلەن نەقىللەرنىڭ ھەممىسى لىن گەننىڭ «ھونلارنىڭ قەبرىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» ناملىق

ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن ئېلىندى. ئەلى كەن تۈزگەن «خۇنلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماقالىلەردىن تاللانمىلار» غا بېسىلغان، 374 — 412 ــ بەتلەر.

⑧ ماچاڭشۇ «شىمالىي دىلار ۋە خۇنلار» ناملىق ئەسىرىدە: «موڭغۇل دالاسىدىكى تۆمۈر قوراللارنىڭ قەيەردىن كىرگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلە، كىشىلەرنىڭ بەكرەك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. بىزنىڭ ئېنىقلىشىمىزچە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II، I ئەسىرلەر مەزگىلىدە سىبىرىيىدىكى مىنۇسىنسكىدا تۆمۈر قوراللار خېلى ئومۇملۇقنى ئىگىلىگەنىدى، بۇ شۇ جايدىكى چوڭ جامائەت قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بىرونزا پالتا بىلەن تۆمۈر پالتىنىڭ سېلىشتۇرما ئەھۋالىدىنمۇ تامامەن شۇنداق ئىسپاتلانغان. شۇڭا بىز مىنۇسىنسكىنىڭ تۆمۈر قوراللىرى ياكى تۆمۈر ئېرىتىش تېخنىكىسىنى موڭغۇلىيىنىڭ شىمالىي قىسمىغا تارقالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ھۆكۈم چىقىرالايمىز. لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىمىزنىڭ ئەمىنىيە دەۋرىدىن يېقىنلىق دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا، خۇاڭخې ۋادىسىدا تۆمۈر قوراللار كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەنىدى، خەنزۇلارنىڭ تۆمۈر قوراللىرى بىلەن تۆمۈر ئېرىتىش تېخنىكىسىنىڭ موڭغۇل دالاسىغا تارقىلىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى» دەيدۇ. ئەمما ماچاڭشۇ ئەپەندى ئۆز بايانىدا موڭغۇل دالاسىدىكى تۆمۈر قوراللار جەنۇبىي سىبىرىيىدىن تارقىلىپ كىرگەن دەپ ھېسابلىغاندەك قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇ بايقال كۆلى رايونىدىن قېزىلغان تۆمۈردىن ياسالغان ئات ئېغىزدۇرۇقىنىڭ خۇنلارنىڭ تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە كىرىشىدىكى ئەھمىيىتىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەنىدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ماچاڭشۇ ئەپەندى يەنە جەنۇبىي سىبىرىيە بىلەن موڭغۇل دالاسىنىڭ بىرونزا مەدەنىيىتىنى، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI — II ئەسىرلەردە ياۋروپادىكى دۇناي، دون دەريا ۋادىلىرىغا تارقالغان سكىتىيان مەدەنىيىتىدىن تارقىلىپ كىرگەن دەپ قارىغانىدى. دەرۋەقە، ماچاڭشۇ ئەپەندى قاراسۇق مەدەنىيىتى

بىلەن ئىلىمىزنىڭ شىمالى، جەنۇب سۇلالىلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ مۇنا-
سىۋىتىگە ئەھمىيەت بەرمەي، سكىتىيالىلارنىڭ بىرونزا مەدەنىيىتى
بىلەن مىنۇسىنسكنىڭ تۆمۈر قوراللار مەدەنىيىتىدىن كۆپ ئىلگىرى
بولغان. ئىلىمىزنىڭ شىمالى، جەنۇب سۇلالىلىرىنىڭ بىرونزا مەدەنىيىتى
ئەمەلىيەتتە، يىغىلىق دەۋرىنىڭ تۆمۈر قوراللار مەدەنىيىتىگە، شۇنىڭ-
دەك بۇ مەدەنىيەتنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە موڭغۇل دالاسىدىكى
ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى تو-
ۋەن مۆلچەرلىگەنىدى.

⑨ «تارىخىي خاتىرىلەر. خەن بېگى خەن شىن، لۇفەنىڭ
تەرجىمىھالى» دا: «خەن شىننى قابىلىيەتلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە
پالۋان، ئۇنىڭغا تەۋە يەرلەر (خەن بېگى خەن شىننىڭ بەگلىكى
يىڭچۇەندىن، ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ يۈيشەن ناھىيىسىدە
ئىدى)، شىمالىدا گۇڭشيەن ناھىيىسى، لوياڭغا يېقىن، جەنۇبىدا ۋەن،
يېشيەن ناھىيىلىرىگە چېگرىداش، شەرق تەرەپتە خۇەييالڭ بار، بۇ
ئورۇنلارنى مەملىكەت بويىچە قاۋۇل ئەزىمەتلەر چىققان يەرلەر
دەپ قاراپ، خەن بېگى خەن شىننى تەيۈەننىڭ شىمالىدىكى
رايونلاردا بەگلىك تەسىس قىلىشقا، ھۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇ-
داپىئە كۆرۈشكە، جىنياڭنى بەگلىكنىڭ باش شەھىرى قىلىشقا يار-
لىق چۈشۈردى. خەن شىن مەكتۇپ سۇنۇپ بەگلىكنىڭ چېگرىسى
مايىغا كۆچۈرۈشنى دەپ ئىلتىماس قىلدى، خاقان ئىلتىماسىنى ما-
قۇل كۆردى» دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، خەن گاۋزۇ خەن
شىننى مايىغا ئەۋەتىشتە بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ يەر شارائىتى ئىستىرا-
يىلىك مۇھىم بولغان، يىڭچۈەنگە يېقىن، ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشىدىن
ئېھتىيات قىلىش، ئىككىنچىدىن، ھۇنلارنىڭ بېسىپ كىرىشىدىن مۇ-
داپىئە كۆرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گاۋزۇنىڭ خىزمەت كۆرسەت-
كەن ۋەزىرىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى مايىغا يۆتكىۋېتىشى ئېھتىمالى
باشقىلارنىڭ قولىدا ئادەم ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغانلىقى بولسا
كېرەك؛ ئەمما شۇ چاغدا ھۇنلار جەنۇبقا باستۇرۇپ كىرىشكە تەي-

يارلانغان ياكى رەسمىي باستۇرۇپ كىرىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ چەت - يىراق جايلىرىدىكى ئايماق - ۋىلايەتلىرىگە تەھدىت سالغاندىن كېيىنلا، خەن گاۋزۇ ئاندىن ئۇنى مايىغا «ھونلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە كۆرۈشكە ئەۋەتكەنىدى.»

⑩ ھون دۆلىتىنىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى قۇللىرىنىڭ سانى توغرىسىدا، تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس. ماچاڭشۇ «شىمالىي دىلار ۋە ھونلار» دا «ھونلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى قۇللىرىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 550 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ $\frac{1}{3}$ دىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ» دەيدۇ؛ لىن گەن «ھونلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» (لىن گەن تۈزگەن «ھونلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماقالىلەردىن تاللانمىلار» غا بېسىلغان) دە ھونلارنىڭ قۇللىرىنىڭ نوپۇسى 300 مىڭ بولۇپ، ھونلارنىڭ نوپۇسىنىڭ $\frac{1}{7}$ نى ياكى $\frac{1}{5}$ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭكىنى قوبۇل قىلدۇق.

⑪ ماچاڭشۇ: «نەچچە ئون مىڭ تۈتۈن» نى 50 مىڭ تۈتۈن بويىچە ھېسابلىنىشى كېرەك دەپ، خېشى ئارىلىقىغا قېچىپ بارغان غەربىي يۇرتلۇق غۇز، دىڭلىڭ، چيالى قۇللىرىنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانىنى 250 مىڭ دەپ قارايدۇ. ماچاڭشۇ ئەپەندىنىڭ ئەسىرى «شىمالىي دىلار ۋە ھونلار» نىڭ 39 - بېتىگە قاراڭ.

⑫ «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە ھون ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ قۇللارنى ھەمدەپنە قىلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. «ھونلار ئۆلۈكنى دەپنە قىلىشتا، ئىچ - تاش قىلىپ، قوش قەۋەت تاۋۇت ياساپ، ئۇنىڭغا ئۆلۈكنى ئالتۇن، كۈمۈش، كىيىم - كېچەك بىلەن بىللە سالاتتى. ئۇلاردا گۆر ئۈستىگە دەرەخ تىكىش، ھازا كىيىمى كىيىش ئادىتى يوق ئىدى، ئۆلگۈچى بىلەن ئۇنىڭ

يېقىن خىزمەتچىلىرى بىللە كۆمۈلەتتى، بىللە كۆمۈلگۈچىلەر كۆپ بولغاندا، بىر نەچچە ئون ياكى 100 كىشىگە يېتەتتى». بۇنىڭدىكى «يېقىن خىزمەتچىلىرى» نىڭ ئىچىدىكى 100 كىشى، ئاساسلىق قۇللارنى كۆرسەتسە كېرەك.

⑬ تارىخىي كىتابلاردا ھونلارنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭلار ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن قەبىلە قۇللۇق تۈزۈمىنى بىۋاسىتە دەلىللەپ بېرىدىغان ماتېرىياللار بولمىغاچقا، ئالىملار كۆپىنچە ھونلارنىڭ ئۇغانلارنىڭ ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن قەبىلە قۇللۇق تۈزۈمىگە ئاساسەن، دىڭلىڭلارنىڭكىنى قىياس قىلىدۇ. ماچاڭشۇ يازغان «ھون دۆلىتىنىڭ قۇللۇق تۈزۈمى توغرىسىدا» غا قاراڭ. «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1954 - يىللىق 5 - سان.

⑭ سېن جۇڭمىيەن «ئىران غۇزلىرى ۋە ھون غۇزلىرى» («ھەقىقەت ژۇرنىلى» بىرىنچى توپلام، 3 - سانىغا بېسىلغان) دا «تارىخىي خاتىرىلەر» بىلەن «خەننامە» دە غۇزلارنى يەككە ئاتىغاندا، ھونلارنى كۆرسەتكەن، ئەمما كېيىنكى خەن سۇلالىسىدىن كېيىن خۇ «(胡 غۇز) خېتىنى ئىشلىتىشنىڭ ئۇسۇلى، پەيدىنپەي مەخسۇس غەربكە قارىتىلغاندەك قىلىدۇ» دەپ قارايدۇ.

⑮ «خەننامە. لى يەنيەننىڭ تەرجىمىھالى» دا «لى يەنيەن ئىنىسى لى جى بىلەن ئوردىدىكى قالايمىقانچىلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئوردىغا كىرىپ - چىقىشتا بەك ئەركىن بولۇپ كەتتى؛ كېنىزەكلەر بىلەن ناشايان ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن خادىشى لى ئۆلگەندىن كېيىن يارلىق بويىچە ئىنىسى لى جى بىلەن ئائىلىسى بويىچە پۈتۈن جەمەتى قىرىپ تاشلاندى» دېيىلگەن.

⑯ ⑰ س. ۋ. كېسلېۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى) «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى» موسكۋا 1951 - يىل نەشرى 458 - بەت.

⑱ كومورو كېسلېۋنىڭ «ئوردىنىڭ خوجايىنى لى لىڭ» دېگەن قارىشىغا قوشۇلماي، ئوردىنىڭ خوجايىنى خەن سۇلالىسى

نىڭ مەلۇم بىر مەلىكىسى بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. گومورو يازغان «سوۋېت ئىتتىپاقىغا سەپەر»، چەت ئەل تىلى نەشرىياتى 1946 - يىلى نەشرى 136 - بەت.

⑲ جۇليەنكۇن: «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى جەنۇبىي سىبىرىيىدىن تېپىلغان جۇڭگوچە ئوردا خارابىسى»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى 1956 - يىللىق 4 - سان.

⑳ جۇليەنكۇن مۇنداق دەيدۇ: بەلكىم بۇ ئوردا دىڭلىڭلارغا ياكى خەن سۇلالىسىنىڭ مەلىكىسى ياتلىق قىلىنغان دىڭلىڭ خانلىقىغا ياكى بولمىسا دىڭلىڭلار باشقۇرىدىغان ھون خانلىرىغا قاراشلىق بولۇشى مۇمكىن. ۋېي لۈي دىڭلىڭلارغا بەگ بولغان بولسىمۇ، ئەمما تەگرىقۇتنىڭ يېقىنى، يەنە كېلىپ ھونلارغا ئىنتايىن سادىق بولغاچقا، چوقۇم بۇ خىل كاھىشلار (يەر ئاستىدىن تېپىلغان «تەگرىنىڭ ئەركە بالىسى مەڭگۇ ياشىغاي، خۇشاللىق مەڭگۇ ياز بولۇپ، زاۋال يەتمىگەي» دېگەن خەتلەرنى كۆرسىتىدۇ) دىن پايدىلىنىپ خەن سۇلالىسىگە بولغان سېغىنىشىنى ئىزھار قىلالمايتتى، شۇنىڭ ئۈستىگە خەن سۇلالىسى دەۋرىدە دىڭلىڭ ياكى ھون خانلىرىغا مەلىكە ياتلىق قىلىنغانلىقىغا ئائىت بىرەر مىسالمۇ يوق («سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى جۇڭگوچە ئوردا خارابىسى» غا قاراڭ). بۇ قاراشنىڭ مەسلىھەتلىشىشكە تېگىشلىك ئىككى تەرىپى بار: بىرىنچى، ۋېي لۈي ھون تەگرىقۇتىغا سادىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنىدا تۇغۇلۇپ، ئۆسكەنىدى. «خەننامە. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە ئۇ يەنە خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان قۇدىلىشىشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلاتتى دېيىلگەن، بۇنىڭدا ئۇنىڭ خەن سۇلالىسىگە بولغان دوستلۇق مۇھەببىتى بىلەن خەن سۇلالىسى مەدەنىيىتىگە بولغان مەپتۇنلۇقى يوشۇرۇنغان بولۇپ، قانداقمۇ ئۇنى «خەن سۇلالىسىنى ياد ئەتمەيتتى» دېگىلى بولسۇن؟ ئىككىنچى، ئوردىدا ئىشلىتىلگەن خەتتۇرچە خەت يېزىلغان كاھىشلار بىلەن جۇڭگوچە ئۇسلۇبتىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، چوقۇم ئوردى-

...دىنىڭ خوجايىنلىرىنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى، بەلكى كۈتمىگەن ئەھۋاللار بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكىدىكى خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلارنىڭ قۇدىلىشىش دەۋرىدە، خەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنىدىن چۆللۈكنىڭ شىمالىغا، مەلۇم بىر مەلىكىنىڭ ئوردا قۇرۇلۇشىغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن يۆتكەپ كېلىنىپ، كېيىن ئوردا قۇرۇلۇشى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توختاپ قېلىپ، ۋەيي لۈي دىگەنلەرنىڭ بەگ ئوردىسىنى ياسىغاندا، ئۇنى ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن؛ بەلكىم يەنە [illegible]، سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە، خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇنەرۋەنلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا مەلۇم بىر مەلىكە ئۈچۈن ئوردا قۇرغاندا قېچىپ قېلىپ، كېيىن ۋەيي لۈي تەرىپىدىن ئوردا ياسالغاندا ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. ۋەھاكازالار. ئېھتىماللىقنى يەنە خىلمۇخىل تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ، بىر پارچە كاھىشقا ئاساسلىنىپلا، ئاباقانىدىكى ئوردىنى چوقۇم شۇ جايدىكى خەن سۇلالىسىنىڭ مەلۇم بىر مەلىكىسى ياكى قىزى ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ.

㉑ س. دورجىسۈرۈن (موڭغۇلىيە): «شىمالىي ھونلار»، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىلىم - پەن كومىتېتى 1961 - يىل نەشرى.

㉒ س. دورجى سۈرۈن يازغان «شىمالىي ھونلار» بىلەن لىن گەن يازغان «ھونلارنىڭ شەھەر ۋە ئىبادەتخانا خارابىلىرى» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل. لىن گەن تۈزگەن «ھونلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماقالىلەردىن تاللانمىلار» 418 - بەتكە قاراڭ.

㉓ دىڭ چيەن «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھونلار ھەققىدە قىسسە»دىكى جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلارنى تەكشۈرۈپ دەلىللەش» دە «ئەنخۇ دەرياسى (安侯河) يەنى «ۋېينامە» دىكى ئېگىن دەرياسىنى ھازىرقى «ئورقۇن دەرياسى» دەپ قارىغان.

㉔ خ. پېرلە (موڭغۇلىيە) «ھونلارنىڭ ئۈچ شەھىرىنىڭ خا-

پرايىسى، ئۇلانباتۇر بىلىم - پەن كومىتېتى، 1957 - يىل نەشرى،
بۇنىڭدا لىن گەن يازغان «ھونلارنىڭ شەھەر ۋە ئىبادەتخانا خارابىلىرى» ناملىق ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن بايانغا ئاساسلانغان. لىن گەن تۈزگەن «ھونلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماقالىلەردىن تاللانمىلار»، 418 — 429 - بەتلەرگە قاراڭ.

㉕ لىن گەن تۈزگەن «ھونلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماقالىلەردىن تاللانمىلار» 409 - بەتكە قاراڭ.

㉖ سىيانپىلارنىڭ ھونلارنىڭ قەبرىلىرىنى كولاپ كەتكەنلىكىگە ئائىت ۋەقەسى توغرىسىدا، تارىخىي كىتابلاردا ئېنىق دەلىل يوق. «كېيىنكى خەننامە. ئۇغان، سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە»دە ئۇغانلارنىڭ ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى كولاپ كەتكەنلىكىگە ئائىت ۋەقەلىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «چاۋدىنىڭ زامانىسىدا ئۇغانلار يەيدىپىيەي كىنۇچەيدى ھەمدە ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى كولاشقا قوشۇن ئەۋەتىپ، شۇ ئارقىلىق باتىۋۇر تەڭرىقۇتتىن قىساسىنى ئالماقچى بولغان» دېيىلگەن.

## IV باب موڭغۇل دالاسىدا مىللەتلەرنىڭ چوڭ بىرلىشىش مەزگىلىدىكى دىڭلىڭلار

قوغشار، تەگرىقۇت قايتا قۇرغان ۋە گۈللەندۈرگەن هون دۆلىتى بوران - چاپقۇنلۇق سىنىپىي كۈرەش ۋە مىللىي كۈرەشلەرنىڭ قاتتىق زەربىسى ئاستىدا، ئىچكى جەھەتتە يىمىرىلىپ، ناھايىتى تېزلا جەنۇب ۋە شىمال دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. جەنۇبىي هونلار موڭغۇل دالاسىدا پۇت دەسسەپ تۇرالماي، شەرقىي خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى؛ شەرقىي خەن هۆكۈمىتى جەنۇبىي هونلارنىڭ زېمىنىدا سەككىز ئايماق تەسىس قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىمالىي هونلار كەينى - كەينىدىن خەن سۇلالىسى بىلەن جەنۇبىي هونلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ، شۇنداقلا دىڭلىڭ، سىيانپىلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك هۇجۇمىغا ئۇچرىدى. مىلادى 87 - يىلى شىمالىي هونلارنىڭ تەگرىقۇتى ئۇلۇغ تەگرىقۇت سىيانپىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، «شىمالىي هونلارنىڭ ئوردىسىدا زور قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى». شىمالىي هونلارنىڭ قەۋملىرى تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كېتىپ، تۈركۈملەپ جەنۇبقا كۆچۈپ خەن سۇلالىسىگە ئەل بولدى. موڭغۇل دالاسىدىكى ھەر مىللەت قۇللىرى جىيەنۋۇ يىللىرىدىكى قېچىشتىن كېيىن، تېخىمۇ زور كۆلەمدىكى قېچىش-

نى باشلىدى. مىلادى 89 - يىلى، شەرقىي خەن سۇلالىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دۇ شيەنىڭ باشچىلىقىدىكى زور قوشۇننى ئۈچ يولغا بۆلۈپ شىمالغا ئەۋەتتى. خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى سەددىچىندىن ئۆتۈپ 3000 چاقىرىمغىچە ئىچكىرىلەپ كىردى، «شىمالىي هونلارنىڭ تەڭرىقۇتى قېچىپ كەتتى»، خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى «200 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئەسىرگە ئالدى» («كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي هونلار ھەققىدە قىسسە»). شىمالىي تەڭرىقۇت (تەڭرىقۇتنىڭ نامى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن) نىڭ باشچىلىقىدىكى هون قولدار ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەھدىتى ئاستىدا مەجبۇرىي ئەگەشكەن بىر قىسىم قالدۇق هون قوۋملىرى موڭغۇل دالاسىنىڭ مەركىزىدىن ئايرىلىپ، غەربكە كۆچۈشكە باشلىدى. شۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، هون دۆلىتى مۇنقەرز بولدى. موڭغۇل دالاسىدا قېپقالغان 100 مىڭدىن ئارتۇق هون قوۋملىرى قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ باشچىلىقىدا، موڭغۇل دالاسىدىن ئايرىلىپ، «لياۋدۇڭغا بېرىپ ئارىلاش ئولتۇراقلىشىپ»①، شەرقىي قىسمىدىكى سيانپىلارغا ئەل بولدى②.

دۇ شيەن يۇڭيۈەننىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 89 - يىلى) يەنرەن تېغى (هازىرقى موڭغۇلىيەدىكى خانگاي تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكى) غا توختاپ تاشنى ئويدۇرغاندا، ئۇنىڭ كۆرگىنى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى «تۈمەن چاقىرىملىق ئارىلىق تازىلىنىپ، كەڭ دالىدا بولاكچىلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغان» («كېيىنكى خەننامە. دۇ شيەننىڭ تەرجىمھالى») ئەھۋال ئىدى. فەن خۇا يازغان «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي هونلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئاخىرىدىمۇ «تەڭرىقۇت قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپ، ئات دىراپ تېنەپ، ئاسىيۇلارنىڭ زېمىنىغا كەتكەچكە، چۆللۈكنىڭ شىمالى بوش قالدى» دەپ كۆرسەتكەنىدى. لى شيەنمۇ «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي هونلار ھەققىدە قىسسە» گە ئىزاھ

بەرگەندە: «ئۇلارنىڭ 3000 چاقىرىمدىن ئارتۇق زېمىنى بوش قالدى» دەپ كۆرسەتكەندى. دەرۋەقە بۇ قاراشلاردا بىرئاز ئاشۇرۇۋېتىلگەن جايلار بولسىمۇ، لېكىن چۆللۈكنىڭ شىمالى، زور تۈركۈمدىكى خۇنلارنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلىشلىرى ۋە ھەر مىللەت قۇللىرى (بولۇپمۇ ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغان دىڭلىڭ قۇللىرى) نىڭ قېچىشىغا ئەگىشىپ، ھەقىقەتەن بوش قالغاندەك بولۇپ قالغانىدى، ئەمەلىي ئەھۋالمۇ شۇنداقراق ئىدى.

خۇن دۆلىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ۋە خۇن قەبىلىلىرىنىڭ تارقىلىپ كېتىشى بىلەن بىپايان كەڭ موڭغۇل دالىسىدا داۋاملىق شۇ جايلاردا تۇرۇپ قالغان قالدۇق خۇن قوۋملىرىدىن باشقا، نەچچە يۈز يىلدىن بۇيانقى زېمىن كەڭ بولۇش، ئادەم شالاڭ بولۇش، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈچلۈك ھاكىمىيەتنىڭ يوق بولۇشىدەك ۋەزىيەت تۇنجى قېتىم كېلىپ چىقتى. بۇ موڭغۇل دالىسىنىڭ ئەتراپىدىكى ھەرقايسى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ، ئاساسلىقى شىمالىي قىسمىدىكى جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭ مىللىتى بىلەن شەرقىي قىسمىدىكى توغبات سىيانپىلىرىنىڭ موڭغۇل دالىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى جايلارغا كۆچۈپ كېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مىلادى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن سىيانپىلارنىڭ ئاقساقىلى تان شىخۇاينىڭ باشچىلىقىدىكى سىيانپىلارنىڭ چوڭ ھەربىي ئىتتىپاقى «شىمالدا دىڭلىڭلارغا تاقابىل تۇرۇپ، شەرقتە خۇيۈلەرنى بويسۇندۇردى، غەربتە ئاسىيۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، خۇنلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنىنى ئىگىلىدى» («كېيىنكى خەننامە. ئوغان سىيانپىلىرى ھەققىدە قىسسە») بولسىمۇ، لېكىن ۋاقتى ئىنتايىن قىسقا، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 30 يىلچە داۋاملاشقاچقا، موڭغۇل دالىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشىگە قارىتا ئېغىر تەسىر كۆرسىتەلمىدى.

شۇنداق قىلىپ، مىلادى I ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا خۇن

دۆلىتى يىمىرىلگەندىن تارىتىپ، مىلادى ٧ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە جورجان خانلىقى قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا (ئۇمۇمەن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن ۋېي، جىن دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا توغرا كېلىدۇ)، موڭغۇل دالاسىدا مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشى ۋە قوشۇلۇش مەزگىلى بارلىققا كەلدى. زامان جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇ سەددىچىن سېپىلىنىڭ جەنۇبىدىكى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى باشلىنىپ، سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگىچە داۋاملاشقان مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن بالدۇر بولدى. مىللەتلەرنىڭ بۇ ئىككى قېتىملىق قوشۇلۇشى ۋاقىت جەھەتتىكى ئىلگىرى-كېيىنلىكتە بىر-بىرىگە ماس كېلىدۇ، شۇنىڭدەك كۆپ تەرەپلىمىلىك مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىدى.

مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى ۋە قوشۇلۇشى مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم تېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ باپتا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە، توپلانغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئۇقتىلىق ھالدا دىڭلىڭلارنىڭ مىلادى ١ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان موڭغۇل دالاسىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا بولغان كۆچۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ھونلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى ۋە سىيانپى قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن بولغان قوشۇلۇش مەسىلىسى بايان قىلىنىدۇ.

## 1. دىڭلىڭلارنىڭ موڭغۇل دالاسى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا كۆچۈشى، دىڭلىڭلار بىلەن ھونلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنىڭ قوشۇلۇشى

ھون دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە ھون قەبىلىلىرىنىڭ تارقىلىپ كېتىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان مىللەتلەرنىڭ

كۆچۈش ھەرىكىتىنى ئالدى بىلەن جەنۇبىي سىبىرىيىگە جاي-
لاشقان دىڭلىڭلار باشلىغانىدى.

«كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھونلار ھەققىدە قىسسە»،
«كېيىنكى خەننامە. ئوغان، شيانپىلار ھەققىدە قىسسە»، ۋاڭ
شېن تۈزگەن «ۋېينامە» دە ۋە باشقا شۇ دەۋردە ياكى ئۇنىڭ-
دىن سەل كېيىن يېزىلغان تارىخىي كىتابلاردا، جەنۇبىي
سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ موڭغۇل دالاسىغا ۋە جۇڭغارىيە
ئويمانلىقىغا كۆچكەنلىكى توغرىسىدا بىۋاسىتە توختالمىغان
بولسىمۇ، ئەمما بىز ئۇلاردا خاتىرىلەنگەن بەزى ئىشەنچلىك
تارىخىي ماتېرىياللاردىن، يەنىلا ۋاستىلىك ھالدا دىڭلىڭلار-
نىڭ موڭغۇل دالاسى ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا كۆچكەنلى-
كىگە ئائىت ئىشەنچلىك پاكىتلارنى كۆرۈۋالالايمىز.
ئالدى بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ موڭغۇل دالاسىغا كۆچۈشى ئۈستىدە
توختىلىپ ئۆتەيلى. «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھونلار
ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلگەن:

يۈەنخېنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 85 - يىلى) ھەمەل
ئېيىدا شىمالىي ھونلارنىڭ ئاقساقاللىرىدىن جۈلىي،
سۈيبېك قاتارلىقلار سەدىچىننىڭ ئىچىگە قېچىپ كەلدى،
ئۇلار جەمئىي 73 لەك ئادەم ئىدى. شۇ چاغدا شىمالدىكى
يولاكچىلار ئاجىزلاشقان، گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن
ۋاقىت ئىدى. جەنۇبتىكىلەر ئۇدۇل تەرەپتىن، دىڭلىڭلار
ئارقا تەرەپتىن، سىيانپىلار سول تەرەپتىن، غەربىي يۇرت-
لۇقلار ئوڭ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. نەتىجىدە ئۇ قايتا
پۇت دەسسەپ تۇرالماي تېخىمۇ يىراققا قاچتى.

چاڭخېنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 87 - يىلى) شيان-
پىلار سول تەرەپتىن شىمالىي ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ،
ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى، ......؛ شىمالىي ھون
تەڭرىقۇتى جەنۇبىي ھونلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى

چەتكە ئالدى. دىڭلىڭ، سىيانپىلاردىن ئەندىشىگە چۈشۈپ،
يىراققا قېچىپ، ئورقۇن دەرياسىنىڭ غەربىگە بېرىپ
ئورۇنلاشتى.

بۇلارغا ئاساسلانغاندا، ھونلار دىڭلىڭ قاتارلىق مىللەت
لەرنىڭ بىرلا ۋاقىتتا قىلغان ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئۆزلىرىنىڭ
چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى مەركىزىدىكى ئورۇنلىرىدىن ئايرىلىپ
تېخىمۇ يىراق جايلارغا كەتكەنىدى. ھون تەڭرىقۇتىنىڭ
ئوردىسى ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى
ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى خانگاي تېغىنىڭ
شەرقىي چېتىدە ئىدى③. ئارخېئولوگلار تەڭرىقۇت ئوردىسىدىن
300 كىلومېتر يىراقلىقتىكى شەرقىي رايون (ھازىرقى ئولان
باتوردىن 112 كىلومېتر شىمالدا) دىن ھون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ
بىر تۈركۈم قەبرىلىرىنى تېپىپ، بۇ جاينىڭ ھون ئاقسۆڭەكلى
رىنىڭ ئىشەنچلىك ھەم ئۇزاق مۇددەتلىك ئولتۇراق جايى
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇنىڭدىن ھون ھۆكۈمرانلار سىنىپى
نىڭ سىياسىي مەركىزى بىلەن ھون قەبىلىلىرىنىڭ ئاساسلىق
جايلاشقان رايونىنىڭ، موڭغۇل دالاسىنىڭ سۇ ۋە ئوت - چۆپى
ئەڭ ئەلۋەك بولغان ئورقۇن، تولا ۋە كوولىن دەريالىرىنىڭ
يۇقىرى ئېقىنى، يەنى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى
نىڭ مەركىزىي ئۆلكىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.
بۇ جايلار بىلەن بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا
جايلاشقان دىڭلىڭلارنىڭ ئارىلىقى ئەڭ يېقىن ئىدى. «دىڭلىڭ
لار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بۇلاڭچىلىق قىلدى» دېگەن سۆز
دىڭلىڭلارنىڭ ھونلارنىڭ شىمالىدىن يەنى بايقال كۆلى
ئەتراپىدىكى رايونلاردىن ئەسكەر چىقىرىپ بۇ جايلارغا ھۇجۇم
قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھونلار «تېخىمۇ يىراققا قاچتى»،
«يىراققا قېچىپ ئورقۇن دەرياسىنىڭ غەربىگە بېرىپ ئورۇن
لاشتى» دېگەنلىك ھونلارنىڭ بۇ رايوندىن ئورقۇن دەرياسى

نىڭ غەربكە قېچىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئانەقالمەردىن، سىميانىي، جەنۇبىي خۇنلار ۋە غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ھۇجۇملىرىنىڭ يەنىلا خۇن دۆلىتىنىڭ شەرقىي («سول تەرىپى»)، جەنۇبىي ۋە غەربىي جەنۇبىي تەرەپلىرى بىلەنلا چەكلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر دىڭلىڭلارنىڭ خۇن دۆلىتىنىڭ مەركىزىي رايونلىرىغا قىلغان ھۇجۇمى بولمىغان بولسا، شىمالىي تەڭرىقۇت غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەن ۋۇدىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا ئوخشاش، موڭغۇل دالىسىنىڭ مەركىزىي قىسمىدىن شىمالغا قاراپ، چۆللۈكنىڭ «شىمالىدىكى سۇ ۋە ئوت-چۆپى كەمچىل بولغان رايونغا كۆچۈپ بارغان» («خەننامە. خۇنلار ھەققىدە قىسسە») بولاتتى. ئەكسىچە «تېخىمۇ يىراققا قېچىپ» موڭغۇل دالىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۇرغۇن دەرياسىنىڭ غەربكە بېرىپ ئورۇنلاشمىغان بولاتتى. خۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قېچىش ھەرىكىتى، دىڭلىڭلارنىڭ «ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بۇلاڭ-لاڭچىلىق قىلىشى» دېگەن ئىبارەت كۈچلۈك رولىنى كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى يەنە دىڭلىڭلارنىڭ ئاللىقاچان ئورقۇن، تۇۋرا دەريالىرىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى ئىگىلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق تەھلىل قىلىش توغرا بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا دىڭلىڭلارنىڭ قوراللىق كۈچى بىلەن موڭغۇل دالىسىدىكى خۇنلارنى قوغلاپ چىقارغان ۋە بۇ جايلارنى ئىگىلىگەن ۋاقتى (يەنى جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ موڭغۇل دالىسىنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى جايلارغا بولغان كۆچۈشنى باشلىغان ۋاقتى)، مىلادى 85 — 87 - يىللىرى ئارىلىقىدا بولغان بولۇشى كېرەك.

«كېيىنكى خەننامە، ئوغانلار، سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە» دە، مۇنداق دېيىلگەن:

خېنىڭ يۇڭيۈەن يىللىرى (مىلادى 89 — 104 - يىل

يىللار) دا، ئۇلۇغ سانغۇن دۇشيەن ئۇلۇغ قول چېرىكچى
كېڭبىڭنى ئەۋەتىپ، ھونلارنى مەغلۇپ قىلدى. شىمالىي ھون-
لارنىڭ تەگرىقۇتى قېچىپ كەتتى، نەتىجىدە سىيانپىلار ئۇلار-
نىڭ زېمىنلىرىنى ئىگىلىدى. ھونلارنىڭ قالدۇق ئۇرۇقلىرى-
دىن قېپقالغان 100 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئادەملەر
ئۆزلىرىنىڭ نامىنى سىيانپى دەپ ئاتىدى، بۇنىڭ بىلەن
سىيانپىلار پەيدىنپەي كۈچىيىشكە باشلىدى.

«كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھونلار ھەققىدە قىسسە» ۋە «دۇشيەنىنىڭ تەرجىمىھالى» غا ئاساسلانغاندا، دۇشيەن بىلەن گېڭ بىڭ قاتارلىقلارنىڭ شىمالىي ھونلارغا زەربە بەرگەن ۋاقتى يۈەنيۈەنىڭ 1 - ۋە 3 - يىلى يەنى مىلادى 89 - ۋە 91 - يىلى ئىدى. دۇشيەنىنىڭ يۈەنيۈەنىڭ تۇنجى يىلىدىكى جازا يۈرۈشىنى تارىخىي كىتابلاردا «شىمالىي تەگرىقۇتنى قوغلىۋەتتى» دەپ قەيت قىلىنغان، يۈەنيۈەنىڭ 3 - يىلىدىكى جازا يۈرۈشىنى، تارىخىي كىتابلاردا «شىمالىي تەگرىقۇت يەنە ئۇلۇغ قول چېرىكچى گېڭ بىڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، قاياققا قاچقانلىقىنىڭ ئىز - دېرىكى بولمىدى» («كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھونلار ھەققىدە قىسسە»)، بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، يۇقىرىدا نەقىل ئالغان «ئۇغان، سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن «شىمالىي تەگرىقۇتنىڭ قېچىپ كەتكەن» لىك ۋەقەسىنىڭ مىلادى 89 - يىلى ياكى 91 - يىلى يۈز بەرگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھونلار ھەققىدە قىسسە»، «ئۇغان، سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە» دە سىيانپىلارنىڭ بۇ ئىككى قېتىملىق جازا يۈرۈشىنىڭ ھەر ئىككى نۆۋەتتىكىسىگە قاتناشقانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان، ھالبۇكى بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئاۋال، يەنى جاڭخېنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 87 - يىلى) سىيانپىلار يەنىلا ھونلارنىڭ سول تەرىپىدە

يەنى ھون دۆلىتىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە، ھونلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقانىدى؛ تارىخىي كىتابلارغا نەزەر سالغاندا، سىيانپىلارنىڭ ئۆڭگەدىن كېيىنكى پائالىيىتى ئاساسەن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ لياۋدۇڭ، يوبېيپىڭ، يۇياڭ قاتارلىق ۋىلايەتلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش بىلەن ئۆتكەن بولۇپ، سىيانپىلارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى جايلارغا كىرگەنلىكى ھەققىدە خاتىرە يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نەقىلنىڭ بېشىدىكى «يوڭيۇەنىڭ ئوتتۇرىلىرى» دېگەن سۆزگە كەلسەك، يوڭيۇەن يىلىنىڭ ئۆزى ئىلگىرى - ئاخىرى 16 يىل بولۇپ، شىمالىي تەڭرىقۇت يوڭيۇەنىڭ تۇنجى يىلى بىلەن 3 - يىلىدا «قېچىپ كەتكەن» ياكى «قاچقان»، شۇڭا، «يوڭيۇەنىڭ دەسلەپكى يىللىرى» بولۇشى كېرەك بولۇپ، كىتابتىكىدەك «يوڭيۇەنىڭ ئوتتۇرىلىرى» بولماسلىقى كېرەك. دەرۋەقە، «شىمالىي تەڭرىقۇتنىڭ قېچىپ كەتكەن» لىكى بىلەن «سىيانپىلارنىڭ ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىگەن» لىكىدىن ئىبارەت ئىككىسى ۋاقىت جەھەتتىمۇ بىر - بىرىگە ماسلاشمايدۇ. قىسقىسى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «ئۇغان، سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە» دىن كەلتۈرگەن نەقىلدە ھەقىقەتەن مۇجمەللىك ۋە ئېنىق بولمىغان تەرەپلەر مەۋجۇت. بۇ مەسىلە ھەققىدە، «كېيىنكى خەننامە» يېزىلىشتىن بۇرۇن كىتاب بولۇپ تۈزۈلگەن ۋاڭ شېننىڭ «ۋېينامە» سىدە بىرقەدەر ئېنىق بايان قىلىنغان. «ۋېينامە» دە «ھونلارنىڭ شىمالىي تەڭرىقۇتى قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قالدۇق ئۇرۇقلىرىدىن 100 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئادەم لياۋدۇڭغا كېلىپ، سىيانپىلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سىيانپىلارنىڭ ناملىرىنى قوللاندى» دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ھونلارنىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى 100 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق قالدۇق قوۋملىرى ئۇلار «لياۋدۇڭغا كېلىپ سىيان-

پىلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان» دىن كېيىن سىيانپىلارغا ئەل بولغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ سىيانپىلار چۆللۈكنىڭ شىمالىنى ئىشغال قىلغاندا، مەجبۇرىي ئەل بولمىغانىدى. ۋاڭ شېننىڭ بۇ سۆزى «كېيىنكى خەننامە. ئۇغان، سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن ئېنىقسىزلىقلارنى تۈگىتىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئەينى ۋاقىتتىكى موڭغۇل دالاسىنىڭ ۋەزىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا دىڭلىڭلار جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى بايقال رايونىدىن داۋاملىق موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ھونلارغا زەربە بەرگەندە، شىمالىي تەڭرىقۇت ھونلارنىڭ ئاساسلىق ھەربىي كۈچى بىلەنمۇ دىڭلىڭلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇيالماي، جېنىنى ئېلىپ ئورقۇن دەرياسىنىڭ غەربىدىكى جايلارغا كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. شىمالىي تەڭرىقۇت قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، قېپقالغان قالدۇق ھونلار يەنىلا 100 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق بولغان بولسىمۇ، لېكىن باشپاناھسىز قالغاچقا، ئەلۋەتتە دىڭلىڭلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارىتا ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسىتەلمەيتتى، ئۇلار موڭغۇل دالاسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ «لياۋدۇڭغا بېرىپ»، سىيانپىلار بىلەن «ئارىلاش ئولتۇراقلىشىش»قا مەجبۇر بولغان، كېيىن يەنە شۇ جايدىكى سىيانپىلارغا ئەل بولغانىدى. ۋاڭ شېننىڭ قارىشىنىڭ توغرىلىقىدا گۇمان يوق. ناھايىتى ئېنىقكى، 100 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ھون ئەگەر دىڭلىڭلار ئارقا تەرەپتىن قوراللىق قوغلىمىغاندا، ھەرگىزمۇ موڭغۇل دالاسىدىن ئۆزلۈكىدىن ئايرىلمىغان بولاتتى، ئۇلارنىڭ 2000 چاقىرىمدىن ئارتۇق يولنى بېسىپ لياۋدۇڭغا بېرىپ سىيانپىلارغا ئەل بولۇشى، پۈتۈنلەي جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يولمۇ يوق ئىدى④. شۇنداق قىلىپ بىز، شىمالىي تەڭرىقۇت موڭغۇل دالاسىنىڭ غەربىگە قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، دىڭلىڭلارنىڭ جەنۇبقا باستۇرۇپ كىرىپ، موڭغۇل

دالاسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلغانلىقىغا ئائىت يەنە بىر پاكىتقا ئىگە بولالايمىز.

«ۋېينامە. قاڭقىلار ھەققىدە قىسسە» دە ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاڭقىللارنىڭ يىراق قەدىمكى تارىخىنى تىلغا ئالغاندا، ئۇلارنىڭ «كېيىن روقۇن كۆلى (ئۇرقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى سۇ يىغىلىدىغان ئورۇندا)⑤ نىڭ غەربىي شىمالىدىكى نەچچە يۈز چاقىرىملىق جايغا كۆچۈپ بارغان» لىقىنىلا تىلغا ئېلىپ، قاچان، قايسى جايدىن كۆچۈپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرمىگەن. يۇقىرىدىكى دەلىللەرگە ئاساسەن بىز شۇنداق ھۆكۈم قىلالايمىزكى: قاڭقىل (دىڭلىڭ) لارنىڭ بەزى ئورۇق - قەبىلىلىرى ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ، مىلادى 1 ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، ھون دۆلىتى يىمىرىلگەندە، جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى بايقال كۆلى رايونىدىن روقۇن كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىغا كۆچۈپ بارغانىدى.

بالقاش كۆلى بىلەن يەنسەي دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى دىڭلىڭلار («غەربىي دىڭلىڭلار») نىڭ جەنۇبقا كۆچۈپ جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا بارغانلىق مەسىلىسى توغرىسىدا، تارىخىي كىتابلاردا ئوخشاشلا بىۋاستە دەلىل - ئىسپات بولىدىغان ماتېرىياللار يوق. ئەمما بىر نۇقتا ئېنىقتايىن ئېنىق، ئۇ بولسىمۇ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك، ھون دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىش ھارپىسىدا، شىمالىي ھونلارنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ، دىڭلىڭلارنىڭ كۈچى ھونلارنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەچكە، شۇ سەۋەبتىن شىمالىي ھونلار «دىڭلىڭلاردىن ئەندىشە قىلىدىغان» بولۇپ قالغانىدى. مىلادى 91-يىلى ھون دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ھونلارنىڭ قوۋملىرى ھون تەڭرىقۇتى ۋە غوياندۇ دەپ ئاتىلىدىغان بىر ھون ئاقسۆڭەكنىڭ ئايرىم - ئايرىم رەھبەرلىكىدە موڭغۇل دالاسىدىن ئايرىلىپ غەربكە قاراپ قاچقان. ئەھمىيەت بېرىشكە

ئەرزىيدىغىنى شۇكى، خۇن تەڭرىقۇتى قوشۇنلىرىنى باشلاپ جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا قېچىپ بارغاندىن كېيىن، ئالدىراپ - تېنەپ «ئاجىز، ئورۇق، ماڭالمايدىغانلىرى»نى كۇسەنىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا قالدۇرۇپ قويۇپ، داۋاملىق غەربكە - كانگىيىگە قاراپ قاچقان بولسىمۇ («ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»)، كېيىنكى ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمىدى. غوياندۇخان غەربكە قاراپ قېچىپ بارىسكۆل (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى بارىكۆل كۆلى) ئەتراپىغا بارغاندىن كېيىن، شۇ يەردە تۇرۇپ قېلىپ، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن غوياندۇخان بارىسكۆلنى بازا قىلىپ، پات - پات بېرىپ جەنۇبىي يولدىكى يۇرت-شەھەر قەلئە بەگلىكلىرى (كېنگىت قاتارلىقلار) گە ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. غوياندۇخان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇنلىرى يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق تۇرۇپ، تاكى مىلادى II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تانشىخۇاي موڭغۇل دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنلا ئاندىن دېرىكى يوقالدى. بۇ مەزگىلدە ئۇلارنىڭ جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدا زادى نېمىلەرنى قىلغانلىقى پۈتۈنلەي نامەلۇم.. خۇن تەڭرىقۇتى ۋە غوياندۇخاننىڭ يۇقىرىدىكى ھەرىكىتى، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇتمۇش تەڭرىقۇتنىڭ غەربتە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا قېچىپ بېرىپ ھەمدە جۇڭغار ئويمانلىقىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، غەربتە ئاسىيولارنى مەغلۇپ قىلغانلىقى، شىمالدا دىڭلىڭلارنى ئەل قىلدۇرغانلىقى بىلەن كۆپ جەھەتتىن ئوخشاشمايتتى، دەرۋەقە ئەينى مەزگىلدە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدا چوقۇم خۇنلار بىلەن دۈشمەنلەشمەيدىغان زور بىر كۈچ مەۋجۇت بولۇپ، بۇ خىل كۈچ خۇن تەڭرىقۇتىنى مۇشۇ جايدا تۇرۇشقا جۈرئەت قىلدۇرمىغان ھەم غوياندۇخاننى ئۇ جايغا ئاسان ئىچكىرىلەپ كىرىشكە

جۈرئەت قىلدۇرمىغان. هونلار بىلەن دۈشمەنلەشكەن بۇنداق كۈچ، «خەننامە. هونلار ھەققىدە قىسسە» دىكى «دىڭلىڭلار ئۇلارنىڭ شىمالىدا بۇلاڭچىلىق قىلاتتى» دېگەن خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، چوقۇم دىڭلىڭلار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا غەربىي دىڭلىڭلارنىڭ «60 مىڭ يارالىق ئەسكىرى»⑥ بار بولۇپ، ئىنتايىن زور بىر كۈچ ئىدى، ھالبۇكى، هون خانى غوياندۇ-نىڭ كۈچى بولسا، ئەينى ۋاقىتتا دۇنخۇاڭ ۋالىيسى جاڭداڭ كۆپتۈرۈپ «غوياندۇخان دائىم باركۆل بىلەن كۆككۆل (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ قاراشەھەر خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى باغراش كۆلى)⑦ ئارىلىقىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، غەربىي يۇرتتا زوراۋانلىق قىلماقتا» («كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەز-كىرىسى») دەپ ئېيتقاندەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەر قېتىم ئەسكەر چىقارغاندا، كۆپ بولغاندا ئاران 3000 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر چىقىرالايدىغانلىقى ھەمدە ئەمەلىي ئۇرۇش قىلىش كۈچىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ باشچىلىقى-دىكى هونلار، ئانچە زور بولمىغان بىر قالدۇق كۈچلەر ئىدى. مەسىلەن، شۇندىنىڭ ياڭجيا 3 - يىلى (مىلادى 134 - يىلى) ئارقا قۇش بېگى كاتانا 1500 كىشىلىك قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ غوياندۇخاننى تەڭرى غول (جۇغراپىيىلىك ئورنى ئېنىق ئەمەس) دا مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ كۆپلىگەن قوۋملىرىنى ئۆلتۈرۈپ، تەڭرىقۇتنىڭ ئانىسى، كىچىك ئاپىسى ۋە خوتۇن-قىزلىرىدىن بولۇپ نەچچە يۈز ئادەمنى قولغا چۈشۈرگەن؛ مەسىلەن، يەنە شۇندىنىڭ يوڭخې 2 - يىلى (مىلادى 137 - يىلى) دۇنخۇاڭ ۋالىيسى فېي سېن دۇنخۇاڭ ۋىلايىتىنىڭ 3000 ئەسكىرى بىلەن بىر يولدا «غوياندۇخان قاتارلىقلارنى ئۆل-تۈرۈپ، قوۋملىرىنى تىرىپىرەن قىلىپ، دۈشمەن قوشۇنىنى پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلدى ⑧» قۇش قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ هونلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ

15 يىلغىچە خالاس قىلغان. دەرۋەقە، غويا ندىرخاننىڭ باشچىلىقىدىكى ھونلار قۇدرەتلىك دىڭلىڭلارنىڭ رەقىبى بولالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى ھونلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنىڭ بارىسكۆل ئەتراپىدىلا تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولۇپ، قوتىنۇشىنىڭ ئىزىدا مېڭىپ، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا قاراپ راۋاجلىنىشقا جۈرئەت قىلالماسلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت، ئەينى ۋاقىتتا قۇدرەتلىك دىڭلىڭ قەبىلىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاللىقاچان جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا كېڭەيتىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

فېي سوگجى «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» گە ئىزاھ بەرگەندە، «ۋېينامە» دىن بىر ئابزاس سۆزنى نەقىل كەلتۈرگەن بولۇپ، بىزنىڭ «غەربىي دىڭلىڭلار»، ھون دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا كۆچۈپ بارغان دەپ ھۆكۈم قىلىشىمىزنى يەنە بىر دەلىل ئىسپات بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

> ئۇلار ئىلىيان كۆتىرۈپ مەغلۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن، (ئوغانلارنىڭ) ئاقىۋاقاللىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىندى. ئۇلار ئۇ جايدا تۇرۇۋېرىشنى خالىمىدى، نەتىجىدە ھەممىسى بەردەك يارىش تۆزلەڭلىكى (؟) گە كۆچۈپ باردى. ئۇ جايدا تاغ دېگەن نەرسە يوق بولۇپ، پەقەت قۇم ۋە ئوت، سۇ، دەل - دەرەخلەرلا بار ئىدى. چار يىلانلار كۆپ ئىدى، دىڭلىڭلارنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، ئاسىيۇلارنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلەتتى، تۇرمۇشى جاپالىق ئىدى.

بۇنىڭدىكى «يارىش تۆزلەڭلىكى» نىڭ قايسى جايغا قارىتىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئاسىيۇلار شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئىلى ۋىلايىتىگە تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىدا قۇربان تۇڭغۇت (قاۋان توڭگۇز) قۇملۇقى بار ئىدى، «يارىش تۆزلەڭلىكى» بۇ قۇملۇقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ئىدى[9]، «يارىش

تۈزلەڭلىكى، ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىدا دېڭىزلار بار بولۇپ، بۇ دېڭىزلار جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى ھازىرقى ئالتاي ۋىلايىتىگە تارقالغان بولسا كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، يەنسەي دەرياسى بىلەن بالقاش كۆلى رايونىدىكى دېڭىزلارنىڭ جەنۇبقا كۆچۈپ جۇڭغار ئويمانلىقىغا كەلگەن ۋاقتى، مىلادى 1-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھون دۆلىتى يىمىرىلگەن ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بولۇپ، بايقال كۆلى رايونىدىكى دېڭىزلارنىڭ جەنۇبقا كۆچۈپ، موڭغۇل دالاسىغا كەلگەن ۋاقتى بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا يۈز بەرگەن.

تۆۋەندە بىز دېڭىزلار بىلەن ھونلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنىڭ موڭغۇل دالاسى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىمىز. ئالدى بىلەن بىز ھون دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن موڭغۇل دالاسىدا قېپقالغان ھونلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنىڭ سانىنى تەكشۈرۈپ باقايلى.

يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن دۇشيەن ئېيتقان «تۈمەن چاقىرىملىق ئارىلىق تازىلىنىپ، بۇلاڭچىلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغان» دېگەن سۆز، دۇشيەن خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ بېرىپ كۆرگەن موڭغۇل دالاسىنىڭ قىسمەن ئەھۋالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئارىلىقى 2000 كىلومېتىردىن، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئارىلىقى 1000 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن ئىككى مىليون كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، دۇشيەننىڭ ھەربىر جايىنى تەكشۈرۈپ كېتەلىشىمۇ، ھون قەبىلىلىرىنىڭمۇ بۇ كەڭ زېمىندىن پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىشىمۇ زادى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ھون دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، غەربكە كۆچۈپ ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغان، جەنۇبقا بېرىپ

خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان ۋە «لياۋدۇڭغا بېرىپ ئىشيانىڭلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان» ھۇن قەبىلىلىرىدىن سىرت، موڭغۇل دالاسىدا يەنىلا ھۇنلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى مەۋجۇت ئىدى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ، «ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە»-دە مۇنداق دېيىلگەن:

سەللان يىراق چۆللۈكنىڭ شىمالغا قېچىپ بېرىپ، قاڭقىللارنىڭ زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ بېسىپ كىردى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ قوۋمىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، ئۆكتەملىك بىلەن كۈچىنى ھەدەپ زورايتتى. شىمالدا تاكى رولو دەرياسى (ھازىرقى تۇرا دەرياسى) غىچە يېتىپ باردى، تۇرا دەرياسىنىڭ غەربىي شىمالىدا ھۇنلارنىڭ قالدۇق ئۇرۇقلىرى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئېلى باي ھەم قۇدرەتلىك بولۇپ، قەبىلە قوماندانى باينىغىت دەپ ئاتىلاتتى، سەللاننىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندە، سەللان ئېگىن دەرياسى (ھازىرقى ئۇرقۇن دەرياسى) بويىدا ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى، كېيىن سەللان تىنەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى.

يۇقىرىدىكى نەقىل جورجان خانى سەللاننىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى قاڭقىللار (دىڭلىڭلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى) بىلەن ھۇنلارنىڭ باينىغىت قەبىلىسىنى بويسۇندۇرغانلىقىغا ئائىت ۋەقە بولۇپ، ۋاقتى توغبات-ۋېي دۆلىتىنىڭ تيەنشىڭ 5-يىلى، يەنى مىلادى 402-يىلى يۈز بەرگەنىدى، بۇنىڭدىن مىلادى V ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە، يەنى ھۇن دۆلىتى مۇنقەرز بولۇپ، ئارىدىن 300 يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا دەرياسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە يەنىلا «ئېلى قۇدرەتلىك ھەم باي بولغان» ھۇنلارنىڭ قالدۇق ئۇرۇقلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. دېمەك، مىلادى I ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھۇن دۆلىتى ئەمەلىيلا مۇنقەرز

بولغان ۋاقىتتا، موڭغۇل دالاسىدا تېخىمۇ كۆپ هونلار قېپ
قالغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئەتىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، هون دۆلىتى قۇدرەت تېپىپ
گۈللەنگەن مەزگىلدە نوپۇسى تەخمىنەن ئىككى مىليون ئىدى.
مىلادى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى هون دۆلىتى جەنۇب ۋە
شىمال دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەندە، شىمالىي هونلارنىڭ
نوپۇسى تەخمىنەن 1 مىليون 500 مىڭ⑩ ئىدى. لېكىن
«كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي هونلار هەققىدە قىسسە»گە
ئاساسلانغاندا، خەن سۇلالىسى جاڭدىنىڭ جيەنچۇ 7 - يىلى
(مىلادى 82 - يىلى) دىن بۇرۇن، «شىمالىي هونلار ئاۋۋالقى
دەكلا كۈچلۈك بولغانلىقى، شۇنىڭدەك كۆپ قېتىم پاراكەندى-
چىلىك تۇغدۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن غەم قىلىدىغان بولۇپ
قالغان» ئىدى. خەن سۇلالىسى بىلەن شىمالىي هونلار دائىم
ئۇرۇشۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما هونلارنىڭ نوپۇسى ئىنتايىن
ئاز زىيانغا ئۇچرىغان؛ يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا،
زىيانغا ئۇچرىشى ئەڭ كۆپ بولغىنى، جيەنچۇنىڭ تۇنجى يىلى
(مىلادى 76 - يىلى) دىكى يەنى «نەچچە يۈز ئادەمنىڭ
كاللىسىنى ئېلىش بىلەن 3 - 4 مىڭ ئادەمنىڭ تەسلىم
بولۇشى» ئىدى. بۇنىڭدىن مىلادى I ئەسىرنىڭ 80 - يىللى-
رىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە، شىمالىي هونلارنىڭ يەنىلا
1 مىليون 500 مىڭ ئەتراپىدا نوپۇسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلى-
گىلى بولىدۇ.

جيەنچۇنىڭ 8 - يىلى (مىلادى 83 - يىلى) دىن
باشلاپ، هون ئاھالىلىرى كەڭ كۆلەمدە جەنۇبقا كۆچۈپ
بېرىپ، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان ياكى خەن سۇلالى-
سىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن جەنۇبىي هونلارنىڭ قوشۇنلىرى
تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن، «كېيىنكى خەننامە.
جەنۇبىي هونلار هەققىدە قىسسە»گە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭدا

مۇقداق دېيىلگەن.

جيەنچۇنىڭ 8 - يىلى، شىمالىي هونلارنىڭ گۈندۈلۈچ ئاقساقىلى كىلەۋسى قاتارلىقلار 38 مىڭ ئادەمنى باشلاپ، «ۋۇيۈەن قورۇلىدا ئۆزلىرىنىڭ تەسلىم بولىدىغانلىقىنى ئېيىلەۋردى».

يۈەنخېنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 85 - يىلى)، «شىمالىي هونلارنىڭ ئاقساقاللىرىدىن لىۋلى، سۈيبېك قاتارلىقلار سەددىچىننىڭ ئىچىگە قېچىپ كەلدى، ئۇلار جەمئىي 73 لەك ئادەم ئىدى». بىر لەك ئادەمنىڭ قانچە ئادەملىكى، تارىخىي كىتابلاردا ئېنىق خاتىرىلەنمىگەن. «سۆز - خەتلەر. هارۋا» دا «لەشكەرنى يۈرۈشتە 100 هارۋا بىر لەك هېسابلىنىدۇ» دېيىلگەن. ئەدىي توك يازغان «لىيۇشۇ خەت شەكلى. مائارەت» دە «هارۋىلار لەك بويىچە ئايرىلىدۇ» دېيىلگەن. ئەگەر بۇ قاراشلارنى ئورۇنلۇق دەپ، هەم هەربىر هارۋىدا ئۈچتىن ئۆتكە قەدەر ئادەم ئولتۇرىدۇ دەپ هېسابلىساق، ئۇنداقتا 73 لەك ئادەم تەخمىنەن 25 مىڭ ئەتراپىدا بولغان بولىدۇ.

يۈەنخېنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 86 - يىلى) جەنۇبىي هونلارنىڭ قوشۇنلىرى سەددىچىندىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغاندا، نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسىرگە ئالغان، «بۇنىڭدىن كېيىن هەر يىلى تەسلىم بولىدىغانلارنىڭ سانى بىرنەچچە مىڭغا يەتكەن». يۇقىرىدىكى جيەنچۇنىڭ 8 - يىلى بىلەن يۈەنخېنىڭ 2 - يىلىدا خاتىرىلەنگەنلەرنىڭ هەممىسى شىمالىي هونلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان ئادەم سانى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. جيەنچۇنىڭ 8 - يىلىدىن باشلاپ هېسابلىغاندا، ئۈچ يىل ئىچىدە جەنۇبىي هونلار قوبۇل قىلغان شىمالىي هونلارنىڭ تەسلىم بولغان ئادەملىرى، تەخمىنەن 13 - 14 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭغا شۇ يىلى ئەسىرگە ئېلىنغان 1000 ئادەمنى قوشقاندا تەخمىنەن جەمئىي 15 مىڭ

ئەتراپىدا ئادەم بولىدۇ.

جاڭخېنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 87 - يىلى) سىيانپىلار ھونلارنىڭ سول تەرىپىدىكى زېمىنغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇلۇغ تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرگەن. شىمالىي ئوردىدا زور قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىپ، «ھونلارنىڭ 58 قەبىلىسىدىن 200 مىڭ نوپۇس، 8000 يارالىق ئەسكەر» جەنۇبقا كېلىپ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان.

جاڭخېنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 88 - يىلى)، «شىمالدىكى بۇلاڭچىلارنىڭ ئارىسىدا زور قالايمىقانچىلىق ۋە ئاچارچىلىق، چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەنلىكتىن، تەسلىم بولىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن». بۇ يىلى تەسلىم بولغانلارنىڭ سانىنىڭ قانچىلىكلىكى، تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلەنمىگەن.

يوڭيۈەنىنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 89 - يىلى) خەن سۇلالىسى بىلەن جەنۇبىي ھونلارنىڭ قوشۇنلىرى سەددىچىندىن چىقىپ، شىمالىي ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ، «200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىرگە ئالغان».

يوڭيۈەنىنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 90 - يىلى)، خەن سۇلالىسى بىلەن جەنۇبىي ھونلارنىڭ قوشۇنلىرى يەنە سەددىچىندىن چىقىپ، شىمالىي ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ، «8000 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، بىر قانچە مىڭ ئائىلىنى ئەسىرگە ئالغان». ئىككىسىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا تەخمىنەن بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئادەم بولىدۇ.

يوڭيۈەنىنىڭ 5 - يىلى (مىلادى 93 - يىلى) خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى بارسكۆل بويىدا شىمالىي ھونلارنىڭ ئوڭ قول بېلىككىخانى ئېلتېبىكىنىڭ باشچىلىقىدىكى بىر قانچە مىڭ ئادەمنى مەغلۇپ قىلىپ يوقاتقان.

يوڭيۈەنىنىڭ 6 - يىلى (مىلادى 94 - يىلى)، ھونلارنىڭ ئۆز تېكىن باتىسقانى بۆۋۈنخو يېڭىدىن تەسلىم بولغان 15

خۇن قەبىلىسىدىن 200 مىڭدىن ئارتۇق كىشىگە باشچىلىق قىلىپ، ئىسيان كۆتۈرۈپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىپ كەتكەن. خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىرگە ئالغان ئادىمىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، ھەممىسى بولۇپ جەمئىي 34 مىڭ ئادەم ئىدى.

يوڭيۈەننىڭ 8 - يىلى (مىلادى 96 - يىلى)، تەسلىم بولغان، ئىسيان كۆتۈرگەن ھەم ئىسيان كۆتۈرۈپ ھەم قارشى چىققان، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان خۇنلار تەخمىنەن 30 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى.

يوڭيۈەننىڭ 12 - يىلى (مىلادى 100 - يىلى) «جەنۇبىي تەڭرىقۇت بىسۇ، بېيۈتىخوغا قارشى ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇنى تىرىك تۇتقان. ھەمدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ نەچچە مىڭ ئادەمنى قولغا چۈشۈرگەن.»

يۇقىرىدىكىلەر مىلادى 83 - يىلىدىن مىلادى 100 - يىلىغىچە بولغان خۇن دۆلىتى يىمىرىلىشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى تەخمىنەن 20 يىل ئىچىدىكى، خەن سۇلالىسى بىلەن جەنۇبىي خۇنلارنىڭ ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىرگە ئالغان شىمالىي خۇنلار ۋە شىمالىي خۇنلارنىڭ تەسلىم بولغان ئاھالىلىرىنىڭ نوپۇس سانى بولۇپ، ئىسيان كۆتۈرۈپ قايتىپ كەتكەنلەرنىڭ سانى بىلەن ئۆزئارا زىددىيەتلىك بولسىمۇ، ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 300 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى.

غەربكە كۆچكەن خۇنلارنىڭ نوپۇس سانىدا «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، كۇسەنىڭ شىمالىدا تەخمىنەن 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قېپقالغانىدى، تەڭرىقۇتقا ئەگىشىپ كانگىيىگە قېچىپ بارغانلارنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس. سوغدىيانا كانگىيىدىكى كىچىك بىر بەگلىك بولۇپ، «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «دەسلەپتە خۇنلار ئۇلارنىڭ بېگىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئېلىنى

ئىگىلىۋالغان» دېيىلگەن. ئەمما گانگسىيەدىكى باشقا ئۇششاق بەگلىكلەرنىڭ خۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە يوق. شۇڭا سوغدىيانىغا تاجاۋۇز قىلغان بۇ خۇنلار تەڭرىقۇتنىڭ باشچىلىقىدىكى خۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئادەم سانى ئانچە كۆپ بولماسلىقى مۇمكىن. خويياندۇخان باشچىلىقىدىكى خۇنلارنىڭ ئىلكىدىكى ئەڭ زور ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئاران 3 – 4 مىڭچە ئاتلىق ئىكەنلىكىدىن قارىغاندا، ئەڭ كۆپ بولغاندا 20 مىڭچە كېلەتتى. غەربكە كۆچكەنلەرنىڭ نوپۇس سانىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، كۆپ بولدى دېگەندىمۇ 300 مىڭدىن ئاشمايدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك، خون دۆلىتى يېمىرىلگەندىن كېيىن 100 مىڭ ئۆيلۈك، تەخمىنەن 4 – 5 يۈز مىڭ ئادەم لياۋدۇڭغا قېچىپ بېرىپ، دەسلەپتە سيانپىلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان، كېيىن سيانپىلارغا تەسلىم بولغان، بۇ سانغا يۇقىرىدىكى ئۆلتۈرۈلگەن، ئەسىرگە چۈشۈپ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلار بىلەن غەربكە كۆچكەنلەرنىڭ سانىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، ھەممىسى بولۇپ جەمئىي 1 مىليون 100 مىڭ ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇنى 1 مىليون 500 مىڭدىن ئېلىۋەتسەك، قېپقالغانلىرى 4 – 5 يۈز مىڭچە ئادەم بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا باشقا سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان نوپۇسنىڭ كېمىيىشى (تەبىئىي ئاپەت، كېسەل قاتارلىقلار) بىلەن ئاز مىقداردىكى يارىلانغان ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ كىرگۈزۈلمىگەنلىكىنى ئويلاشقاندا، ئۇنداقتا خون دۆلىتى يېمىرىلگەندىن كېيىن، موڭغۇل دالاسىدا داۋاملىق تۇرۇپ قالغان خۇنلار ئاز دېگەندىمۇ 200 مىڭ ئادەم ئەتراپىدا بولىدۇ. V ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جورجان خانلىقىنىڭ تەرىپىدىن ئېگىن دەرياسىنىڭ بويىدا بويسۇندۇرۇلغان، خۇنلارنىڭ قالدۇق ئۇرۇقلىرىدىن بولغان بايىرغۇت

قەبىلىسى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدۇر.

تارىختا مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى كۆپىنچە، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بىللە يۈز بېرىدۇ. دىڭلىڭلار جەنۇبىي سىبىرىيەدىن جەنۇبقا كۆچۈپ موڭغۇل دالاسىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنى بىلەن يايلاقلىرى، هونلارنىڭ شۇ جايدىكى نەچچە يۈز مىڭ قالدۇق قوۋملىرى بىلەن ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش نەتىجىسىدە ئىككى مىللەت خەلقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، نىكاھ، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى بىلەن مۇقەررەر هالدا مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇش هادىسىسى پەيدا بولىدۇ. هون دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن هونلارنىڭ دىڭلىڭلارغا بولغان ئىلگىرىكى هۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە هۆكۈمرانلىق قىلىنىش مۇناسىۋىتىمۇ تەڭلا يوقالدى. ئەينى ۋاقىتتا دىڭلىڭلار يەنىلا سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقاچقا، يېڭىباشتىن دىڭلىڭلارنىڭ هونلارغا بولغان قۇل قىلىش ۋە قۇل قىلىنىش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرەلمىدى. بۇ خىل ئەھۋال شۈبھىسىزكى، ئىككى مىللەتنىڭ قوشۇلۇشىنى تېخىمۇ ئەركىن شەكىل بىلەن كەڭ كۆلەمگە ئىگە قىلىپ، ئىككى مىللەتنىڭ قوشۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە تېزلەتكەنىدى.

مىلادى I ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى باشلانغان هون دۆلىتى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى دىڭلىڭلار بىلەن هونلارنىڭ قالدۇق- قوۋملىرىنىڭ قوشۇلۇشى توغرىسىدا، تارىخىي كىتابلاردا پەقەت سىرلىق تۈسكە ئىگە بەزى بىر رىۋايەتلەرلا ساقلىنىپ قېلىنغان، شۇڭا ئىككى مىللەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈنلەي يېزىقى بولمىغان شارائىتتا، ئىككى مىللەت خەلقى

ىنىڭ قوشۇلۇشىنىڭ ئەينى تارىخىي جەريانىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلىگىلى بولمايدۇ. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلگەن:

بەزىدە ئۇلارنىڭ ئەجدادى ھونلار، ئۇلار ھونلارنىڭ جىيەنلىرى دېيىلىدۇ. ...... ئېيتىلىشىچە، ھون تەڭرىقۇتىنىڭ چىراي - تۇرقى ناھايىتى گۈزەل ئىككى قىزى بار ئىكەن. بۇ ئەلدىكىلەر ئۇلارنى خاسىيەتلىك دەپ بىلەتتىكەن، تەڭرىقۇت: «بۇ قىزلىرىمنى ئۆز لايىقىغا بېرىش ئۈچۈن كۆك تەڭرىنىڭ ئىختىيارىغا قويىمەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەلنىڭ شىمالىدىكى ئادەمزات يوق جايغا ئېگىز تۇر ياسىتىپ، ئىككى قىزىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، قىزلىرىغا «كۆك تەڭرىگە تاپشۇردۇم» دەپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئانىسى قىزلىرىنى سېغىنىپ، ئۇلارنى ياندۇرۇپ كەلمەكچى بولغاندا، تەڭرىقۇت: «بولمايدۇ، تېخى ۋاقتى ئەمەس» دەپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىر قېرى بۆرە كېچە - كۈندۈز تۇرنى ساقلاپ ھۇۋلاپتۇ، تۇرنىڭ تۈۋىدە ئورا بولغاچقا، كېرىگىلى بولمايدىكەن. كىچىك قىز: «ئاتام بىزنى بۇ يەردە كۆك تەڭرىگە تاپشۇرغان، ئەمدىلىكتە بۆرە كەپتۇ، بەلكىم خاسىيەتلىك مەخلۇقتۇر، كۆك تەڭرى ئەۋەتكەن بولسا كېرەك» دەپ پەسكە چۈشمەكچى بولۇپتۇ. ئاچىسى ھەيران بولۇپ: «بۇ ھايۋان تۇرسا، ئاتا - ئانىمىزغا نومۇس بولىدۇ!» دېسىمۇ، كىچىكى ئۇنىماي پەسكە چۈشۈپ بۆرىگە تېگىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇپتۇ، كېيىن بارا - بارا ئاۋۇپ ئەل بولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاۋازى ھەم ناخشا ئاۋازىغا، ھەم بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىغا ئوخشاپ كېتەتتىكەن.

يۇقىرىدىكى رىۋايەت قاڭقىللارنىڭ دىڭلىڭلار بىلەن

هونلارنىڭ ئىنكاھلىنىشى ئارقىسىدا كېلىپ چىققانلىقىغا ئائىت ئەپسانىۋى رىۋايەت بولۇپ، موڭغۇل دالالىرىدىكى ھەر مىللەتتىن بولغان چارۋىچىلارنىڭ ئارىسىدا ئۇزاقتىن بۇيان كەڭ تارقالغان. شۇڭا ۋېيشۇ تەرەپىدىن تارىخقا كىرگۈزۈلۈپ، «رىۋايەت» تەرىقىسىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ ئەپسانىدىكى خۇراپىي تەركىبلەر بىلەن هون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قالاق دىڭلىڭلارنى كەمسىتىپ ئېيتقان ئىبارىلىرىنى چىقىرىپ تاشلىغاندا، مۇنداق بىر ئاددىي تارىخىي پاكىت قالىدۇ، يەنى موڭغۇل دالاسىدا تۇرۇپ قالغان هون ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن دىڭلىڭلار (ئېھتىمال دىڭلىڭ مىللىتىنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇق - قەبىلە ئاقساقاللىرى ياكى ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرى بولۇشى مۇمكىن) نىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنكاھلىنىش مۇناسىۋىتى يۈز بەرگەن. قائىدىللار دەل بۇ خىل ئىنكاھلىنىش مۇناسىۋىتى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن كېيىنكى ئەۋلاد ئىدى. «سۇينامە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «قانۇنلار قامۇسى» قاتارلىق كىتابلارنىڭ «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» سىنىڭ ھەممىسىدە: «تۇرالارنىڭ ئەجدادلىرى، هونلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدۇر» دېيىلگەن؛ «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دىمۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى هونلاردىندۇر. ئادەتتە ئۇلار كۆپىنچە ئېگىز چاقلىق هارۋىلاردا يۈرىدۇ، يۈەنۋېي زامانىسىدا قائىقىل قەبىلىسى ياكى چىلى دەپمۇ ئاتالغانىدى» دېيىلگەن. تۇرا دىڭلىڭلارنىڭ مىللىي نامىنىڭ باشقىچە تەرجىمىسى، هالبۇكى خۇيخې (يەنى خۇيگو — قەدىمكى ئۇيغۇرلار) بولسا تۇرالارنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ نامى ئىدى. بىز غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي كىتابلاردىن دىڭلىڭ دېگەننىڭ دىڭلىڭلار ئىكەنلىكىنى، هون دېگەننىڭ هونلار ئىكەنلىكىنى، ئىككىسىنىڭ جايلاشقان ئورنىنىمۇ ئوخشىمايلا قالماستىن، بەلكى نەچچە يۈز يىللىق تارىخ جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئىزچىل ھالدا ئۆزئارا قارشىلىشىپ كەلگەن ئىككى مىللەت ئىكەنلىكىنى،

ئەينى ۋاقىتتا ياشىغان سىياسىئون ۋە تارىخشۇناسلار تەرىپىدىن، ئارىلاشتۇرۇۋېتىلمىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن كېيىنكى تارىخشۇناسلار، دىڭلىڭلار ھونلار بىلەن موڭغۇل دالاسىدا ئارىلاش ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغاندىن كېيىن، «ۋېينامە» دىن «يېڭى تاڭنامە» گىچە پۈتۈنلەي دېگۈدەك شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى قاڭقىللارنى ھونلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى دەپ قۇرۇقتىن - قۇرۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئېتنىكىلىق جەھەتتە دىڭلىڭلار بىلەن ھونلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە باشلىغان. بۇ ھەرگىزمۇ تاسادىپىي بولۇپ قالغان ئەمەس، ئۇنى ئوردا تارىخچىلىرىنىڭ سەۋەبلىكى دەپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. بۇ دىڭلىڭلار بىلەن ھونلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنىڭ موڭغۇل دالاسىدا يۈز بەرگەن كەڭ كۆلەملىك نىكاھلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىنى ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ ھەقىقىي ئىنكاسىدۇر.

«ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە يەنە: «ئۇلار (قاڭقىللار) نىڭ تىلى ھونلارنىڭ تىلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، بەزى جەھەتتىن ئازراق پەرق قىلىدۇ» دېيىلگەن. دىڭلىڭلار جەنۇبىي سىبىرىيىدىن جەنۇبقا كۆچۈپ موڭغۇل دالاسىغا كېلىپ، ھونلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشتىن ئاۋۋال، دىڭلىڭلار بەلكىم ھونلارغا ئوخشىمايدىغان باشقا بىر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا بىر مىللەت بولۇشى مۇمكىن، ياپونىيە ئالىملىرى بىلەن موڭغۇلىيە ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، ھونلار موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ بولۇپ، قەدىمكى موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشەتتى؛ دىڭلىڭلار بولسا تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ بولۇپ، قەدىمكى تۈرك تىلىدا سۆزلىشەتتى⑪. لېكىن بۇ ئىككى مىللەت موڭغۇل دالاسىدا ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، دىڭلىڭلارنىڭ تىلى بىلەن ھونلارنىڭ تىلى ئويلىمىغان يەردىن «ئازراقلا پەرق قىلىدىغان» ئوخشاش بىر تىل بولۇپ قالغان،

«قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە دېيىلگەن ھونلار ئەلۋەتتە غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھونلار ئەمەس ئىدى، ۋېي شۇ «ۋېينامە» نى يازغاندا، ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھونلارغا ئاللىقاچان 400 يىلدىن ئارتۇق (مىلادى I ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ھون-دۆلىتى يىمىرىلگەندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا) بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋېي شۇ قاتارلىقلار تېخى ئېنىق بىلمەيتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە شىمالىي ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىچكى رايونلاردا ياشايدىغان ھونلارنىڭ تىلى ئەمەس ئىدى، چۈنكى بۇ ھونلار ۋېي شۇنىڭ زامانىسىدا ئاللىقاچان خەنزۇلىشىپ كەتكەن ياكى خەنزۇلىشىپ كېتىشكە ئاز قالغانىدى. «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە دېيىلگەن ھونلار، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرى بىلەن بىر دەۋردە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئېگىن دەرياسىنىڭ بويىدا ماكانلاشقان ھونلارنىڭ بايىرغىت قەبىلىسىگە قارىتىلغان، «ھونلارنىڭ تىلى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ، بەزى جەھەتتىن ئازراق پەرق قىلىدۇ» دېگىنى بولسا، قاڭقىللارنىڭ تىلى بىلەن ھونلارنىڭ بايىرغىت قەبىلىسىنىڭ تىلىنىڭ «ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى بىلەن بەزى جەھەتتىن ئازراق پەرق قىلىدىغان» لىقىغا قارىتىلغان بولسا كېرەك. ئەينى ۋاقىتتىكى بۇ ئىككى مىللەتنىڭ تىلى قاڭقىللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەرگىزمۇ غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى دىڭلىڭلارنىڭ تىلى ئەمەس ئىدى؛ ھونلارنىڭ بايىرغىت قەبىلىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھونلارنىڭ تىلى ئەمەس ئىدى، بەلكى دىڭلىڭلار بىلەن ھونلارنىڭ قوشۇلۇشى جەريانىدا شەكىللەنگەن، دىڭلىڭ تىلىنى ئاساس قىلىپ، ھون تىلىنىڭ كۆپلىگەن ئېلېمېنتلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان تىل ئىدى. «ھونلارنىڭ تىلى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ، بەزى جەھەتتىن ئازراق پەرق قىلىدۇ» دېگىنى مانا مۇشۇنىڭغا قارىتىلغاندى.

يېقىنقى زامان سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىنىڭ قەدىمكى
ھون تىلى ھەققىدىكى تەتقىقاتى بىزنىڭ يۇقىرىدىكى يەكۈنى-
مىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. شىراتورى كۇراكىچى «ھون
مىللىتى توغرىسىدا» دا خەنزۇچە تەرجىمە قىلىنغان ھون
تىلىدىكى 17 سۆزنى مىسال كەلتۈرگەن بولۇپ، ئىككىسى تۈرك
تىلىغا، ئىككىسى موڭغۇل تىلىغا، ئۈچى تۇڭغۇس تىلى (تۇڭغۇس
تىلى غۇز مىللەتلىرى يەنى سىيانپى، ئۇخانلار ئىشلەتكەن بىر خىل
تىل) غا مەنسۇپ. بىرى تۈرك تىلى بىلەن موڭغۇل تىلىغا،
تۆتى موڭغۇل تىلى بىلەن تۇڭغۇس تىلىغا، بەشى تۈرك،
موڭغۇل، تۇڭغۇس تىللىرىغا ئورتاق بولغان سۆزلەر ھېساپلى-
نىدۇ. يۇقىرىدىكى تىل جەھەتتىكى ئورتاقلىقلار، شەكسىز
ھالدا تىل تەرەپتىن دىڭلىڭلار بىلەن سىيانپىلار
(ئاساسلىقى توغبات سىيانپىلىرى) نىڭ ھونلار بىلەن بولغان
قوشۇلۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنىدى. دىڭلىڭلار بىلەن
سىيانپىلارنىڭ قوشۇلۇشى توغرىسىدا بىز تۆۋەندە قايتا توختى-
لىپ ئۆتىمىز. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شىراتورى
كۇراكىچى تىلغا ئالغان ھون تىلىدىكى ئىككى تۈركچە سۆز
(قىڭراق، قىز)، ھون دۆلىتى مەركىزىدىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىن-
غان دىڭلىڭلارنىڭ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان. تۈرك، موڭغۇل
تىللىرىغا ئورتاق بولغان ئالتە سۆز (تەڭرى، تۇغ، تۈمەن،
ئۇتاغ، تۇپراق، پىشلاق، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى كېيىنكى بەشى
تۈرك، موڭغۇل، تۇڭغۇس تىلىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىلغا
ئورتاق بولغان سۆزلەر) نىڭ كۆپ قىسمى «تارىخىي خاتىرىلەر.
ھونلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «خەننامە. ھونلار ھەققىدە
قىسسە» دە كۆرۈلگەن قەدىمكى ھون تىلىدىكى سۆزلەر بولۇپ،
دىڭلىڭلار جەنۇبقا كۆچۈپ موڭغۇل دالاسىغا كەلگەندىن
كېيىن، ھون تىلىدىن قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەنىدى. ئىككىسىنى
قوشقاندا، شىراتورى كۇراكىچى تىلغا ئالغان قەدىمكى ھون

تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تەخمىنەن 50 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ھالبۇكى، دىڭلىڭلار قەدىمكى ھون تىلىدىن قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەن سۆزلەر، ھونلار تۈرك تىلىدىن قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەن سۆزلەرگە قارىغاندا خېلىلا كۆپ ئىدى. ئالدىنقىسى دىڭلىڭلار بىلەن ھونلارنىڭ تىل جەھەتتىكى قوشۇلۇش ھادىسىسىنىڭ كەۋدىلىك ئىپادىلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەنىدى؛ كېيىنكىسى، ھونلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ دىڭلىڭلارغا قارىغاندا تەرەققىي قىلغانلىقىنى، تىلىمۇ دىڭلىڭلارنىڭكىدىن باي ئىكەنلىكىنى، شۇ سەۋەبلىك دىڭلىڭلار جەنۇبقا كۆچۈپ موڭغۇل دالاسىغا كەلگەندىن كېيىن، ھون تىلىدىن نۇرغۇنلىغان سۆزلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز تىلىدىكى كەم سۆزلەرنى تولۇقلاشقا مەجبۇر بولغانلىقىدىن دېرەك بەرگەنىدى⑫.

دىڭلىڭلار بىلەن ھونلارنىڭ قالدۇق قەۋملىرىنىڭ جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى قوشۇلۇشى توغرىسىدا، تارىخىي كىتابلاردىن بەزىبىر ئىزلارنى ئىزدەپ تېپىشقا بولىدۇ. مىلادى 7- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، كۈسەننىڭ شىمالىدىكى ئاسىيۇلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنى (ھازىرقى ئىلى ۋىلايىتى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمى. بۇ ۋاقىتتا ئاسىيۇلار ئاللىقاچان غەربىي جەنۇبقا كۆچۈپ پامىر تاغلىرىنىڭ ئارىسىغا كەتكەنىدى) دا يايپان دۆلىتى بار ئىدى. يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، «ئۇلار شىمالىي تەگرىقۇتنىڭ قەبىلىسىدىن ئىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ ھارۋا - ئاتلىقلار سانغۇنى دۇشيەن ئۇلارنى سۈرۈپ چىقارغاندا، شىمالىي تەگرىقۇت ئالتۇن تاغدىن ئۆتۈپ غەربتىكى كانگيۈگە كەتتى، ئاجىز - ئورۇق ماڭالمايدىغانلىرى كۈسەننىڭ شىمالىدا قالدى. زېمىنى ئەچچە مىڭ چاقىرىم، ئاھالىسى 200 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى» («ۋېينامە. غەربىي يۇرت ھەققىدە قىسسە»). لېكىن شىمالىي تەگرىقۇتنىڭ غەربتىكى كانگيۈگە كەتكەن ۋاقىتتىن

ياپان دۆلىتىنىڭ داۋرىگىچە 300 يىل ئۆتكەندىمۇ «ئۇلارنىڭ تۇرۇپ — ئادىتى بىلەن تىلى قاچقۇنلارنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ قالغان»، بۇ ھال مىلادى V ئەسىرگە كەلگەندە، «غەربىي دىڭلىڭلار» نىڭ بىر تارمىقىنىڭ جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقىنىغا ئىنتايىن ئۇزاق بولغانلىقىنى، ھەممە شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان ھونلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشتىن ئۇزۇنراق قوشۇلۇشقا تەرەققىي قىلىپ، خۇددى موڭغۇل دالاسىدا يۈز بەرگەن دىڭلىڭلار بىلەن ھونلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنىڭ قوشۇلۇشىغا ئىنتايىن ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋالنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

— يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، مىلادى I ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ھون دۆلىتى يىمىرىلىشنىڭ ئالدى — كەينىدىن باشلاپ، جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى «دىڭلىڭلار»، يەنى «مەيلى «شىمالىي دىڭلىڭلار» ياكى «غەربىي دىڭلىڭلار» (ئەمەلىيەتتە بىر مىللەت) بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاش ۋاقىتتا ياكى ئۇنىڭدىن سەل — پەل كېيىن جەنۇبقا كۆچۈپ، ئايرىم — ئايرىم ھالدا موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنى ئىشغال قىلغان ھەممە شۇ جايدا قېپقالغان ھونلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى بىلەن مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ھونلار جەمئىيەت تەرەققىياتى جەھەتتىن دىڭلىڭلارغا قارىغاندا، تۈپتوغرا بىر دەۋر ئالدىدا تۇراتتى، دىڭلىڭلارغا قارىغاندا، ئىلغار چارۋىچىلىق، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىغا ئىگە ئىدى. دىڭلىڭلارنىڭ ھونلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى بىلەن بولغان قوشۇلۇشى، دىڭلىڭلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈستقۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇنىڭ ئىلغارلىق خاراكتېرىدىن گۇمان قىلىش ھاجەتسىز. «شىمالىي سۇلالىلەر

تارىخى. قوغۇرسۇ ئالتۇنىنىڭ تەرجىمىھالى» دا قوغۇرسۇ ئالتۇنى (قاگقىلارنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسىدىن) «ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر. غەربىي يۇرۇشتە ھونلارنىڭ ئادىتى بويىچە ماڭاتتى، چاڭنى، تۇزانىنى كۆرۈپلا، ئاتلىقلارنىڭ قانچە ئاتلىق ئىكەنلىكىنى، يەردىكى تىۋىشقا قاراپلا قوشۇننىڭ يىراقتا ياكى يېقىندىلىكىنى بىلىۋالالايتتى» دېيىلگەن. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ تەرجىمىھالى» دىمۇ «غەربىي يۇرۇشتە ھونلارنىڭ رەمباللىق ئادىتى بويىچە، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئايرىماي قويمايتتى» دېيىلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى، دىڭلىڭلارنىڭ ھونلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى بىلەن بولغان قوشۇلۇشىنىڭ، دىڭلىڭلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا ئىلغارلىق ۋە ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم تەرەپلەردىن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## 2. سىيانپى قەبىلىلىرىنىڭ موڭغۇل دالاسىغا كۆچۈشى، دىڭلىڭلار بىلەن توغبات سىيانپىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى

سىيانپى قەبىلىلىرىنىڭ موڭغۇل دالاسىغا كۆچۈشىنى بايان قىلىشتىن ئاۋۋال، ئالدى بىلەن سىيانپى مىللىتىنىڭ ئەسلىدىكى جايلاشقان ئورۇنلىرى ئۈستىدە توختىلىپ باقايلى.

سىيانپى مىللىتى شەرقىي غۇزلارنىڭ بىر تارمىقى. شەرقىي غۇزلارنىڭ يەنە بىر تارمىقى ئۇغانلار دەپ ئاتىلىدۇ. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە شەرقىي غۇزلار ھون دۆلىتىنىڭ شەرقىگە يەنى موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا تارقالغانىدى. ئۇغانلار جەنۇبقا، مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىكى شارمۆرۈن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى

جايلارغا تارقالغانىدى. سىيانپىلار بولسا ئۇلارنىڭ شىمالىدا بولۇپ، شارمۆرۈن دەرياسىنىڭ شىمالىدىن ئېرغۇنا، نېنجياڭ دەريالىرىنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىغىچە بولغان جايلارغا تارقالغانىدى.

يازما ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، سىيانپىلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلار بىلەن بولغان ئۇچرىشىشى، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى باشلانغانىدى. بۇنىڭدىن ئاۋۋال ئۇلار «يەنىلا يىراق لياۋدۇڭنىڭ سىرتىدا تۇرغاچقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى دۆلەتلەر بىلەن ئالاقىلەشمىگەنىدى» («كېيىنكى خەننامە. ئوغان، سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە»). لېكىن يېقىنقى يىللاردىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، سىيانپى مىللىتى قەدىمىي بىر مىللەت ئىدى. يازما ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، دەسلەپكى مەزگىلدىكى سىيانپى، مىللىتى ئاز دېگەندە ئىككى قەبىلە گۇرۇھىغا ئايرىلغان: بىرى، توغبات ـ سىيانپى قەبىلىلىرى گۇرۇھى بولۇپ، 36 بەگلىك (قەبىلە) ۋە 99 چوڭ جەمەت (ئۇرۇق) تىن تەشكىل تاپقان؛ يەنە بىرى، «شەرقىي قىسىم سىيانپى» قەبىلىلىرى گۇرۇھى بولۇپ، مورۇڭ، دۇەنشى، يۈيۋېن ئۇرۇقى قاتارلىق قەبىلىلەردىن تەشكىل تاپقان. «كېيىنكى خەننامە. ئوغان، سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە» دە «سىيانپىلار توغباتلارنىڭ بىر تارمىقىدۇر، ئىلگىرى سىيانپى تېغىغا يېقىن ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇ نام بىلەن ئاتالغان» دېيىلگەن. «ۋېينامە. پادىشاھلار ھەققىدە خاتىرە، مۇقەددىمە» دە: «سىيانپى ئېلىدە سىيانپى ناملىق چوڭ تاغ بولغاچقا، شۇ نام بىلەن ئاتالغان» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، سىيانپى مىللىتىنىڭ نامى ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان جايىدىكى سىيانپى تېغى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك قىلىدۇ.

توغبات سىيانپىلىرىنىڭ دەسلەپكى جايلاشقان ئورنى «ۋېينامە، قائىدە – يوسۇنلار تەزكىرىسى»، «ۋۇلوخولار ھەققىدە قىسسە»، «پادىشاھلار ھەققىدە خاتىرە»، «مۇقەددىمە» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ۋۇلوخو ئېلىنىڭ غەربىي شىمالىدا، دېيىلگەن. ئۇ جايدا ھەيۋەتلىك سىيانپى تېغى بىلەن توغبات سىيانپىلىرىنىڭ ئەجدادلىرى بۇتخانىسى بولغان «تاش ئۆيى» بار ئىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋۇلوخو ئېلى ھازىرقى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىدىكى نېنجياڭ دەرياسى ۋادىسىدا ئىدى. توغبات سىيانپىلىرىنىڭ ئەجدادلىرى بۇتخانىسى بولغان «تاش ئۆي»، ۋۇلوخو ئېلىنىڭ غەربىي، شىمالىدا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى جايلاشقان ئورنى ھازىرقى چوڭ خىنگان تېغىنىڭ شىمالىي تىزمىسىنىڭ ئىچىدە بولسا كېرەك. 1980 – يىلى 8 – ئايدا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ خۇلۇنبىر ئايمىقىنىڭ ئېلىنچۈن ئاپتونوم خوشۇنىدىكى ئالىخې بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى گاشيەندوڭ دېگەن غارنىڭ تاش تېمىدىن ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەي ۋۇدى پادىشاھى توغبات شو يىنىڭ تەيپىڭ جېنجۈن 4 – يىلى (مىلادى 443 – يىلى)، بۇ غارغا ھۆدەيچى بەگ لى مىننى ئەجدادلىرىغا نەزىر – چىراغ قىلىشقا ئەۋەتكەندە ئويدۇرغان تىلاۋەت سۆزى تېپىلدى. تىلاۋەت سۆزىدە: «خانىدانىمىزنىڭ تەگرى ئىلاھى پادىشاھلىقىمىزنىڭ باشلىنىشى، ئۇ خان جەمەتىمىز بىلەن زېمىنىمىزغا ئامان – ئېسەنلىك ئاتا قىلىدۇ. بېھىساب ئەسىرلەردىن كېيىن ئاندىن جەنۇبقا كۆچتۇق»⑬ دېيىلگەن. بۇنىڭدىن بۇ غارنىڭ يەنى يازما ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن توغبات سىيانپىلىرىنىڭ ئەجدادى بۇتخانىسى بولغان «تاش ئۆيى» ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. «پادىشاھلار ھەققىدە خاتىرە، مۇقەددىمە»دە دېيىلگەن ھەيۋەتلىك سىيانپى تېغى گاشيەندوڭ غارىنىڭ يېنىدىكى چوڭ

ئاماننى كۆرسىتىدۇ. ئۇ توغبات سىيانپىلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ
ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشاپ كەلگەن جايى («بېھىشاب ئەسىرلەردىن
كېيىن») بولۇپ، بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىشەنچىمىزنى
كامىل قىلدى. ئاشىيەندۇك غارىدىكى تاشقا ئويۇلغان تىلاۋەت
سۆزىنىڭ تېپىلىشى، توغبات سىيانپىلىرىنىڭ جايلاشقان ئور-
نىنى يازما ھۆججەت جەھەتتىن دەلىللەپ بەردى.

«شەرقىي قىسىم سىيانپىلار» نىڭ دەسلەپكى جايلاشقان
ئورنىنى، ئۇلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇچرىشىشىنىڭ
توغبات سىيانپىلىرىغا قارىغاندا خېلى بالدۇر ئىكەنلىكى
دىن قارىغاندا، لياۋدۇڭدىكى ئۇغانلارنىڭ زېمىنلىرىنىڭ
شىمالى بىلەن توغبات سىيانپىلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئايرىم
جايلاردا بولۇشى كېرەك. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن
ئۆلىما جاڭ مۇ يازغان «موڭغۇللارنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرى
ھەققىدە خاتىرە» دە، شەرقىي موڭغۇللارنىڭ كېرچىن قەبىلە-
سىنىڭ ئوڭ قانات ئوتتۇرا خوشۇنىنى تىلغا ئالغاندا،
«خوشۇننىڭ غەربىدىن 30 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا سىيانپى
تېغى بار، يەرلىكلەر مېڭگە دەپ ئاتايدۇ» دەپ خاتىرىلىگەن.
ئۇ بۇ سىيانپى تېغىنى يەنى «شەرقىي قىسىم سىيانپىلار» نىڭ
ئاپىرىدە بولغان جايى دەپ قارايدۇ. جاڭ مۇنىڭ ھۆكۈمىدە
يازما ھۆججەت ۋە ئارخېئولوگىيە جەھەتتە بىۋاسىتە دەلىل-
ئىسپات بولىدىغان ماتېرىياللار كەم بولسىمۇ، لېكىن جۇغرا-
پىيىلىك ئورنىدىن قارىغاندا، «شەرقىي قىسىم سىيانپىلار» نىڭ
ئەسلىدىكى جايلاشقان ئورنىنى مۇشۇ ئەتراپتا دېيىشكە ئىشى-
نىشكە بولىدۇ.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، ھونلار-
نىڭ باتۇر تەڭرىقۇتى شەرقىي غۇزلارنى بەربات قىلغاندا،
شەرقىي غۇزلارنىڭ تەركىبىدىكى قىسمەن سىيانپىي قەبىلىلەر
ئۇغانلارغا ئوخشاشلا، پۈتۈنلەي ھون قۇللىرى دۆلىتىنىڭ

ئۆلۈس قوللىرىغا ئايلانغانلىقىدا شەك يوق ئىدى. لېكىن غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھونلارنىڭ شىيانپىلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى يازما مەنبەلەردە پۈتۈنلەي خاتىرىلەنمىگەندى.

شىيانپى مىللىتىنىڭ موڭغۇل دالاسىغا بولغان كۆچۈشىدە، شەرقىي قىسىم شىيانپىلار بىلەن توغبات شىيانپىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكىچە:

شەرقىي قىسىم شىيانپىلارنىڭ موڭغۇل دالاسىغا بولغان كۆچۈشى. مىلادى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ھون دۆلىتى جەنۇب، شىمال دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەندە يۈز بەرگەنىدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ گۇاڭۋۇدىنىڭ جيەنۇ 21 - يىلى (مىلادى 45 - يىلى) شىيانپىلار بىلەن ھونلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنلىرى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ لياۋدۇڭ ۋىلايىتىگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلغانىدا، خەن سۇلالىسىنىڭ لياۋدۇڭ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى سەي رۇڭنىڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، «پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈلۈپ ياكى ئەسىرگە ئېلىنىپ، زور ۋەھىمە پەيدا قىلغان» («كېيىنكى خەننامە. ئۇغان، شىيانپىلار ھەققىدە قىسسە»). جيەنۇنىڭ 25 - يىلى (مىلادى 49 - يىلى) ھونلار بۆلۈنگەندە، جەنۇبىي ھونلار خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. شەرقىي شىيانپىلارمۇ خەن سۇلالىسىگە «ئەلچى ئەۋەتىپ ئالاقە باغلىدى»، شىيانپىلارنىڭ ئاقساقىلى بيەنكې سەي رۇڭنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، «ئۆزىگە خىزمەت كۆرسىتىش پۇرسىتى بېرىشنى تەلەپ قىلدى». سەي رۇڭ بيەنكېغا كۆپلەپ ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى پەش قىلىپ، ئۇنى ئەسكەر چىقىرىپ شىمالىي ھونلارغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتتى. بيەنكېنىڭ باشچىلىقىدىكى شىيانپى قوشۇنلىرى ھازىرقى شارمۆرۆن دەرياسىنىڭ

غەربكە ھۇجۇم قىلىپ، ھونلارنىڭ سول تەرىپىدىكى زېمىنلارغا باستۇرۇپ كىردى. شارمۇرۇن دەرياسىنىڭ غەربىدىكى يەنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى شىلىنغول ئايمىقىدا، شىمالىي ھونلارنىڭ سول قول قەبىلىسى — ئىچىغسە قەبىلىسىنى⑭ مەغلۇپ قىلىپ، 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، شەرقىي قىسىم سيانپىلار موڭغۇل دالاسىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى.

لېكىن بېيەنكېنىڭ سول قول ئىچىغسە قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلغىنىدىن، خەن جاڭدىنىڭ جاڭخې تۇنجى يىلى (مىلادى 87 - يىلى) سيانپىلارنىڭ شىمالىي ھونلارنىڭ سول تەرىپىگە باستۇرۇپ كىرىپ، «ئۇلۇغ تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرگەن» لىكىگە قەدەر بولغان 40 يىل ئىچىدە شەرقىي قىسىم سيانپىلارنىڭ پائالىيىتىنى ئىزچىل تۈردە ھونلارنىڭ سول تەرىپىدىكى زېمىنلارنىڭ شەرقىي جەنۇبى يەنى موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىسمى بىلەن چەكلەنگەنىدى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ شىمالىي ھونلار بىلەن بولغان ئۇرۇشى، پۈتۈنلەي بايلىق بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش بىلەن قىرغىنچىلىق قىلىپ، «لياۋدۇڭغا بېرىپ ئىنئام ئېلىش» («كېيىنكى خەننامە. ئۇغان، سيانپىلار ھەققىدە قىسسە») خاراكتېرىگىلا مەنسۇپ بولغاچقا، ھەرگىزمۇ موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئىشغال قىلىش ۋە كۆچۈپ بېرىشنى مەقسەت قىلمايتتى. ھەتتا خەن خېدىنىڭ يۇڭيۈەن تۇنجى يىلىدىن 3 - يىلىغىچە ھونلار ئۇزۇل - كېسىل يىمىرىلىپ، قەبىلىلىرى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، شەرقىي قىسىم سيانپىلار دەرھال موڭغۇل دالاسىنى ئىشغال قىلمىدى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسىم ئۇرۇق - قەبىلىلىرى يەنىلا لياۋدۇڭ قورۇلىنىڭ سىرتى بىلەن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا جايلاشقان بولغاچقا، شۇ سەۋەبلىك موڭغۇل دالاسىدا تۇرۇپ قالغان ھونلارنىڭ 100 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئادىمى

دېڭىزلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن لياۋدۇڭغا قېچىپ بېرىپ، ئۇلارغا تەسلىم بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: ئۇيسۇنلار ۋە غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى دەۋرىدىلا، خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ھونلارنىڭ سول قانىتىنى مەغلۇپ قىلىپ، كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن، يۈەنشو 4 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 119 - يىلى) ئوغانلارنى شياڭگو (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ خۇەيلەي ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى)، يۈيياڭ (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ مىيۈن ناھىيىسى)، يوبېيپىڭ (خېبېينىڭ پىڭچۈەن ناھىيىسى)، لياۋدۇڭ (ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ لياۋياڭ ناھىيىسى)، لياۋشى (ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ چاۋياڭ ناھىيىسى) دىن ئىبارەت بەش ۋىلايەت ۋە قورغانلىرىنىڭ سىرتىغا، «ھونلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىش»كە ئورۇنلاشتۇردى. جيەنۋۇنىڭ 22 - يىلى (مىلادى 46 - يىلى) ھونلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، ئۇزاق ئۆتمەي يەنە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەندە، «ئوغانلار ھونلارنىڭ ئاجىزلاشقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. ھونلار شىمالغا قاراپ بىرقانچە مىڭ چاقىرىم يىراقلاپ كەتتى. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار بوش قالدى» («كېيىنكى خەننامە. ئوغان، سيانپىلار ھەققىدە قىسسە»). بۇنىڭ بىلەن ئوغانلار پەيدىنپەي موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىنى كونترول قىلدى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ يەنى جيەنۋۇنىڭ 25 - يىلى (مىلادى 49 - يىلى) غا كەلگەندە، لياۋشىدىكى ئوغانلارنىڭ ئاقساقىلى چىبىڭ دېگەن قاتارلىق 922 ئادەم «قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلىپ كۆچمەكچى بولۇپ»، خەن سۇلالىسىگە ئولپان تەقدىم قىلدى. خەن سۇلالىسى ئوغانلارنىڭ ئاقساقاللىرىدىن 81 كىشىگە تارخان، بەگ ھەم ئىنانچى دېگەن ئوتۇغات نامىنى بەردى ھەمدە ئۇلارنىڭ قوۋملىرىنى باشلاپ، لياۋدۇڭ،

لياۋشى، يوبېيلىڭ، يۈيياڭ، گۇاڭيالىڭ، شياڭگۇ، دەي، يەنمىن، تەيۈەن، سۇخاڭ قاتارلىق 10 ۋىلايەت بىلەن سەددىچىننىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كېلىشكە قوشۇلدى. بۇنىڭ بىلەن سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار، شارمۆرۈن دەرياسىنىڭ جەنۇبى ئادەم سانى كۆپ بولغان ۋە ئۆز ئالدىغا بولۇۋالغان سيانپى قەبىلىلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىندى. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ يېرى كەڭ، مۇنبەت يايلاقلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان خەنزۇلارنىڭ ماددىي مەدەنىيەت رايونىغا يېقىن بولغاچقا، خەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنىدىن ئىلغار مېتال بۇيۇملىرى بىلەن تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى كىرگۈزۈشكە پايدىلىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىدىكى ۋىلايەتلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقىمۇ پۇرسەت يارىتىلغانىدى. شەرقىي خەن ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مەزگىلدە يولغا قويغان كۆپلەپ ئىنئام بېرىپ ھونلارنىڭ كاللىسىنى سېتىۋېلىش سىياسىتىمۇ، بايلىققا ھەۋەس قىلىدىغان شەرقىي قىسىم سيانپىلارنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن سەركەردىلىرىنى جەلپ قىلغاچقا، سيانپىلار شىمالدىكى بۇلاڭچىلارغا ئۈزۈلدۈرمەي زەربە بەردى ھەمدە «ئۇلارنىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ» لياۋدۇڭغا ئەۋەتىپ بېرىپ، «ئىنئام ئالدى». شەرقىي خەن ھۆكۈمىتى ھەر يىلى مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا 27 مىليون يارماق سەرپ قىلاتتى. («كېيىنكى خەننامە. ئۇغان، سيانپىلار ھەققىدە قىسسە»). شەرقىي قىسىم سيانپىلار چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى رايوندا مانا مۇشۇنداق پايدىلىق ئورۇنغا ئىگە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى رايونى (ھونلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، كۈچلۈك دىڭلىڭ قەبىلىلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان) غا قارىتىمۇ ئانچە چوڭ قىزىقىشى يوق ئىدى، ئەلۋەتتە.

مىلادى II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، سيانپى قەبىلىسىدىن

بولغان تانشىخۇاي «ئاقساقال» لىققا سايلاندى، سىيانپىلارنىڭ باشقا قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ «ھەممىسى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىپ»، سىيانپى قەبىلىلىرى (شەرقىي قىسىم سىيانپىلار بىلەن توغبات سىيانپىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ زور ھەربىي ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلدى. تانشىخۇاي ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ ياڭگاۋ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 300 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا ئوردا قۇرۇپ، «جەنۇبتا چېگرا رايونلارنى بۇلاپ، شىمالدا دىڭلىڭلارغا تاقابىل تۇرۇپ، شەرقتە فۇيۈكلەرنى بويسۇندۇرۇپ، غەربتە ئاسىيۇلارغا زەربە بېرىپ، ھونلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرىنى ئىگىلىدى، دائىرىسى شەرقتىن غەربكە 14 مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق (ۋاڭ شېن يازغان «ۋېينامە» دە: «شەرقتىن غەربكە 12 مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇقراق» دېيىلگەن)، جەنۇبتىن شىمالغا 7000 چاقىرىمدىن ئارتۇقراق كېڭىيىپ، بۇ دائىرىدىكى تاغ - دالا، دەريا، كۆل، سازلىقلارنى ئىگىلىۋالدى». شۇنىڭ بىلەن بىرگە «ئۇ يەنە ئۆز زېمىنىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ»، يوبېيپىڭ (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ پىڭچۈەن ناھىيىسى) نىڭ شەرقىدىكى 20 دىن ئارتۇق قەلئەنى شەرقىي قىسىم؛ يوبېيپىڭدىن غەربتە شياڭگۇ (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ خۇەيلەي ناھىيىسى) غىچە بولغان 10 دىن ئارتۇق قەلئەنى ئوتتۇرا قىسىم؛ شياڭگۇدىن غەربتە دۇنخۇاڭ، ئاسىيۇلارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 20 دىن ئارتۇق قەلئەنى غەربىي قىسىم قىلدى. ئۈچ قىسىمنىڭ «ھەر قايسىسىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەنگەن ئاقساقاللىرىنىڭ ھەممىسى تانشىخۇاينىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇندى» (يۇقىرىدىكىلەر ھەققىدە «كېيىنكى خەننامە. ئۇغان، سىيانپىلار ھەققىدە قىسمى» گە قارالسۇن). بۇنىڭدىن ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ خۇەيلەي ناھىيىسىدىن تاكى شىمال ۋە شەرقىچە يەنى موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىي جە-

لۇبىي قىسمىنىڭ تائىشخۇاينىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسمىدىـ
كى ئاقساقاللىرى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغانلىقىنى؛ خۇمىلىيەي
ئاھىيىسىدىن تاكى شىمال ۋە غەربكىچە يەنى ھازىرقى موڭغۇل
دالاسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمى بىلەن جۇڭغارىيە
ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاقـ
ساقاللار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.
ۋاڭ شېن تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، «ۋېينامە» گە ئاساسلانغاندا،
شەرقىي قىسمىنىڭ ئاقساقاللىرى مى جا، چۆجى، سۇلى، گۈي
تۇئىدى؛ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئاقساقاللىرى كې زۈي، چۆجۇ، مورۇڭ
قاتارلىقلار ئىدى؛ غەربىي قىسمىنىڭ ئاقـ
ساقاللىرى جى جيەن، لو لو، رى لۇ، تۈي
يەن، يان لى قاتارلىقلار بولۇپ، «ھەممىسى ئۈسـ
تازلار ئىدى». شەرقىي قىسمىنىڭ ئاقساقاللىرى ئىچىدىكى گۈي
تو، ياۋ ۋېيۋەن يازغان «شىمالىي سۇلالىلەردىكى «غۇزلار»
فامىلىسى توغرىسىدا تەھلىل» غا ئاساسلانغاندا، شەرقىي قىسىم
سىيانپىلارنىڭ يۈيۈېن ئۇرۇقىنىڭ ئەجدادى
يۈۋېن موگۈي بولۇپ، «جۇنامە. يۈۋېن مو-
گۈينىڭ تەرجىمھالى» دا ئۇ، «ئەۋلادىنىڭ ئەۋلادىچە شەرقىي
قىسىم سىيانپىلارنىڭ ئاقساقىلى بولغان» دېيىلگەن، بۇ
يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ۋاڭ شېننىڭ «ۋېينامە» دە دېيىلگەـ
لىرى بىلەن ماس كېلىدۇ. ئوتتۇرا قىسىم ئاقساقاللىرىنىڭ
ئىچىدىكى مورۇڭ، خۇ سەنشېڭنىڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا
پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» گە بەرگەن ئىزاھىدا، شەرقىي
قىسىم سىيانپىلارنىڭ مورۇڭ ئۇرۇقىنىڭ ئەجدادى دەپ كۆر-
سىتىلگەنىدى. غەربىي قىسىم ئاقساقاللىرىنىڭ ئىچىدىكى تۈي
يەننى، خۇ سەنشېڭ ئىزاھلىغان «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» بىلەن
ماچاڭشۇ يازغان «تۇغان ۋە سىيانپىلار» دا تۇغبات سىيانپىلىرى-
نىڭ قەبىلە ئاقساقىلى بولۇشى ⑮ كېرەك (بۇ ۋاقىتتا تۇغبات سى-

يانپىلىرى ئاللىقاچان موڭغۇل دالاسىغا كۆچۈپ كىرگەن. تەپسىلاتى تۆۋەندە) دەپ كۆرسىتىلگەن. يۇنىڭدىن تانشىخۋاي موڭغۇل دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شەرقىي قىسىم سىيانپىلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنىڭ ئاساسەن يەنىلا موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمى (يەنى هونلارنىڭ بۇل تەرىپىدىكى زېمىنلار) ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ موڭغۇل دالاسىغا بولغان كۆچۈشىنىڭ ئومۇمەن مۇشۇ جايلار بىلەن چەكلەنگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ جايلارغا هون دۆلىتى يىمىرىلىشىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئاساسەن، خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان هونلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى بىلەن ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولغىلى قېچىپ كەلگەن هونلار تارقالغان بولۇپ، دىڭلىڭلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك تارقالمىغانىدى. شۇڭا تانشىخۋاينىڭ ئۇلارغا باشچىلىق قىلىپ، «شىمالدا دىڭلىڭلارغا تاقابىل تۇرغان» لىقىدىن يەنى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى دىڭلىڭلارغا زەربە بەرگەنلىكىدىن تاشقىرى، ئۇلار دىڭلىڭلار بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئۇچراشمىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن بىز شەرقىي قىسىم سىيانپىلارنىڭ پائالىيىتى خاتىرىلەنگەن كۆپلىگەن ماتېرىياللاردىن، ئاساسەن دېگۈدەك ئۇلارنىڭ دىڭلىڭلار بىلەن بولغان هەرقانداق پاكىت ۋە ئىزلارنى ئۇچرىتالمايمىز ⑯. ئەكسىچە، تارىخىي كىتابلاردا ئۇلارنىڭ هونلار بىلەن بولغان قوشۇلۇشىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللار ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، شەرقىي قىسىم سىيانپىلارنىڭ ئىچىدىكى يۈيۈۋېن ئۇرۇقى، تارىخ كىتابلىرىدا ئۇلار هونلارنىڭ «جەنۇبىي تەڭرىقۇتىنىڭ شىرەم تۇغقىنى» («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. هون يۈۋېن موگۇينىڭ تەرجىمىھالى» دەپ كۆرسىتىلگەن؛ «ۋېينامە. توبا لىيۇخۇنىڭ تەرجىمىھالى» دا: توغبات ليۇخۇ «جەنۇبىي تەڭرىقۇتىنىڭ پۇشتى». «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ئاتىسى غۇز (هون)، ئانىسى سىيانپىلار-

كەن بولغانلارنى توغبات دەپ ئاتىغاچقا، شۇ نام بىلەن ئاتالغان» دېيىلگەن، ۋەھاكازالار.

تۆۋەندە توغبات سىيانپىلىرىنىڭ موڭغۇل دالاسىغا كۆچكەنلىك مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىمىز. يۇقىرىدا بىز توغبات سىيانپىلىرىنىڭ دەسلەپتە چوڭ ھىنگان تېغىنىڭ شىمالىي تىزمىسى ئىچىدىكى ئېلىنچۈن ئاپتونوم خوشۇنى ئەتراپىدا جايلاشقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدۇق. «ۋېينامە. مۇقەددىمە» گە ئاساسلانغاندا، توغبات سىيانپىلىرىنىڭ بۆزرۈكۋار بوۋىسى خۇاڭدىنىڭ كىچىك ئوغلى چاڭيى ئىدى. بۇ ئەلۋەتتە بىر قوشۇمچە قاراش. شۇنىڭدىن چېگدى ماۋغىچە 67 ئەۋلاد ئۆتكەن، ماۋ «ئەقىللىق ھەم ئۇرۇشتا تەدبىرلىك بولۇپ، ئىشنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ ھۆكۈم چىقىراتتى، 36 بەگلىك، 99 چوڭ جەمەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغان، پۈتۈن شىمالنى زىلزىلىگە سالغان، بىرەرسىمۇ قالماي ئىتائەت قىلغان». بۇنىڭدا ئەلۋەتتە بەزى ئاشۇرۇۋېتىلگەن سۆزلەر بار ئىدى؛ لېكىن «36 بەگلىك، 99 چوڭ جەمەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغان» دېگىنى، «جۇنامە. ۋېيدى ھەققىدە خاتىرىنىڭ داۋامى» دا: «كۆرسەتكەن خىزمىتى يۇقىرى بولغان سانغۇنلاردىن 36 بەگلىك، كۆرسەتكەن خىزمىتى تۆۋەنرەك بولغانلىرىدىن 99 جەمەت ۋۇجۇدقا كەلگەن» دەپ دېيىلگەنچىكە، راستتىنلا مۇشۇنداق ئىش بولغان بولۇشى مۇمكىن. دەرۋەقە، توغبات سىيانپىلىرى ئاخىرقى قېتىم ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى جايلاشقان ئورنىدىن ئايرىلىشتىن ئاۋۋال، ئاللىقاچان 36 قەبىلە (بەگلىك) بىلەن 99 ئۇرۇق (چوڭ جەمەت) قا ئىگە كۈچلۈك قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ قالغانىدى.

توغبات ماۋنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن شۇۋەندى تۇۋى يەن (بىرىنچى تۇۋى يەن) گىچە ٧ ئەۋلاد ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ جەمەتىدىكىلەرگە باشچىلىق قىلىپ، «جەنۇبتىكى دائىرىسىنى

1000 چاقىرىمدىن ئارتۇقراق كېلىدىغان چوڭ سازلىقتا كۆ-
چۈپ باردى، ئۇ جاي كېرەكسىز چوڭ سازلىق ئىدى. شۇڭا
تېخىمۇ جەنۇبقا كۆچمەكچى بولغاندا، ئىشقا ئاشماي تۇرۇپلا
ئۆلدى» («ۋېينامە. مۇقەددىمە»). شۇەندىنىڭ كۆچكەن سازلى-
قى، جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن قارىغاندا، ئورنى سىيانپىلارنىڭ
گاشىيەندۇڭ غارىدىكى تاش ئۆيىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپى-
دىكى هازىرقى خۇلۇنبىر كۆلى بولسا كېرەك؛ كۆلنىڭ شەر-
قىي كەڭ كەتكەن سازلىق بولۇپ، «ئۇ جاي كېرەكسىز چوڭ
سازلىق ئىدى» دېگەنگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ توغبات سىيانپى-
لىرىنىڭ موڭغۇلىيە دالاسىغا كىرىشىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

شۇەندى تۇي يەنىنىڭ خۇلۇنبىر يايلىقىغا كىرگەن ۋاق-
تى، تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن، لېكىن ئومۇمىي
جەھەتتىن ئۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. «ۋېينامە. مۇقەددىمە»-
گە ئاساسلانغاندا، شۇەندى تۇي يەنىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى-
دىن، پادىشاھ شېنيۈەن توغبات لى ۋېيگىچە توققۇز ئەۋلاد
ئۆتكەن؛ هالبۇكى، لى ۋېينىڭ تەختتە ئولتۇرغان تۇنجى
يىلى «گېڭزى يىلى ئىدى». لېكىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە
ئۆتكەن چيەن داشىن يازغان «22 تارىختىكى غەيرىي ئىشلار»
بىلەن ۋاڭ مىڭشېڭ يازغان «17 تارىخ ئۈستىدە مۇتالىئە»
دىكى تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ گېڭزى يىلى شەرقىي
خەن سۇلالىسىنىڭ شۇەندى پادىشاھىنىڭ يەنكاڭ تۇنجى يىلى
يەنى مىلادى 220 - يىلى ئىدى. توققۇز ئەۋلادنىڭ هەر
بىرىنى 30 يىل دەپ هېسابلىغاندا، شۇەندى تۇي يەنىنىڭ
خۇلۇنبىرغا كۆچكەن ۋاقتى مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرنىڭ
ئوتتۇرىلىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە، يەنى هون خانلىرى تەڭ-
رىقۇتلۇقنى تالاشقان ۋە بىرىنچى قېتىم جەنۇب، شىمال دەپ
ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن ۋاقىتتا توغرا كەلسە
كېرەك. توغبات سىيانپىلىرى هون دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا

قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، شەرقىي غوزلارنىڭ قەبىلىلىرىنى
كونترول قىلىشقا ئامالسىز قالغاندا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ،
جەنۇبقا كۆچۈپ، سۇ ۋە ئوت - چۆپى ئەلۋەك بولغان خۇلۇن-
بىر چۆك يايلىقىغا بارغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ شۈبھىسىزكى،
توغبات سىيانپىلىرىنىڭ كېيىنكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن
جەمئىيىتىنىڭ ئالغا بېسىشىغا قارىتا ئىنتايىن زور رول ئوينىدى.
كۆچۈش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقتىن، شۇەندى جەمەتىدىكى-
لەر تەرىپىدىن «تۇي يەن» (سىيانپى تىلىدا ئاتاش، بېغىش-
لاش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) لىككە سايلاندى.

توغبات سىيانپىلىرىنىڭ خۇلۇنبىر يايلىقىدا قانچە
ئۇزۇن ئولتۇراقلاشقانلىقى توغرىسىدا، تارىخىي كىتابلاردا
ئېنىق مەلۇمات يوق، لېكىن توغبات سىيانپىلىرى شۇەندى
تۇي يەننىڭ كېيىنكى VII ئەۋلادى شيەندى تۇي يەن (ئىسمى
لەڭ. تارىختا ئىككىنچى تۇي يەن دەپ ئاتىلىدۇ) گىچە
بولغان مەزگىلدە، ئاللىقاچان موڭغۇل دالاسىنىڭ غەربىي
قىسمىدىكى رايونلارغا ماكانلىشىپ بولغانىدى. بۇ نۇقتىنى
تۆۋەندىكىدەك ئىككى جەھەتتىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ: بىرىنچى،
شيەندى تۇي يەن بىلەن شۇەندى تۇي يەننىڭ ئارىلىقىدا
VII ئەۋلاد ئۆتكەن، ھەربىر ئەۋلادنى يەنىلا 30 يىل دەپ
ھېسابلىغاندا، شيەندى تۇي يەننىڭ تەختتە ئولتۇرغان
ۋاقتى تەخمىنەن مىلادى II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن
بولۇپ، سىيانپىلارنىڭ ئاقساقىلى تانشىخۇاينىڭ موڭغۇل
دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرگىنى (مىلادى 160 — 180 -يىل-
لار ئەتراپىدا) بىلەن دەل بىر ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. يۇقى-
رىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ۋاڭ شېننىڭ «ۋېينامە» سىدىكى، تان-
شىخۇاينىڭ قەبىلىلەر ھەربىي ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي قىسىم
ئاقساقاللىرىنىڭ ئىچىدىكى تۇي يەن يەنى شيەندى تۇي يەن-
لىك بولسا كېرەك ⑰. توغبات سىيانپىلىرى مانا مۇشۇ شيەن-

دى تۆۋى يەنىنىڭ دەۋرىدىلا موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا غەربىي قىسىملىرىدا ئولتۇراقلىشىپ بولغانىدى. ئىككىنچىسى، «ۋېينامە. مۇقەددىمە» دېگەن خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، شيەنبېدى تۆۋى يەنىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، تۇغبات سىيانپىلىرى يەنە جەنۇبقا كۆچمەكچى بولغاندا، «شيەندى جەنۇبقا كۆچۈشنى بۇيرۇغان، تاغ - جىلغىلار ئېگىز ۋە چوڭقۇر، يول ئۇزۇن، كۆرمىگەن جاپا - مۇشەققەت بىلەن تولغانچقا، بۇ يەردىن ساق چىقىپ كېتىشتىن ھېچقانداق ئۈمىد قالمىغان. دەل شۇ چاغدا شەكلى ئاتقا، ئاۋازى كالىغا ئوخشايدىغان سىرلىق بىر ھايۋان ئۇلارنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭغان. بىرقانچە يىلدىن كېيىن ئاندىن جىلغىدىن چىققان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار خونلارنىڭ زېمىنىدا ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان». تۇغبات سىيانپىلىرى جەنۇبقا كۆچكەندىن كېيىن دەسلەپتە خەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇيۈەن ۋىلايىتىدە يەنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ۋۇيۈەن ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقانىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇيۈەن ۋىلايىتىدە خونلارنىڭ تۇمەن تەگرىقۇتىنىڭ ئوردىسى جايلاشقان. تۇمەن بالىق شەھىرى بار ئىدى؛ خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن بۇرۇن خون قەبىلىلىرى مانا مۇشۇ جايغا تارقالغان. تۇغبات سىيانپىلىرى جەنۇبقا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان «خونلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرى» مۇشۇنى كۆرسىتىسە كېرەك. بۇنىڭدىن شىمالدىكى موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىم رايونلىرىغا قاراپ ئۆزگەرگەن: «جەنۇبقا كۆچۈپ... خونلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرىدا ئولتۇراقلاشقان» دېگىنىدە يەنە تۇغبات قەبىلىسىنىڭ موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىدا ئولتۇراقلىشىشى كۆزدە تۇتۇلغان. تۇغبات قەبىلىلىرى موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمى بىلەن جەنۇبقا كۆچكەندە، دەل خانگاي تېغى بىلەن چۆللۈك ۋە ئالتاي تاغلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرايتتى، «تاغ - جىلغا

ھىلار ئېگىز ۋە چوڭقۇر، يول ئۇزۇن، كۆرمىڭ جاپا - مۇشەققەت بىلەن تولغان، ......بىرقانچە يىلدىن كېيىن ئاندىن جىلغىدىن چىققان» دېگىنى بولسا، ئۇلارنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشتە بۇ چوڭ تاغلاردىن ئۆتكەن ۋاقتىدىكى تارتقان كۆرمىڭ جاپالىرىغا قارىتىلغان بولسا كېرەك. يۇقىرىدىكى ئىككى نۇقتىنى ئومۇملاشتۇرغاندا، توغبات سىيانپىلىرى شيەنبىدىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى جەنۇبقا كۆچۈشتىن ئاۋۋال، ئۇلارنىڭ موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىدا ئولتۇراقلاشقانلىقى توغرىسىدا ئانچە چوڭ مەسىلە يوق.

شۈەندى تۈي يەندىن شيەندى تۈي يەنگىچە بولغان جەمئىي VI ئەۋلاد تەخمىنەن 210 يىل ئىچىدە (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن مىلادى، II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە)، توغبات سىيانپىلىرىنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى خولۇنبىردىن موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىغا يۆتكەلدى. بۇ توغبات سىيانپىلىرىنىڭ تارىخىدىكى يەنە بىر قېتىملىق مىللەتلەر كۆچۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، «ۋېينامە. مۇقەددىمە» دە شۈەندىدىن شيەندىگىچە بولغان خانلارنىڭ نەسەبنامىسىنىڭ رەت تەرتىپىلا كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ قېتىمقى كۆچۈش توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلىنمىغان. «ۋېينامە. مۇقەددىمە» گە ئاساسلانغاندا، شۈەندىدىن كېيىنكى ۋە شيەندىدىن بۇرۇنقى نەسەبنامىسى مۇنداق:

پادىشاھ جىۋىگدى توغبات لى تەختتە، ئۆلگەن.

پادىشاھ يۈەندى توغبات سى تەختتە، ئۆلگەن.

پادىشاھ خېيدى توغبات سى تەختتە، ئۆلگەن.

پادىشاھ دىڭدى توغبات چى تەختتە، ئۆلگەن.

پادىشاھ شىندى توغبات گەي تەختتە، ئۆلگەن.

پادىشاھ ۋېيدى توغبات كۈي تەختتە، ئۆلگەن.

يۇقىرىدىكى پەرىزىمىزگە ئاساسلانغاندا، شۇەندىنىڭ چوڭ خىنگان تېغىنىڭ شىمالىي تىزمىسى ئىچىدىكى تاش ئۆيدىن جەنۇبقا كۆچۈپ چوڭ سازلىققا بارغان ۋاقتى، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ھون دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن ۋاقىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، شىمالىي ھونلارنىڭ قۇتسۇش تەڭرىقۇتى غەربتىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ بارغان، جەنۇبىي ھونلارنىڭ قوغشار تەڭرىقۇتى شىمالغا كۆچۈپ موڭغۇل دالاسىغا بارغان، پۈتكۈل موڭغۇل دالاسىنى ھون ئاقسۆڭەكلىرى قايتا كونترول قىلغان. شۇنىڭدىن مىلادىيىدىن كېيىنكى I ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ھون دۆلىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىنىڭ ھارپىسىغىچە بولغان 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، قوغشار تەڭرىقۇت ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھون دۆلىتى، ئومۇمەن ئالغاندا يەنىلا كۈچلۈك ئىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ ئوردىسى جاگدىنىڭ يۈەنخې 2 - يىلى (مىلادى 85 - يىلى) دىن ئاۋۋالمۇ ئىزچىل تۇردە موڭغۇل دالاسىنىڭ مەركىزىدىكى قوش سەيدام كۆلىنىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، تېخى يۆتكەلمىگەنىدى. توغبات سىيانپېيلىرىنىڭ بۇ مەزگىلدە ئۆزلىرىنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرىدىن، موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىغا يۆتكەلمەسلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى؛ ئۇلار موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا مىلادى I ئەسىرنىڭ ئاخىرى ھون دۆلىتى يىمىرىلىپ، مۇنقەرز بولغاندا ياكى ئۇنىڭدىن سەل كېيىن كۆچكەن بولسا كېرەك. ئەگەر بۇ قاراش خاتا بولمىسا، ئۇنداقتا بىز توغبات سىيانپېيلىرىنىڭ موڭغۇل دالاسىغا كۆچۈشىنى تۆۋەندىكىدەك پەرەز قىلالايمىز: مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى شۇەندى ھونلارنىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز قوۋمىنى باشلاپ چوڭ خىنگان تېغىنىڭ شىمالىي

ئىزمىسىدىكى سىيانپى تىبەتتىن جەنۇبقا قاراپ كۆچۈپ، موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى، خۇلۇمبىر يايلىقىغا يېتىپ بارغان؛ ئۇلار داۋاملىق جەنۇبقا كۆچمەكچى بولغاندا، شۇئەندى «كۆچمەي تۇرۇپلا ئۆلگەن». بۇ ئېھتىمال موڭغۇل دالاسىنىڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولغان (ئېھتىمالىم جەنۇبىي ھونلارنىڭ قوغشار تەڭرىقۇتىنىڭ ئوردىسىنى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كۆچۈرگەنلىك ئىشى تۈپەيلىدىن) لىقىنىڭ بېشارىتى بولسا كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن، توغبات سىيانپىلىرى خۇلۇمبىردا بەلكىم تۆت ـ بەش ئەۋلاد، تەخمىنەن بىر يېرىم ئەسىر ئەتراـ پىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇشى مۇمكىن. پادىشاھ دېگەدى ياكى پادىشاھ شىدىنىڭ دەۋرى (تەخمىنەن مىلادىيىدىن كېيىنكى I ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى) لىرىدە، ھون دۆلىتى يىمىرىلىپ، ئارقىـ دىنلا مۇنقەرز بولدى. ئەسلىدە نوپۇسى 2 مىليونغا يېقىن بولغان ھونلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان ئادەتتىن تاشقىرى كەڭ موڭغۇل دالاسىنىڭ بىر قىسمى ھونلارنىڭ 100 نەچچە مىڭدىن ئارتۇق قالدۇق قوۋمى بىلەن جەنۇبىي سىبىرـ يىدىن جەنۇبقا كۆچۈپ كەلگەن دىڭلىڭلار تەرىپىدىن ئىگىلەـ ۋېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئىنتايىن كەڭ ئىدى. شۇڭا توغبات سىيانپىلىرى پادىشاھ دېگەدى ياكى پادىشاھ شىدىنىڭ باشچىلىقىدا موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا كۆچتى. توغبات سىيانپىلىرى پادىشاھ شىمدى بىلەن پادىشاھ ۋېيدىدىن شىيەندى تۇيەنگىچە بولغان تەخمىنەن 80 يىل ئىچىدە، موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن «سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ»، موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىغا كۆچۈپ بارغانىدى. تانشىخۋاي موڭغۇل دالاسىدا سىيانپى قەبىلىلىرىنىڭ ھەربىي چوڭ ئىتتىپاقىنى قۇرغاندا، شىيەندى بۇ ئىتتىپاقنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ ئاقساقىلى بولدى. شىيەندى تۇيەنىنىڭ ئاخىرقى يىلى تانشىخۋاي ئۆلگەندە، تانشىخۋاينىڭ

قورال كۆچىگە ئايىنىپ قۇرۇپ چىققان قەبىلىلەر ھەربىي
چوڭ ئىتتىپاقىمۇ تەڭلا يىمىرىلدى (تانشىخۇاي شەرقىي خەن
سۇلالىسىنىڭ لىڭدى پادىشاھىنىڭ گۇاڭخې يىللىرىدا، مىلادى
178 — 184 - يىللىرى ئۆلگەن) توغبات سىيانپىلىرىنىڭ
جايلاشقان ئورنىنىڭ ئۇنۇمسىزلىكىدىن ياكى خەن سۇلالىسى-
نىڭ پارلاق فېئوداللىق مەدەنىيىتىنىڭ جەلپ قىلىشى
تۈپەيلىدىن ھەم شۇنىڭدەك ئادەم سانى كۆپ بولغان دىڭلىڭ-
لارنىڭ چەتكە قىقىشى سەۋەبىدىن، ئەڭ ئاخىرىدا شىيەندى
ئوغلى پادىشاھ شىگۇۋدى جىفېنى قوۋملىرىنى باشلاپ، چۆل-
لۈكنىڭ جەنۇبىدىكى چوغاي تېغىدىكى «ھونلارنىڭ بۇرۇنقى زې-
مىنلىرى»⑱ غا كۆچۈپ بېرىشنى بۇيرۇغان بولۇشى مۇمكىن.
ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، توغبات سىيان-
پىلىرى خۇلۇمبىر يايلىقىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، موڭغۇل دالا-
سىنىڭ مەركىزىدىن موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي
قىسمىغا كۆچۈشتە، ئۈچ - تۆت ئەۋلادقا سوزۇلغان 100 يىلغا
يېقىن ۋاقىتنى باشتىن كەچۈردى. بۇنداق ئۇزۇن ۋاقىت ئىچى-
دە، توغبات سىيانپىلىرىنىڭ 36 قەبىلە ۋە 99 ئۇرۇقى، دىڭ-
لىڭلار ۋە ھونلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى بىلەن موڭغۇل دالا-
سىدا ئۆز ئارا قوشنا، ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشتى. شۇنداق قىلىپ،
يۇقىرىدا تىلغا ئالغان دىڭلىڭلار بىلەن ھونلارنىڭ قال-
دۇق قوۋملىرىنىڭ مىللەتلەر قوشۇلۇشى بىلەن ئوخشاش ۋاقىت-
تا ياكى ئۇنىڭدىن ئەل كېيىن، موڭغۇل دالاسىدا يەنە توغ-
بات سىيانپىلىرى بىلەن دىڭلىڭ ۋە ھونلارنىڭ قالدۇق قوۋم-
لىرىنىڭ مىللەتلەر قوشۇلۇشى بارلىققا كەلدى. توغبات سىيان-
پىلىرى بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى يەنىلا سىنسىيېي
جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بول-
غاچقا، تانشىخۇاينىڭ قەبىلىلەر ھەربىي چوڭ ئىتتىپاقى قۇرۇلۇشتىن
ئاۋۋالقى يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، توغبات سىيان-

پىلىرى بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، تاسادىپىي يۈز بەر-
گەن يايلاق ۋە سۇ تالىشىش قاتارلىق كىچىك كۆلەمدىكى سۈر-
كىلىشلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسىي جەھەتتىن ئىناق ئۆتكەن
بولۇشى مۇمكىن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا
توقۇنۇش يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ مەغلۇپ بولغان بىر تەرەپ
(ئۇرۇق، قەبىلە ياكى شەخسلەر) قولغا ئېلىندۇرۇلمىدى،
بەلكى كۆپ جەھەتتىن، بولۇپمۇ تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرغان
ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارغا ئوخشاش، مەغلۇپ بولغان بىر تە-
رەپ، بەزىدە ئۆزلىرى ئىگىلىگەن يايلاقلىرىدىن قوغلاندى
ياكى مەجبۇرىي رەۋىشتە غەلىبە قىلغۇچى تەرەپنىڭ ئۇرۇق
قەبىلىلىرىگە قاتناشتى. ھەمدە غەلىبە قىلغۇچى تەرەپكە ئوخشاش
ئىمتىيازدىن تەڭ بەھرىمەن بولدى. بۇنداق مىللىي زۇلۇم
ۋە مىللىي كەمسىتىلىش بولمىغان، ئىپتىدائىي مىللىي باراۋەر-
لىك، شۈبھىسىزكى توغبات سىيانپىلىرى بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ
يېقىنلىشىش ۋە قوشۇلۇش جەريانىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى.
دەرۋەقە، توغبات سىيانپىلىرى بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ مىللەتلەر
قوشۇلۇشىنىڭ كونكرېتنى جەريانى بىلەن ھالقىلىرى، دىڭلىڭ-
لار بىلەن ھونلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنىڭ قوشۇلۇشىغا ئوخ-
شاشلا، تارىختىن ئۆچكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەقىقەتەن-
مۇ توغبات سىيانپىلىرى بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ تارىخىدا بولۇپ
ئۆتكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلغىلى بولمايدىغان پاكىتتۇر.

مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى ئاز سانلىق
مىللەتلەر (دىڭلىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ ئىچكى قىسمى-
دىكى ئۇرۇق ياكى قەبىلەرنىڭ ئايرىلىشىنى، كۆپىنچە، ئۇلار-
نىڭ ئۇرۇق ياكى قەبىلە ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىرىدىن كۆرۈۋال-
غىلى بولىدۇ. مەسىلەن، سىيانپى مىللىتى توغبات، مۇرۇن،
يۈيۈپىن، دۇمەن قاتارلىق ئۇرۇق، قەبىلىلەرگە بۆلۈنەتتى؛ ئومۇمەن
مۇشۇ ئۇرۇق، قەبىلىلەردىن كېلىپ چىققان مەيلى قەبىلە

ئاقساقاللىرى ياكى ئادەتتىكى ئەزالار بولسۇن، ھەممىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىسمىنىڭ ئالدىغا توغبات، مورۇن، يۈيۈبن ۋە دۇەن دېگەن خەتلەرنى يېزىپ، كېلىپ چىققان ئۇرۇق. قەبىلىلىرىنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. دىڭلىڭ مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولغان قاڭقىلارمۇ شۇنداق بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرى بىلەن ئادەتتىكى ئەزالىرىمۇ ئىسمىغا ئۇرۇق قەبىلەرىنىڭ ناملىرىنى قوشۇپ يازاتتى. ياۋ ۋېيىۋەن ئۆزىنىڭ «شىمالىي سۇلالىلەردىكى «غۇزلار» فامىلىسى توغرىسىدا قەھىل» ناملىق ئەسىرىدە: «غۇزلارنىڭ ئەسلىدىكى فامىلىسى يوق ئىدى، قەبىلىسىنىڭ نامىنى جەمەت قىلاتتى. ئومۇمەن بىر قەبىلە بىر جەمەت ھېسابلىناتتى. قەدىمكى دەۋردىكى غۇزلارنىڭ جەمەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇلارنىڭ قەبىلىرىنىڭ نامى ئىدى»⑲ دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ قاراش، شىمالدىكى قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئىنتايىن باب كېلىدۇ. تۆۋەندە بىز جەمەتنى تۈتقا قىلىپ تۇرۇپ، «ۋېينامە. مەنسەپ - فامىلە تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن توغبات سىيانپى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ جەمەتلىرى بىلەن «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» ۋە باشقا تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن دىڭلىڭلارنىڭ جەمەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، توغبات سىيانپى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ جەمەتلىرى ئىچىدە دىڭلىڭلارنىڭكىنى مەنبە قىلغانلىرىدىن زادى قانچىلىكىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ باقىمىز، بۇ ئارقىلىق توغبات سىيانپىلىرى بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ موڭغۇل ئالاسىدىكى مىللەتلەر قوشۇلۇش مەسىلىسىنى شەرھلەپ ئۆتىمىز.

بىزگە مەلۇم، توغبات سىيانپىلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ خوجايىنلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلار سىنىپى، ئۇرۇقنىڭ ئۇن

جەمەتى بىلەن تۆھپىدار ۋەزىرلەرنىڭ سەككىز جەمەتى ۋە ئىچكى رايونلارغا كۆچۈپ كەلگەن باشقا جەمەتتىكىلەردىن تەشكىل تاپقانىدى. ئۇرۇقنىڭ بۇ ئون جەمەتىدىكىلەر يەنە ئون قوۋمدىكىلەر دەپمۇ ئاتىلاتتى؛ ئون قوۋمدىكىلەر «ئۆزئارا توي قىلىشمايتتى، تەيخې يىلىدىن بۇرۇن (ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋۋېندىنىڭ ئىسلاھاتىدىن بۇرۇن) دۆلەتتە دەپنە لەزىر - چىراغ مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلگەندە ئۇنىڭغا ئون قوۋمدىكىلەردىن باشقىلىرى قاتناشمايتتى» («ۋېينامە. مەنسەپ-فامىلە تەزكىرىسى»)، سىيانپى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئورنى ئەڭ قەدىرلىنەتتى. تۆھپىدار ۋەزىرلەرنىڭ سەككىز جەمەتىدىكىلەر توغبات قەبىلىسىنىڭ دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا زور خىزمەت كۆرسەتكەن سەككىز ئۇرۇق ياكى بۆلەك ئائىلىدىكىلەر ئىدى. ئۇلار ھەمىشە خان جەمەتى بىلەن قۇدىلىشىپ تۇراتتى، قىزلىرى خانىكا، ئوغۇللىرى كوراگان بولاتتى، «خىزمەت كۆرسەتسە، شاھزادە - بەگلىك مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلاتتى»، سىيانپى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىچىدە، ئۇلارنىڭ ئورنى ئۇرۇقتىكى ئون فامىلىلىكتىنلا كېيىن تۇراتتى. ئىچكى رايونلارغا كۆچۈپ كەلگەن باشقا جەمەتتىكىلەر، «ۋېينامە. مەنسەپ، جەمەت تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، جەمئىي 68 جەمەت بولۇپ، ئەسلىدە ھەممىۋاسى باشقا مىللەتتىن بولغان قەبىلىلەر ياكى ئۇرۇقداش جەمەتتىكىلەر ئىدى، ئۇلار پادىشاھ شېنيۈەن، توغبات لى ۋېي (مىلادى 173 — 277 - يىللار) نىڭ ئالدى - كەينىدە، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ توغبات قەبىلىسىگە كىرىپ ۋە قوشۇلۇپ، توغبات سىيانپىلىرىنىڭ تەركىبى قىسمىغا ئايلانغان. ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرى توغبات سىيانپى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان، ئۇلارنىڭ ئورنى يەنە تۆھپىدار ۋەزىرلەرنىڭ سەككىز جەمەتدىكىلاردىنلا كېيىن تۇراتتى.

لېكىن بىز توغىبات سىيائىيى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىنى تەشكىل قىلغان ئورۇقنىڭ ئون جەمەتىدىكىلەر، تۆمۈرىدار ۋەزىرلەرنىڭ سەككىز جەمەتىدىكىلەر ۋە ئىچكى رايونلارغا كۆچۈپ كەلگەن باشقا جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدىن، دىڭلىڭلارنىڭ توغىبات سىيائىيلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىگە ئائىت كۆپلىگەن پاكىتلارنى تېپىپ چىقالايمىز.

ئاۋۋال، ئورۇقنىڭ ئون جەمەتى ئىچىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ جەمەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ باقايلى. «ۋېينامە. مەنەپ-قامۇسلا تەزكىرىسى» دەپ مۇنداق دېيىلگەن:

«... ئەينى ۋاقىتتا، پادىشاھ ئەندى- (ئىلاۋە: «ۋېينامە. مۇقەددىمە» دە ئەندىنىڭ نامى يوق، چىڭدى دەپ خاتا ئېلىنغان) دۆلەتنى ئىدارە قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ھەرقايسى قەبىلىلەردە 99 جەمەت بار ئىدى. شىيەندىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، دۆلەتنىڭ ئاھالىسىنى يەتتە قىسىمغا ئايرىپ، بۇ يەتتە قىسىمغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۇنىڭ ئاكا ـ ئىنىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلدى، ئۇلارنى جەمەت بويىچە ئايرىدى، ...... شىيەندى ئاكىسىنىڭ جەمەتىنى خاكەلىنكىناس دەپ، كېيىنكى غۇز جەمەتى (قامۇسنى ئۆزگەرتىش
86 شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋۋېندى پايتەختنى لوياڭغا كۆچۈرگەندىن كېيىن بولغان) گە ئۆزگەرتتى؛ ئىككىنچى ئاكىسىنىڭ جەمەتىنى پۇ دەپ، كېيىن جۇ جەمەتىگە ئۆزگەرتتى؛ ئۈچىنچى ئاكىسىنىڭ جەمەتىنى توغىبات (ئەسلى ... تابان جەمەتى دەپ خاتا يېزىلىپ قالغان بولۇشى كېرەك)⑳ دەپ، كېيىن چاڭسۇن جەمەتىگە ئۆزگەرتتى؛ ئىنىسىنىڭ جەمەتىنى ... داشى دەپ، كېيىن لىشى جەمەتىگە ئۆزگەرتتى، ئىككىنچى ئىنىسىنىڭ جەمەتىنى يىلو دەپ، كېيىن يى جەمەتىگە ئۆزگەرتتى؛ ئۈچىنچى ئىنىسىنىڭ جەمەتىنى چيۇدۇن دەپ، كېيىن چيۇ جەمەتىگە ئۆزگەرتتى؛ تۆتىنچى ئىنىسىنىڭ جەمەتىنى خۇ دەپ ...

كېيىن گەي جەمەتىگە ئۆزگەرتتى، يەنە قوۋمىدىكىلەر مالدا مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ كۆللەندى. ئۇ يەنە تاغىسى يىنىنى ئېلغان جەمەتى دەپ، كېيىن شۇسۇن جەمەتىگە ئۆزگەرتتى؛ يەنە شۇ شۇنى چېگۇن جەمەتى دەپ، كېيىن چې جەمەتىگە ئۆزگەرتتى. بۇلار يۇقىرىدىكى خان جەمەتى (يەنى توغبات جەمەتى) بىلەن قوشۇلۇپ ئون بولغان، توي قىلىشمايتتى.

يۇقىرىدىكى ئۇرۇقنىڭ ئون جەمەتى ئىچىدە، خان جەمەتى بولغان توغبات جەمەتىدىن باشقا، قالغان توققۇز جەمەتنىڭ ئاز دېگەندە ئىككىسى يەنى خاككاس جەمەتى بىلەن ئېلخان جەمەتى دىڭلىڭ مىللىتىدىن كېلىپ چىققان، خاككاس جەمەتى دىڭلىڭلارنىڭ خاككاس قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققانىدى. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە «ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇتلۇق غۇز جەمەتى بار» دېيىلگەن، بۇ قاڭقىل مىللىتىنىڭ ئىچىدىكى قۇتلۇق غۇز جەمەتى ئىدى. «سۇينامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە «ئۈۋېرغولنىڭ شىمالىدا، ئاقتاغنىڭ يېنىدا خاككاسلار بار» دېيىلگەن، بۇ تۇرا مىللىتىنىڭ ئىچىدىكى خاككاسلار ئىدى. 纥 بىلەن 护 خېتى ئوخشاش ئورۇندىكى خەت ھېسابلىنىدۇ، مەسىلەن، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە: «يۈەنخېلار ئوغۇز (乌护) ياكى ئۇيغۇر (乌纥) دەپمۇ ئاتىلىدۇ، سۇي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇر (韦纥) دەپ ئاتالدى» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن خاككاسلارنىڭ قۇتلۇق ئوغۇزلار ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ھالبۇكى توغبات ۋېي دەۋرىدىكى قاڭقىللار بىلەن سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تۇرالارنىڭ ھەممىسى دىڭلىڭلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىدى. خاككاس جەمەتىنىڭ ئەسلىدە دىڭلىڭلار جەمەتىدىن ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلىش ھاجەتسىز.

ئۇرۇقنىڭ ئون جەمەتى ئىچىدىكى ئىلخان، جەمەتىمۇ دىڭلىڭلار
جەمەتىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە
قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن قاڭقىللارنىڭ 12 جەمەتىنىڭ ئىچى-
دىكى ئىلخان جەمەتى بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. تارىخشۇناس-
لار «ۋېينامە. مەنسەپ جەمەت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن
توغبات سىيانپىلىرى ئۇرۇقنىڭ ئون جەمەتى ئۈستىدە مۇھاكى-
مە قىلغاندا، خاككاس جەمەتى بىلەن ئىلخان جەمەتىنى
دىڭلىڭ قەبىلىسى ياكى دىڭلىڭلار جەمەتىدىن دەپ ئۈزۈپ
ئېيتقانىدى[21]. توغبات سىيانپىلىرى تەرىپىدىن «ئۇرۇق جەمە-
تى»، «ئوخشاش جەمەت» دەپ قارالغان، توي قىلىشقا بول-
مايدىغان خاككاس جەمەتى بىلەن ئىلخان جەمەتى، دىڭلىڭ-
لار بىلەن قانداق قىلىپ ئېتنىكىلىق مۇناسىۋەتتە ئىگە بو-
لۇپ قالغان؟ بىزنىڭچە، بۇنى توغبات سىيانپىلىرى بىلەن
دىڭلىڭلارنىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى مىللەتلەر قوشۇلۇشى ئارقى-
لىق چۈشەندۈرۈش كېرەك. سىيانپىلارنىڭ «36 بەگلىك بىلەن
99 چوڭ جەمەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغان» لىقى، پادىشاھ چىڭ-
دى ماۋنىڭ سىيانپىي تېغىدىكى ۋاقتىدىكى ئەھۋالى ئىدى.
توغبات جەمەتى چىڭدى ماۋدىن شىيەندى لىگىچە 12 ئەۋلاد،
يۈز نەچچە يىلنى باشتىن كەچۈرگەن، شۇنىڭدەك موڭغۇل
دالاسىدا يۈز نەچچە يىلدىن ئارتۇق ماكانلاشقانىدى. بىر
تەرەپتىن توغبات سىيانپىلىرىنىڭ ئۆز جەمەتى (يەنى 36
«بەگلىك» بىلەن 99 «چوڭ جەمەت» تىكىلەر) نىڭ نوپۇسى
كۆپەيگەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىككى خىل چېگىش مۇرەك-
كەپ مىللەتلەر قوشۇلۇش مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن، دىڭلىڭلار-
نىڭ خاككاس جەمەتى بىلەن ئىلخان جەمەتىنىڭ ئەزالىرى
ياكى ئۇرۇقلىرى، توغبات جەمەتىنىڭ باشچىلىقىدىكى سىيانپىي
قەبىلىسىنىڭ تەركىبىگە كىرىپ، توغبات جەمەتىنىڭ باشچى-
لىقىدىكى دۆلەتنىڭ يېڭى كىشىلىرىگە ئايلانغان. ئۆز جەمە-

تىنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى ۋە يات مىللەت ئەزالىرى ياكى
ئۇرۇقلىرىنىڭ قاتنىشىشىغا ئەگىشىپ، توغبات جەمەتىنىڭ
ھۆكۈمرانلىق ياكى باشقۇرۇش ئورگانلىرىمۇ مۇناسىپ دەرىجىدە
كېڭەيدى، بۇ ئېھتىمال شيەندى لىگىنىڭ «ئەلنى يەتتە ئۇلۇش
كە ئايرىغان» لىقىنىڭ سەۋەبى بولسا كېرەك. شيەندى ئىلگى-
رى - ئاخىر ئۆزىنىڭ ئۈچ نەپەر ئاكىسى بىلەن تۆت ئىنىسى
ۋە تاغىسى، شۇشۇ قاتارلىق جەمەتىي توققۇز ئادەمنى يېڭىدىن
قاتناشقان يات قەبىلىلەرنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىقىغا تولۇقلاپ
ئەۋەتكەن. ئۇلار توغبات خان جەمەتى بىلەن بىر جەمەتتىن
بولسىمۇ، لېكىن بۇ يات قەبىلىلەرنى باشقۇرغاندىن كېيىن،
ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى مۇشۇ قەبىلىلەرنىڭ فامىلىلىرى بويىچە
ئاتىماي تۇرالمىدى. توغبات جەمەتىگە بۇ توققۇز يېڭى جە-
مەت قوشۇلغان، مانا بۇ ئۇرۇقنىڭ ئون جەمەتتىكىلەرنىڭ
كېلىپ چىقىش تارىخىدۇر. بۇ ئون جەمەتتىكىلەر قانداشلىق
مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغاچقا، «توي قىلىشسا بولمايتتى». ئەلۋەتتە
بۇ توغباتلارنىڭ خان جەمەتى بىلەن باشقا توققۇز جەمەتنىڭ
يۇقىرى قاتلامدىكىلىرىگە قارىتىلغان بولۇپ، قانداشلىق مۇ-
ناسىۋىتى بولمىغان ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ ئىچىدە ئۇنداق
بولماسلىقى مۇمكىن. قىسقىسى، توغبات جەمەتى ئۇرۇقىنىڭ
ئون جەمەتى ئىچىدىكى دىڭلىڭ جەمەتىدىكىلەر، دىڭلىڭ مىل-
لىتى بىلەن سىيانپى مىللىتىنىڭ قوشۇلۇشىدىن كېيىن قېپ
قالغان ئىزلاردۇر.

تۆھپىدار ۋەزىرلەرنىڭ سەككىز جەمەتى بىلەن ئىچكى
رايونلارغا كۆچۈپ كەلگەن 68 جەمەتنىڭ ئىچىدىكى دىڭلىڭ
لاردىن بولغان جەمەتتىكىلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) خې شى جەمەتى تۆھپىدار ۋەزىرلەرنىڭ سەككىز
جەمەتىنىڭ بىرى بولۇپ، كېيىن خې جەمەتىگە ئۆزگەرتىلگەن،
دۆيېنامە. «قاڭقىلار ھەققىدە قىسسە»دە خې شى جەمەتىنىڭ

قومانداننىڭ تېنىگەن (吐奴根) دەپ ئاتىلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قاغىلارنىڭ 12 جەمەتىنىڭ ئىچىدە تىلە دەپ ئاتىلىدىغان جەمەتنىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەن. «ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە» دە قاغىلى قەبىلىسىدە نائىب قوماندانى تىلەكخور دەپ ئاتىلىدىغانلار بار دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، تېنە، تىلە، تىلەك دېگەنلەر بىر خىل ئاھاڭنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، قاغىلى مىللىتىنىڭ جەمەتلىرىدىن بولۇشى كېرەك. «ۋېينامە»دە «خىيشىلار ھەققىدە قىسسە»نى «قاغىلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئارقىسىغا قوشۇمچە قىلىپ بېرىشىنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇلارنىڭ قاغىلىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنتايىن قويۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئېھتىمال ئۇلار قاغىلىلارنىڭ بىر قەبىلىسى بولۇشى مۇمكىن.

(2) تىلو جەمەتى كېيىن لۇ جەمەتىگە ئۆزگەرتىلگەن، ئىچكى رايونلارغا كۆچۈپ كەلگەن جەمەتتىكىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ (تۆۋەندە ئىچكى رايونلارغا كۆچۈپ كەلگەن جەمەتتىكىلەر دەپ ئاتىلىدۇ). تاڭ چاگرۇي ئەپەندى بۇ جەمەت بىلەن «مەنسەپ ـ فامىلە تەزكىرىسى»دە خاتىرىلەنگەن تىلى بىلەن تىلونى قاغىلارنىڭ 12 جەمەتىدىكى تىلەنىڭ باشقىچە تەرجىمىسى، «بىر قەبىلىدىن ئايرىم ـ ئايرىم بۆلۈنۈپ چىققان»㉒ دەپ قارايدۇ.

(3) ئاپۇرغان جەمەتى كېيىن ئاپۇرنۇر جەمەتىگە ئۆزگەرتىلگەن. «يۈەنخې يىللىرىدىكى فامىلىلەر قوللانمىسى» 7 ـ جىلد، «قەدىمكى ۋە ھازىرقى فامىلىلەرگە ئائىت ئەسەرلەر ھەققىدە ئىسپات» 26 ـ جىلد، «تەلىنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈلگىلەر» 118 ـ جىلد، خۇسەنشىگىنىڭ ئىزاھاتىغا ئاساسلانغاندا، «阿伏干» (ئاپۇرغان) دېگەن سۆز، «阿伏干» (ئاپۇرغان) دەپمۇ يېزىلغان،

يېزىلغان. ياۋۋېييۈەن «شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى غوز جەمەتىدىكىلەر توغرىسىدا» دا «مەنسەپ - جەمەتلەر تەزكىرىسى» دىكى «阿伏于» (ئاپۇرغان) «阿伏干» (ئاپۇرغان) نىڭ خاتا يېزىلىپ قېلىشى دەپ قارايدۇ㉕. ياۋۋېييۈەنىنىڭ قارىشى توغرا. ئاپۇرغان (阿伏干) دېگەن سۆز يەنە «阿薄干» (ئاپۇرغان) دەپمۇ يېزىلغان. «جىننامە. ئەندى ھەققىدە خاتىرە» بىلەن «سۇگنامە. جۇلىكشىنىڭ تەرجىمىھالى» دا «阿薄干» (ئاپۇرغان) دېيىلگەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق نومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىكى خۇسەنشىنىڭ ئىزاھاتىدا يەنى «مەنسەپ - فامىلە تەزكىرىسى» دىكىسى «阿伏干» (ئاپۇرغان) نىڭ باشقىچە تەرجىمىسى دەپ قارالغان. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە قاڭقىللاردا داۋغان دېگەن جەمەتنىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئاپۇرغان دېگەننىڭ باشقىچە تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن «ۋېينامە. جاڭ سۇنخېينىڭ تەرجىمىھالى» دا: «ئاپۇرغان» داتەن (جورجان خاقانى) نىڭ ئەمىر لەشكىرىنىڭ نامى دېيىلگەن. بۇ شۇ چاغدىكى قاڭقىللارنىڭ جورجانلارغا قاراشلىق قەبىلىسى يەنى باشقا بىر قەبىلىسى ئىدى. داتەننىڭ باشچىلىقىدىكى ئاپۇرغان قاڭقىللارنىڭ داۋغان جەمەتىنىڭ قوماندانى بولۇشى كېرەك.

(4) ئېلتەبىر جەمەتى كېيىن باۋ جەمەتىگە ئۆزگەرتىلگەن: ئېلتەبىر (俟利发) يەنە «俟力伐» (ئېلتەبىر) دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ تۈركلەردە ئەمەل نامى ئىدى. توغبات سىيانپىلىرى موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا كۆچۈپ كەلگەنىدە، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا دىڭلىڭلار بىلەن ھونلارنىڭ قالدۇق ئۇرۇقلىرىلا بار بولۇپ، تۈركلەر تېخى باش كۆتۈرۈپ چىقمىغانىدى. ھونلاردىمۇ بۇنداق ئەمەل نامى يوق ئىدى. ئېلتەبىر ئەسلىدە دىڭلىڭلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ نامى ئىدى. شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدا «بۇزرۇكۋار ۋە باتۇرلارنىڭ

قامىلىرىنى جەمەت نامى قىلىدىغان» ئادەت بولغاچقا، كېيىن پەيدىنپەي دىڭلىڭ ياكى قاغىلىلارنىڭ ئۇرۇق نامىغا ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن. تۈرك خانلىقى دەۋرىدە يەنە ئەمەل نامىغا ئۆزگەردى.

(5) تېلى جەمەتى كېيىن لى جەمەتىگە ئۆزگەرتىلگەن. «شىمالىي چى تارىخى. تېلىبېكنىڭ تەرجىمىھالى» دا تېلىبېكنى غەربىي قىسىم تۇرالاردىن دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىن تېلىنىڭ قاغىلىلارنىڭ جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. «قاغىلىلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، قاغىلىلارنىڭ 12 جەمەتىنىڭ ئىچىدە بۆركلى ئۇرۇقى بار، «泣» بىلەن «叱» ئاھاڭ جەھەتتىن بىر-بىرىگە يېقىن. تېلى جەمەتى (叱利氏) نىڭ قاغىلىلارنىڭ بۆركلى جەمەتى (泣伏利氏) نىڭ باشقىچە تەرجىمىسى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق㉔.

(6) چى فۇ جەمەتى كېيىن فۇ جەمەتىگە ئۆزگەرتىلگەن. «شىمالىي چى تارىخى. گۇاڭنىڭ ۋاڭى شياۋخېڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا «ئاسىنى ۋەزىر چىفۇلىڭخې» دەپ خاتىرىلەنگەن، شۇ كىتابتىكى «جاڭ باۋلۇننىڭ تەرجىمىھالى» دىمۇ «چىفۇلىڭخې» دېيىلگەن. «ۋېينامە. ئېرجۇرۇڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا چىفۇمويۇ دېگەن ئىسىم بار، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئوم-ۋۇمىي ئۆرنەكلەر» دە «چىفۇمويۇ» دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، چىفۇ جەمەتى (乞伏氏 يەنى 乞扶氏) (چىفۇ جەمەتى) ئىدى. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. چىفۇباۋنىڭ تەرجىمىھالى» دا «چىفۇباۋ قاغىل قەبىلىسىدىن» دېيىلگەن. چىفۇ جەمەتى قاغىل قەبىلىسىنىڭ يەنى دىڭلىڭلارنىڭ جەمەتلىرىدىن ئىدى. تاڭ چاۋرۇي چىفۇ جەمەتىنى يەنىلا بۆركلى جەمەتىنىڭ باشقىچە تەرجىمىسى دەپ، يۇقىرىدىكى تېلى جەمەتى (叱利氏) بىلەن «بىر قەبىلىدىن ئايرىم-ئايرىم بۆلۈنۈپ چىققان»㉕ دەيدۇ.

(7) تېلېن جامەتى كېيىن بىر جەمەتكە ئۆزگەرتىلگەن. «جىننامە. چىفۇگورېن ھەققىدە خاتىرە» دە: «چىفۇگورېن لوڭشىدىكى سىيانپىلاردىن (ئىلاۋە: «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. چىفۇباۋنىڭ تەرجىمىھالى» دا چىفۇباۋنى قاڭقىل قەبىلىسىدىن دەپ ئاتىغان، بۇنىڭدىكى چىفۇگورېن بولسا لوڭشىدىكى سىيانپىلاردىن ئىدى. چىفۇگورېن قاڭقىللارنىڭ چىفۇ جەمەتى بىلەن سىيانپى ئۇرۇقلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن كېيىن تۆرەلگەن كېيىنكى ئەۋلاد بولۇپ، ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ كېلىپ چىقىشى روشەن ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە ئىدى) بولۇپ، ئىلگىرى جۇڭلۇكنىڭ شىمالىدىن جەنۇبتا چوغاي تېغىغىچە بولغان جايلاردا روفۇس، تېلېن، تېلەدىن ئىبارەت ئۈچ قەبىلىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان» دېيىلگەن. يۇقىرىدا تېلېنىڭ قاڭقىللاردىن ئىكەنلىكى دەلىللەنگەنىدى، ئۇنداقتا تېلېنمۇ قاڭقىللارنىڭ چىفۇ، تېلې جەمەتلىرىگە ئوخشاش بىر قەبىلىدىن بولۇپ، ئۆزئارا ئايرىلالمىغان مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىدى، يەنى كېلىپ قاڭقىللارنىڭ جەمەتلىرىدىن بولۇشى مۇمكىن.

(8) غۇبات جەمەتى كېيىن نامى خې جەمەتىگە ئۆزگەرتىلگەن. غۇبات جەمەتى يەنە قۇبات جەمەتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «شىمالىي چى تارىخى. شېنۋۇ ھەققىدە خاتىرە» دە غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ شياجو ئايمىقىدا قۇبات مۇتو دېگەن ئايماق بېگىنىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەن، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. شېنۋۇ ھەققىدە خاتىرە» نىڭ ئوردا نۇسخىسىدا غۇبات مۇتو دېيىلگەن، بۇنىڭدىكى غۇبات جەمەتى يەنى قۇبات جەمەتى ئىدى، «جۇنامە. غۇبات كىمۇكنىڭ تەرجىمىھالى» غا ئاساسلانغاندا، غۇبات مۇتو تۇرالاردىن يەنى كېلىپ قاڭقىللاردىن ئىدى. بۇمۇ غۇبات جەمەتىنىڭ قاڭقىللارنىڭ جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، لېكىن مۇتو ئادەمنىڭ ئىسمى ئىدى، ئەلۋەتتە «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە

قىسسە» كۆرۈلگەن بولۇپ، پوۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ «كۆلبېيى» (نائىب خاقانى) چوڭچىسىنىڭ ئوغلى ئىدى، بۇ ئادەم پوۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى بىرقانچە يىل ئىگىلەپ تۇرغانىدى. مانا بۇلارمۇ، غۇبات جەمەتىنىڭ قاغقىلارنىڭ جەمەتلىرىدىن ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

(9) تېلە جەمەتى كېيىن نامى لۇ جەمەتىگە ئۆزگەرتىلگەن. «ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە: «تېلە تېكىن جورجاتلارنىڭ بىر ئەمىرلەشكىرىنىڭ نامى» دېيىلگەن. فونېتىكا جەھەتتىن ئالغاندا، تېلە قاغقىلارنىڭ تېلا ۋە تېلى جەمەتىنىڭ ياشقىچە تەرجىمىسىدەك قىلىسىمۇ، توغىباتلار بىلەن توفالارغا ئوخشاش كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن بىردۇر، لېكىن ھەرقايسىسى ئايرىم - ئايرىم بولۇنۇپ چىققاچقا، خەنزۇچىدا پەرقلەندۈرۈلۈپ تەرجىمە قىلىنغانىدى.

(10) مولۇجىن جەمەتى كېيىن نامى لۇ جەمەتىگە ئۆزگەرتىلگەن. «شىمالىي سۇلالىلەردىكى (غۇزلار) فامىلىسى توغرىسىدا تەھلىل» قاغقىلارنىڭ جەمەتلىرىدىن دەپ گۇمان قىلىنغان.

(11) خېگەن جەمەتى كېيىن نامى گەن جەمەتىگە ئۆزگەرتىلگەن. «16 پادىشاھلىق يىلنامىسى» گە قوشۇمچە غەربىي چىن پادىشاھلىقى ھەققىدە خاتىرە» گە ئاساسلانغاندا، خېگەن ئەسلىدە چىفۇ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلىنىڭ ئاسراندىسى بولۇپ، باتۇر، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر بولغاچقا، چىفۇ، تېلەن، تېلە، روفۇس قاتارلىق تۆت قەبىلىگە بىر تۇتاش ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، كېيىنچە ئايرىم بىر جەمەت بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇنىڭدىن خېگەنلەرنىڭ قاغقىلارنىڭ چىفۇ قەبىلىسىنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

(12) ئارسلان جەمەتى كېيىن شى جەمەتىگە ئۆزگەرتىلگەن. شىراتورى كۇراكىچى. «توڭغۇسلار توغرىسىدا» دا ئۇنى

«لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دىكى «ئارسلان ئۇيغۇرلىرى» دېگەن دىكى «ئارسلان» سۆزىنىڭ باشقىچە تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ. ئەگەر شىراتورى كۇراكىچىنىڭ قارىشى خاتا بولمىسا، ئارسلان جەمەتى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى يەنە كېلىپ قاڭقىللارنىڭمۇ بىر تارمىقى بولۇشى كېرەك.

(13) چۇبە جەمەتى كېيىن جى جەمەتىگە ئۆزگەرتىلگەن. چۇبە جەمەتى «يەرلىك شىۋىدىكى 12 چۇبەلەر» دا 解批氏 (چۇبە جەمەتى) دېيىلگەن؛ «فامىلىلەر دەستۇرى. 12 فامىلىنىڭ چۇبەلەر» دا 解毗氏 (چۇبە جەمەتى) دەپ يېزىلغان. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە قاڭقىل مىللىتىدە چۇبە جەمەتى بار دېيىلگەن. ياۋۋېييۈەن «شىمالىي سۇلالىلەردىكى «غۇزلار» فامىلىسى توغرىسىدا تەھسىل» دە بۇنىڭغا ئاساسەن 枇 (بى)، 批 (پى)، 毗 (بى) دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر خىل ئاھاڭنىڭ ئۆزگىرىشى دەپ قارايدۇ㉗. بۇنىڭدىن 解枇 (چۇبە)لەرنىڭ يەنىلا قاڭقىللارنىڭ چۇبە جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

(14) ئىزگىل جەمەتى كېيىن چى جەمەتىگە ئۆزگەرتىلگەن. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە «ئۇلارنىڭ ئۇرۇقلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىزگىل جەمەتى بار» دېيىلگەن. 奇斤 (ئىزگىل) قاڭقىللارنىڭ ئىزگىل جەمەتى (异奇斤氏) نىڭ قىسقارتىلغان تەرجىمىسى بولۇشى كېرەك.

(15) ۋۇيىن جەمەتى كېيىن خاك جەمەتىگە ئۆزگەرتىلگەن. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، قاڭقىللارنىڭ ھۆكۈمرانى مىئوتو «ئۆزىنىڭ باغاتۇر كابونى (ئەمەل نامى) ۋۇيىن تېكىن» نى سوۋغا ـ سالاملار بىلەن شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. بۇنىڭدىن ۋۇيىن جەمەتىنىڭ قاڭقىللارنىڭ جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

(16) كۇدى جەمەتى كېيىن دى جەمەتىگە ئۆزگەرتىلگەن. «قامۇسلار ئىزاھاتى»غا ئاساسلانغاندا، كۇدى جەمەتى شىدى جەمەتى دەپمۇ يېزىلغان، شې (库) يەرلىك شېۋىدە شې (舍) دەپ ئوقۇلاتتى. «ۋېينامە. قاغانلار ھەققىدە قىسسە» دە قاغانلارنىڭ ئارىسىدا دى جەمەتى بار دېيىلگەن. ياۋۋېييۈەن بۇنىڭغا ئاساسەن، «كۇدى»، «چىدى» (قىزىل تورا) دېگەنىنىڭ خاتا يېزىلىشى يەنى قاغانلارنىڭ دى جەمەتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ دەپ تەخمىن قىلغان.

(17) كېگو جەمەتى كېيىن نامى گو جەمەتىگە ئۆزگەرتىلگەن. «ۋېينامە. لۇدافېينىڭ تەرجىمىھالى» دا: «لۇدافېي داتەڭگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. ھەممە كېگو تېغىغىچە بېرىپ، شەرقىي قىسىم قاغانلارنى زىنبىتباي كۆلى (ھازىرقى بايقال كۆلى) بويىدا بويسۇندۇردى» دېيىلگەن. كېگو تېغىنىڭ ھازىرقى ئورنى ئېنىق ئەمەس. ئەمما «لۇدافېينىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ ئۆزىدىكى بايانغا ئاساسلانغاندا، قاغانلار بايقال كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقانىدى. كېگو جەمەتى كېگو تېغىدا ماكانلاشقان قاغانلارنىڭ جەمەتلىرى بولۇشى مۇمكىن.

(18) تېلە جەمەتى كېيىن نامى جو جەمەتىگە ئۆزگەرتىلگەن. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «غەربىي چىن پادىشاھلىقى ھەققىدە خاتىرە» گە ئاساسلانغاندا، تېلە جەمەتى بىلەن چى فۇ، رۇفۇش، تېلەن جەمەتلىرى، غەربىي چىننىڭ چوللۇكىنىڭ شىمالىدىكى ئاقسۆڭەك جەمەتلىرى ئىدى، لېكىن تاڭ چاگى روۋىنىڭ تەكشۈرۈپ دەلىللىشىگە ئاساسلانغاندا، تېلە جەمەتى قاغانلارنىڭ 12 جەمەتىنىڭ ئىچىدىكى تۆرە جەمەتى ئىدى؛ تۆ (叱) چى (吐) نىڭ خاتا يېزىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ㉙.

(19) ئېنە كېيىن بۆرە ئۇرۇقىنىڭ نامى بولغان. «ۋېينامە. قاغانلار ھەققىدە قىسسە» دە خې شى جەمەتىنىڭ

تېپىلگەن دەپ بىر ئەمىرلەشكىرى بارلىقى خاتىرىلەنگەن. تېنە (叱奴) بىلەن تېلا (咄陆) بىر خىل ئاھاڭنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ، بىر قەبىلىدىن ئايرىم - ئايرىم بۆلۈنۈپ چىققان بولۇشى كېرەك.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، توغبات - سىيانپى ئاقسۆڭەكلىرىنى تەشكىل قىلغان تۆھپىدار ۋەزىرلەرنىڭ سەككىز جەمەتى بىلەن ئىچكى رايونلارغا كۆچۈپ كەلگەن 68 جەمەتنىڭ ئىچىدە دىڭلىڭلاردىن كېلىپ چىققانلىرى ياكى دىڭلىڭلاردىن كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغانلىرى جەمئىي 19 جەمەت بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئىچىدە خې شى جەمەتى (ئۇلارنىڭ ئەمىرلەشكەرلىرىنىڭ نامى تېپىلغەن) بىلەن تېلو جەمەتى؛ تېلا جەمەتى، تېلە جەمەتى، تېنە جەمەتلىرى ئوخشاش جەمەت ھېسابلىنىدۇ؛ تېلى جەمەتى بىلەن چى فۇ ئوخشاش جەمەت ھېسابلىنىدۇ؛ لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى، ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋۋېندىنىڭ دەۋرىدە ئوخشاشمىغان جەمەتلەرگە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. «ۋېينامە. مەنسەپ - جەمەتلەر تەزكىرىسى» دە «شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىلىنى قوشۇۋالدى، ئۇلار ھەرقايسى جايلارنى قاپلىدى، ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدە باشقا جەمەتتىكىلەر بار ئىدى، كېيىن ئۇلار ئىچكى رايونلارغا كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ جەمەتىدىكىلەرگە ئايلانغان» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن ئىچكى رايونلارغا كۆچۈپ كەلگەن جەمەتتىكىلەرنىڭ ئىچىدە دىڭلىڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ، توغبات سىيانپىلىرىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ ئۇرۇق ياكى قەبىلىلىرىگە قاراتقان بويسۇندۇرۇشىدىن ئاپىرىدە بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ بويسۇندۇرۇش تانشىخۇاينىڭ قەبىلە ھەربىي چوڭ ئىتتىپاقى مەزگىلىدە يەنى مىلادى II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق

توغبات ئۇرۇقىنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا كىرگەن دىڭلىڭ
جەمەتىدىكىلەرنىڭ دەسلەپتە يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق قەبىلە
ئاقساقاللىرى بار بولۇشى، ئەمما ئۇلارنىڭ سىيانپى مىللىتى
بىلەن بولغان قوشۇلۇشىغا ئەگىشىپ، پەيدىنپەي سىيانپى
مىللىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن.
شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى داۋ ۋۇدىنىڭ دېڭگو
دەسلەپكى يىلى يولغا قويغان «تارقىلىپ جايلاشقان قەبى-
لىلەرنى بىر تۇتاش نوپۇسلۇق پۇقراغا ئايلاندۇرۇشى» دې-
گەن، سىيانپىلاشقان بۇ دىڭلىڭ جەمەتىدىكىلەر يەنە سان-
ساناقسىز ئائىلە ۋە ئۇرۇقلارغا بۆلۈندى. شياۋ ۋېندىنىڭ فامى-
لە ئۆزگەرتىشىگىچە بولغان ئارىلىقتا يەنە 100 يىلغا يېقىن
ۋاقىتنى باشتىن كەچۈردى. «بىرىنچى ئۆتكەن ۋاقتى سەل ئۇزۇن
بولسىمۇ، ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقاچقا ناھايىتى تېز ئۆزگەردى»،
نەتىجىدە ئەسلىدىلا جەمەتى ۋە كېلىپ چىقىشى ئوخشاش
بولغان قوۋمدىكىلەر، ناھايىتى ئاسانلا ئوخشاشمىغان جە-
مەتلەرگە ئۆزگىرىپ كەتتى، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى
جەمەتتىكى ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتىمۇ قالمىدى.
قىسقىسى، سىيانپى ئاقسۆڭەكلىرىنى تەشكىل قىلغان
ئۇرۇقنىڭ ئون جەمەتى، تۆھپىدار ۋەزىرلەرنىڭ سەككىز جە-
مەتى بىلەن ئىچكى رايونلارغا كۆچۈپ كەلگەن 68 جەمەت-
نىڭ ئىچىدە، دىڭلىڭلارنىڭ جەمەتىدىكىلەردىن كېلىپ چىققان-
لىرى 21 جەمەت ن كۆپرەك بولۇپ، «ۋېينامە. مەنسەپ-
فامىلە تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن سىيانپىلارنىڭ پۈتكۈل
جەمەتىنىڭ $\frac{1}{4}$ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ يەنە توغبات سىيان-
پىلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەن دىڭلىڭ جامائەلىرىنىڭمۇ سانى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دىڭلىڭ مىللىتىگە قوشۇلۇپ كەتكەن
توغبات سىيانپىلىرىنىڭ سانىغا كەلسەك، تارىخىي كىتابلاردا

غاتىرلەنمىگەن بولغاچقا، بىز ھېچقانداق سانلىق مەلۇماتنى
ھېسابلاپ چىقالمايمىز. لېكىن ئىككى مىللەتنىڭ ئەينى ۋاقىت-
تىكى جەمئىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئومۇمىي جەھەتتىن
سېلىشتۇرغاندا، توغبات سىيانپىلىرىنىڭ بەزى جامائەلىرىسىمۇ
ھەر خىل يوللار بىلەن دىڭلىڭ مىللىتىگە قوشۇلغان، ئۇلار-
نىڭ سانىمۇ ئانچە ئاز ئەمەس ئىدى. يالغۇز توغبات سىيان-
پىلىرىغا قوشۇلغان دىڭلىڭ جامائەلىرىنىڭ يۇقىرىدىكى
سانلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئىككى مىللەتنىڭ چوڭلۇقىنىڭ
شىمالدىكى موڭغۇل دالاسىدىكى مىللەتلەر قوشۇلۇشى بىلەن
ئاسسىمىلياتسىيە كۆلىمى شەكسىزكى ئىنتايىن زور ئىدى. دىڭ-
لىڭلار بىلەن سىيانپىلارنىڭ مىللەتلەر قوشۇلۇشى، دىڭلىڭلار-
نىڭ ھونلارنىڭ قالدۇق ئۇرۇقلىرى بىلەن بولغان قوشۇلۇشى-
غا قارىغاندا بىر ئاز كېيىن باشلانغانىدى، ئەمما ئىككى
خىل قوشۇلۇش، روشەنكى ئارىلاش ئېلىپ بېرىلغانىدى.

— لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «زوراۋانلىق ياكى
ئىمتىيازغا تايانغان ئاسسىمىلياتسىيە بولمىسىلا، مىللەتلەر-
نىڭ ھەرقانداق ئاسسىمىلياتسىيىدە بولۇشىنى قارشى ئالىمىز».
ئۇ يەنە مۇنداق كۆرسەتكەنىدى: «بارلىق مىللىي پەرق
بىلەن مىللىي چەك — چېگرىنى بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان نەر-
سىلەرنى يوقىتىشقا ياردەم بېرىدىغان، ھەرقايسى مىللەتلەر-
نىڭ قوشۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى
ئۇنىڭ (پرولېتارىياتنىڭ — نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن) ياردىمى
ئارقىلىقلا ئېلىپ بېرىلىدۇ. باشقا ئۇسۇللار ئەكسىيەتچىل دەل-
لال مىللەتچىلىك تەرەپكە ئېلىپ بارىدۇ»㉚. دىڭلىڭ خەلقى-
نىڭ ھون، توغبات سىيانپىلىرى بىلەن بولغان مىللەتلەر
قوشۇلۇشى، ھون دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن موڭغۇل
دالاسىدىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق
مەزمۇنى بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋەت تارىخى-

دىكى ئىلغار ئەنئەنىسىگە ئىگە زور ۋەقە ھېساپلىنىدۇ، شۇڭا بۇ ۋەقەگە جەزمەن يۇقىرى باھا بېرىلىشى كېرەك.

## 3. سىيانپى تانشىخۇاي باشچىلىقىدىكى قەبىلىلەر ھەربىي چوڭ ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە «شىمالدا دىڭلىڭلارغا تاقابىل تۇرۇشى»، توغبات سىيانپىلىرىنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشى ۋە دىڭلىڭلارنىڭ ئىككىنچى نۆۋەت جەنۇبقا كۆچۈشى

مىلادى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، يەنى موڭغۇل دالاسىدىكى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى بىلەن قوشۇلۇشى دەل يۇقىرى دولقۇنغا قەدەم قويۇشقا باشلىغان مەزگىلدە، موڭغۇل دالاسىدا سىيانپىلارنىڭ ئاقساقىلى تانىشخۇاينىڭ باشچىلىقىدىكى سىيانپى قەبىلىلىرىنىڭ ھەربىي چوڭ ئىتتىپاقى (قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ بىر خىل شەكلى) ۋۇجۇدقا كەلدى.

شەرقىي قىسىم سىيانپىلار مىلادى I ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ھون دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمى يەنى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ لياۋدۇڭ، لياۋشى، شياڭگۇ، دەيجۈندىن ئىبارەت تۆت ۋىلايىتىنىڭ سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى زېمىنىدا تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ھەتتا ھونلارنىڭ 100 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق قالدۇق قوۋمىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆزىگە قوشۇۋالدى، خەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنىدىن «ئىلغار تۆمۈر قوراللار»نى كىرگۈزگەچكە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور دەرىجىدە يۈكسىلىشكە ئېرىشتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تارقاق تۇرۇق، قەبىلە ھالىتىدىن، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا ئۆتۈش

قەدىمى تېخىمۇ تېزلەشتى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ خۇەندى پادىشاھ دەۋرى (مىلادى 147 — 167 - يىللار) دە، «باتۇر ھەم پەم - پاراسەتلىك»، قەبىلىلەرنى «يول - يولى» بىلەن باشقۇرۇشقا ماھىر بولغان تانشىخۇاي (شەرقىي قىسىم سىيانپىلارنىڭ قايسى قەبىلىسىگە تەۋە ئىكەنلىكى، تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلەنمىگەن) سىيانپى ئۇرۇق - قەبىلىلىرى تەرىپىدىن ئاقساقال (قەبىلە ئاقساقىلى) لىققا سايلاندى. ئۇزاق ئۆتمەي باشقا سىيانپى قەبىلىلىرى (ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ شىمالىغا كۆچۈپ بارغان توغبات سىيانپىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مۇ ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ ئىتائەت قىلدى. بىر نەچچە يىلنىڭ ئىچىدىلا ئۇ موڭغۇل دالاسىدا دائىرىسى شەرقتىن غەربكە 14 مىڭ چاقىرىمدىن، جەنۇبتىن شىمالغا 7000 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان قەبىلىلەر ھەربىي چوڭ ئىتتىپاقىنى قۇردى. تانشىخۇاي گاۋلىۇ (ھازىرقى سەنشىنىڭ ياڭگاۋ ناھىيىسى) نىڭ شىمالىدىن 300 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان تېگرىخان تېغىدىكى جۇ شۈي دەرياسىنىڭ بويىدا ئوردا قۇردى. پۈتۈن زېمىننى شەرق، ئوتتۇرا، غەرب دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ، 12 نەپەر ئاقساقالنى ئايرىم - ئايرىم ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا تەيىنلىدى، ئۆزى ئوتتۇرا قىسىمدا تۇرۇپ، ئومۇمىي ئىشلارنى باشقۇردى. بۇ غايەت زور ھەربىي مەمۇرىي بىرلەشمە گەۋدە 100 مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇنغا ئىگە بولغاچقا، ھەر يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسىگە تەۋە ياۋجۇ، بىڭجۇ، لياڭجۇدىن ئىبارەت ئۈچ ئايماقنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا ھۇجۇم قىلىپ تۇردى، شەرقىي خەن سۇلالىسى ئاجىزلىشىپ كەتكەچكە، زور تەھدىتكە ئۇچرىدى.

تانشىخۇاينىڭ قەبىلىلەر ھەربىي چوڭ ئىتتىپاقىنى ئاساسەن سىيانپى قەبىلىلىرى قاتناشقان بو-

لۇپ، ئۇ سىيانپى مىللىتىنىڭ ئىنتايىن زور دەرىجىدىكى قە-
بىلىلەر ھەربىي چوڭ بىرلىكى ئىدى. شۇڭا يېقىن ئەتراپتىكى
قوشنا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇئامىلە مۇناسىۋىتىدە، ئۇ
ھە دېگەندىلا تار مىللىي بىر تەرەپلىمىلىك ئىپادىسىنى كۆر-
سەتتى. خۇددى ۋاڭ شىن «ۋېينامە» دە ئېيتقاندەك، تانشىخۋاي:
«شىمالدا دىڭلىڭلارغا تاقابىل تۇردى». تانشىخۋاينىڭ ھۆ-
كۈمرانلىقىدىكى زېمىنلارنىڭ جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان
دائىرىسى 7000 چاقىرىمدىن ئارتۇق كەلگەچكە، شىمالدا تا-
كى موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغىچە يەتكەن بولۇشى
كېرەك. بۇنىڭدىن ئاۋۋال موڭغۇل دالاسىنىڭ يايلىقىغا كۆچۈپ
كېلىپ بولغان دىڭلىڭلارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرى، سىيانپىلار
تەرىپىدىن جەنۇبىي سىبىرىيىگە قوغلىۋېتىلگەنمۇ ياكى قوغ-
لىۋېتىلمىگەنمۇ؟ بۇ مەسىلە توغرىسىدا، بىز «شىمالدا دىڭلىڭ-
لارغا تاقابىل تۇرۇپ» دېگەن بىر جۈملە سۆزگە قاراپلا ھۆ-
كۈم چىقىرالمايمىز. «ۋېينامە. مەنسەپ - فامىلە تەزكىرىسى»
بىلەن يۇقىرىدىكى بۆلۈملەردىكى دىڭلىڭلار بىلەن توغبات
سىيانپىلىرىنىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى مىللەتلەر قوشۇلۇشى ھەق-
قىدە ئېلىپ بېرىلغان تەھلىلگە ئاساسلانغاندا، تانشىخۋاي
قەبىلىلەر ھەربىي چوڭ ئىتتىپاقىنى قۇرغان مەزگىلدە، موڭغۇل
دالاسىدىكى دىڭلىڭلار يا خېلى بۇرۇنلا ئۆزلۈكىدىن توغبات
قەبىلىسىگە قاتنىشىپ، توغبات سىيانپىلىرىنىڭ پۇقرالىرىغا
ئايلانغان (مەسىلەن، ئۇرۇقنىڭ ئون جەمەتى ئىچىدىكى قۇتلۇق
غۇز جەمەتى بىلەن ئېلغان جەمەتى)؛ ياكى بولمىسا ئەينى
ۋاقىتتا تانشىخۋاينىڭ قەبىلىلەر ھەربىي چوڭ ئىتتىپاقىغا قاتى-
ناشقان توغبات سىيانپىلىرى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، توغ-
بات سىيانپىلىرىنىڭ ئىچكى رايونلارغا كۆچۈپ كەلگەن جە-
مەتلىرى (مەسىلەن، خېشى جەمەتى قاتارلىق 19 جەمەت) گە
ئايلانغان. لېكىن دىڭلىڭلارنىڭ كۆپ قىسمى قوغلىنىپ جەنۇ-

نى سىبىرىيىگە قايتىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

مىلادى 180 - يىلى، تانشىخۇاي ئۆلگەندە، سىيانپېيلارنىڭ قەبىلىلەر ھەربىي چوڭ ئىتتىپاقىمۇ تەڭلا يىمىرىلدى. مىلادى II ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن III ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، شەرقىي قىسىم سىيانپېيلار بىلەن توغبات سىيانپېيلىرى كەينى - كەينىدىن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى ھازىرقى لياۋنىڭ بىلەن ئىچكى موڭغۇلدىكى خېتاۋ رايونىغا كۆچۈپ باردى. توغبات قەبىلىلىرىنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشىنىڭ سەۋەبى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، ئېھتىمال ئۇلار تانشىخۇاينىڭ قەبىلىلەر ھەربىي چوڭ ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، دىڭلىڭلارنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيىدىن قايتا موڭغۇل دالاسىغا كۆچۈش بېسىمىغا تاقابىل تۇرالمىغان؛ ئۇلارنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشى، مانا مۇشۇنداق نائىلاجلىقتىن بولغان بولۇشى مۇمكىن.

توغبات سىيانپېيلىرى موڭغۇل دالاسىدىن ئايرىلىپ جەنۇبقا كۆچۈپ «خۇنلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرى»غا بارغانىدىن كېيىن، موڭغۇل دالاسىدا III ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى جۇرجان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇش ھارپىسىغىچە، خۇن دۆلىتى ۋە تانشىخۇاينىڭ قەبىلىلەر ھەربىي چوڭ ئىتتىپاقىغا ئوخشاش، خوقۇقنىڭ مەركەزلىشىش ھادىسىسى قايتا ئوتتۇرىغا چىقمىدى. كۆپلىگەن دىڭلىڭلار، مۇنداقچە قىلغاندا پۈتكۈل دىڭلىڭ مىللىتى بىپايان، مۇنبەت، ئوتلاق ئۈستىگە ئادىمى شالاڭ موڭغۇل دالاسىغا بېسىپ كىردى. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى مىلادى IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىغىچە بولغان 600 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، موڭغۇل دالاسى ئىزچىل تۈردە دىڭلىڭ ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى (قاڭقىل، تۇرا، ئۇيغۇر)

نىڭ ئاساسلىق تارقالغان ئورنى بولۇپ كەلدى. دىڭلىڭ خەلقى بۇ مۇنبەت يايلاقتا ھايات كەچۈرۈپ ۋە كۆپىيىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ شانلىق قەدىمكى مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ ۋە بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئەمگەك قىلدى.

ئىزاھلار:

① ۋاڭ شېن يازغان «ۋېينامە» دە: «ھونلارنىڭ شىمالىي تەڭرىقۇتى قېچىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ 100 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق قالدۇق ئورۇقلىرى لياۋدۇڭغا بېرىپ ئارىلاش ئولتۇراقلاشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ناملىرىنى سىيانپى دەپ ئاتىدى» دېيىلگەن.

② قەدىمكى سىيانپى مىللىتى موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىي چېتى بىلەن چوڭ ھىنگان تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي تىزمىلىرىنىڭ ئىچىدە ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى؛ توغبات سىيانپىلىرى شىمالدا، قالغان سىيانپى قەبىلىلىرى (يۈيۋېن جەمەتى، مورۇن جەمەتى، دۈەنشى جەمەتى) جەنۇبتا بولغاچقا، ئەسلىدە شەرقىي قىسىم سىيانپى قەبىلىلىرى دېگەن نام يوق ئىدى. مىلادى III ئەسىردىن كېيىن، توغبات سىيانپىلىرى يۆتكىلىپ ئىچكى موڭغۇلدىكى چوڭ غايى تېغى بىلەن سەنشىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى جايلارغا كۆچۈپ باردى. باشقا سىيانپى قەبىلىلىرى يەنى يۈيۋېن جەمەتى، مورۇن جەمەتى، دۈەنشى جەمەتىدىن ئىبارەت ئۈچ قەبىلە داۋاملىق لياۋخې دەرياسىنىڭ شەرقىي بىلەن غەربى ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىكى لوخې دەريا ۋادىسىدا ياشىدى، ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى توغبات سىيانپىلىرىنىڭ شەرقىدە بولغاچقا، «شەرقىي قىسىم سىيانپىلار» دەپ ئاتالغانىدى.

③ ھون تەڭرىقۇتىنىڭ ئوردىسى تەختىمھون دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەختىمھوننىڭ زادى قەيەردىلىكى ھەققىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى كۆپ قېتىم تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغانىدى.

بىردەك ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇرقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ شەرقىي چېتى بىلەن قوش سەيدام كۆلىنىڭ ئەتـراپىدا دەپ قارايدۇ.

④ مېنىڭچە ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان ئومۇمىي تارىخلار بىلەن مىللەتلەر تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەردە، ھونلارنىڭ 100 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق قالدۇق قوۋمىنىڭ زادى موڭغۇل دالاسىدا ياكى «لياۋدۇڭغا بېرىپ» سيانپىلارغا تەسلىم بولغانلىق مەسىلىسى توغرىسىدا بىرنەرسە دېيىلمىگەنىدى. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ۋالڭ شىن يازغان «ۋېينامە» دىمۇ، ھونلارنىڭ 100 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق قالدۇق قوۋمىنىڭ قەيەردىن «لياۋدۇڭغا بېرىپ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان» لىقى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلمىگەنىدى. ئەگەر بۇ مەسىلىنى دىڭلىڭلارنىڭ موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ھۇجۇم قىلغانلىقى بىلەن بىرلەشتۈرمىگەندە، ھەقىقەتەنمۇ چۈشەنـدۈرۈش تەس.

⑤ رۇقۇن كۆلىنىڭ ھازىرقى ئورنى توغرىسىدىكى قاراشلار ئوخشاش ئەمەس، بەزىلەر ئۇرقۇن دەرياسىنىڭ بېشىدا دەپ قارايدۇ (فېڭ جياشىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى»)؛ يەنە بەزىلەر ئۇرقۇن دەرياسىنىڭ سۇ يىغىلىدىغان ئورنىدا دەپ قارايدۇ (ماچاڭشۇ: «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى»)؛ يەنە بەزىلەر بولسا ئۇرقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى سازلىقتا دەپ قارايدۇ («جۇڭگو تارىخىغا ئائىت خەرىتىلەر توپلىمى»). دىڭ چيەن «ۋېينامە. چەت ئەللەر تەزكىرىسىدىكى جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلارنى تەكشۈرۈپ تولۇقلاش» دا ھازىرقى بۇرۇلتوقاي كۆلى (يەنە بىر نامى ئۇلۇنگۇ كۆلى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدا) نى شۇ دەپ قارايدۇ. دىڭ چيەننىڭ قارىشى توغرا ئەمەس: رۇقۇن سۆزى بىلەن ئۇرقۇن سۆزى ئوخشاش بىرخىل ئاھاڭنىڭ باشقىچە تەرجىمىسى بولۇپ، رۇقۇن كۆلىنى ئۇرقۇن

دەرياسىدىن ئىمزدەش كېرەك. بۇ يەردە «جۇڭگو تارىخىغا ئائىت خەرىتىلەر توپلىمى» دىكىسى ئاساس قىلىندى.

⑥ جاڭ يىڭيى يازغان «ۋېي خاتىرىلىرى توپلىمى» نىڭ 22 ـ جىلد، «غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە» دە «دىڭلىڭ دۆلىتى كاڭكىيىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، 60 مىڭ يارامىلىق ئەسكىرى بار» دېيىلگەن.

⑦ «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «داكچىن دۆلىتى» تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا داكچىن دۆلىتى «غەربىي دېڭىزدا. شۇڭا غەربىي دېڭىز دۆلىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ» دېيىلگەن. داكچىن دۆلىتى يەنى قەدىمكى رىم ئىمپېرىيىسى ئىدى. داكچىن دېڭىزى دېگەننى ۋاڭ شيەنچيەن «كېيىنكى خەننامە. تولۇقلىمىلىرىغا ئىزاھ» دا «ۋېينامە» دىن ئۈزۈندىلەر. تەزكىرىلەر» دىن نەقىل كەلتۈرگەنلىكىنى يەنى ئۇنىڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىز ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ۋاڭ شيەنچيەن «داكچىن غەربىي دېڭىزدا بولغاچقا، شىمالىي ھونلار يېڭىلگەن بولغان ئارىلىقى بەكلا يىراق. قويان خانىنىڭ بۇ ئارىلىقتا ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا يۇقىرىدىكى كىتابتا داكچىن دېڭىزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى چۈشەنمەي تۇرۇپلا، مۇشۇنداق كەلسە كەلمەس يېزىپ قويغان» دەپ كۆرسەتكەن. قويان خانىنىڭ ئاران دېگەندە 20 مىڭ قەبىلىسى (3000 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكىرى بارلىقى مەلۇم) بولغاچقا، ئۇنىڭ تەسىر كۈچىنى ئوتتۇرا دېڭىزغىچە كېڭەيتەلەيدىغانلىقى ئېنىقتۇر. دىڭ چيەن «كېيىنكى خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسىنىڭ جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش» دا ئايار كۆلى (ھازىرقى ماناس كۆلى) نى كۆك كۆل دەپ قارىغان. «جۇڭگو تارىخىغا ئائىت خەرىتىلەر توپلىمى» نىڭ 2 ـ قىسمىدا تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى باغراش كۆلىنى كۆك كۆل دەپ قارىتىلغان. بۇ يەردە «جۇڭگو تارىخىغا ئائىت خەرىتىلەر توپلىمى» دىكىسى ئاساس قىلىندى.

⑧ «مېتال تاش پۈتۈكلەر توپلىمى» 7 ـ جىلد، «خەن سۇلالىسىنىڭ دۇنخۇاڭ ۋالىيسى فېي شېنىڭ شىمالىي ھونلارنى مەغلۇپ قىلغانلىق تۆھپە مەڭگۈ تېشى».

⑨ نەقىل كەلتۈرۈلگەن بايلىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورۇندىن قارىغاندا «يارىش تۈزلەڭلىكى»، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى قۇربان تۇڭغۇت (قاۋان تۇڭگۇز) چوڭ قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇشى كېرەك. «كېيىنكى خەننامە. ئوغان. سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، ئوغانلارنىڭ جايلاشقان ئورنى، ئەڭ غەربتە تاكى سۇفاڭغىچە يېتىپ باراتتى. غەربىي شىمالدا جۇڭغارىيە ئويمانلىقى بىلەن بولغان ئارىلىقى نەچچە ئون مىڭ چاقىرىم بولغاچقا، ئوغانلارنىڭ ئاق ساقاللىرى قانداق قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ بۇ جايغا قوغلىۋەتكەن؟ بۇ بايان ئەسلى سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە (II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سىيانپىلارنىڭ تەسىر كۈچى بۇ جايلارغا يېتىپ كەلگەن) نىڭ ئىچىدە بولۇپ، خەنخۇا خاتا ھالدا ئۇنى «ئوغانلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.

⑩ لىن گەن تۈزگەن «ھونلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماقالىلەردىن تاللانمىلار» نىڭ 12 ـ بېتىگە قاراڭ.

⑪ شىراتورى كۇراكىچى يازغان «ھون مىللىتى توغرىسىدا» بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىلىم ـ پەن كومىتېتى بىرلىشىپ تۈزگەن «موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي تارىخى» غا قاراڭ.

⑫ شىراتورى كۇراكىچى دېگەنلىك، ھون، تۇڭغۇسلارنىڭ تىل جەھەتتىكى ئارىلاشما ھادىسىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن «تۇڭغۇس، ھون، تۈركلەردىن ئىبارەت ئۈچ مىللەتنىڭ ئۇرال ـ ئالتاي مىللەتلىرىنىڭ ئىچىدە مۇناسىۋىتى قويۇق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتەتتى، بۇ ناھايىتى تەبىئىي، شۇڭا قىلچىمۇ ئەجەبلىنىش ھاجەتسىز. مۇنداقچە قىلغاندا يەنە باتۇر تەڭرىقۇتتىن باشلاپ، بولۇپمۇ ھونلار

چۆللۈكىنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۈچ مىللەت جەزمەن بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بولغان، شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ بىرى بولغان هونلارنىڭ تىلىغا قالغان ئىككى مىللەتنىڭ تىلىنىڭ كۆپلەپ ئارىلىشىپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ» (لىن گەن تۈزگەن «هونلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» 212 ـ بەتكە قاراڭ) دەپ كۆرسەتكەندى. ماركسىزملىق تىلشۇناسلىق قارىشىغا ئاساسلانغاندا، تىلنىڭ سىنىپىيلىكى بولمايدۇ، لېكىن تىلنى قوللىنىدىغان ئىجتىمائىي گۇرۇھلار مىللەت بىلەن سىنىپقا ئايرىلىدۇ، ئومۇمەن، هۆكۈمران مىللەتنىڭ ئىچىدىكى هۆكۈمرانلار سىنىپى ئېزىلگۈچى مىللەتكە هۆكۈمرانلىق قىلىش ئېھتىياجىدىن چىقىش قىلىپ، ئەلۋەتتە هۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتنىڭ تىلىدىن بەزى سۆزلەرنى قوبۇلمۇ قىلىدۇ، ئەمما ئاساسىي جەھەتتىن كەمسىتىدۇ ۋە چەتكە قاقىدۇ، شۇڭا يۇقىرىدىكى ئۈچ مىللەتنىڭ تىل جەھەتتىكى كۆپلەپ ئارىلىشىش هادىسىسىنىڭ تەڭدىن تولىسى، هون دۆلىتىنىڭ هۆكۈمرانلىق مەزگىلىدە يۈز بەرمەي، بەلكى هون دۆلىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۈچ مىللەتنىڭ موڭغۇل دالاسىدا ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

⑬ مى ۋېنپىڭ: «شىيانبىيلارنىڭ تاش ئۆيىنىڭ تېپىلىشى ۋە دەسلەپكى تەتقىقات»، «مەدەنىي يادىكارلىقلار ژۇرنىلى» 1982 ـ يىللىق 2 ـ سان.

⑭ لىن گەننىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىغا ئاساسلانغاندا، شىمالىي هونلارنىڭ سول قول ئىچىغىسە قەبىلىسىنىڭ يايلاقلىرى، هازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ شىلىنغول ئايمىقىنىڭ ئەتراپىدا ئىدى. لىن گەن يازغان «هونلارنىڭ تارىخى»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى 1 ـ نەشرى، 44 ـ، 45 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

⑮ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 77 ـ جىلدىتىكى خۇ سەنشىڭنىڭ ئىزاهاتىدا شۇەندى تۈي يەن (بىرىنچى تۈي ـ يەن) دېيىلگەن. ماچاڭشۇ يازغان «ئۇغانلار

ۋە سىيانپىلار» (شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1962 - يىل نەشرى، 185 — 186 - بەتلەر) دا شىمەلدى تۆۋىيەن (ئىككىنچى تۆۋىيەن) دېيىلگەن. ئىلاۋە: يىل دەۋرىدىكى مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، ماچاڭشۇنىڭ قارىشى توغرا بولۇشى كېرەك.

⑯ «يۈەنخې يىللىرىدىكى فامىلىلەر قوللانمىسى» نىڭ بىرىنچى توندىكى «توققۇز بۇغا يۈيۈەنلىرى» ماددىسىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا: «(يۈيۈەن) ئەسلىدە لياۋدوڭدىكى جەنۇبىي تەڭرىقۇتنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئىدى. ئۇ قاشتېشى تامغىدىن بىرنى تېپىۋېلىپ، ئۇنى تەڭرى ئاتا قىلغان دەۋالغان. ئادەتتە سىيانپىلارنىڭ تىلىدا تەڭرىقۇت دېگەننى يۈيۈەن دەپ ئاتايتتى. شۇڭا ئۇ يۈۋېن جەمەتى دەپ ئاتالغان. بەزىدە يەنە ئەجدادى يەندىنىڭ ئوت - چۆپلەرنى پەرق ئېتىش ماھارىتى بار ئىدى. ئوت - چۆپ دېگەن سۆز سىفېن دەپ ئاتالغاچقا، بۇ سۆزنىڭ ئاھاڭى يۈيۈەن دېگەنگە ئۆزگەرگەن دەپمۇ ئېيتىلىدۇ» دېيىلگەن. «يەرلىك شېۋىلەر» دىكى بىرىنچى توندىكى «توققۇز بۇغا يۈيۈەنلىرى» سۆزلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى يۈيۈەن سۆزى، سىفېن سۆزىنىڭ خاتا تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىلاۋە: قاڭقىللارنىڭ پوۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ ئارىسىدا چوپان جەمەتى بار ئىدى. بۇنىڭدىكى يۈيۈەننىڭ خاتا يېزىلىشى بولغان سىفېن بىلەن قاڭقىللارنىڭ چوپان جەمەتىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بار - يوقلۇقى توغرىسىدا، تارىخىي ماتېرىياللاردا دەلىل بولمىغاچقا، بۇنىڭغا ئاساسەن دېگەنلەر بىلەن شەرقىي قىسىم سىيانپىلارنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ.

⑰ ماچاڭشۇ: «ئوغانلار ۋە سىيانپىلار» 458 - بەت.

⑱ توغبات سىيانپىلىرىنىڭ كۆچۈش يۆنىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا بىز، ماچاڭشۇ ئەپەندىنىڭ «ئوغانلار ۋە سىيانپىلار» ناملىق كىتابىدىكى بەزى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلاندۇق.

⑲ ياۋ ۋېيىۋەن: «شىمالىي سۇلالىلەردىكى ‹غۇزلار› فامىلىسى توغرىسىدا تەھسىل»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1962 – يىل نەشرى، 4 – بەت.

⑳ «ۋېينامە. مەنسەپ - فامىلىلەر تەزكىرىسى» نىڭ جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى نەشر قىلغان تىنىش بەلگىلىك «تۈزىتىلگەن خاتىرىسى»دا: «ۋېينامە. مەنسەپ - فامىلىلەر تەزكىرىسىگە شەرھ»دە، «قەدىمكى ۋە ھازىرقى فامىلىلەرگە ئائىت كىتابلار ئۈستىدە ئايرىپ تەھسىل» نىڭ 37 – جىلدى بىلەن «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 119– ۋە 140 – جىلدلىرىگە ئاساسەن توغبات جەمەتى بوبو جەمەتى (拔拔氏) دەپمۇ يېزىلىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن» دېيىلگەن، «شىمالىي سۇلالىلەردىكى ‹غۇزلار› فامىلىسى توغرىسىدا تەھسىل»دا يۈەن خۇڭ يازغان «داۋىخان قەبرە تېشىغا ئويۇلغان بېغىشلىما سۆزى»دىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن «بوبوجېن» دېگەن سۆز بار، بۇ «توغبات» دېگەن سۆزنىڭ «بوبو» (باتبات) دەپ خاتا يېزىلىپ قالغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

㉑ ياۋۋېيىۋەن: «شىمالىي سۇلالىلەردىكى ‹غۇزلار› فامىلىسى توغرىسىدا تەھسىل» نىڭ 9–، 23 – بەتلىرى بىلەن ماچاڭشۇ يازغان «ئوغانلار ۋە سىيانپىلار»نىڭ 247–، 248 – بەتلىرىگە قاراڭ.

㉒ تاڭ چاڭرۇي: «ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى توغرىسىدا مۇھاكىمىلەر»، سەنلىيەن كىتاب ئىدارىسى 1955 – يىل نەشرى، 437 – بەتكە قاراڭ.

㉓ ياۋۋېيىۋەن: «شىمالىي سۇلالىلەردىكى ‹غۇزلار› فامىلىسى توغرىسىدا تەھسىل» 72 – بەت.

㉔ ياۋۋېيىۋەن: «شىمالىي سۇلالىلەردىكى ‹غۇزلار› فامىلىسى توغرىسىدا تەھسىل» 104–، 297 – بەتلەر.

㉕ تاڭ چاڭرۇي: «ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى توغرىسىدا مۇھاكىمىلەر» 437 – بەت.

㉖ ياۋۋېيېۋەن: «شىمالىي سۇلالىلەردىكى ‹غۇزلار› قامىلىسى توغرىسىدا تەھسىل» 129 ـ بەت.

㉗ ياۋۋېيېۋەن: «شىمالىي سۇلالىلەردىكى ‹غۇزلار› قامىلىسى توغرىسىدا تەھسىل» 144 ـ بەت.

㉘ ياۋۋېيېۋەن: «شىمالىي سۇلالىلەردىكى ‹غۇزلار› قامىلىسى توغرىسىدا تەھسىل» 185 ـ بەت.

㉙ تاڭ چاڭرۇي: «ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى توغرىسىدا مۇھاكىمىلەر» 437 ـ بەت.

㉚ لېنىن: «مىللىي مەسىلىگە ئائىت تەنقىدىي پىكىر توغرىسىدا».

## 7 باب ۋېي، جىن، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلار

چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي بىلەن سەددىچىننىڭ ئىچىدە ياشىغان دىڭلىڭلار ھەققىدە ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرە «كېيىنكى خەننامە. ئوغان سىيانپىلىرى ھەققىدە قىسسە» بولۇپ، ئۇنىڭدا: «ۋاڭ ماڭ سەلتەنەت سۈرگەندىن كېيىن، ھونلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، 12 قەبىلە قوشۇننى سەپەرۋەر قىلدى، كۈنچىقىش تەرەپ سانغۇنى يەنيونى ئوغان، دىڭلىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ، دەي ۋىلايىتىدە ھەربىي تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ خوتۇن - باللىرىنى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە بارىمتا يىلىققا تۇرغۇزدى» دېيىلگەن. ۋاڭماڭنىڭ 12 يول قوشۇننى سەپەرۋەر قىلىپ ھونلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى «خەننامە. ھونلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، جيەنگوگنىڭ 3 - يىلى يەنى مىلادى 11- يىلى باشلانغانىدى. ۋاڭ ماڭ سانغۇن يەنيو باشچىلىقىدىكى دىڭلىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇلارنىڭ خوتۇن - باللىرىنى بارىمتاي قىلىپ ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى، بۇ ھال غەربىي خەن ۋە ۋاڭ ماڭنىڭ يېڭى ھاكىمىيىتى دەۋرىدە دىڭلىڭلارنىڭ قەبىلىلىرى ياكى ئورۇقلىرىنىڭ ئاللىقاچان غەربىي خەن ۋە ۋاڭ ماڭنىڭ يېڭى

ھاكىمىيىتىنىڭ زېمىنى ئىچىدە ئولتۇراقلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما، غەربىي ۋەشەرقىي ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي كىتابلارنىڭ ئۇلار ھەققىدىكى خاتىرىلىرى مانا مۇشۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ قاچان، قانداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا كۆچكەنلىكىنى، خەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى جايلىشىشى، پائالىيىتى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئاقىۋىتى قاتارلىقلار تارىخىي مەنبەلەردە پۈتۈنلەي خاتىرىلەنمىگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى. غەربىي روڭلار ھەققىدە قىسسە» دە خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنۋۇ يىللىرىدا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن خېشى ئارىلىقىغا قېچىپ بېرىپ، «زىلۇ» (قۇل) دەپ ئاتالغان دىڭلىڭلار خاتىرىلەنگەن. بۇ قىسىم دىڭلىڭلار خەن سۇلالىسى زېمىنىغا بارغاندىن كېيىن «لياڭجۇ ۋىلايىتىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان». ئەمما جيەنۋۇ يىللىرىدىن كېيىن، ئۇلار تارىخ كىتابلىرىدا پۈتۈنلەي كۆرۈلمىدى.

مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىدە باش - ئايىغى بىر قەدەر باغلىنىشلىق قىلىپ خاتىرىلەنگىنى ۋېي، جىن دەۋرىدىكى ئىچكىرى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلاردۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىغا ئوخشاش، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە تانشىخۋايىنىڭ قەبىلىلەر ھەربىي ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىبىرىيىندىكى دىڭلىڭلار قايتا بىيايان موڭغۇل دالاسىغا بېسىپ كىردى. ئەڭ دەسلەپتە كىرگىنى دىڭلىڭ قەبىلىسى ئىچىدىكى دى جەمەتى بولۇپ، چوڭ قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي بىلەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەنكى ئېقىنلىرىغا كۆچۈپ كەلدى. بۇ تارماقنى ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلار ئۆز قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ باشچىلىقىدا 16 پادىشاھلىق مەزگىلىدىكى تارىخىي پائالىيەت-

لەرگە پاتال قاتناشتى ھەمدە ھازىرقى خېنەننىڭ شىمالىي قىسمى، شەندۇڭنىڭ غەربىي قىسمىدا دى جەمەتىنىڭ دىڭلىڭ دۆلىتى يەنى «بۈيۈك ۋېي بەگلىكى» نى قۇردى. بۈيۈك ۋېي بەگلىكى يوقالغاندىن كېيىن، دىڭلىڭلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى توغبات ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئۈزلۈكسىز كۈرەش ئېلىپ باردى. بۇ ئۇرۇش تاكى توغبات ۋېي سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە داۋاملاشتى. سۈي سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلارنىڭ پائالىيىتى سۇسلىشىپ، ئۇلار تەدرىجىي يۇسۇندا ھون، ئوغان، سىيانپى مىللەتلىرىگە ئوخشاش، 16 پادىشاھلىق، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى 200 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق، خەنزۇلارغا پۈتۈنلەي قوشۇلۇپ كەتتى.

بۇ باپتا ئاساسلىق قىلىپ، ۋېي، جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ ئىچكى رايونلارغا كۆچۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچكى رايونلارغا كۆچكەندىن كېيىنكى تارىخى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنىدۇ.

## 1. دىڭلىڭلارنىڭ بىر تارمىقىنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا كۆچۈشى

ۋېي، جىن دەۋرىدە تۇنجى تۈركۈمدە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي رايونىغا كۆچكەن دىڭلىڭلار — دىڭلىڭلارنىڭ ئىبرىشەن قەبىلىسى ئىدى. «كىتابلار جەۋھىرى» نىڭ 968 - جىلدىدا: «ۋېي مىڭدىنىڭ تەختى 5 - يىلى 4 - ئايدا، سىيانپىلارنىڭ ئىتائەتمەن، ئادىل ۋاڭى كى بىبىنىڭ ئۆز ئۇرۇقىنى ۋە دىڭلىڭلارنىڭ ئاقساقىلى ئىبرشەن قاتارلىقلارنى يىاۋجۇ ئايمىقى (ۋىلايەت ئورنى جى يەنى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ داشىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمى) غا باشلاپ

كېلىپ داڭلىق ئاتلارنى تەقدىم قىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئىرشەن قەبىلىسىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ قايسى جايدا ئولتۇراقلاشقانلىقى، تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلەنمىگەن. كې بىينىڭ تانشىخۇاي ئۆلگەندىن كېيىن سىيانپىلارنىڭ چوللۇكنىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى ئەڭ كۈچلۈك رەھبىرىگە ئايلانغان بولۇپ، ساۋ - ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ دەسلەپىدە، ئۇ 100 مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇنغا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ قوۋملىرى گاۋلىۋ (سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى گاۋشەن ناھىيىسى) نىڭ شەرقىي قىسمىدىكى دەي، شاڭگۇ (ۋىلايەت ئورنى چۈياڭدا بولۇپ، خۇەيلەيشەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي) دىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەتكە ۋە سەددىچىننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى رايونلىرىغا كېلىپ ماكانلىشىپ، دەي ۋىلايىتىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسمىدىكى سىيانپىلارنىڭ بۆرۈكېن ئىتتىپاقى بىلەن لياۋشى، يۇيياڭ، يوبېيپىڭدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتكە، شۇنداقلا سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان سۇلى مىجيا ئىتتىپاقى بىلەن ئۆز ئارا ئىركىشىپ تۇردى. تەيخېنىڭ 5 - يىلى كى بىينىڭ يەنە چوللۇكنىڭ جەنۇبىدىكى سىيانپى قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭغا قاراشلىق رايونلاردا ئانچە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولمىدى. ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ ئىرشەن قەبىلىسىنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى چوللۇكنىڭ جەنۇبىي، دەي ۋە شاڭگۇ ۋىلايىتىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى ئايرىم جايلار بولسا كېرەك①.

دىڭلىڭ قەبىلىلىرى جىن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە سەددىچىننىڭ ئىچىگە كۆپلەپ كۆچۈپ كەلگەنىدى. جىن ۋۇدىنىڭ تەيشى تۇنجى يىلى (مىلادى 265 - يىلى) سەددىچىننىڭ سىرتىدا زور سۇ ئاپىتى يۈز بەردى. سەددىچىننىڭ سىرتى ۋە موڭغۇل دالاسىدا ئولتۇراقلاشقان كۆچمەن

چارۋىچى قەبىلىلەر ئارقا - ئارقىدىن سەددىچىننىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كىردى. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى تەيكاڭنىڭ 5 - يىلى (مىلادى 284 - يىلى) غىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ھون ۋە باشقا «ئارىلاشما غوزلار» دىن 280 مىڭ ئادەم سەددىچىننىڭ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇراقلاشتى. «جىننامە. شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە» دە «شىمالىي دىلار قەبىلىلەرنى ئاساس قىلىپ سەددىچىننىڭ ئىچىدىكى رايونلارغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. ئۇلار جەمئىي 19 ئۇرۇق ئىدى. قەبىلىلەر ئايرىم - ئايرىم ئولتۇراقلاشقان» دېيىلگەن. بۇ 19 ئۇرۇق:

(1) تۇغا ئۇرۇقى
(2) شيەنجى ئۇرۇقى
(3) كۇەدىتو ئۇرۇقى
(4) ئۇغان ئۇرۇقى
(5) چىلى (تۇرا) ئۇرۇقى
(6) خەنجىن ئۇرۇقى
(7) كۆك بۆرە ئۇرۇقى
(8) چىبا ئۇرۇقى
(9) يۈبىلىق ئۇرۇقى
(10) ۋېيشا ئۇرۇقى
(11) تۇتۇك ئۇرۇقى
(12) بومىي ئۇرۇقى
(13) جياگجۇ ئۇرۇقى
(14) قولان ئۇرۇقى
(15) جۇگجى ئۇرۇقى
(16) دالۇ ئۇرۇقى
(17) يوگچۇ ئۇرۇقى
(18) جىنشۇ ئۇرۇقى
(19) لىي جېي ئۇرۇقى

(«شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە» دە «赤勒» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدا «ئۇلۇغ ئادالەتلىك دۇنيا خاتىرىسى» دېگەنگە ئاساس قىلىنغان)

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان 19 ئۇرۇق «جىننامە. شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ «ھون ماددىسى» غا كىرگۈزۈلگەن. ئەمما تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھون ئەمەس، بەلكى ھون دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان غەيرىي مىللەت قەبىلە ياكى ئۇرۇقلىرى يەنى ھونلارنىڭ باشقا

قەبىلىلىرى ئىدى.

19 ئۇرۇقنىڭ ئىچىدىكى چىلى قەبىلىسى يەنى تۇرا (敕勒) دېگەنلەر ئىدى③. جىن سۇلالىسىنىڭ ئوردا سەنئەتچىلىرى سەددىچىننىڭ سىرتىدىن سەددىچىننىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كەلگەن كۆپ سانىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرگە قارىتا، يۈزەكىلا ھەم تازا ياخشى چۈشەنچىدە بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان مىللەت تەركىبى بىلەن ئېتنىكلىق مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرالمىغان. شۇ سەۋەبتىن ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تەرجىمە ناملىرىنى قوللانماي، بەلكى يېڭى تەرجىمە ناملارنى قوللانغان. شۇڭا بىز 19 ئۇرۇقنىڭ ئىچىدىكى دىڭلىڭ دېگەننىڭ ئاھاڭ جەھەتتىن يېقىن بولغان چىلى (赤勒) دەپ تەرجىمە قىلىنىپلا قالماي، بەلكى ھونلارنىڭ قۇلان قەبىلىسىنىڭ خېلەي ئۇرۇقى (贺赖种) دەپ، ئوغان دېگەننىڭ ۋۇتەن (乌谭) دەپ تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. كىشىلەر «19 ئۇرۇق» نىڭ ئىچىدىكى كۆپىنچىسىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ھازىرغىچە بىلەلمىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ تەرجىمە ناملىرى بىلەن ئەسلىدىكى ناملىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنىڭ بەكلا چوڭ بولۇپ كەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

19 ئۇرۇقنىڭ ئىچىدە ھېچ بولمىغاندا، قۇلان، توغا، كۆنتو قاتارلىق ئۇرۇقلار ھون مىللىتىگە تەۋە؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئېھتىماللىقى، ئوغان مىللىتىگە تەۋە ئۇرۇقلارمۇ بار. ئەينى ۋاقىتتىكى دىڭلىڭلار كەڭ كۆلەمدە كۆچۈپ پۈتكۈل موڭغۇل دالاسىنى ئىگىلەپ، ئارقىدىنلا 16 پادىشاھلىق دەۋرىدە كەڭ كۆلەمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا ئورۇنلاشقانلىقتەك ئومۇمىي ئەھۋالنى تارىخىي يوسۇندا كۆزەتسەك: 19 ئۇرۇقنىڭ ئىچىدە چىلى قەبىلىسىدىن سىرت، يەنە

دېڭىزلارغا تەۋە كۆپلىگەن ئۇرۇقلار بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھازىرغىچە پەرقلەندۈرۈپ چىقالمىدۇق.

چىلىلار سەددىچىننىڭ ئىچىدىكى جايلارغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىن باشلاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى دىڭلىڭلار بىلەن سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا باشلىدى. ھەممىگە ئايانكى، 16 پادىشاھلىق تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلاردا مۇنداق بىر ئورتاق چۈشەنچە بار ئىدى. يەنى 16 پادىشاھلىق مەزگىلىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا تۇيۇقسىزلا نۇرغۇن دىڭلىڭ قەبىلىلىرى پەيدا بولۇپلا قالماي، بەلكى مۇرەككەپ سىنىپىي كۈرەش ۋە مىللىي كۈرەشتىن ئىبارەت سەھنىدە ئادەتتىن تاشقىرى جانلىنىپ كەتكەنىدى. «جىننامە. شىلا ھەققىدە خاتىرە» دە مۇنداق دېيىلگەن:

> ئەينى ۋاقىتتا، جوڭشەن بىلەن چاڭشەندە ئادەتتىن تاشقىرى زور چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى. جوڭشەندىكى دىڭلىڭلاردىن دى شۇ شىلادىن يۈز ئۆرۈپ جوڭشەن بىلەن چاڭشەنگە ھۇجۇم قىلدى، نەتىجىدە شىلا ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە باشچىلىق قىلىپ ئۇنىڭغا زەربە بېرىپ، ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن خوتۇن - بالىلىرىنى تۇتۇپ كەتتى؛ شۇڭگۇەننى ساقلاپ ياتقان دى شۇ دەي ۋىلايىتىگە قېچىپ كەتتى.

خۇۋۇك لياڭجى «16 پادىشاھلىقنىڭ زېمىنلار تەبىراتى. كېيىنكى جاۋ پادىشاھلىقى» دە بۇ ۋەقەنى غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ مىندى پادىشاھىنىڭ جىيەنشىڭ 4 - يىلى يەنى مىلادى 316 - يىلى بولغان دەپ خاتىرىلەنگەن. مانا بۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا دىڭلىڭ قەبىلىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشقا باشلىغانلىقىنىڭ تارىخىي كىتابلاردا ئېنىق

خاتىرىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 14 يىلدىن كېيىن، يەنى مىلادى 330 - يىلى كېيىنكى جاۋ پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنى ئىچىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ دى بىن ئاتلىق قەبىلە ئاقساقىلى، دىڭلىڭ قەبىلىلىرىگە باشچىلىق قىلىپ كېيىنكى جاۋ پادىشاھلىقىغا ئەل بولدى. دىڭلىڭلارنىڭ ئاقساقاللىرىدىن دى شۇ بىلەن دى بىن جاۋ پادىشاھلىقىدىن گاھ يۈز ئۆرۈپ گاھ ئەل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قەبىلە نامى بىلەن جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن قارىغاندا، يەنىلا بىر مىللەت ياكى بىر قەبىلە ئىدى. دىڭلىڭلارنىڭ دى بىن قەبىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 94 - جىلدىدا: «ئىلگىرى دىڭلىڭلارنىڭ دى بىن قەبىلىسى كانگىيىدە ياشايتتى، كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ كەلدى» دېيىلگەن. ««ۋېينامە» دىن ئۆزۈندىلەر. غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، كانگىيە رايونىدىكى دىڭلىڭلار «غەربىي دىڭلىڭلار» بولۇپ، دى بىننىڭ باشچىلىقىدىكى دىڭلىڭ قەبىلىسى ئەسلى غەربىي دىڭلىڭلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. بۇ ئابزاستىكى نەقىل «جىننامە» بىلەن «16 پادىشاھلىق يىلنامىسىگە تولۇقلىما» دا ئۇچرىمايدۇ، ئەمما سىماگۇاڭ بېكىتكەن نۇسخىدىكىسى بولسا، بەلكىم سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن بىرەر تارىخ كىتابىدىن ئېلىنغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

دىڭلىڭلارنىڭ دى جەمەتىنىڭ قايسى ۋاقىتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ كەلگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ۋېي پادىشاھلىقىغا ئات تارتۇق قىلغان دىڭلىڭلارنىڭ ئېرشەن قەبىلىسى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقى، ئۇلارنىڭ جىن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كەلگەن چىلى قەبىلىسىدىن ياكى

ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت. بۇ مەسىلىلەر تاكى ھازىرغىچە ئېنىقلانماي كېلىۋاتىدۇ. بىراق ۋېي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە سەددىچىننىڭ سىرتىدا ماكانلاشقان دىڭلىڭلارنىڭ ئېرشەن قەبىلىسىدىن، غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى چىلىلارنىڭ سەددىچىننىڭ ئىچىگە كىرىشىگىچە، دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا كۆچۈشىگىچە ماڭغان يوللار شۈبھىسىزكى، جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ موڭغۇل دالاسى ئارقىلىق ئىچكى رايونلارغا كۆچۈپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا كېلىشتىكى بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىدۇر. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ كەلگەن زور تۈركۈمدىكى دىڭلىڭ قەبىلىلىرى بار ئىدى.

## 2. ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلارنىڭ ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرىنىڭ تەركىبى ۋە جايلىشىشى

ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلارنىڭ ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرىنى، ۋېي، جىن، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت تارىخىي كىتابلاردىكى پارچە ـ پۇرات ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، دى جەمەتى، شىيەنيۇ جەمەتى، لو جەمەتى ۋە يان جەمەتى بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇرۇق ـ جەمەتى ئېنىق بولمىغان سۇفاڭ دىڭلىڭلىرى بىلەن مىيۇن دىڭلىڭلىرى قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. ئەمدى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ جايلىشىشىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىمىز:

(1) دى جەمەتى ئاساسلىقى دىڭجۇ ئايمىقىنىڭ چاڭشىيەن، جوڭشەن، جاۋجۇن ۋىلايىتى بىلەن بىڭجۇ ئايمىقىنىڭ شياڭداڭ ۋىلايەتلىرىگە تارقالغان.

چاڭشەن ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى جيۇمىن (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جېڭدىڭ ناھىيىسى)؛ جوڭشەن ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى لۇنۇ (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ دىڭشيەن ناھىيىسى)؛ چاۋجۇن ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى پىڭجى (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جاۋشەن ناھىيىسى) ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ھازىرقى شىجياجۇاڭنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدىكى نەچچە 100 چاقىرىم كېلىدىغان دائىرە دىڭلىڭلارنىڭ دى جەمەتىنىڭ تارقالغان جايلىرى ئىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دىڭلىڭلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى دى شۇ بىلەن دى بىننىڭ باشچىلىقىدىكى قەبىلىلەرمۇ ئاساسەن مۇشۇ جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغانىدى. مىلادى 371 - يىلى (جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جيەن ۋېندىنىڭ شيەنئەن تۇنجى يىلى) ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقى ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنى يوقىتىپ بىر يىلدىن كېيىن، فۇجيەن دى بىن باشچىلىقىدىكى دىڭلىڭ قەبىلىلىرىنى شىنئەن (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ مىيەنچى ناھىيىسىنىڭ شەرقى) بىلەن مىيەنچى (ھازىرقى مىيەنچى ناھىيىسىنىڭ غەربى) گە كۆچۈرىدۇ. ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقى پارچىلانغاندىن كېيىن، مىلادى 384 - يىلى (جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شاۋۋۇدىنىڭ تەييۈەن 9 - يىلى) بۇ قىسىم دىڭلىڭ قەبىلىلىرى دى بىننىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ باشچىلىقىدا، قايتىدىن چاڭشەن بىلەن جوڭشەن ۋە جاۋجۇن ۋىلايىتىدىن ئىبارەت كونا ماكانلىرىغا قايتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، جىن سۇلالىسىنىڭ تەييۈەن 11 - يىلى (مىلادى 386 - يىلى) «16 پادىشاھلىقنىڭ يەر - زېمىن تەپسىرى. كېيىنكى يەن پادىشاھلىقى» دە خاتىرىلەنگەن دى ياۋ بىلەن ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيچاڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادى 417 - يىلى) «ۋېينامە. تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە خاتىرىلەنگەن دى شۇ

باشچىلىقىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ پائالىيەت رايونى ئوخشاشلا چاڭشەن، جوڭشەن ۋە جاۋجۇن ۋىلايىتى بولىدۇ. مىلادى 451 - يىلى شىمالىي ۋېينىڭ ۋۇدى پادىشاھى تۇغىباتتاۋ قوشۇن باشلاپ جەنۇبىي سۇلالىدىكى ليۇسۇڭ ھاكىمىيىتىنىڭ شۈيى شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇنىڭ ليۇسۇڭ ھاكىمىيىتىنىڭ شۈيى شەھىرىدىكى باقاۋۇل سانغۇنى ساڭ جىغا ئەۋەتكەن خېتىدە، ئۇنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن «ئەسكەرلىرى» نىڭ چاڭشەن بىلەن جاۋجۇن ۋىلايىتىدىن ئەسكەرلىككە ئالغان دىڭلىڭ ئەسكەرلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. توغىبات ۋېي سۇلالىسىگە مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان بۇ تۈركۈم دىڭلىڭلار چاڭشەن بىلەن جاۋجۇن ۋىلايىتىدىكى دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلارنى ئاساس قىلغانىدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلار يۇقىرىقى ئۈچ ۋىلايەتتە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىللەردە، كۆپ ھاللاردا «غەربىي تاغلىقلار»، «شىمالىي تاغلىقلار» دەپ تىلغا ئېلىنغانىدى. ھەتتا بەزىدە يەنە بۇ جايدىكى دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلار، «غەربىي تاغ دىڭلىڭلىرى» ۋە «شىمالىي تاغ دىڭلىڭلىرى» دەپمۇ ئاتالغانىدى③. بۇ تەيخاڭشەن تېغىنىڭ قەدىمدە «غەربىي تاغ» دەپ ئاتالغانلىقى سەۋەبىدىن بولغانىدى④. چاڭشەن، جاۋجۇن ۋىلايىتى بىلەن جوڭشەندىكى غەربىي تاغ، ئەينى ۋاقىتتىكى بۇ ئۈچ ۋىلايەت چېگرىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تەيخاڭشەن تېغىنىڭ تارماقلىرى بولغان لياڭشەن تېغى، چاڭشەن تېغى (خېڭشەن تېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، جىڭشەن تېغى، ۋاڭشەن تېغى بىلەن ئۇنىڭغا قوشنا بولغان تاغلارنى كۆرسىتەتتى. گۇزۇيۇ «تارىخ كىتابلىرىدىكى چېگرا قورغانلارغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» دە چۇياڭ ناھىيىسى (تۇغىبات - ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى دىڭجۇ ئايمىقىغا قاراشلىق جوڭشەن

ناھىيىسى) نىڭ ئورنىنى «تەيخاڭشەن تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى
ئەگرى-بۈگرى جايغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان»
دەپ كۆرسەتكەن. دىڭلىڭلار جايلاشقان شىمالىي تاغ بەلكىم
چۇياڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغنى كۆرسەتسە كېرەك⑤.
خۇسەنشېڭ «غەربىي دىڭلىڭلار» غا ئىزاھ بېرىپ: «جوڭ-
شەننىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 200 چاقىرىم كېلىدىغان
جايدا لاڭشەن تېغى بار. لاڭشەن تېغىنىڭ غەربىي جەنۇ-
بىي قىسمى چاڭشەن تېغى بىلەن تۇتىشىدۇ، تاغ جىلغىلىرى
ئىنتايىن خەتەرلىك، خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى-
دە، قارا تاغلىق جاڭ يەننىڭ بەشىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى
ئاكا - ئۇكا فاڭ جىيەنلەرمۇ مۇشۇ جايغا بېكىنگەن»
دېگەنىدى («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»
109 - جىلد، جىن سۇلالىسى پادىشاھى ئەندىنىڭ لوڭئەن تۇنجى
يىلى). دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلار دەل مۇشۇ «خەتەرلىك
تاغ جىلغىلار» دا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ جايلار ئىشلەپ-
چىقىرىشقا بىئەپ ئىدى. شۈبھىسىزكى، دىڭلىڭلار ئەينى ۋاقىت-
تا كېيىنكى يەن پادىشاھلىقى بىلەن توغبات - ۋېي سۇلالىسى-
نىڭ ھۆكۈمران سىنىپلىرى تەرىپىدىن ئاشۇ جايلارغا قوغلى-
نىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلارنىڭ يەنە بىر جايلاشقان
ئورنى بىڭجۇ ئايمىقى بولۇپ، تارىختا «بىڭجۇ دىڭلىڭلىرى»
دەپ ئاتالغانىدى. توغبات ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىڭجۇ
ئايمىقىنىڭ مەركىزى جىنياڭ ئىدى؛ تەييۈەن، شياڭداڭ ۋىلايەتلى-
رىنىڭ مەركىزى خۇگۇەندە بولۇپ (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ
لۇچېڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربى)، شياڭجۇن، لېپىڭ ۋە
شياگيۇەندىن ئىبارەت بەش ناھىيىنى باشقۇراتتى.
دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلار ئاساسلىقى شياڭداڭ ۋىلا-
يىتىنىڭ خۇگۇەن ناھىيىسىگە جايلاشقان بولغاچقا، «شياڭداڭ

دىڭلىڭلىرى» دەپمۇ ئاتالغانىدى. «ۋېينامە. مۇتىنىڭ تەرجىمىھالى» دا ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تەيزۇنىڭ تيەنشىڭ 5 - يىلى (مىلادى 402 - يىلى) «دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلار خۇگۇەنگە توپلاندى» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «ۋېينامە. گوگسۇن گۇيىنىڭ تەرجىمىھالى» دا تۆۋەندىكى ماتېرىيال خاتىرىلەنگەن:

لىيۇيىملوڭ (يەنى جەنۇبى سۇلالىلەردىكى لىيۇسۇڭ ھاكىمىيىتىنىڭ پادىشاھى ۋېندى) داۋيەنجىنى قول ئاستىدىكى قوشۇنلىرىنىڭ سانغۇنى ياۋزوگغۇ بىلەن جىفې دەرياسىغا بىللە يىبەنگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. پادىشاھ شىزۇ (يەنى توغباتتاۋ) ئۇنىڭ شىمالىغا بېسىپ كىرىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، گوگسۇن گۇيىنى خۇگۇەنگە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەۋەتتى. دەل بۇ چاغدا شياگىداگىدىكى دىڭلىڭلار ئىسيان كۆتۈردى. گوگسۇن گۇي ئۇلارنى تىنچىتتى ...... شىزۇ سۇي خاۋغا: «مەن شياگىداگىدىن ئۆتكىنىمدە پۇقرالار ماڭا: گوگسۇن گۇي مال - دۇنيانى دەپ ئوغرى - قاراقچىلارنى مەيلىگە قويۇۋەتتى. شۇ ۋەجىدىن ھازىرغىچە يامانلىقلار تۈگىتىلمىدى. گوگسۇن گۇي جازاغا لايىق ئىدى. ئۇ دەسلەپتە تەنھا مال - دۇنياسىز كەلگەنىدى؛ قايتىشىدا يۈز نەچچە ھارۋىغا مال-دۇنيانى بېسىپ جەنۇبقا قايتتى. دىڭلىڭلارنىڭ قوماندانى تاغقا چىقىپ ئۇنى راسا قارغىدى دېيىشتى،» دېگەنىدى...

داۋيەنجى يىبەنگە مىلادى 430 - يىلى ھۇجۇم قىلغان بولۇپ، گوگسۇن گۇي شياگىداگىدىكى دىڭلىڭلارنى مۇشۇ يىلى ياكى ئۇنىڭدىن بىر يىل كېيىن باستۇرغان. بىز يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن ماتېرىيالدىكى دىڭلىڭلارنىڭ دى جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى كېسىپ ئېيتالمىساقمۇ، ئەمما شياگىداگدىكى دىڭلىڭلارنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ناملىرى، تارىخىي كىتابلاردا

پۈتۈنلەي دېگۈدەك دى جەمەتىدىن دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماتېرىيالدىكى شياڭداڭ دىڭلىرىنى دى جەمەتىدىن دەپ مۇقىملاشتۇرۇش كۆپ جەھەتتىن خاتا بولمىسا كېرەك. يىڭجۇ ئايمىقىدىكى دىڭلىڭلار دىڭجۇ ئايمىقىدىكى دىڭلىڭلارغا ئوخشاش ئاساسلىقى يەنىلا تەيخاڭشەن تاغ تىزمىسىنىڭ تاغ جىلغىلىرىغا تارقالغانىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ۋېنجۇ ئايمىقىدىكى شىخې دەرياسى (ھازىرقى سەنشىدىكى ۋېنىياڭ) دا دى نوگنىڭ قوماندانلىقىدىكى دىڭلىڭلار («ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە»)، سىجۇ ئايمىقىدىكى بەيمىنشەن (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ ياڭچېڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالى) بىلەن شياڭجۇ ئايمىقىدىكى لىنلۈشەن (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ لىنشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىگە 20 چاقىرىم كېلىدىغان جاي) دى مېڭچۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى دىڭلىڭلار («ۋېينامە. جۇجىنىڭ تەرجىمىھالى») بار بولۇپ، بۇ جايلارغىمۇ دى جەمەتىدىن بولغان ئاز مىقداردىكى دىڭلىڭلار تارقالغانىدى.

قىسقىسى، شىمالدا دىجۇ ئايمىقىنىڭ جوڭشەن، چاڭشەن ۋە جاۋجۈن ۋىلايەتلىرىدىن، جەنۇبتا يىڭجۇ ئايمىقىنىڭ شياڭداڭ ۋە شياڭجۇدىكى لىنلۈشەن تېغىدىن ئارتىپ تاكى سىجو ئايمىقىدىكى بەيجىنشەن تېغىغىچە بولغان، تەيخاڭشەن تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى 1000 چاقىرىم كېلىدىغان ئىككى يان تەرىپى بىلەن تاغ جىلغىلىرىغا دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلار تارقالغانىدى، ھالبۇكى، جوڭشەن، چاڭشەن، جاۋجۈن ۋىلايەتلىرى (يۇقىرىقى ئۈچ ۋىلايەت تەيخاڭشەن تېغىنىڭ شەرقىي چېتىدە) بىلەن شياڭداڭ (تەيخاڭشەن تېغىنىڭ غەربىي چېتىدە) قاتارلىق ۋىلايەتلەر دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلارنىڭ مەركەزلىك تارقالغان جايلىرى ئىدى.

دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلار ئىچكى قىسمىدا ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر بويىچە ئايرىلغانمۇ ـ يوق؟ تارىخىي كىتابلىرىدا دىڭلىڭلاردىن بولغان دى بىن تىلغا ئېلىنغان چاغدا، ئۇنىڭ ئىنىسى قايتا ـ قايتا تىلغا ئېلىنىدۇ ھەمدە دىبىننىڭ باشچىلىقىدىكى 4000 نەپەر دىڭلىڭ قوشۇنىنى «چاچما قوشۇن» («16 پادىشاھلىق يىلنامىسىگە تولۇقلىما. كېيىنكى يەن پادىشاھلىقى») دەپ كۆرسىتىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدا دى بىن باشچىلىقىدىكى دى جەمەتى دىڭلىڭلارنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئېھتىمال، دى جەمەتى دىڭلىڭلارنىڭ ئىچىدە ئۇرۇق ئايرىمىسى بولغان بولۇشى كېرەك. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نەقىلدىكى تاغقا چىقىپ گوگۇسۇن گۈينى قارغىغان «دىڭلىڭ قوماندانى» بەلكىم دىڭلىڭلارنىڭ ئۇرۇق ئاقساقىلى بولۇشى مۇمكىن. ئۇرۇقتا قەبىلە ياكى قەبىلە ئىتتىپاقى تۈزىدىكى تەشكىلىنىڭ بار ياكى يوقلۇقىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلە تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلەنمىگەن. لېكىن بەزى ماتېرىياللاردا ئوخشاش بولمىغان رايونلارغا تارقالغان. دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزئارا مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقى چۈشەندۈرۈلگەن. مىلادى 402 ـ يىلى (جىن سۇلالىسىنىڭ يۈەنشىڭ تۈنجى يىلى) شياڭداڭدىكى دىڭلىڭلار دى دۇنىڭ باشچىلىقىدا خۇگۇەنگە توپلىنىپ ۋېي سۇلالىسىگە قارشى تۇرغان، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن لىنلۈشەن تېغىغا قېچىپ بېرىپ شۇ يەردىكى دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلارغا قوشۇلغان («ۋېينامە. موتىنىڭ تەرجىمىھالى»). مىلادى 416 ـ يىلى (جىن سۇلالىسىنىڭ يىشى 12 ـ يىلى) سىجۇ ئايمىقىنىڭ بەيجىنشەن تېغىدىكى دىڭلىڭلارمۇ دى مىڭچۈنىڭ باشچىلىقىدا ۋېي سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن لىنلۈشەن تېغىغا قېچىپ بارغاندا، ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى مىڭچۈنى

لىنلۇشەن تېغىغىچە قوغلاپ كەلگەن. مېڭچۈنىڭ
قالدۇق قوشۇنلىرى «شىڭتاڭ بىلەن شاڭگو
ئارىلىقىدا قېچىپ يۈرگەن» («ۋېينامە. جۈجىنىڭ تەرجىمىھالى»).
شىڭتاڭ چاڭشەن ۋىلايىتىگە تەۋە ئىدى؛ شاڭگو (ھازىرقى
خېبېيدىكى شىڭتەي) بولسا سىجو ئايمىقىنىڭ گۇاڭپىڭ ۋىلايىتى-
گە تەۋە بولۇپ، شىمالدا دىڭجۇ ئايمىقىنىڭ جاۋجۈن ۋىلاي-
تى بىلەن ئۆزئارا تۇتاشقاچقا، دىجۇ ئايمىقىدىكى دىڭلىڭ-
لارنىڭ جايلاشقان رايونلىرى ئىدى. بۇ دى جەمەتىدىن بول-
غان دىڭلىڭلارنىڭ ھەر قايسى ئۇرۇقلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىلادى 383 -
يىلى دى بىن ئۆز قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ فۇجيەن
قۇرغان ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىغا قارشى تۇرغاندا، ئۇنىڭ
4000 كىشىلىك «چاچما قوشۇنى» بار ئىدى. ھەر بىر
تۇتۇندىن بىردىن كىشى چىققان دەپ ھېسابلىغاندا، دى بىننىڭ
باشچىلىقىدىكى دى جەمەتىدىكى ئادەم تەخمىنەن 20 مىڭ
ئەتراپىدا بولىدۇ، بۇ ئاساسەن، دى بىننىڭ باشچىلىقىدىكى دى
جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلارنىڭ ئومۇمىي سانى بولۇپ ھې-
سابلىنىدۇ. ياندۇرقى يىلى بولسا مۇروڭچۇي يېگە ھۇجۇم
قىلغان. تارىخ كىتابلىرىدا «مورۇڭچۇي 200 مىڭ دىڭلىڭ
ۋە ئۇغان ئەسكەرلىرىگە باشچىلىق قىلىپ، ئاسما شوتا ۋە
لەخمىلەردىن پايدىلىنىپ يېگە ھۇجۇم قىلغان.» («جىننامە.
فۇجيەن ھەققىدە خاتىرىلەرنىڭ داۋامى») دەپ خاتىرىلەنگەن.
بۇ ۋاقىتتا دى بىننىڭ ئىنىلىرىنىڭ قول ئاستىغا ئاز دېگەندە
دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلاردىن 100 مىڭ ئادەم توپلان-
غانىدى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا تەيخاڭشەن تېغىنىڭ باشقا رايون-
لىرىدىكى دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭ ئۇرۇقىدىكىلەرنىڭ
ئاۋاز قوشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، دى بىننىڭ ھۆكۈم-
رانلىقىدىكى ئەسلىدىكى ئۇرۇقنىڭ ئادەم سانى ئەمەس. مىلادى

338 - يىلى (جىن سۇلالىسىنىڭ تەييۇەن 13 - يىلى) داي بىننىڭ ۋارىسى دىلاۋ «بۇيۇك ۋېي بەگلىكى» نى قۇرغان ۋاقىتتا، «30 مىڭدىن ئارتۇق تۈتۈنى بار» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» 108 - جىلد جىن ۋۇدىنىڭ تەييۇەن 17 - يىلى) دەپ ئاتالغان بولۇپ، تەخمىنەن ھېسابلىغاندا، 100 نەچچە مىڭ ئادەم ئىدى. بۇ 100 نەچچە مىڭ ئادەم ئاساسەن دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلار بولۇپ، تەيخاڭشەن تېغىدىكى دى جەمەتىدىن بولغان بارچە دىڭلىڭلارنىڭ بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. مەسىلەن، شاڭداڭنىڭ خۇگۇەن دېگەن يېرىدىكى دى دۇ دەل بۇيۇك ۋېي بەگلىكىنىڭ سانغۇنى ئىدى. يۇقىرىدىكى ماتېرىياللار 16 پادىشاھلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلارنىڭ ئورۇقلىرى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم مۇناسىۋەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ قانداق جەمئىيەت قۇرۇلمىدا ئىپادىلىنىپ بېرىلگەنلىكى بىزگە يەنىلا نامەلۇم. كېيىن، بۇ خىل مۇناسىۋەت داۋاملىق كۈچەيگەن، بولۇپمۇ ئۇلار سىيانپىلار بىلەن كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىغا قارشى مىللىي ئۇرۇش ئېلىپ بارغان ۋە دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلارنىڭ بۇيۇك ۋېي بەگلىكىنى قۇرغان ۋاقىتتا، تېخىمۇ قويۇقلاشقانىدى.

(2) **شىيەنيۇ جەمەتى** شىيەنيۇ جەمەتى ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلارنىڭ ئىچىدە دى جەمەتىدىن قالسىلا، دىڭلىڭلارنىڭ ئىككىنچى چوڭ جەمەتى ئىدى. ئۇلارمۇ دىڭجۇ ئايمىقىغا تارقالغانىدى. مىلادى 385 - يىلى (جىن سۇلالىسىنىڭ تەييۇەن 10 - يىلى) دى بىن مۇرۇڭچۇي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. دى بىننىڭ ئەۋلادى دى جېن دىڭلىڭ قەبىلىلىرىگە باشچىلىق قىلىپ يې (ھازىرقى خېبېينىڭ لىنجاڭ

ناھىيىسى) دىن خەلدەن ئارقىلىق شىمالغا قاراپ سىلجىپ شىڭتاڭغا كېلىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈردى. تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، «دى جىنىنىڭ ئەمىر لەشكىرى شيەنيۇچى دى جىن ۋە دى بىنىنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى جاۋبىگى دەپ ئاتىغان» («ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 109 - جىلد جىنۋۇدىنىڭ تەييۇەن 10 - يىلى). مۇشۇنىڭدىن كېيىنكى خاتىرىلەردە 16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ شيەنيۇ جەمەتى كۆزگە چېلىقىشقا باشلايدۇ. دى جىن ئۆلگەندىن كېيىن، دى جەمەتىدىكى قوۋملار شيەنيۇچەنى ئۆلتۈرۈپ دى چېڭنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ تىكلەيدۇ. (دى چېڭ دى جىنىنىڭ ئىنىسى ئىدى). دى چېڭنىڭ شيەنيۇدى ئىسىملىك بىر دورغاپى بار بولۇپ، ئۇ دى چېڭنى ئۆلتۈرىدۇ ھەمدە كۈندىن - كۈنگە قىستاپ كېلىۋاتقان مورۇڭچۇينىڭ كېيىنكى يەن قوشۇنىغا تەسلىم بولىدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شيەنيۇچى بىلەن شيەنيۇدىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايى شىڭتاڭ (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىڭتاڭ ناھىيىسى) ئىدى. ياندۇرقى يىلى (مىلادى 386 - يىلى) شيەنيۇچىباۋ⑥ ئىسىملىك بىرەيلەن مورۇڭچۇينىڭ جەنۇبقا بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىشىتىپ قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلىپ، «چۇياڭدىكى ‹غەربىي تاغ›نى بازا قىلىپ قوۋملىرىنى باشلاپ» ۋاڭدۇغا كەلمەكچى بولغاندا («ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 106 - جىلد، جىنۋۇدىنىڭ تەييۇەن 11 - يىلى)، كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى مورۇڭچۇي تەرىپىدىن تىرىك قولغا چۈشۈرۈلىدۇ. ۋاڭدۇ جوڭشەن ۋىلايىتىگە تەۋە بولۇپ؟ جەنۇبتا چاڭشەندىكى شىڭتاڭغا تۇتىشاتتى. پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلىرىدىن قارىغاندا، بۇنىڭدىكى شيەنيۇچىباۋ بىلەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شيەنيۇچى، شيەنيۇ دىلەر بىر مىل-

لەتتىن ئىدى. مىلادى 402 - يىلى شيەنيۇسىباۋ ئىسمىلىك
يەنە بىرەيلەن (ئېھتىمال يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شيەلىيۇچىـ
باۋ بىلەن بىر ئادەم بولۇشى مۇمكىن) «چاڭشەندىكى يىپەكنى
لىرىنى شىڭتاڭغا توپلاپ» («ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە»)
ۋېي سۇلالىسىگە قارشى تۇرغان، ۋېي سۇلالىسى چاڭشەننىڭ
ۋالىيسى لوفۇلىيەننى ئەۋەتىپ ئۇلارنى باستۇرغان. مىلادى
428 - يىلى (شىمالىي ۋېينىڭ شېنجيا تۇنجى يىلى) «دىڭجۇ
ئايىمىقىدىكى دىڭلىڭلاردىن شيەنيۇتەيياڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ
شىشەنگە بېسىپ كىرىپ، ئايماق - ناھىيىلەرنى بۇلاڭ - تا-
لاڭ قىلغاندا، ئايماق قوشۇنلىرى ئۇلارغا جازا يۈرۈش قىلغان
بولسىمۇ، زور چىقىمغا ئۇچرىغان» («ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە
خاتىرە»)، بۇ يەردىكى شىشەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان شيەنـ
يۇچىباۋ ئىگىلىۋالغان چۆياڭدىكى غەربىي تاغ بولۇشى كېرەك.
يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، 16 پادىشاھلىق ۋە
شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ شيەنيۇ جەمەتىـ
نىڭ پائالىيىتى باشتىن - ئاياغ دىڭجۇ ئايىمىقىنىڭ چاڭشەن
ۋە جوڭشەن ۋىلايەتلىرى بىلەن چەكلىنىدىگەنىدى. مىلادى
447 - يىلى (ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تەيپىڭنىڭ جېن
جۈن 8 - يىلى) ۋېيشىزۇ توغباتتاۋ «دىڭجۇ ئايىمىقىدىكى دىڭـ
لىڭلاردىن 3000 ئۆيلۈكنى ۋېي سۇلالىسىنىڭ پايتەختى
(ۋېي سۇلالىسىنىڭ پايتەختى يەنى دەي بو-
لۇپ، ھازىرقى داتوڭ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا) گە
كۆچۈرگەن»، كۆچۈرۈلگەن بۇ 3000 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق دىڭـ
لىڭلارنىڭ ئىچىدە دى جەمەتىدىن باشقا يەنە شيەنيۇ جەمەتـ
مۇ بولۇشى مۇمكىن. ئالتە قورغان توپىلىڭى ۋاقتىدىكى قوز-
غىلاڭچى قوشۇننىڭ مەشھۇر رەھبىرى شيەنيۇشىلىننىڭ ئەسلىي
يۇرتى دىڭجۇ ئايىمىقى بولۇپ، ئۇ پايتەخت دەيگە سۈرگۈن
قىلىنغاندىن كېيىن قايتا يەنە ۋۇيەن قورغىنىغا ھەيدەلگەنىـ

دى. ئالتە قورغان توپىلىڭى ۋاقتىدا، شيەنيۇ شيۇلى دىڭجۇ ئايمىقىغا قايتىپ كېلىپ، شيەنيۇ قوۋملىرىنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قوزغىغان. شۇڭا «ۋېينامە. سۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە «ۋۇيۇەندىكى تەسلىم بولغان ئاھالىلەر (ئىلاۋە: دىڭجۇ ئايمىقىدىكى شيەنيۇ جەمەتى، ۋېي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاچقا، «تەسلىم بولغان ئاھالىلەر» دەپ ئاتالغان) دىن شيەنيۇشيۇلى دىڭجۇ ئايمىقىدا ئىسيان كۆتۈردى» دېيىلگەندى. شيەنيۇشيۇلىنىڭ ۋۇيۇەن (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى باۋتونىڭ غەربىدە) دە ئەمەس، بەلكى دىڭجۇ ئايمىقىغا بېرىپ ئىسيان كۆتۈرۈشى، توغبات - ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى (يەنى شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ ئاخىرقى يىللىرى) دىمۇ دىڭلىڭلارنىڭ شيەنيۇ جەمەتىنىڭ ئاساسەن يەنىلا دىڭجۇ ئايمىقىغا تارقالغانلىقىنى، بولۇپمۇ جوڭشەن ۋىلايىتىنىڭ ۋاڭدۇ، چاڭشەن ۋىلايىتىنىڭ چۇياڭ، شىڭتاڭ ۋە ئۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغ ئىچىگە بىرقەدەر زىچ تارقالغانلىقىنى، دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلارغا ئوخشاش كەڭ ۋە تارقاق تارقالمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(3) لو جەمەتى دىڭلىڭلارنىڭ لو جەمەتى «ۋېينامە. تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دىلا چېلىقىدۇ، ئۇنىڭدا: «تەيچاڭنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادى 417 - يىلى) 11 - ئايدا، ئەمىر زىبىنن چاڭسۇن سوڭ قاتارلىقلار قوشۇن باشلاپ لېيىڭغا باردى. چاڭسۇن سوڭ يارلىققا بىنائەن ئىپ جىلڭ، جۇجى ۋە خان تاغىسى سۇنجەن بىلەن بىرگە غەربىي تاغدىكى دىڭلىڭلاردىن بولغان دى شۇ ۋە لوجىلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى يوقىتىپ قايتتى» دەپ قەيت قىلىنغان. لېيىڭ بىڭجۇ ئايمىقىنىڭ لېيىڭ ۋىلايىتىگە تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى سەنشىنىڭ

شياڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئىدى. ئىلى چىلىڭ قاتارلىقلار جازا يۈرۈش قىلغان دىڭلىڭلارنىڭ لو جەمەتى ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى يېتىپ بارغان لىيېڭدىن ئانچە يىراق بولمىغان دىڭجۇ ئايمىقىنىڭ چاڭشەن ۋىلايىتى ياكى جوڭشەن ۋىلايىتىنىڭ دائىرىسىگە، يەنى بۇ ئىككى ۋىلايەتكە تارقالغان دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلار بىلەن بىر جايغا تارقالغانىدى.

(4) **يەن جەمەتى** دىڭلىڭلارنىڭ يەن جەمەتى «جىنىنامە. مۇرۇڭشىڭ ھەققىدە خاتىرە» دە كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئەندىنىڭ لوڭئەن ئىككىنچى يىلى (مىلادى 398 - يىلى) مۇرۇڭچى قوۋملىرىنى جەنئەنگە توپلاپ لەنخەنگە جازا يۈرۈش قىلدى، يۇقرالار ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى ...... مۇرۇڭچى يىلىيەنگە كىرىپ ئورۇنلاشتى، مۇرۇڭشىڭ لەنخەننى قەتل قىلماقچى بولۇپ، مۇرۇڭچىنى قوشۇننى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بۇيرۇق قىلغاندا، مۇرۇڭچى دىڭلىڭلاردىن بولغان يەن شىڭ ۋە ئوغانلاردىن بولغان ۋاڭ لوڭ بىلەن بىرلىشىپ مۇرۇڭشىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى، قوشۇنلىرىنى ئېلىپ خېڭگوغا كېلىپ، لوڭچېڭ شەھىرىگە 10 چاقىرىمچە يېقىنلاپ باردى، مۇرۇڭشىڭ ئەسكەر چىقىرىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى، مۇرۇڭچىنى تۇتۇپ، ۋاڭ لوڭ، يەن شىڭ قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالدى».

«تارىخىي كىتابلاردىكى جىڭرا - قورغانلارغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» نىڭ 18 - جىلد، دانىڭ ياساۋۇلخانىسىنىڭ يىلىيەن قەلئەسى ماددىسىدا «يىلىيەن قەلئەسى يىڭجۇ ئايمىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 200 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا»،

«جەنئەن قەلئەسى بۇرۇنقى يىلىيەن قەلئەسىنىڭ جەنۇبىي-لىكىدىكى شىمالىدا ...... چىن سۇلالىسىنىڭ لوڭئەن 2-يىلى مورۇكشىلىڭ مورۇكچىنى لوگچىڭ قەلئەسىنى تاشلاپ چىقىشقا مەجبۇر قىلىپ، جەنئەندىن قوزغىلىپ يىلىيەنگە كېلىپ ئورۇنلاشتى» دەپ قەيت قىلىنغان. يىكجۇ ئايمىقىنىڭ بۇرۇنقى شەھەر ئورنى ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ چاۋياڭ ناھىيىسىنىڭ دائىرىسىدە ئىدى. لىگجى بولسا ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىكى چيەنئەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە ئىدى. يىلىيەن بىلەن چيەنئەن قەلئەسى ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ جيەنچاڭ ناھىيىسى ئەتراپىدا ئىدى. مورۇكچى جەنئەندە قوشۇنلىرىنى قوزغىغاندا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مورۇكشىبىگا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن دىڭلىڭلارنىڭ يەن جەمەتى شۇبھىسىزكى، جەنئەنگە ياكى جەنئەنگە يېقىن ئايرىم جايلارغا يەنى ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ جيەنچاڭ ناھىيىسى ئەتراپىغا تارقالغانىدى.

دىڭلىڭلارنىڭ يەن جەمەتى ۋاڭ ماڭنىڭ يېڭى ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى يەنيونىڭ باشچىلىقىدىكى دىڭلىڭلاردىن بولغان قەبىلىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن. «خەننامە. ھونلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ داۋامى» دا يەنيونىڭ ۋاڭ ماڭغا ھونلارغا جازا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بەرگەن بىر پارچە ئۇزۇن تەكلىپى خاتىرىلەنگەن. تەكلىپنامىدىن قارىغاندا، يەنيو مەدەنىيەتلىك، تەربىيە كۆرگەن ۋە تارىخ كىتابلىرىنى ئىنتايىن پىششىق بىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ دىڭلىڭلارنىڭ بارلاسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەنزۇ مىللىتىنىڭمۇ تۆرىسى ئىدى. بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ «كۆنچىلىقىش تەرەپلەرنىڭ سانغۇنى» دەپ ئاتىلىشى ۋاڭ ماڭنىڭ يېڭى ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي شىمال چېگرىسىنى قوغداشتا مەسئۇل

قىلىنغانلىقىدىن بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى دىڭلىڭلار خەن سۇلالىسىنىڭ شەرقىي شىمال چېگرا رايونلىرىغا ماكانلاشقانىدى. بۇ بىر قىسىم دىڭلىڭلار ئېھتىمال 16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى جەنئەندە ئولتۇراقلاشقان يەن جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلار كېيىن نېمە ئۈچۈن خەنزۇ مىللىتىنىڭ يەن ([illegible]) فامىلىسىنى ئۆزلىرىگە جەمەت نامى قىلىۋالغان؟ «ئون پادىشاھلىق. ۋېي پادىشاھلىقى تەزكىرىسى» دە فىبي سوگجى «ۋېينامە» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ، «ئوغانلارنىڭ فامىلىلىرى تۇراقسىز، ئۇلار ئاتاغلىق بوزرۇكۋارلارنىڭ ناملىرىنى ئۆزلىرىگە جەمەت نامى قىلاتتى» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ بىر قىسىم دىڭلىڭلار ئوغانلار بىلەن ئۇزاققىچە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقاچقا، ئوغانلارنىڭ بۇ خىل ئادىتىنى قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. يەنىۇ ئۇلارغا باشچىلىق قىلغاندا، بەلكىم يەنە ئۇلار ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، «پالۋان» دەپ ئىززەتلىنىپ، ئۇنىڭ نامى بىردەك جەمەت نامى قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇمۇ بىر خىل پەرەزدۇر.

(5) سۇفالى دىڭلىڭلىرى «ۋېينامە. توغبات ليۇ خۇنىڭ تەرجىمھالى» دا ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

ليۇ خۇ دەسلەپتە دەي دۆلىتى (توغبات دەي دۆلىتىنى كۆرسىتىدۇ) گە بەيئەت قىلغانىدى. كېيىن قەبىلىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، قوشۇن توپلاپ ئىسيان كۆتۈردى. پىڭۋېن (توغبات) يۇلۇ. مىلادى 321 — 316 – يىللار) جىن سۇلالىسىنىڭ بىڭجو ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى ليۇ كۇن بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭغا جازا يۈرۈش قىلدى. ليۇ خۇ قېچىپ بېرىپ، سۇفالىنى ئىگىلىدى……

ليۇ سۇلا (ليۇ يەنىڭ ئوغلى، ئالدىنقى جاۋ پادى-

شاھلىقىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمرانى) ليۇ خۇنى «بىر
جەمەتتىن» دەپ قاراپ، ئۇنى شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى
سانغۇن، سىيانپىلارنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى نازارەت قىلـ
غۇچى، دىڭلىڭلارنىڭ كەپتاۋۇلى قىلىپ دەريادىن قايتا
ئۆتۈپ دەي دۆلىتىنىڭ غەربىي قىسمى (توغبات — دەي
دۆلىتىنىڭ غەربىي قىسمى) غا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى.
پىڭۋېن قايتۇرما زەربە بېرىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى.
ليۇ خۇ چېكىنىپ، شىمالغا قېچىپ كەتتى.

ليۇ خۇنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايى سۇفاڭ ۋىلايىتى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئېكجاۋ ئايمىقى بىلەن سەنشىنىڭ غەربىي شىمال قىسمى) دا بولۇپ، شەرقتە خۇاڭخېدىن ئۆتمەيتتى، يەنە كېلىپ نامى شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن دېگەن ئاتاقتا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ راستتىنلا سۇفاڭ ۋىلايىتىگە تارقالغانلىقىدا شەك يوق ئىدى.

(6) مىيۈن دىڭلىڭلىرى «ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» بىلەن «ۋېينامە. شىجىنىڭ تەرجىمىھالى» دا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، مىلادى 432 - يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ يەنخې تۇنجى يىلى) دا ۋېي شىزۇ (يەنى شىمالىي ۋېينىڭ پادىشاھى تەيۋۇدى) تۇغباتتاۋنىڭ مىيۈن دىڭلىڭلىرىنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، شىمالىي يەن بەگلىكىگە جازا يۈرۈش قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. «ۋېينامە» گە ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان مىيۈن دىڭلىڭلىرى «بىر تۇمەن» دىن ئارتۇق بولۇپ، مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، مىيۈن دىڭلىڭلىرىنىڭ ئاز دېگەندە 40 — 50 مىڭ نوپۇسى بولغان؛ بۇ سان ئاز ئەمەس. يەنە «ۋېينامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، تىشى قەلئەسى مىيۈن ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ مىيۈن ناھىيىسى) بولۇپ،

خۇاڭشىنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 397 - يىلى) تەسىس قى-
لىنغان. مىيۇن، ياۋيالا، بەيشۇلدىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىنى
باشقۇرغان. 2231 تۈتۈن، 9111 نوپۇس بولغان. نەچچە
ئون مىڭ مىيۇن دىڭلىڭلىرى ئەينى ۋاقىتتا نوپۇس سانىغا
كىرگۈزۈلمىگەن، بەلكى دىڭلىڭلارنىڭ ئاقساقاللىرى تەرىپىدىن
ئايرىم - ئايرىم ئىدارە قىلىنغانىدى.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ۋېي، جىن سۇلالىلىرى
ئارىلىقىدا ئىچكى رايونلارغا كۆچۈپ كەلگەن دىڭلىڭلارنىڭ
تارقالغان رايونلىرى كۈندىن - كۈنگە كېڭىيىپ مەملىكىتى-
مىزنىڭ پۈتكۈل شىمالىي قىسمىنى دېگۈدەك قاپلىغان. بۇنىڭ
ئىچىدە خېبېي، سەنشى ۋە خېنەندىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلكىگە
تارقالغان دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلارنىڭ تەسىر كۈچى
ئەڭ زور بولغان. ئىگىلىگەن زېمىن دائىرىسىمۇ ئەڭ كەڭ
ئىدى. مۇشۇنداق بولغاچقا، 16 پادىشاھلىق ۋە شىمالىي
سۇلالىلەر دەۋرىدە، دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلارنىڭ پا-
ئالىيىتى باشقا دىڭلىڭلارنىڭكىگە قارىغاندا ھەرىكەتچان ۋە
جانلىق بولغانىدى.

## 3. 16 پادىشاھلىق دەۋرىدە ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلار

(1) جوڭشەن دىڭلىڭلىرىنىڭ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى جاۋ
پادىشاھلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، جۇدىلىڭ بېگى دى بىن
يۇقىرىدا، بىز مىلادى 316 - يىلى جوڭشەن دىڭلىڭلى-
رىدىن بولغان دى شۇنىڭ قوزغىلىپ شىلانىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا
قارشى تۇرغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. ئەينى

ۋاقىتتا شى ـ جاۋ (يەنى كېيىنكى جاۋ پادىشاھلىقى) پادىشاھلىقى
تېخى قۇرۇلمىغان بولغاچقا، شىلا نامدا يەنىلا ئالدىنقى جاۋ
پادىشاھلىقىنىڭ سانغۇنى ئىدى. لېكىن ئۇ مىلادى
314 - يىلى ياۋجۇ ئايمىقىنىڭ تەپرىقەچى بېگى ۋاڭ جۈنگە
ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن،
تەيخاڭشەن تېغىنىڭ شەرقىدىكى كەڭ رايونلارنىڭ ئەمەلىي
ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. جوڭشەن ۋە چاڭشەندىكى دى جەمەتى
دىن بولغان دىڭلىڭلار ئېھتىمال شىلا ۋاڭ جۈننى ئۆلتۈرگەندە،
ئۇنىڭغا بويسۇنغان بولۇشى مۇمكىن. ۋاڭ جۈن يوقىتىلغاند
دىن كېيىن جىن سۇلالىسىنىڭ بىڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق
بېگى ليۇ كۈن ئارقا ـ ئارقىدىن شەرقتە جىڭجىڭدىن قوشۇن
چىقىرىپ، شىلانىڭ قوشۇنلىرى بىلەن چاڭشەن ۋە جوڭشەنلەردە
كەسكىن ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. ئۇرۇش، شۈبھىسىزكى شۇ
جايدىكى دىڭلىڭلارغا ئېغىر يۈك ۋە ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە مىلادى 314 - يىلىدىن باشلاپ، چاڭشەن
نىڭ شىمالىدىكى ياۋجۇ ئايمىقىدا «ئېغىر سۇ ئاپىتى» يۈز
بېرىپ، كىشىلەر ھوسۇل ئالالمىدى. جەنۇبىدىكى شياڭ
(ھازىرقى شىڭتەي) دا «ئېغىر ئاچارچىلىق ئاپىتى» يۈز بېرىپ،
«ئىككى كاپچى ئاشلىقنىڭ باھاسى ئىككى جىڭ كۈمۈشكە
توغرا كەلدى». دىڭلىڭلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جوڭشەن
ۋە چاڭشەن ۋىلايەتلىرىنى «چېكەتكە ئاپىتى قاپلاپ كەتتى»
تەبىئىي ئاپەت مۇشۇنداق ئېغىر ئەھۋال ئاستىدا، شىلا «ئەمە
لىي نوپۇس سانىغا قاراپ، ھەربىر نوپۇستا ئىككىدىن ئات،
ئىككى پاتماندىن ئاشلىق ئالۋاڭ چاپتى.» («جىننامە. شىلا
ھەققىدە خاتىرە»). شىلا 16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئاتاغلىق زالىم
پادىشاھ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئېجارە ۋە سېلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن
چاڭشەن بىلەن جوڭشەن رايونىدىكى دىڭلىڭلارغا قانداق تاقابىل
تۇرغانلىقىنى مۇشۇنىڭدىنمۇ ئويلاپ بىلگىلى بولىدۇ. مىلادى

316 - يىلى، چىقىش يولى قالمىغان دىڭلىڭلار ئۆز قەبىلە ئاقساقىلى دى شۇنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلىپ شىلانىڭ مۇكۇمرانلىقىغا قارشى (يەلى يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىلدە دېيىلگەن «شىلاغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ») تۇرۇپ، جوڭشەن بىلەن چاڭشەندىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەتنىڭ مەركىزىگە ھۇجۇم قىلدى. شىلا شەخسەن ئۆزى زور قوشۇن بىلەن جازا يۈرۈش قىلىپ، دىشۇنىڭ ئاتىسى بىلەن خوتۇنىنى تۇتۇپ كەتتى. دىشۇ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قالدۇق قوۋملىرىنى باشلاپ، شۇگۇەن (ئۇرنى ئېنىق ئەمەس) ئارقىلىق، دەيجۇن ۋىلايىتى (مەركىزى دەيشەن ناھىيىسىدە بولۇپ، ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋېيشەن ناھىيىسىنىڭ شەرقى) گە قېچىپ كەتتى. قېچىپ كېتەلمىگەن قالغان دىڭلىڭلار ئۆزلىرىنىڭ يەنە بىر قوماندانى دى بىنىنىڭ باشچىلىقىدا، چاڭشەن بىلەن جوڭشەننىڭ غەربىدىكى تەيخاڭشەن تېغىنىڭ تاغ - جىلغىلىرى ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن. مىلادى 330 - يىلى شىلا ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىدى. بۇ مەزگىلدە ئالدىنقى جاۋ پادىشاھلىقى ئاللىقاچان يىمىرىلگەن بولغاچقا، شىلا خۇەيخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى ئاساسەن دېگۈدەك بىرلىككە كەلتۈردى. تارىخ كىتابلىرىدا شىلا ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىغان ئاشۇ يىلدا، دىڭلىڭلاردىن بولغان دى بىنىنىڭ ئوردىغا كېلىپ شىلا بىلەن شياڭگو (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىڭتەي) دا كۆرۈشكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. شىلا دى بىنگە جۇ دىڭنىڭ ۋاڭلىق ئۇتۇغاتىنى بەرگەن. جۇ دىڭ ئەسلى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي جەنۇبتىكى ياۋايىلار ئېلىنىڭ نامى بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرقى ئورنى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ توڭخەي ناھىيىسىدە ئىدى. شىلانىڭ دى بىنگە چاڭشەن ياكى جوڭشەن ۋاڭلىق ئۇتۇغاتىنى بەرمەي، بەلكى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغان جۇ دىڭنى دى بىنىنىڭ نامى

قىلىشى، ماھىيەتتە دى بىنىنىڭ دىڭلىڭلارنىڭ ۋاڭى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقى ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭدا مەنستىمەسلىك نىيىتىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

دىشۇنىڭ باشچىلىقىدا دەيجۇن ۋىلايىتىگە قېچىپ بارغان دىڭلىڭلار، دى بىنگە ۋاڭلىق ئۇتۇغاتى بېرىلىپ دىڭلىڭلار كېيىنكى جاۋ ھاكىمىيىتى بىلەن ياراشقاندىن كېيىن، يەنە قايتىدىن چاڭشەن بىلەن جوڭشەنگە قايتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

**(2) جوڭشەن دىڭلىڭلىرىنىڭ ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىغا بەيئەت قىلىشى، ئادىل، بەيئەتچى دىشۇ**

مىلادى 350 - يىلى (جىن سۇلالىسىنىڭ يوڭجى 6 - يىلى)، كېيىنكى جاۋ پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىپ، يېچمىك بىلەن شياڭگۇ ئۇرۇش گىردابىغا چۈشۈپ قالدى. سيانپىلارنىڭ مورۇڭ جەمەتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇنلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىدىن تېزلىك بىلەن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، ياۋجۇ ۋە جىجو ئايمىقىدىن ئىبارەت ئىككى ئايماقنىڭ كۆپلىگەن زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىۋالدى. مىلادى 351 - يىلى 8 - ئايدا يەن پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى مورۇڭجۈن ئاجىز ۋېي قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، جوڭشەننى ئىشغال قىلدى، «مورۇڭجۈن قوشۇنلىرىغا قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھەرقانداق جىنايى قىلمىشقا يول قويمىدى». كېيىنكى جاۋ پادىشاھلىقىنىڭ زالىملىقىنى يەتكىچە تارتقان دىڭلىڭ خەلقى يەن قوشۇنلىرىنىڭ كېلىشىنى قارشى ئالدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا دىشۇ كېيىنكى جاۋ پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زور قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، دىڭلىڭ قەبىلىلىرىنى باشلاپ «مورۇڭجۈنگە تەسلىم بولدى». مورۇڭجۈن دى-

شۇغا ئادىل بەيشەتچى ۋاڭ دېگەن ئۇتۇغات نامىنى بەردى. («جىننامە. مورۇڭجۇن ھەققىدە خاتىرە»، «16 پادىشاھلىق يىلنامىسىگە تولۇقلىما، ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر»).

تارىخىي كىتابلاردا ئالدىنقى يەن پادىشاھلىق ھۆكۈمرانلىق قىلغان 20 يىل (مىلادى 351 - دىن 370 - يىلغىچە) ئىچىدە، دىڭلىڭلارنىڭ ئالدىنقى يەن ھاكىمىيىتى بىلەن قانداق سۈركىلىشلىرىنىڭ بولغانلىقى خاتىرىلەنمىگەندى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئالدىنقى يەن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دىڭلىڭلارنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلىرىنى ئۆزىگە تارتىشى بىرقەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانىدى ⑦.

**(3) ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىنىڭ جوڭشەن دىڭلىڭلىرىنى شىنئەن بىلەن مىيەنچىگە كۆچۈرۈشى، دى بىننىڭ چىن پادىشاھلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشى**

ئالدىنقى يەن ئاقسۆڭەكلىرى خېبېي قاتارلىق جايلاردا فېئودال تەپرىقە قىلىۋاتقان ۋاقىت بىلەن تەڭ، دى مىللىتىدىن بولغان خۇ جەمەتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىنىڭ كۈچى شەنشىنىڭ گۇەنجوڭ رايونىدا تېزدىن تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى، مىلادى 370 - يىلى (چىن سۇلالىسىنىڭ تەيخې 5 - يىلى) فۇجيەن ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنى يوقاتتى. شۇ يىلى فۇجيەن ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنىڭ مورۇڭ جەمەتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى بىرقەدەر قويۇق بولغان دىڭلىڭ بارلاسلىرىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، خۇ جەمەتىنىڭ چىن سۇلالىسىنىڭ خېبېي قاتارلىق جايلاردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن سىپاھىي خەلقىدىن 40 مىڭ نوپۇسنى چاڭئەنگە كۆچۈردى، ياندۇرقى يىلى (مىلادى 371 - يىلى)

يەنە گۇەندۇڭدىكى ئەرقايىسى «ئارىلاشما بەدئۆلەر» دىن 100 مىڭ نوپۇسنى گۇەنجۇڭغا كۆچۈردى؛ دىڭلىڭلارمۇ مۇشۇ قېتىمقى كۆچۈشتە بار ئىدى. فۇجيەن دىبىن (بۇ چاغدا دىشۇ بەلكىم قېرىپ ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن⑧) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى دىڭلىڭلارنى شىنئەن بىلەن مىيەنچى دېگەن ئىككى جايغا ئورۇنلاشتۇردى⑨. فۇجيەنمۇ دىڭلىڭلارنىڭ بارلاسلىرىنى ئۆزىگە تارتىش، سىڭتۇبىلىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، دىبىننى مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ مۇلازىم كەپتاۋۇللۇقىغا تەيىنلەپ، ئۇنى دىڭلىلارنىڭ ئەرلىرىنى يىغىپ ۋە ئۇلارغا باشچىلىق قىلىپ جازا يۈرۈشكە قاتنىشىشقا بۇيرۇق قىلدى.

مىلادىيە 383 - يىلى (جىن سۇلالىسىنىڭ تەييۈەن 8 - يىلى) دىبىن دىڭلىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ، فۇجيەن بىلەن بىرگە، شەرقىي جىن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلدى. ئالدىنقى چىن قوشۇنلىرى فېيشۈي ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ يىمىرىلدى. دىبىن دىڭلىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ خېنەننىڭ شىئەن دېگەن جايىغا قايتىپ كەلدى. فۇجيەن يول بويى مەغلۇپ بولۇپ يېنىراپ كەتكەن ئەسكەرلىرىدىن «100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم» نى قايتا توپلىدى. بىراق ئۇ گۇەنجۇڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن لويالغا 4000 ئەسكەرنى، يېچىڭغا 3000 ئەسكەرنى، بىڭجو ئايمىقىغا 5000 ئەسكەرنى قالدۇرۇپ، قالغان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، گۇەنجۇڭغا كىردى. ئەلۋەتتە فۇجيەن قالدۇرۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش قىلىش جەڭگىۋارلىقىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان بۇ ئاز ساندىكى قالدۇق ئەسكەرلەرگە تايىنىپلا گۇەندۇڭنىڭ كەڭ زېمىنىنى كونترول قىلغىلى بولمايتتى. شۇ سەۋەبتىن دىبىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، گۇەندۇڭدا ھەممىدىن ئاۋۋال ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىغا قارشى چوڭ بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقتى⑩. ئۇزاق ئۆتمەي ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىمۇ يىمىرىلدى.

## (4) دىڭلىڭلارنىڭ كېيىنكى يەن پادىشاھلىقى بىلەن بولغان كۈرىشى

مىلادى 383 - يىلى 12 - ئايدا دى‌بىن دىڭلىڭلارنىڭ «چاچما قوشۇنى»نى باشلاپ، شىنئەن بىلەن مىيەنچىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن قوزغىلىپ، بىر يولىلا لوياڭنىڭ يېنىدىكى مۇھىم قورغان خېنەن ناھىيىسى (خېنەن ناھىيىسى ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقى دەۋرىدە يۇجۇ ئايمىقىغا قارايتتى، ھازىرقى لوياڭ شەھىرىنىڭ غەربىي شەرق ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدۇ.) نى ئىشغال قىلدى. ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنىڭ ئاقسۆڭەكى مورۇڭجىڭ بىلەن ئىلگىرىكى ۋەزىر ۋاڭ تېڭ قاتارلىقلار بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ھەرقايسىسى ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ كېلىپ تېزلىك بىلەن ئىتائەت قىلدى. ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىنىڭ يۇجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى، لوياڭنىڭ تۇرغاق سانغۇنى خۇخۇي باش سانغۇن ماۋ داڭنى دى‌بىننى جازالاشقا ئەۋەتتى. دى‌بىن ئالدىنقى چىن قوشۇنلىرىنى بىراقلا مەغلۇپ قىلىپ، ماۋ داڭنى ئۆلتۈردى ھەمدە ئالدىنقى چىن قوشۇنلىرىنىڭ مۇھىم ھەربىي مۇداپىئە قورغىنى بولغان لىڭ يۈنتەي (ھازىرقى لوياڭدىكى شىگۇەن) نى ئىشغال قىلىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ساۋۇت - دۇبۇلغىنى غەنىيمەت ئېلىپ، بىر مەھەل زور زىلزىلە پەيدا قىلدى. لوياڭدا جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان خۇخېڭ ئالدىراپ - تېنەپ چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەن فۇجيەن بىلەن ئالدىنقى چىننىڭ يىچىڭ شەھىرىدىكى باسقاققۇلى چاڭلې بېگى فۇپىگە جىددىي قۇتقۇزۇشنى مۇراجىئەت قىلدى. ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنىڭ ئاقسۆڭەكى، ئالدىنقى چىننىڭ ئۇزغان سانغۇنى مورۇڭچۇي دەل بۇ چاغدا يېچىڭ شەھىرىدە ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنىڭ بۇرۇنقى ئادەملىرى بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلاپ، ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىنى پىلانلاۋاتاتتى. فۇپى مورۇڭ-

چۈينىڭ قوشۇنلىرىدىن 2000 ئادەمنى لوياڭغا ئەۋەتىپ دې بىنگە زەربە بېرىشكە يولغا سالدى. فۇپى دىڭلىڭلار بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولغان مورۇك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دې‌بىن بىلەن بىرلىشىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دې مىللىتىدىن بولغان سانغۇن فۇ فېيلوڭنىڭ باشچىلىقىدا دىلارنىڭ 1000 نەپەر ئاتلىق ئەسكىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇنى نازارەت ئاستىغا ئالدى. مورۇكچۇي قوشۇنلىرىنى باشلاپ خېبېي (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شىنياڭ ناھىيىسى) گە يېتىپ بارغاندا فۇ فېيلوڭنى ئۆلتۈرۈپ، دىلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى. دې بىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال ئەلچى ئەۋەتىپ مورۇكچۇينى ئىتتىپاقنىڭ باشلىقى قىلىپ تىكلەپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مورۇكچۇي مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندىمۇ يەنىلا ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىغا ئاشكارا قارشى تۇرماي، فۇجيەنگە مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى ئاقلىدى. دې‌بىن قايتا يەنە دورغاپ گوتوڭنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» (105 ـ جىلد، جىن سۇلالىسىنىڭ تەييۈەن 9 ـ يىلى) دە گوتوڭنىڭ مورۇكچۇيگە مۇنداق دېگەنلىكى خاتىرىلەنگەندى:

سانغۇن جاناپلىرىنىڭ پېقىر گوتوڭ بىلەن كۆرۈ-
شۈشنى رەت قىلغانلىقى، ئاكا ـ ئۇكا دې بىنلەر قارا تۇ-
رۇك، ئىقتىدارى يوق، ھېچقانداق زور ئىشنى ۋۇجۇدقا
چىقىرالمايدۇ دەپ قارىغانلىقىمۇ ـ قانداق؟ مەيلى قانداق
بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سانغۇن جاناپلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە
ئۇلار بىلەن بىرلىشىشىنىڭ ئۆزى زور ئىشنى ۋۇجۇدقا
چىقىرىشقا پايدىلىقتۇر!

مورۇكچۇي گوتوڭنىڭ بۇ پەندى ـ نەسىھىتىنى ئاڭلى

غاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى. بۇ بىر تە-
رەپتىن مورۇگچۇينىڭ ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىغا قارشى
تۇرۇشىنىڭ پۈتۈنلەي دېگۈدەك قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ تۈرت-
كىسى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە،
يەنە بىر تەرەپتىن مورۇگ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دى بىن بىلەن
ئىتتىپاق تۈزگەنلىكىنى، ھە دېگەندىلا دېگۈدەك قوزغىلاڭچى
قوشۇنىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈش ھەرىكىتىنى «بىھۇدە زىيان تارتىپ قېلىشى» دىن ساقلاپ
قېلىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداق
تىمۇ يەنە باشقىلار تەرىپىدىن «قارا تۈرك» دەپ ئاتالغان
دى بىننىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭەيگەنلىكىنى، ئەينى ۋاقىتتا
ئەگەر سىياسىيى، ئوغانلار بىلەن تەڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسى
بار مورۇگ ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزمەيى، نوقۇل
دىڭلىڭلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپلا ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئازراقمۇ مۇۋەپپەقىيەت
قازىنىش ئۈمىدىنىڭ يوقلۇقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. خالاس.
384 - يىلى 1 - ئايدا دى بىن مورۇگچۇينى ھۆرمەت نامىنى
قوللىنىشقا دەۋەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مورۇگچۇي ئۆزىنى
ئۇلۇغ سانغۇن، يەن پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى (تارىختا كې-
يىنكى يەن دەپ ئاتالغان) دەپ جاكارلاپ، دى بىننى دىيانەت-
لىك تۆھپىكار ئۇلۇغ سانغۇن دەپ ئاتاپ، خېنەن ۋاڭى دېگەن
ئۇنۋانات نامىنى بەردى، دى بىننىڭ جەمەتىدىكى دىتەنىي ئۇلۇغ
ئەركان سانغۇن دەپ، خوگۇنوگۇۋاڭلىق ئۇنۋاناتىنى بەردى.
مورۇگچۇي بىلەن دى بىننىڭ بىرلەشمە قوشۇنلىرى لويانگدىن
ئالدىراپ - تېنەپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، يېچېڭ شەھىرىنى
ئىشغال قىلىپ ئۇنى پايتەخت قىلماقچى بولدى. بۇ چاغدا مو-
رۇگ جەمەتىدىكى ئاقسۆڭەكلەر خېبېينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا
تۇشمۇ تۇشتىن قوزغىلىپ، سىيانپىلارنىڭ بۇرۇنقى قەبىلە-

لىرى بىلەن. ئوغان قوماندانلىرىنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە كۈش-
كۈرتۈپ: «100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم توپلىدى» («جىننامە.
مورۇڭچۇي: ھەققىدە خاتىرە»)دى بىننىڭ باشچىلىقىدىكى دىڭ-
لىڭلارمۇ نەچچە ئون مىڭ بولۇپ، ھەممىسى بولۇپ 2009
دىن ئارتۇق ئىدى، 2 - ئايدا زور قوشۇن يېپچىڭ شەھ-
رىگە يېتىپ بېرىپ، ئۇنى مۇھاسىرىگە ئالدى. تارىخىي كى-
تابلاردا «مورۇڭچۇينىڭ دىڭلىڭ، ئوغانلاردىن بولۇپ 2000
مىڭدىن ئارتۇق ئادەمگە باشچىلىق قىلىپ، ئاسما شوتىلار
بىلەن يېپچىڭ شەھرىگە ھۇجۇم قىلغان» («جىننامە. فۇجيەن
ھەققىدە خاتىرە») لىقى خاتىرىلەنگەنىدى.

بۇ مەزگىلدە، مورۇڭچۇي ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى زور
ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن، ھەدەپ ئۆزگىلەرنى چەتكە
قاقتى. ئوغلى مورۇڭجاۋنى ۋەلىئەھد قىلدى ھەمدە مورۇڭ
جەمەتىدىكى ئاقسۆڭەكلەرگە كەڭ كۆلەمدە ئۇتۇغات بەردى:
17 ئادەمگە شاھزادىلىك، 37 ئادەمگە كىنەزلىك، 89 ئادەمگە
گراف، ۋىكونت ۋە بارۇنلۇق مەرتىۋىسىنى بەردى. يەنە ئوڭ
ۋە سول قول دورغاپ، مۇلازىم، كەپتاۋۇل بولغانلار سان -
ساناقسىز ئىدى. باشتا زور خىزمەت كۆرسەتكەن ئاكا - ئۇكا
دى بىنلەر بىلەن دىڭلىڭلارنىڭ باشقا قوماندانلىرى پۈتۈنلەي
سىرتتا قالدۇرۇلدى. بۇ دى بىن باشچىلىقىدىكى دىڭلىڭ قو-
ماندانلىرىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. دى بىن «ياپتا
گەپلەر بىلەن دىڭلىڭلار ۋە ئۆز جەمەتىدىكىلەرنىڭ
ئۆزىنى دىۋان بېگى قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى بىلدۈردى»،
كۈتۈلمىگەندە ھېچقانداق ئارتۇقچە بولمىغان بۇ تەلەپنى مو-
رۇڭچۇي تەرىپىدىن بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا رەت قىلىۋېتىلدى.
مورۇڭچۇي تەرىپىدىن فەنياڭۋاڭلىق ئۇتۇغاتى بېرىلگەن مورۇڭ-
دېي بىلەن چاپاۋۇل سانغۇن مورۇڭنۇڭ قاتارلىقلار ئاكا -
ئۇكا دى بىنلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، خىزمەت كۆرسىتىپ ئۆزلىرى-

گە تېخىمۇ تەمەننا قويۇشتى». ھەتتا ۋەلىئەھد موروڭباۋ ئاكا - ئۇكا دى بىنلەرنى ئۆلتۈرۈش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدى («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 105 - جىلد، جىن ۋۇدىنىڭ تەيۈەن 9 - يىلى). بۇنىڭ بىلەن دى بىن باشچىلىقىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ موروڭ ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بولغان زىددىيىتى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى.

ئاكا - ئۇكا دى بىنلەر موروڭ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ھەر ۋاقىت يېڭى قوپۇش خەۋپى بار ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزى ۋە نەچچە 10 مىڭ دىڭلىڭ قەبىلىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتماي باشقا يول بىلەن خەتەردىن قۇتۇلماقچى بولدى. بۇ چاغدا موروڭچۇي يېچېڭ شەھىرىنى ھۇجۇم قىلىپ ئالالمىغانلىقتىن، چاڭشۇي دەرياسىنىڭ سۇيىنى يېچېڭ شەھەرىگە قويۇۋېتەكەنىدى. دى بىن دىڭلىڭلاردىن بىرەيلەننى تۇن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ شەھەرگە كىرگۈزۈپ، مۇھاسىرىدە تۇرۇۋاتقان فۇپى بىلەن ئالاقە باغلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە دىڭلىڭلارنى ئەۋەتىپ توسمىنى بۇزدۇرۇۋەتتى. موروڭچۇي دى بىن ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرى دىتەن بىلەن دى مىنلەرنى تۇتۇپ كېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. دى بىننىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى دى جېن بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال 10 مىڭدىن ئارتۇق دىڭلىڭ «قوۋمى» نى باشلاپ، شىمالدىكى خەنەنگە قېچىپ كەتتى ھەمدە يەنە خىللانغان ئەسكەرلەرنى ئېلىپ قايتا يېچېڭ شەھىرىنى قورشاپ، فۇپى بىلەن ئىچى ۋە سىرتىدىن ماسلىشىپ، يەن پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇنلىرىنى شەھەر سىرتىدا يوقاتماقچى بولدى. كۈتۈلمىگەندە يېرىم يولدا موروڭباۋنىڭ باشچىلىقىدىكى يەن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى؛ دى جېن دىڭلىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ، خەنەن ئارقىلىق شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، شىيايى (ھازىرقى خەنەننىڭ شىمالىدا) دا، يەن پادىشاھلىقىنىڭ قوغلاپ كەلگەن قوشۇنلىرىنى مەغ-

لۇپ قىلىپ، غەلىبە پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ شىمالدىن جوڭ-
شەنگە قاراپ يول ئېلىپ، جوڭشەن شەھرىدىن ئانچە يىراق
بولمىغان چېگىيلىق (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ دىڭشيەن نا-
ھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى) نى ئىگىلىدى، دى جىنىڭ ئوغلى
دى لياۋ بولىڭدا ئەسكەرلىرىنى ئايرىپ، لۇكو (ھازىرقى خېبېي
ئۆلكىسىنىڭ شياۋياڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى) نى ئىگىلەپ،
دى جىن بىلەن ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشتى، يەن پادىشاھلى-
قىنىڭ قوشۇنلىرى لۇكوغا ھۇجۇم قىلغاندا، دى لياۋ ئۇرۇشتا
مەغلۇپ بولۇپ، ۋۇجى (ھازىرقى خېبېينىڭ ۋۇجى ناھىيىسى)
گە چېكىنىپ باردى. يەن قوشۇنلىرى ۋۇجىغا قوغلاپ بارغاندا،
دى لياۋ يەنە مەغلۇپ بولۇپ، قالدۇق قوۋملىرىنى باشلاپ
دى جىن بىلەن بىرلەشتى. دىڭلىڭلار مانا مۇشۇنداق ئوڭۇشسىز-
لىقلارغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاز ساندىكى يەن قوشۇن-
لىرى تەرىپىدىن مۇستەھكەم قوغدىلىنىۋاتقان جوڭشەن شەھ-
رىنى ئالالمىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تارىخىي كىتابلاردا
جوڭشەن شەھرىنىڭ ئەتراپىنىڭ «ھەممىلا يېرىگە دىڭلىڭلار
تارقىلىپ، شەھەر - قەلئەلەرنى ئىگىلىگەن» («ئەلنى ئىدارە
قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 106 - جىلد، جىن
ۋۇدىنىڭ تەييۈەن 10 - يىلى) لىكى خاتىرىلەنگەندى، لېكىن
دى جىنىڭ كۈچى ئاجىز بولغانلىقتىن، دەرھال شەھەرگە ھۇجۇم
قىلىشنى تەشكىللىمەي، ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قوي-
دى. مىلادى 385 - يىلى (جىن سۇلالىسىنىڭ تەييۈەن 10-
يىلى) 2 - ئايدا مورۇڭتوڭ بىلەن مورۇڭلىنلەر يەن بەگلىكى-
نىڭ زور قوشۇنىنى باشلاپ، چېگىيگغا باردى، دى جىن جەڭ
ئەمدىلا باشلىنىشى بىلەن قوشۇنىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى.
دىڭلىنىڭ قوۋملىرى قالايمىقانلىشىپ كېتىپ، «ئۆزئارا يېغا
قوپۇشۇپ، تەگدىن تولىسى ئۆلدى» (يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخ-
شاش). دى جىن قالدۇق قوۋملىرىنى شىڭتاڭغا توپلىدى. ھەر-

بىر جەھەتتىكى مەغلۇبىيەت دېڭلىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ
ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 4 - ئايدا
دى جېنىڭ ئەمىر لەشكىرى شيەنيۇچى ئامىمنى يىغىپ دى جېن ۋە
ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى جاۋ بەگلىكىنىڭ بېگى
دەپ ئاتىدى. شيەنيۇچى ئارقىدىنلا يەنە دېڭلىڭ قوۋملىرى
تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، دى جېنىڭ ئىنىسى دى چېڭ باشلىق
قىلىپ سايلاندى. 5 - ئايدا مورۇڭچۇي شەخسەن زور قوشۇن-
نى باشلاپ چاڭشەنگە كېلىپ، دى چېڭنى شىڭتاڭدا قورشىۋالدى.
7 - ئايدا دى چېڭنىڭ قول ئاستىدىكى دورغاپ شيەنيۇدى دى
چېڭنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەردىن چىقىپ تەسلىم بولدى. يەن قوۋ-
شۇنلىرى شىڭتاڭدا قاتتىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. دى چېڭنىڭ
قول ئاستىدىكى قوۋملىرىنىڭ چۇياڭدىكى شىسەنگە قېچىپ
كەتكەنلىرىدىن سىرت، قالغان كۆپ قىسمى قىرىپ تاشلاندى.
بۇنىڭ بىلەن دېڭلىڭلارنىڭ جوڭشەن بىلەن چاڭشەن رايونى-
دىكى كېيىنكى يەن پادىشاھلىقى بىلەن بولغان كەڭ كۆلەم-
لىك كۈرىشى ئاساسەن ئاياغلاشتى. ئەمما دېڭلىڭلار شۇنىڭدىن
كېيىنمۇ كۈرەشنى ھەرگىز توختىتىپ قويمىدى. «غەربىي تاغ»
قا قېچىپ يۈرگەن دى چېڭنىڭ قالدۇق قوۋملىرى بىلەن دېڭ-
لىڭلارنىڭ شيەنيۇچىباۋ قەبىلىسى، كېيىنكى يەن پادىشاھلى-
قىغا قارشى كىچىك كۆلەمدىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىنى
ئېلىپ باردى. مەسىلەن، مىلادى 386 - يىلى، دىياۋيۈز
قوۋمىدىن 5000 كىشىنى باشلاپ جوڭشەن شەھىرىگە شىبجۇن
(كېچىسى ھۇجۇم قىلدى)؛ قىلدى 387 - يىلى شيەنيۇچىباۋ
قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلىپ شىسەندىكى گازارمىسىدىن چې-
قىپ، ۋاڭدۇغا ھۇجۇم قىلىپ، جوڭشەن شەھىرىنى ئەنسىزلىككە
چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ كۈرەشلەرنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولغان
بولسىمۇ ئەمما، شۇبھىسىزكى، كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنىڭ
جوڭشەن رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا بەلگىلىك قىيىنچىلىقلار-

نى كەلتۈرگەنىدى.

دىڭلىڭلاردىن بولغان ئاكا ـ ئۇكا دىبىنلارنىڭ كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى مورۇڭچۇي بىلەن بولغان ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، دى چېڭنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، يەن قوشۇنلىرىنىڭ شىڭتاڭدا تانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەنلىكى تارىختا «دىڭلىڭلارنىڭ كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىغا قارشى ئىسيانى» دەپ ئاتالدى.

**(5) دىڭلىڭلارنىڭ «بۈيۈك ۋېي بەگلىكى» نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە يىمىرىلىشى**

مىلادى 385 ـ يىلى 4 ـ ئايدا دىجېن ئۆلتۈرۈلگەندە، دى جېنىنىڭ ئوغلى دى لياۋ بىر قىسىم دىڭلىڭلارنى باشلاپ جەنۇبتىكى لياڭ (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جۇنشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى) غا قېچىپ باردى. ئەينى ۋاقىتتا لياڭ شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ ھاكىمى تېڭ تيەننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى (فېيشۇي ئۇرۇشىدىن كېيىن، شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى شىمالدا، لياڭ ئەتراپىنى ئىشغال قىلىۋالغانىدى). دى لياۋ تېڭ تيەنگە بېقىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشتى. لياڭ دىڭلىڭلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان دىڭجو ئايمىقىدىكى جوڭشەن بىلەن بېيجو ئايمىقىدىكى شياڭداڭ ۋە سىجو ئايمىقىدىكى لىنچۇشيەن تېغى قاتارلىق رايونلارغا بىرقەدەر يېقىن بولغاچقا، دى لياۋنىڭ بۇ جايغا كېلىپ ماكانلىشىشى، ئۆز جەمەتىدىكىلەرنى توپلاپ، كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىغا قارشى كۆڭۈلدىكىدەك بىر بازا قۇرۇشى ئۈچۈن ئوڭايلىق تۇغۇلغانىدى. دى لياۋنىڭ جەنۇبتىكى لياڭغا قېچىپ بېرىشى، شۇبھىسىزكى كۆرمىنىڭ پىلانلاشلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان ھەرىكەت ئىدى.

تارىخىي كىتابلاردا لياڭ ھاكىمى تېڭ تيەن جەڭگەربىيەز، قابىلىيەتسىز بىر ئادەم دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. ئۇ

چېگرا مۇداپىئە ئالدىنقى سېپىدە تۇرسىمۇ، ھەرگىز ئۇرۇش تەييارلىقىنى، ئەسكەرلەرنىڭ غېمىنى قىلماي، كەيپ - ساپا، ئەيش - ئىشرەت بىلەن مەشغۇل بولغانىدى. ئۇ شىكارغا چىقىشقا قاتتىق ھېرىسمەن ئىدى. دى لياۋ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تېلې تيەنىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى ئاستا - ئاستا ئۆزىگە قاراتتى ھەمدە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. مىلادى 386 - يىلى 1 - ئايدا (دى لياۋ قېچىپ كېلىپ ئارىلىقتىن سەككىز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن)، دى لياۋ تېلې تيەنىنىڭ سىرتتا شىكارغا چىقىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، لياڭدا سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، لياڭ ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالدى. تېلې تيەن سىياسىي ئۆزگىرىشتىن خەۋەر تېپىپ شەرقتىكى جۈەنچېڭ شەھىرى (ھازىرقى شەندۇڭنىڭ جۈەنچېڭ ناھىيىسى) گە قاچقان بولسىمۇ، يېرىم يولدا دى لياۋ قوغلاپ بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

دى لياۋ لياڭ ۋىلايىتىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، شياڭداڭنىڭ خۇگۇەن دېگەن جايىدىكى دىڭلىڭلاردىن دىڭ قەبىلىلىرىنى باشلاپ لياڭغا كېلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلغانلىقتىن، تەسىرى بارغانسېرى زورايدى. شۇ يىلى 3 - ئايدا، جىن سۇلالىسىنىڭ يانجۇ ئايمىقىنىڭ تەيشەن ۋىلايىتى (مەركىزى فىڭگاۋ بولۇپ، ھازىرقى شەندۇڭنىڭ تەيئەن ناھىيىسى) نىڭ ھاكىمى جاڭ يۈەن پۈتۈن ۋىلايەتتىكىلەرنى باشلاپ كېلىپ تەسلىم بولدى. تەيشەن ۋىلايىتىنىڭ دى لياۋغا تەۋە بولۇشى، دى لياۋنىڭ كۈچىنى تېخىمۇ زورايتتى. تارىخىي كىتابلاردا «دى لياۋ لياڭنى ئىگىلەپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، تېلې تيەننى قەتل قىلدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە تەيشەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى جاڭ يۈەن پۈتۈن ۋىلايەتتىكىلەرگە باشچىلىق قىلىپ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكتىن، خېبېي ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ قالدى» («جىننامە. شىنشەننىڭ تەرجىمھالى») دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. فېي

شۆي ئۆرۈشىدىن كېيىن، شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۆچى شىمالدا تاكى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ لوياڭ رايونلىرىغىچە كېڭەيسپ بارغانىدى. دى لياۋنىڭ لياڭ بىلەن تەيشەن ۋىلايىتىدە قازانغان ئۇتۇقى، شەرقىي جىن سۇلالىسىنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنلىرىدا ئىشغال قىلغان زېمىنلىرىدىن بىراقلا مەھرۇم قىلدى. فېيشۇي ئۇرۇشىدا زور خىزمەت كۆرسەتكەن شى شۈەنمۇ ئامالسىز پېڭچېڭ (ھازىرقى شۈيجو)، خۇيجېندىكى خۇەييىن (ھازىرقى جياڭسۇنىڭ خۇەيىن ناھىيىسى) دىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلىندى. «شېشۈەن ئوردىغا مەكتۇپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ بىخەستەلىك قىلىپ قويغانلىقىغا چارە كۆرۈشنى، بارلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدى» (يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش).

دى لياۋ لياڭ بىلەن تەيشەندىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەتنىڭ كەڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنمۇ، قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ زېمىن كېڭەيتتى. شۇ يىلى 8 - ئايدا دى لياۋ شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ چياۋجۇن ۋىلايىتى (ھازىرقى ئەنخۇينىڭ خاۋشيەن ناھىيىسى) گە ھۇجۇم قىلغاندا، شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى جۇشى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. ياندۇرقى يىلى (مىلادى 387 - يىلى، جىن سۇلالىسىنىڭ تەييۈەن 12 - يىلى) 1 - ئايدا، دى لياۋ ئوغلى دى چاۋنى شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ چېنجۇن ۋىلايىتى (ھازىرقى خېنەننىڭ خۇەييىن ناھىيىسى) بىلەن يىڭچۈەن ۋىلايىتى (ھازىرقى خېنەندىكى شۈيچاڭنىڭ شەرقىي) گە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. بۇ چاغدا كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنىڭ ۋېيجۈن ۋىلايىتى (ھازىرقى خېنەندىكى ئەنياڭ) نىڭ ھاكىمى جى شې مورۇڭچۇيدىن يۈز ئۆرۈپ، تەيشەن ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمى جاڭ يۈەن بىلەن ئالاقە باغلىدى. جاڭ يۈەن

بىر تەرەپتىن ئۆزى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ
جۇڭغا (ھازىرقى شەندۇڭنىڭ چاڭچىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي
شىمالى) دىكى فېڭگوغا بېرىپ جى شىنى قارشى ئالسا،
يەنە بىر تەرەپتىن، دى لياۋغا «جى شىنى بىرلىكتە قارشى ئا-
لايلى» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»
107 - جىلد، جىن ۋۇدىنىڭ تەيپۇەن 12 - يىلى) دەپ خە-
ۋەر بەردى. جى شى بۇ نۆۋەت كېيىنكى يەن پادىشاھلى-
قىنىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچراپ مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما
بۇنىڭدىن دى لياۋنىڭ تەسىرىنىڭ يەنىلا تۆت ئەتراپقا قاراپ كېڭى-
يىۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىشقا مۇمكىن. 4 - ئايدا، شەرقىي جىن
سۇلالىسىنىڭ گاۋپىڭ ۋىلايىتى (ھازىرقى شەندۇڭنىڭ جىنشياڭ
ناھىيىسىنىڭ شەرقى) دىكى دى چاڭ (ئېھتىمال دى لياۋنىڭ
جەمەتىدىكى ئادەم بولۇشى مۇمكىن) ۋىلايەت نائىب ھاكىمى
شۈي خەنيۇەننى ئۆلتۈرۈپ، گاۋپىڭ ۋىلايىتىنى دى لياۋغا
تاپشۇردى. گاۋپىڭ ۋىلايىتىنىڭ دى لياۋغا تەۋە بولۇشى
بىلەن دى لياۋنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى، جەنۇبقا قاراپ
تېخىمۇ زور دەرىجىدە كېڭەيدى.

كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى مۇرۇڭچۇي
گاۋپىڭ ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي جىن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ،
دى لياۋغا تەۋە بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خاتىرجەم
بولالماي، بەگ-سانغۇنلىرىغا: «دى لياۋ بىراقلا بىر شەھەر-
نىڭ پۈتۈن ئاھالىلىرىگە ئىگە بولۇۋېلىپ، ئۈچ دۆلەت (شەر-
قىي جىن، كېيىنكى يەن ۋە غەربىي يەنلەرنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ
ئارىلىقىدا پۇت دەسسەپ تۇرۇۋالدى، جازا يۈرۈش قىلماسلىق
زادى بولمايدۇ» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي
ئۆرنەكلەر» 107 - جىلد، جىن ۋۇدىنىڭ تەيپۇەن 12 - يىلى)
دېگەنىدى. 5 - ئايدا مۇرۇڭچۇي ۋەلىئەھد مۇرۇڭباۋنى جوڭ-
شەن (كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى جوڭشەن) نى

قوغداشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى زور قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ دى لياۋغا جازا يۈرۈش قىلدى. دى لياۋ كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنىڭ زور قوشۇنىنىڭ جازا يۈرۈش قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئېھتىمال تاكتىكا جەھەتتە كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى پەرقنى كۆزدە تۇتقانلىقتىن بولسا كېرەك، ئەلچى ئەۋەتىپ تەسلىم بولىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلدى، مورۇڭچۇي ئۇنىڭ ئەل بولۇشىنى قوبۇل قىلدى؛ دى لياۋغا شۈيجۇنىڭ ھۆكۈمرانى، خېنەنۋاڭى دېگەن ئۇتۇغاتىنى بېرىپ، ئۆزى لياڭغا بېرىپ، ئۇنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىپ قايتتى. 10 - ئايدا دى لياۋ يەن قوشۇنلىرىنىڭ شىمالغا كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنىڭ چىڭخې (ھازىرقى شەندۇڭنىڭ لىنچىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقى) بىلەن پىڭيۈەن (ھازىرقى شەندۇڭنىڭ پىڭيۈەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى) ۋىلايەتلىرىگە ھۇجۇم قىلدى؛ چىڭخې ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمى شۈي چېڭنى بۇلاپ كەتتى. دى لياۋنىڭ تەسىر كۈچى شەرقىي شىمال تەرەپتىن، بىراقلا ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا كېڭەيدى. مورۇڭچۇي ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنى ئەيىبلىدى، ھەمدە ئۇرۇش بىلەن تەھدىت سالدى. مىلادى 388 - يىلى (جىن سۇلالىسىنىڭ تەييۈەن 13 - يىلى) 2 - ئايدا دى لياۋ يەن قوشۇنلىرىنىڭ قايتا يەنە جازا يۈرۈش قىلىپ كېلىشىدىن قورقۇپ، ئەمىر لەشكەر سۈي چيوگنى ئەۋەتىپ، كېيىنكى يەن پادىشاھىدىن كەچۈرۈم سورىدى. مورۇڭچۇي «ئۇنى قايتا يەنە يېنىۋالىدۇ دەپ قاراپ، سۈي چيوگنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئۇنى كەچۈرۈشىنى رەت قىلدى» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 107 - جىلد. جىن ۋۇدىنىڭ تەييۈەن 13 - يىلى).

([illegible] دى لياۋ سۈي چيوگنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپ-

قاندىن كېيىن، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، بۈيۈك ۋېي بەگلىكى-
نىڭ بايرىقىنى ئاشكارا كۆتۈرۈپ چىقتى، ئۆزىنى ۋېي تيەن-
ۋاڭ دەپ جاكارلاپ، يىلنامىسىنى جيەنگوگغا ئۆزگەرتىپ،
ئەمەل - مەنسەپلەرنى تەسىس قىلدى. دى لياۋ كېيىنكى يەن
بەگلىكىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن،
مەركىزىنى لياڭ (لياڭ خۋاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدا ئىدى)
دىن خۋاتەي (ھازىرقى خېنەننىڭ خۋاشيەن ناھىيىسىنىڭ
غەربى) گە كۆچۈردى. خۋاتەي خۋاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇ-
بىدا ئىدى، خۇسەنشېڭ «دى لياۋ مورۇڭچۇي بىلەن ئادا - جۇ-
دا بولغاندىن كېيىن خۋاڭخې دەرياسى ئارقىلىق ئۇنىڭدىن
مۇداپىئەلەنمەكچى بولغانىدى» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدى-
لىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 107 - جىلد، جىن ۋۇدىنىڭ تەييۈەن
13 - يىلىدىكى خۇسەنشېڭنىڭ ئىزاھاتى) دەپ كۆرسەتكەنىدى.
شۇنىڭدىن كېيىن دى لياۋ داۋاملىق قوشنا رايونلارغا قارىتا
زېمىن كېڭەيمىچىلىك قىلدى.

9 - ئايدا دى لياۋ سانغۇن دى ۋانى شەرقىي جىن سۇلالىسى-
نىڭ لوياڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. جىن سۇلالىسىنىڭ
خېنەن ھاكىمى گوكېي ئۇنىڭغا قارشى تۇردى. دى ۋا ھېچقان-
داق نەتىجە قازىنالماي، قايتىپ كەلدى. ياندۇرقى يىلى
ميلادى 389 - يىلى) 4 - ئايدا دى لياۋ قوشۇنغا ئۆزى باش-
چىلىق قىلىپ، دوڭياڭ ۋىلايىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنى
ۋەيران قىلىپ، نائىب ھاكىم جاڭ جونى ئۆلتۈردى. 10- ئايدا
دى لياۋ دىڭلىڭلاردىن گۇدىنى كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنىڭ جىجو
ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى مورۇڭڭۇېيىنىڭ يېنىغا ئالچاقلىققا ئەۋەت-
تى. گۇدى مورۇڭڭۇېينى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي،
كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنىڭ جېڭخې ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمى
خې گېڭ (سۇي چېكىنىڭ ئورنىغا ھاكىم بولغان)، ئۆز ئادەملى-
رىنى دىڭلىڭ (ھازىرقى خېنەننىڭ ۋۇياڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالى)

ھا توپلاپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، جەنۇبتىكى دىلياۋغا ئاۋاز قوشتى،
مورۇڭنوڭ جازا يۈرۈش قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى؛ دىڭلىڭ شەھى-
رىنىڭ قايتا دىلياۋ تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنىشىدىن ئەنسىرەپ،
ئۇنى كۆيدۈرۈۋەتتى. مىلادى 39- يىلى (جىن سۇلالى-
سىنىڭ تەييۈەن 15 - يىلى) 1 - ئايدا، دىلياۋ شەرقىي جىن
سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى جۇشۇنىڭ غەربىي يەن بەگلىكى بىلەن
بەيشۈي دەرياسى («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي
ئۆرنەكلەر» نىڭ 107 - جىلدىدا خۇسەنشېڭ: «دەريا -
شاخابلار تەپسىراتى. ئىزاھ» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ «بەيشۈي
دەرياسى شيائگداڭ ۋىلايىتىنىڭ گاۋدۇ ناھىيىسىدىكى قەدىمىي
شەھەرنىڭ غەربىدىن باشلىنىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن) بويىدا
ئۇرۇش قىلىپ، لوياڭنىڭ بوش قالغانلىق پۇرسىتىدىن پايدى-
لىنىپ، ئوغلى دى جاۋنى جىنيۇڭ (ھازىرقى لوياڭ شە-
ھىرىنىڭ شەرقى)غا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. جۇشۇ قوشۇنلىرى-
نى ياندۇرۇپ كېلىپ شى مىن (ھازىرقى دوڭياڭ ناھىيىسىنىڭ
دائىرىسىدە) دە دى جاۋنى مەغلۇپ قىلدى. شۇ ئايدا جىن سۇ-
لالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تەيشەندە دىلياۋ ۋە جاڭ يۈەنلەر بىلەن
ئۇرۇش قىلىپ، مەغلۇپ بولدى. 8 - ئايدا جىن سۇلالىسى-
نىڭ سانغۇنى جۇشۇ، خۇاتەينىڭ جەنۇبىدا دىلياۋ بىلەن جاڭ
يۈەنگە ھۇجۇم قىلدى، دى لياۋنىڭ قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولدى.
دى لياۋ شەھەرگە چېكىنىپ كىرىپ، شەھەرنى ساقلاپ ياتتى؛
جاڭ يۈەن جىن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئەسىر ئې-
لىندى⑫. شۇ ئايدا جىن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى دى جاۋنى
يەنە جۈەنچېڭدا مەغلۇپ قىلدى؛ دى جاۋ ئەسكەرلىرىنى خۇاڭ
خېنىڭ شىمالىغا چېكىندۈردى.

ئومۇمەن، بۇيۇك ۋېي بەگلىكى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى
ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، دىلياۋ لياڭ ۋىلايىتىنىڭ تۆت ئەتراپى-
غا زېمىنلىرىنى كېڭەيتىپ، شۇنىڭدەك ئىلگىرى - كېيىن

بولۇپ تەيشەن، گاۋپىڭ قاتارلىق ۋىلايەتلەرنى بويسۇندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن لياڭ بىلەن خۇاتەي ھەرھالدا تەرەپ-تەرەپكە تۇتىشىدىغان خەتەرسىز، قوغدىنىشقا ئەپلىك جاي ئىدى. بۇيۇك ۋېي بەگلىكى شەرقىي جىن سۇلالىسى بىلەن كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىدىن ئىبارەت ئىككى كۈچلۈك دۆلەتنىڭ ئارىلىقىدا تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىككى دۆلەت بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغاچقا، ئۇ جەنۇب بىلەن شىمالدىن ئىبارەت ئىككى ئۇرۇش سېپىدە تەڭلا ئۇرۇش قىلىدىغان پايدىسىز ۋەزىيەتكە چۈشۈپ قېلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. مىلادى 390 - يىلىغا كەلگەندە، خۇاتەيدىكى زور مەغلۇبىيەت بىلەن جاڭيۇەن ئەسىرگە چۈشكەندە، كىشىلەر شۇنى ئېنىق كۆردىكى، دىلياۋنىڭ بۇيۇك ۋېي بەگلىكىنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغانىدى.

مىلادى 391 - يىلى 11 - ئايدا دىلياۋ كېسەل بىلەن ئۆلدى؛ ئوغلى دىجاۋ ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. دىجاۋ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىنى مۇستەھكەملىمەي، يېنىكلىك بىلەن كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنىڭ يېچېڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، نەتىجىدە مورۇڭنوڭنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپ، ئېچىنىشلىق تۈردە مەغلۇپ بولدى.

مىلادى 392 - يىلى (جىن سۇلالىسىنىڭ تەييۈەن 17 - يىلى) 6 - ئايدا، كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى مورۇڭچۇي زور قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، دىجاۋغا جازا يۈرۈشى قىلدى. يەن قوشۇنلىرى تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ئەسكەرلەرنى ئىككى يولغا بۆلۈپ، لياڭجىن بىلەن شىجىن (لياڭجىننىڭ غەربىدىن 40 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا) دا دەريادىن ئۆتۈپ، خۇاتەي شەھىرىدە دىجاۋغا بىرلىكتە زەربە بېرىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى[18]. دىجاۋ قالدۇق قوشۇنلىرىنى باشلاپ دەريادىن ئۆتۈپ بەيلۇشەن تېغى

(ھازىرقى خېنەننىڭ شيۇۋۇ ناھىيىسىدە) غا قېچىپ باردى. يەن قوشۇنلىرى بەيلۇشەنگە قوغلاپ كەلگەندە، دى جاۋنىڭ قوۋملىرىنىڭ كۆپ قىسمى يەن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىندى. دى جاۋ چوڭ ئوغلى بىلەن ئاتلىق قېچىپ كەتتى، 2 - يىلى (مىلادى 393 - يىلى)، ئۇ غەربىي يەن پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى مورۇڭيوڭ تەرىپىدىن ئىسيان كۆتۈرمەكچى دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىبلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن دى جەمەتىنىڭ بۇيۇك ۋېي بەگلىكى مۇنقەرز بولدى.

دى لياۋ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ لياڭ ۋە تەيشەن قاتارلىق ۋىلايەتلەردىكى ھۆكۈمرانلىقى، دى لياۋنىڭ لياڭنى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئىگىلىۋالغانلىقىدىن باشلاپ (مىلادى 386 - يىلى 1 - ئاي)، جەمئىي ئالتە يىل بەش ئاي داۋاملاشقاندى؛ ئەگەردە بۇيۇك ۋېي بەگلىكى قۇرۇلغان مىلادى 388-يىلى 2 - ئايدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ئاران تۆت يىل ئۈچ ئاي داۋاملاشقان بولۇپ، 16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ۋاقتى ئەڭ قىسقا پادىشاھلىقنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

بۇيۇك ۋېي بەگلىكىنىڭ زېمىنى بىلەن نوپۇسى توغرىسىدا، تارىخ كىتابلىرىدا كۆپلەپ خاتىرە قالدۇرۇلمىغان، پەقەت «جىننامە. مورۇڭچۇي ھەققىدە خاتىرە» دىلا قىسقىچە مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا: «دى جەمەتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، دى جاۋنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتنىڭ 38 مىڭ تۈتۈنىنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقى جايلىرىغا بېرىپ ماكانلاشتى» دېيىلگەن. بۇ يەتتە ۋىلايەتنىڭ نامىنى ئېنىق بېكىتكىلى بولمايدۇ. لېكىن تارىخىي كىتابلاردا بۇيۇك ۋېي بەگلىكى دەۋرىدە، لياڭ ۋىلايىتىدىن باشقا، تەيشەن بىلەن گاۋپىڭدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت دى لياۋغا تەۋە بولغاندىن كېيىن، ئىككى ۋىلايەتنىڭ دى لياۋدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ياكى جىن سۇلالىسى بىلەن يەن پادىشاھلىقىنىڭ

قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانلىقى خاتىرىلەنمىگەنلىكى، شۇبھىسىزكى، دى لياۋ ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ھۆكۈمرانلىق قىلغان يەتتە ۋىلايەتنىڭ سانى ئىچىدە بولۇشى كېرەك. دى لياۋ ئاتا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ ۋېي بەگلىكىنى قورۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ئۇرۇش قىلغان جايلىرىغا ئاساسلانغاندا، شەرق تەرەپتە جىڭخې ۋىلايىتى، پىڭيۈەن ۋىلايىتى ۋە جۈەنچېڭ شەھىرى، غەرب تەرەپتە لوياڭ، روڭياڭ، شىمىن، جەنۇب تەرەپتە چېنجۇن ۋىلايىتى، سۇجۇن ۋىلايىتى، يىڭچۈەن ۋىلايىتى. شىمال تەرەپتە ۋېيجۇن ۋىلايىتى، يېچېڭ شەھىرى بار ئىدى. مۇبادا لياڭ، گاۋپىڭ، تەيشەندىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى مەركەز قىلىپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇرۇش بولغان جايلارنى سىزىق ئارقىلىق تۇتاشتۇرساق، سىزىقنىڭ دائىرىسى ئىچىدىكىسى يۇقىرىدىكى ئۈچ ۋىلايەتتىن باشقا، يەنە چېنلىيۇ ۋىلايىتى، لياڭجۇن ۋىلايىتى، پۇياڭ ۋىلايىتى، جىجۇن ۋىلايىتى قاتارلىق تۆت ۋىلايەت بار بولۇپ، دەل يەتتە ۋىلايەتنى يەنى دى جەمەتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان يەتتە ۋىلايەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇيۈك ۋېي بەگلىكىنىڭ نوپۇسى توغرىسىدا «مو رۇڭچۈي ھەققىدە خاتىرە» دە دېيىلگەن 38 مىڭ تۈتۈن، ئاساسەن دىڭلىڭلارنىڭ نوپۇسى بولسا كېرەك⑭. «جىننامە. جۇغراپىيىلىك تەپسىراتلار» گە ئاساسلانغاندا، غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، يۇقىرىدىكى يەتتە ۋىلايەتنىڭ 158 مىڭ 800 نوپۇسى بار ئىدى. دى لياۋ بىلەن دى جاۋ ئاتا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى تۈپەيلىدىن بۇ جايدا دىڭلىڭلاردىن ماكانلىشىپ قالغان 38 مىڭ تۈتۈندىن كۆپرەك نوپۇسلا قالغانىدى. خەنزۇ ئاھالىلىرى بەلكىم قېچىپ كەتكەن ياكى ئۇرۇشتا ئۆلگەن بولۇشى، يا ئاچارچىلىقتا ئۆلگەن بولۇشى، يا پۈتۈنلەي تارقىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

قىسقىسى، 16 پادىشاھلىق دەۋرىدە، خەنزۇ تۆرىلىرى

بىلەن مورۇڭ ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن كەمسىتىلىپ «قارا تۈركلەر» دەپ ئاتالغان دىڭلىڭ خەلقى (ئاساسلىقى دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلار)، دەسلەپتە ئۆز قەبىلە ئاقساقاللىرى دى شۇ ۋە دى بىنلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا ئالدىنقى ۋە كېيىنكى جاۋ پادىشاھلىقى، ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقى ۋە كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنىڭ مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىش سىياسەتلىرىگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش ئېلىپ بارغان؛ دى شۇ بىلەن دى بىن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلار يەنە ئۆز قەبىلە قوماندانلىرى ئاتا - بالا دى لياۋ ۋە دى جاۋلارنىڭ باشچىلىقىدا يېڭىباشتىن ئىتتىپاقلىشىپ، دىڭلىڭ مىللەتلىرىنىڭ بۇيۇك ۋېي بەگلىكىنى قۇرغان. شۇنىڭدەك كېيىنكى يەن ۋە شەرقىي جىن سۇلالىسىگە قارشى ئەگرى - توقاي ۋە دەھشەتلىك كۈرەشلەرنى قانات يايدۇرغان. بۇ مەزگىلدە دىڭلىڭ خەلقىنىڭ ئاياغ ئىزلىرى شىمالىي ۋە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىنى دېگۈدەك قاپلاپ، ئىلغار ئىقتىسادىي مەدەنىيەتكە ئىگە خەنزۇ خەلقى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچراشقان ۋە باردى-كەلدى قىلغان، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ خەنزۇلارغا قوشۇلۇش قەدىمى تېزلىشىپ، ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك تارىخىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىلىرىنى قوشقان.

## 4. توغبات - ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلار، دىڭلىڭلارنىڭ توغبات - ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى

مىلادى 397 - يىلى (جىن سۇلالىسىنىڭ لۇڭئەن تۇنجى يىلى) يەنى دىڭلىڭلارنىڭ بۇيۇك ۋېي بەگلىكى مۇنقەرز

بولۇپ بەش يىلدىن كېيىن، توغبات ـ سىيانپى ئاقسۆڭەكلىرى،
ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا قۇرغان تو-
باتلارنىڭ دەي بەگلىكى (كېيىنكى ۋېي سۇلالىسى دەپ ئاتال-
غان، تارىختا شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ۋە ياكى توغبات-ۋېي
دۆلىتى دەپ ئاتىلىدۇ)، بىر قانچە ئايلىق كەسكىن ئۇرۇشتىن
كېيىن، كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنىڭ جوڭشەن شەھىرىنى
ئىشغال قىلدى، كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنىڭ خېبېيدىكى ھۆكۈمە-
رانلىقى پارچىلىنىپ، تەيخاڭشەن تېغىنىڭ شەرق ۋە غەربىي
چېتىدىكى ئايماق، ۋىلايەتلەرنىڭ ھەممىسى. توغبات - ۋېي دۆلە-
تىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى. مىلادى 423- يىلى (جە-
نۇبىي سۇلالىدىكى ليۇسوڭ ھاكىمىيىتىنىڭ جىڭپىڭ تۇنجى
يىلى)، توغبات ۋېي دۆلىتى يەنە جەنۇبتىكى ليۇسوڭ ھاكىمى-
يىتىنىڭ قولىدىن سىجو ئايمىقىنىڭ ھەممىسىنى ۋە يۈنجو،
يۈجو ئايماقلىرىنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنلىرىنى تارتىۋالدى. بۇ
ۋاقىتقا كەلگەندە، ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلار ئولتۇ-
راقلاشقان جايلارنىڭ ھەممىسى، كۈچلۈك ۋېي دۆلىتىنىڭ قو-
لىغا ئۆتۈپ كەتتى.

تارىخ كىتابلىرىدا دىڭلىڭلارنىڭ توغبات - ۋېي دۆ-
لىتىگە بەيئەت قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر پەقەت
بىر يەردىلا چېلىقىدۇ، يەنى «ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە»
دە تيەن شىڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 399 - يىلى) شىخېيدى-
كى دىڭلىڭلارنىڭ قوماندانى دى تۇڭنىڭ «ئېچكىرىگە بەيئەت
قىلغان» لىقى خاتىرىلەنگەنىدى، ئەمما دىڭجو بىلەن بىڭجو
قاتارلىق ئايماقلاردىكى دىڭلىڭلارنىڭ توغبات ۋېي دۆلىتىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۈزلۈكسىز كۆرەش قىلغانلىقى بىلەن
توغبات ۋېي دۆلىتىنىڭ دىڭلىڭلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىنى
باستۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىڭجو بىلەن بىڭجو قاتارلىق
ئايماقلارغا كەينى ـ كەينىدىن ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ دىڭلىڭلار-

بى «قۇتاتقان» لىقى ھەممە دىڭلىڭلارنى جازا يۈرۈشكە قاتنىشىشقا ئالۋان قىلغانلىقىدىن قارىغاندا، يىڭجو بىلەن دىڭجو قاتارلىق ئايماق ۋە ۋېي دۆلىتىنىڭ زېمىنى ئىچىدىكى دىڭلىڭ قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسى، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن بۇرۇن، ۋېي دۆلىتى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان بولۇشى ياكى شىخېدىكى دىڭلىڭلارنىڭ قوماندانى دى توڭغا ئوخشاش ۋېي دۆلىتىگە «بەيئەت قىلغان» بولۇشى مۇمكىن.

«ۋېينامە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا خاتىرىلەنگەن پارچە - پۇرات ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، توغبات ۋېي دۆلىتى ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭ قەبىلىلىرىگە نىسبەتەن (ئاساسلىقى تەيخاڭشەن تېغىنىڭ ئىچىدىكى خەتەرلىك تاغ - جىلغىلارنىڭ ئىچىگە تارقالغان دى جەمەتى بىلەن شيەن يۈ جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلار) تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان بىر خىل مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنىدى. لېكىن تارىخ كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەر بەكلا تولۇق بولمىغاچقا، بۇ خىل سىياسەتنىڭ تولۇق قىياپىتىنى ھېلىھەممۇ ئېنىق بولماي كەلدى. شۇنداقتىمۇ «ۋېينامە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىكى بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ بايان قىلساق، ئۇنىڭ بەزى ئىزنالىرىنى بولسىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**(1) دەھشەتلىك ئىقتىسادىي ئېكىسپىلاتاتسىيە بىلەن سىياسىي زۇلۇم** توغبات ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە دىڭلىڭ خەلقى ئۇچرىغان ئىقتىسادىي ئېكىسپىلاتاتسىيە بىلەن سىياسىي زۇلۇم كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. توغبات ئاقسۆڭەكلىرى دىڭلىڭلاردىن ئېغىر ئىجارە - باجلارنى ئالاتتى، ئىجارە - باجنى تاپشۇرالمىغان دىڭلىڭلارنىڭ يەرلىرى تاغ-

دالا - ئورمانلارنىڭ ئىچىگە قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالاتتى. («ۋېينامە. جوجىنىڭ تەرجىمھالى» غا قارالسۇن)، بەزىلىرى بولسا «قاراقچى» بولۇپ كېتەتتى («ۋېينامە. جۇ شيابونىڭ تەرجىمھالى بىلەن «ۋېينامە. موتىنىڭ تەرجىمھالى» غا قارالسۇن). ئەمما بۇ يولغا مېڭىشقا مەجبۇر بولغانلار، ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىنىڭ قورشاپ يوقىتىشىغا ۋە ئۆلتۈرۈشىگە ئۇچراپ تۇراتتى. شىمالىي ۋېينىڭ پادىشاھى مىڭ يۈەندىنىڭ (مىلادى 409 — 423 - يىللار) نىڭ دەۋرىدە بىڭجو ۋە دىڭجو ئىككى ئايماقتىكى توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرى، دىڭلىڭ ۋە باشقا تاغلىق «ئارىلاشما غوزلار» نى تۇرمۇش كەچۈرگۈسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى؛ ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقى بىۋاستە ھالدا توغبات سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا خەۋپ يەتكۈزگەچكە، ۋېي مىڭيۈەندى شەخسەن ئۆزى شۇ چاغدىكى داڭلىق ۋەزىر بېيشىن بېگى ئەن توڭ بىلەن فېيرو بېگى خې خونى بۇ ئىككى ئايماققا «قۇتاتلاش ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىش» قا ئەۋەتتى. «ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە ۋېي مىڭ يۈەندىنىڭ ئەن توڭ قاتارلىق كىشىلەرگە چۈشۈرگەن يارلىقى خاتىرىلەنگەن، يارلىققا ئاساسلانغاندا، ئەن توڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ۋەزىپىسى: «بىڭجو ۋە دىڭجو ئىككى ئايماق بىلەن تاغلىق ئارىلاشما غوزلار، دىڭلىڭلارنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى سۈرۈشتۈرۈش؛ ئايماق، ھىسار باشلىقلىرىنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش؛ نامراتلىق، دەستىدىن ئىش - ئوقىتىدىن ئايرىلغان، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغان، نامراتلىقتىن جېنىنى باقالمايۋاتقان قاتارلىق ئىشلارنىڭ دېرىكىنى ئېلىش ئىدى». بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەنتوڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ «قۇتاتلاشقا بېرىشى» دىڭلىڭ قاتارلىق

مىللەتلەرنىڭ جاپالىق تۇرمۇشىغا ھېچقانچە ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلەلمەيتتى، لېكىن بۇنىڭدىن يەنە دىڭلىڭلارنىڭ «دەرد - ئەلەملىك»، «نامراتلىق» ۋە «نامراتلىق دەستىدىن جېنىنى باقالمايدىغان»، ھايۋان كەبى تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مىلادى 430 - يىلى (شىمالىي ۋېينىڭ شېنجيا 3 - يىلى) ۋېي تەيۋۇدى توغباتتاۋ گوڭ سۇنكۇينى شياڭداڭ ۋىلايىتىنىڭ خۇكۇەن دېگەن جايىدىكى دىڭلىڭلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. گوڭ سۇنكۇينىڭ دىڭلىڭلارغا قاراتقان بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ قاقتى - سوقتى قىلىشىغا ئائىت قىلمىشلىرى بىلەن دىڭلىڭلارنى قىرغىن قىلىشتىكى قەبىھلىكى ۋە رەھىمسىزلىكىنى ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىگىچە يېتىپ بارغان دەپ ئېيتىشقا بولاتتى. «ۋېينامە. گوگسۇن كۇينىڭ تەرجىمىھالى»دا مۇنداق دېيىلگەن:

> گوگسۇن كۇي دەسلەپتە تەنھا، مال - دۇنياسىز كەلگەنىدى؛ قايتىشىدا يۈز نەچچە ھارۋىغا مال - دۇنيا بېسىپ جەلۇبقا قايتتى، دىڭلىڭلارنىڭ قوماندانى تاغقا چىقىپ ئۇنى راسا قارغىدى. گوگسۇن كۇي قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ئانىسىنى تۇتتۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ جان يېرىگە نەيزە تىقىپ ئۆلتۈرۈپ، تېنىنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلاپ، قانداقلارچە بۇ ۋاپاسىز بالىنى تۇغقانسەن دەپ، جەسىتىنى پارە - پارە قىلىۋەتتى، پۇت - قوللىرىنى كېسىۋېلىپ، تاغدىكى دەرەخلەرنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يۈرىكىدىكى ئۆچمەنلىكىنى چىقاردى.

گوگسۇن كۇيغا ئوخشاش مال - دۇنيانى دەپ ياۋۇزلۇق قىلىدىغان مۇشۇنداق يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن سانغۇنلار، توغباتۋېي - دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ھەرگىزمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

بۇ يەردە شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش كېرەككى، دېڭىزلىق خەلقىنى ئېزىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش جەھەتتە، توغبات - ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىر، ساڭغۇن، يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ پەرقى يوق ئىدى. شۇڭا ۋېي مەمگيۇەندىنىڭ ئەن توگنى بىڭجو ۋە دىڭجو ئىككى ئايماقتىكى تاغلىق دېڭىزلار بىلەن ئاردىلاشما غۇزلارنى قوتاتلاشقا ئەۋەتىشى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ دېڭىزلارنىڭ دەرد - ئەلەملىرىگە ھېسداشلىق قىلىشى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تەيخاڭشەن تېغى ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى كەڭ رايونلاردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى چىقىش قىلىپ قوللىنىشقا مەجبۇر بولغان تەدبىرلىرى ئىدى. ئەسلىدە ئۇلار ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دەسلەپكى باسقۇچتا، ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دېڭىزلىق قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى خەنزۇ پومېشچىكلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ زۇلمىدىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن، تەيخاڭشەن تېغىنىڭ تاغ ئىچىدىكى قويۇق ئورمانلىقلاردا ماكانلىشىشقا مەجبۇر بولغانىدى. 16 پادىشاھلىق دەۋرىدە تېخىمۇ كۆپ دېڭىزلار قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالدىنقى ۋە كېيىنكى جاۋ، ئالدىنقى چىن، كېيىنكى يەن بەگلىكلىرىنىڭ زۇلمىدىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن تەيخاڭشەن تېغىنىڭ تاغ - جىلغىلىرى ئىچىگە كىرىپ جېنىنى ساقلاشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار تەيخاڭشەن تېغىنىڭ خەتەرلىك تاغ يوللىرىنى ئۆزلۈكىدىن كونترول قىلىپ قالدى. «ھەربىي يۈرۈشكە ئائىت بايانىنامە» دە: «تەيخاڭشەن تېغىنىڭ قىنىيىدىن باشلىنىدىغان قىسمىدىن شىمالدا ياۋجو ئايمىقىغىچە بولغان بۆلىكىدە جەمئىي سەككىز ئۆتكەل بار» دېيىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن ماگۈەن (ھازىرقى خېبېي

ئۆلكىسىنىڭ تاڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا)، جىڭشىڭگۇەن (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ جىڭشىڭ ناھىيىسى-نىڭ دائىرىسىدە)، خۇگۇەن (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خۇگۇەن ناھىيىسىنىڭ دائىرىسىدە) قاتارلىق ئۆتكەللەر بار ئىدى. بۇ خەتەرلىك ئۆتكەللەر تەيخاڭشەن تېغىنىڭ شەرقىي بىلەن غەربىي چېتىدىن ئۆتىدىغان قاتناش يولىنىڭ قاتمۇقات تاغ، چوڭقۇر ھاڭ، قويۇق ئورمانلىقلار بىلەن ئورالغان ئورنىدا بولغاچقا، ئەزەلدىن ئۇرۇشتا تالىشىدىغان جاي بولۇپ كەلگەنىدى. مىلادى 397 - يىلى، توغبات - ۋېي دۆلىتى كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، تەيخاڭشەن تېغىنىڭ شەرقىدىكى كەڭ رايونلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە، دەرھال 10 مىڭ چېرىكنى يولنى تىزگىنلەشكە ئەۋەتىپ، «ۋاڭدۇدىكى خېڭلىڭ چوققىسىدىن دەيگىچە بارىدىغان» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 110 - جىلد، جىن ئەندىنىڭ لوڭئەن 2 - يىلىدا خۇسەنشېڭ: «خېڭلىڭ چوققىسى، فېڭشيەن تېغىدىكى تاغ چوققىسى، يۇقىرى چۇياڭنىڭ غەربىي شىمالىدا» دەپ ئىزاھ بەرگەن)، «500 چاقىرىمدىن ئارتۇق يولنى راۋانلاشتۇردى»، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ جىددىي ۋە مۇھىم-لىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ماگۇەن ئۆتكىلى بىلەن جىڭشىڭ ئۆتكىلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا دىڭجو ئايمىقىدىكى جوڭشەن بىلەن چاڭشەن ۋىلايىتىگە تەۋە ئىدى، خۇگۇەن ئۆتكىلى بولسا بىڭجو ئايمىقىدىكى شياڭداڭ ۋىلايىتىگە تەۋە بولۇپ، توغبات ۋېي دۆلىتىنىڭ دەۋرىدە، دىڭلىڭلارنىڭ ئەڭ مەركەز-لىك تارقالغان جايىغا ئايلانغانىدى. يۇقىرىدىكى ئۆتكەللەر-نىڭ ئەتراپىغا ماكانلاشقان دىڭلىڭلار، توغبات ۋېي دۆلىتىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇم سىياسىتى تۈپەيلىدىن، دائىم قوزغىلىپ كۆرەش قىلىپ، توغبات ۋېي دۆلىتىنىڭ مەركىزى

ھۆكۈمىتىنىڭ تەيخاڭشيەن تېغىنىڭ شەرقىدىكى كەڭ رايونلار بىلەن بولغان ھەربىي ۋە سىياسىي ئالاقىلىرىگە ئېغىر توسقۇنلۇقلارنى پەيدا قىلىپ تۇراتتى. ۋېي مىڭ يۈەندىنىڭ ئەنتولۇق قاتارلىقلارنى تاغدىكى دىڭلىڭلار بىلەن ئارىلاشما غۇزلارنى قۇتاتقۇ قىلىشقا ئەۋەتىشى، توغبات ۋېي دۆلىتىنىڭ دىڭلىڭلارنى قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن ماھىيەت جەھەتتە ئوخشاشمايدىغانلىقىنى قىلچىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

(2) **دىڭلىڭلارنى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە مەجبۇرلاپ، ئۇلارنى توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئوقيا قوغدىسى بولۇشقا مەجبۇرلاش** تارىخ كىتابلىرىدا بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللار ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن مەسىلىنى مەلۇم جەھەتتىن يېشىپ بېرەلەيدۇ. مىلادى 432 - يىلى ۋېي تەيۋۇدى مىڭيۈەن دىڭلىڭلىرىدىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى شىمالىي يەن پادىشاھلىقىغا ھۇجۇم قىلىشقا قىستىدى. مىلادى 451 - يىلى (شىمالىي ۋېينىڭ جېڭپىڭ ئۈنجى يىلى) ئۇ توغباتلارنىڭ زور قوشۇنى بىلەن ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېلىنگەن دىڭلىڭ خەلقىگە باشچىلىق قىلىپ، جەنۇبىي سۇلالىدىكى ليۇ سوڭ ھاكىمىيىتىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ شۇچى شەھىرى (ھازىرقى جياڭسۇنىڭ شۇچى ناھىيىسى) دە ليۇ سوڭ ھاكىمىيىتىنىڭ سانغۇنى ساڭ جىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ساڭ جىغا ئەۋەتكەن خېتىدە توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دىڭلىڭ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قاراتقان ئۆچمەنلىك سىياسىتى ئەيمەنمەستىن ئاشكارا بايان قىلىنغانىدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

«مېنىڭ (توغباتتاۋ) نۆۋەتتە ئۇرۇشقا ئەۋەتكەن قوشۇنلىرىمنىڭ كۆپ قىسمى توغبات قەبىلىسىدىن،

ئەمەس («ئۇمۇمىي تۆرلەكلەر» نىڭ 126 - جىلد، سوڭ ۋېندىنىڭ يۈەنجيا 28 - يىلىدىكى خۇسۇسىيەتلىكىنىڭ ئىزاھاتىدا «شەھەرلىكلەر توغبات جەمەتىنى شىمالىي دەشت خەلقىنىڭ ئەۋلادى، جەمئىي 99 قەبىلىگە بۆلۈنىدۇ، دېيىشىدۇ» دېيىلگەن). شۇچى شەھرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە دىڭلىڭلار بىلەن غۇزلار (يەنى تاغلىق غۇزلار بىلەن تۇرۇپ قالغان غۇزلار بولۇپ، جەنۇبىي ھونلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ھېسابلىنىدۇ)، جەنۇب تەرەپتە ئالدىنقى چىننىڭ قوۋملىرىدىن دى، چياڭلار بار. مۇبادا دىڭلىڭلار ئۇرۇشتا ئۆلسە، دەل چاڭشەن بىلەن جاۋجۈن ۋىلايەتلىرىدىكى قاراقچىلارنىڭ سانى ئازلايدۇ، غۇزلار ئۆلسە بىڭجو ئايمىقىدىكى قاراقچىلارنىڭ سانى ئازلايدۇ. دى، چاڭلار ئۆلسە گۇەنجوڭ رايونىدىكى قاراقچىلارنىڭ سانى ئازلايدۇ. مۇبادا جانابىڭىز (ساڭ جى) دىڭلىڭلار بىلەن غۇزلارنىلا ئۆلتۈرسىڭىز، بۇ شەكسىز ماڭا پايدىلىقتۇر!» («سۇڭنامە. ساڭ جىنىڭ تەرجىمىھالى»).

بۇ نېمىدېگەن ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتىلغان سۆز ھە! توغبات-ۋېي دۆلىتىنىڭ دىڭلىڭلار بىلەن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، ئۇرۇشقا سېلىشىنىڭ مەقسىتى، ئۇلارنى دۈشمەنلىرىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ توغبات ئاقسۆڭەكلىرىگە بولغان قارشىلىقىنى ئازايتىش ۋە بوغۇش ئىدى. ئەلۋەتتە توغباتتاۋنىڭ بۇ سۆزىنىڭ قەستەن ساڭ جىغا قارىتىلغان، مەنسىتمەسلىك مەنىسى بولسىمۇ، لېكىن توغبات ئاقسۆڭەكلىرى ئۇرۇش ۋاقتىدا دىڭلىڭ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئادەم قاتارىدا مۇئامىلە قىلماي، ئۇلارنىڭ ھاياتى ئەرزىمەس نەرسە دەپ قاراپ، خالىغانچە بىر تەرەپ قىلاتتى.

(3) بىر قىسىم دىڭلىڭلارنى ئاستانە (پايتەخت دەي، ھازىرقى داتۇڭ شەھىرى) گە ياكى ئالتە قورغانغا كۆچۈرۈپ، ئۇلارغا ئالۋان سېلىپ چېگرىنى قوغداشقا مەجبۇرلىشى مىلادى 447 - يىلى (شىمالىي ۋېينىڭ تەيپىڭ جېنجۈن 8 - يىلى) توغباتتاۋ پەرمان چۈشۈرۈپ، «دىڭجو ئايمىقىدىكى دىڭلىڭلاردىن 3000 ئائىلىنى پايتەختكە كۆچۈردى» («ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە»). دىڭلىڭلارنى پايتەختكە كۆچۈرۈشنىڭ مەقسىتى، ئۇلارنى توغبات ئاقسۆڭەكلىرى تۇپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئىجارە تاپشۇرۇش ئالۋىنى بىلەن ھاشارغا تۇتۇشقا مەجبۇرلاش ئىدى). يەنە بىر قىسىم دىڭلىڭلار ئالتە قورغاندىكى چېگرىغا كۆچۈرۈلۈپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ئۈچۈن چېگرا قوغدىدى. دەل دىڭجو ئايمىقىدىن خۇيىسۇ قورغىنىدىكى ۋۇيۇەن قورۇلغا كۆچۈرۈلگەن دىڭلىڭلاردىن ئىدى. شيەنيۇشيۇلىنىڭ سالاھىيىتى «تەسلىم بولغان ئاھالە» دىن بولۇپ، ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن، قۇللاردىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى.

قىسقىسى، ھازىر بار بولغان ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، توغبات سۇلالىسى دىڭلىڭلارغا قارىتا ئىنتايىن دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئەينى ۋاقىتتا يەنىلا بىرقەدەر قالاق بولغان جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان سىيانپىلارنىڭ بۇ ئەھۋالى ئۆزئارا ماس كېلىدۇ.

توغبات ئاقسۆڭەكلىرى يۈرگۈزگەن مىللىي كەمسىتىش سىياسىتى بىلەن مىللىي زۇلۇم سىياسىتى، مۇقەررەر ھالدا ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن كەڭ دىڭلىڭ خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشنى قوزغىماي قالمايتتى. توغبات - ۋېي دۆلىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ھۆكۈمرانلىق قىلغان 100 يىل ئىچىدە، دىڭلىڭ

خەلقىنىڭ توغىيات – ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشىنى زادى ئۈزۈلۈپ قالمىدى.

مىلادى 399 – يىلى (شىمالىي ۋېينىڭ تيەنشىڭ 2 – يىلى)، جاۋجۈن ۋىلايىتىدىكى خەنزۇ مىللىتىدىن بولغان جاۋجۈن 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنى توپلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. جاۋجۈن ۋىلايىتىدىكى دېھقانلارمۇ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، گۇەنچاڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، جاۋجۈن ۋىلايىتىنىڭ دورغاپىنى ئۆلتۈردى ھەمدە «چاگشەن، جۇلۇ، گۇاڭپىڭ قاتارلىق ۋىلايەتلەر» دېگەن دېھقانلار ۋە خەنزۇلارنى قوزغىلىپ كۈرەش قىلىشقا كۈشكۈرتتى. قارشىلىق كۆرسىتىش نىڭ ئوت – يالقۇنى تېزلىك بىلەن ئەتراپتىكى ئايماق – ۋىلايەتلەرنى قاپلىدى. ۋېي تەيزۇ باش سانغۇن چاڭ سۇنفېيلى 3000 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن جازالاشقا ئەۋەتكەندىن كېيىنلا، قوزغىلاڭ ئاران باستۇرۇۋېتىلدى («ۋېينامە. چاڭ سۇنفېينىڭ تەرجىمھالى»).

مىلادى 402 – يىلى (تيەنشىڭنىڭ 5 – يىلى) دېھقانلاردىن بولغان شيەنيۇ سىباۋ چاڭشەندىكى شىگتاڭ («ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» گە قاراڭ) دا، دىدۇ شياڭدىكى خۇگۇەندە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ («ۋېينامە. موتەيىنىڭ تەرجىمھالى»)، جەنۇب بىلەن شىمالدا ئايلىنىپ يۈرۈپ جەڭ قىلىپ، ۋېي ئۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى قاتتىق ھالسىراتتى. دىدۇ قوزغىلاڭنىڭ كۆلىمى زورراق ئىدى، ۋېي تەيزۇ 3000 ئاتلىق ئەسكەرنى دىدۇنى جازالاشقا ئەۋەتتى، دىدۇ ئۇرۇش قىلىپ لىنخۇشەن تېغىغا يۆتكەلدى، ۋېي تەيزۇ تاغنى قامال قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەندىن كېيىنلا، قوزغىلاڭ كۈرىشى ئاندىن باستۇرۇۋېتىلدى.

مىلادى 416 – يىلى (شىمالىي ۋېينىڭ تەيچاڭ تۇنجى يىلى)، بەيجىنشەن تېغىدىكى دېھقانلاردىن دى مىكچۇ

«دورغا ۋە ئاۋام» دىن نەچچە مىڭ ئادەمگە باشچىلىق قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى؛ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قالدۇق قوشۇنلىرىنى باشلاپ، نەچچە يۈز چاقىرىم يول بېسىپ شىمالدىكى شىڭتاڭغا قېچىپ باردى. يۈەندۇرقى يىلى (شىمالىي ۋېينىڭ تەيچاڭ 2 - يىلى، مىلادى 417 - يىلى) 4 - ئايدا، تۇشەن تېغىدىكى دىڭلىڭلاردىن دىشۇ بىلەن لو جى جوڭشەندە قوزغىلاڭ كۆتۈردى.⑮ ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ باش سانغۇنى ليۇيۇ، جىن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ خۇاتەي بىلەن لويانگدا دەل مۇداپىئە سېپىنى قۇرغانىدى. دىشۇ ئادەم ئەۋەتىپ ليۇ يۇ بىلەن ئالاقە قىلدى. ۋېي تەيزۇ بۇ خەۋەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن، ئالدىراپ - تېنەپ ئې چىڭ بىلەن جۇ جىننىڭ باشچىلىقىدىكى زور قوشۇننى جازالاشقا ئەۋەتتى. قوزغىلاڭچى قوشۇن كۈرەشنى تاكى شۇ يىلى 11 - ئايغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، ئاندىن ۋېي قوشۇنلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلدى («ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» گە قاراڭ).

مىلادى 428 - يىلى (شىمالىي ۋېينىڭ شېنجيا تۇنجى يىلى) 10 - ئايدا، دىڭجو ئايمىقىدىكى دىڭلىڭلاردىن شيەنيۇ تەيياڭ بىلەن دى چاۋ 2000 دىن ئارتۇق ئائىلىنى باشلاپ «شىسەن تېغى» غا قېچىپ باردى ھەمدە يېقىن ئەتراپتىكى قوشنا ۋىلايەت - ناھىيىلەرگە ھۇجۇم قىلدى؛ ئايماق قوشۇنلىرى كۆپ قېتىم جازا يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، ھەممىسىدە مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كەلدى. يۈەندۇرقى يىلى (مىلادى 429 - يىلى) 1 - ئايدا، شيەنيۇ تەيياڭ شىمالىي ۋېيغا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولغانلىقتىن قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولدى. مىلادى 456 - يىلى (شىمالىي ۋېينىڭ تەيئەن 2 - يىلى) 7 - ئايدا چاڭشەندىكى دىڭلىڭلاردىن نەچچە مىڭ ئائىلە «جىڭشىڭ تېغى» غا قېچىپ بېرىپ يوشۇرۇنۇپ بۇلاڭچىلىق

قىلغان» دا، شىمالىي ۋېينىڭ سانغۇنى لۇ جېن قوشۇن باشلاپ كېلىپ باستۇردى («ۋېينامە. لۇ جېننىڭ تەرجىمىھالى»، «ۋېينامە. گاۋزوڭ ھەققىدە خاتىرە»).

مىلادى 526 - يىلى (شىمالىي ۋېينىڭ شياۋچاڭ 2 - يىلى) ئالتە قورغان قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن، دىڭلىڭلاردىن شيەنيۈ شيۇلى دىڭجو ئايمىقىدىكى زوچىڭ شەھىرى (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىكى دىڭشيەن ناھىيىسى) دە دىڭلىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرگە باشچىلىق قىلىپ، شيەنيۈشيۇلى خائىن سانغۇن يۈەن خۇگيېي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. شيەنيۈشيۇلىنىڭ قول ئاستىدىكىلەر يەنە يۈەن خۇگيېينى ئۆلتۈردى. كېيىن قوزغىلاڭچى قوشۇنلار توغبات ۋېي دۆلىتىنىڭ باش سانغۇنى ئېر جۇرۇڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، تارقىلىپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي، توغبات - ۋېي دۆلىتىمۇ مۇنقەرز بولدى.

توغبات - ۋېي دۆلىتىنىڭ يوقىلىشى، دۆلەت ئىچىدىكى كەسكىن سىنىپىي كۈرەش ۋە مىللىي كۈرەشنىڭ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر. دىڭلىڭ خەلقىنىڭ توغبات-ۋېي خانلىقىغا قارشى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بارغان كۈرىشى، توغبات - ۋېي خانلىقىنىڭ يوقىلىش جەريانىنى تېزلەتتى.

## 5. ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلارنىڭ خەنزۇلارغا قوشۇلۇش مەسىلىسى توغرىسىدا

توغبات - ۋېي خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلار مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولدى، بۇ ئۇلارنىڭ پۈتۈنلەي خەنزۇلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭ قەبىلىلىرى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە يەنىلا، ئۆزلىرىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدا تۇرغان ۋاقتىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلى بىلەن «قەبىلىلەر بويىچە ئۆزئارا ئايرىم ئولتۇراقلىشىش» تىن ئىبارەت - ئۇرۇق قەبىلە تەشكىلىنى ساقلاپ قالغانىدى، بىراق ئۇلار يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان خەنزۇلارنىڭ فېئوداللىق ئىگىلىكى بىلەن ئۇچراشقاندا، خەنزۇلار بىلەن قوشۇلۇشتىن، ئاساسلىقى خەنزۇلارغا قوشۇلۇشتىن ئىبارەت تارىخىي جەرياندىن ساقلىنالمىدى. ئۇلار بويسۇندۇرغۇچى مىللەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىچكى قىسىمدا قوشۇلۇشقا قارشى تۇرىدىغان كونسېرۋاتىپ كۈچلەر يوق ئىدى، ئىقتىسادىي مەدەنىيەت جەھەتتە يەنە خەنزۇلاردىن كۆپ ئارقىدا ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ خەنزۇلارغا قوشۇلۇش قەدىمى ناھايىتى تېز بولدى.

تارىخ كىتابلىرىدا ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلارنىڭ خەنزۇلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىگە ئائىت خاتىرىلەر ئىنتايىن ئاز، لېكىن ھازىر بار بولغان ماتېرىياللاردىن ھۆكۈم قىلغاندا، ئالاھەزەل 16 پادىشاھلىقنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىلدە، دىڭلىڭلارنىڭ دى جەمەتى، ئاساسىي جەھەتتىن كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچىپ، ئاساسەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. چۈنكى كۆچمەن چارۋىچىلىققا كەڭ يايلاق بولمىسا بولمايتتى، ھالبۇكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن تەيخاڭشەن تاغ تىزمىسىنىڭ ئىچى ۋە ئىككى يان تەرىپىدە چوڭراق يايلاقلار يوق بولغاچقا، بۇ يەرلەر چارۋىچىلىققا ماس كەلمەيتتى، بەلكى دېھقانچىلىققا ماس كېلەتتى. ئىقتىسادىي تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ خەنزۇ پومېشچىكلىرى بىلەن

بولغان ئۆچرىشىشنىڭ كۆنسايىن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا، مۇقەررەر ھالدا تېزدىن سىنىپىي بۆلۈنۈش ھادىسىلىرى يۈز بەردى. دى بىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىغا قارشى تۇرغاندا، 4000 كىشىلىك قوشۇنى بار ئىدى. ماركسىزملىق سىنىپىي كۆرەش نۇقتىئىنەزەرىدىن قارىغاندا، بۇ قوشۇن ھەم باشقا مىللەتتىن بولغان ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مىللىي زۇلمىغا قارشى تۇرۇشقا سېلىناتتى، ھەم يەنە بۇ قوشۇندىن پايدىلىنىپ دىڭلىڭلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نامرات سىنىپلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇلاتتى. شۇڭا نامى «چاچما قوشۇن» دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ قوشۇننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇرۇق - قەبىلە قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ رىشتى بارغانسېرى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر تۈپەيلىدىن چەتكە قېقىلاتتى. ئەلۋەتتە، قەبىلە - ئۇرۇق تەشكىلى ناھايىتى زور دەرىجىدە بىر خىل تاشقى پوست ۋە شەكىل بولۇپ قالدى. 16 پادىشاھلىق دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىلىدىكى تارىختىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، دى جەمەتىدىن بولغان ئاكا - ئۇكىلار ۋاقىتلىق ئوتتۇغاتى بىلەن سانغۇنلۇققا ئېرىشكەندە، ئەينى ۋاقىتتىكى خەنزۇ ھوقۇقدار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئالدىنقى چىن ۋە كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىدىن پەرقسىز بولۇپ كەتكەنىدى. دى لياۋ بۈيۈك ۋېي پادىشاھلىقىنى قۇرغاندا، ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلار پۈتۈنلەي فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈپ بولغانىدى. ئاتا - بالا دى لياۋ ۋە دى جاۋلارنىڭ باشچىلىقىدىكى دى جەمەتىدىن بولغان دىڭلىڭلارنىڭ يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى، ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈنلەي شىمالىي جۇڭگونىڭ مىللىي كىيىم - كېچەكىنى كىيىدىغان فېئودال تەبىقىچى كۈچلەرگە

ئايلانغانىدى. شىمالىي سۇلالىلەر ئايىغلاشقاندا، ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلارنىڭ مىللىي «كىيىم-كېچەكى» مۇ قالماي، ئۇلارنىڭ خەنزۇلار بىلەن بولغان قوشۇلۇشى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئورۇندالدى.

ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلار 16 پادىشاھلىقنىڭ دەۋرىدە خەنزۇلار بىلەن بىرقەدەر كەڭ كۆلەمدە قوشۇلدى، نەتىجىدە ئۇلار بىلەن ئەينى ۋاقىتتا يەنىلا موڭغۇل دالاسىدا ياشاپ كېلىۋاتقان بىر مىللەتتىن بولغان كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا زور پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چۈنكى بۇ خىل پەرق مىللەتنىڭ پەرقى ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىڭلىڭلار ئىدى؛ يەنە كېلىپ ئاساسلىقى تىل ۋە ئۆرپ-ئادەت جەھەتتىكى پەرق بولمىغاچقا، ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلار شۇ چاغدا تېخى پۈتۈنلەي خەنزۇلىشىپ كەتمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پەرقى ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەھەتتىكى پەرق بولۇشى كېرەك. بۇ خىل پەرق تۈپەيلىدىن ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئوخشاش بولمىغان ناملار بىلەن ئاتالدى. ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن دىڭلىڭلار تاغلىق دىڭلىڭلار دەپ ئاتىلىپ، دىڭلىڭ دەپ قىسقارتىلىپ ئاتالدى؛ ھالبۇكى موڭغۇل يايلىقىدىكى دىڭلىڭلار بولسا «ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردىن پايدىلىنىپ ئوت-سۇ قوغلىشىپ يۈرىدىغان» بولغاچقا، قاڭقىل-دىڭلىڭلار دەپ ئاتىلىپ، كېيىن قىسقارتىلىپ قاڭقىل دەپ ئاتالدى.

ئىزاھلار:

① «جاۋ مىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما» نىڭ 44-جىلد ساۋ ساۋنىڭ جەڭنامىسىنىڭ 17-يىلى سۇن چۈەنگە جازا يۈرۈش قىلغان ۋاقتىدىكى يارلىقى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، يارلىقتا ساۋ ساۋنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئىچىدە «جەنۇبىي ھون تەڭرىقۇتى

خوۋەيچو ۋە ئالتە ۋىلايەتتىكى ئوغان، دىڭلىڭ، توغا، خۇاڭجۇڭ، چياڭ، بىر» ۋە «ۋۇۋېيدىكى دى - چياڭلار» نىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان، بۇ يارلىقتا دېيىلگەن جەنئەننىڭ 17 - يىلى (مىلادى 212 - يىلى)، 17 يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلىك ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ كەلگەن، بۇ يەردە بىز ئۇنى ئاساس قىلمىدۇق.

② ما چاڭشۇ يازغان «شىمالىي دىلار ۋە ھونلار» نىڭ ۋۇ - بېتىگە قارالسۇن. ۋاڭ جىلىن: «شىمالىي ۋېينىڭ قۇرۇلغان دەۋرى ۋە ئۇنىڭ سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، «تارىخشۇناسلىق مەجمۇئەسى» 9 - سان. «جىننامە. شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە» گە كىرگۈزۈلگەن ھونلارنىڭ 19 ئۇرۇقىنىڭ ئىچىدىكى «چىچىن ئۇرۇقى»، «چىلى» نىڭ خاتا يېزىلىپ قېلىشى ئەمەس، «ئۇلۇغ ئادالەتلىك دۇنيا خاتىرىسى» گە ئاساسلىنىپلا ھۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدۇ. شىمالىي سۇلالىلەر بىلەن سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىگە ئائىت تارىخ كىتابلىرىدا چىن (勤) بىلەن لې (勒) سۆزىنىڭ خاتا يېزىلىپ قالغانلىقىغا ئائىت مىساللار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ئالتە قورغان قوزغىلىڭى مەزگىلىدىكى گۆەنلۇڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ داھىيسى «چىلىلار نىڭ قەبىلە ئاقساقىلى» خۇچېن، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. ئېرجۇراڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا: «چىچىنلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى» خۇ چېن دەپ يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا لې «勒» رەسمىي چىن (勤) دەپ خاتا يېزىلىپ قالغان. «ۋېينامە» دە خاتىرىلەنگەن گۆەنلۇڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ داھىيلىرىدىن بىرى بولغان «سۇچىن مىڭدا» نى، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا خاتا ھالدا «سۇلې مىڭدا» دەپ يازغان؛ يېڭى - كونا «تاڭنامە» نىڭ «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە تۈركلەرنىڭ ئەمەل نامى بولغان «تېكىن» (特勤) دېگەن سۆز پۈتۈنلەي دېگۈدەك «تېلې» (特勒) دەپ يېزىلغان، سېن جۇڭمىيەن ئەپەندىنىڭ ھەلۋاتىغا

ئاساسلانغاندا، بۇنداق خاتالىق 100 دىن كۆپرەك ئورۇندا ئۇچ-رايدىكەن («تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» 2 - كىتاب 830 - بەتكە قاراڭ). ئومۇمەن بۇلارنىڭ ھەممىسى چىن (勤) خېتىنىڭ لې (勒) دەپ خاتا يېزىلىپ قالغانلىقىغا ئائىت مىساللاردۇر. قىسقىسى، «چىچىن» نى جەزمەن «چىلې» نىڭ خاتا يېزىلىپ قېلىشى دەپ ھۆكۈم قىلىش دەل ئۇنىڭ ئەكسى ھېسابلىنىدۇ. 勤 خېتى بىلەن 勒 خېتىنىڭ ئوخشاشلىق شەكلىگە ئاساسلىنىشىمۇ كۇپايە قىلمايدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم دىڭلىڭ قەبىلىلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا كەيىنى - كەينىدىن جەنۇبقا كۆچكەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنى، يەنى ساۋ - ۋېي دەۋرىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ بىر تارمىقى (مەسىلەن، ئىرشىيەن قەبىلىسى) بىلەن موڭغۇل دالاسىنىڭ جەنۇبىدىن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىن سەددىچىننىڭ سىرتىغا كۆچكەن يۆنىلىشتىكىلەرنى بىرلەشتۈرگەندە، يەنە بىر تەرەپتىن، 16 پادىشاھلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا خېلى زور كۆلەمدىكى دىڭلىڭ قەبىلىلىرىنىڭ تارقالغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىت بىلەن بىرلەشتۈرگەندە، شۇنىڭدەك غەربىي جىننىڭ دەسلەپىدىكى سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى سۇ ئاپىتى تۈپەيلىدىن، سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى ھەر مىللەت كۆچمەن چارۋىچى خەلقلىرىنىڭ كۆپلەپ سەددىچىننىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى توغرا تونۇغاندىلا، ئاندىن بىز بىرقەدەر ئاساسلار بىلەن «چىچىن» (赤勤) دىگەن «چىلې» (赤勒) نىڭ خاتا يېزىلىپ قېلىشى دەپ يەكۈن چىقىرالايمىز.

③ «غەربىي تاغ دىڭلىڭلىرى»، «ۋېيشۇ. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە»، «جىننامە. موروڭباۋ ھەققىدە خاتىرە»، «ۋېينامە. خەن ماۋنىڭ تەرجىمىھالى» دا كۆرۈلىدۇ. «شىمالىي تاغ دىڭلىڭلىرى»، «16 پادىشاھلىقنىڭ زېمىنلار تەپسىرى. كېيىنكى يەن پادىشاھلىقى» دا ئۇچرايدۇ.

④ تەيغانگشەن تېغى بەزىدە غەربىي تاغ دەپمۇ ئاتالغان. گو زۇيۇ يازغان «تارىخىي كىتابلاردىكى چېگرا - قورغانلارغا ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» نىڭ 10 - جىلدى، «خېۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار» غا قارالسۇن.

⑤ غەربىي تاغ بىلەن شىمالىي تاغنىڭ ھەر ئىككىلىسى دىڭجو ئايمىقىدا ئىدى. جو ۋېيجو «چىلىلار ۋە جورجانلار» ناملىق كىتابىدا دىڭجو ئايمىقىدىكى دىڭلىڭلار بىلەن غەربىي تاغ دىڭلىڭلىرىنى ئىككى رايونغا ئايرىپ كۆرسەتكەن، بۇ مۇۋاپىق ئەمەستەك تۇرىدۇ.

⑥ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 106 - جىلد، جىن چېڭدىنىڭ تەيۈەن 11 - يىلىدا؛ «دىڭلىڭلاردىن بولغان شيەنيۈجى چۈياڭدىكى غەربىي تاغنى ساقلىدى» (丁零鲜于乞保曲阳西山) دېيىلگەن، بۇنىڭدىكى «شيەنيۈچى» (鲜于乞) ئادەمنىڭ ئىسمى، «保» (ساقلىدى) پېئىلدەك تۇرىدۇ. شيەنيۈچىنىڭ تەيۈەننىڭ 10 - يىلى دى جېنىنىڭ قول ئاستىدىكى قوۋملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ئاساسلانغاندا، يەنە شيەنيۈچى بولماسلىقى كېرەك. «ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە خاتىرىلەنگەن تيەنشىڭنىڭ 5 - يىلى (مىلادى 402 - يىلى) «دىڭلىڭلاردىن شيەنيۈسى ئادەملىرىنى توپلاپ چاڭشەندىكى شىڭتاڭنى ساقلاپ ياتتى» دېگەندىكىسى بەلكىم مۇشۇ ئادەم بولسا كېرەك؛ «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە «شيەنيۈچى» دېگەن «شيەنيۈچى باۋ» نىڭ خاتا يېزىلىشى دەپ، سۆزنى «باۋ» (保) خېتىنىڭ كەينىگە يەنە بىر «باۋ» (保) خېتىنى قوشۇپ قايتىلانغان خاتا خەت دەپ چىقىرىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

⑦ تارىخ كىتابلىرىدا، دىشۇنىڭ ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىغا بەيئەت قىلغانلىقىدىن ئالدىنقى يەننىڭ مۇنقەرز بولغانلىقىغىچە بولغان 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، دىڭلىڭلار بىلەن ئالدىنقى يەن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتنىڭ

يۈز بەرگەنلىكى خاتىرىلەنمىگەن، 16 پادىشاھلىق ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، دىڭلىڭلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى جاۋ، ئالدىنقى چىن، كېيىنكى يەن ۋە تۇغبات ۋېيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغان بولۇپ، پەقەت ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىلا بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى.

⑧ دىشۇ مىلادى 316 - يىلى شىلاغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن بولۇپ، ئارىدىن 55 يىل ئۆتۈپ، مىلادى 371 - يىلىغا كەلگەندە فۇجيەن دىڭلىڭلاردىن بولغان دى بىننى شىنشېنگە كۆچۈرگەن. ئەگەردە قېرىپ ئۆلمىگەندىمۇ، ئۇنىڭ يېشى 70 — 80 ئەتراپىدا بولىدۇ.

⑨ «جىننامە. فۇجيەن ھەققىدە خاتىرە»، «16 پادىشاھلىق يىلنامىسىگە تولۇقلىما»، «16 پادىشاھلىقنىڭ زېمىنلار تەپسىرى» قاتارلىقلاردا دىڭلىڭلاردىن بولغان دى بىننىڭ شىنشېنگە كۆچكەنلىكىلا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، مىيەنچىگە كۆچكەنلىكى تىلغا ئېلىنمىغان. «ئەللىك ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 103 - جىلد جىن سۇلالىسىنىڭ جىيەن ۋېندى شىنئەن تۇنجى يىلىدا «دىڭلىڭلاردىن بولغان دى بىن شىنئەن بىلەن مىيەنچىگە كۆچۈرۈلدى» دېيىلگەن.

⑩ بىر قىسىم دەرسلىك كىتابلاردا ھەممىدىن بۇرۇن ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىغا قارشى چىققان ئادەمنى، كېيىنكى يەن بەگلىكىنىڭ قۇرغۇچىسى مو- رۇڭچۇي دەپ كۆرسىتىلگەن، ئەمەلىيەتتە دىڭلىڭلاردىن بولغان دى بىننىڭ ئالدىنقى چىنغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى، مو- رۇڭچۇيدىن بىرقانچە ئاي بۇرۇن يۈز بەرگەنىدى.

⑪ «جىننامە. شيا ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە» دە: «تەييۈەننىڭ 19 - يىلى 1 - ئايدا، چاپقۇر ئەجدىھا سالغۇن ليۇ لاۋ تەيشەن تېغىدا دى لياۋ ۋە جاڭ يۈەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغانىدى، خاڭ قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولدى» دېيىلگەن. ھالبۇكى، «جىننامە. ليۇ

لاۋنىڭ تەرجىمىھالى» دا مەغلۇپ بولدى دېگەن سۆز خەلىپە قىلادى دېيىلىپ، دى لياۋنى دى جاۋ دەپ، جاڭ يۈەنسىنى جاڭ يۈ دەپ يازغان. بۇ يەردە «جىننامە. شياۋۋۇدى ھەققىدە خاتىرە» دىكىسى ئاساس قىلىندى.

⑫ جاڭ يۈەننىڭ جىن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغانلىقى، «جىننامە. لىيۇ لاۋنىڭ تەرجىمىھالى» دا كۆرۈلىدۇ. «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 107 - جىلد، جىن ۋۇدىنىڭ تەييۈەن 15 - يىلىدا «جاڭ يۈەن تەسلىم بولدى» دېيىلگەن.

⑬ «16 پادىشاھلىقنىڭ زېمىنلار تەپسىرى، كېيىنكى يەن پادىشاھلىقى» نىڭ جىجو ئايمىقىنىڭ لياڭ ۋىلايىتىنىڭ لياڭ ماددىسىدا؛ «جىننامە. خاتىرىلەر» دە «دى جىننىڭ ئوغلى دى لياۋ لياڭغا قېچىپ باردى، مورۇڭچۇي دۈەن لياۋنى يوقىتىش ئۈچۈن لياڭغا ھۇجۇم قىلدى...... لياڭچېڭدا دۈەنجاۋغا جازا يۈرۈش قىلدى» دېيىلگەن. «جىننامە» دىكى دۈەن لياۋ بىلەن دۈەن جاۋ دى لياۋ بىلەن دى جاۋ دېگەن سۆزنىڭ خاتا يېزىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

⑭ جۇ يىلياۋ «دى جاۋنىڭ باشچىلىقىدىكى 38 مىڭ تۈتۈن پۈتۈنلەي دىڭلىڭلاردىن بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارايدۇ. «شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى مىللىي مەسىلە ۋە مىللىي سىياسەت»، «ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» غا بېسىلغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ قارىشى قوبۇل قىلىندى.

⑮ «ۋېينامە، تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە: «تەيچاڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 417 - يىلى) 4 - ئايدا، تۇشيەن تېغىدىكى دىڭلىڭلاردىن دىشۇ قوۋملىرىنى باشلاپ بېرىش توغرىلىق ئەلچى ئەۋەتىپ ليۇيۇ بىلەن ئالاقە باغلىدى.» 11 - ئايدا «ئې چىڭ، جو جى قاتارلىقلار بىلەن تاغنىڭ سۈن جيەنىنى غەربىي تاغلىق

دىڭلىڭلاردىن دىنشۇ بىلەن لوجى قاتارلىقلارغا چازا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ ئەگەشمە كۆچمەنلىرىنى يوقىتىپ قايتىپ كەلدى» دېيىلگەن. تۇشيەن تېخىدىكى دىڭلىڭلاردىن بولغان دىنشۇ بىلەن غەربىي تاغلىق دىڭلىڭلاردىن بولغان دىنشۇ بىر ئادەم بولۇشى، تۇشيەن تېخى بىلەن غەربىي تاغنىڭ بىر جاي بولۇشى كېرەك. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 118 - جىلدىدا: «جىن ئەندىنىڭ يىشى 13 - يىلى (مىلادى 417 - يىلى) 11 - ئايدا ۋېي تەيزۇڭنىڭ تاغىسى سۇن جيەن قاتارلىقلار غەربىي تاغدىكى دىڭلىڭلاردىن دىنشۇ بىلەن لوجى قاتارلىقلارغا چازا يۈرۈش قىلىپ ئۇلارنى تىنچىتتى» دېيىلگەن. خۇسەنشىڭ «غەربىي تاغ لى-شىيالىي ۋېينىڭ ئەنجۇ ئايمىقىدىكى غەربىي تاغدۇر» دەپ ئىزاھ بەرگەن. «ۋېينامە. جۇغراپىيىلىك تەپسىراتلار» گە ئاساسلانغاندا، «دىڭجو ئايمىقىدا ۋېينىڭ تەيزۇنىڭ خۇاڭشى 2 - يىلى (مىلادى 397 - يىلى) ئەنجۇ ئايمىقى تەسىس قىلىنغان، تيەنشىڭنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 400 - يىلى) دىڭجو ئايمىقى دەپ ئۆزگەرتىلگەن» دېدى. بۇنىڭدىن خۇسەنشىڭ ئېيتقان غەربىي تاغنىڭ يەنىلا دىڭجو ئايمىقىنىڭ چۇيالۇ دېگەن جايىدىكى غەربىي تاغ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تۇشيەن تېخى ئېھتىمال چۇيالۇدىكى غەربىي تاغ بولۇشى مۇمكىن.

# ئىككىنچى قىسىم

# قائىدىلار

## VI باب قاڭقىللارنىڭ مىلادى IV ئەسىردىن VI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلىشىشى، ئىجتىمائىي ئىگىلىك تۈزۈمى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى

يۇقىرىدا بىز جەنۇبىي سىبىرىيىگە تارقالغان دىڭلىڭلارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدا موڭغۇل دالاسىغا كۆچۈشى بىلەن قىسمەن دىڭلىڭ قەبىلىلىرىنىڭ ئىچكى رايونلارغا كۆچكەندىن كېيىنكى تارىخىنى مۇھاكىمە قىلغانىدۇق. دىڭلىڭ قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى ۋېي، جىن سۇلالىلىرى ئارىلىقىدا ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن بولسىمۇ، لېكىن كۆپ قىسمى داۋاملىق چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل دالاسىدا تۇرۇپ قالغانىدى. ئۇلار دىڭلىڭلارنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خۇن دۆلىتى يىمىرىلگەن ۋە سىيانپىلار موڭغۇل دالاسىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىنمۇ، موڭغۇل دالاسىنىڭ تارىخ سەھنىسىدە يەنىلا ئاساسلىق رول ئوينىدى.

موڭغۇل دالاسىغا كۆچۈپ كەلگەن بۇ دىڭلىڭ قەبىلىلىرى موڭغۇل دالاسىدىكى قالدۇق خۇن قوۋملىرى ۋە سىيانپىلار بىلەن ئۆزئارا قوشۇلغاندىن كېيىن مىلادى IV ئەسىردىن باشلاپ يەنە قاڭقىل①، چىلى (چىلى دېگەن سۆز بەزىدە يەنە شىلى، 敕勒 赤勒② چىلى، دەپمۇ پەرقلەندۈرۈلۈپ

بېزىلغان) دەپمۇ ئاتالدى.

16 پادىشاھلىق ۋە جەنۇبىي شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى (مىلادى IV ئەسىردىن VI ئەسىرگىچە) دىكى قاڭقىللارنىڭ تارىخىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئاۋۋال، بىز ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ مۇشۇ دەۋردىكى موڭغۇل دالاسىدىكى جايلىشىش ئەھۋالى بىلەن جەمئىيەت ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ باقايلى.

## 1. قاڭقىللارنىڭ مىلادى IV ئەسىردىن V ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى موڭغۇل دالاسىدىكى جايلىشىش ئەھۋالى

مەملىكىتىمىزنىڭ يازما مەنبەلىرى ئىچىدە قاڭقىل قەبىلىلىرىنىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى جايلىشىشى ھەققىدە ئەڭ بۇرۇن خاتىرە قالدۇرۇلغان ئەسەر — «16 پادىشاھلىق يىلنامىسى. ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقى ھەققىدە خاتىرە»[3] بولۇپ، ئۇنىڭدا مىلادى 357 - يىلى (ئالدىنقى يەننىڭ پادىشاھى مورۇڭجۈننىڭ گۇاڭشۇ تۇنجى يىلى) يەن قوشۇنلىرىدىن 80 مىڭ ئادەم «سەددىچىننىڭ سىرتىدا دىڭلىڭلار بىلەن چىلىلارغا جازا يۈرۈش قىلدى» دېيىلگەن. بۇ دىڭلىڭلار سۇفاڭ دىڭلىڭلىرىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئالاھەزەل 16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن، سەددىچىننىڭ شىمالىغا قېچىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ چىلىلار قاڭقىللار ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مىلادى 362 - يىلى (جيەنشىنىڭ 3 - يىلى) يەن قوشۇنلىرى يەنە «شىمالدا چىلىلارغا ھۇجۇم قىلدى». مىلادى

367 - يىلى (جيەنشىننىڭ 8 - يىلى) ئالدىنقى يەن قوشۇنلىرى يەنە دەي (ھازىرقى داتوڭنىڭ ئەتراپى) زېمىنىدىن ئۆتۈپ، «چىلىلارنى مەغلۇپ قىلدى». يەن قوشۇنلىرىنىڭ بۇ بىرنەچچە قېتىملىق جازا يۈرۈشىنىڭ ھەممىسى غەلىبە بىلەن ئاياغلاشقان بولۇپ، سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىن ئالچە يىراق ئىچكىرىلەپ بارمىغانىدى. يەن قوشۇنلىرى جازا يۈرۈش قىلغان چىلىلار چوغاي تېغىنىڭ شىمالى بىلەن موڭغۇل دالاسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا تارقالغانىدى. مىلادى 363 - يىلى (شى يىجيەننىڭ دۆلىتى قۇرۇلۇپ 26 يىلدىن كېيىن) بىلەن مىلادى 370 - يىلى توغبات دەي بەگلىكىنىڭ بېگى شى يىجيەنمۇ ئىككى قېتىم چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىن چىقىپ «شىمالدا قاڭقىللارغا جازا يۈرۈش قىلدى». ئەمما جازا يۈرۈش قىلغان جايى ئېنىق ئەمەس ئىدى. مىلادى 376 - يىلى ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقى دەي بەگلىكىنى مەغلۇپ قىلغاندا، شى يىجيەن قالدۇق قوشۇنلىرىنى باشلاپ، «چوغاي تېغىنىڭ شىمالى»غا قېچىپ باردى، ئۇ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل دالاسىغا قەدەم قويۇشى بىلەنلا، «قاڭقىللارنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى»غا يولۇقتى، نەتىجىدە ئۇنىڭ قەبىلىلىرى «چارۋىلىرىنى ئوتلاقتا باقالمىغانلىقتىن»، ئامالسىز قوشۇنلىرىنى باشلاپ، «چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى» («ۋېينامە. مۇقەددىمە»). بۇنىڭدىن شى يىجيەن جازا يۈرۈش قىلغان شىمالدىكى قاڭقىللارنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مىلادى 402 - يىلى جورجانلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى سەلىلان چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا توغبات ۋېي دۆلىتى (بۇ ۋاقىتتا دەي بەگلىكى ۋېي دۆلىتى دەپ ئۆزگەرتىلىپ ئاتالغانىدى) تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، «دىبا يان ۋە كەلىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ بېرىپ، قاڭقىللارنىڭ

يايلاقلىرىغا بېسىپ كىردى» («ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»). بۇ ھال بىپايان ۋە كەڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىنىڭ پۈتۈنلەي قاڭقىللارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان رايونلىرىغا ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يۇقىرىدىكى ماتېرىياللارنى يىغىنچاقلاپ كۆزەتكەندە، يەنە شۇ نەرسە ئايانكى، تاكى مىلادى IV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندىمۇ، چوڭغاي تېغى بىلەن چوڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل دالاسىغا ئادەم سانى كۆپ بولغان نۇرغۇنلىغان قاڭقىل قەبىلىلىرى تارقالغانىدى. بۇلى بۇنىڭدىن ئاۋۋالقى مەزگىلدىكى دىڭلىڭلارنىڭ دى جەمەتى قاتارلىقلارنىڭ چۆللۈكتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا بولغان كۆچۈشى بىلەن بىرلەشتۈرسەك، دىڭلىڭلارنىڭ جەنۇبىي سىبىرىيىدىن موڭغۇل دالاسىغا كۆچۈشى بىلەن ئىچكى رايونلاردىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈشىنىڭ بەلگىلىك ئورۇننى ئىگىلەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، مىلادى V ئەسىرنىڭ دەسلەپتىن بۇرۇن موڭغۇل دالاسىدىكى قاڭقىللارنىڭ ئارىسىدا «قاڭقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسى»، يەنى دى جەمەتى، ئۇيغۇر جەمەتى④، چۇبە جەمەتى⑤، قوغۇرسۇ جەمەتى، قۇتلۇق غۇز جەمەتى، ئىزگىل جەمەتى بار ئىدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قاڭقىللارنىڭ پوۋۇرغور قەبىلىسى (يەنى «12 جەمەت») نى قوشقاندا جەمئىي يەتتە قەبىلە ئىدى. بۇ يەتتە قەبىلىنىڭ موڭغۇل دالاسىغا قانداق تارقالغانلىقى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېنىق ئەمەس. لېكىن بىز بەزى ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنىنى مەلۇم جەھەتتىن بولسىمۇ پەرەز قىلالايمىز.

«ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە» دە «شەرقىي قىسىم قاڭقىللار» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بىر قوۋم بار، قاڭ-

قىلىلار ھەققىدە قىسسە» دېگەن «داتان قاغانلىق تەختىگە
چىقىشتىن بۇرۇن باشقا قەبىلىلەرنى باشقۇراتتى، غەربىي چېگ-
رىنى تىنچىتىپ قوۋملىرىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن»،
داتەنىنىڭ «ئىنىسى پىلى دەسلەپتە شەرقتىكى قەبىلىلەرنى باش-
قۇراتتى» دېگەن بايانىدىن، داتانىنىڭ ئاكا - ئۇكىلىرىنىڭ
جورجان خانلىقىنىڭ شەرق ۋە غەربىي قىسمىنىڭ تىنچىتقۇچى
سانغۇنلىرى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئومۇمەن ھون دۆ-
لىتىدىن بۇيان موڭغۇل دالاسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەل-
گەنلەر، ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ مەمۇرىي رايونلىرىنى ئايرىغاندا،
ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران ئوتتۇرا قىسمىدا تۇراتتى، قوشۇن قو-
ماندانى بولغان پەرزەنت - ئىنىلەر شەرق ۋە غەربىي قىسمى-
دا تۇراتتى. جورجان خانلىقىمۇ خۇددى مۇشۇنداق ئىدى.
«شەرقىي قىسىم قاڭقىللار»، جورجان خانلىقىنىڭ شەرقىي
قىسمىنى تىنچىتقۇچى سانغۇنىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى قاڭقىللارنى
كۆرسەتسە كېرەك. مىلادى 429 - يىلى شىمالىي ۋېي قوشۇن-
لىرى شەرق ۋە غەربىي ئىككى يول بويىچە جورجان خانلىقى-
غا ھۇجۇم قىلدى، ۋېي تەيۋۇدى - توغباتتاۋ شەخسەن ئۆزى
شەرقىي يولدىكى زور قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، موڭغۇل
دالاسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا بېسىپ كىردى. بۇ ۋاقىتتا «شەرق-
تىكى قەبىلىلەرنى باشقۇرۇۋاتقان» جورجان قاغانى داتانىنىڭ
ئىنىسى پىلى شىمالىي ۋېينىڭ زور قوشۇنىنىڭ يېتىپ كەل-
گەنلىكىنى ئاڭلاپ، جورجانلارنىڭ ئاقساقاللىرىنى باشلاپ
غەربتىكى داتانىنىڭ ئوردىسى (داتانىنىڭ ئوردىسى «جاڭيېنىڭ
شىمالىغا ئۇدۇل كېلەتتى»، يەنى ئۇنىڭ تەخمىنىي ئورنى ھا-
زىرقى ئۇرقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ شەرقىي چېتى-
دىكى ھون تەڭرىقۇتىنىڭ كونا ئوردىسىنىڭ ئەتراپىدا ئىدى)
غا قاچقاندا، ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن ۋېي قوشۇنلىرى
تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ۋېي تەيۋۇدى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بايقال كۆلى ئەتراپىدىكى «شەرقىي قىسىم قاتقىللار» نىڭ ئادەم ۋە مال ـ چارۋىلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ئاڭلاپ، سانغۇن ئەن يۈەن قاتارلىقلارنى جازالاشقا ئەۋەتكەندە، «شەرقىي قىسىم قاتقىللار» دىن نەچچە يۈزمىڭ ئۆيلۈك ئادەم تەسلىم بولدى. بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق بۇ شەرقىي قىسىم قاتقىللار، پى لىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «شەرقتىكى قەبىلىلەر» بولۇپ، ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ جازا يۈرۈش قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن بايقال كۆلى بويىغا قېچىپ كەلگەن بولسا كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، مەيلى بايقال كۆلىنىڭ جورجان خانلىقىدىكى ئورنىدىن قارىغاندا ياكى قاتقىللارنىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى ئەينى ۋاقىتتىكى تارقىلىش ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا، شەرقىي قىسىم قاتقىللار دەپ ئاتالماي، ئەكسىچە شىمالىي قىسىم قاتقىللار ياكى ئوتتۇرا قىسىم قاتقىللار دەپ ئاتالغان بولاتتى. بايقال كۆلىنىڭ شەرقىي قىسىم قاتقىللارنىڭ جايلاشقان ئورنى ئەمەسلىكى ئېنىق. شەرقىي قىسىم قاتقىللارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان جايلىرى، شىمالىي ۋېينىڭ شەرقىي يول قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي يۈرۈش يۆنىلىشى بىلەن شەرقىي قىسىم قاتقىللارنىڭ قاچقان يۆنىلىشىدىن قارىغاندا، ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ كورۇلۇن، مالىج دەريالىرى بىلەن ئونان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلار بولسا كېرەك. شەرقىي قىسىم قاتقىللىرىنىڭ قاتقىللارنىڭ قايسى قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، تارىخىي كىتابلاردا تولۇق خاتىرىلەنمىگەن.

شەرقىي قىسىم قاتقىللار دېگەن نام بولغان يەردە، غەربىي قىسىم قاتقىللىرى دېگەن نام بولغان بولسا ئاندىن ئەقىلگە سىغقان بولاتتى. لېكىن غەربىي قىسىم قاتقىللىرى دېگەن نام تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچرىمايدۇ؛ «ۋېينامە. قاتقىللار

ھەققىدە «قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، قاڭقىللارنىڭ پوۋۇرغۇر قەبىلىسىگە قاراشلىق 12 جەمەتنىڭ ئىچىدە ئىلخان جەمەتى بار ئىدى، ھالبۇكى، باشتىكى تەھلىلىمىزگە ئاساسلانغاندا (بىرىنچى بۆلۈمدىكى IV بابقا قاراڭ). «ۋېينامە. مەنسەپ، فامىلە تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن توغبات سىيانپىلىرىنىڭ ئۇرۇقىنىڭ ئون جەمەتى ئىچىدىكى ئىلخان جەمەتى، ئەسلىدە مىلادى II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا توغبات سىيانپىلىرى موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان ۋاقتىدا، توغبات قەبىلىسىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن دىڭلىڭلارنىڭ جەمەتلىرى ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، پوۋۇرغور قەبىلىسىگە قاراشلىق ئىلخان جەمەتى ئەڭ كېچىككەندىمۇ مىلادى II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇن موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىدا ماكانلاشقانىدى. «ۋېينامە» دىن قارىغاندا، پوۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى غەربتە قوچۇ خانلىقىدىن ھەقىقەتەنمۇ ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. مىلادى 481 - يىلي قوچۇ پادىشاھى كان بوجو ئۆلگەندە، ئاكىسى كان شوكۇي تەختنى تارتىۋالدى. پوۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى ئاپۇرغۇر «كان شوكۇي ۋە ئۇنىڭ ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ، دۇنخۇاڭلىق (توخرىيلىق) جاڭ مېڭمىڭنى خان قىلدى» ⑥ («ۋېينامە. قوچۇ تەزكىرىسى»). شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي پوۋۇرغور قەبىلىسى جورجان خانلىقىدىن ئايرىلىپ، غەربكە كۆچتى، ئۇلار «ئالدى قوس (يەنى قوس بەگلىكى، خانى يارغۇل شەھىرىدە⑦ تۇراتتى) زېمىنىنىڭ غەربىي شىمالى» دا مۇستەھكەم پۇت دەسسەپ تۇردى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى قاڭقىللارنىڭ پوۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ ئەسلىدىكى جايلاشقان ئورۇنلىرىنىڭ ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا يېقىن ئىكەنلىكىنى، ئېھتىمال موڭغۇل دالاسىنىڭ غەربىي قىسمى ئىكەنلىكىنى، يەنى ھازىرقى موڭغۇلىيە

جۇمھۇرىيىتىنىڭ توبىن، بايدارىق ۋە زابۇقان دەريالىرىنىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. پوۋۇرغۇر قەبىلىسىدىكى قاڭقىلار، تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلەنمەي قالغان غەربىي قىسىم قاڭقىللىرى بولۇشى مۇمكىن.

ئوتتۇرا قىسىم قاڭقىللىرىغا كەلسەك ئۇلارمۇ ئوخشاشلا تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچرىمايدۇ، روشەنكى ئۇلار موڭغۇل دالاسىنىڭ مەركىزىي رايونىغا يەنى ھازىرقى تۇرا دەرياسى، ئورقۇن دەرياسى ۋە سېلىنگا دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرى ئەتراپىغا تارقالغانىدى. ئېھتىمال ئۇلار جورجان قاغانىنىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقىدىكى قاڭقىل قەبىلىلىرى بولۇشى مۇمكىن. ھېچ بولمىغاندا قاڭقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسىنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىسى بىلەن قوغۇرسۇ قەبىلىسى مۇشۇ يەرگە جايلاشقان بولسا كېرەك. ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ جايلىشىشى توغرىسىدا، «ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە: «دېڭگونىڭ 5 - يىلى (مىلادى 390 - يىلى) باھار پەسلىنىڭ 3 - ئېيىدا، پادىشاھ (ۋېي داۋۇدى - توغباتگۇي) غەربكە جازا يۈرۈش قىلىپ، رۇقۇن كۆلىگە باردى. قاڭقىللارنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى»، 10 - ئايدا «قاڭقىللارنىڭ بۆرە تېغىدىكى دۇچېن قەبىلىسىگە جازا يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى» دېيىلگەن، «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىكى بۇ ھەقتىكى خاتىرىمۇ سەل-پەل ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدا: «تەيزۇ (يەنى ۋېي داۋۇدى) رولۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، غەربتە تاكى رۇقۇن كۆلىگىچە بېرىپ، يۈرۈشنى توختىتىپ خىل ئاتلىقلار بىلەن غەربىي شىمالغا 100 چاقىرىمدىن ئارتۇقراق ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى، ئۇلارنىڭ ئات، كالا، قوي قاتارلىق چارۋىلىرىدىن 200 مىڭدىن كۆپرەكنى غەنىيمەت ئالدى، قايتا يەنە ئۇلارنىڭ بۆرە تېغىدىكى قالدۇق ئورۇقلىرىغا قارشى

جازا يۈرۈش قىلدى» دېيىلگەن. رولۇ دەرياسى يەنى هازىرقى تۇرا دەرياسىدۇر؛ بۆرە تېغى يەنى لياڭجۇشۇ تېغى بولۇپ، هازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ۋۇيۈەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا ئىدى. ئۇيغۇر قەبىلىسى تۇرا دەرياسىنىڭ غەربىي بىلەن رۇقۇن كۆلى (ئورقۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا) نىڭ غەربىدىن 100 چاقىرىمدىن ئارتۇقراق كېلىدىغان دائىرىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ جايلار هازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ سېلىنگا دەرياسىنىڭ ئەتراپى، يەنى موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسمىدا بولسا كېرەك. دۇچىن قەبىلىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قالدۇق ئۇرۇقلىرى بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇيغۇر قەبىلىسىگە تەۋە ئىدى. بۆرە تېغى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئايرىم ئۇرۇقلىرىنىڭ قىش پەسلىدە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى «سوغۇق جايدىن قېچىپ ئىسسىق جايغا يۆتكىلىدىغان» يايلاقلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىن باشقا «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر ئۇپىن قەبىلىسى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، مىلادى 403 - يىلى (شىمالىي ۋېينىڭ تيەنشىڭ 6 - يىلى) ۋېي قوشۇنلىرى ئۇلارغا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلدى، بۇ قەبىلىمۇ ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولغاچقا، سېلىنگا دەرياسى ئەتراپىغا تارقالغان بولسا كېرەك. يۇقىرىقىلار قاڭقىللارنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ جايلىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ جايلاشقان ئورنى توغرىسىدا «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە مىلادى 402 - يىلى جورجانلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى سەللان ۋېي قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، «تارقىلىپ كەتكەن قەبىلىلىرىنى يىغىپ، بىپايان ۋە كەڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قېچىپ بېرىپ، قاڭقىللارنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىردى، قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى بېكقۇلى قوۋمىنى باشلاپ ئۇلارغا تاقابىل تۇردى» دېيىلگەن. سەللان

يېيىپ كىرگەن جاي يەنى قاڭقىللارنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ جايلاشقان ئورنى ئىدى. جورجانلار قاڭقىللارنى بويسۇندۇرۇشتىن ئاۋۋال، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان جايلىرىنىڭ موڭغۇل دالاسىنىڭ ئەڭ جەنۇبىي چېتى يەنى ھازىرقى موڭغۇلىيە چۆللۈكىدىكى ئالتاي تاغ تىزمىسىنىڭ ئىككى تەرىپى ئىكەنلىكىدىن قارىغاندا (تەپسىلاتى كەينىدە)، سەللان ئاۋۋال يېيىپ كىرگەن قاڭقىللارنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان جايلىرى، ئۇرقۇن، تۇرا ۋە ئۆڭگىن دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىدا يەنى موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمى ئەتراپىدا بولسا كېرەك.

قاڭقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسىنىڭ ئىچىدىكى دى جەمەتى يەنى 翟 (دى) جەمەتى بولۇپ، كۆپ قىسمى ۋېي، جىن سۇلالىلىرى ئارىلىقىدا ئىچكى رايونلارغا كۆچۈپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ بارغان، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا داۋاملىق قېپ قالغان دى جەمەتىنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، جايلاشقان ئورنى ئېنىق ئەمەس. چۈبە، قۇتلۇق غوز، ئىزگىل جەمەتىدىن ئىبارەت ئۈچ قەبىلىنىڭ جايلاشقان ئورنىمۇ ئېنىق ئەمەس، لېكىن يۇقىرىدا ئۇيغۇر، قوغۇرسۇدىن ئىبارەت ئىككى قەبىلىنىڭ موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقانلىقى بايان قىلىپ ئۆتۈلدى، ئۇنداقتا ئۇلار «ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە» دە ئېيتىلغان موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان شەرقىي قىسىم قاڭقىللار بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، موڭغۇل دالاسىدىكى قاڭقىللارنىڭ يەتتە قەبىلىسى ئىچىدە پوۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ 12 جەمەتى موڭغۇل دالاسىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقانىدى؛ ئۇيغۇر قەبىلىسى بىلەن قوغۇرسۇ قەبىلىسى موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا (ئۇيغۇر قەبىلىسى شىمالىغا،

قوغۇرسۇ قەبىلىسى جەنۇبقا جايلاشقان) جايلاشقانىدى؛ قۇتلۇ-
لۇق غوز، ئىزگىل، چۇبە قەبىلىلىرىنىڭ جايلاشقان ئورنى
ئېنىق ئەمەس، موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىي قىسمى بو-
لۇشى مۇمكىن؛ دى قەبىلىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئىچكى رايون-
لارغا كۆچۈپ كەتكەنىدى. «شەرقىي قىسىم قاڭقىللار» بىلەن
تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن غەربىي قىسىم قاڭقىللىرى
ۋە ئوتتۇرا قىسىم قاڭقىللىرى دېگەن ناملار، قەبىلە - گۇرۇھلار
(مەسىلەن، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى) دېگەن ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە
ئالمايتتى، بەلكى يەنە قاڭقىللارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاتىشىمۇ
ئەمەس ئىدى. بۇ ناملار بەلكىم جورجان خانلىقىنىڭ مەمۇ-
رىي رايونلار ئايرىمىسىدىن كەلگەن بولۇپ، قاڭقىل قەبىلى-
لىرىنىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى ئوخشىمىغان ئورۇنلاردىكى تار-
قىلىشىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن.

## 2. قاڭقىللارنىڭ ئىگىلىكى

«ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە: «ئۇلار سۇ
ۋە ئوت قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ، كالا، قوي قاتارلىق
چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى يېتىشتۈرۈشى جورجانلارنىڭكى بىلەن
ئوخشىشىپ كېتىدۇ» دېيىلگەن. شۇ قىسسەدە يەنە قاڭقىللار-
نىڭ «ئات پادىلىرى» نىڭ بارلىقى بىلەن «توي - تۆكۈن
ئىشلىرىدا كالا بىلەن ئاتنى توي سېلىقى قىلىدىغان» لىقى
خاتىرىلەنگەن. مىلادى 357 - يىلى ئالدىنقى يەن پادىشاھ-
لىقى قاڭقىللارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، «13 مىڭ تۇياقتىن
ئارتۇق ئات، بىر مىليوندىن ئارتۇق كالا بىلەن قوي غەنىي-
مەت ئالغان». («جىننامە. مورۇڭجۇن ھەققىدە خاتىرە»). مى-
لادى 363 - يىلى دەي بەگلىكىنىڭ بېگى شىيىجيەن قاڭ-

قىلالارغا جازا يۈرۈش قىلىپ، «بىر مىليون تۇياقتىن ئارتۇق ئات، كالا، قويىنى غەنىيمەت ئالغان». مىلادى 399 - يىلى (شىمالىي ۋېينىڭ تيەنشىڭ 2 - يىلى) ۋېي داۋۇدى قاڭقىللارغا جازا يۈرۈش قىلىپ، «350 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق ئات، 1 مىليون 600 مىڭدىن كۆپ كالا، قوي غەنىيمەت ئالغان» («ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە»). مىلادى 429 - يىلى ۋېي تەيۇۋدى قاڭقىللارغا جازا يۈرۈش قىلىپ، «بىر مىليون تۇياقتىن ئارتۇق جەڭ ئېتى» («ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە») نى غەنىيمەت ئالغان. بۇنىڭدىن قاڭقىللارنىڭ ئات، كالا، قوي بېقىشنى ئاساس قىلىدىغان، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

قاڭقىللارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىشى ئارقىسىدا، ئەينى ۋاقىتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەلۋەتتە ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيىدە ئىدى. مىلادى 363 - يىلى ۋېي قوشۇنلىرى قاڭقىللارغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، قاڭقىللارنىڭ بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئائىلىسىنى، بىر مىليون تۇياقتىن ئارتۇق ئات، كالا، قويىنى غەنىيمەت ئالغانىدى؛ ئادەم بىلەن چارۋىنى سېلىشتۇرغاندا 100:1 بولىدۇ. مىلادى 399 - يىلى ۋېي قوشۇنلىرى قاڭقىللارغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، قاڭقىللارنىڭ 90 مىڭ ئائىلىسىنى، 2 مىليون تۇياققا يېقىن ئات، كالا، قويىنى غەنىيمەت ئالغانىدى؛ ئادەم بىلەن چارۋىنى سېلىشتۇرغاندا، 20:1 بولىدۇ. «ۋېينامە. گاۋلۇنىڭ تەرجىمىھالى»، دا شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئادەتتىكى چاغلاردا «دالا ۋە سازلىقلارغا تارقىلىپ ئولتۇراقلىشىپ، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ يۈرىدۇ، مۇبادا ئۇرۇش بولۇپ قالسا ئۆي بىساتلىرى بىلەن چارۋا - ماللىرىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىدۇ، ئاشلىق ئېلىۋالمايمۇ

ئۆز جىنسىنى ئۆزى بېقىپ كېتەلەيدۇ» دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋېي قوشۇنلىرى غەنىيمەت ئالغان مال - چارۋىلار، ئاساسىي جەھەتتىن ئەسىر-گە ئېلىنغان قاڭقىللارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقىدىكى «ئائىلە مۈلۈكلىرى» ئىدى. ئادەم بىلەن چارۋىنىڭ سېلىشتۇرمىسى 100:1 ۋە 20:1 گىچە بولۇپ، بۇ سانغا ئۇرۇشتا ئۆلگەن ياكى قېچىپ كەتكەن قاڭقىللارنىڭ سانى ھېسابلاپ كىرگۈ-زۈلمىگەچكە، توغرا بولماسلىقى مۇمكىن. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ قاڭقىللارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «ۋېينامە. قاڭ-قىللار ھەققىدە قىسسە» دە توغبات - ۋېي دۆلىتى تەرىپىدىن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن قاڭقىللارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى: «ئېگىز چاقلىق ھارۋىلار بىلەن سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆ-چۈپ يۈرۈپ، چارۋىلارنى كۆپەيتىدۇ. ھەر يىلى ئولپان تەق-دىم قىلىپ تۇرىدۇ، مۇبادا ھۆكۈمەتنىڭ ئېتى بىلەن كالا، قويلىرى ئوغرىلانسا، ئورنىغا تېرە ۋە كىگىز تاپشۇرىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. دەرۋەقە، بۇنىڭدىن توغبات - ۋېي دۆلىتى-نىڭ قاڭقىللارغا قاراتقان ئېكسپىلاتاتسىيىسىنىڭ ۋەھ-شىيلىكىنى چۈشىنىشكە بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىت-تا ئۇ يەنە قاڭقىللارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىستېمالىدىنمۇ كۆپ بولغان قوشۇمچە مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئات قاڭقىللارنىڭ تۇرمۇشىدا ئالاھىدە مۇھىم رول ئوي-نايتتى. ئات قاڭقىللارنىڭ سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈشىدە، ئاياللار بىلەن بالىلار ۋە قېرى - چۆرى-لەرنى شۇنىڭدەك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى توشۇيدىغان ئاساس-لىق قورال ئىدى. قاڭقىللار توي چېيى ئىچۈرگەندە ئاتنى

ۋىلىق قىلىپ سالاتتى»؛ توي بولغاندا، ئەر ـ ئايال ئىككى
تەرەپنىڭ ئائىلىدىكىلىرى ئۆزئارا قارشى تەرەپنىڭ ئات
پادىلىرىدىن «ياخشى ئاتلارنى تاللاپ ئالاتتى»؛ مېھمانلارنى
قىمىز بىلەن كۈتەتتى؛كۆك تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر قىلىش، نۇسرەت
تىلەش، ياخشىلىق تىلەشلەرنىڭ ھەممىسىدە «ئات بەيگىسى»
ۋە «ئات ئويۇنى» قىلاتتى. ئاتنىڭ گۆشى بىلەن ئاتنىڭ سۈ-
تىنى ئۇزۇقلۇق قىلىشقا، ئاتنىڭ تېرىسىدىن خۇرۇم ئىشلەشكە
بولاتتى، ۋەھاكازالار. دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا يەنە
ئاتتىن پايدىلىنىپ تېزلىك بىلەن ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ
دۈشمەنگە قارشى تۇرغىلى بولاتتى. قاڭقىللارنىڭ ئاتلىق
ئەسكەرلىرى ئوتتۇرا ئۆزلەڭلىكتىكىلەر تەرىپىدىن «ئالەمشۇ-
مۇل چەۋەندازلار» دەپ ئاتالغانىدى.

قاڭقىللار «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئادەت قىلمىغاچقا،
ھاراق ئىشلەپچىقارمايتتى» («ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىس-
سە»). خېلى بۇرۇنقى مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرنىڭ ئەت-
راپىدىلا، ھون ئاقسۆڭەكلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئەسىرگە چۈش-
كەن خەنزۇلاردىن پايدىلىنىپ كىچىك كۆلەمدىكى دېھقانچىلىق
بىلەن شۇغۇللانغانىدى، ھون دۆلىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىغا ئەگە-
گىشىپ، شىمالدىكى چۆللۈكتە كىچىك كۆلەمدىكى دېھقانچى-
لىقمۇ ئاساسەن قالمىدى، بۇ ئاساسەن ئۇ جاينىڭ ھاۋا كى-
لىماتىنىڭ سوغۇق، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈشكە ماس
كەلمەيلا قالماي، بەلكى كۆچمەنچىلەرنىڭ يۆتكىلىپ
تۇرىدىغان تۇرمۇشىمۇ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا
ماس كەلمەيتتى. مىلادى V ئەسىردىن كېيىن، چۆللۈكنىڭ جەنۇبى-
دىكى رايونغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن قاڭقىللار، ئاساسلىق چار-
ۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتىن سىرت يەنە خەنزۇ خەلقىدىن
دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالغان بولۇشى شۇ-
نىڭدەك يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى جەھەتتىنمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەر

يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. «ۋېينامە» دە: «ئۇلارنى بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، پەيدىنپەي دانلىق ئاشلىقتىن ئېتىلگەن تاماملارنى يېيىشنى بىلىۋالدى» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

قاغىللارنىڭ قول - ھۈنەرۋەنچىلىكىنى «ۋېينامە» دىكى پارچە - پۇرات ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، شەمشەر، نەيزە، يۈگەن - جابدۇقلارنى ياساش قاتارلىق مېتال قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، ھارۋا ياساش قاتارلىق ياغاچچىلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، كۆن - خۇرۇم، كىگىز - كېچەك ئىشلەش، ھاراق ئېچىتىش قاتارلىق ئائىلە قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بار ئىدى.

بۇ يەردە قاغىللارنىڭ ھارۋا ياساش قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. «چاقى ئېگىز ھەم چوڭ، شادىسى كۆپ» ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ياساش كەسپى قاغىللارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا چوڭ رول ئوينايتتى. قاغىللارنىڭ ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ياساش كەسپى خېلىلا تەرەققىي قىلغانىدى. مىلادى 399 - يىلى ۋېي قوشۇنلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، بىر قېتىمدىلا «قاغىللارنىڭ 200 مىڭدىن ئارتۇق ھارۋا» («ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە») سىنى غەنىيمەت ئالغانىدى. ھالبۇكى بۇ نۆۋەت ئەسىرگە ئېلىنغان قاغىللار ئاران 100 مىڭ بولۇپ، ئەگەر قېچىپ كەتكەن ۋە ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىمۇ مۇشۇ ساننىڭ ئىچىدە دەپ ئويلاشقاندا، ھەربىر ئۆيلۈك قاغىللارنىڭ ئائىلىسىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىككى ئەتراپىدا ھارۋا توغرا كېلىدۇ دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ئىشلىتىپ قونغاندا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ چارۋا - ماللارنى قاشالاپ تۇسۇغىلى، كۆچكەندە نەرسە - كېرەكلەرنى توشۇغىلى بولاتتى. ئۇنىڭدىن سىرت بەزىدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ يەنە ياۋايى ھايۋانلارنى قورشىغىلى بولاتتى، مىلادى 399 - يىلى ۋېي قوشۇنلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن قايت-

قاندا، ۋېي، داۋ ۋۇدى ئەسىرگە ئېلىنغان قاڭقىلىلارنى 200 مىڭدىن ئارتۇق ھارۋىنى ھەيدەپ، باش ـ ئاخىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ، «دائىرىسى 700 چاقىرىم» كېلىدىغان ئۇزۇنلۇقتىكى قورغان ھاسىل قىلىپ، «قاشالاپ ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىچىگە ياۋايى ھايۋانلارنى سولاپ، تاكى پىڭچېڭ شەھىرىگىچە ھەيدەپ بېرىش⑧» نى بۇيرۇق قىلغانىدى. ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئېگىز چاقلىق ھارۋا بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئوۋ ئوۋلاش ۋە ياۋايى ھايۋاناتلارنى قوغلاش، شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا ئاز ئۇچرايدۇ. قاڭقىلىلار كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى دەۋردە كۆچمەنلەر، ياۋايى ھايۋاناتلارنى ئوۋلاشنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇھىم تولۇقلىما قىلاتتى. قاڭقىلىلارنىڭ موڭغۇل يايلىقىدا ئۇرۇق ياكى قەبىلىلەرنى بىرلىك قىلغان ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ھەيدەپ ياۋايى ھايۋاناتلارنى ئوۋلىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن.

قاڭقىل مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تاۋار ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى تارىخ كىتابلىرىدا ئاساسەن دېگۈدەك خاتىرىلەنمىگەن. قاڭقىلىلار چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق بولغان چارۋا ـ مال، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ چىقىرالىغان يەردە، يەنە كېلىپ چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىش تەقسىماتىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، مالنى مالغا ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە مەخسۇس تاۋار ئالماشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. قاڭقىلار ئىشلەتكەن تۆمۈردىن ئىشلەنگەن ھەربىي قوراللار بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان مې-

تالدىن ياسالغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى (قازان، يۇگەن ، جابدۇق، ئۈزەڭگە، ھارۋا جابدۇقلىرى قاتارلىقلار) نىڭ بىر قىسمى ئالتۇن تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى تۈركلەر تۇرۇشلۇق جايلار بىلەن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى خەنزۇ را- يونلىرىدىن ئالماشتۇرۇلۇپ ئېلىپ كېلىنگەن بولسا كېرەك.

## 3. قاڭقىللارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى

مىلادى IV ئەسىردىن VI ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى قاڭقىللارنىڭ ئاساسىي جەمئىيەت بىرلىكى ئاتا - ئانا، پەرزەنت، ئوغۇل، كېلىندىن تەركىب تاپقان پاترىئارخاللىق ئائىلە باشلىـ قى تۈزۈمىدىكى چوڭ ئائىلە ئىدى. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەقـ قىدە قىسسە» دە قاڭقىللار: «تۇل خوتۇنلارنى ئېلىشتىن ئىنت تايىن قاچاتتى، لېكىن ئۇلارغا بەكلا ئىچ ئاغرىتاتتى» دېيىلـ گەن، ئارقىدىنلا يەنە «ئەگەردە تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتكەن ياكى تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن يۇقۇملانغان ئادەملەرگە يولۇقسا، ئۇلارغا ياخشىلىق تىلەيتتى. ئەگەر يەنە باشـ قا ئالاھىدە ئەھۋاللار بولمىسا ئۇلارغا نۇسرەت تىلەيتتى...... تىنىچ، شاد - خۇرام ياشاۋاتقان كىشىلەر ناخشا ئېيتىپ نەغـ مە - ناۋا قىلىشاتتى، ئۆلۈم بولغان ئۆيدىكىلەر بولسا قاتتىق يىغا - زارە قىلىشاتتى» دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن قاڭقىللارـ نىڭ خۇشاللىق ۋە بەختسىزلىك سورۇنىنىڭ كۆپ ھاللاردا ئائـ ئىلىنى بىرلىك قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئائىلە قاڭقىللارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشىدا ئاساسلىق جەمئىـ يەت بىرلىكى ئىدى.

«ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى باي قاڭقىل ئائىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ چوڭـ راق ئات پادىلىرى ۋە سان - ساناقسىز كالا، قويلىرى بولاتـ

تى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەر كىمنىڭ چارۋىلىرىغا ئۆزلىرى بىل-
لىشىدىغان بەلگىلەرنى ئەن قىلىپ سالغاچقا، مەيلى قوتاندا بولسۇن
ياكى دالىدا بولسۇن ھېچكىم-ھېچكىمنىڭكىنى ئېلىۋالمايتتى». بايلىق
جەمئىيەتتە قەدىرلىنەتتى. بۇ نۇقتا توي - تۆكۈن جەھەتتە
ئالاھىدە ئېنىق گەۋدىلىنەتتى. «تويدا كالا بىلەن ئاتنى توي سېلىقى
قىلىپ سالاتتى، قانچە كۆپ بولسا شۇنچە شەرەپ ھېسابلىناتـ
تى» (ئەسلىدە «كۆپ» دېگەن سۆز چۈشۈپ قالغان بولۇپ،
بۇ يەردە «ئۇلۇغ ئادالەتلىك دۇنيا خاتىرىسى» نىڭ 801 -
جىلدىغا ئاساسەن تولۇقلاندى). ئەينى ۋاقىتتا باي قاڭقىل
ئائىلىلىرىنىڭ ئارىسىدا مۇنداق بىر ئىنتايىن قىزىقارلىق
توي قائىدىسى تارقالغانىدى: ئىككى تەرەپ «سۆزلىشىپ پۈتۈ-
شۈپ» يەنى توي چېيىنى ئىچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت
تەرەپنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرى ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردىن پاي-
دىلىنىپ، ئات پادىلىرىنى قاشانىڭ ئىچىگە سولاپ»، قىز تەرەپ-
نىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى قوتاننىڭ ئىچىگە كىرىپ «خالىغان-
چە تاللىۋېلىش»قا تەكلىپ قىلاتتى. قىز تەرەپنىڭ ئائىلى-
سىدىكىلەر قوتاننىڭ ئىچىگە كىرىپ سېمىز، ياخشى ئاتلارنى
تاللاپ، «ياۋىداقلا مىنىپ قوتاننىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقاتـ
تى». بۇ ۋاقىتتا يىگىت تەرەپنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قوتاننىڭ
سىرتىدا تۇرۇپ، ھەدەپ «قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئاتنى ئۈر-
كۈتەتتى». ئات دەرھال ئۈركۈگەندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا
تېپىچەكلەپ كىشنەپ كېتەتتى. قىز تەرەپنىڭ ئات مىنىش تېخ-
نىكىسى يۇقىرى بولمىغان بەزى ئادەملىرى ئاتنىڭ ئۈستىدە
ئولتۇرالـماي يىـقىلىپ چۈشەتتى. «ئاتتىن يىق-
قىلمىغانلار تاللىغان ئاتلىرىنى ئالاتتى، يىقىلىپ چۈشكەنلەرمۇ
يەنە قايتا تاللايتتى. تاكى سان توشقاندىلا ئاندىن بولدى
قىلاتتى». ئۇزاق ھەپىلىشىشلەر ئارقىلىق قىز تەرەپ ئەڭ
ئاخىرىدا قېرى - ئاجىز ۋە كۈچىدىن قالغان ئاتلارنىلا ئېلىپ

كېتەلەيتتى. تويى كۈنى يىگىت تەرەپنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مېھمانلارنى قىمىز، گۆش بىلەن كۈتەتتى، يەنە كېلىپ يىگىت بىلەن قىز ئۆز قوللىرى بىلەن مېھمانلارنىڭ ئېغىزىغا گۆش سېلىپ قويۇشى شەرت ئىدى. ساھىبخانىنىڭ باي ۋە مېھماندۇستلۇقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كۆپىنچە ناھايىتى چوڭ بەزمىلەر ئۆتكۈزۈلەتتى، «چېدىرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، تاكى قاراڭغۇ چۈشكەندىلا بەزمىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، چېدىرلىرىغا قايتاتتى». ئۇزاق ئۆتمەي يىگىتنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرىمۇ قىزنىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ، ئات پادىلىرىدىن «ياخشى ئاتلارنى تاللاپ ئالاتتى»، قىز تەرەپنىڭ ئائىلىسىدىكى «ئاتا-ئانىسى بىلەن ئاكا-ئۇكىلىرى ئاتلارغا قىيالمىسىمۇ، باشتىن-ئاياغ ئۈندىمەيتتى»[11]. بۇنداق تويى قائىدىسى شۇبھىسىزكى پۈتۈنلەي خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقتىكى بىرقەدەر چوڭ چارۋا-پادىلىرى بار ئائىلىلەرنى ئاساس قىلىدىغان بولغاچقا، نامرات قاتقاللار ئۆتكۈزەلمەيتتى، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، قاتقاللاردىن بولغان چۇرلۇقغورنىڭ ئائىلىسىدە چارۋا-ماللار كۆپ بولۇپ ئاياللار ئاز ئىدى، ئۇ مېنىڭ ئېتىنى «ئالتۇن يۈگەن-جابدۇقلار» بىلەن بېزەيتتى، شۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان جاۋاھىراتلارنى ساقلايتتى. («ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە»). قاتقاللاردىن بولغان يەنە بىر تېت بايىن بىلەن ئاكا-ئۇكا دېيۈي نامراتلىقتىن تۇرمۇشىنى قامدىيالماي، قاراقچى بولۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى («ۋېينامە. چى يىنىڭ تەرجىمھالى»). بۇ ماتېرىياللار قاتقىل مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاللىقاچان خۇسۇسىي مال-مۈلۈكنىڭ پەيدا بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا (ئاساسلىقى ئۇرۇق ياكى قەبىلە ئاقساقاللىرى، يەنى ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرى) يەنىلا بەلگىلىك دەرىجىدە مەركەزلەشكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، دېمەك باي بىلەن كەمبەغەللىكنىڭ ئايرىلىشى بىرقەدەر گەۋدىلىك

بولغان جەمئىيەت ھادىسىسىگە ئايلانغانىدى.

IV ئەسىردىن VI ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى قاڭقىللاردا خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقتىكى مال ـ مۈلۈك تۈزۈمى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈشنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تولۇق ئورۇنداپ بولمىغانىدى.

بىرىنچىدىن، قانداشلىق مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلغان ئورۇق ـ قەبىلىلەر، يەنىلا قاڭقىل مىللىتىنىڭ ئەڭ ئاساسىي جەمئىيەت تەشكىلىي شەكلى ئىدى. «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»دە دى جەمەتى، ئۇيغۇر جەمەتى، قوغۇرسۇ جەمەتى، چۈبە جەمەتى، قۇتلۇق غۇز جەمەتى، ئىزگىل جەمەتى دەپ ئاتالغانلار «ئورۇق» ئىدى. «ئورۇق»، «قوۋم» دېمۇ ئاتىلاتتى. مەسىلەن، قوغۇرسۇ ئورۇقى يەنە قوغۇرسۇ قوۋمى دېمۇ ئاتالغانىدى. قوۋم يەنى قەبىلە ئىدى، مەسىلەن، «ۋېينامە»دە قاڭقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسىنىڭ «قەبىلىلىرى كۈچلۈك بولغانلىقتىن»، «شۇڭا باشقا ـ باشقا قەبىلىلەر بولۇپ ئۇيۇشقان» دېيىلگەن. «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»دە «ھەرقايسى ئورۇقلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قەبىلە باشلىقلىرى بار» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ قاڭقىل قەبىلىلىرىنىڭ ھەرقايسىسىدا قەبىلە باشلىقلىرى بار دېگەنلىكتۇر. قەبىلە باشلىقى يەنى قەبىلە ئاقساقىلى بولۇپ، «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە قەبىلە بارلاسى دېمۇ ئاتالغان. قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ «گەپ يوشۇرمايدىغان، باتۇر ۋە زېرەك، قورقۇمسىزلىق پەزىلىتى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان» قەبىلە بارلاسى بېكقۇلى قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلىپ جورجان قاغانى سەللانغا زەربە بەرگەن. ئەمما مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بىر قىسىم ئادەملىرىنى باشلاپ، شىمالىي ۋېيغا تەسلىم بولغان. ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ قەبىلە بارلاسى شۈگقار ميلادى 498 - يىلى (شىمالىي ۋېينىڭ تەيخې 22 - يىلى) چۈللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىل قەبىلىلىرىگە باشچىلىق

قىلىپ، شىمالىي ۋېيغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. پوۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى ئاپۇرغۇرنى قوۋمىدىكىلەر «كۆل بىلگە» دەپ ئاتىغان، ۋېيلىقلار بۇنى «ئۇلۇغ پەغپۇر» دەپ تەرجىمە قىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە يەنى «قەبىلە باشلىقى» ياكى قەبىلە بارلاسى[11] دېگەنلىك ئىدى. ئومۇمەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى قەبىلىنىڭ قاڭقىللارنىڭ جەمئىيەت تەشكىلىي شەكلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قەبىلىنىڭ تۆۋىنىدە ئۇرۇق بار ئىدى. قاڭقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسىنىڭ قارىمىقىدىكى ئۇرۇقلارنىڭ تارىخى ئېنىق ئەمەس. پوۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ قارىمىقىدىكى ئۇرۇقلار «جەمەت» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭ «12 جەمەتى» بار ئىدى، ئۇلار: بۆركلى جەمەتى، تۆرە جەمەتى، ئېلخان جەمەتى، تارلان جەمەتى، قۇغا جەمەتى، داۋغان جەمەتى، ئارۇن جەمەتى. مويان جەمەتى، ئېركىن جەمەتى، پوۋۇرغۇر جەمەتى، كىيان جەمەتى، يوسۇفى جەمەتى.[12] («ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»). ئۇرۇقتا ياناداش بارلاس بار ئىدى، قاڭقىللار ئۇنى «باغا» دەپ ئاتايتتى؛ «باغا» يەنە «باغادۇر» دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، «باتۇر، پالۋان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى («قانۇنلار قامۇسى. تۈركلەر. 1»). ئۇرۇق ئاقساقىلىنىڭ نامى بولغان «باغا» دېگەن سۆز، ئەڭ ئاۋۋال قاڭقىللارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان بولۇپ، كېيىن جۇرجان ۋە باشقا مىللەتلەرگە تارقىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئۇرۇق ئاقساقاللىرىنى ئاتايدىغان ئومۇمىي نامىغا ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن. «ۋېينامە. سۇي خاۋنىڭ تەرجىمىھالى»دا: ۋېي تەيۋۇدى توغباتتاۋغا «قاڭقىللارنىڭ نەچچە يۈز سەركەردىسىنىڭ ئىشقىبالىغا چىقىپ شاراب تۇتقانلىقى» خاتىرىلەنگەن. «ۋېينامە. لۇسىنىڭ تەرجىمىھالى»دا: «قاڭقىللارنىڭ باغادۇرلىرىنىڭ لۇسىنىڭ مۇئامىلىسىنىڭ ناچار، رەھىمسىزلىكى ئۈس-

تىدىن قاتتىق شىكايەت قىلغان» لىقى خاتىرىلەنگەن،
«قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»دە ئېلىك ئۇرۇقىنىڭ باغاتۇرى
تېلىگەن «900 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ، شىمالىي
ۋېيغا تەسلىم بولغان» لىقى خاتىرىلەنگەن، «ۋېينامە. تەيزۇ
ھەققىدە خاتىرە» دە «قاڭقىللارنىڭ باغاتۇرى پان تېكىن ئۆز
قەبىلىسىدىن 3000 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ
(ئىلاۋە: «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە «1000»نى «10»
دەپ يازغان). «ئىچكىرىگە بەيئەت قىلغان»لىقى خاتىرىلەنگەن.
بۇ سەركەردە ۋە باتۇرلارنىڭ ھەممىسى، ئۇرۇق ئاقساقاللىرى
بولۇشى كېرەك. قاڭقىللارنىڭ قەبىلە «باشلىقلىرى» (يەنى
«قەبىلە بارلاسلىرى») بىلەن ئۇرۇقنىڭ «باتۇرلىرى» (يەنى
«سەركەردە»)، كۆپ مىقداردا خۇسۇسىي مال - مۈلۈككە ئىگە
كىشىلەر بولۇپ، نوقۇل ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمى ئاستى
دىكى ئۇرۇق - قەبىلە ئاقساقاللىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇلار
بىر قەدەر چوڭراق بولغان مەمۇرىي ھوقۇقنى ئىگىلىۋالغان،
ئۇلارنىڭ ئورنىغىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە ۋارىسلىق قىلىش
كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.

«قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە «ھەرقايسى ئۇرۇقلارنىڭ
ئۆز ئالدىغا ئايرىم قەبىلە باشلىقلىرى بار» دېيىشتىن بۇرۇن،
قاڭقىللاردا «بىرلىككە كەلگەن قوماندانلىقنىڭ يوقلۇقى» نى
كۆرسەتكەن، بۇ شۈبھىسىزكى كىشىلەرگە قەبىلىنىڭ ئەڭ يۇقىرى
جەمئىيەت تەشكىلى ئىكەنلىكىنى، قەبىلىدىن يۇقىرى بولغان
قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا ئوخشاپ
كېتىدىغان تەشكىلنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دىڭلىڭلار
خېلى بالدۇرقى مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىردىكى ھون
دۆلىتى مەزگىلىدىلا، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىللەپ ھونلار-
نىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرغانىدى. ھون دۆلىتى
گۇمران بولغاندىن كېيىن ھون دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا

قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقىمۇ پۈتۈن-
لەي دېگۈدەك پارچىلاندى. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ:
«تۇغقان قەبىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاق، ھامان ۋاقىت-
لىق ۋە جىددىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، بۇ
ئېھتىياجنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، تارقالغانلىقىنى جاكار-
لايدۇ.»⑬ دىڭلىڭلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا قۇرغان قەبىلىلەر
ئىتتىپاقى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسى بولماي،
بەلكى ھەربىي جەھەتتىكى ئېھتىياجنى چىقىش قىلغانلىقى
ئۈچۈن، بۇ خىل ئېھتىياج يوقىلىشى بىلەنلا، ئىتتىپاقمۇ
پارچىلاندى.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، مىلادى IV ئەسىردىن
VI ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى قاڭقىل مىللىتىنىڭ ئۇرۇق-
قەبىلىلىرىنىڭ يەنىلا قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەشكىلى يوق ئىدى،
ئۇرۇقلىرى سانجاقتەك كۆپ، قەبىلىلىرى تارقاق ئىدى،
كىشىلەرنى قانداشلىق رىشتى ئارقىلىق بىر - بىرىگە باغلاپ
تۇرىدىغان ئۇرۇق - قەبىلىلەر ئورتاق گەۋدىسى ئايرىم ۋە بۆلۈنمە
ھالەتتە ئىدى. مانا بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى قاڭقىللارنىڭ
جەمئىيەت تەشكىلى جەھەتتىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئىدى.

ئىككىنچىدىن، مەيلى «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»دە بولسۇن
ياكى قاڭقىللارغا ئائىت باشقا ماتېرىياللاردا بولسۇن،
ھەممىسىدە قاڭقىللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئائىلە ئەمگىكىدە
قۇللارنى ئىشلەتكەنلىكى خاتىرىلەنمىگەن، ئەكسىچە بىزنىڭ
كۆرىدىغىنىمىز، قاڭقىللارنىڭ ئۇرۇق ئىچىدىكى قانداشلىق
مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنى، باشتىن - ئاياغ ئېغىر سىنىپىي
قارىمۇ قارشىلىق تەرىپىدىن ئىگىلەنمىگەچكە، كىشىلەر بىلەن
كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم دەرىجىدە يەنە ئۆزئارا باراۋەر
ۋە يەكدىل مۇناسىۋىتى مەۋجۇت ئىدى. «ئۇلارنىڭ ئادىتىدە
ئولتۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈش قائىدىسى بار ئىدى، ھۆرمەت-

سىزلىك قىلىشمۇ ھېچكىم ئېلىك ئالمايتتى»؛ «ساھىبخان مېھمان كۈتكەندە، ھەرگىز ئولتۇرۇۋالمايتتى» («ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»)؛ «قاڭقىللارنىڭ لەشكەرلىرى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئاجىز ۋە ھاماقەت بولغىنى ئۈچۈن، يۇقىرى - تۆۋەننى ئىدارە قىلالمايتتى. تۆۋەن يۇقىرىغا ئىتائەت قىلمايتتى» («ۋېينامە. يۈەن فەننىڭ تەرجىمىھالى»). «قاڭقىللارنىڭ يۇقىرى بىلەن تۆۋىنىدە قائىدە - يوسۇن بولمىغاچقا، قائىدە - يوسۇنسىز ئادەملەرنى باشقۇرماقمۇ ئىنتايىن تەس ئىدى» («ۋېينامە. لۇسىنىڭ تەرجىمىھالى»). بۇلارنىڭ ھەممىسى قاڭقىللارنىڭ ئىچكى قىسمىدا كىشىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنىلا ئىپتىدائىي باراۋەرلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە بۇخىل ئىپتىدائىي باراۋەرلىك ئۇلارنى چېچىلاڭغۇ قىلىپ قويۇپ، بەزىدە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن دۈشمەنگە پۇرسەتمۇ يارىتىپ بېرەتتى، لېكىن كۆپ ھاللاردا ئۇلارنى ئۇرۇش ۋە قىيىنچىلىقلاردا ئۆزلۈكىدىن ئىتتىپاقلاشتۇراتتى. «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە: قاڭقىللار «قوپال ۋە تەرسا بولسىمۇ، بىرنىيەت - بىر مەقسەتتە ئۆزئارا يار - يۆلەك بولۇشۇپ قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇراتتى» دەپ كۆرسىتىلگەن. مانا بۇ قاڭقىللارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي قارشىلىقلار تېخى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تىكلەنمىگەن، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ باراۋەر، ئۆزئارا ياردەم بېرىش مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنىڭ ھەقىقىي ئەينەن تەسۋىرىدۇر.

قىسقىسى، مىلادى IV ئەسىردىن VI ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى قاڭقىللاردا ئات - ئۇلاغ قاتارلىق مال - مۈلۈكلەرگە قارىتا خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلىش مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈم بىلەن سىنىپىي زۇلۇم ھۆكۈمرانلىقىنى ئىگىلىگەن سىنىپىي جەمئىيەتكە قاراپ

راۋاجلىنالمىغانىدى، ئۇ يەنىلا سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتاتتى. ئېنگېلس نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈش جەريانىدىكى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك، سىنىپ ۋە دۆلەتنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى تەتقىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى:

«قوشنىلارنىڭ بايلىقى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاچكۆزلۈكىنى قوزغىدى. بۇ مىللەتلەردە بايلىقنى تارتىۋېلىش تۇرمۇشتا ئەڭ مۇھىم مەقسەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بۇ ۋارۋارلارنىڭ نەزەرىدە بۇلاڭچىلىق ئىجادىي ئەمگەككە قارىغاندا تېخىمۇ ئوڭاي بەلكى تېخىمۇ شەرەپلىك ئىش ھېسابلىناتتى.»⑭ بۇ ھۆكۈمنى مۇشۇ تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان قاڭقىللارغىمۇ پۈتۈنلەي تەتبىقلاشقا بولىدۇ. يۈەن خەن: «قاڭقىللارنىڭ قەلبى چىلبۆرىدەك»، «بايلىق توپلاشنىلا بىلىدۇ، بۇلاڭچىلىقنى كەسىپ قىلغان» («ۋېينامە. يۈەن خەننىڭ تەرجىمىھالى») دەپ كۆرسەتكەن، سۇي خاۋمۇ قاڭقىللار «كۆزدە مال سەمرىگەندە دەرھال توپلىنىدۇ، سوغۇقتىن قېچىپ ئىسسىق جايغا كۆچىدۇ، جەنۇبقا باستۇرۇپ بېرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ» («ۋېينامە. سۇي خاۋنىڭ تەرجىمىھالى») دەپ كۆرسەتكەنىدى، «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ قاڭقىللار «دائىم جورجانلار بىلەن دۈشمەنلىشىپ تۇرىدۇ، شۇڭىدەك يەنە پات-پات دۆلىتىمىز (توغبات - ۋېي دۆلىتىنى كۆرسىتىدۇ) گە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇرىدۇ» دېيىلگەن.

## 4. قاڭقىللارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى

«قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، قاڭقىللارنىڭ ئەرلىرى ئادەتتە ئوقيا ئېتىپ، ئات چاپتۇرۇپ، قىلىچ-

لەيزە ئېسىۋېلىپ يۈرەتتى، خاراكتېرى جۇشقۇن ۋە قەيسەر
ئىدى، خوتۇن - قىزلىرى بولسا «سىرتىغا تېرە ئېلىپ قوي
سۆڭىكى بىلەن ياسالغان چاچ قادىغۇچنى بېشىغا قادىۋېلىپ،
چېچىنى ئۇنىڭغا ئوراپ، تاجدەك قىلىۋېلىپ» بۆلەكچىلا
ياسىنىۋالاتتى. قاڭقىللار ناخشا - ئۇسسۇلغا ئامراق ئىدى،
«ئۇلار جور بولۇشۇپ ناخشا ئېيتاتتى.» ھەمدە يىغىلىشلارنى
ئۆتكۈزگەندە، ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىكلەرنىڭ ھەممىسى
يىغىلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ، نەغمە قىلاتتى.
قاڭقىلارنىڭ توي - تۆكۈنلىرىنى يۇقىرىدا بىز توي - تۆكۈن
بىلەن بايلىق ئۇقتىسىدىن تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق، شۇبھىسىزكى
ئۇ، قاڭقىللارنىڭ ئالاھىدە بىر ئادىتى ئىدى. ئۇلارنىڭ مې
يىتنى دەپنە قىلىشتىكى «يەرنى ئازگال قىلىپ كولاپ، جەسەتنى
شۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ»، «ئۈستىنى ياپماي، كۆممەسلىك»
ئۇسۇلى خەنزۇلارنىڭ دەپنە قىلىشىغا ئوخشىمايتتى، تۈرك
لەرنىڭ كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىشىدىنمۇ پەرقلىنەتتى، بۇ قاڭ
قىللارنىڭ ئالاھىدە بىر دەپنە ئادىتى ئىدى.
قاڭقىللار ھونلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىدىن خېلى كۆپ
مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلغانىدى. «قاڭقىللار ھەققىدە
قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ ئەڭ دەس
لەپكى بىر بېكقۇلى ئىسىملىك قەبىلە قوماندانى «50 دانە
پال چوكىسىدىن پايدىلىنىپلا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ
بېشارىتىنى بىردەمدىلا بىلىۋالالايتتى». بۇ ئادەت كېيىن ئۇنىڭ
نەۋرىسى قوغۇرسۇ ئالتۇنىغا قالدى، قوغۇرسۇ ئالتۇنى «ئەس
كەرلەرنى ھونلارنىڭ رەمباللىق قائىدىسى بويىچە ئىشلى
تەتتى». قوغۇرسۇ ئالتۇنىدىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ ئوغلى
قوغۇرسۇ نۇرىغا قالدى، قوغۇرسۇ نۇرى «ئەسكەرلەرنى ھون
لارنىڭ رەمباللىق قائىدىسى بويىچە ئىشلىتىپ، ياخشىلىق
بىلەن يامانلىقنى ئايرىيتتى». ھونلارنىڭ بۇ خىل رەمباللىق

ئۇيسۇلى شىمالدىكى كۆچمەن، چارۋىچى، يايلاق مىللەتلىرىنىڭ
شامان (قامان) پىرىخۇنلىرىنىڭ ئارىسىدا كەڭ ئەۋج ئالغان
بولۇپ، ئۇنى قوغۇرسۇ قەبىلىسى هونلاردىن قوبۇل قىلىپ،
قائىقىللارنىڭ ئارىسىغا تارقاتقان بولۇشى مۇمكىن.

قائىقىللارنىڭ يايلاقنىڭ ياز پەسلىدىكى هاۋاسىنىڭ
گۆلدۈرمامىسىغا قارىتا ئىنتايىن غەلىتە بىر خىل قارغاش
ئادىتى بار ئىدى: «قائىقىللارنىڭ ئادىتىدە پاكىزلىقنى ياخشى
كۆرمەيتتى. گۆلدۈرمامىنى ئۇبدان كۆرەتتى، هەر نۆۋەت
گۆلدۈرماما چېقىمنى چۈشكەندە، چوقان كۆتۈرۈشۈپ ۋارقىراپ،
ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئاتاتتى ۋە دەرهال شۇ يەردىن كۆچۈپ
كېتەتتى. ئىككىنچى يىلى كۈزدە ئات - ئۇلاغلار سەمرىگەندە،
يەنە گۆلدۈرماما چېقىمنى چۈشكەن يەرگە قايتا توپلىنىپ،
قوي كۆمەتتى، پىچاق بېكىتىلگەن شام ياقاتتى، ئايال پىرى-
خۇن ئۆلگەنلەر ئۈچۈن دۇرۇت ئوقۇپ، بەخت تىلەيتتى، بۇ
ئادەت خۇددى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ بەختسىزلىكنى قوغ-
لايدىغان مۇراسىمىغا ئوخشاپ كېتەتتى، بىر توپ ئاتلىقلار
مۇشۇ يەرنىڭ ئەتراپىدا كۆپ قېتىم ئايلىناتتى، كېيىن كىشى-
لەر تال ۋە سۆگەت شاخلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇچىنى تۆۋەنگە
قارىتىپ تۇرۇپ، ئۈستىگە قىمىز قۇياتتى». بۇنىڭدىكى
«گۆلدۈرمامىنى ئۇبدان كۆرەتتى» دېگەن سۆز بىلەن بۇ جۈم-
لىنىڭ كەينىدىكى قائىقىللارنىڭ گۆلدۈرمامىنى يامان كۆرىدى-
غانلىقى ھەققىدىكى بايانلار («هەر نۆۋەت گۆلدۈرماما چېقىمنى
چۈشكەندە، ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئاتاتتى») مەزمۇن جەھەتتە
ئۆزئارا روشەن زىددىيەتلىك، يەنە كېلىپ، قائىقىللارنىڭ گۆل-
دۈرمامىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى بىلەن گۆلدۈرمامىنىڭ
ئۇلارنى ئۆلتۈرگەنلىكى («گۆلدۈرمامىنى ئۇبدان كۆرەتتى»)
مۇ ئەقىلغا سىغمايدۇ. ۋاڭگوۋېي «گۆلدۈرمامىنى ئۇبدان
كۆرەتتى» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىدا «كۆرمەيتتى» دېگەن خەت

چۈشۈپ قالغان، شۇڭا «گۈلدۈرماممىنى ئوبدان كۆرمەيتتى» [15] دېگەن بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان. دەرۋەقە بۇمۇ بىر خىل چۈشىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن قاڭقىللار گۈلدۈرمامىنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈشىنى ئوبدان كۆرمەيتتى دېگەندە، ئەدەبىيلىكى راۋان بولماي قالىدۇ. «喜» خېتى ۋېي، جىن سۇلالىلىرى مەزگىلىدە «憙» شەكلىدىمۇ يېزىلغان بولۇپ، «惡» (يامان كۆرۈش) خېتىنىڭ شەكلىگە يېقىن كېلىدۇ، «گۈلدۈرماممىنى ئوبدان كۆرەتتى» دېگىنى «گۈلدۈرماممىنى يامان كۆرەتتى» دېگەن سۆزنىڭ خاتاسى بولۇپ، يامان كۆرۈش، ئۆچ كۆرۈش يەنى گۈلدۈرماما چېقىشىدا ئۆلۈشنى ھار بىلىش دېگەن مەنىسى بولۇشى مۇمكىن. موڭغۇل دالاسىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر گۈلدۈرماممىنى ياخشىلىقنىڭ مەھسۇلى ئەمەس دەپ قارايتتى، بۇ خىل ئەنئەنىۋى قاراش تاكى چىڭگىزخاننىڭ دەۋرىگە كەلگەندىمۇ داۋاملىق ساقلانغانىدى. جۇۋەينى «تارىخىي جاھان كۇشاي» دا: «موڭغۇللارنىڭ جاساق ۋە قانۇنىدا بەلگىلىنىشىچە، ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە كىشىلەر سۇغا چۆمۈلسە ياكى دەريادا يۈز - قولىنى يۇسا ۋە ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان قاچىلار بىلەن سۇ ئالسا بولمايتتى، شۇنىڭدەك يەنە يۇيۇلغان كىيىم - كېچەكلەرنى دالىدا ئاپتاپقا سالسا بولمايتتى، ئۇلار بۇ قىلىقلارنى گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازى بىلەن چاقماقنى ئۇلغايتىدۇ دەپ بىلەتتى، چۈنكى ئۇلار تۇرىدىغان زېمىندا باش باھاردىن يازنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ۋاقىتنىڭ كۆپ قىسمىدا يامغۇر ياغاتتى؛ لېكىن چاقماق ئاۋازى شۇنچىلىك قاتتىق بولاتتىكى، گۈلدۈرماما ئاسماندا قاراسلىغاندا، ئادەملەر چېقىن چۈشۈپ ئۆزلىرىنى سوقۇۋېتىشىدىن قورقۇپ قۇلاقلىرىنى ئېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتى»، «ھەر يىلى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئايرىملىرى چاقماقنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ

ئۇلۇسى بىلەن ئائىلىسىدىكىلەر تائىپىلىرىدىن ئۈچ يىلغىچە
ئايرىلىپ تۇراتتى، بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ ئۇردىغا كىرىشىگە
بولمايتتى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە، ئۇلار ئاشۇ ئاينىڭ ئاخى-
رىدىكى ئارتۇق كۈندە غىزالانمايتتى، قارىلىق مۇددىتى توشتى
دېگەندە، ئۇلار شۇ ئاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنىدە مۇراسىم
ئۆتكۈزەتتى» ⑯ دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا،
قاڭقىللارنىڭ «پاكىزلىقنى ياخشى كۆرمەيدىغان» لىقى بىلەن
ئۇلارنىڭ گۈلدۈرماما چېقىنىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ
قورقىدىغان خۇراپاتلىقى مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
موڭغۇللارنىڭ گۈلدۈرماما چېقىنىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى،
قاڭقىللارنىڭكى بىلەن ئۆزئارا ئوخشاپ كېتىدۇ. قاڭقىللار
گۈلدۈرماما چېقىنىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندا دەرھال ئاسمانغا
ئوق ئېتىپ، قارغىشى بىلەن نارازىلىقىنى بىلدۈرەتتى ھەمدە
تۇرۇۋاتقان جايىدىن «كۆچۈپ كېتەتتى». موڭغۇللار «ئاسمانغا
ئوق ئاتىسمۇ»، بىراق ئۇلار قاڭقىللارغا ئوخشاش، گۈلدۈرماما
ئادەمگە زەربە بەرگەن يەردىن كۆچۈپ كېتەتتى، ئوخشىماي-
دىغىنى شۇكى، قاڭقىللار «ئىككىنچى يىلى كۈزدە» ئاندىن
قايتىپ كېلەتتى، ھالبۇكى موڭغۇللار بولسا «ئۈچ يىلغىچە
ئايرىلىپ تۇراتتى»، لېكىن ھەممىسىلا گۈلدۈرماما چېقىنىنى
چۈشۈپ ئادەمگە زەربە بەرگەن يەرنى يامانلىقنىڭ بېشارىتى
دەپ قارايتتى. قاڭقىللارنىڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆت-
كۈزىدىغان پائالىيىتى ئۆلگۈچى ئۈچۈن «بەخت تىلەش»نى
مەقسەت قىلاتتى، موڭغۇللارنىڭمۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن
ئۆتكۈزىدىغان مۇراسىمى ئۆلگۈچىگە بولغان قايغۇسىنى بىل-
دۈرۈش بولۇپ، ئىككىلىسى ئوخشايدۇ. موڭغۇللارنىڭ گۈلدۈر-
ماما چېقىنىغا بولغان پوزىتسىيىسىنىڭ شۇبھىسىزكى، قاڭقىل-
لارنىڭكى بىلەن مەلۇم ئىچكىلىك مۇناسىۋىتى بار ئىدى.
«نۇرغۇنلىغان چارۋا - ماللارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سۆڭەك-

لىرىنى يىغىپ ئوت يېقىپ، ئوت يالقۇنىنى ئاتلىق تاكى يۈز نەچچە قېتىمغا يەتكىچە ئايلىنىش» تىن ئىبارەت تىلەك مۇراسىمىدىن قارىغاندا، قاغىلارنىڭ ئۆلگۈچىنى ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا بەخت تىلىشى بىلەن بىرگە، تەڭرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى تىلەش نىيىتىنىڭمۇ بار-لىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى «قاغىلا-لار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا قاغىلار-نىڭمۇ نەزىر - چىراغ مۇراسىملىرى ئاساسەن، «مال - چارۋىلارنى ئۆلتۈرۈپ، ناخشا ئېيتىپ چۆرىدەپ ئايلىنىش» بولغاچقا، ئىككىسىنىڭ بەكلا ئوخشايدىغان جايلىرى بار. قاغىلارنىڭ بۇ ئادەتلىرى توغىات سىيانپىلىرىنىڭ تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىش پائالىيىتى بىلەنمۇ مەلۇم ئېتىنىكلىق مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 137 - جىلد، ۋۇدىنىڭ يوغمىڭ 10 - يىلىدىكى ماددىسىدا: «شىمالىي ۋېينىڭ كونا ئادىتىدە، ھەر يىلى شەھەرنىڭ غەربىي چېتىدە تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلاتتى. شىمالىي ۋېينىڭ پادىشاھلىرى بىلەن ئوردا مۆتىۋەرلىرى 2000 دىن ئارتۇق ئاتلىق كىشىلەر بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى كىيىشىپ نەزىر - چىراغ سۇپىسىنى ئايلىنىدۇ، ئۇلار بۇنى نەزىر - چىراغ سۇپىسىنى يوقلاش دەپ ئاتايدۇ، ئىككىنچى كۈنىگە كەلگەندە ئۇلار يەنە مىللىي كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىشىپ، نەزىر - چىراغ سۇپىسىغا چىقىپ، تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىشىدۇ ھەمدە سۇپىنى ئايلىنىپ، بۇنى تەڭرىنى ئايلىنىش دەپ ئاتىشىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭغا ئاسا-سلانغاندا، قاغىلارنىڭ كۆك (تەڭرى)گە ئاتاپ نەزىر - چى-راغ قىلغاندا، «ناخشا ئېيتىپ چۆرىدەپ ئايلىنىشى»، ئېھتىمال توغىات سىيانپىلىرىنىڭ تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىل-

بىلىن، ۋاقىتىدىكى، «نەزىر - چىراغ سۆيۈشىنى ئايلىنىشى» بىلەن بىر ئىش بولسا كېرەك. توغبات سىيانپىلىرىنىڭ موڭغۇل دالاسىدا دىڭلىڭلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، دىڭلىڭلارنىڭ ئۇلاردىن تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىشتىن ئىبارەت بۇنداق مۇراسىمنى قوبۇل قىلىشى، تامامەن مۇمكىندۇر.

ئىزاھلار:

① ئەنگلىيىلىك پاركېر (E.H.parker) دىڭلىڭلار «V ئەسىردىن باشلاپ قاڭقىل دېگەن نام بىلەن ئاتالدى» دەپ قارايدۇ (ليۇيىتاڭ يازغان «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، خەلق زۇچە نەشرى، 78 - بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل). قاڭقىل دېگەن نام تۇنجى قېتىم «ۋېينامە. مۇقەددىمە» دە شى يىجيەنىڭ جيەنگو 26 - يىلى، مىلادى 363 - يىلى، يەنى مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، پاركېرنىڭ قارىشى توغرا ئەمەس.

② «چىلى» دېگەن نام ئەڭ دەسلەپتە ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى مورۇڭجۈننىڭ گۇاڭشۇ تۇنجى يىلى، مىلادى 357 - يىلى («16 پادىشاھلىق يىلنامىسىگە تولۇقلىما. ئالدىنقى يەن خاتىرىلىرى»). «چىلى» دېگەن نامى تۇنجى قېتىم جيەنشىنىڭ 3 - يىلى («جىننامە. مورۇڭگۇي ھەققىدە خاتىرە») تىلغا ئېلىنغانىدى.

③ سۇي خۇڭ يازغان «16 پادىشاھلىق يىلنامىسى» شىمالىي سۇڭ دەۋرىدە يوقىلىپ كەتكەچكە، كېيىنكى دەۋردە ئۆتكەن تاڭچيۇ تەھرىرلىگەن «16 پادىشاھلىق يىلنامىسىگە تولۇقلىما» دىكى ماتېرىياللار بىرقەدەر ئىشەنچلىك. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى يىللىرىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن «16 پادىشاھلىق يىلنامىسى» مۇ ئوخشاشلا ئاپتورى نامەلۇم ئەسەردۇر.

④ جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى نەشر قىلغان تىنىش بەلگىلىك «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» نىڭ تۈزىتىلمىش خاتىرىسىدە: «يۈەنخې جەمەتى (ئۇيغۇر جەمەتى) دېگەن سۆز (袁纥) دىكى «يۈەن» (袁) دېگەن خەت مۇشۇ كىتاب بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 98 - جىلدىدا «表» دەپ يېزىلغان. «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرىدا خان يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن كىتابلار قامۇسى» نىڭ 801 - جىلدىدا «袁» دەپ يېزىلغان. «ۋېينامە» نىڭ ئاخىرىدا «قاڭقىللارنىڭ ئايرىم ئۇرۇقى بولغان يۈەنخېلار (ئۇيغۇرلار)» دېگەن سۆز بىلەن «تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» نىڭ 2 - جىلدىدا دېڭگونىڭ 3 - يىلى 3 - ئايدا دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. يۈەنخېلار يەنى «سۇينامە» 84 - جىلد، «تۈرالار ھەققىدە قىسسە» دىكى ۋېيخېلار (ئۇيغۇرلار)، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇيخېلار (ئۇيغۇرلار) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «表» خېتى «袁» خېتىنىڭ خاتا يېزىلىشىدۇر. بۇنىڭدا «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرىدا خان يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن كىتابلار قامۇسى» غا ئاساسەن ئۆزگەرتىلدى.

⑤ چۆبە جەمەتىنى بەزى تەتقىقاتچىلار يەنى «سۇينامە. تۈرالار ھەققىدە قىسسە» دىكى ئاقتاغنىڭ يېنىغا جايلاشقان تۈرالارنىڭ چۆبە قەبىلىسى دەپ قارايدۇ.

⑥ فېڭ چېڭجۈن ئەپەندى تەيخېنىڭ 5 - يىلى (مىلادى 418 - يىلى) «قاڭقىللارنىڭ خانى ئاپۇرغۇر ئاكا - ئۇكا كان شۇگۈينى ئۆلتۈرۈپ دۆنخۇاڭلىق جاڭ مېڭمىڭنى خان قىلىپ تىكلىگەن» گەندىكىنى دېگەن سۆزدىكى تەيخېنىڭ 5 - يىلى (مىلادى 491 - يىلى) دەپ يېزىلسا توغرا بولىدۇ. سەۋەبى «تەيخېنىڭ 5 - يىلى يۇ چىڭشياڭ تەختتە ئولتۇرغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئوغلى تولۇن تېخى تەختتە ئولتۇرمىغان، قاڭقىللارنىڭ غەربكە كۆچۈشى مۇشۇ ۋاقىتتىكى ۋەقە ھېسابلىنىدۇ» (فېڭ چېڭجۈن يازغان «غەربىي يۇرتتىكى جەنۇبىي كۆلنىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ ئىس

ئاپاتلاشقا ئائىت ماقالىلەرگە تولۇقلىما» نىڭ 40 ـ بېتىگە قارالسۇن.)
دەپ قارايدۇ. «يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ خەرىـ
تىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 40 ـ جىلدىتىكە ئاساسلانغاندىمۇ كان
شۈكۈي ئۆلتۈرۈلۈپ، جاڭ مېڭمىڭنىڭ خان بولغان ۋاقتى تەيخې
نىڭ 5 ـ يىلى بولۇپ، تەيخېنىڭ 5 ـ يىلى دېگەننى خاتا دەپ
ئاسانلا ھۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە
«قوچۇ تەزكىرىسى» دىن قارىغاندا، كان شۈكۈينىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى
ئۇنىڭ جورجانلار تەختكە چىقارغان قوچۇ خانى كان يىچىڭنى
ئۆلتۈرۈپ، جورجانلارنىڭ قاغانىدىن سورىمايلا ئۆز ئالدىغا
تەختكە چىقىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئەينى ۋاقىتتا
يۈچىڭ قاغان تەختتىكى مەزگىلدە، جورجان خانلىقى ئۇنىڭ بىر
قاتار ئىسلاھاتى ئارقىلىق، قۇدرەت تاپقان بولغاچقا، ئۇنىڭ
غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقى مۇستەھكەملىنىپ ۋە كېڭەيگەنىدى.
ۋېي شيەنۋېندى (مىلادى 466 — 470 ـ يىللار) نىڭ ئاخىرقى يىلـ
لىرىدا ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ بېگىنىڭ يوللىغان مەكتۇپىدا: «بۈگۈنكى
كۈنلۈكتە غەربتىكى بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى جورجانلارغا بەيئەت
قىلدى» دېيىلگەن. دەرۋەقە، يۈچىڭ قاغان، كان شۈكۈينىڭ ئۆزىنى
قوچۇنىڭ خانى دەپ ئاتىشىغا ھەرگىز يول قويمايتتى. ئەينى
ۋاقىتتا ئاپۇرغۇرنىڭ باشچىلىقىدىكى پوۋۇرغور قەبىلىسى يەنىلا
جورجانلارغا تەۋە ئىدى، ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنىمۇ قوچۇغا
يېقىن ئىدى، يۈچىڭ قاغاننىڭ ئاپۇرغۇر باشچىلىقىدىكى قاڭقىلىـ
لارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى بەيئەت قىلىشنى خالىمىغان ئاكا ـ
ئۇكا كان شۈكۈيلارنى ئۆلتۈرۈپ جاڭ مېڭمىڭنى خان قىلىپ تىكلەشكە
ئەۋەتىشى، «قوچۇ تەزكىرىسى» دىكى مەزمۇنلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.
قائىدە جەھەتتىمۇ مۇۋاپىق. تولۇن تەختكە چىققان ۋە پوۋۇرغور
قەبىلىسى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، دېگەنلەرنىڭ ھېچقانداق زورۇـ
رىيىتى يوق. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، جورجانلارنىڭ شىمالىي
ۋېيغا ھۇجۇم قىلغان قوشۇنلىرىنىڭ ئىچىدە ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان

قاڭقىل ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ داڭلىق بارلىقىدىن قارىغاندا («ۋېينامە. ۋېي گوجېننىڭ تەرجىمىھالى» غا قاراڭ)، جورجانلار غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر (قوچۇ، ئۇدۇن قاتارلىقلار) نى بويسۇندۇرۇشتا، قاڭقىللارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى كۆپلەپ ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ جايلاشقان ئورنىنىڭ قوچۇ قاتارلىق بەگلىكلەرگە يېقىن بولغان يەردە، ئۇلارنىڭ قوچۇ قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ئىشلىرىغا بولغان مۇداخىلىسىنى چۈشەنمەي مۇمكىنمۇ ئەمەس. يەنە بىر دىققەت مەسىلە شۇكى، ئاپۇرغۇر بۇ ۋاقىتتا يەنىلا جورجانلارغا تەۋە بولۇپ تۇرغاچقا، «خان» دېگەن نامى بولماسلىقى كېرەك. بۇ يەردىكى «خان» دېگەن نامنى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئوردا تارىخچىلىرى قوشۇپ قويغان. كان شۈگۈينىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ھەققىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قاتارلىقلار ھەققىدە مۇشۇ كىتابنىڭ VII بابىغا قارالسۇن.

⑦ «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «قوس بەگلىكىنىڭ يەنە بىر نامى ئالدى قوس بەگلىكىدۇر. ئۇلارنىڭ خانى يارغول شەھىرىدە تۇرىدۇ» دېيىلگەن.

⑧ بەزى تارىخىي ئەسەرلەردە «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن «تەيزۇ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا قايتىشىدا كەڭ كۆلەمدە ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن قاڭقىللارنى ئېگىز چاقلىق ھارۋىلار بىلەن دائىرىسى 700 چاقىرىم كېلىدىغان قورغان ھاسىل قىلغۇزۇپ، ياۋايى ھايۋاناتلارنى ئۇنىڭ ئىچىگە توپلاتقۇزدى، پىشكىچەك شەھىرىگىچە ھەيدەپ بېرىشتە قاڭقىل قوۋملىرى قوي-ۋاق ئورمانلىقىدىكى بۇغىلار توپىنى ھاسىل قىلدى» دېگەن سۆزنى خاتا چۈشەندۇرۇپ، «以高车为围» دېگەننى قاڭقىللارنى ياۋايى ھايۋانلارغا ئوخشاش قورغاننىڭ ئىچىگە سولىدى دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە بۇ نەقىلدىكى «高车» gaoche بىلەن «高车众» Gaojüzhong دېگەن سۆز، شۈبھىسىزكى ئوخشاشمىغان ئوبيېكتلار بولۇپ، ئالدىنقىسى ئېگىز چاقلىق ھارۋىنى، كېيىنكىسى قاڭقىللارنى كۆرسەتكەن.

«以高车为围» دېگىنى «ئېگىز چاقلىق هارۋىلار بىلەن قورغان هاسىل قىلىش» دېگەنلىك بولۇپ، يەنى قاچقىل قوۋملىرىنى ئېگىز چاقلىق هارۋىلارنى هەيدەپ، باش - ئاخىرىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ، دائىرىسى 700 چاقىرىم كېلىدىغان ئۇزۇنلۇقتىكى قورغان هاسىل قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ياۋايى هايۋاناتلارنى سولاپ تاكى پىڭچىڭ شەهرىگىچە هەيدەپ بېرىشنى بۇيرۇش ئىدى. مۇشۇنداق چۈشەندۈرگەندە توغرا بولامدۇ - قانداق؟ بۇ يەردە يەنە «ۋېينامە. تەيزۇ هەققىدە خاتىرە» دىكى بۇ هەقتىكى خاتىرىنى كۆرۈپ باقايلى: «2 - ئاينىڭ بېشىدا قوشۇنلار داتوڭ شەهرىگە قايتىش-نىڭ هارپىسىدا قاچقىللارنىڭ 30 دىن ئارتۇق ئېرلاشما قەبىلە-لىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، 70 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى، ...... 200 مىڭدىن ئارتۇق قاچقىللا ئېگىز چاقلىق هار-ۋىلارنى هەيدىگۈزدى ...... ئەسىرگە ئېلىنغان قاچقىل قوۋملىرى قويۇق ئورمانلىقتىكى بۇغىلار توپىنى هاسىل قىلدى». بۇ يەردىمۇ «高车» ۋە «高车众» دېگەن سۆز بار بولۇپ، ئالدىنقىسى ئېگىز چاقلىق هارۋىنى، كېيىنكىسى قاچقىللارنى كۆرسىتىدۇ. دەر-ۋەقە «قاچقىللار هەققىدە قىسسە» دىكى «以高车为围» دېگەن سۆز، غەنىيمەت ئېلىنغان 200 مىڭدىن ئارتۇق ئېگىز چاقلىق هار-ۋىلاردىن پايدىلىنىپ قورغان هاسىل قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، باشقىچە چۈشەندۈرۈشكە بولمايدۇ.

⑨ «قاچقىللار هەققىدە قىسسە» دە قاچقىل ئائىلىلىرىدە، «ئاتا - ئانا، ئاكا - ئۇكا»، «ياتلىق بولمىغان قىز، ئۆيگە ئېلىپ كېلىنگەن كېلىن، يەنە تۇل ئولتۇرۇپ قالغان ئايال» قاتارلىقلار بار دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن قاچقىل ئائىلىلىرىنىڭ ئائىلە باشلىق تۈزۈمىدىكى چوڭ ئائىلە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

⑩ «قاچقىللار هەققىدە قىسسە» دە قاچقىللارنىڭ توي - تۆكۈن ئادىتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «چاي ئىچۈرۈپ بولۇشقاندىن

كېيىن، يىگىت تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىش ئۈچۈن ھارۋىلىق ۋە ئاتلىق بارىدۇ، ھەممىسى كۆڭلەكچان بولۇشۇۋالىدۇ». ئايرىم تارىخىي ئەسەرلەردە «ئۇرۇق - تۇغقانلىرى» (党) دېگەن سۆزنى «توپى» (群) دەپ، «يىگىت تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى» (男党)، «ئەر تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى» (夫党) دېگەن سۆزلەرنى «يىگىتلەر توپى»، «ئەرلەر توپى» دەپ، «قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى» (女党) دېگەن سۆزنى «قىزلار توپى»، «ئاياللار توپى» دەپ چۈشەندۈرۈپ، قاڭقىللارنىڭ توي - تۆكۈن تۈزۈمىنى خاتا ھالدا «پۈتۈنلا شەكلى» دىكى توپ نىكاھ دەپ قارىغان. مەزكۇر قىسسەدىكى «党» (ئۇرۇق - تۇغقانلىرى) دېگەن خەتنى «群» (توپى) دەپ چۈشەندۈرۈش مۇۋاپىق ئەمەس. «ۋېينامە. بەنسەپ - قامىللەر تەزكىرىسى» دە «ئۇرۇق - جەمەتلىرى» دېگەن سۆز بار بولۇپ، بىر ئۇرۇقتىكى جەمەتتىكىلەرگە قارىتىلغان. «ئۇرۇق - جەمەتلىرى» (宗党) دېگەننى «ئۇرۇق - تۇغقانلىرى» (党) دەپ چۈشەندۈرۈش بىر قەدەر مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ. «يىگىت تەرەپنىڭ ئۇرۇغ - تۇغقانلىرى»، «ئەر تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى»، «قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى» دېگەنلەر يىگىت بىلەن قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق - جەمەتىنى يەنى يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولغان ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرىنى كۆرسەتسە كېرەك. قاڭقىللار ئاتا - ئانا، ئاكا - ئۇكىلارىدىن تەشكىل تاپقان، ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمىدىكى ئائىلە تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرگەچكە، توي - تۆكۈن جەھەتتە توپ نىكاھتا بولماسلىقى مۇمكىن.

⑪ «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە قاڭقىل قەۋمىلىرىنىڭ ئاپئۇرغۇرنى «كۆل بىلگە» دەپ ئاتىشىنى، پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن كېيىن قىلىپ قويغان. ئاپئۇرغۇر قەبىلىلىرىگە باشچىلىق قىلىپ غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا پۇۋۇر-

غور قەبىلىسىنىڭ قەبىلە قوماندانى ئىدى، بۇ نۇقتىنى ئۇلۇسنىڭ
دۆلىتىنىڭ شىمالىي ۋېيغا ھۇجۇم قىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن بەرگەن
لەسسەھتىكە ئائىت خاتىرىدىنمۇ بىلىشكە بولىدۇ. ۋېيلىقلار «كۆل
بىلگە» دېگەننى «ئۇلۇغ پەغپۇر» دەپ تەرجىمە قىلغان بولۇپ،
بۇ «ھەر قايسى ئۇرۇقلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئۇرۇق ئاقسا-
قاللىرى بار» دېگەندىكى «ئاقساقال» دېگەن بىلەن ئوخشاش
مەنىنى بىلدۈرەتتى. شۇڭا مەن ئاپۇرغۇرنىڭ «كۆل بىلگە» دېگەن
نامىنى، پوۋۇرغۇر قەبىلىسى غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى بولۇشى
مۇمكىن دەپ قارايمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئايرىم ئەسەرلەردە
«كۆل بىلگە» دېگەننى «خان» دەپ تەرجىمە قىلغان. مېنىڭچە
«ئۇلۇغ پەغپۇر» دەپ ياكى «خان» دەپ تەرجىمە قىلىنسۇن،
ھەممىسىنىڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان تەرىپى بار. چۈنكى ئاپۇرغۇر-
نىڭ قولىدا ئەينى ۋاقىتتا سىنىپىي جەمئىيەتتىكى پادىشاھ ياكى
پەغپۇرلار قولىدا تۇتقان بارلىق مۇستەبىت ھوقۇقلار يوق ئىدى،
ئۇنىڭ ھوقۇقى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۇنىڭ قوۋملىرى بىلەن
«ئېلىمدىن» كەلگەنىدى. مەسىلەن، ئۇ «قوۋملىرىنىڭ ئىشەنچىسىدىن
ئايرىلىپ» قالغاندا، «قوۋملىرى» ئۇنى «بىرلىشىپ ئۆلتۈرۈۋەتكە-
نىدى»، ئۇنىڭ ۋارىسى بولغان بالىنىيامۇ «قوۋملىرى» تەرىپىدىن
قەبىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن سايلاپ چىقىلغانىدى؛ بالىنىيانىڭ
ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن مىئوتونىڭ تەختكە چىقىشىمۇ «ئەلدىكىلەر»
يەنى «قوۋمدىكىلەر» نىڭ ئىرادىسى بويىچە بەلگىلەنگەنىدى.
مىئوتودىن كېيىنكى «قاڭقىل خانى» پەقەت بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا
مەغلۇپ بولۇپ، قايتىپ كېلىشىگىلا «ئەلدىكىلەر» تەرىپىدىن ئۆل-
تۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئورنىمۇ «ئەلدىكىلەر» تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان،
بۇلاردىنمۇ ئۇنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. شۇڭا
«كۆل بىلگە» ياكى «قاڭقىل خانى» دېگەن نام سىنىپسىز جەمئى-
يەتنىڭ «ئۇلۇغ پەغپۇرى» ياكى «خانى» بولۇپلا قالماستىن،
بەلكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈش دەۋ-

بۇندىكى يەنى ھەربىي دېموكراتىيە دەۋرىدىكى قەبىلىلەر ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ئاقساقىلى ئىدى. ئۇنى قەھرى-مانلىق دەۋرىدىكى يۇنانلىقلار باسىلېنس (basilens) دەپ ئاتى-غانىدى. باسىلېنس دېگەن سۆز پادىشاھ دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئەمما سىنىپىي جەمئىيەتتىكى پادىشاھنىڭكىدەك ھوقۇقى بولمايتتى. شۇڭا ئىككىسىنى تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ.

⑫ بۇنىڭدىكى «12 جەمەت» نى «12 قەبىلە» دەپ چۈشەن-دۈرۈلگەن ئەھۋاللارمۇ بار. فەن ۋېنلەن يازغان «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخىنىڭ قىسقىچە تۈپلىمى» 3 - بۆلۈم 2 - كىتاب «ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى» غا قارالسۇن.

⑬ ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» IV توم، خەلق نەشرىياتى 1958 - يىل نەشرى، 89 - بەتكە قارالسۇن.

⑭ يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش، 160 - بەت.

⑮ ۋاڭ گوۋېي: «قارا تاتارلارغا ئائىت مەلۇماتلار توغرىسىدا قىسقىچە ئىزاھات».

⑯ جۇۋەينى (ئىران): «تارىخىي جاھان كۇشاي» ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 241 - بەت.

## VII باب 16 پادىشاھلىق، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقنىڭ قاڭقىللارغا قاراتقان بولاكچىلىق ئۇرۇشلىرى، جورجان خانلىقىنىڭ قاڭقىللارنى بويسۇندۇرۇشى ۋە ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى

مىلادى 304 - يىلى ھون ليۇ يۈەن قۇرغان خەن پادىشاھلىقى (كېيىن ئالدىنقى جاۋ پادىشاھلىقى دەپ ئاتالغان) دىن مىلادى 581 - يىلى قۇرۇلغان سۈي سۇلالىسىغىچە بولغان 270 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، چوڭ چۆللۈكتىكى سەددىچىننىڭ جەنۇبىي بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ئۇزاققىچە ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى بىلەن تەپرىقىچىلىق گىرداۋىغا چۈشۈپ قالدى، دېمەك 135 يىل (مىلادى 304 - يىلدىن 439 - يىلغىچە) غا سوزۇلغان 16 پادىشاھلىق يېغىلىقى، ئارقىدىنلا خەنزۇلارغا قارىغاندا قالاق بولغان توغبات سىيانپى - ئاقسۆڭەكلىرى قۇرغان ۋېي دۆلىتىنىڭ پۈتكۈل شىمالىي جۇڭگودىكى 100 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىدىكى مىللىي زۇلۇم ئىنتايىن ئەۋج ئالغان، مىللىي ئۇرۇش ئىنتايىن كۆپەيگەن دەۋر، يەنە كېلىپ ھەر مىللەت ئەمگەكچى

خەلقى كەڭ كۆلەمدە ئۇچراشقان ھەتتا ئۆزئارا قوشۇلغان ۋە ئاسسىمىلىياتسىيە بولغان دەۋر ئىدى.

چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى رايوننىڭ بۇخىل ۋەزىيىتى موڭغۇل دالاسىدىكى قاڭقىللارغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. مىلادى IV ئەسىردە ئالدىنقى يەننىڭ موروڭ ئاقسۆڭەكلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قوراللىق رىقابىتىدە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئات ۋە باشقا ھەربىي ئەشيالارنى تولۇقلاش ئۈچۈن، قاڭقىللارغا قارىتا ئۈچ قېتىم بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى. توغبات - دەي دۆلىتىمۇ ئوخشاش مەقسەت ئۈچۈن كۆپ قېتىم زور قوشۇن ئەۋەتىپ قاڭقىللارنىڭ يايلاقلىرىغا بېسىپ كىردى، ئالدىنقى يەن بىلەن دەي دۆلىتىنىڭ قاڭقىللارغا قاراتقان بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرى، شۈبھىسىزكى قاڭقىل خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلگەندى.

مىلادى V ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، جورجان خانلىقى پۈتكۈل موڭغۇل دالاسىنى بويسۇندۇرۇپ ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، قاڭقىللار تېخىمۇ جورجان قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زۇلمى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى، جورجان خانلىقى دائىم زور قوشۇن بىلەن قۇملۇقتىن ئۆتۈپ توغبات ۋېي دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىپ تۇرغانلىقتىن، توغبات ۋېي دولىتى جورجان خانلىقىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ھەمدە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاھالە ۋە بايلىق بۇلاش ئۈچۈن، ھەر يىلى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا ئۈزۈلدۈرمەي زور كۆلەمدە ئۇرۇش قوزغاپ تۇردى، ئۇرۇش جەريانىدا 1 مىليوندىن ئارتۇق قاڭقىل خەلقى ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ، ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن جەنۇبقا كۆچۈرۈلۈپ، ۋېي دۆلىتىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چەت چېگرادىكى ئايماق، ۋىلايەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا داۋاملىق تۇرۇپ قالغان قاڭقىللار، جورجان ئاقسۆ-

گەكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى خالىماي، مىلادى 487 - يىلى 100 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەم ئاپۇرغۇرنىڭ باشچىلىقىدا ئىسيان كۆتۈردى. ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قىسمى غەربىي شىمالدا «ئۆز ئالدىغا ئايرىم مۇستەقىل خانلىق قۇردى.» شۇنداق قىلىپ مىلادى ٧ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، موڭغۇل دالاسىدىكى قاڭقىللار ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى: جورجان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىمالىي قاڭقىللار (ئادەم سانى ئېنىق ئەمەس)؛ توغبات - ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەنۇبىي قاڭقىللار (تەخمىنەن 1 مىليوندىن ئارتۇق)؛ ئاپۇرغۇرنىڭ باشچىلىقىدىكى غەربىي قاڭقىللار (سانى تەخمىنەن 100 مىڭ). قىسقىسى، ئۇرۇش ۋە مىللىي زۇلۇم دەستىدىن، كۆپ ساندىكى قاڭقىللار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ موڭغۇل دالاسىدىن ئايرىلىپ سەرسان ۋە باشقا بولۇشقا جايلارغا تارقىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى.

جورجان خانلىقىنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئادەم سانى كۆپ بولغان قاڭقىللارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئاساسىدا قۇرۇلغان بولغاچقا، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىمۇ قاڭقىللارنىڭ كەڭ كۆلەملىك قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى تېزلەتكەنىدى، ئوخشاشلا توغبات ۋېي دۆلىتىنىڭ كۈچىيىشى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنلىرىدا ئېلىپ بارغان قوشۇۋېلىش ئۇرۇشلىرى، مەلۇم دەرىجىدە ئالەمشۇمۇل چەۋەنداز دەپ ئاتالغان قاڭقىل ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشى ۋە قاڭقىللار ئىشلەپچىقارغان جەڭ ئاتلىرى بىلەن چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ قوللىشىغا تايانغانىدى؛ ھالبۇكى، توغبات ۋېي دۆلىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى، جەنۇبتىكى 1 مىليوندىن ئارتۇق قاڭقىللارنىڭ ئۈزلۈكسىز قارشى قوزغىغان كۈرشى (شىمالغا قېچىش كۈرىشىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىلەن،

بولۇپمۇ قاڭقىللار كەڭ كۆلەمدە قاتناشقان ئالتە قورغان قورغىلىقى بىلەن ئوخشاشلا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىدى، شۇڭا قاڭقىللارنىڭ بۇ دەۋردىكى تارىخىنى شەرھلەپ بېرىش، بىزگە قاڭقىللارنىڭ بۇ دەۋردىكى جەمئىيەت تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى يەنە جورجان خانلىقى ۋە توغبات ۋېي دۆلىتىنىڭ بەزى تارىخىي مەسىلىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكىمۇ ياردەمدە بولىدۇ.

بايان قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، بۇ بابتا ئاساسلىق قىلىپ، ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنىڭ قاڭقىللارغا قاراتقان بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇشى بىلەن جورجان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى قاڭقىللارنىڭ تارىخىنى مۇھاكىمە قىلىمىز. ئاپۇرغۇرنىڭ باشچىلىقىدىكى قاڭقىللار (يەنى «قاڭقىل خانلىقى») نىڭ تارىخىنى، توغبات ۋېي دۆلىتىنىڭ قاڭقىللارغا قاراتقان بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇشلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ جەنۇبىي قاڭقىللارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى قاتارلىقلارنى مۇھاكىمە قىلىشنى مۇشۇ يۆلۈمنىڭ ھەر قايسى بابلىرىغا قالدۇردۇق.

## 1. ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنىڭ قاڭقىللارغا قاراتقان ئۈچ قېتىملىق بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇشى

ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنىڭ مۇرۇڭ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ، قاڭقىللارغا قارىتا قوزغىغان بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇشلىرىنى بايان قىلىشتىن ئاۋۋال، ئالدى بىلەن مۇرۇڭ - سىيانپى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەن ئۇلارنىڭ قاڭقىللارغا قارىتا قوزغىغان ئۇرۇشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

سىيانپىلارنىڭ مۇرۇڭ جەمەتى شەرقىي قىسىم سىيانپىلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. ساۋ-ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ دەسلەپكى

يىلى، ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۇرۇش جېدەلدىن پايدى-
لىنىپ لياۋدۇڭ قورۇلىنىڭ سىرتىدىن لياۋشى ۋىلايىتىگە كې-
لىپ ماكانلاشتى. مىلادى 238 - يىلى (ۋېي مىڭدىنىڭ جىڭچۇ
2 - يىلى) بۇزرۇكۋار موخوبا ساۋ-ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ لياۋ-
دۇڭدىكى تەپرىقىچى گۇڭسۇن يۈەننى يوقىتىشقا ياردەم قىل-
غانلىقتىن، ۋېي مىڭدى ساۋ رۇي تەرىپىدىن «بەيئەتچى شاھ-
زادە» دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشىپ، دۆلەت قۇرۇشقا كىرىشتى.
3 - ئەۋلاد مو رۇڭگۈينىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، جىن ۋۇدى
ئۇنىڭغا سىيانپىلارغا تۇتۇق قىلىپ ئەمەل بەردى. مو رۇڭگۈي-
نىڭ تۇتۇق مەھكىمە مەركىزى جايلاشقان دالا شەھىرى (ھا-
زىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ يىشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربى شى-
مالى) جىن دۆلىتىگە تەۋە ئىدى. 16 پادىشاھلىقنىڭ دەس-
لەپكى يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە چوڭ قالايمىقانچىلىق يۈز
بەرگەندە، خەنزۇ تۆرىلىرى بىلەن نەچچە يۈزمىڭ كۆچمەن
خەلق لياۋخېنىڭ شەرقى بىلەن غەربىگە قېچىپ كېلىپ پاناھ-
لاندى. مو رۇڭگۈي خەنزۇ تۆرىلىرىنىڭ ياردىمىدە ئىچكى
قىسمىنى زور كۈچ بىلەن تەرتىپكە سالغانلىقتىن، ئىقتىساد بى-
لەن مەدەنىيەت تېزدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مىلادى 337-
يىلى (جىن چېڭدىنىڭ شيەنكاڭ 3 - يىلى) مو رۇڭگۈينىڭ
ئوغلى مو رۇڭخۇاڭ ئۆزىنى يەن پادىشاھى دەپ جاكارلىدى، تارىخ-
تا بۇ ئالدىنقى يەن دەپ ئاتالدى. ياندۇرقى يىلى سىيانپى-
لارنىڭ دۇەن جەمەتىنى مەغلۇپ قىلدى، ئۇزاق ئۆتمەي يەنە
كۇرىيانلار بىلەن سىيانپىلارنىڭ يۇيۋىن جەمەتىنى مەغلۇپ قى-
لىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىردىنبىر كۈچ-
لۈك يەرلىك ھاكىمىيەتكە ئايلاندى. مىلادى 349 - يىلى مو-
رۇڭخۇاڭنىڭ ئوغلى مو رۇڭجۈن كېيىنكى جاۋ پادىشاھلىقىنىڭ
ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىلاپتىن پايدىلىنىپ، كېيىنكى جاۋ پادىشاھ-
لىقىنىڭ ياۋجۇ ئايمىقىنى ئىشغال قىلدى؛ ئۆزىنىڭ سىياسىي مەركىزىنى

يۈجى (ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى) گە كۆ-چۈردى. مىلادى 352 - يىلى ران ۋېي پادىشاھلىقىنى يوقىتىپ، يۈتكۈل شىمالىي جۇڭگو تۇزلەڭلىكىنى ئىشغال قىلدى. ياندۇرقى يىلى مو رۇڭجۈن ئۆزىنى رەسمىي پادىشاھ دەپ جاكارلاپ، يىلنامىسىنى شى دەپ ئاتىدى.

مو رۇڭجۈن باشچىلىقىدىكى ئالدىنقى يەن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قارا نىيىتى ھەددىدىن ئېشىپ، يۈتكۈل شىمالىي جۇڭگو تۇزلەڭلىكىنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن توختاپ قالماي، داۋاملىق جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىپ، ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ كەڭ رايونلارغا كېڭەيتمەكچى بولدى. ئەينى ۋاقىتتا چىڭجۇ (مەركىزى گۇاڭگۇدا بولۇپ، ھازىرقى شەندۇڭدىكى يىدۇ) ئايمىقىنى سىيانپىلاردىن كېلىپ چىققان دۈەن كان ئىگىلىۋالغانىدى. مىلادى 356 - يىلى باھاردا يەن قوشۇنلىرى دۈەن كانغا ھۇجۇم قىلدى. دۈەن كان 30 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن زىشۈي دەرياسى بويىدا ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، يەن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. دۈەن كان يەنە گۇاڭگۇ شەھىرىنى 4 - ئايدىن 11 - ئايغىچە ساقلاپ، ئاخىرى شەھەرنى قولدىن بېرىپ قويدى. يەن قوشۇنلىرى كېيىنكى جاۋ پادىشاھلىقىنىڭ ئىچكى ئىختىلاپىدىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلگەندىن بۇيان، ھەر يىلى ئۇزۇلمەي يۈز بېرىپ تۇرغان ئۇرۇشتا «ئەسكەرلەر زادىلا ئارام ئالالمىغان» («ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 100 - جىلدتىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن مو رۇڭتيەننىڭ سۆزى) لىقتىن، ئادەملەرنىڭ ئۆلۈش ۋە يارىلىنىشى بىلەن جەڭ ئاتلىرى قاتارلىق ھەربىي لازىمەتلىكلەرنىڭ خورىشىمۇ ئىنتايىن ئېغىر بولدى. لېكىن ئالدىنقى يەن ھۆكۈمرانلار سىبىنبى جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىش قەدىمىنى زادى توختىتىپ قويمىدى. دۈەن كان تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئۇلار شەرقىي

جىن سۇلالىسىنىڭ خېنەندىكى ۋىلايەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىش
پىلانىنى دەرھال تۈزۈپ چىقتى. مىلادى 352 - يىلى مۇرۇڭ-
جۈن ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىغان ۋاقىتتىلا، ئۇ شەرقىي
جىنىنىڭ ئەلچىسىگە: «سەن يەنىلا بەگ پۇرۇڭغا بېرىپ ئېيت، مەن
كۆچۈمنى تولۇقلاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە پادىشاھ بولۇشنى
قولغا كەلتۈرىمەن» («جىننامە. مۇرۇڭجۈن ھەققىدە خاتىرە»)
دېگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەرقىي جىن سۇلالىسى بىلەن
ئۇرۇش مەيدانىدا ئېلىشىپ كۆرمەكچى بولدى. شەرقىي جىن
سۇلالىسىگە ئوخشاش بۇنداق بىر چوڭ دۆلەت بىلەن ئۇرۇش
قىلىشتا، كۆپلىگەن جەڭ ئاتلىرى بىلەن باشقا ھەربىي لازى-
مەتلىكلەرنى ھازىرلىمىسا بولمايتتى. كۆپلىگەن جەڭ ئاتلىرى
بىلەن لازىمەتلىكلەرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن،
مۇرۇڭجۈن باشچىلىقىدىكى ئالدىنقى يەن ئاقسۆڭەكلىرى چىقى-
مى ئاز، ھەم ئاددىي، ھەم ئاسان بىر ئامالنى: قاڭقىللارغا قارى-
تا بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشىنى قوزغاشنى ئويلاپ تاپتى.

مىلادى 357 - يىلى 1 - ئايدا («ئەلنى ئىدارە قىلىش-
قا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 100 - جىلدتا «5 - ئاي»
دەپ يېزىلغان، توغرا ئەمەس. بۇنىڭدا «16 پادىشاھلىق يىل-
نامىسىگە تولۇقلىما. ئالدىنقى يەن خاتىرىلىرى» دىكى
ئاساس قىلىندى)، يەنى يەن قوشۇنلىرىنىڭ گۇاڭگونى ئىشغال
قىلىش ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ۋە شەرقىي جىن
بىلەن بولغان ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئاۋۋال، 80 مىڭ يەن قو-
شۇنى، قوتانقۇچى سانغۇن مۇرۇڭچۇي، بارگاھ قوشۇن سانغۇ-
نى مۇرۇڭچيەن قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا، سوغۇققا قارىماي
توپۇقسىز سەددىچىنىنىڭ شىمالىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا
قىش قاتتىق بولغانلىقتىن قاڭقىللارنىڭ قەبىلىلىرى «سوغۇق-
تىن قېچىپ ئىسسىق جايغا كېلىش» ئۈچۈن، چارۋىلىرىنى ئې-
لىپ چوڭ چۆللۈك بىلەن چوغاي تېغىنىڭ ئارىلىقىغا

كەلگەندى. يەن قوشۇنلىرى قاڭقىللارنىڭ يايلاقلىرىغا بېسىپ
كىرىپ چارۋا - ماللارنى خالىغانچە بۇلاپ - تالىدى، بولۇپ-
مۇ ئاتنى تېخىمۇ شۇنداق قىلدى ھەمدە بىگۇناھ قاڭقىللارنى
ئەسىرگە ئالدى ۋە ئۆلتۈردى، تارىخىي كىتابلاردا «100 مىڭ-
دىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى ۋە ئۆلتۈردى، 130 مىڭ
ئات، 1 مىليوندىن ئارتۇق كالا، قوينى غەنىيمەت ئالدى»
(«جىننامە. مو رۇڭجۇن ھەققىدە خاتىرە») دەپ خاتىرىلەنگەن.
قاڭقىل قەبىلىلىرى بۇنداق زور ئاۋارىچىلىققا ئۇچرىغاندىن
كېيىن يەنە يەن قوشۇنلىرىنىڭ قايتا كېلىپ ھۇجۇم قىلىشى-
دىن ئەنسىرەپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يەن پادىشاھلىقىغا تەسلىم
بولدى، ئەلۋەتتە بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە كۆپ مىقداردىكى
لازىمەتلىكلەر (ئات، كالا، قوي قاتارلىقلار) نى يەن پادىشاھ-
لىقىغا تارتۇق قىلىپ تۇردى. «16 پادىشاھلىق يىلنامىسىگە
تولۇقلىما. ئالدىنقى يەن خاتىرىلىرى» دا: «گۇاڭشۇنىڭ 3-
يىلى (مىلادى 359 - يىلى، يەن قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن
ئىككى يىل كېيىن) 3 - ئايدا سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى يەت-
تە ئەل قۇلان، شىلى قاتارلىقلار پۈتۈنلەي ئەل بولدى» دېيىل-
گەن. شىلى يەنى چىلىلار (قاڭقىللار) ئىدى.
مىلادى 359 - يىلى مو رۇڭجۇن «ھەر بەش ئادەمنىڭ
ئۈچىنى ئەسكەرلىككە ئېلىش» قا پەرمان چۈشۈرۈپ، 1 مىليون
500 مىڭ ئەسكەر توپلاپ، جەنۇبتىكى شەرقىي جىن سۇلالى-
سىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. ئۇرۇش تەييارلىقى جىددىي
كېتىۋاتقان پەيتتە، مو رۇڭجۇن كېسەل بىلەن ئۆلدى. بۇ
چاغدا ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنىڭ ئالدىنقى چىن پادىشاھ-
لىقى بىلەن بولغان زىددىيىتىمۇ ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەت-
كەچكە، شەرقىي جىن، ئالدىنقى چىنلار بىلەن خېنەن، سەنشى-
دە پات - پات ئۇرۇشۇپ تۇردى. مىلادى 362 - يىلى ئال-
دىنقى يەن پادىشاھلىقىنىڭ سانغۇنى بويان مىلادى 357-

يىلىدىكى شىمالدا قاڭقىللارغا قىلىنغان جازا يۈرۈشىگە ئوخشاش بولاڭچىلىق مەقسىتىنى چىقىش قىلىپ قوشۇن باشلاپ، «شىمالدا چىللارغا ھۇجۇم قىلدى»، تارىخ كىتابلىرىدا يەن قوشۇنلىرىنىڭ «زور غەنىيمەتلەرگە ئېرىشىپ قايتقان» لىقى خاتىرىلەنگەنىدى. مىلادى 367 - يىلى 7 - ئايدا، يەن پادىشاھلىقىنىڭ سانغۇنى مو رۇڭلى يەنە يەن قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، توغبات دەي پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنى ئارقىلىق شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، قاڭقىللارنىڭ ئات، كالىلىرىدىن نەچچە يۈز مىڭنى غەنىيمەت ئالدى. بۇ ۋاقىتتا ئالدىنقى يەن بىلەن توغبات دەي پادىشاھلىقىنىڭ ھەر ئىككىلىسى قاڭقىللارنى بولاڭ - تالاڭ قىلىشنى تەنھا ئىگىلىۋالماقچى بولۇپ، بىر - بىرىنى باسقانلىقتىن، زىددىيەت كېلىپ چىقتى. مو رۇڭلى جازا يۈرۈشكە ئاتلانغاندا، دەي پادىشاھلىقىنىڭ يەن قوشۇنلىرىنىڭ قايتىش يولىنى ئۈزۈپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن بانىنى ياۋجۇ ئايمىقىنىڭ قورۇل ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ يۈنجوڭ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ توكتو ناھىيىسى) غا ئەۋەتتى. دەي پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى شى يىجىيەن يۈنجوڭنى ئىشغال قىلىپ، يەن پادىشاھلىقىنىڭ سانغۇنى مو رۇڭيۇ خېشىنى ئۆلتۈردى، بان شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. توغبات دەي پادىشاھلىقىنىڭ توسقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن، مو رۇڭلىنىڭ باشچىلىقىدىكى يەن قوشۇنلىرى قاڭقىللارنىڭ يايلاقلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرەلمىگەچكە، ئانچە كۆپ غەنىيمەتكە ئېرىشەلمەي، ئاران دېگەندە بىرقانچە تۈمەن ئات، كالا، قوي غەنىيمەت ئالدى.

قىسقىسى، مىلادى 357 - يىلدىن باشلاپ، يەن قوشۇنلىرى قاڭقىللارغا قارىتا ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم دېگۈدەك جازا يۈرۈشى قوزغاپ تۇردى. ئەينى ۋاقىتتا قاڭقىللار سەدد-

چىننىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل دالاسىدا چارۋىچىلىق قىلغاچقا، دەرھال جەنۇبقا باستۇرۇپ بېرىپ، يەن پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنىنى پاراكەندە قىلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە يەن قوشۇنلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان، ئارقا سېپى بوش قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەن پادىشاھلىقىنىڭ بايلىقىنى بۇلاپ ـ تالىمىدى، يەن پادىشاھلىقىنىڭ قاڭقىللارغا قوزغىغان ئۇرۇشى بولسا پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھاكىمىيەت تالىشىش ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان جەڭ ئاتلىرى بىلەن باشقا لازىمەتلىكلەرنى ھەل قىلىش بولغاچقا، قىپيالىڭاچ بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشى ئىدى. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى يەن پادىشاھلىقىنى تەبرىقچىلىك ئۇرۇش چەريانىدىكى يامان ئاقىۋەتتىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى، ئۇ قاڭقىللارغا ئەڭ ئاخىرقى بىر نۆۋەت بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، يەنى مىلادى 370 - يىلى ئۇ قۇدرەتلىك ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى.

## 2. جورجان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ قاڭقىللارنى بويسۇندۇرۇشى ھەم ھۆكۈمرانلىقى

### (1) جورجان مىللىتىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە جورجان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

جورجان خانلىقىنىڭ قاڭقىللارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى 150 يىلدىن ئارتۇق ئۇزاق داۋاملاشقان بولۇپ، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قاڭقىللارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا بىز جورجان خانلىقىنىڭ قاڭقىللارغا بولغان بويسۇندۇرۇشى بىلەن ھۆكۈمرانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن جورجان

مىللىتىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەن جۇرجان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇش مەسىلىسىنى قىسقىچە تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچىمىز.

جۇرجانلار «ۋېينامە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»دا: «رورو» (蠕蠕) دەپ ئاتالغان؛ جەنۇبىي سۇلالىلەرگە ئائىت تارىخ كىتابلىرىدا «رۇرۇ» (芮芮) دەپ ئاتالغان؛ ئۇنىڭدىن سىرت يەنە، «شىمالىي چى سۇلالىسى تارىخى»، «جۇنامە» دە: «رورو» (茹茹)، «جىننامە. فېڭبا ھەققىدە خاتىرە» دە: «رورو» (蝚蠕) دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتالغان. مىلادى IV ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىن بۇرۇن، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە جۇرجان ياكى بۇ نامغا يېقىن نام بىلەن ئاتىلىدىغان مىللەت يوق ئىدى. جۇرجانلار مىلادى IV ئەسىرنىڭ دەسلىپىگە كەلگەندە ئاندىن شەكىللەنگەن مىللەت ئىدى.

«ۋېينامە. جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، جۇرجانلارنىڭ بۇزرۇكۋار بوۋىسى مۇگۇلۇ ئىدى. ئۇ ئەسلىدە توغبات لى ۋېي (مىلادى 277 - يىلى ئۆلگەن) نىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا توغبات قەبىلىسىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى باشقا مىللەتتىن بولغان بىر قۇلنى تۇتۇۋالغان. كېيىن توغباتلار ئۇنىڭ قۇللۇق سالاھىيىتىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭغا «ئاتلىق ئەسكەر» دېگەن نامنى بەرگەن. 30 نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنى تەخمىنەن مىلادى IV ئەسىرنىڭ باشلىرى، بۇ ۋاقىت دەل ئۇتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى 16 پادىشاھلىقنىڭ قالايمىقانچىلىق ۋاقتى بولغاچقا، مۇگۇلۇ توغبات قەبىلىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى ھەربىي كېچەيىمچىلىكى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىشنى خالىماي، «چۆللۈكنىڭ ئىچكىرىسىدىكى جىلغىنىڭ ئىچىگە قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى»، ئۇ شۇ جايدا ئۆزىگە ئوخشاش قېچىپ يۈرگەن ئادەملەر بىلەن بىرلىشىپ، «100 دىن ئارتۇق ئادەمگە ئىگە بولدى»، توغبات قەبىلىسى

نىڭ ئاقتۇرۇشىدىن بولسا كېرەك، مۇكۇلۇ 100 دىن ئارتۇق «قاچقۇن» غا باشچىلىق قىلىپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى يىنشـ شيەن تېغى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى شارمۆرۈن دەرياسى بىلەن ئاباغانار دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى توتۇ تېغى) لىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان خېتورىن قەبىلىسى («ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە» دە «纥» خېتى «纯» ① دەپ خاتا يېزىلىپ قالغان) دىن پاناھ تىلىدى. خېتۇرىن قەبىلىسى شەرقىي غۇزلار (ئوغان ياكى سىيانپىلار) نىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ بىر تارمىقى بولۇشى مۇمكىن. مۇكۇلۇ ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئوغلى چۈلۈخۈي باتۇر كىشى بولغاچقا، «قەبىلىسىگە باشچىلىق قىلىپ، نامىنى جورجان دەپ ئاتىدى». شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي، تەخمىنەن توغىبات يىلۇ (مىلادى 304 — 316 - يىلى) نىڭ ئاخىرقى يىلى ياكى ئۇنىڭدىن سەل كېيىن چۈلۈخۈينىڭ باشچىلىقىدىكى جورجانلار توغىبات قەبىلىسى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، توغىبات ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى بىر مەھكۇم قەبىلىگە ئايلاندى.

چۈلۈخۈي جورجان قەبىلىسىگە باشچىلىق قىلىپ يىنشـ شيەن تېغىنى چارۋىچىلىق بازىسى قىلىپ، «قىشتا جەنۇبقا كېلىپ قىشنى ئۆتكۈزدى، يازدا داۋاملىق چۆللۈكنىڭ شىمالىدا تۇردى» ھەمدە توغبات قەبىلىسىگە «ھەر يىلى ئات، بۇلغۇن تېرىسى قاتارلىقلارنى تارتۇق قىلىپ تۇردى»، شۇنداق قىلىپ تۆت ئەۋلاد (چۈلۈخۈي ـ تونۇكۇي ـ باتى ـ دىسۇيۈەن)، 60 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنىنىڭ سەل شىمالىدىراق بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە توغبات دەي پادىشاھلىقىنىڭ بۇ مەزگىلدە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا قارىتا ئازراق ۋە قوشنا دۆلەتلەر بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇرۇش قىلىشى تۈپەيلىدىن، جورجانلارغا قاراتقان جازا ئۇرۇشىنى ئانچە جىددىيلەشتۈرەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇزاق مۇددەت

لىك خاتىرجەم تۇرمۇش نەتىجىسىدە جورجانلارنىڭ نوپۇسى تېزدىن كۆپەيدى. تىل، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىدىغان شەرقىي غوز- لارنىڭ بەزى ئورۇق - قەبىلىلىرىمۇ قوشۇلدى. مىلادى 370 - يىلىنىڭ ئەتراپىدا دىسۇيۇەنىنىڭ باشچىلىقىدىكى جورجانلارنىڭ جايلاشقان ئورنىدا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. تارىخ كىتابلىرىدا «دىسۇيۇەن ئۆلگەندە ئۇنىڭ زېمىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈندى، (دىسۇيۇەنىنىڭ چوڭ ئوغلى پى خوبا ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، شەرق تەرەپتە تۇردى، ئىككىنچى ئوغلى ۋېن خېتى غەرب تەرەپتە ئايرىم تۇردى» دەپ خاتىرىلەنگەن، ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنىنى «ۋېينامە. ليۇ كۇرېنىنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى جورجانلارنىڭ فېي فۇيۇ ئىسىملىك باشقا بىر قوماندانىنىڭ مىلادى 384 - يىلى يىشىنشەن تېغىدا ماكانلاشقانلىقىغا ئائىت خاتىرىدىن قارىغاندا، يەنىلا يىشىنشەن تېغىنى مەركەز قىلغاندەك تۇرىدۇ، شۇنداقتىمۇ، شەرق بىلەن غەربكە قاراپ خېلى زور دەرىجى- دە كېڭەيگەنىدى. غەربىي قىسمى ھازىرقى ئابۇغانار دەرياسى- نىڭ شەرقى بىلەن غەربىدە، شەرقىي قىسمى ھازىرقى شارمۆرۈن دەرياسىنىڭ شەرقىي بىلەن غەربىدە بولسا كېرەك. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە جورجانلار بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان ئورۇق - قەبىلىلەر بىرلەشمىسىگە ئايلانغانىدى.

مىلادى 376 - يىلى ئالدىنقى چىن پادىشاھى فۇجيەن باش سانغۇن فۇلۇنىڭ باشچىلىقىدا 200 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى توغبات دەي پادىشاھلىقىغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتتى، دەي پادىشاھلىقى مەغلۇپ بولۇپ پارچىلاندى. ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى قەبىلىلەر بىلەن زېمىنلىرى مەجبۇرىي رەۋىشتە ئىككى قىسىمغا ئايرىلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا، ھونلاردىن كېلىپ چىققان ليۇ كۇرېن بىلەن ليۇ ۋېيچېنىنىڭ بىر تۇتاش

ھۆكۈمرانلىقىغا تەۋە بولدى، دەريانىڭ غەربىي لىيۇۋېيجېنگە، «دەريانىڭ شەرقىي لىيۇ كۇرېنگە مەنسۇپ بولدى» («ۋېينامە. لىيۇ كۇرېننىڭ تەرجىمىھالى»). جورجانلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولدى ھەمدە دەريانىڭ غەربىدىكى لىيۇۋېيجېن بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى.

مىلادى 386 - يىلى توغباتگۈي بۇرۇنقى قەبىلىلەرنىڭ ھىمايە قىلىشى بىلەن يەنە دەي پادىشاھلىقىنىڭ تەختىگە چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرى بىلەن تەۋە قەبىلىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىرادە باغلاپ، مىلادى 388 - يىلى يۇنۇشۇي دەرياسى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ۋۇچۇەن ناھىيەسىنىڭ دائىرىسىدە) بويىدىكى جېرۇف قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلىپ قوشۇۋالدى، مىلادى 390 - يىلى يىشىنشەن تېغىنىڭ ئەتراپىدا ئالىلقاچان جورجانلارغا تەۋە بولۇپ كەتكەن چارۋىچى خويتورېن قەبىلىسى بىلەن خېشى قەبىلىسىنى② ئۆزىگە قوشۇۋالدى. مىلادى 391 - يىلى، توغباتگۈي جورجانلارنى توغبات جەمەتىنىڭ دۈشمىنى بولغان لىيۇۋېيجېن بىلەن تىل بىرىكتۈردى دەپ، جورجانلارنى جازالاشقا ئەسكەر چىقاردى. جورجانلار غەربكە قاراپ قاچقان بولسىمۇ، قوغلاپ كەلگەن توغبات قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يۇنەنچاك تېغى (يەنى شىلىڭ تېغى بولۇپ، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى بۆرە تېغىنىڭ غەربىي شىمالى) نىڭ تۆۋەنكى قىسمىدا «قەبىلىلەرنىڭ يېرىمى دېڭگۈدەك ئەسىر ئېلىندى». پى خۇبا بىلەن ۋېن خېتى تەسلىم بولدى. توغباتگۈي ۋېن خېتىنىڭ ئوغلى سەللان قاتارلىق جورجانلارنىڭ ئۇرۇق جەمەتىدىكى نەچچە يۈز ئادەمنى «قەبىلىلىرىگە ئۇلەشتۈرۈپ بەردى». تەسلىم بولغان جورجان قەبىلىلىرىنىمۇ توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىشىغا تاپشۇردى؛ ئۇلار توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دەھشەتلىك سىنىپىي ئېكس-

پىلاتاتىسىيىسى بىلەن مىللىي زۇلمىغا شەكسىز ئۇچرىدى، مىلادى 394 - يىلى سەللا نىنىڭ باشچىلىقىدىكى جورجانلار توغبات دەي پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كەڭ كۆلەمدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، جورجان مىللىتىگە باشچىلىق قىلىپ، «ۋۇيۇەن (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى باۋتۇ شەھىرى نىڭ غەربىي شىمالى) ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى قەبىلىلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ»، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قېچىپ كەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جورجان خەلقى توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىدىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل تەرەققىي قىلىش يولىغا قاراپ ماڭدى.

مىلادى 394 - يىلى جورجانلاردىن بولغان سەللان جورجان خەلقىگە باشچىلىق قىلىپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قېچىپ بارغاندىن تارتىپ تاكى مىلادى 402 - يىلى جورجانلار ئەسكەر چىقىرىپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى سۇغۇيان قەبىلىسىنى قۇتقۇزغانغا قەدەر بولغان بۇ سەككىز يىلنىڭ ئىچىدە، جورجانلارغا ئائىت ئىشلار، «ۋېيىنامە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا پۈتۈنلەي دېگۈدەك خاتىرىلەنمىگەن③. چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل دالاسى، بولۇپمۇ تۇرا، ئۇرقۇن دەريا ۋادىلىرى قاڭقىللارنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرى بولغاچقا، جورجانلار چۆللۈكنىڭ «شىمالىغا قېچىپ بارغان» دىن كېيىن نەگە بېرىپ جايلاشقان؟ مىلادى 399 - يىلى توغبات - دەي پادىشاھلىقى (مىلادى 398 - يىلى دۆلەت نامىنى ۋېيغا ئۆزگەرتكەن) نىڭ قاڭقىللارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، غەربىي يول قوشۇنىنىڭ سىيۇچۈەن دەرياسى (ھازىرقى شارمۆرۈن دەرياسى) دىن شىمالغا جازا يۈرۈش قىلغانلىقىنى، ئوتتۇرا يول بىلەن شەرقىي يول قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاتلىنىش ئورنىنىڭ سىيۇچۈەن دەرياسىنىڭ شەرقىي ئېكەنلىكىنى، زەربە بېرىش نۇقتىسىنىڭ يەنىلا موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىي قىسمى

ئىكەنلىكىدىن قارىغاندا، «ۋېينامە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا ۋېي قوشۇنلىرى بىلەن جورجانلارنىڭ ئۇچراشقانلىقى ھەققىدىكى ئىشلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك خاتىرىلەنمىگەن، يۇنىڭدىن جورجانلارنىڭ موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. جورجانلار قاڭقىللارنى مىلادى 402 - يىلى بويسۇندۇرغانىدى، شۇڭا بۇنىڭدىن ئاۋۋال جورجانلارنىڭ جايلاشقان ئورنى شىمالدا قاڭقىللار جايلاشقان موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا يەنى ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۆڭگىن دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا يېتىپ بارالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يۇقىرىدا بىر سەللان مىلادى 394 - يىلى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قاچقاندا، توغبات قەبىلىسى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەي زېمىنى (ھازىرقى سەنشىنىڭ داتۇڭ ئەتراپى) دىن غەربكە قېچىپ، «ۋۇيۇەن ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى قەبىلىلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان» دىن كېيىن «شىمالدا چوڭ چۆللۈككە قاراپ ماڭغان»، ئۇنىڭ شىمالىي چۆللۈككە كىرىشتىكى يولى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن مىلادى 391 - يىلىدىكى نيۇچۇەن دەرياسىدىن غەربكە قېچىپ نەنچۇاڭشەن تېغى ئارقىلىق شىمالىي چۆللۈككە قاراپ قاچماقچى بولغان يۆنىلىشكە ئوخشايتتى. دېمەك مىلادى 394 - يىلى جورجانلار توغبات قەبىلىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، شىمالىي چۆللۈككە كىرگەندىن تارتىپ، تاكى مىلادى 402 - يىلى جورجانلار قاڭقىللارنى بويسۇندۇرغانغا قەدەر، جورجانلار موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسمى يەنى نەنچۇاڭشەن تېغىنىڭ شىمالىدىكى ھازىرقى موڭغۇل چۆللۈكىدىكى ئالتاي تاغ تىزمىسىنىڭ ئىككى ياقىسىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمالدا قاڭقىللارنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسى بىلەن قوشنا ئىدى. بۇ مەزگىلدە توغبات ۋېي پادىشاھلىقى سەددىچىننىڭ جەنۇبىدا ھونلاردىن كېلىپ

چىققان لىۇ ۋېيچېننىڭ قەبىلىسى ۋە كېيىنكى يەن پادىشاھلىقى بىلەن تەپرىقىچىلىك ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، شىمالغا قاراشقا چولىسى تەگمىگەچكە، جورجانلار موڭغۇل دالاسىنىڭ جەنۇبىدا ئارام ئېلىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. بىرقانچە يىلنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئىگىلىكى بىلەن نوپۇسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئەسلىگە كېلىۋالدى ۋە تەرەققىي قىلدى.

مىلادى 402 - يىلى ۋېي پادىشاھلىقى جورجانلارنىڭ يۇنيۇچىچۈەن دەرياسى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ئابۇغانار دەرياسى) بويىدىكى باشقا ئىككى قەبىلىسى بولغان چۇغا قەبىلىسى بىلەن سوغۇيان قەبىلىسىنى جازالاشقا قوشۇن ئەۋەتتى. جورجانلاردىن بولغان سەللان بىر تۈمەن كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى سوغۇيان قەبىلىسىنى قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتتى. جورجانلارنىڭ بىر قېتىمدىلا بىر تۈمەن كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى ئەۋەتىپ، قۇدرەتلىك ۋېي پادىشاھلىقى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرماقچى بولغانلىقى، جورجانلارنىڭ بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، مىلادى 394 - يىلىدىن كېيىنكى سەككىز يىللىق ئەسلىگە كېلىۋېلىش ۋە تەرەققىي قىلىشتىن كېيىن، مىلادى 402 - يىلىغا كەلگەندە مۇناسىپ كۈچكە ئىگە قۇدرەتلىك بىر تارماق كۈچكە ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دەل مۇشۇ يىلى جورجانلاردىن بولغان سەللان شىمالدا قاڭقىللارنى بويسۇندۇردى، ئۇزاق ئۆتمەي يەنە پۈتكۈل موڭغۇل دالاسىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆزىنى چورتۇق قاغان دەپ ئاتاپ، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا ئىنتايىن زور تەسىرگە ئىگە جورجان خانلىقىنى قۇرۇپ چىقتى.④

جورجانلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە كۈچىيىشى، جورجانلارنىڭ خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئىلغار ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت

مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز تۇردا قوبۇل قىلغانلىقى بىلەن ئىنتايىن زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. سەللاندىن ئىلگىرى جورجانلار «قەلئەسىز، يېزىقسىز»، «قوماندانلار قوينىڭ قۇملىقى بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى ئالىدىغان» ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمى دەۋرىدە تۇرغانىدى، ھەتتا ماترىئارخاللىق تۈزۈمىنىڭ كونا ئادەتلىرى يەنىلا خېلى كەڭ تارقالغانىدى. مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىچكى قىسمىدا سىنىپلارنىڭ بۆلۈنۈشى كۈچەيگەنلىكتىن، سەللان «قوشۇنلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئورۇنلاشتۇردى»، «ھەر 1000 كىشىنى بىر قوش، ھەربىر قوشقا بىردىن بەگ، ھەر 100 ئادەمنى بىر سۆتنە، ھەربىر سۆتنىگە بىردىن قوماندان تەيىنلىدى» (يۇقىرىدىكى نەقىللەر ھەققىدە «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن). بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشى جورجانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى تېزلەتكەنلىكتىن، جورجانلار ناھايىتى تېزلىكتىلا قۇللارغا ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىدىكى قۇللۇق جەمئىيەتكە قاراپ ئۆتتى. جورجان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، جورجان مىللىتىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى بىلەن سىنىپىي جەمئىيەتكە قاراپ ئۆتۈشنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئاياغلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**(2) جورجانلارنىڭ قاڭقىللارنى بويسۇندۇرۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشى**

مىلادى 402 - يىلى جورجانلارنىڭ سەللان قاغانى سۇغۇيان قەبىلىسىنى قۇتقۇزۇشقا ياردەم بەرگەندە، شىمالىي ۋېينىڭ قابىل سانغۇنى خېتۇنىڭ باشچىلىقىدىكى 6000

كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەرىپىدىن «تاغنىڭ جەنۇبى بىلەن دەريا ئەگمىسى» دە يەنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى چوغاي تېغىنىڭ جەنۇبى بىلەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى مەلۇم بىر جايدا مەغلۇپ قىلىندى. سەللان «مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تارقىلىپ كەتكەن قەبىلىلىرىنى يىغىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا يۆتكىلىپ، قاڭقىللارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئورۇنلىرىغا بېسىپ كىردى» («ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»). سەللان ئىھتىمال ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى ياكى جازالىشىدىن قورقۇپ، جورجانلارنى باشلاپ موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا كۆچۈپ، قاڭقىللارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان جايلىرىغا بېسىپ كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەينى ۋاقىتتا قاڭقىللار تارقاق جايلاشقان بولغاچقا، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەربىي، مەمۇرىي جەھەتتىكى بىرلىك يوق ئىدى؛ قەبىلىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا جورجانلارنىڭكىگە ئوخشاش مۇستەھكەم ھەربىي تەشكىل ۋە قاتتىق ھەربىي قانۇن يوق ئىدى. قاڭقىللارنىڭ بۇنداق قۇمدەك چېچىلاڭغۇ تارقاق ۋەزىيىتى جورجان قاغانى سەللانغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنىدى. سەللان قاڭقىللارغا قارىتا ئايرىم - ئايرىم مەغلۇپ قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئاۋۋال جورجانلارغا ئارىلىقى ئەڭ يېقىن بولغان قاڭقىللارنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان رايونىغا بېسىپ كىردى. قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ قوماندانى بېكقۇلى «سەللاننىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئاز، كۈچىنىڭ يېتىشمەي يېڭىدىن قوشۇن توپلاۋاتقان» لىقىدىن پايدىلىنىپ، قوۋملىرىنى باشلاپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، جورجانلارنىڭ «قەبىلىلىرى» نى بۆسۈپ تاشلىدى. سەللان قايتۇرما زەربە بەرگەن بولسىمۇ، مەغلۇپ بولدى. بىراق بۇ ۋاقىتتا قاڭقىللارنىڭ پۇختا تەشكىللەنمىگەنلىكىنىڭ يامان ئاقىۋىتى

ئاشكارىلىنىشقا باشلاپ، ۋاقىتلىق غەلىبىگە ئېرىشكەن قاڭقىللار
تارقىلىپ كەتكەن دۈشمەنلەر، بىلەن كارى بولماي،
بايلىق بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى، ئۇلار
جۇرجانلارنىڭ «ئورداگاھ» لىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، «ئۇلارنىڭ
خوتۇن - قىزلىرىنى خوتۇن قىلىپ، خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزۈپ»
ئۇرۇش قىلىش ئىقتىداردىن پۈتۈنلەي ئايرىلدى. بېكىقۇلى
«باتۇر ۋە قەيسەر» بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قاڭقىللارنىڭ ئىپتىدا-
ئىي كوممۇنا تۈزۈمىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى بىر قوماندا-
نى بولۇپ، قولىدا سىنىپىي جەمئىيەتنىڭكىگە ئوخشاش دۆلەت-
نىڭ ئىمتىيازلىق ھوقۇقى بولمىغاچقا، بۇنداق ئىنتايىن
خەتەرلىك قالايمىقان ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا ئۆپتىن ئامالسىز
ئىدى. سەللان قاڭقىللارنىڭ بۇ خىل ئەھۋالىنى كۆرگەندىن
كېيىن «تارقىلىپ كەتكەن 1000 دەك ئادەمنى يىغىپ»، قاڭ-
قىللار قاتتىق ئۇخلاۋاتقان بىر سەھەرلىكى «ئۇلارغا تۇيۇقسىز
شىبىخۇن قىلدى»، قوغۇرسۇ قەبىلىسى مەغلۇپ بولۇپ، «ئون
ئادەمدىن ئاران ئىككى - ئۈچىلا قېچىپ قۇتۇلدى» (يۇقىرىدىكى
نەقىللەر ھەققىدە «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن).
ئارقىدىنلا سەللان قوغۇرسۇ قەبىلىسىدىن بولغان چۇرلۇقغور-
نىڭ يول باشلىشى بىلەن موڭغۇل دالاسىدىكى باشقا قاڭقىل
قەبىلىلىرى بىلەن سېلىنگا دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى ھونلار-
نىڭ بايىرغىت قەبىلىسىنى بويسۇندۇردى. موڭغۇل دالاسىنىڭ
ئەتراپىدىكى «كىچىك ئەللەرنىڭ ھەممىسى جورجانلارنىڭ
بېسىپ كىرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىدىن قورقۇپ، ئۇلارغا
بەيئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى» («ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە
قىسسە»). بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە سەللان ئۆزىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىنى «غەربتە كىنگىت رايونى، شەرقتە كورىيە
رايونى، شىمالدا قۇملۇقتىن ئۆتۈپ دەشتكىچە، جەنۇبتا چۆل
قۇملۇقىغىچە بولغان» پۈتكۈل موڭغۇل دالاسىغا كېڭەيتتى،

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جورجان خانلىقىنىڭ قاڭقىل مىللىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋە قاڭقىل مىللىتىنىڭ جورجان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرىدىغان يېڭى دەۋرى باشلاندى.

جورجان خانلىقى قۇللار سىنىپى بىلەن بويسۇندۇرۇلغۇچى مىللەتلەرگە قارىتا قۇلدارلىق ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزىدىغان قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت ئىدى. جورجان خانلىقىنىڭ قاڭقىل مىللىتىگە قاراتقان ھۆكۈمرانلىقىمۇ، جورجان خانلىقىنىڭ قۇلدارلار سىنىپىنىڭ قۇللۇق ئاسارەتتە تۇرۇۋاتقان كەڭ قاڭقىل خەلقىغە بولغان ھۆكۈمرانلىقى ئىدى.

جورجان خانلىقىنىڭ قاڭقىللارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى، غەربىي خەن دەۋرىدىكى ھون دۆلىتىنىڭ شەرقىي غۇزلارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىقى بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى، يەنى قاڭقىل مىللىتىنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلەر تەشكىلىنى ساقلاپ قېلىپ، تەسلىم بولغان ياكى بەيئەت قىلغان قاڭقىللار (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ سەركەردە ئاقساقاللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن پايدىلىنىپ، قاڭقىل مىللىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مەسىلەن، چورلۇقغۇرغا كەلسەك، ئۇ ئەسلىدە قاڭقىللارنىڭ ئاددىي بىر چارۋىچىسى بولۇپ، ئۇ «ئۆز سەركەردىسىنى ئۆلتۈرۈپ، سەلاننىڭ باشقا قەبىلىلىرىنى مەغلۇپ قىلىشقا يول باشلاپ بېرىپ» خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، «سەللان ئۇنى قەدىرلەپ، ئاقساقال قىلغانىدى». بۇنداق «تەيىنلەنگەن ئاقساقاللار» قاڭقىللارنىڭ بىر ياكى بىرقانچە قەبىلىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا مەخسۇس ئەۋەتىلىدىغان ئاقساقاللار ئىدى. چورلۇقغۇر ئائىلىسىنىڭ ساقلىغان گۆھەرلىرى بار بولۇپ، ئىنتايىن دۆلەتمەن ئىدى. ئۇ جورجان خانلىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمران گۇرۇھىدىكىلىرى بىلەن قويۇق بېرىش - كېلىش قىلاتتى،

سەللانىنىڭ ئىشلىرى، خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان داتان بىلەن يوشۇرۇن پەيلان تۈزۈپ، بۇكلوكتېكىن قاغاننى تەختتىن قوغلىماقچىمۇ بولغان. ئىش ئاشكارىلىنىپ قالغاندىن كېيىن، بۇكلوكتېكىن قاغان 8000 نەپەر ئاتلىق ئەسكەرنى چۇرلۇقغۇرنى تۇتۇشقا ئەۋەتكەندە، چۇرلۇقغۇر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇكلوكتېكىن قاغانىڭ چۇرلۇقغۇرنى تۇتۇشقا 8000 نەپەر ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتكەنلىكىدىن قارىغاندا، چۇرلۇقغۇرنىڭ قول ئاستىدىكى قاڭقىل قەبىلىلىرى ئاز بولماسلىقى مۇمكىن. «ۋېينامە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا بۇنداق مىساللاردىن پەقەت مۇشۇ بىرىلا كۆرۈلىدۇ، ئەمما مۇشۇنىڭدىنمۇ جورجانلارنىڭ قاڭقىللارنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىدىن پايدىلىنىپ، قاڭقىللارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنىڭ مەلۇم كارتىنىسىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مىلادى 429 - يىلى (شىمالىي ۋېينىڭ شېنجيا 2 - يىلى)، ۋېي تەيۋۇدى توغباتگۇي جورجانلارغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى قاڭقىللارنىڭ 600 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادىمىنى ئەسىرگە ئالغان. ئۇنىڭ ئىچىدە قاڭقىللارنىڭ سەركەردە (باغا) لىرىدىن «بىر قانچە يۈزى» («ۋېينامە، سۇي خاۋنىڭ تەرجىمىھالى») بار ئىدى. قاڭقىللارنىڭ بۇ بىر قانچە يۈز سەركەردىلىرى، ئۇلار ۋېي قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىشتىن ئاۋۋال، جورجانلارنىڭ بۇيرۇقىنى شەكسىز ئاڭلايتتى، جورجان قۇلدارلار دۆلىتى ئاساسىي ئۈچۈن قاتىلامدىكى قاڭقىللارنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەن ئورۇق ئاقساقاللىرى بولغانىدى، قىسقىسى، جورجان قۇلدارلار دۆلىتى قاڭقىللارغا قارىتا، قاڭقىللارنىڭ ئورۇق - قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ كەلگەنىدى.

جورجان خانلىقى قاڭقىللارنىڭ ئورۇقلىرىنىڭ بىرلىشىپ

جورجان قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشى-
نىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قاغقىللارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرى
جايلاشقان رايونلارغا كۆچۈرۈلگەن جورجان ئەمەلدارلىرى
(«ئاقساقاللار») نى ئەۋەتتى ھەمدە جورجان قەبىلىلىرىنى
قاغقىللارنىڭ يايلاقلىرىغا كۆچۈرۈپ، قاغقىللارنىڭ ھەرىكەت-
لىرىنى نازارەت قىلغۇزۇپ، قاغقىللارغا بولغان ھۆكۈمرانلىق
بىلەن قاقتى - سوقتى قىلىشنى كۈچەيتتى. مەسىلەن، جور-
جانلارنىڭ داتان قاغانىنىڭ ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئىنىسى پى لى
«شەرقتىكى قەبىلىلەر» گە يەنى موڭغۇل دالاسىنىڭ شەرقىي
قىسىم رايونىدىكى قاغقىللار («شەرقىي قىسىم قاغقىللار»)
بىلەن شۇ جايغا كۆچۈپ بېرىپ ماكانلاشقان جورجان قەبىلە-
لىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى، ھالبۇكى مىلادى 429 - يىلى-
دىكى بىر قېتىمقى ئۇرۇشتىلا، پى لىنىڭ قول ئاستىدىكى
جورجانلارنىڭ «ئاقساقاللىرى» دىن بىرقانچە يۈز نەپىرى
ۋە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنىدى، بۇنىڭدىن
جورجان خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى
قاغقىللارنى كونترول قىلغان «ئاقساقاللىرى» نىڭ كۆپلۈكىنى
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. داتان بۇكلوكتېكىن قاغانىنىڭ دەۋرىدە
«غەربىي چېگرىنى تىنچىتىپ تۇرغان» بولۇپ، خاراكتېرى
پى لىنىڭ «شەرقتىكى قەبىلىلەرنى باشقۇرغان» لىقى بىلەن
بىر ئىدى، شۇنداق قىلىپ، قاغقىللارنىڭ چارۋىچىلىق
رايونلىرىغا ئەۋەتىلگەن جورجانلارنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن
يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جورجان خانلىقىغا بەيئەت قىلغان
قاغقىللارنىڭ باغالىرى بىرلىشىپ، قاغقىل خەلقىنى شۇلىدىغان
ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان كۈچلۈك بىر دۆلەت ئاپپاراتىنى
تەشكىل قىلغانىدى.

قاغقىل خەلقى جورجان قۇلدارلار دۆلىتىنىڭ ھۆكۈم-
رانلىقى ئاستىدا ئىشلەپچىقارغان ئات، كالا، قوي ۋە يۇڭ،

تېرە، مۈڭگۈز، سىڭىر قاتارلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى جورجان ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا ھەقسىز تەقدىم قىلىپ، جورجان خانلىقىنىڭ ھەربىي ئېھتىياجى بىلەن جورجان قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ئەيش - ئىشرىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلاتتى. جورجان قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۆزلىرى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ئالتۇن تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە جايلاشقان تۈركلەرنى «بازغانچى قۇللار» دەپ ئاتىغانلىقىدىن قارىغاندا⑤، قاغىل مىللىتىمۇ شەكسىز ھالدا چارۋىچى قۇللار قاتارىدىكى مۇئامىلىگە ئۇچرايتتى. چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا، ھۆكۈمران مىللەتلەرنىڭ قۇلدارلار سىنىپى قۇل قىلىنىدىغان مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشتا، مەيلى بۇلاڭ - تالاڭنىڭ شەكلىدە بولسۇن ياكى بۇلاڭچىلىقنىڭ سانىدا بولسۇن، ھەممىسىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرۇپ كەلگەنىدى. قۇل قىلىنىدىغان مىللەت خەلقلىرى كۆپ ھاللاردا، ھۆكۈمران مىللەت ئەمەلدار ۋە قۇلدارلىرىنىڭ قاتتىق ئاسارىتى ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ جېنى بەدىلىگە كەلگەن مەھسۇلاتلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولاتتى. بەزىدە ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى ئامالسىزلىقتىن قۇلدارلارغا ئالۋان بىلەن باجنىڭ ئورنىغا تاپشۇرۇپ بېرەتتى. بۇ نۇقتىنى بىز ھون قۇلدارلىرىنىڭ تۇغانلارغا قاراتقان ئەمەلىي مىساللىرىدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرگەنىدۇق.

جورجان خانلىقىنىڭ دەۋرىدە، ھەربىي سېلىق قاغىل مىللىتىنىڭ زىممىسىگە چۈشىدىغان ئەڭ ئېغىر يۈك ئىدى. جورجان قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرى قۇرامىغا يەتكەن كۆپلىگەن قاغىل ئەرلىرىنى جورجان خانلىقى ئۈچۈن ئەسكەر بولۇپ، ئۇرۇش قىلىشقا زورلايتتى. ۋېي تەيۋۇدىنىڭ دەۋرىدىكى

ۋېي قوشۇنلىرى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا، «جورجانلارنىڭ قوماندانى موكۇا قاغانلارنىڭ 5000 نەپەر ئاتلىق ئەسكىرىگە باشچىلىق قىلىپ، ۋېي قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغان، نەتىجىدە ۋېي قوشۇنلىرى تەرىپىدىن 1000 دىن ئارتۇق ئادىمى قىرىپ تاشلانغانىدى» («ۋېينامە. ۋېي گوجىننىڭ تەرجىمىھالى»). ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، جورجان خانلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر يېرىم ئەسىر (مىلادى 402 - يىلدىن 505 - يىلغىچە) نىڭ ئىچىدە، جورجان خانلىقى جەنۇبىتىكى توغبات ۋېي دۆلىتىگە جەمئىي 21 قېتىم زور كۆلەمدە بېسىپ كىرگەنىدى. ۋېي سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلغان بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەر نۆۋەتتىكىسىگە، مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئېلىنىدىغان قاغىللار قاتناشاتتى. چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئۇرۇشتا «ئۇرۇش بولسا ئائىلىسىدىكىلىرىنى بىرگە ئېلىپ ئىلگىرىلەيتتى، مەغلۇپ بولسا چارۋا ماللىرىنى بىرگە ئېلىپ قاچاتتى»، شۇڭا ھەر قېتىمقى ئۇرۇشتا بىرقانچە مىڭدىن نەچچە 10 مىڭ ئۆيلۈككىچە بولغان قاغىللار قوشۇن بىلەن بىرگە يولغا چىقاتتى ھەمدە قوشۇننىڭ ئات، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق لازىمەتلىكلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. ئەگەردە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان (بۇ دائىم بولۇپ تۇراتتى) دا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تېخىمۇ قىيىن ئىدى، ئۇرغۇنلىغان قاغىللار ۋېي قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلەتتى ياكى ئەسىرگە ئېلىناتتى، شۇڭا ئائىلىسى ۋەيران بولۇپ، جېنىدىن ئايرىلىدىغانلارنىڭ سانى كۆپ بولاتتى.

جورجان خانلىقىنىڭ توغبات - ۋېي پادىشاھلىقىغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى، كۆپىنچە يەنە توغبات - ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا بولغان كەڭ كۆ-

لەملىك جازالاش ئۇرۇشلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. بۇ قاتقىل خەلقىنىڭ ھاياتى بىلەن مال ـ مۈلكىگە ئېغىر ئاپەت خاراكتېرلىك زىيانلارنى پەيدا قىلاتتى.

جورجان خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دەسلەپكى بىرقانچە قاغانلىرى، مەسىلەن، سەلىلان، كۆلۈك، داتان قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشخۇمار ئادەملەر بولغاچقا، ئۇلار ھەربىر ـ ئىككى يىلدا بىر قېتىم دېگۈدەك، نەچچە 10 مىڭدىن بىرقانچە 100 مىڭغىچە بولغان زور قوشۇننى شىمالىي ۋېينىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چېگرا رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئاھالە ۋە بايلىقلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى. بولۇپمۇ سەلىلان (402 — 410 ـ يىللار) بىلەن داتان (414 — 429 ـ يىللار) قاغانلار تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، شىمالىي ۋېيغا قارىتىلغان كەڭ كۆلەم-دىكى بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرى تېخىمۇ كۆپەيدى، ھەر يىلى دېگۈدەك ئەسكەر چىقاردى، ھەتتا بەزى يىللاردا بىر يىلدا ئىككى قېتىم ئەسكەر چىقاردى؛ كىچىك كۆلەمدىكى چېگرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا ئائىت ۋەقەلەر ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ تۇردى، ئەينى ۋاقىتتا توغبات ـ ۋېي پادىشاھلىقى پۈتكۈل شىمالىي جۇڭگوغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورنىتىپ بولغاچقا، دۆلەت كۈچى ئۆرلەش دەۋرىدە تۇرۇۋاتاتتى. قۇدرەتلىك توغبات ۋېي ـ پادىشاھلىقى جورجان خانلىقىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ جەنۇبقا بېسىپ كىرىشىنى توستى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جورجان خانلىقىنىڭ بايلىقلىرىنى، بولۇپمۇ قاتقىللارنىڭ ئاتلىرىنى بۇلاش ئۈچۈن، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا

قارىتا ھەممىشە جازا يۈرۈش ئۇرۇشلىرىنى قوزغاپ تۇردى. يالغۇز ۋېي تەيۇۋدى تۇغباتتاۋ تەختتە ئولتۇرغان 29 يىل (مىلادى 423 - يىلدىن 451 - يىلغىچە) نىڭ ئىچىدىلا، بۇنداق كەڭ كۆلەملىك جازا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشلىرىدىن ئالتە قېتىم ئېلىپ بېرىلدى. كۆپلىگەن قاڭقىللار ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى ياكى ئەسىرگە ئېلىندى، ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىمۇ پۈتۈنلەي بۇلاپ كېتىلدى، مىلادى 428 - يىلى داتان قاغان بىر تۈمەن كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ شىمالىي ۋېيغا ھۇجۇم قىلدى، ياندۇرقى يىلى (مىلادى 429 - يىلى) تۇغباتتاۋ شەخسەن ئۆزى ۋېي قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، ئىككى يول بىلەن چۆللۈكنىڭ شىمالىغا ھۇجۇم قىلدى. «داتان بۇ خەۋەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن ئالاقزادىلىك بىلەن ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى ئېلىپ، ئورداگاھىنى كۆيدۈرۈپ، غەربكە قاراپ قاچتى، قەيەرگە بارغانلىقىنى بىلگىلى بولمىدى»، ۋېي قوشۇنلىرى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ قاڭقىللارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان رايونلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن «ئەسىر-لەر بىلەن بىر مىليون تۈياقتىن ئارتۇق جەڭ ئېتىنى غەنىي-مەت ئالدى» («ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە»). قاڭقىل خەلقى جورجان قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ئېغىر ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىسى بىلەن تۈگىمەس ھەربىي ئالۋانغا ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى يەنە جورجان خانلىقىنىڭ ئۇرۇشپەرەس سىياسىتى تۈپەيلىدىن غايەت زور ئۇرۇش ئاپىتىگىمۇ ئۇچراپ تۇراتتى، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ۋە جورجان ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

## 3. قاڭقىل خەلقىنىڭ جورجان خانلىقىنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشى، قاڭقىللارنىڭ پوۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ قوزغىلىڭى ۋە غەربكە كۆچۈشى

### (1) قاڭقىل خەلقىنىڭ جورجان خانلىقىنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى ئۈچ خىل كۈرەش شەكلى

مىلادى 402 - يىلى جورجانلار قاڭقىل قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرغاندىن تارتىپ، قاڭقىل خەلقى جورجان قۇلدارلار سىنىپىنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا قارشى قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ كەلدى. بۇ خىل كۈرەشتە ئۇلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئۇسۇلنى قوللاندى:

بىرىنچى خىل ئۇسۇل — جورجان ئاقسۆڭەكلىرى توغبات - ۋېي پادىشاھلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ جورجان خانلىقىنىڭ زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، جورجان خانلىقىغا قارشى كەڭ كۆلەمدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. مەسىلەن، مىلادى 429 - يىلى ۋېي قوشۇنلىرى جورجانلارغا هۇجۇم قىلغاندا، ۋېي تەيۋۇدى توغباتتاۋنىڭ باشچىلىقىدىكى شەرقىي يول چوڭ قوشۇنى قارا تاغ ئارقىلىق جورجان خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا بېسىپ كىرگەن، جورجان خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىنى تىنچىتقۇچى سانغۇنى پى لى غەربكە قاچقاندا، شىمالىي ۋېينىڭ پىڭياڭ ۋاڭى چاڭسۇن خەننىڭ باشچىلىقىدىكى غەربىي يول قوشۇنىنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىغان، ۋېي قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ بىرقانچە 100 ئاقساقاللىرىنى ئۆلتۈرگەن. داتان قاغان بۇ خەۋەرنى ئىشتى-

كەلدىن كېيىن «غەربكە قاراپ قاچقان». ۋېي قوشۇنلىرى «بۆلۈنۈپ ئۈلى ئىزدىگەن»، جورجانلارنىڭ «قەبىلىلىرى تەرەپ-تەرەپكە تارقىلىپ تاغ جىلغىلاردا مۆكۈنۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان، مال - چارۋىلىرى داللاردا تاشلىنىپ قېلىپ، ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم قالمىغان». قاڭقىل قەبىلىلىرى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، «داتاننىڭ قوۋمىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈپ»، ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ جورجانلارنىڭ مەغلۇپ بولغان قوشۇنلىرىغا نەجەللىك زەربە بېرىشىگە ماسلاشقان. تارىخ كىتابلىرىدا جورجانلارنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئارقىلىق «شىمالىي ۋېيدىن قورقۇپ، جەنۇبقا قايتا باستۇرۇپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان»لىقى خاتىرىلەنگەن. داتان قاغانمۇ «قەبىلىلىرى ئاجىزلىشىپ كەتكەن» دىن كېيىن، «كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن» (يۇقىرىدىكىلەر ھەققىدە «ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن).

ئىككىنچى خىل ئۇسۇل — قېچىپ كېتىش ئىدى. داۋاملىق جورجان قولدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچراشنى خالىمىغان قاڭقىللار، جورجان خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئورۆكى، تاتابى، غەربىي قىسمىدىكى ياپبان، ئېفتالىت، شىمالىي قىسمىدىكى قىتان قاتارلىقلارنىڭ ئارىسىغا قېچىپ باراتتى. مىلادى 429 - يىلى شەرقىي قىسمىدىكى قاڭقىللار پىلى غەربكە قاچقان، جورجان ئاقساقاللىرى ئۆلتۈرۈلگەن، جورجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى پارچىلانغان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، قوزغىلىپ شىمالىدىكى بايقال كۆلىنىڭ بويىغا قېچىپ باردى. بۇ قاڭقىللار كېيىن ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ تەھدىت سېلىشى ۋە ئالدىشى بىلەن توغبات ۋېي

پادىشاھلىقىغا تەسلىم بولدى. بۇ بىر قېتىملىق بىرقەدەر چوڭراق بولغان قېچىپ كېتىش كۆرۈنۈشى بولۇپ، پارچە-پۇرات قېچىشلار تېخىمۇ كۆپ ئىدى.

ئۈچىنچى خىلىدا «ئىچكىرىگە بەيئەت قىلىش» ۋە ۋېي پادىشاھلىقىغا تەسلىم بولۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق جورجان خانلىقىنىڭ قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدى. جورجان خانلىقىنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى قاڭقىللار شىمالىي ۋېينىڭ چېگرىسى ئىچىگە كۆچۈپ كىرىپ، شىمالىي ۋېينىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشنى جورجان قۇلدارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا نالە قىلىشقا قارىغاندا ياخشىراق دەپ قارىغانىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزى ئۇرۇقلىرى ئۆز باغالىرىنىڭ باشچىلىقىدا، كۆپلەپ ئەگرى - توقاي يوللار ۋە زور خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشلار ئارقىلىق جەنۇبقا كۆچۈپ، ۋېي سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا كېلىپ، «ئىچكىرىگە بەيئەت قىلىش»نى تەلەپ قىلدى. ھالبۇكى تېخىمۇ كۆپ قاڭقىللارنىڭ قوللانغىنى ۋېي قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولۇش ئۇسۇلى ئىدى، مەسىلەن، مىلادى 429 - يىلى ۋېي قوشۇنلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە، قاڭقىللاردىن ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ 600 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەم ۋېي قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولدى. بۇ 600 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەمنىڭ تەسلىم بولۇشىدا، ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ قورال كۈچى بىلەن مەجبۇرلىشىدىن سىرت، ئەلۋەتتە يەنە ۋېي تەيۋۇدى قاتارلىقلارنىڭ «قىزىقتۇرۇشى»مۇ بار ئىدى، لېكىن ھەل قىلغۇچ ئامىل قاڭقىللارنىڭ قايتا جورجان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشاشنى خالىمىغانلىقى ئىدى، بولۇپمۇ ئۇلار ۋېي قوشۇنلىرى چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن، جورجانلارنىڭ ئۇلارنىڭ جورجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ چىققانلىقى بىلەن «داتانىنىڭ قوۋملىرىنى

ئۆلتۈرگەن» لىكىدىن ئىبارەت قوزغىلاڭ قىلىنىشىدىن قىياس ئېلىشتىن قورققانلىقى ئىدى. تەسلىم بولغان قاڭقىللارنىڭ ھەممىسى ۋېي پادىشاھلىقى تەرىپىدىن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈرۈلۈپ، ئالتە قورغاننىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

قاڭقىللارنىڭ قارشىلىق كۆرەشلىرى، بولۇپمۇ كۆپ ساندىكى قاڭقىللارنىڭ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن ئايرىلىشى، جورجان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئېغىر خەۋپ پەيدا قىلدى.

**(2) جورجانلارنىڭ يۈچىڭ قاغانىنىڭ يېڭى سىياسىتى ۋە تولۇن قاغاننىڭ ئەكسىيەتچىللىكى، پۇۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ جورجان خانلىقىغا قارشى قوزغىلىڭى ۋە ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى**

جورجان خانلىقى مىلادى 429 - يىلى ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ ئەجەللىك زەربە بېرىشىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەي داتان قاغان ئۆلۈپ كەتتى. جورجان خانلىقىنىڭ بىر يولىلا ئۆزلىرىگە ئات، كالا، قوي قاتارلىق چارۋا مەھ- سۇلاتلىرى بىلەن ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ئىشلەپ چىقىرىپ بېرىدىغان 600 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق قاڭقىل قۇللىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى ئۇنى دەرماندىن كەتكۈزدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ زاۋاللىققا يۈزلىنىشكە باشلىدى. داتان قاغاندىن كېيىن تەختكە ۋارىسلىق قىلغان گاتى قاغان بىلەن تۇغباتېكىن ئىككى قاغان ۋېي سۇلالىسىگە قارىتا، بەللان ۋە داتان قاغانلار تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدىكىدەك كەڭ كۆلەمدە ئۇرۇش قوزغاشقا قۇدرىتى يەتمىدى، ھەتتا تۇغباتېكىن قاغان ئۆلۈپ كەتكەن يىلى (مىلادى 464 - يىلى) جورجان قاغانلىرىنىڭ بىرگە ئېلىپ يۈرىدىغان جورجان قوشۇنلىرى، ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ «شىمالنى تىنچىتقۇچى پارتىزان قوشۇنلىرى» («ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە») تەرىپىدىن مەغلۇپ

قىلىنغانىدى، مانا بۇلاردىن ئۇلارنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىش ئەھۋالىنى مەلۇم جەھەتتىن بىلىشىمىز كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مىلادى 464 - يىلى يۈچېڭ قاغان تەختكە چىقتى. ئۇ جۇرجان خانلىقىنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ يىراقنى كۆرەر بىر قاغان ئىدى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان دەسلەپكى يىللاردا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرنىڭ يىلنامىلىرىنى تەقلىد قىلىپ، يىلنامىسىنى يۈيكاڭنىڭ تۇنجى يىلى دەپ ئاتىدى. ئۇ جەنۇبىي چى ئوردىسىنىڭ پادىشاھىغا خەت يېزىپ، «تىبابەتچىلىك، توقۇمىچىلىققا كېرەكلىك جابدۇقلارنى سوراپ»، جەنۇبىي چى ئوردىسىدىن تېۋىپ، توقۇمىچى ئايال ئىشكارلار بىلەن قىبلىنامە، ئاقما سۇ سائىتى قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ خەنزۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ماددىي مەدەنىيىتىگە مەپتۇنلۇقىنى ئىپادىلىدى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان كېيىنكى مەزگىللەردە، «يېڭى سىياسەت» دەپ ئاتالغان بەزى سىياسەتلەرنى يولغا قويدى. بىرىنچىدىن، ئۇ توغبات ۋېي پادىشاھلىقىغا قارىتىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى توختاتتى. مىلادى 474 - يىلىدىن تاكى مىلادى 485 - يىلى ئۇ ئۆلگەنگە قەدەر بولغان 10 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، ۋېي پادىشاھلىقىغا ھەر يىلى تىنچلىق ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ، شىمالىي ۋېيغا نەسىللىك ئات، بۇلغۇن تېرىسى قاتارلىق بۇيۇملارنى تەقدىم قىلدى. مىلادى 476 - ۋە 477 - يىللاردا، ھەر يىلى بولۇپ ئۈچ قېتىمدىن كۆپرەك ئەلچى ئەۋەتتى. يۈچېڭ قاغان كۆپ قېتىم يەنى ۋېي شىيەنۋۇدى (مىلادى 465 — 470 - يىللار) بىلەن ۋېي شياۋۋۇدى (مىلادى 471 — 499 - يىللار) دىن قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ مەزگىلدە ۋېي پادىشاھلىقىمۇ كۆپ قېتىم سوۋغا - سالاملار بىلەن جاۋابەن ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى، ئىككى دۆلەت-

نىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر مەزگىل تىنچلىق ۋە ئۆزئارا دوستانە بېرىش - كېلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. ئىككىنچىدىن، قاغىلارنىڭ داۋاملىق ئىسيان كۆتۈرۈپ قېچىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يۈچىڭ قاغان يەنە جۇرجان خانلىقى بىلەن قاغىلارنىڭ يۇقىرى قاتلام ئۇنسۇرلىرى (قەبىلە ئاقساقىلى، چەركەردە قاتارلىقلار) نىڭ جىددىي مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرى ئىچىدە مەلۇم دەرىجىدىكى ئاپتونومىيىسىنى يۈرگۈزۈشكە يول قويىدىغان ھەمدە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى بەلگىلەشكە قاتنىشىدىغان بەزى ھوقۇقلارغا ئىگە قىلدى. بۇ جەھەتتىكى ئەڭ گەۋدىلىك مىساللاردىن بىرى، يۈچىڭ قاغاننىڭ دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان پوۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ قوماندانى ئاپۇر-غۇرنىڭ قەبىلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى 100 مىڭ ئۆيلۈك-تىن ئارتۇق قاغىلارغا بولغان باشقۇرۇش ھوقۇقى بىلەن خانلىقنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا بولغان تەكلىپ بېرىش ھوقۇقى ئىدى (مەسىلەن، ئاپۇرغۇر تولۇن قاغاننىڭ شىمالىي ۋېيغا ھۇجۇم قىلىشىنى توسۇپ تەكلىپ بەرگەن)، ئەمما بۇنداق ئەھۋال يۈچىڭ قاغاندىن ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. ھەتتا يۈچىڭ قاغان مىلادى 481 - يىلى ئاپۇرغۇرنىڭ قاغىلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، قوچۇ دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا يول قويغانىدى، بۇمۇ يۈچىڭ قاغاندىن ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى. يۈچىڭ قاغاننىڭ شىمالىي ۋېيغا تەسلىم بولغان قاغىلارغا قارىتا يولغا قويغان دالالەت قىلىش سىياسىتىمۇ ئۈنۈمگە ئېرىشتى. مەسىلەن، مىلادى 471 - يىلىدىن باشلاپ شىمالىي ۋېينىڭ مەجبۇرلىشى ۋە قىزىقتۇرۇشى تۈپەيلىدىن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ بارغان قاغىلار ئۇدا ئۈچ يىل كەڭ كۆلەمدە «جۇرجانلارغا تەسلىم بولۇش» قوزغىلىڭىنى

قوزغىدى. بۇ ئىسلاھاتلار جورجان خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي زىددىيەتلەر بىلەن مىللىي زىددىيەتلەرنى مەلۇم دەرىجىدە پەسەيتىپ، لىگشىپ قالغان جورجان خانلىقىنى بەزى جەھەتلەردە ياخشىلىنىشقا ئىگە قىلدى.

لېكىن مىلادى 485 - يىلى يۇچىڭ قاغان ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان تولۇن قاغان كونىلىقنى ياقلىغۇچى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوللىشى بىلەن دەرھال يۇچىڭ قاغاننىڭ يېڭى سىياسىتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئۇ ئىچكى جەھەتتە قارىتا ئىستىبداتلىق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى، سىرتقا قارىتا شىمالىي ۋېيغا بولغان كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشنى يېڭىباشتىن قوزغىدى. يۇچىڭ قاغاننىڭ ئىسلاھات نەتىجىلىرى ھەر گۆلدەك بىردەمدىلا توزۇپ كەتتى. يۇچىڭ قاغان ئۆلگەن يىلنىڭ 12 - ئېيىدا تولۇن جورجان قوشۇنلىرىنى ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوق «سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە بېسىپ كىرىش»كە مەجبۇرلىدى، ياندۇرقى 1 - ئايدا يەنە جورجانلارنىڭ زور قوشۇنىنى باشلاپ «سەددىچىنگە بېسىپ» كىردى. شىمالىي ۋېي بىلەن ئۆزئارا تىنىچ ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىچكى رايونلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا قارشى تۇرغان بەزى كىشىلەر، مەسىلەن، ۋەزىر خۇيىين، شى لوخو قاتارلىقلار «چىن تېيىستىدىن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، توغىبات - ۋېي پادىشاھلىقى بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ھۇجۇم قىلماسلىقنى ئۆتۈندى» («ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە»)، تولۇن ئۇلارنى ئاسىيلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇندى دەپ، پۈتۈن جەمەتىدىكىلىرى بىلەن قوشۇپ دەھشەتلىك تۈردە ئۆلتۈردى. بۇنداق ۋەھشىيلەرچە ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك تەتۈر يول تۇتۇش ھەرىكىتى، جورجان خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىنتايىن زور قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»، كە

ئاساسلانغاندا، پوۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى ئاپۇرغۇر تولۇننىڭ ۋەيى سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشىنى يېڭىباشتىن قوزغىشىغا نىسبەتەن نەسىھەت قىلغانىدى، تارىخ كىتابلىرىدا تولۇننىڭ «قوبۇل قىلمىغان» لىقى خاتىرىلەنگەن. لېكىن تولۇننىڭ نەسىھەت بەرگەن خۇيىينىن قاتارلىق ۋەزىر-لىرىنى بىر تەرەپ قىلغانلىقىدىن قارىغاندا، ئۇنىمۇ بوش قويۇۋەتمەسلىكى مۇمكىن ئىدى؛ چۈنكى ئۇنىڭ ئىلكىدە قاڭقىل-لارنىڭ 100 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق قەبىلىسى بولغاچقا، ئاسان قول سېلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. قىسقىسى، تولۇننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكە قاراتقان سىياسەتلىرى، جورجان خانلىقىنىڭ بۇرۇن بار بولغان بارلىق سىنىپىي ۋە مىللىي زىددىيەتلىرى بىلەن ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمى-دىكى مەزھەپلەر زىددىيىتىنى قايتىدىن ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى.

مىلادى 486 - يىلى «جورجانلار سۇجۇ ئايمىقىنىڭ چېگرىسىغا بىر قانچە قېتىم پاراكەندىچىلىك سالغان» دا، «چىلىلارنىڭ سەركەردىسى ئەسكەرلىرىگە باشچىلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى»؛ تولۇن «شەخسەن ئۆزى قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلىپ ئۇلارنى تاكى چۆللۈكنىڭ غەربى-گىچە قوغلاپ باردى» («ۋېيسنامە. گاۋ لۈنىڭ تەرجىمىھالى»). بۇ بۆلەك قاڭقىللار ئېھتىمال تولۇن قاغان ئۇلارنى شىمالىي ۋېينىڭ سۇجۇ ئايمىقى (مەركىزى يۈنجوڭدا، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ھۆرىنگېر ناھىيىسىنىڭ شىمالى) نىڭ چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلىشقا زورلىغاندا، قارشى چىقىپ قوزغىلاڭ كۆتۈر-گەن بولۇشى مۇمكىن. تولۇننىڭ «چۆللۈكنىڭ غەربىگىچە قوغ-لاپ بارغان» لىقىدىن قارىغاندا، بۇ تارماقتىكى قاڭقىللار چۆللۈكنىڭ غەربى ئارقىلىق قاچقانىدى. «چۆللۈكنىڭ غەربى» توغرىسىدا خۇسېنشىڭ ئىزاھات بېرىپ: «چۆللۈكنىڭ غەربى چوڭ چۆللۈكنىڭ غەربى چېتىدۇر» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا

پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 136 - جىلد) دەپ كۆرسەتـ
كەن، ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى بۆرە
تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇشى كېرەك. بۇنىڭغا ئاساسلانـ
غاندا، جەگدىن باش تارتىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ قېچىپ
كەتكەن قاڭقىلار پووۇرغور قەبىلىسىدىن يىغىپ كېلىنگەن
بولۇشى مۇمكىن. روشەنكى، تولۇنىڭ ئۇرۇشپەرەسلىك
سىياسىتى پووۇرغور قەبىلىسىدىكى قاڭقىلارنىڭ قارشىلىقىنى
قوزغىغانىدى.

مىلادى 487 - يىلى (ۋېي شىياۋ ۋېندىنىڭ تەيخې
11 - يىلى) تولۇن يەنە قوشۇن باشلاپ، شىمالىي ۋېينىڭ
چېگرا ياقىسىدىكى ئايماق - ۋىلايەتلىرىگە پاراكەندىچىلىك
سالدى، ئاپۇرغۇر «ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان» بولسىمۇ، تولۇن
ئاڭلىمىدى، نەتىجىدە ۋېي قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ
بولۇپ ئاران دېگەندە قايتىپ كەلدى. ئاپۇرغۇر بىلەن ئۇنىڭ بىر
نەۋرە ئىنىسى چۇنچى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قول ئاستىدىكى
12 جەمەتنىڭ 100 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق نەچچە يۈز
مىڭ قاڭقىل خەلقىغە باشچىلىق قىلىپ ئىسيان كۆتۈردى.
ئاپۇرغۇر بىلەن چۇنچى قەبىلىلەرنى ئىككى يولغا بۆلۈپ
غەربكە قاراپ يۆتكەلدى. تولۇن قاغان بىلەن تاغىسى ناغاي
خەۋەر تېپىپ، جورجانىلارنىڭ زور قوشۇنىنى باشلاپ «ئىككى
يولغا بۆلۈنۈپ ئۇلارنى توغلىدى». قوزغىلاڭچى قەبىلىلەر
بىر تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىپ، بىر تەرەپتىن يولنى داۋاملاشـ
تۇردى. يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ناغاينىڭ باشچىلىقـ
دىكى جورجان قوشۇنلىرى «ئۇدا غەلىبە قازانغان» بولسىمۇ،
لېكىن تولۇن قاغاننىڭ باشچىلىقىدىكى جورجانىلارنىڭ
ئاساسىي قوشۇنى «كۆپ قېتىم ئاپۇرغۇر تەرىپىدىن مەغلۇپ
قىلىندى» («ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە»). قوزغىلاڭـ
چى قەبىلىلەر باتۇرلارچە كۆرەش قىلىش ئارقىلىق جورجانـ

لارنىڭ قوغلاپ كەلگەن قوشۇنلىرىدىن ئاخىرى قۇتۇلۇپ، قوس بەگلىكى (يەنى «ئالدى قوس») نىڭ غەربىي شىمالىغا يۆتكىلىپ بېرىۋالدى. كېيىن شۇ جايدا ماكانلىشىپ، تارىختا ئاپۇرغۇر ئېلى ۋە ياكى قاڭقىل دۆلىتى دەپ ئاتالدى. ئۇلارنىڭ كۈرىشى تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى.

قاڭقىللارنىڭ پوۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسى، جورجان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئەجەللىك زەربە بەردى، جورجان خانلىقى بىلەن قاڭقىل خەلقىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىغا قارىتا پۈتۈنلەي چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جورجان خانلىقى بىلەن قاڭقىل دۆلىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان ئەھۋالغا ئايلاندى، بىراق ئۇنىڭ توغبات ۋېي پادىشاھلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشى زور دەرىجىدە ئازلىدى. قاڭقىل دۆلىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆرەش قىلىشى تۈپەيلىدىن، جورجان خانلىقى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ تېزدىن يوقىلىش يولىغا قاراپ ماڭدى.

**(3) قاڭقىللارنىڭ پوۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەربكە كۆچكەن ۋاقتى توغرىسىدا**

بۇ يەردە قاڭقىللارنىڭ پوۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ۋاقتى بىلەن غەربكە كۆچكەن يىل دەۋرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. بۇ مەسىلە ھەققىدە «ۋېينامە» دە ئىككى خىل قاراش خاتىرىلەنگەن: بىر خىلى «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋېي شياۋۋېندىنىڭ تەيخى 11 - يىلى، مىلادى 487 - يىلى دېيىلگەن؛ يەنە بىر خىلى «جورجانلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا تەيخىنىڭ 16 - يىلى، مىلادى 492 - يىلى دېيىلگەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەك

لەر» دە جەنۇبىي چى سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى يۇڭمىڭ 5 - يىلى يەنى تەيخېنىڭ 11 - يىلى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دېگىنى بىلەن ئوخشايدۇ، لېكىن «غەربىي ئىشلار» دە «جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە» دېگى تەيخېنىڭ 16 - يىلى دېگەن. قاراشقا قارىتا رەددىيە بېرىلمىگەن. شۇڭا زادى تەيخېنىڭ 11 - يىلى ياكى تەيخېنىڭ 16 - يىلى ئىكەنلىكى، ھازىرغىچە ھەل بولمىغان مەسىلىدۇر. فېڭ چېڭجۈن ئەپەندى بۇ ئىككى خىل قاراش ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ: «ئاپۇرغۇر تەيخېنىڭ 14-يىلى (مىلادى 490 - يىلى) پايتەخت (يەنى دەيدۇ، ھازىرقى داتۇڭ) كە ئەلچى ئەۋەتىپ، «ئۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن ئاخىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ بۇ يەرگە كەلدىم» دېگەن. ئەمما تەيخېنىڭ 16 - يىلى ئاپۇرغۇر قاتارلىقلارنىڭ تەكلىپىنىڭ رەت قىلىنغانلىق ۋەقەسى يۈز بەرمىگەن بولۇشى كېرەك» دەپ قارايدۇ. قاڭقىللارنىڭ پوۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ غەربكە كۆچۈشىنى مىلادى 487 - يىلى دەپ مۇقىملاشتۇرۇش شەك - شۈبھىسىزكى توغرا. خېڭ چېڭجۈن ئەپەندىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئاساسلىرىدىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە دەلىللىرىمۇ بار:

(1) تارىخ كىتابلىرىدا يۈچېڭ قاغاندىن كېيىن تەختكە چىققان تولۇن قاغاننى ۋېي سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشنى قايتا قوزغاشقا ھەۋەس قىلىدىغان ئۇرۇشخۇمار ئادەم ئىكەنلىكى، ئۇ تەختكە چىقىشى بىلەنلا يۈچېڭ قاغان تەختكە ئولتۇرغان مەزگىلدە ئاز كەم 10 يىلغىچە توختاپ قالغان ۋېي سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشنىڭ قايتا پارتلىغانلىقى خاتىرىلەنگەنىدى. يۈچېڭ قاغان ئۆلۈپ كەتكەن شۇ يىلى (مىلادى 485 - يىلى) 12 - ئاي ھەلەن يانىدۇرقى يىلى (مىلادى 486 - يىلى) نىڭ 1 - ۋە 11 - ئايلىرى، ھەم

ئۈچىنچى يىلى (مىلادى 487 - يىلى) نىڭ 8 - ئېيىدا ئۇ
ۋېي سۇلالىسىگە قارشى ئارقا - ئارقىدىن تۆت قېتىم كەڭ
كۆلەملىك بولاڭچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ
تەكلىپ بەرگەن ۋەزىرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، تاجاۋۇزچىلىق نىيىتى
نى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن تەيخې
نىڭ 11 - يىلى 8 - ئايدا «سەددىچىنىگە بېسىپ كىرگەن»
دىن ئارتىپ، تاكى ۋېي شىزوڭنىڭ جىڭمىڭ 2 - يىلى
(مىلادى 501 - يىلى) غىچە بولغان ئون يىل ئىچىدە جور-
جانلار سەددىچىنىگە ئىككىنچىلەپ قايتا بېسىپ كىرمىدى.
ئۇدا ئۇرۇش بولغان يىل بىلەن ئۇرۇشنىڭ تۇيۇقسىز توختاپ
قالغان ۋاقىتنى چەك - چېگرا قىلغاندا، دەل تەيخېنىڭ 11-
يىلىغا توغرا كېلىدۇ، بۇ ھال تەيخېنىڭ 11 - يىلى جورجان
خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زور ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى،
نەتىجىدە ئۇنىڭ شىمالىي ۋېيغا قارشىلىغان ئۇرۇشنى توختى-
تىشقا مەجبۇر بولغان (ئېلىپ بېرىشقا ئامالسىز قالغان) لىقى-
نى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ھالبۇكى «ۋېينامە» دىكى «خاتىرە»
ۋە «قىسسە» لەردە، بۇ ۋەقە ئەينى ۋاقىتتا قاڭقىللارنىڭ
ئىسيان كۆتۈرۈپ غەربكە كۆچكەنلىكىنىڭ سەۋەبى قىلىپ
كۆرسىتىلمىگەنىدى. يەنە «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» گە
ئاساسلانغاندا، تولۇن ئىسيان كۆتۈرۈپ قاچقان قاڭقىللارنى
قوغلىغان ۋاقىتتا «كۆپ قېتىم ئاپۇرغۇر تەرىپىدىن مەغلۇپ
قىلىنغاچقا»، دۆلىتىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن،
ئۇرۇشخۇمار تولۇننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن ۋېي سۇلالىسىگە
قارشىلىغان ئۇرۇشنىڭ توختىتىلىشى ۋاقىت جەھەتتىنمۇ توغرا
كېلىدۇ. بۇنىڭدىن ئاپۇرغۇرنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەربكە
كۆچۈشىنىڭ چوقۇم تولۇن ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ۋېي سۇلالىسىگە
قارشىلىغان ئۇرۇش توختىتىلغان يىلدا يۈز بەرگەنلىكىنى
يەنى تەيخېنىڭ 11 - يىلى ئىكەنلىكىنى، تەيخېنىڭ
- 11

يىلدىن كېيىن ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

(2) «ۋەينامە. قائىقىللار ھەققىدە قىسسە» دە: «تولۇن سەددىچىنىڭ ئىچىگە بېسىپ كىرگەندە ئاپۇرغور قاتارلىقلار قاتتىق تۇرۇپ تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، قوبۇل قىلىنمىغانلىقتىن، ئاپۇرغور قاتتىق غەزەپلىنىپ قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ غەربكە كۆچتى» دېيىلگەن، ئۇنىڭدا يەنە «جورجانلار پادىشاھلىقىمىزدا بۆلەكچىلىك قىلماقچى بولغاندا، ۋەزىرلىرى ئۇنىڭغا ئۇنداق قىلماسلىق توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەندە، ئۇ ئاڭلىمىغان. نەتىجىدە ئاپۇرغور ئاخىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ بۇ يەرگە كېلىپ، ئۆز ئالدىغا ئايرىم خانلىق تىكلىگەن» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن قائىقىللارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ غەربكە كۆچۈشىنىڭ ئەمەلىيەتتە تولۇننىڭ پۈتۈن كۈچى ۋە سۇلالىسىگە قارشى داۋاملىق تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. «قاتتىق تۇرۇپ تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ قوبۇل قىلىنمىغان»، «تەكلىپ بەرسىمۇ ئاڭلىمىغان» دېگەنلەردىن قارىغاندا، ئاپۇرغور تەكلىپ بەرگەندىن كېيىنمۇ، تولۇن داۋاملىق ئۇرۇش قوزغىغاچقا، پۇۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەربكە كۆچۈشى تولۇن پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى قوزغىغاندا ياكى ئۇنىڭدىن سەل كېيىن يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. بىراق «ۋەينامە» گە ئاساسلانغاندا، تولۇن ھايات ۋاقتىدا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئۇرۇشنى تەيخېنىڭ 11 - يىلى قوزغىغانىدى. بۇنىڭدىن پۇۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەربكە كۆچكەن ۋاقتى ھەققىدىكى ئىككى خىل قاراشنىڭ ئىچىدە، تەيخېنىڭ 11 - يىلى دېگەن قاراشنىڭ بىرقەدەر ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

(3) «ۋەينامە. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە: «تەيخې-

نىڭ 12 - يىلى (مىلادى 488 - يىلى) 12 - ئايدا جورجانلارنىڭ ئېۋىرغول (هازىرقى قۇمۇلنىڭ غەربىي شىمالى) دا تۇرۇشلۇق ھۆكۈمرانى گاۋ گاۋزى 3000 ئادەمگە باشچىلىق قىلىپ بەيئەت قىلدى». «ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، جورجانلارنىڭ «دائىم تۇرۇشلۇق تۇردىگاھى، دۇنخۇاڭ بىلەن جاڭيېنىڭ شىمالىدا» بولغاچقا، شۈبھىسىزكى بۇ جاي ئېۋىرغولغا يېقىن ئىدى؛ ئېۋىرغولنىڭ جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتناش لىنىيىسىگە جايلاشقانلىقىنى ھېسابقا ئالغاندا، ئۇ جورجانلارنىڭ خېشى ئارىلىقىنى ئىشغال قىلىشى بىلەن غەربىي يۇرتنى كونترول قىلىشىدىكى ستراتېگىيىلىك مۇھىم بىر قورغانىدى. يەنشىڭنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 473 - يىلى) بىلەن يەنشىڭنىڭ 4 - يىلىدىكى «دۇنخۇاڭنى ئىككى قېتىم بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش» نىڭ ھەممىسى، ئېۋىرغولنى بازا قىلىپ ئېلىپ بېرىلغانىدى. جورجانلارنىڭ ئېۋىرغولنى ساقلىغۇچى ھۆكۈمرانىنىڭ شىمالىي ۋېيغا تەسلىم بولۇشىغا قانداق سەۋەب تۇرتكە بولغان؟ «قاڭقىلار ھەققىدە قىسسە» دە ئاپۇرغۇر قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، «تولۇن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بارغان بولسىمۇ، كۆپ قېتىم ئاپۇرغۇر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاچقا، نائىلاج ئادەملىرىنى باشلاپ، شەرققە قايتىپ كەتكەن» دەپ ئېيتىلغان، «جەنۇبىي چى تارىخى» دا: «دىڭلىڭ غۇزلىرى جەنۇبتا جورجانلارغا ھۇجۇم قىلغان، جورجانلار جەنۇبقىراق سۈرۈلۈشكە مەجبۇر بولغان» دېيىلگەن، «لياڭنامە» دە: جورجانلار «دىڭلىڭلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان»، «جەنۇبقا كۆچۈپ بېرىپ ماكانلىشىشقا مەجبۇر بولغان» دەپ كۆرسىتىلگەن. جورجانلارنى جەنۇبقا كۆچكەن دېيىدىغان قاراشنى «دىڭلىڭلار ھونلارنىڭ شىمالىدا ماكانلاشقان» دېگەن كونا قاراش بىلەن

چەكلەپ قويۇشىنىڭ ئۆزى خاتا، شەرقتە كۆچكەن دېيىلگەن بولسا توغرا بولىدۇ. بۇنى «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» ئارقىلىق دەلىللىگىلى بولىدۇ. جورجانلارنىڭ ئىبۇبىرغولنى ساقلىغۇچى مەمۇرىنىڭ شىمالىي ۋېيغا تەسلىم بولۇشى دەرۋەقە، پوۋۇرغور قەبىلىسى غەربىي شىمالنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا كۆچكەندە، جورجانلارنىڭ كۈچى شەرقتە يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولغانلىقتىن، جورجانلارنىڭ ئىبۇبىرغولنى ساقلىغۇچى ھۆكۈمرانىنىڭ يەككە - يېگانە يارادەمسىز قالغان ئەھۋالدا يۈز بەرگەنىدى. پوۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، غەربكە كۆچكەن ۋاقتى، شۈبھىسىزكى جورجانلارنىڭ ئىبۇبىرغولنى ساقلىغۇچى ھۆكۈمرانىنىڭ شىمالىي ۋېيغا تەسلىم بولغان ۋاقتىدىن ئىلگىرى بولۇشى كېرەك، يەنى مىلادى 488 - يىلىدىن ئىلگىرى ئىدى.

(4) «لياڭنامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە» دە «يوگمىڭ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جورجانلار دىڭلىڭلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، كىچىك ئەلنىڭ كىشىلىرى جەنۇبقا كۆچۈپ ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى» دېيىلگەن. يوگمىڭ جەنۇبىي سۇلالىلەردىكى چى ئوردىسىنىڭ پادىشاھى چى ۋۇدىنىڭ يىل نامىسى بولۇپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 11 يىل يەنى مىلادى 483 - يىلىدىن 493 - يىلىغىچە داۋاملاشقان. يوگمىڭ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى دېگەندە، مىلادىنىڭ 487 - 488 - يىللىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ مۇبادا مىلادى 492 - يىلى دېگەندە، ئۇنداقتا يوگمىڭ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى دەپ ئاتالماي، بەلكى يوگمىڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ قالىدۇ. دەرۋەقە، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ ئارىلىقىدا ياشىغان ئاتا - بالا ياۋچا بىلەن ياۋ سىلىيەن («لياڭنامە» نىڭ ئاپتورلىرى) نىڭ كۆرگەن ئارخىپ ماتېرىياللىرىدا قاڭقىللارنىڭ غەربكە كۆچۈشىنى يوگمىڭ يىللىرىنىڭ ئوتتۇ-

ۋىلىرىغا يەنى مىلادى 487 - يىلىدىن 488 - يىلىغىچە قىلىپ مۇقىملاشتۇرغانىدى.

(5) «ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، تەيخېنىڭ 9 - يىلى يەنى مىلادى 485 - يىلىدا ھەم يۈچېڭ قاغان ئۆلگەن، ھەم تولۇن قاغان تەختكە چىققانىدى. تەيخېنىڭ 9 - يىلى 12 - ئايدىكى بىر قېتىملىق «سەددىچىنگە بېسىپ كىرىش»، تولۇن قاغان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى يۈچېڭ قاغان مۇشۇ يىلى 12 - ئايدىن بۇرۇن ئۆلگەنىدى. تارىختا يېڭى ھۆكۈمرانلار تەختكە چىققاندا، كۆپىنچە ئاسان ئۆزگىرىپ تۇراتتى، تولۇننىڭ «خاراكتېرى زالىملىققا مايىل» بولغاچقا، ئۇنىڭ سىياسىتىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرغانىدى. ۋېي پادىشاھلىقىغا قارىتىلغان سىياسىتى 180 گرادۇسلۇق ئۆزگەرگەنلىكتىن كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن بەكلا چۈشۈپ كەتكەنىدى ھەمدە ۋەزىرلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنىڭ پارتىلىشىنى، يەنى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ تەختكە چىققان يەتتە يىلدىن كېيىنكى تەيخېنىڭ 16 - يىلى قىلىپ قويماسلىق كېرەك.

قىسقىسى، پوۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەربكە كۆچكەن ۋاقتى، «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىكى تەيخېنىڭ 11 - يىلى (مىلادى 487 - يىلى) دېيىلگىنى توغرا، «جورجانلار ھەققىدە قىسسە» دىكى تەيخېنىڭ 16 - يىلى (مىلادى 492 - يىلى) دېيىلگىنى خاتا. خاتالىقنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا بىز «ۋېينامە» دىكى خاتىرە، قىسسەلەردىن قىسقىچە بولسىمۇ بەزى يىپ ئۇچلىرىنى تېپىپ چىقالايمىز. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەندەك، تولۇن مىلادى 485 - يىلى تەختكە چىققاندىن كېيىن، شىمالىي ۋېيغا ئۇدا ئۈچ

يىل ھۇجۇم قىلغان. مىلادى 486 - يىلىنىڭ ئىچىدىلا
ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلغان. «ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدە
خاتىرە» گە ئاساسلانغاندا، مىلادى 487 - يىلى 8 - ئايدا
تولۇن شىمالىي ۋېيغا ھۇجۇم قىلغاندا، ۋېي سۇلالىسىمۇ شۇ
ئايدا «پىنگيۈەن ۋاڭى لو رۇينى ئۇلارنى جازالاشقا ئەۋەتـ
كەن». لو رۇينىڭ بۇ نۆۋەت جورجانلارغا جازا يۈرۈش
قىلغان ئەھۋالى توغرىسىدا، شۇ قىسسەدە «جورجانلار ھەققىدە
قىسسە» دە بايان قىلىنغان دېيىلگەن. لېكىن «جورجانلار
ھەققىدە قىسسە» نى تەپسىلىي كۆزەتسەك، تەيخېنىڭ 11 -
يىلى 8 - ئايدا لو رۇينىڭ جورجانلار جازا يۈرۈش قىلغانـ
لىق ۋەقەسى يوق، بەلكى «تەيخېنىڭ 16 - يىلى 8 - ئايدا،
گاۋزۇنىڭ ياڭپىڭۋاڭى يىن بىلەن سول قول سەردار لو
رۇينى تۇتۇق قىلىپ، گۇلۇگ قان قاتارلىق 12 سانغۇننى
70 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن تولۇنغا جازا يۈرۈش قىلىشقا
ئەۋەتكەن» لىكى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «لو رۇينىڭ
تەرجىمھالى» نى تەكشۈرۈپ كۆرگەنىدە، شۇنىڭدەك «تەيزۇ
ھەققىدە خاتىرە» گە ئاساسلانغاندا، لو رۇي جورجانلارغا
جەمئىي ئۈچ قېتىم جازا يۈرۈش قىلغان بولۇپ، بىر قېتىمـ
لىقى تەيخېنىڭ 10 - يىلى، بىر قېتىملىقى تەيخېنىڭ 11 -
يىلى، يەنە بىر قېتىملىقى تەيخېنىڭ 16 - يىلى بولغان.
تەيخېنىڭ 10 - يىلىدىكىسىنىڭ قانچىنچى ئايدا ئىكەنلىكى
ئېنىق ئەمەس. قالغان ئىككى قېتىمقىسى پۈتۈنلەي 8 - ئايدا
بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىلىسىدە «مەغلۇپ قىلىپ
قايتىپ كەلگەن»، بۇ ئوخشاشلىق جايلار، ئىككى قېتىملىق
ئۇرۇشنى ناھايىتى ئاسانلا ئارىلاشتۇرۇپ بىر قىلىپ قويغان،
«ۋېينامە» نىڭ ئاپتورلىرى خاتىرە ۋە قىسسەلەرنى چۈشۈرۈپ
قويغان، بۇ ھال ئۇلار (ۋېي شۇ قاتارلىقلار) نىڭ ھېچ بولمىـ
غاندا، بۇ ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشنى بىر قىلىپ قويغانلىقىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە «ۋېينامە، جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، قاڭقىللارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەربكە كۆچۈشى، لو رۇي ۋېي قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ جۇرجانلارنى مەغلۇپ قىلغاندا يۈز بەرگەنىدى، تەيخېنىڭ 16 - يىلىدىكى ئاشۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا لو رۇينىڭ باشچىلىقىدىكى ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ ئىچىدە 12 سانغۇن، جەمئىي 70 مىڭدىن كۆپ ئاتلىق ئەسكەر بولغاچقا، ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبىسى بىلەن تەسىرى تەيخېنىڭ 11 - يىلىدىكىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى، خۇددى فېڭ چېڭجۇن ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، «ئۇوردا تارىخچىلىرىنىڭ تەپسىلىي تەكشۈرمەسلىكى» تۈپەيلىدىن پوۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ غەربكە كۆچۈشىنى خاتا ھالدا تەيخېنىڭ 16 - يىلىدىكى لو رۇينىڭ شىمالدا جۇرجانلارغا جازا يۈرۈش قىلىشىدىن كېيىن قىلىپ قويىدىغان خاتالىق كېلىپ چىققان. ئۇنىڭدىن باشقا «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، ۋېي پادىشاھلىقى، تەيخېنىڭ 14 - يىلى (مىلادى 490 - يىلى) غۇز سودىگەرى يۈچې شىمالىي ۋېينىڭ پايتەختىگە كېلىشتىن بۇرۇن، پوۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ غەربكە كۆچكەنلىكىگە ئائىت خەۋەرنى ئازراقمۇ بىلمەيتتى، بۇ خەۋەرنى يۈچې ۋېي سۇلالىسىگە ئېلىپ كەلگەنىدى، لېكىن «گاۋزۇ بۇنىڭغا ئىشەنمىدى، يۈتىنى ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆزىتىپ كېلىشكە ئەۋەتتى»، يۈتى «ئۈچ يىل دېگەندە ئاران قايتىپ كەلدى»، ۋېي سۇلالىسىگە قايتىپ كەلگەن ۋاقتى تەيخېنىڭ 16 - يىلى بولۇشى كېرەك⑦، بۇ ھال ۋېي سۇلالىسىنىڭ پوۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ غەربكە كۆچكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقىي خەۋەرگە تەيخېنىڭ 16 - يىلى ئىگە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇشۇ يىل لو رۇينىڭ 70 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرگە باشچىلىق قىلىپ جۇرجانلارنىڭ تۇلۇن قاغانغا جازا يۈرۈش قىلغان يىلىغا

توغرا كېلىدۇ؛ ھەممىسى ئەپسانىنىڭ 16 - يىلى بولغانلىقىنى ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ماتېرىياللار خان ئائىلىسىنىڭ ئارخىپلىرىدا، بىر يەرگە قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ۋېي شۇ قاتارلىقلار «جورجانلار ھەققىدە قىسسە» نى يازغاندا، بەلكىم ۋېي سۇلالىسىنىڭ پوۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەربكە كۆچكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىشەنچلىك خەۋەرگە ئېرىشكەن ۋاقتىنى خاتا ھالدا پوۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەربكە كۆچكەن ۋاقتى دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. ئومۇمەن، مەيلى ئالدىنقىسى ياكى كېيىنكىسى بولسۇن، «ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە» دىكى پوۋۇرغور قەبىلىسىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەربكە كۆچكەنلىكى توغرىسىدىكى ۋاقتى ھەقىقەتەن خاتا بولۇپ قالغان.

ئىزاھلار:

① تىنىش بەلگە قويۇلغان «ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ تۈزىتىش خاتىرىسىدە: «ئۇنىڭ بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 98 - جىلدىدىكى «جورجانلار ھەققىدە قىسسە» دە «纥» خېتى «纯» دەپ يېزىلغان. مۇشۇ جىلد بىلەن «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە خۇيتۇرىن قەبىلىسى قوشۇمچە قىلىنمىغان. 2 - جىلدىكى «تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» نىڭ دېڭگونىڭ 5 - يىلى 3 - ئاي بىلەن 12 - ئاي، خۇاشىنىڭ 2 - يىلى 2 - ئايدا بۇ قەبىلە چېلىقىدۇ، ھەممىسىدە «خۇيتۇرىن» دەپ يېزىلغان. «纯» خېتى شەكىل جەھەتتىكى خاتالىقتىن ئىبارەت. بۇ يەردە تۈزىتىلىپ ئېلىندى» دېيىلگەن.

② «ۋېينامە. لىيۇكۇرېننىڭ تەرجىمىھالى» دا: «لىيۇكۇچۇەن (لىيۇكۇرېننىڭ ئىنىسى) يەشىن تېغىدا جورجانلارنىڭ قېبىلى خۇ ئېھتىمالىنىڭ باشقا بىر قوماندانىغا زەربە بەردى» دېيىلگەن. «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە. قوشۇمچە خۇيتۇرىنلار ھەققىدە قىسسە» دە

«خۇيتۇرىن قەبىلىسى» خې كى قەبىلىسى بىلەن ئىتتىپاقداش قەبىلە بولۇپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئاقساقال، قوماندانلىرى بار، قوشۇنلىرىنى توپلاپ، ھەمىشە يېشىن ئېغىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدۇ» دېيىلگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ قوماندانلىرىنى لى ۋۇلې دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىن يېشىن ئېغىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدىغان جورجانلارنىڭ باشقا بىر قەبىلىسىنىڭ خۇيتۇرىن قەبىلىسى ئىكەنلىكىنى، فېي خۇلىنىڭ يەنى لى ۋۇلې بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. «ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا يەنە، مۇكۇلۇنىڭ دەۋرىدە جورجانلار «خۇيتۇرىن قەبىلىسىدىن پاناھلىق تىلىگەن» ئىدى؛ بۇنىڭدىكى جورجانلارنىڭ فېي خۇ ئىسىملىك باشقا بىر «قوماندانى» دېگەننى. بۇ ۋاقىتتا خۇيتۇرىن قەبىلىسىنىڭ ئالىلىقاچان جورجانلارغا تەۋە بولۇپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
③ جورجانلارنىڭ بۇ باسقۇچتىكى تارىخى توغرىسىدا. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 110 - جىلدى ئەلدىنىڭ لوگۈەن 2 - يىلى (مىلادى 398 - يىلى) 2 - ئايدىكى ماددىسىدىلا؛ «جورجانلار ۋېي سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، دىۋان ۋازارىتىنىڭ كاتىپى ۋۇلى لى شيەن ئۇلارغا زەربە بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، توغباتگۈي ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى، لى شيەن جورجانلارنى مەغلۇپ قىلىپ قايتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەمما «ۋېينامە. لى شيەننىڭ تەرجىمىھالى» نى تەكشۈرسەك، بۇ ۋەقە توغباتگۈي كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنى يوقىتىپ، دەيىندۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۈز بەرگەن بولۇپ، يىلى، ئايلى ساقى خاتىرىلەنمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» گە ئاساسلانغاندا، توغباتگۈي مىلادى 398 - يىلى 2 - ئايدا دەي پادىشاھلىقىغا قايتىپ كەلگەندى؛ شىمالىي ۋېي قوشۇنلىرى مىلادى 395 - يىلىدىن كېيىن، ھەر يىلى كېيىنكى يەن پادىشاھلىقى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، تاكى مىلادى 397 -

يىلى 10 - ئايغا كەلگەندىلا ئاندىن، كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى جوڭشەننى ئىشغال قىلغان، ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇشتا ئۆلۈشى بىلەن يارىلىنىشى ئىنتايىن ئېغىر بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە توغباتكۈي دەيدۇغا قايتقاندا، شىمالىي ۋېينىڭ زور قوشۇنى خېبېي بىلەن سەنشىدە بولغاچقا، توغباتكۈي ئەمدىلا دەيدۇغا قايتىپ كېلىپ دەرھال شىمالدا جورجانلارغا جازا يۈرۈش قىلالمىسلىقى مۇمكىن. شۇڭلاشقا «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىكى بۇ ۋەقەنىڭ يىل، ئاي بايانىدا خاتالىق بولۇشى مۇمكىن.

④ بۇ يەردە جورجان مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ باقايلى. جورجان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى جورجان مىللىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. جورجانلارنىڭ 100 ئادەمدىن قېچىپ قەبىلىگىچە تەرەققىي قىلىشى ھەمدە قەبىلىدىن تەرەققىي قىلىپ مىللەت ۋە جورجان خانلىقىنى قۇرۇشى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 100 يىلغا يەتمەيدۇ. جورجان مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنى ھەرگىزمۇ موكۇلۇ ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ باتۇر ۋە قەيسەرلىكى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولمايدۇ، بەلكى ئۇ تارىخىي مۇقەررەرلىككە ئىگە. غەربىي جىن سۇلالىسىدىن بۇيان، ھون، ئوغان، سىيانپىي قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ خەلقلىرىنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمىلىرى، ئۇرۇش ۋە قەھەتچىلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەسلىدىكى ئورۇنلىرىدىن ئايرىلىپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى كەڭ رايونلارغا كېلىپ ماكانلاشقانىدى. ھونلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبقا كۆچۈپ سەددىچىننىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا كەلگەنلىرىدىن سىرت، چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىدا يەنە خېلى كۆپ ساندىكى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلىرى بار ئىدى، ئوغانلارنىڭ غەربىي خەنلەرنىڭ ۋۇدى دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن سەددىچىننىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا كېلىپ ماكانلاشقانلىرىدىن سىرت، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى سەھ

دىچىننىڭ سىرتىدىكى جايلاردىمۇ خېلى كۆپ ساندىكى تۇڭگان قە-
بىلىلىرى ياكى ئۇرۇقلىرى (مەسىلەن، قىزىلتاغ تۇڭگانلىرى) تار-
قالغانىدى. سىياڭپىلارمۇ مۇشۇنداق بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەۋرىدە
سىياڭپىلار موڭغۇل دالاسى بىلەن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى سەددىچىن-
نىڭ شىمالىدىكى كەڭ جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى، تەڭ سى-
خۇي ئۆلكىسىدىن كېيىن، مورۇڭ، يۈيۈەن، دۇەن، توغبات جەمەتلىرى
ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، سەددىچىننىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا كۆچۈپ
كەلگەندىن كېيىن، چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدىكى
ئاشۇ جايلاردا جەزمەن يەنە خېلى كۆپ ساندىكى سىياڭپىلارنىڭ
ئۇرۇق - قەبىلىلىرى ياكى ئاۋۇللىرى تۇرۇپ قالغانىدى. بۇ ھون،
تۇڭگان، سىياڭپىلارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرى ئۆزئارا ئارىلىشىپ ئولـ
تۇراقلاشقانلىقتىن، سەددىچىننىڭ شىمالى بىلەن چۆللۈكنىڭ جەنۇ-
بىدا ناھايىتى تەبىئىي ھالدا مىللەتلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوشۇ-
لۇشى ۋە ئاسسىمىلياتسىيىسى كېلىپ چىقتى، موڭغۇلنىڭ دەۋرىگە كەلـ
گەندە بۇ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى ئوخشاش بولمىغان، تىل ۋە ئۆرپ -
ئادەتلىرى پەرقلىنىدىغان خەلقلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئاسسى-
مىلياتسىيىگە ئۇچرىغان 100 نەچچە يىلدىن ئۇزاق بولغانىدى؛
ئۇلار شەكىلسىز تىل، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ئۆرپ - ئادەت
جەھەتلەردە، دېمىسىمۇ قەدەمدە بەزى ئورتاقلىقلارنى شەكىللەندۈ-
رۈپ، يېڭى بىر مىللەت يەنى جورجان مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى
ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت ھازىرلىغانىدى. تارىختا ئېتنىك مەنبەسى
ئوخشاش بولمىغان بىرقانچە ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ قوشۇلۇش ۋە
ئاسسىمىلياتسىيە ئارقىلىق يېڭى بىر مىللەتنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقى
دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. جورجانلارمۇ مانا مۇشۇنداق شەكىللەنگەن
يېڭى بىر مىللەت ئىدى. موڭغۇلنىڭ باشچىلىقىدىكى 100 نەپەر
قاچقۇن 100 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە شۇنىڭ ئۈچۈن ئەت-
راپىغا نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەرنى توپلاپ يېڭى بىر جورجان مىللـ
ىتىگە ئايلىنالىغانىكى، ئۇلار رەسمىي ھالدا سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى ھون،

ئۇغان، سىيانىھى قاتارلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ يېڭى بىر مىللەت بولۇپ قوشۇلۇشىدىن ئىبارەت تارىخىي يۈزلىنىشكە ۋەكىللىك قىلاتتى. «ۋېينامە. جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە» دە جۇرجانلارنى «شەرقىي غۇزلارنىڭ پۇشتى» دەپ كۆرسەتكەن، «سۇڭنامە. سۇلۇنىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن «لياڭنامە. يات قوۋملار. غەربىي شىمالدىكى رۇڭلار ھەققىدە قىسسە» دە جۇرجانلارنى «ھۇنلارنىڭ ئايرىم ئۇرۇقى» دەپ تىلغا ئالغان، «جەنۇبىي چى سۇلالىسى تارىخى. جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە» دە جۇرجانلارنى «سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى ئارىلاشما غۇزلاردىن» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ئۈچ خىل قاراشنىڭ ئىچىدە «سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى ئارىلاشما غۇزلاردىن» دېگەن قاراش ئەڭ مۇۋاپىق. جۇرجان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ياشىغان «ۋېينامە» نىڭ ئاپتورى ۋېي شۇ «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ جۇرجان مىللىتىنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ بىر تەرەپتىن جۇرجانلارنى «ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى» دەپ كۆرسەتكەن؛ لېكىن ئارقىدىنلا ئۇ «تولۇق مۇقىملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ» غانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، ئەمەلىيەتتە «ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى» دېگەن قاراشنى ئىنكار قىلىپ، جۇرجانلارنىڭ يېڭى بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. ئۇ جۇرجان مىللىتى مەيدانغا كېلىشتىن ئاۋۋال، «ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە، قوملۇقتىن كەلگەن قوۋملار سەددىچىن بىلەن چۆللۈكنىڭ ئارىلىقىدىكى چېگرىلارنى بۆلۈۋېلىش ئۈچۈن دائىم دېگۈدەك پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇردى، بولۇپمۇ شەرقىي غۇزلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى بىلەن باتۇر تەگرىقۇتنىڭ ئەۋلادلىرى تېخىمۇ شۇنداق قىلىدى» دەپ قارىغان. بۇنىڭدا چىقىرىلغان يەكۈنمۇ ئىنتايىن ئېنىق بولۇپ، «تولۇق مۇقىملاشتۇرۇشقا بولمايدىغان» جۇرجان مىللىتى ۋېي، جىن سۇلالىلىرى مەزگىلىدە سەددىچىننىڭ سىرتىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان «شەرقىي غۇزلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرى» بىلەن «باتۇر تەگرىقۇت-

نىڭ ئەۋلادلىرى» نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق شەكىللەنگەنىدى. لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى، ۋېي شۇ بۇنداق ئېنىق يەكۈن چىقارمىغانىدى. يېقىندا جۇ ۋېيجو يازغان «چىلىلار ۋە جورجانلار» ناملىق كىتابنى كۆرگىنىمدە، جورجانلارنى توغبات سيانبىلىرىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، توغبات سيانبىلىرى بىلەن «ئورتاق ئېتنىك مەنبەگە ئىگە» دەپ قاراپ، «ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە» دىكى جورجانلارنىڭ قاغانى ئاناغاينىڭ شياۋ مىڭدىغا «پېقىرنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى، ئۇلۇغ ۋېي دۆلىتىدىن بولىدۇ» دەپ ئېيتقان سۆزىنى شىپى كەلتۈرگەن. ئاناغاينىڭ ئېيتقان سۆزى توغبات سيانبىلىرىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن بۇلاپ كېلىنىپ قول قىلىنىپ، كېيىن يەنە «قۇللۇقتىن بوشىتىلىپ ئاتلىق ئەسكەر بولغان» موگۇلۇنىڭ ھېكايىسىگە قارىتىلغان بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئورتاق ئېتنىك مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھالدا ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ سۆزلىمەك، موگۇلۇنىڭ جەمەتى يەلەن توغبات سيانبىلىرى «ئورتاق ئېتنىك مەنبەگە ئىگە» بولغان تەقدىردىمۇ، جورجان مىللىتىنى «توغبات سيانبىلىرىنىڭ بىر تارمىقى» دېيىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئىككىسى ئىككى ۋەقە بولۇپ، ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. دىڭ چيەن مۇنداق دەيدۇ: «جورجانلارنى «چى سۇلالىسى تارىخى» دا «ئارىلاشما غوزلاردىن» دەپ قارىغان، بۇ ئەمەلىيەتكە ئىنتايىن ئۇيغۇن». بىز جورجان مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى «ئارىلاشما غوزلاردىن» دەپ مۇقىملاشتۇرۇشنى بىرقەدەر مۇۋاپىق دەپ قارايمىز.

⑤ تۈركلەر جورجان خانلىقىنىڭ «بازغانچى قۇللىرى» بولغانىدى. «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» گە قاراڭ.

⑥ فېڭ چېڭجۈن: «قاڭقىللارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە قۇس، پىشامشان ئېلىدىكىلەرنىڭ تارقىلىشى»، «غەربىي يۇرت، جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ، دەلىللەشكە دائىر ماقالىلەر توپلىمى» غا بېسىلغان، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1957 -

يىل ئەشرى 36–48 - بەتلەر.

⑦ شىمالىي سۇلاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋاڭ يەندى قوچۇغا ئەلچىلىككە بارغاندا، كەينىدىن قوچۇغا يېتىپ بېرىپ قايتىپ كېلىشتە تۇپتوغرا بىر يىلدىن ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلغانىدى. يۇتى ئەلچىلىككە بارغان ۋاقىتتا، توغبات ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈچى دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى جايلارغا يېتىپ بارالمىغانلىقتىن، سەپىرى ۋاڭ يەندىنىڭكىگە قارىغاندا ئوڭۇشلۇق بولغانىدى، لېكىن يۇتى دەيدۇدىن يولغا چىقىپ ئالدىنقى قوس (يەنى شىمالىي سۇلاڭ دەۋرىدىكى قوچۇ) نىڭ غەربىي شىمالىدىكى قاغىلىقلارغا ئەلچىلىككە بېرىپتا، ئۇ بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ ۋېيشۈي دەرياسىنى بويلاپ، خېشى ئارىلىقىنىڭ غەربىدىكى يۆنىلىش بويىچە ماڭغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا يول مۇساپىسى ۋاڭ يەندىنىڭكىگە قارىغاندا ئۇزۇن، بېرىپ كېلىشتە ئىككى يىل كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. يۇتى «ئۈچ يىل دېگەندە ئاران قايتىپ كەلگەن» دېگىنى، ئۈچ يىل بېشىغا قارىتىلغان بولۇپ، يەنى تەيخېنىڭ 14 - يىلى يولغا چىقىپ، 16 - يىلى قايتىپ كەلگەنىدى.

# VIII باب قاڭقىل دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ جورجان خانلىقى بىلەن بولغان كۆرىشى

پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ غەلىبىلىك قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭ غەربكە كۆچۈشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى، قاڭقىل خەلقىنىڭ جورجان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرىشىنى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل دالاسىدىن تىيانشان تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكى بىلەن ياكى ئالتۇن تاغ (ھازىرقى ئالتاي تېغى) نىڭ جەنۇبىي تىزمىسىغىچە بولغان كەڭ رايونلارغا كېڭەيتىپ، قاڭقىل خەلقىنىڭ جورجان خانلىقىغا قارشى كۆرىشىدە يېڭى بىر ۋەزىيەت بەرپا قىلدى.

پۇۋۇرغۇر قەبىلىسى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، ۋېينامە، «قاڭقىلار ھەققىدە قىسسە»، «جورجانلار ھەققىدە قىسسە» قاتارلىقلاردا پۇۋۇرغۇر قەبىلىسى قۇرغان قاڭقىل دۆلىتى بىلەن توغبات ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىلارنىڭ پائالىيەتلىرىلا خاتىرىلەنگەنىدى؛ جورجان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى قاڭقىلارنىڭ ئىش ئىزلىرى بولسا پۈتۈنلەي خاتىرىلەنمىگەن. بۇ بابتا ئاساسلىق قىلىپ، پۇۋۇرغۇر قەبىلىسى قۇرغان قاڭقىل دۆلىتىنىڭ تارىخى بايان قىلىنىدۇ.

# 1. قاغقىل دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتى

تارىخ كىتابلىرىدا ئاپۇرغۇرنىڭ باشچىلىقىدىكى 100 مىڭ
ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەمنىڭ غەربىي شىمالنىڭ ئالدىنقى قىس-
مىدا مۇستەھكەم پۇت دەسسەپ تۇرغاندىن كېيىن، «ئېۋزىنى
پادىشاھ» دەپ جاكارلىغانلىقى، قاغقىللارنىڭ ئۇنى «كۆل بىل-
گە» («ئۇلۇغ پەيغەمبەر» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىغانلىقى؛ ئۇنىڭ بىر
نەۋرە ئىنىسى چوڭچىنى «نائىب» دەپ ئاتىغانلىقى، دۆلىتىدىكى-
لەرنىڭ «كۆلبىي» دەپ ئاتىغانلىقى خاتىرىلەنگەنىدى. ئاپۇر-
غۇر «شىمالىي تەرەپكە جايلاشقان» ئىدى، ئورنى بەلكىم ھازىرقى
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالى بىلەن غەربىي - شىمال ئەتراپى-
دا بولسا كېرەك؛ چوڭچى جەنۇب تەرەپكە جايلاشقان بولۇپ، بەلكىم ئۈ-
رۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي بىلەن شەرقىي - جەنۇبىي ئەت-
راپىدا بولسا كېرەك، «ئىككىسى پۈتۈشۈپ، ئۆز ئالدىغا ئايرىم تۇرغان»
(«ۋېينامە؛ قاغقىللار ھەققىدە قىسسە»). تارىختا «ئاپۇرغۇر دۆ-
لىتى»، «دەپ ئاتالغان بولۇپ، «قاغقىل دۆلىتى» دېگەن نام
بىلەن كۆزگە بىر قەدەر كۆپ چېلىقىدۇ.

قاغقىل دۆلىتى غەربىي - شىمال تەرەپتە ياۋپيان دۆلى-
تى بىلەن قوشنا ئىدى. ياۋپيان دۆلىتىنىڭ «زېمىنى نەچچە
مىڭ چاقىرىم، ئاھالىسى 200 نەچچە مىڭ» بولۇپ، ئەينى
ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتىكى بىر دۆلەت ئىدى.
بۇ جاي «ئاسىيۇ دۆلىتىنىڭ غەربىي شىمالى»، يەنى سوۋېت ئىتتى-
پاقىدىكى بالقاش كۆلى، چۇدەريا ساھىلىدىن تارتىپ مەملىكىتىمىزدىكى
شىنجاڭنىڭ ماناس دەرياسى ئەتراپلىرىغا قەدەر بولغان جايلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. خەن، ۋېي سۇلالىلىرى دەۋرىدىن بۇيانقى «غەربىي

دېڭىزچىلار» نىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرى ئىدى. ياپپان دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىمالىي ھونلارنىڭ دېڭىزچىلاشقان ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوۋملىرىنىڭ «تۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن تىلى قاڭقىللارنىڭكى بىلەن ئوخشايتتى» («ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. ياپپانلار»). ئاساسەن ھونلارنىڭ قالدۇق قوۋملىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان دېڭىزچىلار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلارنى قاڭقىللارنىڭ پۈۋۈرغۇر قەبىلىسى بىلەن ئوخشاش ئېتنىك «مەنبەگە ئىگە دېپ ئېيتىشقا بولاتتى. ياپپان دۆلىتى بىلەن جۇرجان خانلىقى ئۆزئارا قوشنا بولغاچقا، ياپپانلارنىڭ جۇرجانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بۇرۇندىن تارتىپ ياخشى ئىدى. لېكىن جۇرجانلارنىڭ داتان قاغانىدىن باشلاپ، ئىككى دۆلەت قوراللىق توقۇنۇشۇپ، دۈشمەنلىشىپ كەلگەنىدى. قاڭقىللارنىڭ پۈۋۈرغۇر قەبىلىسى مۇبادا جۇرجان خانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ياپپان دۆلىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا مۇستەقىل قاڭقىل دۆلىتىنى قۇرغاندا، شەك ـ شۈبھىسىزكى ياپپان دۆلىتىنىڭ قوللىشى ۋە ياپپان دۆلىتى خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلەيتتى. ئەمما پۈۋۈرغۇر قەبىلىسى غەربكە كۆچۈپ غەربىي شىمالدا دۆلەت قۇرغىنىدا دەسلەپتىلا ياپپان دۆلىتىگە تايىنىپ، پەيدىنپەي ئۆزىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلمىغانىدى.

ئەمما ۋەزىيەتنىڭمۇ قاڭقىل دۆلىتىگە نىسبەتەن پايدىسىز تەرەپلىرى بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، جۇرجان خانلىقى تۇغبات ۋېي پادىشاھلىقى بىلەن تەكرار ـ تەكرار كۈچ سىنىشىشلار ئارقىلىق، ئاخىر غەربىي يۇرتتىكى كۆكتارتىنىڭ شەھەر ـ قەلئە بەگلىكلىرىگە بولغان تىزگىنلەشنى ئورۇندىغانىدى. بۇ نۇقتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بىز قاڭقىل دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇش ھارپىسىدىكى جۇرجان خانلىقى بىلەن

توغبات-ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تەسىر كۈچـ
نىڭ ئېشىش ۋە كېمىيىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ
باقايلى.

«ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا،
مىلادى V ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە سەللان دۆلەت قۇرغان
مەزگىلدىلا، جورجان ئاقسۆڭەكلىرى «كىنگىت قاتارلىق جايـ
لار» نى بويسۇندۇرغانىدى. «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىـ
سى» دە ئەينى ۋاقىتتا قۇس بەگلىكى (يەنى «ئالدىنقى قۇس»)
نىڭ «زېمىنىنىڭ شىمالىدا جورجانلار بىلەن تۇتىشىدىغان»
لىقى تىلغا ئېلىنغانىدى. ئالاھەزەل داتان قاغان (مىلادى
414 — 429 - يىللار) تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلگە كەلگەندە،
جورجانلار كۈچەيدى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان راـ
يونلىرى يەنىمۇ كېڭىيىپ، «غەربىي يۇرتتىكى كىنگىت، پېـ
شامشان، كۇسەن، قۇم قاتارلىق بەگلىكلەر بىلەن شەرقىي
يولدىكى بەگلىكلەرنى ئۆزىگە بېقىندۇردى»، ئاسىيۇ دۆلىتىمۇ
«جورجانلارنىڭ نەچچە قېتىم ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقتىن، غەربـ
كە قاراپ پامىر تاغلىرىنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجـ
بۇر بولدى» («ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»). بۇنىڭـ
دىن مىلادى V ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، جورجانلارـ
نىڭ تەسىر كۈچىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمى بىـ
لەن تيانشاننىڭ جەنۇبىي يولىدىكى كەڭ رايونلارغىچە يېتىپ
بارغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا توغبات-ۋېي پادىشاھلىقى چوڭ چۆللۈكـ
نىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىدا جورجانلار بىلەن يۈزمۇ - يۈز
تۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ سىرتىدا، يەنە ئىككى خەن سۇلالىسىنىڭ
غەربىي يۇرت بىلەن ئالاقە باغلىغانلىقىدەك كونا يولدا مېـ
ڭىپ، ئەڭ ئاخىرىدا جورجانلارنى بويسۇندۇرماقچى بولدى.
مىلادى 435 - يىلى (ۋېي تەيۋۇدىنىڭ تەييەن تۇنجى يىـ

لى①)، توغبات-ۋېي پادىشاھلىقى ۋالى ئېنىشىڭ قاتارلىق «12
كىشىلىك» ئەلچىلەر ئۆمىكىنى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن
بولسىمۇ، «جورجانلار ئەرپىمەدىن توتۇۋېلىنىپ، ھېچ
قانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى» («ۋېينامە. غەربىي يۇرت
تەزكىرىسى»). ياندۇرقى يىلى يەنە دوڭ ۋەن قاتارلىق «ئال-
تە كىشىلىك» ئەلچىلەر ئۆمىكىنى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى،
دوڭ ۋەن قاتارلىقلار «ئۇرغۇنلىغان تاۋار - دۇردۇن، يىپەك
رەختلەرنى ئېلىپ»، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، پىشامشانە
قۇس، كىنگىت، كۇسەن، ياپبان، سۇلى، ئاسىيۇ، تاشقۇرغان،
سوغدىيانا، پەرغانە، شاش قاتارلىق بەگلىكلەرگە بېرىپ،
«كۆپلەپ سوۋغا - سالاملارنى تەقدىم قىلدى». مىلا-
دى 439 - يىلى دوڭ ۋەن قاتارلىقلار غەربىي يۇرتتىن
قايتىپ كەلگەندە، غەربىي يۇرتتىكى «بەگلىكلەرنىڭ ئوندىن
ئالتىسى دېگۈدەك دوڭ ۋەن بىلەن بىرگە ئەلچى ۋە سوۋغا -
سالاملارنى تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتتى». بۇنىڭ بىلەن شىمالىي
ۋېينىڭ غەربىي يۇرت بىلەن بولغان ئالاقىسى رەسمىي باش-
لاندى. «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «شۇنىڭدىن
باشلاپ ھەر يىلى كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغانلارنىڭ ئايىغى
ئۈزۈلمىدى، ھەتتا بەزىدە دۆلەت ئەلچىلىرىنىڭ ئادەم سانى
10 كىشىلىككىچە يېتەتتى» دېيىلگەن. لېكىن بۇ ۋاقىتتا ۋېي
پادىشاھلىقىنىڭ كۈچى غەربىي يۇرتقا تېخى رەسمىي كىرمىـ
گەچكە، غەربىي يۇرتتىكى كۆپلىگەن بەگلىكلەر يەنىلا جور-
جان ياكى جورجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا
ئىدى. گەرچە شىمالىي ۋېيغا ئەلچىلەر ئەۋەتكەن غەربىي يۇرت-
تىكى بەگلىكلەرنىڭ ئىچىدە، «ۋېي سۇلالىسىگە جاۋاب قايتۇ-
رۇش ئۈچۈن ئولپان ئەۋەتىپ بەيئەت قىلىشنى ئارزۇ قىلغان»
لىرى بولسىمۇ، ئەمما كۆپ ساندىكىلىرى شىمالىي ۋېي سۇ-
لالىسىنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشىشنى كۆزلەپ ياكى سودا قىلىش

ئۆتۈچۈن كەلگەنىدى.

مىلادى 439 - يىلى توغبات ۋېي پادىشاھلىقى شىمالىي لياڭ پادىشاھلىقىنى يوقىتىپ، غەربىي يۇرتنى قورال كۈچى بىلەن ئىدارە قىلىشقا كىرىشتى. مىلادى 445 - يىلى (ۋېي تەيۋۇدىنىڭ تەيپىڭ جىنجۈن 6 - يىلى) ۋېي پادىشاھلىقى جېڭجۇ بېكى ۋەن دۇگۇيىنى ۋېي پادىشاھلىقىغا دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن قارىغان پىشامشاننى يوقىتىشقا ئەۋەتتى، خەن بانى خانىنىڭ پەرمانىنى ئالغان، غەربنى بويسۇندۇرغۇچى سانغۇن، غەربىي يۇرت باش چېرىكچىسى، پىشامشان خانى قىلىپ ئەۋەتتى، «ئۇ جايدىكى خەلقلەردىنمۇ ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن ئالغاندەك، باج - خىراج ئېلىنىدىغان بولدى». مىلادى 448 - يىلى (تەيپىڭ جېنجۈننىڭ 9 - يىلى) ۋېي قوشۇنلىرى يەنە «يەر شارائىتى بەكلا خەتەرلىك بولغان، ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىنى دائىم بۇلاپ تۇرىدىغان» كىنىكىتنى ئىشغال قىلىپ، كىنىكىتتا ھەربىي قورغان تەسىس قىلىپ، شۇ يەرنىڭ ھەربىي مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇردى. كىنىكىت خانى ئارجۇنا كۈشىبىنا كۈسەنگە قېچىپ بېرىپ، كۈسەن خانى بىلەن بىرلىشىپ، ۋېي قوشۇنلىرىغا «تۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلماقچى» بولدى. مىلادى 449 - يىلى (تەيپىڭ جېنجۈننىڭ[1] 10 - يىلى) ۋېي قوشۇنلىرى غەربتە كۈسەننى مەغلۇپ قىلىپ، «كۆپلىگەن ئات، تۆگىنى غەنىمەت ئېلىپ قايتتى» («ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»). بۇ ۋاقىتتا، شىمالىي لياڭ پادىشاھلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ئىگىلىۋالغان قوچۇ بىلەن قۇستىن باشقا، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي - شەرقىي يولىدىكى بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، جورجان خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدىن قۇتۇلۇپ، توغبات ۋېي پادىشاھلىقىغا ئىتائەت قىلدى: سۇلى، ئۇدۇن، ھەتتا پەرغانە، سوغدىيانىتا ۋە پىرسىيىلەرمۇ توغبات-ۋېي پادىشاھلىقىغا ئەلچى

ئالۋەتىپ، «ئولپان ئەقدەم قىلدى». توغبات ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ تەسىرى تاكى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە يېتىپ باردى. بىراق ئۇزاق ئۆتمەي ۋېي تەيۋۇدى ئۆلۈپ، ۋېي ۋېنچېڭدى تەختكە (مىلادى 452 — 465 - يىللار) چىقتى. ۋېي ۋېنچېڭدىنىڭ مەزگىلىدە توغبات ۋېي پادىشاھلىقى كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان دۆلەت ئىچىدىكى سىنىپىي كۈرەش ۋە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەزھەپلەر كۈرىشىگە پېتىپ قالدى. توغبات ۋېي پادىشاھلىقى تېزدىن گۈللىنىش يولىدىن زاۋاللىققا قاراپ ماڭدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ غەربىي يۇرتنى قايتا قولغا كەلتۈرۈشكە زادىلا ماجالى يەتمىدى.

مىلادى 460 - يىلى (ۋېي ۋېنچېڭدىنىڭ خېپىڭ تۇنجى يىلى) جورجان خانلىقى غەربىي يۇرتقا قايتا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. شۇ يىلى قوچۇ بىلەن قۇسىنى ئىشغال قىلىۋالغان شىمالىي لياڭ خانلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىدىن بولغان جورچى جەمەتىنى يوقىتىپ، كان بوجۇ دېپ ئاتىلىدىغان بىرەيلەننى قوچۇغا خان قىلىپ ئەۋەتتى. مىلادى 470 - يىلى (ۋېي شيەنۋېندىنىڭ خۇاڭشىڭ 4 - يىلى) جورجانلار ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلدى، ئۇدۇن خانى ئوردىغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، «غەرب تەرەپتىكى بەگلىكلەر ھالا بۈگۈنكى كۈنلۈككە كەلگەندە پۈتۈنلەي جورجانلارغا بېقىنىپ بولدى» دېدى. «ۋېينامە»غا ئاساسلانغاندا، جورجانلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تەسىر كۈچى ئۈزلۈكسىز ئاشقان بولۇپ، ٧ ئەسىرنىڭ 50 - ۋە 60 - يىللىرى كۆكتارتنىڭ شەرقىدىن ۋېي پادىشاھلىقىغا ئولپان ئەۋەتىدىغانلاردىن ئۇدۇن بىلەن سۇلىدىن ئىبارەت ئىككى بەگلىكلا قالغانىدى؛ ھالبۇكى جورجانلار ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى بەگلىكنىڭمۇ ۋېي پادىشاھلىقىغا ئولپان ئەۋەتىش مۇناسىۋىتى ئاخىرى ئۈزۈلۈپ قالدى②. شۇبھىسىزكى، ئۇلار جورجانلارغا بەيئەت قىلغانىدى، بەلكىم ۋېي پا-

دىشاھلىقى مىلادى 460 - يىلى جورجانلار قوشۇنى ئىشغال
قىلغان ۋاقىتتىن باشلاپ، كۆكتارتنىڭ شەرقىدىكى غەربىي
يۇرت شەھەر - قەلئە بەگلىكلىرىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىدىن
ئايرىلىپ قالغان بولسا كېرەك③. مىلادى 471 - يىلى (ۋېي
شياۋۋېندىنىڭ يەنشىڭ تۇنجى يىلى) ۋېي شياۋۋېندى «شەرق-
نى بويسۇندۇرغۇچى، جەنۇبنى تىنچىتقۇچى باش سانغۇن ۋۇلىڭ
جېنيې خان پەرمانىنى ئالغان، لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ تۇتۇق بېي-
گى، غەرب تەرەپلىك ھەربىي ئىشلارغا قوماندانلىق قىلغۇچى،
غەربىي يۇرت باش چېرىكچىسى قاتارلىق ئۈچ مەھكىمىنىڭ
باشلىقى قىلىپ تەيىنلەپ، لياڭجۇ ئايمىقىنى ساقلاشقا قويدى»
(«ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە»). بۇ ھال غەربىي يۇرت-
نىڭ ھەربىي مەمۇرىي ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىدىغان ئەب-
ەلدارنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ غەربىي يۇرتتىن يىراق بول-
غان لياڭجۇ ئايمىقىدا ئىكەنلىكىنى، خەن باغا ئوخ-
شاش پىشامشاندا تۇرمىغانلىقىدىن ئىبارەت مەسىلىنى چۈشەن-
دۈرۈپ بېرىدۇ.

جورجان خانلىقى مىلادى V ئەسىرنىڭ 70 - يىللى-
رىنىڭ ئالدى - كەينىدە كۆكتارتنىڭ شەرقىدىكى بەگلىكلەر-
نى قايتىدىن كونترول قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
يەنە تەسىر كۈچى تېخى كۆكتارتنىڭ شەرقىغە يۈتمىگەن ئېف-
تالىتلار بىلەن ئەپ ئۆتتى، يەنە بىر تەرەپتىن مىلادى 472 -
يىلى (يەنشىڭنىڭ 2 - يىلى) دىن باشلاپ، ھەر يىلى دېڭىز-
دەك توغبات-ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ خېشى ئارىلىقىدىكى مۇھىم
ھەربىي قورغىنى بولغان دۇنخۇاڭغا ھۇجۇم قىلىپ تۇردى، مى-
لادى 479 - يىلى يۈچىك قاغان 100 مىڭدىن ئارتۇق ئات-
لىق ئەسكەرنى باشلاپ، جەنۇبقا يېسىپ كىرىپ، «تاكى سەد-
دىچىمىنگىچە يېسىپ بېرىپ»، ۋېي پادىشاھلىقىغا كۈ-
چىنى كۆز - كۆز قىلىپ، ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە

تەھدىت سالدى. بۇ قېتىمقى قوشۇن جورجان خال-
لىقىنىڭ ئارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ بىر قېتىملىقى بولۇپ،
جورجان خانلىقى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋردىكى داقان قاغاننىڭ
شىگۇاڭ تۈنجى يىلى (مىلادى 424 - يىلى) دىكى 60
مىڭ ئاتلىق ئەسكەرگە باشچىلىق قىلىپ، ۋېي سۇلالىسىگە ھۇ-
جۇم قىلغانلىقىغا قارىغاندا، يەنىلا بىر ھەسسىگە يېقىن كۆپ
ئىدى، بۇ يۇچېڭ قاغاننىڭ يېڭى سىياسىتى ئېلىپ كەلگەن
نەتىجىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مىلادى 485 - يىلى يۇ-
چېڭ قاغان ئۆلگەندىن كېيىن تولۇن قاغان شۇنىڭ ئۈچۈن
ۋېي سۇلالىسىگە ھەر يىلى ئۈزۈلدۈرمەي تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇ-
شى ئېلىپ بارالىغانكى، ئەلۋەتتە بۇ يۇچېڭ قاغاننىڭ دەۋرىدى-
كى جورجان دۆلىتىنىڭ كۈچىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى بىلەن ئىن-
تايىن زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك ئىدى، لېكىن شۇنىڭ بى-
لەن بىرگە ئەينى ۋاقىتتا يەنە جورجان خانلىقى ئاللىقاچان
كونترول قىلىپ بولغان كۆكئارتنىڭ شەرقىدىكى كۆپلىگەن
شەھەر - قەلئە يەكلىكلىرىنىڭ ئادەم ۋە ماددىي كۈچ مەنبە-
سى بىلەنمۇ بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىدى.
قىسقىسى، قاغانلىقلار غەربىي شىمالىنىڭ ئالدىنقى قىس-
مىدا دۆلەت قۇرغاندا، غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتى ئۇلارغا
نىسبەتەن بىر تەرەپتىن پايدىلىق بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي
ۋەزىيەت ئۇلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن جىددىيرەك ئىدى. بۇ
خىل پايدىسىز ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش، قاغانلىق خەلقىنىڭ قوز-
غىلاڭ ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاج-
لاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار، چوقۇم ئاكتىپلىق بىلەن چوڭ دۆلەت-
نىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشى، ئاساسلىقى توغبات-ۋېي پادىشاھ-
لىقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، جورجان خانلىقىنىڭ ئۇلارغا
قاراتقان تەھدىتى بىلەن ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇشى ۋە تەڭ-
لۇپ قىلىشى كېرەك ئىدى.

## 2. قاغقىل دۆلىتىنىڭ توغبات-ۋېي سۇلالىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن ماسلىشىشى ئارقىسىدا تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا غەلىبىلىك ھالدا يۈرۈش قىلىشى، قاغقىللارنىڭ كېيىنكى، پېشامشان، قوسلارنى ئىشغال قىلغان ۋاقتى توغرىسىدا

جورجان خانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئۇنىڭ غەربىي يۇرتتىكى شەھەر - قەلئە بەگلىكلىرىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقى، يۇۋۇرغۇر قەبىلىسى قۇرغان قاغقىل دۆلىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا نىسبەتەن ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كەلدى. ھالبۇكى ۋېي پادىشاھلىقى ئەينى ۋاقىتتا جورجان خانلىقىغا قارشى تۇرالايدىغان ۋە دۈشمەنلىشەلەيدىغان بىردىنبىر چوڭ دۆلەت ئىدى. جورجان خانلىقىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئاپورغۇر قۇدرەتلىك ۋېي پادىشاھلىقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنى قارار قىلدى. مىلادى 490 - يىلى (ۋېي شياۋۋېندىنىڭ تەيخې 14 - يىلى) 12 - ئايدا ئۇ غوز سودىگىرى يۈجىنى ۋېي سۇلالىسىگە ئەۋەتىپ، ۋېي شياۋۋېندىغا: «جورجانلار پەغپۇر ئالىيلىرىغا پاراكەندىچىلىك سالماقچى بولغانىدى، بىز توسىۋاق قوبۇل قىلمىدى، بىز ئىسيان كۆتۈرۈپ بۇ يەرگە كېلىپ ئۆز ئالدىمىزغا دۆلەت قۇردۇق، پەغپۇر ئالىيلىرى بىلەن بىرگە جورجانلارنى جازالاشنى خالايمىز» دېدى ھەمدە «ئىككى دانە ئالتۇن ئوقنى ئولپان قىلىپ تەقدىم قىلىپ» ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، جورجانلارغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈر-

دى. يۆچەننىڭ ئېلىپ كەلگەن خەۋىرى، جورجانلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەلىبىسى بىلەن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا قارىتىۋاتقان ھۇجۇمىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا شۇنچىلىك مۇھىم ۋە ئويلىمىغان يەردىن چىققاننىڭ سىرتىدا، ئۇلارنى دەرھال بىر قارارغا كەلتۈرگۈزدى، ۋېي ئوردىسى يۈتىنى قاغقىل دۆلىتىنى «كۆزىتىپ كېلىش»كە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى ھەمدە ئاپۇرغورنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مىلادى 492 - يىلى يۈتى قايتىشىدا، ئاپۇرغور ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى يەنە باقىفېتنى يۈتى بىلەن بىرگە ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ «يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلدى». ۋېي سۇلالىسىمۇ جاۋاب ئەلچى ئەۋەتكەننىڭ سىرتىدا، چەۋەنداز مەھرەم كېزۇ، خۇنچاگشىڭ ۋە يۈتى قاتارلىق 13 تىن ئارتۇق ئادەمنى قاغقىل دۆلىتىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ئاپۇرغۇر بىلەن چۇنچىگە بىر قۇر، زەر تامبال - تون ھەر خىل گۈللۈك رەختلەردىن 100 قۇر ۋە ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە - مارجانلاردىن ياسالغان جابدۇق قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلدى. كېزۇ، خۇن چاگشىڭ قاتارلىقلار قاغقىل دۆلىتىنىڭ ۋېي سۇلالىسى بىلەن تۈزگەن باراۋەرلىك مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىپ، قاغقىل دۆلىتىنى ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە ئاپۇرغورنىڭ كەسكىن رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. لېكىن قاغقىل دۆلىتى ۋېي سۇلالىسىگە نىسبەتەن داۋاملىق دوستانە بولۇپ كەلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى ۋېي سۇلالىسى مۇنقەرز بولۇشنىڭ ھارپىسىغىچە، قاغقىل دۆلىتى ۋېي سۇلالىسىگە ئۈزۈلدۈرمەي ئەلچى ئەۋەتىپ تۇردى، مىلادى 508 - يىلى (ۋېي شۈەنۋۇدىنىڭ يۇڭپىڭ تۇنجى يىلى) بىر يىلدىلا ئۈچ قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى.

تارىختا پوۋۇرغور قەبىلىسى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەربكە كۆچۈپ

ۋە قاڭقىل دۆلىتىنى قۇرغاندىن كېيىن، جورجانلار كۆپ قېتىم ئاپورغور تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، ئادەملىرىنى ئېلىپ شەرق تەرەپكە كەتتى» («ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە») دەپ خاتىرىلەنگەن، بۇ پاكىت جەھەتتە قاڭقىللارنىڭ غەربىي شىمالىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى تەپرىقىچىلىكىنىڭ بەلكى يەنە ئالتاي تېغىنىڭ غەربىدىكى بەزى رايونلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىق بولىدۇ. ئارقىدىنلا تولۇن قاغان جورجانلارنىڭ «دۆلىتىدىكىلىرى» تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققىنىمۇ تاغىسى ناغاي ئىدى. ناغاينىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ئېنىق ئەمەس، ناغاي تەختكە چىققاندىن كېيىن، جورجان قەبىلىلىرى كۆپلەپ جەنۇبقا بېرىپ، ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولدى، بەلكىم ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تالاش ـ تارتىشلا داۋاملىق مەۋجۇت بولغان بولۇشى مۇمكىن. مىلادى 492 ـ يىلى ۋېي شياۋۋېندى ياڭپىڭ بېگى يى، سول قول چەۋەنداز لورۇينى تۇتۇق بېگى قىلىپ، 12 نەپەر سانغۇن بىلەن 70 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرگە باشچىلىق قىلىپ، ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، جورجانلارغا جازا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى، تارىخىي كىتابلاردا ئۇلارنىڭ «جورجانلارنى مەغلۇپ قىلىپ قايتقان» لىقى خاتىرىلەنگەن. ۋېي سۇلالىسى ۋېن چېڭدى (مىلادى 452 — 465 ـ يىللار)دىن باشلاپ، جورجان خانلىقىغا قارىتا كۆپ قېتىم ئۈچ ئېلىش خاراكتېرلىك جازالاش يۈرۈشلىرىنى ئېلىپ باردى، جورجانلار ۋېي سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلغان يىلى ياكى ئۇنىڭ ياندۇرقى يىلى جورجانلارغا قارشى جازا يۈرۈشى قوزغىدى. ھالبۇكى، بۇ قېتىم جورجانلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان كەڭ كۆلەملىك جازالاش يۈرۈشى بىلەن جورجان خانلىقىنىڭ مىلادى 487 ـ يىلىدىكى ھۇجۇمىنىڭ ئارىلىقىدا بەش يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەل يۇتى قاڭقىل دۆلىتى

نىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزىتىپ كەلگەندىن كېيىن يۈز بەرگەنىدى. بۇ ئۇرۇشنىڭ جورجانلىقنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن پايدىلىنىپ ۋە قاغقال دۆلىتىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى كۆرەشكە ماسلىشىشنى مەقسەت قىلىپ ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئىنتايىن ئېنىق ئىدى.

دەرۋەقە، ئاپورغور ئاكا – ئۇكا ئىككىيلەن قۇدرەتلىك ۋېيي سۇلالىسىنىڭ ياردىمى ۋە ماسلىشىشىغا ئېرىشىپ جورجانلارنىڭ قوغلاپ كەلگەن قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، جورجانلارنى «شەرق تەرەپكە كېتىش» كە مەجبۇر قىلغاندىن كېيىن، قوشۇن باشلاپ تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىرىپ، زېمىن كېڭەيتىشلىكى قىلدى. «ۋېينامە. قوچۇ تەزكىرىسى»دە: «دەسلەپتە ئالدىنقى قوشتىكى غوزلار پۈتۈنلەي قاغقاللار تەرىپىدىن كېنگىتكە كۆچۈرۈلدى» دېيىلگەن، بۇنىڭدىن قاغقاللارنىڭ جەنۇبقا بېسىپ كىرىپ كېنگىتنى ئىشغال قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. قاغقاللارنىڭ كېنگىتنى ئىشغال قىلغان ۋاقتى، «ۋېينامە. قوچۇ تەزكىرىسى» دە يوڭپىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىي 508 – يىلى) دىن بۇرۇن دېيىلگەن، لېكىن مىلادىي 508 – يىلدىن بۇرۇنقى قايسى يىلدا ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن. «جەنۇبىي چى تارىخى. جورجان قاراقچىلىرى ھەققىدە قىسسە» دە: «ئىلگىرى يىجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى ليۇجۇن جياڭ جىڭشۈەنىنى دىڭلىڭلار (يەنى قاغقىل دۆلىتى) گە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەندە، ئۇ پىشامشان بىلەن ئۇدۇندىن ئايلىنىپ ئۆتكەن، پىشامشان دىڭلىڭلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، خەلقى پۈتۈنلەي تارقىلىپ كەتكەن» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىن قاغقاللارنىڭ كېنگىتنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، تېخىمۇ جەنۇبقا بېسىپ بېرىپ، پىشامشاننىمۇ ئىشغال قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. قاغقاللارنىڭ پىشامشاننى ئىشغال قىلغان ۋاقتىمۇ تارىخىي كىتابلاردا ئېنىق كۆر-

سىتىلمىگەن. فىيىڭ چىڭجۇن ئەپەندى «جەنۇبىي چى
تارىخى. ۋۇدى ھەققىدە خاتىرە» گە ئاساسەن، ليۇ جۇننىڭ
يىجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ۋاقتى-
نىڭ يوڭمىڭنىڭ 9 - يىلى (مىلادى 491 - يىلى) 1 - ئاي-
دىن يوڭمىڭنىڭ 11 - يىلى (مىلادى 493 - يىلى) 2 -
ئايغىچە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، جياڭ جىڭشۇەن قائىدىللار
دۆلىتىگە بارغان ئىش ليۇجۇن يىجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگىلىك
ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە يەنى مىلادى491 - يىلى 1-
ئايدىن مىلادى 493 - يىلى 2 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا④
بولغان دەپ قارايدۇ. جياڭ جىڭشۇەن پىشامشاندىن ئۆتكەن-
دە، بۇ جاي ئاللىقاچان قائىدىللار تەرىپىدىن ئىشغال قىلى-
نىپ بولغاچقا، قائىدىللارنىڭ پىشامشاننى ئىشغال قىلغان ۋاق-
تى شەكسىزكى، جياڭ جىڭشۇەن پىشامشاندىن ئۆتۈشتىن بۇ-
رۇن بولۇشى كېرەك. لېكىن جياڭ جىڭشۇەننىڭ يوڭمىڭنىڭ
9 - يىلىدىن 11 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقنىڭ قايسى يى-
لىدا يىجۇ ئايمىقىدىن قوزغىلىپ، قايسى ۋاقىتتا پىشامشان-
دىن ئۆتكەنلىكى يەنىلا ئېنىق ئەمەس. مۇنداقچە قىلىپ
ئېيتقاندا، قائىدىللارنىڭ پىشامشاننى ئىشغال قىلغان ۋاقتى
داۋاملىق ھەل بولماي كېلىۋاتقان بىر مەسىلىدۇر. بىراق بىز
شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋاڭ يەندىنىڭ قۇچۇغا
ئەلچىلىككە بېرىپ قايتاشىدا توپتوغرا بىر يىل ۋاقىت
سەرپ قىلغىنى بويىچە پەرەز قىلىپ (يىجۇ ئايمىقى بىلەن
قائىدىل دۆلىتىنىڭ ۋە كەيفىڭ بىلەن قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى-
نىڭ ئارىلىقى بىر-بىرىگە يېقىن كېلىدۇ)، جياڭ جىڭشۇەن،
يەنى ليۇ جۇن يىجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگىلىك ۋەزىپىسىنى
ئۆتەۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى بىرقانچە ئايدا يىجۇ ئايمىقىدىن
يولغا چىققان دېسەك، ئۇنىڭ پىشامشاندىن ئۆتكەن ۋاقتى
يوڭمىڭنىڭ 11 - يىلى يەنى مىلادى 493 - يىلىنىڭ ئىچىد-

ھە بىرلىشى كېرەك. مۇنداقچە قىلغاندا، قاڭقىللارنىڭ پىشامشاننى ئىشغال قىلغان ۋاقتى ھېچ بولمىغاندا مىلادى 493 - يىلىدىن بۇرۇن بولغان بولۇشى كېرەك. «يەنە ۋېينامە» گە ئاساسلانغاندا، قاڭقىل دۆلىتى ۋېي سۇلالىسى بىلەن مىلادى 490 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەلچى ئەۋەتىشكەن بولۇپ، يۇتېنىڭ قايتىشى بىلەن ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ جورجانلارنى مەغلۇپ قىلىشى بىرلا ۋاقىتتا مىلادى 492 - يىلى يۈز بەرگەنىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن قاڭقىللار جورجانلارنىڭ قوغلاپ كەلگەن قوشۇنلىرىنى مەغلۇب قىلىپ، ئۇلارنى شەرق تەرەپكە كېتىشكە مەجبۇر قىلغان بولىشىمۇ، لېكىن دائىم جورجانلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ تۇرغاچقا قوشۇن ئەۋەتىپ تىيانشاندىن ئۆتۈپ يىراق پىشامشانغا يۈرۈش قىلماسلىقى مۇمكىن ئىدى. شۇڭلاشقا قاڭقىللارنىڭ پىشامشاننى ئىشغال قىلغان ۋاقتى، مىلادى 492 - يىلى 8 - ئايدا ۋېي سۇلالىسىنىڭ زور قوشۇنىنىڭ سەددىچىندىن چىقىپ جورجانلارغا جازا يۈرۈش قىلغاندىن كېيىنكى ۋاقتى بىلەن مىلادى 493 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇشى كېرەك. قاڭقىللار جەنۇبقا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، كېنگىتنىڭ زېمىنى پىشامشانغا بېرىشتىكى چوڭ يول ئۈستىدە بولغاچقا، ئۇنىڭ قاڭقىللار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان ۋاقتى پىشامشاندىن بۇرۇن بولۇپ، مىلادى 492 - يىلى بولۇشى مۇمكىن. قىسقىسى، قاڭقىللارنىڭ كېنگىت بىلەن پىشامشاننى ئىشغال قىلغان ۋاقتى، ۋېي سۇلالىسىنىڭ زور قوشۇنىنىڭ جورجانلارنى مەغلۇپ قىلغان ۋاقتى بىلەن بىر ۋاقىتتا ياكى ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭ ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن بىرگە ئېلىپ بېرىلغانلىقى ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن پىلانلانغانلىقى ھازىرچە نامەلۇمدۇر.

يۇقىرىدىكى نەقىللەرگە ئاساسلانغاندا، قاڭقىل دۆلىتى قۇسېنىمۇ ئىشغال قىلغانىدى. بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتى

ۋېينامە»، «قوچۇ تەزكىرىسى» دە ئوخشاشلا خاتىرىلەنمىگەنىدى؛ قوچۇلۇقلار مىلادىيە 496 - يىلى جورجانپەرەس جاڭ مىڭمىڭنى ئۆلتۈرۈپ، ۋېي سۇلالىسىپەرەس مارۇيىنى قوچۇغا خان قىلىپ تىكلىگەنىدى («يۈەنخې يىللىرىدىكى ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 40 - جىلد). قوچۇلۇقلارنىڭ بۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالىشى، بىر تەرەپتىن، ۋېي سۇلالىسى قاڭقىللار بىلەن ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتكەن ۋە مىلادىيە 492 - يىلىدىكى ئۇرۇشتا جورجانلارغا ئەجەللىك زەربە بەرگەندىن كېيىن، ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوچۇ رايونىدىكى تەسىرى ئاشقانلىقىدىن؛ يەنە بىر تەرەپتىن ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن قاڭقىللارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ قۇسقا كېڭىيىشكە باشلىغانلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر پايدىلىق ۋەزىيەتتىن ئىلھام ئالغان بولسا كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، قوچۇلۇقلار جاڭ مىڭمىڭنى ئۆلتۈرۈشتە ئۇنچىۋالا يېڭىلىك قىلمىغان بولاتتى. ئەگەر بۇنداق ھۆكۈم خاتا بولمىسا، ئۇنداقتا قاڭقىللار قۇسنى مىلادىيە 496 - يىلى ياكى ئۇنىڭدىن سەل بۇرۇن يەنى قوچۇلۇقلار جاڭ مىڭمىڭنى ئۆلتۈرۈپ مارۇيىنى خان قىلىپ تىكلىگەن يىلى ئىشغال قىلغان بولۇشى كېرەك. قاڭقىللارنىڭ قۇسنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئارىلىقى ئىنتايىن يېقىن بولغان قوچۇنى ئىشغال قىلمىغانلىقى شۇنىڭدەك قوچۇلۇقلارنىڭ ۋېي سۇلالىسىپەرەس مارۇيىنى خان قىلىپ تىكلىشىگە يول قويۇشى بەلكىم شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئاپۇرغۇر ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن ئۆزلىرى بىلەن ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتىنى بۇزۇشنى خالىمىغان بولۇشى مۇمكىن.

قاڭقىللار قۇستىن قايسى ۋاقىتتا چېكىنىپ كەتكەن؟ بۇ مەسىلىمۇ ئېنىق ئەمەس. لېكىن بىر نۇقتا شۇبھىسىزكى، يەنى قاڭقىللارنىڭ قۇستىن چېكىنگەندە قۇستىكى غۇزلارنى

كۆچۈرۈپ كىنگىتكە بىللە بېسىپ كىرىشى، قوۋسىنىڭمۇ ئوخشاشلا
جورجانلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك
ئىدى. ماروي ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغان 2 - يىلى يەنى
مىلادى 497 - يىلى ۋېي سۇلالىسىگە كەينى - كەينىدىن ئەل-
چى ئەۋەتىپ «خەلقنى ئىچكى رايونلارغا كۆچۈرۈش» نى ئارزۇ
قىلدى ھەم ۋېي سۇلالىسىدىن ئىچكىرىگە كۆچكەندە قوشۇن
چىقىرىپ كۈتۈۋېلىشنى تەلەپ قىلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مى-
لادى 497 - يىلىدىكى ۋاقىتتا قوچۇنىڭ يەنە جورجانلارنىڭ
ئېغىر تەھدىتىگە ئۇچرىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇ يى-
لى ماروي ئۆلتۈرۈلگەندە، يېڭىدىن تەختكە چىققان كۈجيامۇ
سىپى ئۆزىدىن ۋېي سۇلالىسى تەرەپدارى بولسىمۇ، لېكىن
ئۇمۇ «جورجانلارغا بەيئەت قىلىش» قا مەجبۇر بولدى. دەر-
ۋەقە مىلادى 496 - يىلى قاڭقىللار قوۋسىنى ئىشغال قىلغان ۋە
قوچۇلۇقلار ئاتاك مېگمىگنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، جورجانلار
شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتنىشىدا مۇھىم بولغان بۇ رايوندىكى
مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، يەنە قوشۇن ئەۋەتىپ تالاشتى.
شۇنىڭدەك كۈجيانىڭ جورجانلارغا بەيئەت قىلغانلىقىدىن قا-
رىغاندا، مىلادى 497 - يىلى جورجانلار قوچۇدا يېڭىباشتىن
ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنىدى. قاڭقىللارنىڭ قوۋسىنى چېكىنىش
ۋە قوۋسىتىكى ئۇزلارنى كىنگىتكە كۆچۈرۈشى، ئېھتىمال مىلادى
497 - يىلى كۈجيا ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغان ھەمدە
جورجان خانلىقىغا بەيئەت قىلغان ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بولۇ-
شى مۇمكىن. قوۋسىنىڭ ئورنى قوچۇغا يېقىن ئىدى، يەنە كې-
لىپ قاڭقىللارنىڭ جايلاشقان مەركىزى بىلەن تيانشان ئار-
قىلىق ئايرىلىپ تۇرغاچقا، قاڭقىللار بۇ جايدا، جورجانلار-
نىڭ قوچۇغا قوزغىغان ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇشقا ئامالسىز
ئىدى. شۇڭا قوۋسىتىكىلەرنى پۈتۈنلەي كۆچۈرۈپ كىنگىتكە بې-
سىپ كىرىپ، شۇ ئارقىلىق قورۇق بىر شەھەرنى جورجانلارغا

قالدۇرۇشتەك جىندىيى ئىپتىداجىلىق ئۇسۇلنى قوللانغانىدى. يۇقىرىدىكى تەھلىللىرىمىزگە ئاساسلانغاندا، قاڭقىللار قۇدرەتلىك ۋېيى سۇلالىسىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، مىلادى 492 - يىلىدىن باشلاپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي يولىدا جورجانلارنىڭ كۈچىنى قوغلاپ چىقىرىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، كىنگىت، پىشامشاننى ئىشغال قىلغان، مىلادى 496 - يىلى يەنە قۇسنى ئىشغال قىلغان. گەرچە مىلادى 497 - يىلى قاڭقىل دۆلىتى جورجانلارنىڭ كۈچلىرىنىڭ قوچۇدا ئىششىشى تۈپەيلىدىن قۇستىن چېكىنىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، قاڭقىل دۆلىتى جورجانلارنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي يولىدىكى كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش كۈرىشىدە ئىنتايىن زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى.

## 3. ئېفتالىتلارنىڭ شەرققە كېڭىيىشى ۋە قاڭقىل دۆلىتىگە بولغان تەھدىتى، ئېفتالىتلارنىڭ كىنگىتنى ئىگىلىگەن ۋاقتى بىلەن تۈيغۇنلارنىڭ پىشامشاننى ئىشغال قىلغان ۋاقتى توغرىسىدا

قاڭقىل دۆلىتى جورجان خانلىقى بىلەن قوچۇ ۋە قۇس رايونىدا ھەي دەپ تۇتۇشۇۋاتقان مەزگىلدە، ئېفتالىت دۆلىتىنىڭ كۈچلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي يولىدا باش كۆتۈرۈپ چىقتى. نەتىجىدە قاڭقىل دۆلىتىنىڭ جورجان خانلىقىغا قارشى كۈرىشىگە ئىنتايىن مۇرەككەپ ئامىل كىلىپ قوشۇلدى.

ئېفتالىتلار كۆچمەن بىر چارۋىچى مىللەت بولۇپ، شىمالىي سۇلالىلەر تارىخىدىكىلەر، ئۇلارنى ئايدالىلار (嚈哒 ئېفتالىت)

دەپ، «جەنۇبىي سۇلالىدىكىلەر خارەزىملىكلەر (滑) دەپ ئاتى-
غان. پېرسىيەلىكلەر بىلەن ئەرەبلەر ئۇلارنى خايتال (Haytal)
دەپ ئاتىغان. ئۇلار ھونلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ،
قىيان ۋە تىل جەھەتتە شالغۇتلاشقاچقا، شۇنىڭدەك تېرىسى
ھەم پارقىراق، ھەم ئاق بولغاچقا، شەرقىي رىملىقلار ئۇلارنى
شۇ سەۋەبتىن ئاق ھونلار دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن⑤.
ئېفتالىتلارنىڭ ئىرقىي توغرىسىدا «لياڭنامە. ھەدۋىيلەر ھەققى-
دە قىسسە» دە: ئۇلار «قۇشلۇقلارنىڭ باشقا بىر قوۋمى»
دېيىلگەن، «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە:
ئۇلار «تۇخارلار بىلەن بىر ئۇرۇقتىن» دېيىلگەن،
شۇنىڭدەك يەنە «قاڭقىللارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقىدۇر»
دېيىمۇ كۆرسىتىلگەن. قىسقىسى ھەرخىل قاراشلار بار بولۇپ، تا-
لاش - تارتىشلار ئاز ئەمەس. بۇ مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى
ئېھتىمال ھون، توخرى، دىڭلىڭ («غەربىي دىڭلىڭ»)، قۇش
قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك قوشۇلۇشىنىڭ نەتى-
جىسى بولۇشى مۇمكىن. ئېفتالىتلار ئەڭ دەسلەپتە «سەددى
چىننىڭ شىمالى» دىكى باشقا بىر جايدا ماكانلاشقان بولۇپ،
جورجانلارغا قارايتتى. كېيىن جورجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى-
دىن قۇتۇلۇپ، ئالتاي تېغى ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىنىڭ
غەربىي چېتىگە كۆچۈپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مىلادى
425 - يىلى يەنە خوتەن ئارقىلىق غەربكە كۆچۈپ ماۋرا-
ئۇننەھر (ھازىرقى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئا-
رىلىقىدىكى جايلار) نى ئىگىلىگەن. كېيىن يەنە باكتېرىيەدىن-
كى تۇخارىستاننى ئىشغال قىلىپ، بەدەخشان،
كەشمىر، كابۇل ۋە پەنجاپ قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرۇپ،
كۆكيارتىنىڭ غەربىدە «جەنۇبىتا پەيزۇلئاباد (罗槃 جوغراپى-
يىلىك جايلاشقان ئورنى ئېنىق ئەمەس، بەلكىم كەشمىر ياكى
شىمالىي ھىندىستاندا بولۇشى مۇمكىن) غىچە،

شىمالدا تۇرالارغىچە بولغان، شەرقتە ئۇدۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالـ
غان، غەربتە پېرسىيىگىچە بولغان 40 تىن ئارتۇق دۆلەتنىڭ
ھەممىسى ئولپان ئەۋەتىپ تۇرىدىغان» ئېفتالىت دۆلىتىنى
قۇردى. ئۇلارنىڭ پادىشاھىنىڭ «كىمخاپتىن تون كىيىپ، ئالـ
تۇن سۇمۇرغتىن ياسالغان تۆت پۇتلۇق ئالتۇن كۇرسىدا ئولتـ
تۇرىدىغان» لىقى ۋە «دۆلەتنى ئىدارە قىلغاندىن بۇيان
زالىملىق قىلىپ كۆپ قىرغىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ تۇرغان» («سۇڭ
يۈن، خۇي شىڭ سەپەرنامىسى») لىقىدىن قارىغاندا، جورجان
خانلىقىغا ئوخشاش بۇ دۆلەتمۇ سىنىپىي قارىمۇقارشىلىق ئاساسىغا قۇ-
رۇلغان قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى بىر دۆلەت ئىدى. ئېفتالىتلار ئاساسەن
پېرسىيە بىلەن، جورجانلار ئاساسەن ۋېي سۇلالىسى بىلەن
دۈشمەنلىشىپ تۇرغاچقا، پوۋۇرغۇر قەبىلىسى قوزغىـ
لاڭ كۆتۈرۈپ غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن، ئىككى دۆلەت قوشنا
بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزئارا تىنچ
ئۆتكەنىدى.

تارىخىي كىتابلاردا ئېفتالىتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق رايو-
نىنى كۆكئارتنىڭ شەرقىي بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي يو-
لىغا كېڭەيتكەن ۋاقتى خاتىرىلەنمىگەن. تارىخشۇناسلارنىڭ
كۆپ قىسمى قائىدىللارنىڭ پوۋۇرغۇر قەبىلىسى قوزغىلاڭ كۆ-
تۈرۈپ غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن ئېفتالىتلار ئاللىقاچان تىيان-
شاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلىپ بولغان دەپ
قارايدۇ. مەسىلەن، فېڭ چېڭجۈن ئەپەندى «ئەينى ۋاقىتتا
(پوۋۇرغۇر قەبىلىسى غەربكە كۆچكەن ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ) ئېف
تالىتلارنىڭ كۈچى خېلىلا كۈچلۈك بولغانلىقتىن، تىيانشان-
نىڭ جەنۇبىدىكى بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا قارايتتى»
دەيدۇ، فېڭ چېڭجۈن ئەپەندى «لياڭشۇنامە. غازەرىم تەزكىرى-
سى» دىن نەقىل ئېلىپ شۇنداق دېگەنىدى.⑥ جەنۇبىي سۇ-
لالىلەرگە ئائىت «سۇڭشۇنامە» بىلەن «چىنامە» دا پۈتۈنلەي ئېف

تالىتلار ھەققىدە قىسسە يوق، بەلكى، «لياڭنامە» نىڭ «بەدۋىيلەر ھەققىدە قىسسە» سىنىڭ قوشۇمچىسىدىلا «خارەزىم تەزكىرىسى» كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇنىڭدا «پېرسىيە، پانپۇران، كەشمىر، كىنگىت، كۇسەن، سۇلى، قۇم، ئۇدۇن، جۇجۇق قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق زېمىننى بويسۇندۇرغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. «سۇڭنامە» بىلەن «چىننامە» دە خاتىرىلەنمەسلىكى، بەلكىم ئىپتالىتلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا يەنىلا يىراق كۆكتارتىنىڭ غەربىدە تۇرغانلىقى بىلەن كۆكتارتنىڭ ئۇلارنى ئايرىپ تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلار توغرىسىدا خەۋەرسىز قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى كېرەك. «لياڭنامە» دە ئىپتالىتلار ھەققىدە قىسسەنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى بولسا، ئىپتالىتلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ لياڭ پادىشاھلىقى دەۋرى (مىلادى 502 — 557 — يىللار) غا كەلگەندىلا ئاندىن كۆكتارتىنىڭ شەرقىدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا كېڭەيگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن. «ۋېينامە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «جەنۇبىي سۇلالىلەر تارىخى» ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەرگە ئائىت باشقا كىتابلاردا ئىپتالىتلارنىڭ ئىچكى رايونلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلغانلىقىغا ئائىت ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئىپتالىتلارنىڭ كۈچىنىڭ شەرققە كېڭەيگەن ۋاقتى توغرىسىدا يەكۈن چىقىرىشتا ئىنتايىن زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ماتېرىياللار يىل دەۋرى بويىچە تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىلدى:

ۋېي ۋېنچېڭدىنىڭ تەيئەن 2 – يىلى (مىلادى 456 – يىلى) نىڭ «دەۋاۋە ئىيىدا ئىپتالىتلار ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلدى» («ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە»). بۇ ئىپتالىتلار دۆلىتىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

ۋېي شۈەنۇدىنىڭ جېڭشى 4 – يىلى (مىلادى 507 –

يىلى «جەدى ئېيىنىڭ 8 - كۈنى، ئېفتالىتلار ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلدى» («ۋېينامە. شىزۇڭ ھەققىدە خاتىرە»).

ۋېي شۈەنۋۇدىنىڭ يوڭپىڭ 2 - يىلى (مىلادى 509 - يىلى) «ھەمەل ئېيىنىڭ 9 - كۈنى ئېفتالىتلار ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ بىر دانە ئاق پىل تەقدىم قىلدى» (يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش)؛

يوڭپىڭنىڭ 4 - يىلى (مىلادى 511 - يىلى) «قەۋس ئېيىنىڭ 1 - كۈنى، ئېفتالىتلار ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلدى» (يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش)؛

يەنچاڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 512 - يىلى) جەدى ئاي، «ئېفتالىتلار ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلدى» (يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش)؛

يەنچاڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 513 - يىلى) ئەقرەپ ئېيىنىڭ 7 - كۈنى، «ئېفتالىتلار ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلدى» (يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش)؛

لياڭۋۇدىنىڭ تيەنجيەن 15 - يىلى (مىلادى 516 - يىلى) ئېفتالىتلارنىڭ پادىشاھى «ئېفتال لەتتا ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلدى» (لياڭنامە. «بەت ۋىيلەر ھەققىدە) قىسسە»؛

ۋېي شياۋمىڭدىنىڭ شىپىڭ 2 - يىلى (مىلادى 517 - يىلى) سەرەتان ئېيىنىڭ 1 - كۈنى، «ئېفتالىتلار ئوردىغا ئولپان تەقدىم قىلدى» («ۋېينامە. سۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە»)؛

شېنگۇينىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 518 - يىلى) سەۋر ئېيىنىڭ 5 - كۈنى، «ئېفتالىتلار ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلدى» (يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش)؛

شېنگۇينىڭ 2 - يىلى (مىلادى 519 - يىلى) سەرەتان ئېيىنىڭ 2 - كۈنى، «ئېفتالىت دۆلىتى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەـ

تىپ ئولپان تەقدىم قىلدى» (يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش)؛
لياڭ ۋۇدىنىڭ پۇتۇڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 520 - يىلى) ئېفتالىتلار «يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ سېرىق شىر، ئاق بۇلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا، پارس كىمخابى قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلدى» («لياڭنامە. بەدۋىيلەر ھەققىدە قىسسە»)؛
ۋېي سۇزۇڭنىڭ جېڭگۇاڭ 5 - يىلى (مىلادى 524 - يىلى) سەۋر ئېيىنىڭ 10 - كۈنى، «ئېفتالىت دۆلىتى ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلدى» («ۋېينامە. سۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە»)؛
ۋېي سۇزۇڭنىڭ جېڭگۇاڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى (مىلادى 525 - يىلى) ئېفتالىت دۆلىتى «ئەلچى ئەۋەتىپ بىر دانە پىل تەقدىم قىلدى» («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. ئېفتالىتلار ھەققىدە قىسسە»)؛
لياڭ ۋۇدىنىڭ پۇتۇڭ 7 - يىلى (مىلادى 526 - يىلى) ئېفتالىت دۆلىتى «يەنە ئولپان تەقدىم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى» («لياڭنامە. بەدۋىيلەر ھەققىدە قىسسە»)؛
ۋېي شياۋجۇاڭدىنىڭ يوڭئەن 3 - يىلى (مىلادى 530- يىلى) سۇمبۇلە ئېيىنىڭ 5 - كۈنى، «ئېفتالىت دۆلىتى بىر دانە شىر تەقدىم قىلدى» («ۋېينامە. شياۋجۇاڭ ھەققىدە خاتىرە»)؛
ۋېي شياۋۋۇدىنىڭ يوڭشى تۇنجى يىلى (مىلادى 532 - يىلى) سۇمبۇلە ئېيىنىڭ 3 - كۈنى، «ئېفتالىتلار ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلدى»، توخۇ يىلى، «ئېفتالىتلار ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلدى» («ۋېينامە، چۇدى پىڭياڭ بېگى»)؛
غەربىي ۋېينىڭ ۋېندى داتوڭ 12 - يىلى (مىلادى 546- يىلى) ئېفتالىتلار «ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك مەھ-

سۇلالىلىرىنى تەقدىم قىلدى» («جۇنامە. ئېفتالىتلار ھەققىدە قىسسە»)؛

ۋېي قىيدىنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 553 - يىلى) بىلەن مىڭدىنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 558 - يىلى) «ئېفتالىتلار ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلغانىدى، كېيىن تۈركلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ قەبىلىلىرى تارقاپ كەتكەچكە، ئولپان ئەۋەتىشى توختاپ قالدى» («يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش»)؛

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئوردىغا ئولپان تەقدىم قىلىش ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، ئېفتالىتلار دۆلىتىنىڭ مەملىكەت تىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىشكە باشلىغان يىل دەۋرى مىلادى 456 - يىلى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئېفتالىت- لار پېرسىيە ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بەھرام V (Bahram V 420 — 440 - يىللار) نىڭ قاتتىق زەربىسى- گە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا يەنە بەھرام V نىڭ تەخت ۋارىسى يازدىگىر (Yazdigird 440 — 457 - يىللار) نىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتتى، بەلكىم بۇنىڭدا ۋېي سۇلالىسىنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان بولسا كېرەك. لېكىن شۇنىڭدىن كېيىنكى مىلادى VI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى ئۈچ قېتىملىق كەڭكۆلەملىك ئۇرۇشتا ئېفتالىتلار پېرسىيە پادىشاھى فىرۇز (Firuz 459 — 484 - يىللار) نى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى ئېفتالىتلارغا كۆپ مىقداردا باج تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى؛ فىرۇز ئۆلگەندىن كېيىن، پېرسىيە ئېفتالىتلارنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلىنىپ قالدى. ئېفتالىتلار ئوتتۇرا ئاسى- يادىكى بىردىنبىر كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندى. ئەينى ۋاقىتتا كۆكتارتىنىڭ شەرقىدىكى جايلار جورجانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاچقا، ئېفتالىتلار بەلكىم شەرقتە ئۆزىگە بىرەر دۆش-

مەن تېپىۋېلىشنى خالىمىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا مىلادى 456 - يىلى تۇنجى قېتىم ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئارىدىن يېرىم ئەسىر ئۆتۈپ يەنى جۇرجانلارنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھۆكۈمرانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلار ۋېي سۇلالىسىگە قايتا ئەلچى ئەۋەتتى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يىل دەۋرلىرىدىن ئايانكى، ئېفتالىتلارنىڭ ئىچكى رايونلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنىڭ قېتىم سانى، مىلادى 507 - يىلىدىن كېيىن بىردىنلا كۆپەيگەنىدى. بۇ خىل ئەھۋالنى «سۇڭنامە» بىلەن «چىنامە» دە ئېفتالىتلار ھەققىدە قىسسەنىڭ بولمىغانلىقى بىلەن «لياڭنامە»دە بولغانلىقى ۋە «لياڭنامە» دىكى ئېفتالىتلارنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر - قەلئە بەگلىكلىرىنى ئىشغال قىلغانلىقىغا ئائىت خاتىرىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئېفتالىتلارنىڭ كۆكئارتتىن ئۆتۈپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي يولىغا بېسىپ كىرگەن ۋاقتى مىلادى V ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ياكى VI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرى بولۇشى مۇمكىن؛ بەلكىم پوۋۇرغۇر قەبىلىسى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن ياكى ئۇنىڭ دەسلەپىدە بولماسلىقى مۇمكىن. پوۋۇرغۇر قەبىلىسى غەربكە كۆچۈشتىن ئاۋۋال تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى بەگلىكلەر پۈتۈنلەي دېگۈدەك جۇرجانلارغا قارايتتى، ئەگەر ئېفتالىتلار كۆكئارتتىن ئۆتۈپ شەرققە كېڭەيگەن بولسا، مۇقەررەر ھالدا جۇرجانلار بىلەن كۆكئارتنىڭ شەرقىدە جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ سودا يولىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىش ئۇرۇشى يۈز بەرگەن بولاتتى. لېكىن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا، ئېفتالىتلارنىڭ جۇرجانلار بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلەر يوق، ئەكسىچە، ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى تاشقى كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ، ئىزچىل

تۇردە بىلىۋ قەدەر دوستانە ئۆتكەندەك قىلاتتى.

قىسقىسى، قاغقىللارنىڭ پۇۋۇرغور قەبىلىسى غەربكە كۆچكەن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدا كىنگىت، قۇس، پىشامشان قاتارلىق جايلاردا جورجانلارنىڭ تەسىر كۈچىنى قوغلاپ چىقارغانلىقتىن، جورجان خانلىقىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي يولىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى ئۈزۈل-كېسىل ئاياغلاشقانىدى. ئېفتالىتلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كۆكئارتتىن ئۆتۈپ شەرققە كېڭەيدى. ئېھتىمال قاغقىللار دۆلىتى قۇستىن قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىشنىڭ ئالدى-كەينىدە ئېفتالىتلار ئاللىقاچان سۇلى، ئۇدۇن، كۇسەن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن شەرقتىكى يەگلىكلەرنى ئىشغال قىلغان بولسا كېرەك. «لياڭنامە. خارەزىم تەزكىرىسى» دىكى ئېفتالىتلارنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى زېمىنلىرى ھەققىدىكى خاتىرە مۇشۇ ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بولۇشى كېرەك. بەلكىم مىلادى 497-يىلى قاغقىل قوشۇنلىرىنىڭ قۇستىن چېكىنىشى بىلەن جورجانلارنىڭ قوچۇدا يېڭىباشتىن بوستۇنلۇكنى ئىگىلىشىنىڭ ھەممىسىنى، ئەينى ۋاقىتتا جورجانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان ئېفتالىتلارنىڭ شەرققە كېڭىيىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقا تەرەپتىن قاغقىللارغا سالغان تەھدىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئېفتالىتلارنىڭ كىنگىتكە ھۇجۇم قىلىش ئورۇشى يۈز بەردى. «ۋېينامە. قوچۇ تەزكىرىسى» دە: «ئالدىنقى قۇستىكى غۇزلار قاغقىللار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي كۆچۈرۈلۈپ، كىنگىتكە بېسىپ كىردى؛ بىراق، كىنگىت ئۇزاق ئۆتمەي يەنە ئېفتالىتلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاچقا، خەلقى تاراپ كەتتى» دېيىلگەن، «ۋېينامە. قاغقىللار ھەققىدە قىسسە» دە: «چۈنچى كېيىن ئېفتالىتلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ئوغلى مىتوتو قاتارلىقلار ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى.

خەلقى تاراپ كەتتى، بەزىلىرى ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى، بەزىلىرى جورجانلارغا تەسلىم بولدى» دېيىلگەن. بۇ ئىككى ئابزاس نەقىلنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرگەندە، ئىككى قىسسەدە بايان قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېفتالىتلارنىڭ كىنكىتنى ئىشغال قىلغانلىق ۋەقەسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس، قاڭقىللار مىلادى 492 - يىلى كىنكىتنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دېيىلگەن، «ئاپۇرغور شىمال تەرەپكە جايلاشقان، چۈنچى جەنۇب تەرەپكە جايلاشقان» لىقى ھەققىدىكى سۈيۈرغاللىق زېمىن ئايرىمىسىغا ئاساسەن، كىنكىت چۈنچىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولغانىدى. ئېفتالىتلارنىڭ كىنكىتنى ئىشغال قىلىشى بىلەن چۈنچى ئۆلتۈرۈلۈپ، ئوغلىنىڭ ئەسىرگە چۈشۈشى شۈبھىسىزكى، بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ۋەقەدۇر.

ئېفتالىتلارنىڭ كىنكىتنى ئىشغال قىلغانلىقى بىلەن چۈنچىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن يىل دەۋرى، «ۋېينامە. قوچۇ تەزكىرىسى» دە كۆجيا قوچۇغا خان بولغاندىن كېيىن دەپ كۆرسىتىلگەن، ھالبۇكى، «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، مىلادى 508 - يىلى (ۋېي شۈەنۋۇدىنىڭ يۇڭپىڭ تۇنجى يىلى) دىكى بارىسكۆل ئۇرۇشىدا چۈنچىنىڭ ئوغلى مىتوتو ئېفتالىتلار تەرىپىدىن قاڭقىللارنىڭ پادىشاھى قىلىپ تىكلەنگەنىدى. چۈنچى مىلادى 498 - 507 - يىللار ئارىلىقىنىڭ مەلۇم بىر يىلىدا ئۆلگەن. ئەگەر بىزنىڭ يۇقىرىدىكى مىلادى 497 - يىلى قاڭقىللار قوشتىن چېكىنىپ چىقىپ، ئارقا تەرەپتە ئېفتالىتلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغانلىق ھەققىدىكى قىياسىمىز ئىشەنچلىك بولسا، ئۇنداقتا، ئېفتالىتلارنىڭ كىنكىتنى ئىشغال قىلغانلىقى بىلەن چۈنچىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقتى، مىلادى 497 - يىلىدىن ئانچە بالدۇر

بولماسلىقى. بەلكىم مىلادى 498 - يىلىدىن 500 - يىللار ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

«ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دىن قارىغاندا، ئېفتالىتلارنىڭ كىنگىتنى ئىشغال قىلىشى، قاڭقىللارغا بېرىلگەن ئىنتايىن ئېغىر زەربە بولۇپ، يالغۇز نائىب چۇلچى ئۆلتۈرۈلۈپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى قاڭقىل خەلقلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تارقاپ كېتىپ، «بەزىلىرى ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلدى، بەزىلىرى جورجانلارغا تەسلىم بولدى» («ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»). ئەلۋەتتە يەنە بىر قىسمى ئېفتالىتلار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ كېتىلگەنىدى. ۋېي سۇلالىسى بەھەيۋەت باش سانغۇن، ياساۋۇلخانا نازارەتچىسى مىڭ ۋېينى ئەۋەتىپ، ۋېي سۇلالىسىگە «بەيئەت قىلغان» تارماقتىكى «تەسلىم بولغانلارنى قوبۇل قىلىپ، گاۋچاڭ قورغىنىغا ئورۇنلاشتۇردى» («ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»). ئېفتالىتلار كىنگىتتا ھەدەپ بۇلاڭ - تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، دەرھال چېكىنىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن ئاۋۋال قاڭقىللار تەرىپىدىن مەجبۇرىي كىنگىتكە كۆچۈرۈلگەن قۇسلۇق غۇزلار «ئۆز ئالدىغا ئايرىم بولالماي، كۇجيادىن ئۆزلىرىگە خان تەيىنلەپ ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى». بۇنىڭ بىلەن كۇجيا ئىككىنچى ئوغلىنى كىنگىتكە خان قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. قاڭقىل دۆلىتى كىنگىتنى قولدىن بېرىپ قويدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، قاڭقىل دۆلىتى مىلادى 492 - يىلى پىشامشاننى ئىشغال قىلغانىدى. جەنۇبىي سۇلالىلەردىكى سۇ-چى ھاكىمىيىتىدىكى جياڭ جىڭشۈەن 493 - يىلى بۇ جايدىن ئۆتكەندە، پىشامشان ئەمدىلا قاڭقىللار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان، «خەلقى تاراپ كەتكەن» ۋەيرانچىلىق ئەھۋالنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ جاي جۇڭگو بىلەن غەرب-

ىنىڭ سودا يولى ۋە غەربنىڭ ئولپان ئەۋەتمەيدىغان ئەلچىلىرىنىڭ بېسىپ ئۆتۈشىدىكى مۇھىم جايى بولغاچقا، قاڭقىلار بۇ يەرگە مۇھاپىزەتچى قوشۇنلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. كېيىن پىشامشان تۈيغۇنلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىندى. تۈيغۇنلارنىڭ پىشامشاننى ئىشغال قىلغان ۋاقتى، تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن. «ۋېينامە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىكى «تۈيغۇنلار ھەققىدە» قىسسە»دە تۈيغۇنلارنىڭ قاغانى كۇالۇنىڭ «پىشامشان بىلەن چەرچەننى قوشۇۋالغان» لىقىلا خاتىرىلەنگەن. ھالبۇكى، كۇالۇۋبي شياۋجۇاڭدىنىڭ يوڭئەن 3 - يىلى يەنى مىلادى 530 - يىلى تەختكە چىقىپ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغانىدى. لېكىن «سۇڭ يۈن، خۇي شېڭ يىپەرنامىسى» غا ئاساسلانغاندا، سۇڭ يۈن قاتارلىقلار مىلادى 518 - يىلى پىشامشاندىن ئۆتكەندە، پىشامشان ئاللىقاچان «تۈيغۇنلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىنغانىدى»، تۈيغۇنلارنىڭ قاغانى تۈيغۇنلارنىڭ «غەربنى تىنچىتقۇچى ئىككىنچى پەرزەنتلەر قوشۇنىنىڭ سانغۇنى» نى بۇ جايدا تۇرغۇزۇپ، «3000 ئادەمنى توپلاپ غەربتە غۇزلارنىڭ بېسىپ كىرىشىدىن مۇداپىئە كۆردى». بۇنىڭدىن تۈيغۇنلارنىڭ پىشامشاننى ئىشغال قىلغان ۋاقتىنىڭ كۇالۇدىن ئىلگىرى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىكى «غەربتە غۇزلارنىڭ بېسىپ كىرىشىدىن مۇداپىئە كۆردى» دېگەندىكى «غەربتىكى غۇزلار» شەرققە كېڭەيگەن ئېفتالىتلارغا قارىتىلغان بولۇشى كېرەك. قاڭقىلارنىڭ پىشامشاندىن چېكىنىپ چىققان ۋاقتىنى ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتتىن ھۆكۈم قىلغاندا، قاڭقىلارنىڭ قوشتىن چېكىنىپ چىققان ۋاقتىدىن ئانچە ئۇزۇن بولماسلىقى، بەلكىم سەل بالدۇر بولۇشى مۇمكىن. ئاساسلىق سەۋەبى ئېفتالىتلارنىڭ شەرققە كېڭىيىشى بىلەن ئۇلارنىڭ قاڭقىل دۆلىتىگە سالغان

تەھدىتى ئىدى. «سۇلۇك يۈن، خۇي شىلك سەپەرنامىسى» دىن
قارىغاندا، قاڭقىللار پىشامشاندىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن-
دىن كېيىن، پىشامشانلىقلار «ئۆز ئالدىغا ئايرىم خان تىكلىگ-
ەن» دىن كېيىن پىشامشان ئاندىن تۈيغۇنلار تەرىپىدىن
ئىشغال قىلىنىۋېلىنغانىدى. تۈيغۇنلارنىڭ پىشامشاننى ئىشغال
قىلىشى بىلەن ئۇ جايغا ئورنىغان ئەسكەر ئەۋەتىپ تۇرغۇزۇشى
«غەربىتىكى غوزلاردىن مۇداپىئەلىنىش» يەنى ئېفتالىتلارنىڭ
بېسىپ كىرىشىدىن ساقلىنىشنى مەقسەت قىلغان يەردە، ئۇن-
داقتا پىشامشاننىڭ تۈيغۇنلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىن-
غان ۋاقتى، ئېفتالىتلارنىڭ كۆكئارتتىن ئۆتۈپ شەرققە كې-
لگەن ۋاقتى (مىلادى V ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە VI ئەسىرى-
نىڭ باشلىرى) دىن ئىلگىرى بولماسلىقى كېرەك. بۇ نۇقتا
توغرىسىدا بىز يەنە تۆۋەندىكىدەك ئىككى قوشۇمچە دەلىلنى
تىلغا ئېلىپ ئۆتەلەيمىز، ئۇنىڭ بىرى، جەنۇبىي سۇلالىلەرگە
ئائىت تارىخىي كىتابلاردىكى بولۇپمۇ «لياڭنامە» دىكى تۈي-
غۇنلار «شىمالدا قوچۇ بىلەن چېگرىلىنىدۇ»، قوچۇ «جەنۇبتا
خېنەن (جەنۇبىي سۇلالىلىدىكى ليۇسوڭ ھاكىمىيىتى تۈيغۇنلار-
نىڭ پادىشاھى موغايانغا خېنەن بېگى دېگەن ئۇتۇغاتنى
بەرگەن، بۇ يەردە «خېنەن» تۈيغۇنلارنى كۆرسىتەتتى) بىلەن
چېگرىلىنىدۇ» دېگەن خاتىرە ئىدى. ھالبۇكى، لياڭ پادىشاھ-
لىقى مىلادى 507 - يىلى قۇرۇلغانىدى. يەنە بىرى «ۋېي-
نامە» دىكى ۋېي شۇەنۇۋدى (مىلادى 500 — 515 - يىللار)
نىڭ دەۋرىدىكى «جورجان، ئېفتالىت، تۈيغۇنلار ئالاقىلىشىپ
باش قوشۇشتا قوچۇدىن ئۆتىدۇ» («ۋېينامە. قاڭقىللار ھەق-
قىدە قىسسە») دېگەن خاتىرە ئىدى. فېلىق چېگجۇن ئەپەندى
«پىشامشاندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ زەت تەرتىپى»⑦
ناملىق ماقالىسىدە، يۇقىرىدا نەقىلدىكى تۈيغۇنلار «پىشامشان
بىلەن چەرچەننى قوشۇۋالغان» دېگەن سۆز خاتا ھالدا

فۇليەنتۇ (كۆالۇلىڭ ئاتىسى) نىڭ ئاخىرىسىغا قىلىپ قويۇلغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيخې نىڭ 11 - يىلى (مىلادى 493 - يىلى) فۇليەنتۇغا تۇيغۇنلارنىڭ خانى دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەنلىكى ھەققىدىكى بىۋاسىتە باغلىنىپ كەلگەن سۆز بىلەن يىلنامىمۇ قىسقارتىۋېتىلگەن، شۇڭلاشقا تۇيغۇنلار پىشامشاننى فۇليەنتۇ خان بولغان يىلى يەنى مىلادى 493 - يىلى ئىشغال قىلغان دەپ قارىلىدۇ. تۇيغۇنلارنىڭ پىشامشاننى ئىشغال قىلغان ۋاقتى مىلادى 493 - يىلدىن بۇرۇن، تەخمىنەن مىلادى 500 - يىللار ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك.

### 4. قاڭقىل دۆلىتىنىڭ كرىزىسى ۋە مىئوتونىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشى، قۇدرەتلىك قاڭقىل دۆلىتى

شۇنداق قىلىپ جورجان، ئېفتالىت ۋە تۇيغۇنلارنىڭ شەرق، غەرب، جەنۇبتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ قىستىشى بىلەن، قاڭقىل دۆلىتى كەينى - كەينىدىن قوس، كىنگىت ۋە پىشامشاندىن ئايرىلىپ قالدى. كۆپلىگەن قاڭقىل ئاھالىلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى. بەزىلىرى ئەسىرگە ئېلىندى يەنە. بەزىلىرى باشقا جايلارغا تارقاپ كەتتى. VI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى شەرقىي يولدا قانلىق جەڭ قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە مېۋىلىرىنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك نابۇت بولدى. قاڭقىل دۆلىتى ئىنتايىن ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كەلدى.

مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، قاڭقىل دۆلىتىنىڭ ئىچكى

قىسمىنىمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەھۋالغا ئوخشاش، سىنىپلار ۋە مەزھەپلەر كۈرىشى پارتلىدى. كۈرەش ئالدى بىلەن ئاپۇرغور جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پارتلىدى. يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئاپۇرغورنىڭ چوڭ ئوغلى «ئاپۇرغورنىڭ باشقا خوتۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ» ئاپۇرغورغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغاندا، پاش بولۇپ قېلىپ، ئاپۇرغور تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېھتىمال ئاپۇرغورنىڭ ئۆكتىچىلەرنى چېكىدىن ئاشقان ئۇسۇللار بىلەن باستۇرغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئاقىۋەتتە ئۇ «خەلقنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالدى». خەلق ئۇنى «بىرلىشىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى». ئاپۇرغور ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ «جەمەتى» دىكى بالنىيان دەپ ئاتىلىدىغان بىرەيلەن «خەلق» تەرىپىدىن قاغقىل دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانى قىلىپ تىكلىنىپ، قاغقىل دۆلىتىنىڭ ۋەزىيىتىنى ۋاقىتلىق تىزگىنلەپ تۇردى.

قاغقىل دۆلىتىنىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىقى، قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىغا كېلىپ قالغان ئېفتالىتلار ئۈچۈن قاغقىل دۆلىتىنى كونترول قىلىش ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇشقا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بالنىيان قاغقىل دۆلىتىگە بىر يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلا-قىلمايلا، ئېفتالىتلار قاغقىل دۆلىتىگە قارىتا ئۇرۇش قوزغىدى، شۇنىڭدەك بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى بالنىياننى تەختتىن قالدۇرۇپ چۇنچىنىڭ ئوغلى مىئوتۇنى دۆلىتىگە قايتىپ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشقا ئۇزىتىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان دەپ داۋراڭ سالدى. ئېفتالىتلارنىڭ زور قوشۇنىنىڭ بېسىمى بىلەن، قاغقىل «خەلقى» نائىلاج، «بالنىياننى ئۆلتۈرۈپ، مىئوتونىڭ تەختكە چىقىشىنى قارشى ئالدى» («ۋېينامە. قاغقىللار ھەققىدە قىسسە»).

يۇقىرىدىكى بۇ ۋەقەلەر تارىخىي كىتابلاردا يىل دەۋرى

بويىچە خاتىرىلەنمىگەنىدى، «ۋېينامە. قوچۇ تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، كۈجيا شىمالىي ۋېينامە يوڭپىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 508 - يىلى) لوكچىنىنىڭ ۋالىيسى شياۋلياڭنى شىمالىي ۋېيغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، «ئىچكى رايونلارغا كۆچۈپ كېلىشكە قوشۇن ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى». ۋېي شۈەنۋۇدى پەرمان چۈشۈرۈپ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى ھەمدە شۇ يىلى مىسوتوغا پەرمان ئەۋەتىپ بۇ ئەھۋالنى ئۇقتۇردى. پەرماندا مىسوتونىڭ «سەممىيەتلىكنى قايتا - قايتا» مەدھىيىلەنگەنىدى. بۇنىڭدىن مىسوتونىڭ قاڭقىللارغا خان قىلىپ تىكلەنگەن ۋاقتىنىڭ كېچىككەندە مىلادى 505 - يىلى ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. يۇقىرىدىكى پەرەز بويىچە بولغاندا، بالنىيانىڭ تەختكە چىققان ۋاقتى مىلادى 503 - يىلى ئەتراپىدا، ئاپۇرغورنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقتى مىلادى 502 - يىلى ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك.

مىسوتونىڭ ئېفتالىتلار تەرىپىدىن قاڭقىللارنىڭ خانى قىلىپ تىكلەنگەنلىكىگە ئائىت پاكىت، قاڭقىللارنىڭ بۇ مەزگىلگە كەلگەندە، پۈتۈنلەي ئېفتالىتلار تەرەپكە ئېغىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن تارىخىي كىتابلاردا مىسوتونىڭ ئېفتالىتلارغا تىز پۈككەنلىكىگە ئائىت پاكىتلار خاتىرىلەنمىگەن، شۇنداقلا ئېفتالىتلارنىڭ قاڭقىلى دۆلىتىنىڭ زېمىننى بىلەن ئىگىلىك ھوقۇقىغا داۋاملىق دەخلى - تەرۇز قىلغانلىقىغا ئائىت ماتېرىياللارمۇ يوق ⑧. تۇيغۇنلار پىشامشاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دۆلىتى ئاۋۋالقىدەكلا گۈللىنىش باسقۇچىدا تۇرغان بولسىمۇ، ئۆز تەسىرىنى پەيدىنپەي تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى شەرقىي يولغا قاراپ كېڭەيتمىگەنىدى. بۇ ئەھۋاللار مىسوتونىڭ ئېفتالىتلار بىلەن تۇيغۇنلارغا قارىتا بەزى دىپلوماتىيە ۋاسىتىلىرىنى قوللانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، مەسىلەن، بەلگىلىك مىقداردا باج

ياكى پۇل تاپشۇرۇش ياكى ئام جەھەتتىكى قۇللۇق بىلدۈ-
رۈش، قاتنارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق قائىدىللار بىلەن ئېفتالىت
تۈركلەرنىڭ بىلەن مەزگىل ئىتتىپاقلىشىپ جىددىيلىشىپ كەتكەن
مۇناسىۋىتىنى ئەسلىدى. شىمالىي ۋېي قارىتا، مىنۇتو تەختى-
كە چىققىشى بىلەنلا «ئۈزۈلدۈرمەي ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان
تۇقدىم قىلىپ تۇردى»، «ئالتۇن، كۈمۈش، يەتتە تۇياق ئات،
10 تۆگە تەقدىم قىلىپ» («ۋېينامە. قائىدىللار ھەققىدە قىس-
سە»)، شىمالىي بىلەن داۋاملىق دوستانە ئۆتۈشنى خالايدىغان-
لىقىنى ئارزۇسىنى قەتئىي بىلدۈردى. مىلادى 508 - يىلى
ۋېي شۈەنۇۇدى مىنۇتۇنىڭ «سەمىمىيەت» لىكىگە قارىتا «ئاپى-
رىن ئوقۇيدىغان» لىقى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. ئەينى
ۋاقىتتا قوچۇنىڭ خانى كۈجيا جورجانلارنىڭ بېقىندىلىكى-
دىن ئاللىقاچان قۇتۇلغان بولغاچقا، شىمالىي ۋېيغا ئەلچى
ئەۋەتىپ ئىچكى رايونلارغا كۆچۈپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى.
ۋېي شۈەنۇۇدى مىنۇتۇغا پەرمان چۈشۈرۈپ: «جورجان، ئېفتا-
لىت، تۈركلەر ئالاقىلىشىپ باش قوشۇشتا قوچۇدىن ئۆتۈ-
مەي قالمايدۇ. ھالا، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە قوچۇ ئىچكى رايونـ-
لارغا بېقىنىپ، ئەلچى ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن جورجانلارنىڭ
يولى ئۈزۈلدى. مۇبادا ئۇلارنى دەيدىغىنى سىلىپ، جىلورمە
جانلارغا يانتاياق بولغانلار، مەن سىلەرنىڭ كۈناھىڭلارنىڭ
ھەرگىز كەچۈرمەيمەن» (يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش) دېدى.
مىنۇتۇنىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ بۇ كەسكىن تەلەپكە
قارىتا جاۋاب قايتۇرغان ياكى قايتۇرمىغانلىقى، بىلەن قانداق
جاۋاب قايتۇرغانلىقى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن.
لېكىن مىنۇتۇنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنمۇ شىمالىي ۋېيغا داۋام-
لىق ئەلچى ئەۋەتىپ يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلىپ
تۇرغانلىقىدىن، قارىغاندا، مىنۇتو بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلغان.
مىزلار قىلىق شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن بولغان دوستلۇق

مۇناسىۋەتنى داۋاملىق ساقلاپ قالغانىدى. قىسقىسى، مىئوتۇ
ناھايىتى يىراقنى كۆرەر ۋە تەدبىرلىك بىر قاڭقىل خانى
ئىدى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن مەلۇم دەرىجىدە ئىپتىخ
لىتلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چوڭ
دۆلەتلەرنىڭ قوجۇدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم رايوندىكى زىددى
يەتتىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، ئاساسىي جەھەتتىن
قاڭقىل دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىق ئورنىنى ساقلاپ قالدى،
قاڭقىل دۆلىتىنى مۇھاسىرە ئىچىدە قېلىشتەك قىيىن شارائىت
تىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ
جورجانلارنىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇردى. جورجان خانلىقى
نىڭ قولدارلار سىنىپى قاڭقىل مىللىتىنىڭ ئەشەددىي دۈش
مىنى ئىدى، مىئوتۇنىڭ جورجان خانلىقىنى ئاساسىي كۆرەش
نىشانىسى قىلىشتىن ئىبارەت دۆلەت سىياسىتى، كەڭ قاڭقىل
چارۋىچىلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئىدى.

جورجانلارنىڭ ناغاي قاغانى ئۆلگەندە، ئورنىغا ئوغلى
يۇد تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى تاغان قاغان دەپ جاكارلىدى.
يۇد قاڭقىل دۆلىتىدە ئاپورغۇر بىلەن بالىنىيانىڭ كەينى
كەينىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بىلەن مىئوتونىڭ يېڭىدىن تەخت
كە چىققانلىقىدىن پايدىلىنىپ، مىلادى 508 - يىلى زور
قوشۇن بىلەن غەربكە ھۇجۇم قىلىپ، قاڭقىل دۆلىتىنى بىر
يولىلا يوقىتىۋېتىشكە ئۇرۇندى. مىئوتو قاڭقىللارنىڭ قوشۇن
لىرىغا باشچىلىق قىلىپ، بارىسكۆل (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ
بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى
بارىكۆل كۆلى) نىڭ شىمالىدا ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، يۇد
نىڭ باشچىلىقىدىكى جورجان قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ
قىلىندى. بۇ ۋاقىتتا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ چاپىقلۇر
ئەجدىھا سۇپەت سانغۇنى مېڭ ۋېي، ۋېي شۇەنۋۇدىنىڭ پەرمانىغا
ئاساسەن، 3000 كىشىلىك ۋېي قوشۇنىنى باشلاپ ئىلۇچۇنىڭ

خانى كۈچيانىڭ ئىچكى رايونلارغا كۆچۈشىنى قارشى ئېلىشقا ئاتلاندى. ۋېي قوشۇنلىرى غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئۆتۈرغول (ھازىرقى قۇمۇلنىڭ غەربىي شىمالىي) غا يېتىپ بارغاندا، جورجانلارنىڭ قوغلاپ كەلگەن قوشۇنلىرى بىلەن دۇقۇرۇشۇپ قالدى. يۇر ۋېي قوشۇنلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا، ۋېي قوشۇنلىرى قاڭقىللار بىلەن بىرلىشىپ، ئارقا تەرەپتىن قول سالماقچى دەپ قاراپ، «قورقۇپ كەينىگە يېنىپ كەتتى». مىتوتۇ جورجانلارنىڭ «قاچقان» لىقىنى ئاڭلاپ، قاڭقىل قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، جورجان قوشۇنلىرىنى قوغلاپ بېرىپ مەغلۇپ قىلىپ، يۇدنى بارىسكۆلنىڭ شىمالىدا ئۆلتۈردى. مىتوتو ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ ماسلاشقانلىقىغا رەھمەت ئېيتىش ھەم ۋېي سۇلالىسىگە بولغان دوستلۇقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، يۇدنىڭ چېچىنى كېسىۋېلىپ مىلك ۋېيغا تەقدىم قىلدى، يەنە ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ «بەش تۇياق چاپقۇر ئات، ئالتۇن - كۈمۈش، بۇلغۇن تېرىسى بىلەن باشقا يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلدى». ۋېي شۈەنۇۋدى يۇلياڭنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى ھەمدە مىتوتوغا جىر يۈرۈش ساز-چابدۇقى، 80 نەپەر ئەلنەغمىچى، 10 توپ قىزىل يىپەك، 60 توپ ھەر خىل رەخت تەقدىم قىلدى. مىتوتو قايتا يەنە ياغا تىغاتېنىنى ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، «يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلدى» (يۇقىرىدىكى نەقىللەرنىڭ ھەممىسى «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» نى ئاساس قىلغان). «ۋېينامە. شىزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» گە ئاساسلانغاندا، مۇشۇ يىلى قاڭقىل دۆلىتى ۋېي سۇلالىسىگە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئۈچ تىلۇركىنۇم ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلغان بولۇپ، قاڭقىل دۆلىتى بىلەن ۋېي سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشقانىدى.

ئۇ. بارىسكۆل ئۇرۇشىدا) قاچقىنلار جۇرجانلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قازانغانلىقتىن، قاچقىن دۆلىتىنىڭ تەسىر كۈچى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى بەگلىكلەرگە يېتىپ باردى. «ۋېينامە. قوچۇ تەزكىرىسى» دە: «كۈجيا تەختكە چىققاندا جۇرجانلارنىڭ قاغانى ناغايىغا بەيئەت قىلغانىدى. جۇرجانلارنىڭ قاغانى پۇر قاچقىنلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن كۈجيا يەنە قاچقىنلارغا بەيئەت قىلدى» دېيىلگەن. كۈجيا قوچۇنىڭ خانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن كۆپ قېتىم ۋېي سۇلالىسىگە مەكتۇپ يوللاپ، ئىچكى رايونلارغا كۆچۈشنى تەلەپ قىلدى. مىلادى 508 - يىلى ۋېي سۇلالىسى مىڭ ۋېينى قوشۇن باشلاپ بېرىپ ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتكەندە، مىڭ ۋېينىڭ قوشۇنلىرى ئىۋۇر غولىغا «بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يېتىپ بارالماي قايتىپ كەتتى». بارىسكۆل ئۇرۇشىدىن كېيىن كۈجيا يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ئون قېتىمدىن ئارتۇق ئەلچى ئەۋەتىپ»، ۋېي سۇلالىسىگە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تەقدىم قىلىپ بەيئەت قىلىدىغان «سەمىمىيىتىنى بىلدۈرۈپ»، ئىچكى رايونلارغا كۆچۈشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن بۇ ۋاقىتتا جۇرجانلارنىڭ كۈچى قوچۇدىن قوغلاپ چىقىرىلغاچقا، قوچۇ خەلقى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ياشاپ كەلگەن جايىدىن ئايرىلىشقا، كۆزى قىيماي «كونا ماكانىدىن قايتا كۆچۈشنى خالىمىدى». تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ۋېي سۇلالىسى بۇ ۋاقىتتا پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، ۋېي سۇلالىسىپەرەس كۈجيانىڭ قوچۇدىن ئىبارەت بۇ ستراتېگىيىلىك مۇھىم جايدىن ئايرىلىشىنى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قوچۇ رايونىغا بولغان تەسىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنى خالىمىدى، شۇڭا «كۆپلەپ ئىنئام بېرىپ، ئەسكەرلەرنىڭ قايتا قارشى ئالالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى» («ۋېينامە. قوچۇ تەزكىرىسى»). بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا كۈجيا «يەنە قاچقىنلا

لارغا بەيئەت قىلىش» قا مەجبۇر بولدى. بۇ ھال كۇچيالىلا ۋېي سۇلالىسى بىلەن قاغقىل دۆلىتىنىڭ ھەر ئىككىسى بىلەنلا بەيئەت قىلىش مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بارىسكۆل ئۇرۇشى قاغقىللارنىڭ جورجانلار بىلەن يىڭى پەللە يولىنىڭ شەرقىي تارمىقىدىكى مۇھىم قورغان قوچۇنىڭ تىزگىنلەش ھوقۇقىنى تالىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تۇنجى قېتىملىق زور ئۇرۇشى ئىدى. جورجانلار مەغلۇپ بولۇپ قوچۇنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە «جورجانلار زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، قاغقىللار روناق تاپتى، جورجانلار ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقىمۇ چارىسىز قالدى» («ۋېينامە. ئىۋەن خەننىڭ تەرجىمھالى»). جورجانلارنىڭ سودا يولىدىكى پاراكەندىچىلىكلىرى تازىلانغانلىقتىن، بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالغان جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتىدە مىلادى 508 - يىلىدىن باشلاپ يەنە گۈللەپ راۋاجلىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. كۇسەن، سۇلې، جۇجۇ-تاشقورغان، ئۇدۇن، كەشمىر، پېرسىيە، جەنۇبىي ھىندىستان قاتارلىق دۆلەت ۋە بەگلىكلەر ۋېي سۇلالىسى بىلەن بولغان ئەلچى ۋە «ئولپان ئەۋەتىش» مۇناسىۋىتىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈردى. قاغقىل، قوچۇ قاتارلىق دۆلەتلەر مىلادى 508 - يىلىدىن باشلاپ، ھەر يىلى ۋېي سۇلالىسىگە «ئولپان» ۋە «سوۋغا تەقدىم» قىلىپ تۇردى.

مىلادى 516 - يىلى (ۋېي شياۋمىڭدىنىڭ شىپىڭ تۇنجى يىلى) قاغقىل دۆلىتى بىلەن جورجان خانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىنچى قېتىملىق زور كۆلەملىك ئۇرۇش پارتلىدى. «ۋېينامە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ يۈز بەرگەن جايى خاتىرىلەنمىگەن، ئەمما شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا يەنىلا بارىسكۆل بىلەن

ئۈزۈر غولىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا بۇ ئۇرۇشنى قاڭقىل دۆلىتى بىلەن جۇرجان خانلىقىنىڭ قوچۇ رايونىنىڭ تىزگىنلەش ھوقۇقىنى تالىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشى دەپ ئاتاشقىمۇ بولاتتى. تارىخىي كىتابلاردا ئۇرۇشنىڭ جەريانىمۇ خاتىرىلەنمىگەن. «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە پەقەت ئۇنىڭ نەتىجىسىلا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا: «مىسۇتۇ جۇرجانلارنىڭ ھۆكۈمرانى چيۇنۇ (پۇد ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن جۇرجانلارنىڭ قاغانى بولغان) بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، ئەسىرگە چۈشتى؛ چيۇنۇ ئۇنى ئىككى ئاساۋ ئاتقا چېتىپ ئۆلتۈردى، كاللىسىنى كېسىۋېلىپ جام قىلىۋالدى؛ ئۇنىڭ قوۋملىرىنىڭ ھەممىسى قېچىپ كېلىپ ئېفتالىتلارغا بېقىندى» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن قاڭقىللارنىڭ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق تۈردە مەغلۇپ بولغانلىقىنى، خانى ئۆلتۈرۈلۈپ، خەلقىنىڭ تاراپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، قېچىپ بېرىپ ئېفتالىتلاردىن پاناھلىق تىلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قاڭقىللارنىڭ مەغلۇپ بولۇش سەۋەبلىرى، «چيۇنۇنىڭ قەيسەر ۋە زېرەك، ھەربىي ئىشلارغا ماھىر» («ۋېينامە. جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە») لىكى بىلەن مىسۇتونىڭ مەغرۇرلىنىپ دۈشمەنگە سەل قاراشتەك بۇنداق شەخسىي پەزىلەت تەرىپىدىكى ئامىللاردىن سىرت، ۋېي سۇلالىسىنىڭ قاڭقىللار بىلەن جۇرجانلارنى دەيدەيگە سېلىپ، «دۈشمەنلىشىپ ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىش» قا قۇترىتىشىمۇ ۋېي سۇلالىسىنىڭ «ئولتۇرۇۋېلىپ پايدىنى كۆزلەش سىياسىتى» دە ئاز رول ئوينىمىدى. بارسكۆل ئۇرۇشىدىن ئاۋۋال، قاڭقىل دۆلىتى قارشى تەرەپكە قارىغاندا بىرقەدەر ئاجىز ۋاقىتتا، ۋېي سۇلالىسى قاڭقىل دۆلىتىنى قەتئىي قوللىمىغانىدى؛ جۇرجانلارنى بولسا بەزىدە ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشقا قىستىسا، بەزىدە «ئۇلارنىڭ ئەلچىلى-

ۋەتىنى قوبۇل قىلمىدى» («ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە»).
بۇ جورجانلارغا قارىتا ۋېي سۇلالىسى بىلەن قاڭقىللار ئىت-
تىپاق تۈزۈپ جورجانلارغا قارشى تۇرغاندەك بىر خىل كۆچ-
لۈك تەسىراتنى بېرىپ قويدى. بارىسكۆل ئۇرۇشىدا قاڭقىللار
جورجانلارنىڭ ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىدىن قورقۇشتەك
مۇشۇنداق پسىخىكىسىدىن پايدىلىنىپ غەلىبە قازانغانىدى.
بارىسكۆل ئۇرۇشىدىن كېيىن قاڭقىللارنىڭ كۈچى زور دەرىجى-
دە كۈچەيدى. ۋېي سۇلالىسى «قاڭقىل دۆلىتىنىڭ كۈچلۈك
دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى» دىن قورقۇپ، «جورجان-
لار يوقىتىلغاندىن كېيىن قاڭقىللارنىڭ زورلۇق - زومبۇ-
لۇق قىلىدىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم» («ۋېينامە. يۈەن
خەنىنىڭ تەرجىمھالى») دەپ ئەندىشە قىلدى. شۇڭا ۋېي
سۇلالىسى مىلادى 509 - يىلى (يەنى بارىسكۆل ئۇرۇشى يۈز
بەرگەن يىل) دىن باشلاپ، قاڭقىل دۆلىتىنىڭ ئەۋەتكەن
ئەلچى ۋە سوۋغا - سالاملىرىنى بۇرۇنقىدەك قوبۇل قىلغان
بولسىمۇ، لېكىن جورجان خانلىقىغا بولغان پوزىتسىيىسىنى
بىردىنلا ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنىڭ ئەۋەتكەن ئەلچى ۋە سوۋغا -
سالاملىرىنى قوبۇل قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە مىلادى
514 - يىلى (ۋېي شۈەنۋۇدىنىڭ يەنچاڭ 3 - يىلى) ۋېي
شۈەنۋۇدى بىر مەھەل شىرمەت چەۋەندازلار سانغۇنى مايىشېنى
جورجان خانلىقىغا «ھال سوراشقا ئەۋەتتى». ۋېي سۇلالىسى-
نىڭ تاكتىكا جەھەتتە بۇنداق ئۆزگىرىش ياسىشى، جورجان-
لارغا قاڭقىل دۆلىتى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا، ئېغىر غولدىكى
ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ ئارىلىشىشىدىن ئەندىشە قىلىشنىڭ زادىلا
ھاجىتى قالمىغانلىقىنى، پۈتۈن كۈچى بىلەن قاڭقىللارغا
ھۇجۇم قىلىشنىڭ لازىملىقىنى تونۇتتى. ھالبۇكى قاڭقىل
دۆلىتى بولسا ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ ئاۋاز قوشۇشى ۋە ماسلى-
شىشىغا ئېرىشىشتىن ئەمدىلىكتە قايتا ئۈمىد كۈتەلمەيدىغان

بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، ئېفتالىت دۆلىتى بىلەن پېرسىيە دۆلىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مىلادى 503 - يىلىدىن باشلاپ 10 يىلغا سوزۇلغان زور كۆلەملىك ئۇرۇش پارتىلىغانىدى؛ ئۇرۇشتا ئۆزئارا يېڭىش ۋە يېڭىلىش بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئېفتالىتلارنىڭ دۆلەت كۈچىنى زور دەرىجىدە خورىتىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ مىقداردىكى جانلىق كۈچىنى ئىسكەنجىدە تۇتۇپ تۇرغانلىقتىن، ئۇلارنى قاڭقىل دۆلىتىنىڭ جورجان خانلىقىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى كۈرەش قىلىشقا قارىتا يەنە ئۈنۈملۈك ياردەم بېرىشكە ئامالسىز قىلىپ قويدى. يۇقىرىقىلارمۇ قاڭقىل دۆلىتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدا رول ئوينىغانىدى.

مىئوتۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قاڭقىل دۆلىتى «ھۆكۈمراندىن ئايرىلىپ، خەلقى تەرەپ - تەرەپكە تاراپ كەتتى» («ۋېينامە. يۈەن خەننىڭ تەرجىمىھالى»). ھالبۇكى، جورجان خانلىقى بولسا «بۇرۇنقى زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ» («لياڭنامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە»)، «ئىسيانچىلارنى جازالاپ، دۆلىتىنى بارغانسېرى قۇدرەت تاپقۇزدى» («ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە»). بۇنىڭدىكى «ئىسيانچىلار» نى جازالاش، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە ئېيتىلغان «دەسلەپتە جورجانلارغا تەۋە بولۇپ، كېيىن جورجانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن قوشنا دۆلەتلەر» بولۇپ، قاڭقىل دۆلىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايتتى. شەكسىزكى جورجانلار يەنە تىيانشاننىڭ شىمالىنى قايتا ئىگىلىۋالغانىدى، قاڭقىللار بولسا بۇ رايونلاردىن قوغلاپ چىقىرىلغانىدى. قاڭقىللار قەيەرگە كۆچۈپ بارغان؟ تارىخىي كىتابلاردا پەقەت «پۈتۈنلەي ئېفتالىتلارنىڭ ئارىسىغا كۆچۈپ بارغان» لىقىلا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ باشقا جايلارغا كۆچۈپ بارغانلىقى خاتىرىلەنمىگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئېفتالىتلار تىيانشاننىڭ جەنۇبىي يولى بىلەن كىنگىتنىڭ

غەربىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۈچى
تېخى تىيانشاننىڭ شىمالىغا ئۆتمىگەنىدى. جۇغراپىيىلىك
ئورنى ۋە ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، ئېفتالىتلارنىڭ ئارىسىغا قې-
چىپ بارغان قاڭقىللار ئېفتالىتلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ تۇ-
رۇلۇۋاتقان كىنگىتنىڭ غەربىي ۋە شىمالىدىكى جايلارغا يەنى
ھازىرقى قايدۇ (قاراشەھەر) دەرياسى ۋادىسىغا قېچىپ بارغان
بولۇشى مۇمكىن.

مىسۇتۇ ئۆلگەندىن كېيىن، قاڭقىل خەلقى دەرھال ئۇ-
نىڭ ئىنىسى ئىلبەگنى ئۆزلىرىگە ھۆكۈمران قىلىپ تىكلىدى.
قاڭقىل دۆلىتى ئېفتالىت دۆلىتىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، بىر
قانچە يىلدىن كېيىن ئاندىن ئەسلىگە كېلەلىدى. بۇ ۋاقىتتا
جورجان خانلىقىدا ئىچكى قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، ھۆكۈم-
رانلار گۇرۇھى ئىچكى جەھەتتە بىر - بىرى بىلەن چىقىشال-
مايدىغان ئىككى گۇرۇھقا ئايرىلىپ ئۆزئارا پۈت تېپىشتى ۋە
قىرغىنچىلىق قىلىشتى. قاڭقىل دۆلىتىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلى-
نىپ بۇرۇنقى زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋالغان، تارىخىي كىتابلاردا
«ئېفتالىتلار مىسۇتۇنىڭ ئىنىسى ئىلبەگنىڭ دۆلىتىگە قايتقان-
لىقىنى ئاڭلىغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. بەلكىم ئىلبەگ ئۆز
مىللىتىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋالغان بو-
لۇشى، ئېفتالىتلار پۈتۈنلەي ئەسكەر چىقىرىپ ئىلبەگنى مۇھا-
پىزەت قىلىپ دۆلىتىگە ئاپىرىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.
ئىلبەگ دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ۋېي سۇلالى-
سىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئولپان تەقدىم قىلىپ، بۇرۇنقىدەك
دوستانە ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مىلادى 520 - يىلى
ئىلبەگ قاڭقىل قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ جورجانلارغا
زەربە بېرىپ، جورجان قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. جورجان-
لارنىڭ قاغانى چيۇنۇ مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ بارغاندىن
كېيىن، دەرھال ئانىسى ۋە ۋەزىرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈل-

دى» («ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە»). ئارقىدىنلا جور-
جان ھۆكۈمرانلار سىنىپى بىراھىمان قاغان بىلەن ئاناغاي
قاغاننىڭ باشچىلىقىدىكى ئىككى گورۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى.
بىراھىمان قاغاننىڭ باشچىلىقىدىكى جورجان قەبىلىلىرى چۆل-
لۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا تۇردى؛ ئاناغاي قاغان ئاكىسى
شى فا بىلەن ئۇرۇش قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، «ئەس-
كەرلىرىنى باشلاپ جەنۇبقا كۆچۈپ بېرىپ»، ۋېي سۇلالىسىگە
تەسلىم بولدى. بىراھىمان يەنە شى فا بىلەن ئۇرۇش قىلدى.
شى فا ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن «تاتابىلارنىڭ ئا-
رىسىغا قېچىپ كەتتى». جورجان خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسىم-
دىكى بۇنداق قالايمىقانچىلىق ۋەزىيەت يەنە قاڭقىل دۆلىتى
ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەردى. مىلادى 521 - يىلى (ۋېي
شياۋمىڭدىنىڭ جېڭگۇاڭ 2 - يىلى) ئىلبەگ قاڭقىللارنىڭ زور
قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ، جورجانلارنىڭ زېمىنىغا ئىچكىرى-
لەپ كىرىپ، جورجان قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. بىراھىمان
چېقىش يولى قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، «قەبىلىلىرىنى لياڭجوغا
باشلاپ بېرىپ» ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. قاڭقىل
قوشۇنلىرى تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى. بىز، ئەينى ۋاقىتتىكى چۆللۈك-
نىڭ شىمالىنىڭ ۋەزىيىتىنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ
ئۇزغان سانغۇنى، لياڭجونىڭ ئايماق بېگى يۈەن خېنىنىڭ ۋېي
شياۋمىڭدىغا ئېيتقان مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزىدىن كۆرۈۋالايمىز،
ئۇ «بۈگۈنكى كۈنلۈكتە جورجانلار قاڭقىللار تەرىپىدىن مەغ-
لۇپ قىلىندى، بىزنىڭ سۇلالىمىزنىڭ ھەيۋىسىگە
تايىنىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىككى ھۆكۈمرانى (ئا-
ناغاي بىلەن بىراھىمان)، بىزگە ئەل بولدى، ئۇلارنىڭ ئەل
بولۇشى بىلەن قول ئاستىدىكى پۇقرالىرىمۇ پۈتۈنلەي بىزگە
بەيئەت قىلدى ...... ھازىر جورجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى
بىزگە ئەل بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ پۇقرالىرى يە-

لىلا ئارقىلىپ يۈرمەكتە، لېكىن ئۇلارنىڭ قوۋملىرى ئىنتايىن كۆپ، ھەممىلا جايدا تەسىر كۈچى بولسىمۇ، خان ئائىلىلىرىگە ئۇمىد باغلاپ تۇرماقتا. قاڭقىللارمۇ ئۇلارنى پۈتۈنلەي قوشۇۋالمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرىگە بەيئەت قىلدۇرالمىدى» («ۋېينامە. يۈەن خەننىڭ تەرجىمھالى») دېگەنىدى. ئاناغايمۇ ۋېي شياۋمىڭدىغا: «دۆلەت پاراكەندىچىلىك گىردابىغا چۈشۈپ قالغاچقا، ھەرقايسى قەبىلىلەر ئۆز ئالدىغا ئايرىم جايلارنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۆزئارا بۇلاڭچىلىق ۋە قىرغىنچىلىق قىلىشماقتا» («ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە») دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇنىڭدىن قاڭقىل قوشۇنلىرىنىڭ جورجان خانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنى يىمىرىپ تاشلىغان بولسىمۇ، ئەمما چۆللۈكنىڭ شىمالىدا داۋاملىق تۇرۇپ قالغان جورجانلارنى پۈتۈنلەي تولۇق ئەل قىلدۇرالمىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. قاڭقىل قوشۇنلىرى بىراھمان شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، چۆللۈكنىڭ شىمالىنى داۋاملىق ئىشغال قىلىۋېلىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان بولسا كېرەك.

مىلادى 521 - يىلىدىكى ئۇرۇشتا، قاڭقىل دۆلىتى جورجان خانلىقىنىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى بىر يوللا يىمىرىپ تاشلاپ، ئۇنى مۇنقەرز بولۇشقا ئاز قويغانىدى. قاڭقىل دۆلىتى چۆللۈكنىڭ شىمالىي رايونىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىۋالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ زور غەلىبىسى، ئۇنى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي بىلەن غەربىي شىمالىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندۇرغانىدى. بىراق شۇنىڭدىن كېيىن ۋېي سۇلالىسى مۇنقەرز بولۇشقا يېقىنلاپ قالغان جورجان خانلىقىغا قارىتا «قايتا يۆلەپ كۆللىنىش ۋە مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇشقا يار - يۆلەك بولۇش» سىياسىتىنى قوللان-

ھاچقا، قاغقىل دۆلىتىنىڭ گۈللىنىش ۋەزىيىتىمۇ، ئانچە ئۇزاق داۋام قىلالمىدى.

## 5. ئوغىنات ۋېيى سۇلالىسىنىڭ جورجان خانـ لىقىغا قارىتا قوللانغان «قايتا يۆلەپ، گۈللەندۈرۈش ۋە مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇشقا يار - يۆلەك بولۇش» سىياسىتى، قاغقىل دۆلىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە مۇنقەرز بولۇشى

قاغقىل دۆلىتىنىڭ زور غەلىبىسى شىمالىي ۋېيى سۇلالىسىنىڭ پادىشاھ ۋە ۋەزىرلىرىنى يەنە قايتا ئەندىشىگە سالدى. ئۇلار قۇدرەتلىك قاغقىل دۆلىتىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ئۈچۈن يەنە ئۆزئارا دەيدەيگە سېلىپ قويۇش تەدبىرىنى قايتا كۆتۈرۈپ چىقتى. ۋېيى شياۋمىڭدى بىر تەرەپتىن، جېڭگۇاڭنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 522 - يىلى) گۆكەينى ئەلچى قىلىپ، قاغقىل دۆلىتىگە ئەۋەتىپ، ئېلىبەگكە غەربنى تىنچىتقۇچى سانغۇن، بارىسكۆل ۋىلايىتىنىڭ تۇنجى بېگى، قاغقىل خانى ⑨ دېگەن نامنى بېرىپ، قاغقىل دۆلىتىنىڭ غەلىبە مېۋىسىگە قارىتا قوغلۇقلاش نىيىتىنى بىلدۈرسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، گاۋيالىق بېگى يوڭ، دىۋان بېگىنىڭ پەرمانچىسى لى چوڭ قاتارلىقلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئاناغاينىڭ قەبىلىلىرىنى تۇرۇش بولىقى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى گوياڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا) غا ئورۇنلاشتۇردى، بىراھماننىڭ قەبىلىلىرى شىخەيجۈن ۋىلايىتى (شىنخەي: ھازىرقى قۇيان كۆلى بولۇپ، ۋىلايەت ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ئېجىناچى خوشۇنىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) گە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەھەرقا يىلىنـ

نىڭ باشچىلىقىدىكى قەبىلىلەرنى يىغىپ، تارقاقلاشتۇرۇشنى بۇيرۇق قىلدى» («ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە»). دۇنداق قىلىش كۆرۈنۈشتە «قىيچىپ كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلىپ»، ئاللىقاچان مۇنقەرز بولۇپ بولغان ھاكىمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، ئۇلۇغ بىر ئەلنىڭ بۇرچى قىلىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدەك قۇدرەتلىك بىر ئەلنىڭ قانداقلا بولمىسۇن مەنىۋى جەھەتتىكى بۇنداق قوللاشنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، كۆڭلىدە ھەمىشە «جورجانلار پۈتۈنلەي مۇنقەرز بولغان» دىن كېيىن «قاڭقىللارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشى» دىن ئەندىشە قىلىپ، جورجانلارنى يۆلەپ، قاڭقىللارنى ئىسكەنجىگە ئېلىشقا ئۇرۇنۇش ئىدى. يۈەن خەن شياۋمىڭدىگە: «پايتەختنى لوياڭغا كۆچۈرگەندىن بۇيان (شىمالىي ۋېي سۇلالىسى مىلادى 497 - يىلى پايتەختنى لوياڭغا كۆچۈرگەنىدى) يىشۈي دەرياسى بىلەن چانشۈي دەرياسى ئارىلىقىدا مۇستەھكەم پۇت دەسسەپ تۇرۇپ كېلىۋاتىمىز، قاڭقىللار بىلەن جورجانلار ئۆزئارا بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشماقتا ......، بىراق ئۇلار داۋاملىق دۈشمەنلىشىپ كەلمەكتە، ئەمدىلىكتە «بىيەن جۇاڭزى تەدبىرى» نى ئىشقا سالساق، چېگرىدا نەچچە ئون يىلغىچە قالايمىقانچىلىق يۈز بەرمەيدۇ، مانا بۇ قاڭقىللارنى ئىسكەنجىگە ئېلىشنىڭ ئېپىدۇر» («ۋېينامە. يۈەن خەننىڭ تەرجىمىھالى») دېگەنىدى. يۈەن خەن لياڭجۇدا مەنسەپ تۇتۇپ كەلگەن بولۇپ، بولۇپمۇ ۋېي شياۋمىڭدىگە خېشى ئارلىقىنىڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، «لياڭجۇنىڭ يېرى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ، ئاشلىقى كەمچىل، دۇنخۇاڭ بىلەن جۇچۈەندە بوش يەرلەر كۆپ، مۇبادا جورجانلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئەسلىگە كېلەلمىسە، قاڭقىللار شىمالدا خىرىس قىلىپ، غەرب تەرەپتىن پاراكەندىچىلىك سالىدۇ، بۇنىڭدىن قانداقمۇ ئەندىشە قىلماي تۇرغۇلۇق» دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئۇ ئوردىغا بىراھانە

نى «شىخەي قەدىمىي شەھىرىنى رېمونت قىلىپ شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش» نى تەكلىپ قىلدى. ئۇ شىخەيجۇن ۋىلايىتى «قاڭقىللار تۇرۇۋاتقان ئالتۇنتاغقا مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدۇ. (ئىلاۋە: قاڭقىل دۆلىتى غەربىي شىمالدا بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپى ئالتۇنتاغ بىلەن چېگرىلىناتتى)، بۇ جاي دەل شىمالدىكى بۇلاڭچىلارنىڭ ئۇيان - بۇيانغا ئۆتۈشتىكى مۇھىم جايى»، بىراھماننى مۇشۇ جايغا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك، بۇنى «تاشقى جەھەتتە قاڭقىللاردىن مۇداپىئە كۆرۈشنىڭ ئەمەلىي تەدبىرى» (يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش) دەيتتى. لېكىن ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئويلىغانلىرى ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدەك ئەمەلگە ئاشماي قالدى. بىراھمان جېڭگۇاڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 521 - يىلى) يەنلى شىخەيجۇن ۋىلايىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى ياندۇرقى يىلى، قەبىلىلىرىگە باشچىلىق قىلىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ لياڭجو ئايمىقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، كېيىن لياڭجودىكى قوشۇنلار تەرىپىدىن قولغا چۈشتى. ياندۇرقى يىلى يەنە ئاناغايمۇ ئىسيان كۆتۈرۈپ، «2000 ئاھالە بىلەن ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ ئۆتەڭلەردە بېقىلۋاتقان نەچچە يۈز مىڭ ئات - كالا، قويلىرىنى بۇلىۋېلىپ» («ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە»)، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىپ كەتتى.

ئاناغاي قاغان چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، تېزلىك بىلەن تارقىلىپ كەتكەن «300 مىڭغا يېقىن ئادىمى» («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. لىنخۇەي بېگى تەنىنىڭ تەرجىمھالى») نى توپلىدى. ئۇ يەنە ئەتراپىغا بىر تۈركۈم خەنزۇ تۆرىلىرىنى توپلاپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىغا تەقلىد قىلىپ، زامانغا ماس كېلىدىغان بەزى سىياسەتلەرنى ئىسلاھ

قىلىپ تېزدىن كۈچەيدى.

بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قاڭقىل دۆلىتىدە ھېچقانداق ياخشىلىنىشلار بولمىدى، ئېلبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى قاڭقىل دۆلىتى يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە، ئېپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ تەشكىلى ⑩ ئىدى. يۇەنخەن ئېيتقان قاڭقىل دۆلىتىنىڭ «قوشۇنلىرى كۆپ بولسىمۇ، ھۆكۈمرانلىرى ھاماقەت بولغاچقا، يۇقىرى - تۆۋەننى ئىدارە قىلالمايدۇ، تۆۋەن يۇقىرىغا ئىتائەت قىلمايدۇ، بۇلاڭچىلىققا تايىنىپلا بايلىق توپلايدىغان بولغاچقا، بۇلاڭچىلىقنى كەسىپ قىلىۋالغان» دېگەن سۆزى، بۇ نۇقتىنى ئىنتايىن ياخشى چۈشەندۈرۈپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، قاڭقىل خانى ئېلبەگ غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ جورجانلار ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىدىن مەست بولۇپ كېتىپ، يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان خەتەرلىك ۋەزىيەتكە سەل قارىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ جېڭگۇاڭ 3 - يىلى (مىلادى 522 - يىلى) ئۇ جورجانلارنىڭ ھۇجۇمى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىغا كېلىپ قالغان ۋاقىتتا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ۋېي ئوردىسىدىن «بىر توپ تاۋار - دۇردۇن، بىر دانە ئۈستى يېپىقلىق ھارۋا، بىر دانە قوشقۇن، كۈنلۈك بىلەن يەلپۈگۈچتىن ھەر بىرىدىن بىر دانە، يۇمىلاق كۆك چېدىردىن بەشنى، قىزىل يەلپۈگۈچتىن بەش دانە، ئون دانە بۇرغا بېرىشنى تەلەپ قىلىپ» («ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»)، ئۆزىنىڭ نەزەر - دائىرىسىنىڭ تارلىقىنى ۋە چىرىكلىكىنىڭ خاھىشىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىپادىلىدى. بۇ مۇقەررەر ھالدا قاڭقىل خەلقىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇرۇپ، قاڭقىل دۆلىتىنىڭ يۇقىرى قاتلام گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

«ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە: «ئېلبەگ كېيىن

جورجانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كەل-
گەندە، ئۇنىڭ ئىنىسى يۈجۈ ئىلبەگنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى تەخت-
كە چىقتى» دېيىلگەن. ئىلبەگنىڭ جورجانلار بىلەن ئۇرۇش
قىلغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن يىلى، تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلەن-
مىگەن. «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە «جېڭگۋاڭنىڭ ئوتتۇرا
يىللىرى» دىن كېيىن قىلىپ بېكىتىلگەن بولۇپ، بەلكىم جېڭ-
گۋاڭ (مىلادى 520 — 524 - يىللىرى) نىڭ ئاخىرقى يىل-
لىرى يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئىلبەگ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تاشقى مۇھىت قاڭقىل
دۆلىتىگە بارغانسېرى پايدىسىز بولدى. مىلادى 524 - يىلى
شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدە زور كۆلەملىك ئالتە قورغان قوزغى-
لىڭى پارتلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ
تۇرغان ئىچكى تالاش - تارتىشلارغا پېتىپ قالدى، شۇڭلاشقا
ئۇنىڭ توغرىدىن - توغرا يېڭىباشتىن كۈچىيىشكە باشلىغان جور-
جان خانلىقىنى قايتا تىزگىنلەشكە ماجالى يەتمىدى، ئەكسىچە
شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ۋە كېيىنكى شەرقىي، غەربىي ۋېيلار-
نىڭ ھەممىسى، جورجان خانلىقى بىلەن پائال ياخشىچاق بو-
لۇپ، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ياكى ئۇنىڭ جەنۇبقا بې-
سىپ كىرىشىنى ئازايتىشنى ئۈمىد قىلىپ، شۇ ئارقىلىق دۆلەت
ئىچىدىكى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خەلق بىلەن ئۆزئارا دۈشمەنلەش-
كەنلەرگە تاقابىل تۇرماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋا-
قىتتا، ئېفتالىت دۆلىتىمۇ ئۈزلۈكسىز ئاجىزلىشىپ، جورجانلار
بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشكە باشلىغاچقا، ئەلۋەتتە ھەر خىل شە-
كىللەر بىلەن قاڭقىل دۆلىتىنى قايتا قوللىمايدىغان بولدى.
ئىلبەگ ئۆلتۈرۈلگەندىن باشلاپ، قاڭقىل دۆلىتى ئاجىزلىشىش
يولىغا قاراپ مېڭىشتىن مۇستەسنا بولالمىدى.

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. شىنۋۇ ھەققىدە خاتىرە»
دە: «بۇلاڭچى ئاپۇغور جېڭگۋاڭ يىللىرىدىن ئىلگىرى دائىم

ئۆزىنى قارام ئەل دەپ ئاتايتتى، ۋېي سۇلالىسىدىن باشلاپ، كۆپ قېتىم ئىسيان كۆتۈردى» دېيىلگەن. ئاپۇغور قاڭقىل دۆلىتىنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇنىڭدىن مىلادى 524 - يىلىدىكى ئالتە قورغان قوزغىلىڭىدىن كېيىن قاڭقىل دۆلىتىنىڭ ۋېي سۇلالىسى بىلەن بولغان ئولپان تەقدىم قىلىش مۇناسىۋىتىنى ئاللىقاچان ئۈزۈپ قويغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. «ۋېينامە» دە ئېلبەگ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى قاڭقىل دۆلىتىنىڭ تارىخىنى بەكلا يىغىنچاقلاپ خاتىرىلىشى، مانا مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

«قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، يۆجۆ ئېلبەگنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنى قاڭقىل خانى دەپ جاكارلىغانىدى. شەرقىي ۋېينىڭ پادىشاھى شياۋجىڭدىنىڭ تيەنپىڭ 2 - ياكى 3 - يىلى (مىلادى 535 - يىلى ياكى 536 - يىلى) ئۇ قاڭقىل قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ جورجانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئوغلى بىشى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، شۇڭا ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرغان يىل دەۋرىنىڭ ئاخىرقى چېكى تيەنپىڭنىڭ 2 - يىلى ياكى 3 - يىلى بولۇشى كېرەك. يۆجۆ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، ۋېي شياۋۋۇدىنىڭ يوڭشى 2 - يىلى (مىلادى 523 - يىلى) 3 - ئايدا، قاڭقىل دۆلىتى ئەلچى ئەۋەتىپ مۇناسىۋەتنى ياخشىلىغانىدى. تارىخىي كىتابلاردا «مۇشۇ ئايدا ئاپۇغورنىڭ 100 مىڭ تۇتۇنى بەيئەت قىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەنىدى. ۋېي شياۋۋۇدى بوخەي بېگى گاۋخەننى باش ۋەزىرلىققا تەيىنلەپ، «ئەھۋالغا قاراپ، بىر ياقلىق قىلىش» («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. خاتىرىلەر») توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. گاۋخەن قاڭقىل دۆلىتىگە «ئاشلىق، يىپەك رەختلەر» نى ھەدىيە قىلىپ، «ئۇلارنىڭ سەركەردىسى تادىبىن قاتارلىقلارغا كۆپلەپ ئىنئام بېرىپ، ئۆزىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشىنى ئارزۇ قىلدى»

(«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. شىنۋۇ ھەققىدە خاتىرە»). بۇ-
نىڭدىكى تادىن قائقىل خانى يۈجۈنىڭ قول ئاستىدىكى سەر-
كەردە بولۇشى كېرەك. يوڭشىنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 534 -
يىلى) ۋېي شياۋۋۇدى غەربىي ۋېي پادىشاھلى-
قىنىڭ ئاساسچىسى يۈۋىن تەينىڭ مۇزۇرىغا قېچىپ باردى.
ۋېي شياۋۋۇدى شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى
يېرىم كېچىدە «ئەرك بېغىدا ئاپورغورغا زىياپەت بەرگەنىدى»
(يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش). بۇنىڭدىكى ئاپۇغور، ئاپورغور
دۆلىتىنىڭ ئەلچىسىنىڭ قىسقارتىلغان نامى بولۇشى كېرەك.
بۇنىڭدىن قائقىللارنىڭ خانى يۈجۈ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ
غەربىي ۋېي پادىشاھلىقىغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىنى بىلگىلى
بولىدۇ. ۋېي شياۋۋۇدىنىڭ ئەرك بېغىدا ئۇلارنىڭ ئەلچىسىگە
زىياپەت بېرىشى، قائقىللارنىڭ گاۋخەنىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلىقىنى
دىكى شەرقىي ۋېي پادىشاھلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى
ئۈزۈشكە نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن
ۋېي شياۋۋۇدىنىڭ ئۆزى دەل ئاپوغورغا زىياپەت بېرىپ ئور-
دىغا قايتىش يولىدا، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا ئالدىراپ
كەتكەن يۈيۈۋېنتەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. شۇنىڭدىن كې-
يىن قائقىل دۆلىتى غەربىي ۋېي بىلەن زادىلا مۇناسىۋەت قىلىپ
باقمىدى. بەلكىم غەربىي ۋېي بىلەن جورجان خانلىقىنىڭ
تىل بىرىكتۈرۈشىنىڭ چەددىيلىشىشى تۈپەيلىدىن، قائقىل
دۆلىتى شەرقىي ۋېي بىلەن بولغان ئۇلپان تەقدىم قىلىشتىن
ئىبارەت دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى تاكى جورجان خانلىقى مۇن-
قەرز بولغىچە ئۈزۈلمەي تۇردە ساقلاپ كەلگەنىدى.

بىشى يۈجۈنى ئۆلتۈرۈپ تەختكە چىققاندىن كېيىن،
تيەنپىڭنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 536 - يىلى) 1 - ئايدا
غەربىي ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ لىڭجۇ ئايمىقى (ھازىرقى نىڭشيا-
نىڭ لىڭۋۇ ناھىيىسى) نىڭ ئايماق بېگى ساۋنى ۋە ئۇنىڭ

كۆيتوغلى، لىنجو ئايمىقىدىكى جىنچىڭ شەھىرىنىڭ باش تۇر-
تۇقى ليۇ فىڭ يىۇ ۋىنتەيدىن يۈز ئۆرۈپ، شەرقىي ۋېي پادى-
شاھلىقىغا بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا شەر-
قىي ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ باش ۋەزىرى گاۋخەن غەربىي ۋېي-
نىڭ شياجو ئايمىقى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئىكجاۋ ئاي-
مىقىنىڭ ئۇشىن خوشۇنىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا)نى تۇيۇقسىز ئىشغال
قىلىپ، ساۋنىي قاتارلىقلارغا ئاۋاز قوشتى، غەربىي ۋېي پادى-
شاھلىقى قوشۇن ئەۋەتىپ ساۋنىي بىلەن ليۇ فىڭنى لىنجۇ شە-
ھىرىدە قورشىۋالدى. گاۋخەن ساۋنىينى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن،
«ئاپوغورنى 30 مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن لىنجونى ئىشغال
قىلىشقا ئەۋەتتى». غەربىي ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇنلىرى
نەچچە 10 مىڭ كىشىلىك قاتتىق قوشۇنلىرىنىڭ تەھدىتى
بىلەن مۇھاسىرىنى بوشىتىشقا مەجبۇر بولغانلىقتىن، ساۋنىي
بىلەن ليۇ فىڭ قاتارلىقلار «5000 تۈتۈننى باشلاپ»، لىنجونى
تاشلاپ شەرقتىكى گاۋخەنگە بەيئەت قىلدى. («شىمالىي سۇ-
لالىلەر تارىخى. شىنۋۇ ھەققىدە خاتىرە»). شۇ يىلى 2 - ئاي-
دا گاۋخەن يەنە ئاپوغورنى قوشۇن بىلەن غەربىي ۋېي پادى-
شاھلىقى چىنجو ئايمىقى (ھازىرقى تيەنشۈي) نىڭ ئايماق
بېگى ۋەن سىپۇبا («ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە «ۋەن سىپو» دەپ
يېزىلغان) نىڭ شەرقىي ۋېي پادىشاھلىقىغا ئەل بولۇشىغا
ھەمدەمدە بولۇشقا ئەۋەتتى. 5 - ئايدا ئاپوغورنىڭ قوشۇنلىرى
چىنجو ئايمىقىغا يېقىنلاپ بارغاندا، ۋەن سىپۇبا ئىلاجىسىز
قالغانلىقتىن، ئوغلى خان ۋەزىر ۋەن سىشولوگەن، ياۋجۇ ئاي-
مىقىنىڭ ئايماق بېگى چېگەن باۋلى، ئۇڭ قانات مۇھاپىزەت-
چىلەر سانغۇنى خەن چاڭ ۋە باش سانغۇن قاتارلىق 300 دىن
ئارتۇق ئادەم بىلەن شەرقىي ۋېيگە تەسلىم بولدى. قاتتىق
دۆلىتى بېشىنىڭ دەۋرىدە خارابلىشىش باسقۇچىدا تۇرغان بول-
سىمۇ، نەچچە 10 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى لىنجو بىلەن

چىنجودىن ئىبارەت ئىككى ئايماقتا [11] قوشۇن ئەۋەتىپ جازا يۈرۈش قىلىپ، غەربىي ۋېي بىلەن شەرقىي ۋېينىڭ تەپرىقچىلىك ئۇرۇشىغا بىۋاستە قاتناشتى. ھەقىقەتەنمۇ تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان بىر ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ.

شەرقىي ۋېينىڭ پادىشاھى شياۋجىڭدىنىڭ شىڭخې يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى (شىڭخې يىلى مىلادى 539 - يىلىدىن 542 - يىلىغىچە جەمئىي تۆت يىل داۋاملاشقان بولۇپ، شىڭخېنىڭ ئوتتۇرىلىرى مىلادى 540 — 541 - يىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ)، جورجان خانلىقى يەنە زور قوشۇن ئەۋەتىپ قاڭقىل دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلدى. قاڭقىل دۆلىتى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. بىشى «جورجانلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان»دىن كېيىن ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس. بەلكىم جورجانلار تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈشۈپ، ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. بىشى ئۆلگەندىن كېيىن، يۆجۆنىڭ ئوغلى چۈبىن قاڭقىللارنىڭ ھۆكۈمرانى قىلىپ تىكلەندى. بىر قىسىم قاڭقىللار (تارىختا «ئاپوغورنىڭ باشقا قەبىلىلىرى» دەپ ئاتالغان)، شەرقىي ۋېيگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئەل بولىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلدى. شەرقىي ۋېي پادىشاھلىقى باش ۋەزىر گاۋخەننى ۋۇجۇ قورۇلى (ھازىرقى سەنشىنىڭ زويۈن ناھىيىسى) غا ئۇلارنى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتكەندە، نەتىجىسىز قايتىپ كەلدى. بۇ بۆلەك قاڭقىللار بەلكىم جورجانلارنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ياكى قىرغىن قىلىنىشىغا ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. شىڭخېنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 541 - يىلى) بىر قىسىم قاڭقىللار ئۇخاناخۇنىڭ باشچىلىقىدا شەرقىي ۋېيگە بەيئەت قىلدى. 4 - ئايدا قاڭقىل دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانى چۈبىنمۇ قالدۇق قوۋملىرىنى باشلاپ جورجانلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ، شەرقىي ۋېيگە قېچىپ باردى. گاۋخەن ۋېي شياۋجىڭدىگە «چۈبىنگە قاڭقىل خانى، شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى بەي-

ئەتچى سانغۇن، سىجۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى» («ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە») دېگەن ئۇتتۇغات نامىنى بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. چۇبىن كېيىن كېسەل بىلەن ئۆلدى. قاڭقىل دۆلىتى مۇنقەرز بولدى. قاڭقىل دۆلىتى مىلادى 487 - يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، تاكى مىلادى 541 - يىلى مۇنقەرز بولغىچە جەمئىي يەتتە خاننىڭ دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، 54 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

قاڭقىل دۆلىتى قاڭقىللارنىڭ پوۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ جورجان خانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەش جەريانىدا قۇرۇلغانىدى. ئۇ دۆلەتنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن تۈپ نېگىزىدىن ئالغاندا، ئۇ يەنىلا تولۇق مەنىدىكى دۆلەت ئەمەس ئىدى. قاڭقىل دۆلىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىنى، ئاساسلىقى ئۇنىڭ جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ قالاقلىقى بىلەن ئۇرۇق قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ چىرىكلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ئەلۋەتتە تاشقى سەۋەبلەرمۇ، مەسىلەن، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئېفتالىت دۆلىتىنىڭ ئۆزلۈكىدىن چىقىش يولى قالمىغان ئەھۋالدا، قاڭقىل دۆلىتىگە قاراتقان قوللاش پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشى، ھەتتا جورجان خانلىقى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشى قاتارلىقلارمۇ، قاڭقىل دۆلىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىدا ئاز بولمىغان روللارنى ئوينىدى.

قاڭقىل دۆلىتى ئەڭ ئاخىرىدا جورجان خانلىقى تەرىپىدىن مۇنقەرز بولغان بولسىمۇ، لېكىن قاڭقىل خەلقىنىڭ جورجان قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش قىلىش روھىنى مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ. قاڭقىللار غەربىي شىمالنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا دۆلەت قۇرغانىدى، شۇنىڭدەك غەربىي يۇرتقا بېرىشتىكى مۇھىم ئېغىز بولغان ئۇۋۇسرغول ۋە قوچۇ قاتارلىق جايلاردا جورجان ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك قەھرىمانلارچە كۈرەش ئېلىپ باردى، بۇ

قىل كۆرەش جورجان خانلىقىنىڭ جانلىق كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئىسكەنجىگە ئېلىپ ۋە خورىتىپ، ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن جەنۇبتىكى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلالماس قىلىپ قويدى، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى خەنزۇلارنىڭ باياشات دېھقانچىلىق رايونلىرىغا بولغان بۇزغۇنچىلىقىنى ئازايتتى. قاڭقىل دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ كۈرىشى، جورجان خانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتقا قاراپ كېڭىيىش يولىنى توسۇپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە جورجان خانلىقىنىڭ ئوڭ قولىنى ئۈزۈۋېتىش رولىنى ئوينىدى، شۇ ئارقىلىق جورجان خانلىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىزلىشىش يولىغا قاراپ مېڭىش جەريانىنى تېزلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، قاڭقىل دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ جورجان خانلىقىغا قارشى كۈرىشى، ئەينى ۋاقىتتا جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا تارقالغان تۈرك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ جورجان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشى ۋە مۇستەقىل تەرەققىي قىلىش يولىغا قاراپ مېڭىشىغا نىسبەتەن بىۋاستە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. قىسقىسى، قاڭقىل دۆلىتى مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى مىللەتلەر تارىخىدا سەل قاراشقا بولمايدىغان تارىخىي ئورۇنغا ۋە ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

**قوشۇمچە:**

**قاڭقىل دۆلىتىنىڭ نەسەبنامىسى**

**(مىلادى 487 - يىلىدىن 541 - يىلىغىچە)**

**ئاپورغور** ←

**(ئاپورغور جەمەتىدىن) بالىنيان** ←

**چۇنچى** ←

↓

**مىئوتو**

↓

**ئېلبەگ** → **بېشى**

↓ ↓

**يۆجۇ** **چۆبىن**

**ئىزاھلار:**

① «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «تەييەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى» دېيىلگەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 122 - جىلدىدا سۇڭ ۋېيدىنىڭ يۈەن جيا 12 - يىلى (شىمالىي ۋېينىڭ تەييەن تۆتىنچى يىلى) قىلىپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدا مۇشۇ ئاساس قىلىندى.

② «ۋېينامە» دە خاتىرىلەنگەن غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ ۋېي سۇلالىسىگە «ئولپان تەقدىم قىلىشى» دا، V ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا سۇلى بىلەن ئۇدۇن ئىككى قېتىمدىن كۆزگە چېلىقىدۇ، 60 - يىللاردا سۇلى بىر قېتىم، ئۇدۇن تۆت قېتىم كۆزگە چېلىقىدۇ. مىلادى 470 - يىلى جورجانلار ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، سۇلى مىلادى 507 - يىلى، ئۇدۇن مىلادى 502 - يىلى يەنە ھەرقايسىسى ئارىدىن 30 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن قايتا شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە «ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تەقدىم قىلغان». بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، شۈبھىسىزكى پوۋۇرغۇر قەبىلىسى غەربكە كۆچۈشتىن ئاۋۋالقى مەزگىلدىكى جورجانلارنىڭ غەربىي يۇرتقا قاراتقان ھۆكۈمرانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

③ فېڭ چېڭجۈن ئەپەندى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى باشقۇرالماي قالغاندىن كېيىن، پەقەت پىشامشاندىلا ئاز ساندىكى قورغان قىسمىلىرى بار ئىدى دەپ قارايدۇ. فېڭ چېڭجۈن ئەپەندى يازغان «غەربىي يۇرت، جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ - ئىسپاتلاشقا ئائىت ماقالىلەر» نىڭ 17 - ۋە 47 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

④ ⑥ ⑦ فېڭ چېڭجۈن: «غەربىي يۇرت، جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ - ئىسپاتلاشقا ئائىت ماقالىلەر» 45 -، 40 -، 18 - بەتلەر.

⑤ پ. سەيكىس (ئەنگلىيە): «ئافغانىستان تارىخى» I توم، سودا نەشرىياتى 1972 - يىل نەشرى 222 - بەت بىلەن.

ۋ. م. مىككوۋېن (ئامېرىكا) يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1958 - يىل نەشرى 210 - بەتكە قارالسۇن.

⑧ ئېفتالىتلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭ تارىخىدا پاناھلىق تىلەپ كەلگەن يات ئەللەرنىڭ ۋەلىئەھدلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنى بېقىشقا ماھىر بولۇپ كەتكەنىدى ھەمدە پۇرسەت تاپقاندا ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە قايتىپ تەختنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ياردەملىشىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە بەزى نەپلەرگە ئېرىشەتتى. مەسىلەن، ئېفتالىتلار پېرسىيىنىڭ داڭلىق پادىشاھى فىرۇز (Firuz) نىڭ پاناھلىق تىلىشىنى قوبۇل قىلغانىدى ھەمدە قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇنىڭ دۆلىتىگە قايتىپ تەختنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ياردەملەشكەنىدى. فىرۇز ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى قۇباس (Kubasd) مۇ ئىككى قېتىم ئېفتالىتلاردىن پاناھلىق تىلەپ كەلگەن، كېيىن ئېفتالىتلارنىڭ قوللىشى بىلەن تەختنى قولغا كەلتۈرگەنىدى، يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئېفتالىتلارنىڭ قوشۇنلىرى فىرۇز بىلەن قۇباسنىڭ تەختنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ياردەملەشكەندىن كېيىن، ئەڭ ياخشى مۇئامىلىگە ئېرىشكەنىدى. ئېفتالىتلار ئۇلارنى باج تاپشۇرۇشقا ئۇناتقاندىن كېيىن، يەنى ئۆز دۆلىتىگە چېكىنىپ كەتكەن، پېرسىيە پادىشاھى قۇللۇق ئورنىغا چۈشۈپ قالمىغان تەقدىردىمۇ، پېرسىيە دۆلىتىنىڭ ئۆزى ئېفتالىتلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. مىككوۋېن يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» 216 -، 219 - بەتلەرگە قارالسۇن.

⑨ «ۋېينامە. سۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە ئېلبەگكە قاڭقىل خانى دېگەن ئوتتۇغات نامىنى جېڭگۇاڭنىڭ 3 - يىلى يەنى ئېلبەگ بىراھمانىنى مەغلۇپ قىلغانىنىڭ ياندۇرقى يىلى بەرگەن دەپ خاتىرىلەنگەن. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە بۇ ۋەقەنى بىراھمانىنى مەغلۇپ قىلىشتىن بۇرۇن قىلىپ قويغان. ئەمما قايسى

يەلغا ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، بۇنىڭدا «سۇ زۇلۇ ھەققىدە خاتىرە»
دىكىسى ئاساس قىلىندى.

⑩ مۇشۇ كىتابنىڭ VI باب ئۈچىنچى پاراگرافىدىكى بايانلار
بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىزاھلارغا قارالسۇن.

⑪ بېشىنىڭ دەۋرىدىكى قاڭقىل دۆلىتى بىلەن ئۇنىڭ تەسىر
كۈچى خېلى ئارىلىقىغىچە يېتىپ بارغانىدى. لېكىن بۇ جەھەتتىكى
ماتېرىياللار ئىنتايىن ئاز بولغاچقا، ئالدىراپ ھۆكۈم چىقىرىشقا
بولمايدۇ.

# IX باب توغبات - دەي (ۋېي) پادىشاھلىقىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى قاڭقىللارغا قاراتقان بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرى ۋە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى

يۇقىرىدىكى ئىككى بابتا بىز ئاساسەن 16 پادىشاھلىق ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى جورجان خانلىقىنىڭ قاڭقىللارنى ئىستېلا قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلىقى بىلەن قاڭقىل خەلقىنىڭ جورجان خانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغانىدۇق.

16 پادىشاھلىق ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، توغبات دەي (ۋېي) پادىشاھلىقىدىكى قۇلدارلار (كېيىن فېئودال پومېشچىكلارغا ئۆزگەرگەن) سىنىپى، جورجان خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، قاڭقىل قەبىلىلىرىنىڭ ئادەملىرىنى تۇتقۇن قىلىش ۋە بايلىق بۇلاشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغانىدى. جورجان خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن بولسا، جورجان خانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ يەنە، قاڭقىللارنىڭ ئاھالە ۋە بايلىقلىرىنى خالىغانچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى 1 مىليوندىن ئارتۇق قاڭقىللارنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشىگە سەۋەبچى بولدى. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم

رايوندىكى خىتاۋ رايونى شۇچاغلاردىمۇ مەھەل قاڭقىللارنىڭ ئورۇق - قەبىلىلىرىنىڭ ئاساسلىق ماكانىغا ئايلانغانىدى. توغبات-سىيانپى ئاقسۆڭەكلىرى قاڭقىللارغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، ئۆزلۈكىدىن كۈنسايىن خەنزۇلىشىش ئاساسىدا، غەربىي خەن ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن بۇيانقى خەنزۇ پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەجرىبىلىرىنى ئۆزلۈكسىز تۈردە قوبۇل قىلدى. توغبات قەبىلىسىنىڭ فېئوداللىشىش جەريانىغا ئۆزئارا ماسلىشىش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىدا، ئۈچ قېتىم باسقۇچ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىدا قانداق ئۆزگىرىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، توغبات-ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىل خەلقىگە قاراتقان ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلمى باشتىن - ئاخىرغىچە ئادەتتىن تاشقىرى ئېغىر بولغانىدى. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىل خەلقى توغبات-ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، چېدىغۇسىز ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

بۇ بابتا ئاساسلىق قىلىپ 16 پادىشاھلىق ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى توغبات دەي (ۋېي) پادىشاھلىقىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى قاڭقىللارغا قارىتا قوزغىغان بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرى بىلەن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنىدۇ.

## 1. توغبات قەبىلىلىرىنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە ئۇلار قۇرغان دەي (ۋېي) پادىشاھلىقىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى قاڭقىللارغا قارىتا ئېلىپ بارغان بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرى

توغبات سىيانپىلىرى چوڭ ھىنگان تاغلىرىنىڭ شىمال

لى تىزمىسىدىن چۆللۈكنىڭ شىمالى ئارقىلىق چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، دەسلەپ «خەنزۇلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرى» دا، يەنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ۋۇيۈەن، گوياڭ ئەترابلىرىدا چارۋىچىلىق قىلدى. غەربى تەرەپتىكى قوشنا قەبىلىلەرنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن قەبىلە ئاقساقىلى لى ۋېينىڭ باشچىلىقىدا، شەرققە يۆتكىلىپ مۇئەتلوكخۇەي قەبىلىسى (سىيانپىلاشقان خۇن قەبىلىسى) گە بېقىندى. بۇ ۋاقىت ساۋ-ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ ۋېندى خۇاڭچۇ يىلىنىڭ تۇنجى يىلى، مىلادى 220 - يىلى ئىدى.

مىلادى 248 - يىلى لى ۋېي مۇئەتلوكخۇەي قەبىلىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، بىردىنلا كۈچىيىپ كەتتى. «باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىمۇ كەينى - كەينىدىن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، 200 نەچچە مىڭ كىشىلىك ئوقيالىق قوشۇننى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇردى» («ۋېينامە. مۇقەددىمە»). لېكىن بۇ ۋاقىتتا لى ۋېي يەنىلا توغبات قەبىلىسىنىڭ باشچىلىقىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ بىر ئاقساقىلى ئىدى؛ ئىتتىپاقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلارنى لى ۋېي ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئورتاق قارار قىلاتتى. مىلادى 277 - يىلى (جىن ۋۇدىنىڭ شيەننىڭ 3 - يىلى) لى ۋېي ئۆلدى، بۇچاغدا «قەبىلىلەر ئىسيان كۆتۈرۈپ، تاراپ كېتىپ، ئەل ئىچىنى قالايمىقانچىلىق قاپلاپ كەتكەن» بولغاچقا، ئۇزاق ئۆتمەي ئۈچ قەبىلىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. غەربىي جىننىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، سىما جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا «سەككىز شاھزادە پىتنىلىقى» يۈز بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە خۇنلاردىن كېلىپ چىققان لىيۇ يۈەنمۇ زوگوچىڭ شەھىرى (ھازىرقى سەنشىنىڭ لىشى ناھىيىسى) دە ئىسيان كۆتۈردى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۈستى - ئۈستىلەپ يۈز بېرىۋاتقان ئۇرۇشتىن بىزار بولۇپ كەتكەن بىر قىسىم

خەنزۇ تۆرىلىرى، توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى. مىلادى 307 - يىلى (غەربىي جىننىڭ خۇەيدى يۇڭجيا تۇنجى يىلى) لى ۋېيىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن بولغان توغبات يى لۇ خەنزۇ تۆرىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن «پەيدىنپەي ئۇچ قەبىلىنى بىرلىككە كەلتۇرۇپ»، چۆللۇكنىڭ جەنۇبىدا ۋە سەددىچىننىڭ سىرتىدا قۇدرەتلىك بىر كۇچكە ئايلاندى. مىلادى 310 - يىلى يى لۇ غەربىي جىننىڭ بىڭجو ئايمىقىدىكى ئايماق بېگى ليۇ كۇنگە ياردەم قىلىپ، ئالدىنقى جاۋ پادىشاھلىقى بىلەن قارشىلاشقاچقا، غەربىي جىن سۇلالىسى جىڭلىڭ (ھازىرقى سەنشىدىكى دەيشەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى گوجوشەن تېغى) نىڭ شىمالىدىكى مايى، يىنگۇەن، لوفەن، فەنجى، خېڭشيەن قاتارلىق بەش ناھىيىنىڭ زېمىنلىرىنى يى لۇغا بېرىپ، ئۇنىڭغا دەي بەگلىكىنىڭ بېگلىك ئۇنۋانىنى بەردى. مىلادى 315 - يىلى (جىن مىندىنىڭ جيەنشىڭ 3 - يىلى) يەنە دەيۋاڭلىق دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى، تارىختا بۇ توغبات-دەي پادىشاھلىقى دەپ ئاتالدى.

ئەينى ۋاقىتتا، دەي پادىشاھلىقى چۆللۇكنىڭ جەنۇبىدا، «شەرقتە دەيجۇن ۋىلايىتى بىلەن غەربتە شىخى، سۇفاڭ قاتارلىق نەچچە يۈز چاقىرىملىق زېمىنلار بىلەن تۇتىشىدىغان» ئىنتايىن كەڭ رايونلارنى ئىگىلىۋالغانىدى. مىلادى 316 - يىلى يى لۇ ئوغلى ليۇ بىشيۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەچكە، ئۇزاق ئۆتمەي توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا خانلىق ئورنىنى تالىشىش كۈرىشى پارتلىدى. لېكىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى ھاكىمىيەتلەر (ئالدىنقى جاۋ پادىشاھلىقى بىلەن كېيىنكى جاۋ پادىشاھلىقى) ئۆزئارا يۈز بېرىپ تۇرغان قالايمىقان ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە پېتىپ قېلىپ شىمالغا قاراشقا چولىسى تەگمىگەچكە توغبات ئاقسۆڭەكلىرى

نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تالاش - تارتىش ئۇلى مۇلەققەرز
قىلالمىدى. مىلادى 338 - يىلى توغبات شى يىجيەن خانلىق
تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. شى يىجيەن كېيىنكى جاۋ پادىشاھ-
لىقىدا بارىمتاي بولۇپ تۇرغاچقا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى
خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە بىرقەدەر چوڭقۇر ئۇچرىغان-
دى، ئۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن يەنە ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكنىڭ يىلنامىسىنى تەقلىد قىلىپ تۇرۇپ، «ھەر خىل
مەنسەپدارلارنى تۇرغۇزۇپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرگە مەسئۇل
قىلىپ» («ۋېينامە. مۇقەددىمە»)، ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى
ياخشىلىدى؛ قانۇن ۋە ھەر خىل جىنايەتلەرنى جازالايدىغان
جىنايى جازا تۇرغۇزۇپ، ئىچكى قىسمىنى تەرتىپكە سالدى
ھەمدە سىياسىي قابىلىيتى بار خەنزۇ تۆرىلىرىدىن يەن خۇاڭ
بىلەن شۇ چيەنتى ئىشقا قويۇپ، ئۇلارنىڭ دەي پادىشاھلىقى-
نىڭ چوڭ ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىشقا قاتنىشىشقا رۇخسەت
قىلدى. مىلادى 340 - يىلى (شەرقىي جىننىڭ چىڭدى شيەن-
كاڭ 6 - يىلى) شېڭلى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ھو-
رۇنگېر ناھىيىسىنىڭ شىمالى) نى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى.
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دەي پادىشاھلىقى ھەقىقىي دۆلەت كۆ-
لىمىگە ئىگە بولدى.

شى يىجيەننىڭ دەۋرى (مىلادى 338— 376 - يىللار) دىكى
دەي پادىشاھلىقى پاتىرىئارخاللىق قۇللۇق تۈزۈم
ئاساسىدىكى بىردۆلەت ئىدى. لى ۋېينىڭ دەۋ-
رىدىلا توغبات قەبىلىسىنىڭ ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمى
يىمىرىلىشكە باشلاپ، سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتتى. لى ۋېيدىن
شى يىجيەندىن ئىلگىرىكى مەزگىلگىچە بولغان ئارىلىقتىكى
توغبات قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۆت-
كۈنچى باسقۇچتىكى توغبات قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرى ئىدى.
شى يىجيەننىڭ دەي پادىشاھلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق

قىلىشى بىلەن دەي پادىشاھلىقىنىڭ دۆلەت تۈزۈمىنىڭ قۇرۇلۇشى، توغبات سىياسىيلىرىنىڭ ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىدىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈشىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا، سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش بولۇپمۇ قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى، پۈتۈنلەي دېگۈدەك سىرتقا قارىتا قىلىنغان ھۇجۇم بىلەن بىرگە ئېلىپ بېرىلغانىدى. تارىخىي كىتابلاردا توغبات قەبىلىسىنىڭ لى ۋېيدىن باشلاپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا ئېلىپ بارغان زېمىن كېڭەيمىچىلىكى بىلەن قوشنا ئەللەرگە قاراتقان بايلىق بۇلاڭ - تالاڭلىرى پۈتۈنلەي خاتىرىلەنمىگەن. شى يىجيەن دەي پادىشاھلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، دەي پادىشاھلىقىنىڭ سىرتقا قارىتا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى، نوقۇل ھالدىكى بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىنى ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى روشەن سىنىپىي مەزمۇنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.

«ۋېينامە» گە ئاساسلانغاندا، شى يىجيەنىنىڭ دەۋرىدە، دەي پادىشاھلىقىنىڭ كۈچى «شەرقتە ۋېيمۇ (ھازىرقى چاۋشيەنىنىڭ شىمالىي قىسمى) غىچە، غەربتە پەرغانە (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە دېگەن جاي) گىچە يېتىپ بارغانىدى» («ۋېينامە. مۇقەددىمە»). دەرۋەقە توغبات قەبىلىسى بۇ جايلاردا بىر مەھەل بۇلاڭچىلىق قىلغانىدى. لېكىن ئۇمۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ جايلار توغبات قەبىلىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىدىن بىرقەدەر يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرىسىنى قۇم بىلەن ئېگىز تاغلار ئايرىپ تۇرغاچقا، باياشات ئىقتىسادىي رايونلارمۇ ئىنتايىن ئاز ئىدى. شۇڭا توغبات قەبىلىسى بۇ رايونلارغا ھۇجۇم قىلسىمۇ ئانچە كۆپ نەپ ئالالماسلىقى مۇمكىن ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا دەي پادىشاھلىقى ئىلگىرى - ئاخىر
بولۇپ، كېيىنكى جاۋ، ئالدىنقى يەن، ئالدىنقى چىن قاتارلىق
دۆلەتلەر بىلەن قوشنا بولغانىدى، ئەمما بۇ دۆلەتلەر بىلەن
سېلىشتۇرغاندا، دەي پادىشاھلىقى چەت شىمالدىكى قوۋلغا
جايلاشقان. ئىقتىسادىمۇ بىرقەدەر ئارقىدا قالغان يەنىلا بىر
كىچىك ئاجىز دۆلەت بولغاچقا، بۇ دۆلەتلەر بىلەن كۈچ
سىنىشىشقا ماغدۇرى يەتمەيتتى. كېيىنكى جاۋ پادىشاھلىقىنىڭ
ئاخىرقى يىللىرى شى يىجيەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قالايمى-
قانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئىچكى رايونلارغا باستۇرۇپ بېرىپ
بۇ يەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنى ئويلاپ، ھەتتا ئاتلىنىش
نىڭ كۈنىنىمۇ بېكىتكەنىدى. لېكىن ھەر خىل سەۋەبلەر
تۈپەيلىدىن «دەرھال بىر قارارغا كېلەلمەي، بىر يىلدىن
كېيىن قاراپ باقماقچى بولدى، بەلكى پايدىغا ئېرىشىشكە
كۆزى يەتمەي، زىيان - زەخمەت يېتىپ قېلىشىدىن ئەندىشە
قىلىپ» («ۋېينامە. مۇقەددىمە»). قارامىلىق بىلەن
ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. دەي پادىشاھلىقىنىڭ
شىمالىي قىسمىنىڭ ئەھۋالى بولسا ئوخشىمايتتى. شىكلىنىڭ
شىمالىدىكى چوڭ قۇملۇقتىن ئۆتسىلا، موڭغۇل دالاسى ئىدى.
بۇ جايدا ئاھالىسى كۆپ بولغان قاڭقىللارنىڭ ئۇرۇق -
قەبىلىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ بىپايان موڭغۇل دالاسىدىكى ھەددى-
ھېسابسىز كالا، قوي، ئات پادىلىرى بار ئىدى؛ ھالبۇكى
ئۇلارنىڭ «تۇتۇق، قوماندانلىرى يوق» ئىجتىمائىي ئەھۋالى
يەنە تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ھەرقانداق ئۈنۈملۈك قارشىلىق-
لارنى تەشكىللىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ،
شى يىجيەننىڭ دەۋرىدە توغبات دەي پادىشاھلىقىنىڭ قۇلدار-
لىرى، ناھايىتى تەبىئىي ھالدا، قاڭقىل قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم
قىلىپ ئۇلارنىڭ ئاھالىلىرى بىلەن ئات، كالا، قوي قاتارلىق
چارۋا - ماللىرىنى بۇلاشنى ئۆزلىرىنىڭ بايلىق توپلاپ باي-

بولۇشىنىڭ ئاساسلىق يولى قىلىنۋالدى.

مىلادى 363 - يىلى (شى يىجيەنىڭ دۆلەت قۇرغان 26 - يىلى) قىشتا 10 - ئايدا شى يىجيەن قائىقىللارنىڭ بەزى ئۇرۇق - قەبىلىلىرى (ئەينى ۋاقىتتىكى قائىقىل قەبىلىلىرىنىڭ جايلاشقان ئورنىدىن قارىغاندا، بەلكى قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ ئۇرۇق قەبىلىسى بولۇشى مۇمكىن) «سوغۇقتىن قېچىپ ئىسسىق جايغا» — موڭغۇل دالاسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا كۆچۈپ كەلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. تارىخ كىتابلىرىدا «ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، بىر تۈمەن تۆتتۈننى ئەسىر ئېلىپ، 1 مىليون تۇياقتىن ئارتۇق ئات، كالا، قوينى غەنىيمەت ئالغان» («ۋېينامە. مۇقەددىمە») لىقى خاتىرىلەنگەن.

مىلادى 370 - يىلى شى يىجيەن يەنە توغباتلارنىڭ زور قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ قائىقىللارنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا باستۇرۇپ كىردى. تارىخ كىتابلىرىدا «ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان» لىقى خاتىرىلەنگەن، لېكىن ئەسىر ئالغان ئاھالىلىرى بىلەن غەنىيمەت ئالغان چارۋا - ماللىرىنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، موڭغۇل دالاسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بەزى قائىقىل قەبىلىلىرى دەي پادىشاھلىقىنىڭ قايتا يەنە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، توغبات قەبىلىسىگە تىز پۈككەن بولۇشى مۇمكىن①. بۇ خىل تىز پۈكۈشنىڭ توغبات قەبىلىسىگە غايەت زور ساندىكى ئات، كالا، قوي قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى تاپشۇرۇش بەدىلىگە ئاندىن ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم ئىدى. بۇمۇ ئوخشاشلا بىر خىل بۇلاڭچىلىق ئىدى.

مىلادى 376 - يىلى (شى يىجيەنىڭ دۆلەت قۇرغان 39 - يىلى) ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى فۇجيەن زور قوشۇن

بىلەن دەي پادىشاھلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. شى يىجيەن ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، قالدۇق قوۋملىرىنى ئېلىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالى (تەخمىنەن ھازىرقى شارمۆرۆن دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى ئايرىم جايلار بولسا كېرەك①) غا قېچىپ بېرىپ پاناھلانغاندى. شۇ جايدىكى قائىقىل قەبىلىلىرى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ «پۈتۈنلەي ئىسيان كۆتۈردى»، ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن يىغىلىپ، توغبات قەبىلىسىنىڭ قالدۇق ئادەملىرىگە ھۇجۇم قىلدى. شى يىجيەننىڭ قەبىلىلىرى «چارۋىلىرىنى ئۇتلاقتىمۇ ئاپىرىشقا جۈرئەت قىلالماي»، قايتا يەنە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى يۇنجۇڭغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى («ۋېينامە. مۇقەددىمە»). توغبات قەبىلىسى مەغلۇپ بولۇپ تاراپ كېتىپ، دەي پادىشاھلىقى مۇنقەرز بولدى.

مىلادى 383 - يىلى ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقى فېيشۈي ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ يىمىرىلدى. مىلادى 386 - يىلى (ۋېي داۋۋۇدى توغباتگۇينىڭ دېڭگو تۇنجى يىلى)، شى يىجيەننىڭ چوڭ نەۋرىسى توغباتگۈي توغبات قەبىلىسىدىكى كونا قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوللىشى بىلەن دەي پادىشاھلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئارقىدىنلا ھەيۋەتلىك دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. توغباتگۈي بىر تەرەپتىن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا بۇرۇنقى قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىنى جىددىي ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ چۆللۈكنىڭ شىمالى بىلەن چۆللۈكنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، قائىقىل ۋە قۇمۇق قاتارلىق خەلقلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇرۇشتا ئۈزلۈكسىز خوراپ تۇرىدىغان ئات ۋە باشقا ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى توپلىدى. توغباتگۈي دەي پادىشاھلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان دەسلەپكى

مەزگىللەردە، داۋاملىق شى يىجيەننىڭ تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كۈچلۈك قوشنا ئەللەر (ئەينى ۋاقىتتىكى كېيىنكى يەن پادىشاھلىقى) گە قارىتا ئىناق قوشنىدارچىلىق سىياسىتىنى قوللاندى. ھۇجۇمنىڭ ئاساسلىق نىشانى بولسا، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى قاڭقىللارغا قاراتتى.

مىلادى 389 - يىلى (دېڭگونىڭ 4 - يىلى) 1 - ئايدا، توغباتگۇي قاڭقىللارنىڭ جەنۇبتىكى ئىسسىق جايلارغا كېلىپ چارۋىچىلىق قىلغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، زور قوشۇن بىلەن قاڭقىللارنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېسىپ كىرىپ، قاڭقىللارنىڭ ئاھالىلىرى بىلەن چارۋا - ماللىرىنى بۇلاپ - تالىدى. «ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە «ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان» لىقىلا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، غەنىيمەت ئالغان نەرسىلىرىنىڭ سانى خاتىرىلەنمىگەن.

ياندۇرقى يىلى (مىلادى 390 - يىلى) 3 - ئايدا، توغباتگۇي يەنە زور قوشۇن بىلەن قاڭقىللارغا ھۇجۇم قىلدى. توغباتگۇي بۇ قېتىم قاڭقىللارنىڭ دەي پادىشاھلىقىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، قاتتىق قىشتا سوغۇقتىن قېچىپ جەنۇبتىكى ئىسسىق جايغا كەلمىگەنلىك سەۋەبىدىن (بەلكىم يەنە باھارنىڭ دەسلىپىدە چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن) زور قوشۇن بىلەن قۇملۇقتىن ئۆتۈپ چۆللۈكنىڭ شىمالىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئىچكىرىلەپ كىرمەي تۇرالمىدى. توغباتلارنىڭ زور قوشۇنى توغلا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، غەربتە تاكى روقۇن كۆلىگىچە يېتىپ باردى. توغباتگۇي بۇ جايدا يېنىك قوراللانغان ۋەھشىي زەربىدارلار قىسمىدىن بىرنى ۋاقىتلىق تاللاپ ۋە تەشكىللەپ، غەربىي شىمالدىن 100 چاقىرىمدىن ئارتۇق نېرىراقتىكى قاڭقىللارنىڭ ئۇيغۇر (يۈەنخې) قەبىلىسىنىڭ چارۋىچىلىق رايونىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، «200 مىڭدىن

ئارتۇق ئاھالە، ئات، كالا، قوينى غەنىيمەت ئالدى» («ۋېينامە.
تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە»). «ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە»گە
ئاساسلانغاندا، توغباتگۈي 3 - ئايدا جازا يۈرۈشكە چىقىپ،
4 - ئايدا چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا قايتىپ كەلگەن بولۇپ،
يولدا ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ 13 كۈن، بېرىپ - كېلىشتە
ئۈچ - تۆت مىڭ چاقىرىم يول بېسىپ ھايال بولغاندىن
سىرت، قالغان ۋاقىتتا پۈتۈنلەي ئاھالە ۋە بايلىقلارنى بۇ-
لاڭ - تالاڭ قىلدى؛ قاڭقىللارنىڭ قېچىپ كەتكەنلىرىدىن
سىرت، قالغانلىرى ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسىتەلمىگەن
بولۇشى مۇمكىن. شۇ يىلى 10 - ئايدا توغباتگۈي قايتا يەنە
بۆرەتېغى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ۋۇيۇەن ناھىيىسىنىڭ
غەربىي شىمالى) دا چارۋىچىلىق قىلىدىغان قاڭقىللارنىڭ
دۆچىن قەبىلىسىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، «ئۇلارنى مەغلۇپ
قىلدى»، بەلكى يەنە خېلى كۆپلىگەن ئاھالىلەر بىلەن باي-
لىقلارنى بۇلاپ - تالاپ ئېلىپ كەتكەن بولۇشى
مۇمكىن.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە يىل ئىچىدە، توغبات-
دىكى پادىشاھلىقى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى جورجان قەبىلىسى
(بۇ ۋاقىتتا جورجانلار دەل چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا ئىدى) گە
جازا يۈرۈش قىلدى، ھونلارنىڭ ليۇ ۋېيجېن قەبىلىسى
(ھازىرقى شىمالىي شەنشى بىلەن ئىچكى موڭغۇلدىكى ئىكې-
جاۋ ئايمىقىغا جايلاشقان) نى يوقىتىپ، سىياتكان (siat kan)
قەبىلىسى («سەنچىلىڭ قەلئەسى» گە جايلاشقان، ھازىرقى يەن-
مەن ئەتراپىدا) گە ھۇجۇم قىلدى، ئۇرۇشنىڭ ئىنتايىن
ئوڭۇشلۇق بولغانلىقىدىن، بۇلانغان چارۋا - ماللارنىڭمۇ ئىنتايىن
كۆپلۈكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، توغباتلار ليۇ ۋېيجېن
قەبىلىسىنى يوقىتىپ، ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ، 300 مىڭ
تۇياقتىن ئارتۇق ئات، 420 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق كالا -

قويىنى غەنىيمەت ئالغان. توغبات قەبىلىسىنىڭ قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ شىمالغا قاراشقا چولىسى تەگمىگەچكە ۋە ئۇلارنىڭ ئەپسى بىر مەھەل قاندۇرۇلغاچقا، بىرقانچە يىلغىچە قاڭقىللارغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغىمىغان بولۇشى مۇمكىن.

مىلادى 395 - يىلىدىن باشلاپ، توغبات-دەي پادىشاھلىقى كېيىنكى يەن پادىشاھلىقى بىلەن ھەر يىلى ئۇرۇش قىلدى. يەن پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇنلىرى ئىككى نۆۋەت دەي پادىشاھلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، بۇزغۇنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق ئېلىپ باردى. مىلادى 396 - يىلى (ۋېي داۋ ۋۇدىنىڭ خۇاڭشى تۇنجى يىلى) توغباتگۇي شەخسەن ئۆزى 400 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ يەن پادىشاھلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. يەن قوشۇنلىرى بىلەن ھازىرقى خېبېيدا كەسكىن ئۇرۇش قىلدى. قوشۇنلارنىڭ ئۇزۇق - تۈلۈكى ۋاقتىدا يېتىپ كەلمىگەچكە، «ئاچلىق، كېسەللىك دەستىدىن، ئادەم ۋە ئات - كالىلار كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىپ، «ئوندىن تۆت-بەشىلا قالدى» («ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە»). يەن پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى جۇڭشەن مىلادى 397 - يىلى شىمالىي ۋېينىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن خېبېي ئەتراپىدىكى «1000 چاقىرىمدەك جاي بوش قالدى» ئۇنىڭ ئۈستىگە توغبات قۇلدارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشلەر ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇردى. توغبات ئاقسۆڭەكلىرى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەي دەپ قالغان ئۇرۇشتا، ئۆزىنىڭ ئات قاتارلىق ھەربىي لازىمەتلىكلىرىنىڭ زور دەرىجىدىكى خورىشىنى تولۇقلاشقا ئامال قىلالمىغانىدى. شۇڭا توغباتگۇي كېيىنكى يەن پادىشاھلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قاڭقىللارغا قاراتقان بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشىنى قايتا قوزغىدى.

مىلادى 399 - يىلى (ۋېي داۋ ۋۇدىنىڭ تيەنشىڭ 2 - يىلى) 1 - ئايدا، ۋېي داۋ ۋۇدى توغباتگۇي (مىلادى 398 - يىلى 6 - ئايدا دۆلەت نامىنى ۋېيىنىغا ئۆزگەرتكەن) زور قوشۇن بىلەن ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ موڭغۇل دالاسىدىن ھۇجۇم قىلدى. شەرقىي يولدىكى ئۈچ قوشۇن چاڭشەن بېگى توغبات زۇننىڭ باشچىلىقىدا چاڭ چۈەن («ئۇمۇمىي ئۆرنەكلەر» دە خۇ سەنشىڭ: «چاڭچۈەن ياتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش قورغىنىنىڭ شىمالىدا، چوڭ قۇملۇقنىڭ شەرقىدە ئىدى» دەپ ئىزاھ بەرگەن. ئۇنىڭ ھازىرقى ئورنى ئىچكى موڭغۇلدىكى شىڭخې ناھىيىسىنىڭ شىمالىدەك قىلىدۇ) دىن يولغا چىقتى؛ غەربىي يولدىكى يەتتە قوشۇن گاۋلياڭ بېگى توغبات لى جېنىنىڭ باشچىلىقىدا نيۇ چۈەن دەرياسى (ھازىرقى كۆكخوتىنىڭ شىمالىدىكى شار- مۆرۈن دەرياسى) دىن يولغا چىقتى؛ توغباتگۇي شەخسەن ئۆزى ئوتتۇرا يولدىكى ئالتە قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ باۋران شۇي دەرياسى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى جېبىڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا) نىڭ غەربىي شىمالىدىن يولغا چىقتى. قاڭقىل قەبىلىلىرىنىڭ خەۋەر تېپىپ موڭغۇل دالا- سىنىڭ غەربىگە قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يەنە ۋېي بېگى توغبات يىنىڭ باشچىلىقىدا 30 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى «غەربىي شىمال تەرەپتىن يولغا چىقىپ»، چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئۇلارنى توسۇشقا بۇيرۇدى. 2 - ئايدا توغباتگۇينىڭ باشچىلىقىدىكى ئوتتۇرا يولدىكى قوشۇنلار بىلەن شەرق ۋە غەربىي يولدىكى قوشۇنلار «بىرلا ۋاقىتتا ئۇچرىشىپ»، قاڭقىللارنىڭ 30 دىن ئارتۇق قەبىلىسىنى قورشاپ ۋە مەغلۇب قىلدى. 70 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە، 300 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق ئات، 1 مىليون 400 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق قوي، كالىنى غەنىيمەت ئالدى. مەغلۇپ

بولۇپ قورشاۋدىن قېچىپ چىققان قاغقىللار يەنە توغبات لىنىڭ باشچىلىقىدىكى ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىنىڭ قاغقىللارغا بەرگەن زەربىسى خېلى ئېغىر بولغانىدى، تارىخىي كىتابلاردا «قاغقىللارنىڭ بەكلا قورقۇپ كېتىپ، قەبىلىلەرنىڭ ئەنسىزلىك ئىچىگە چۈشۈپ قالغان» («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاغقىللار ھەققىدە قىسسە») لىقى خاتىرىلەنگەن. بەزى قاغقىل قەبىلىلىرى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولۇشقا مەجبۇر بولغان. مىلادى 400 - يىلى (تيەنشىڭنىڭ 3 - يىلى) 11 - ئايدا قاغقىللاردىن «ئىلىك باغا تۇرا تېكىن ③ 900 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەمگە باشچىلىق قىلىپ ئىچكىرىگە بەيئەت قىلدى» («ۋېينامە. قاغقىللار ھەققىدە قىسسە»). ياندۇرقى يىلى (مىلادى 401 - يىلى) قاغقىللارنىڭ جىيپى قەبىلىسىدىكى باغا پانتېكىن 3000 تۇتۇندىن ④ ئارتۇق ئادەمگە باشچىلىق قىلىپ ئىچكىرىگە بەيئەت قىلدى.

مىلادى 402 - يىلى (تيەنشىڭنىڭ 5 - يىلى) جورجانلارنىڭ ئاقساقىلى سەللان شىمالىي ۋېينىڭ سانغۇنلىرى تەرىپىدىن «چوغاي تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى دەريا توقايلىقى» (خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى چوغاي تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەگىپ ئۆتىدىغان، توقايلىقتا) دا تويۇقسىز مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئادەملىرىنى ئېلىپ شىمالدىكى قاغقىللارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان جايلىرىغا قېچىپ باردى. قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ سەركەردىسى بېكتۆلى جورجانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە قېچىپ باردى. شىمالىي ۋېي ئۇنىڭغا مېڭدۇنىڭ بىگىلىك ئۇتۇغاتىنى بەردى. شۇ يىلى جورجانلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى قاغقىل قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، جورجان خانلىقىنى قۇردى.

مىلادى 403 – يىلى (تيەنشىڭنىڭ 6 – يىلى) 10 – ئايدا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى سانغۇن يى ۋېينىڭ باشچىلىقىدىكى 20 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى قاڭقىللارنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىسى بىلەن ئۇيپىن قەبىلىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇيغۇر قەبىلىسى رۇقۇن كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان جورجانلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغانلىقى بولۇشى كېرەك. «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە جورجانلارنى بويسۇندۇرغانلىقى تىلغا ئېلىنماي، بەلكى قاڭقىللارنى بويسۇندۇرۇلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ جايلاشقان ئورنى موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئىدى. يى ۋېينىڭ قوشۇنلىرى ئاز، يەنە كېلىپ تەنھا قوشۇن بولغاچقا، بۇ جايغا ئىچكىرىلەپ كىرمىگەندەك قىلىدۇ. يى ۋېي 10 – ئايدا يۈرۈشكە چىققان بولۇپ، شۇ يىلى 11 – ئايدا ئۇيغۇر، ئۇيپىن قەبىلىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، «ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان». ئارىلىقتا قەدەر ئاران 14 كۈن كەتكەن بولۇپ، بېرىپ – كېلىشتە بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىمۇ ماس كەلمەيدۇ. يى ۋېي ئۇيغۇر قەبىلىسى بىلەن ئۇيپىن قەبىلىسىگە ھەرگىزمۇ رۇقۇن كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدا جازا يۈرۈش قىلمىغان. بەلكىم جورجانلار شىمالىدىكى قاڭقىللارنى بويسۇندۇرغان ۋاقىتتا، ئۇيغۇر قەبىلىسىمۇ قوغۇرسۇ قەبىلىسىگە ئوخشاش قارشىلىق كۆرسىتىپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىگە قارشىلىق ئۇيپىن قەبىلىسىنىڭ قوۋملىرىنى ئېلىپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى ئايرىم جايلارغا قېچىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىكىلەر خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاۋارىچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، يى ۋېينى جازالاشقا ئەۋەتكەن. يى ۋېينىڭ جازا يۈرۈش جەريانىدا قاڭقىللارنىڭ قانچىلىك ئاھالە ۋە چارۋا – مېلىنى

بولاپ ئېلىپ كەتكەنلىكى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن.

مىلادى 363 - يىلدىن مىلادى 403 - يىلغىچە بولغان 40 يىل ئىچىدە توغبات-دەي (ۋېي) پادىشاھلىقى قاڭقىللارغا قارىتا جەمئىي يەتتە قېتىم ئۇرۇش قوزغىدى. ماركسىزمنىڭ ئۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى بويىچە كۆزەتكەندە، شۈبھىسىزكى بۇ ئۇرۇشنىڭ ھەممىسى توغبات-سىيانپى قۇلدارلار سىنىپىنىڭ قاڭقىل خەلقىگە قارىتا قوزغىغان قىيپالىڭاچ ھالدىكى ئاھالە ۋە بايلىقلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ئۇرۇشى بولغاچقا، ئادالەتسىز ئۇرۇش ئىدى. بۇ ئۇرۇشلار قاڭقىل خەلقىگە مىسلىسىز ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى ئېلىپ كەلمەيلا قالماستىن، بەلكى موڭغۇل دالاسىنىڭ چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، موڭغۇل دالاسىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇساپىسىنى زور دەرىجىدە ئاستىلىتىۋەتتى.

مىلادى 402 - يىلى جورجانلار قاڭقىل قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، شىمالدىكى قاڭقىل خەلقى جورجان قۇلدارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالدى. جورجان خانلىقى ھەر يىلى ئۇرۇش قوزغاپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرا رايونلىرىدىكى ئاھالىلەر بىلەن بايلىقلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. ھالبۇكى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بولسا كېيىنكى يەن پادىشاھلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ۋېي مىڭيۈەندى (مىلادى 409 — 423 - يىللار) بىلەن ۋېي تەيۋۇدى (مىلادى 424 — 425 - يىللار) نىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، پۈتۈن كۈچى بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىۋاتقانىدى. گەرچە ئۇمۇ جورجان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى قاڭقىللارنىڭ ئاھالىلىرى بىلەن بايلىقلىرى (ئات، كالا، قوي قاتارلىقلار) غا چىشىنى بىلەپ كەلگەن بولسىمۇ،

لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ مەزگىلدە ئۇ شىمالىي قىسمىدىكى چېگرىنىڭ تىنچ ۋە خاتىرجەملىكىنى ئۈمىد قىلالايتتى. شۇڭا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جورجان خانلىقى بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلانغانىدى. دائىملا ئۇرۇشنى ئاۋۋال جورجانلار قوزغايتتى، شىمالىي ۋېينىڭ پادىشاھلىرى ئاندىن جازا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرەتتى.

جورجانلارنىڭ جەنۇبقا بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى مىلادى 423 - يىلى (ۋېي مىڭيۈەندىنىڭ تەيچاڭ 8 - يىلى) چاڭچېڭنىڭ جەنۇبىدا سەددىچىن سېپىلىنى ياساپ، شەرقتە چىچىڭ (ھازىرقى خېبېينىڭ چىچېڭ ناھىيىسى) دىن غەربتە ۋۇيۈەنگىچە بولغان «2000 چاقىرىم كېلىدىغان ئارىلىقتا قاراۋۇلخانىلارنى ياسىدى» («ۋېينامە. تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە»). لېكىن بۇ جورجان خانلىقىنىڭ شىمالىي ۋېيغا بولغان ئۇرۇش تەھدىتىنى تۈگىتەلمىدى، جورجان خانلىقى ئاۋۋالقىدەكلا بىرنەچچە يىل ئارىلىقتا بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قوزغاپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چېگرىلىرىنى پاراكەندە قىلىپ، شىمالىي ۋېينىڭ ئاھالە ۋە بايلىقلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ تۇردى.

جورجان خانلىقىنىڭ ھۇجۇمى توغبات ۋېي دۆلىتىنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىنى زوردەرىجىدە ئاستىلىتىپ قويدى. مەسىلەن، مىلادى 402 - يىلى ۋېي داۋۇدى شەخسەن ئۆزى زور قوشۇن بىلەن كېيىنكى چىننىڭ 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى پىڭياڭدا يوقاتقاندا، ساراي ئەئيانلىرى ۋېي داۋۇدنى غەلىبە پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ جەنۇبتىكى پۇبەنگە ھۇجۇم قىلىشقا دەۋەت قىلىشقانىدى، ۋېي داۋۇدى جورجانلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەندىشە

قىلىپ، قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى» («ۋېينامە. لەيزۇ ھەققىدە خاتىرە»). نەتىجىدە كېيىنكى چىننىڭ گۇەنجۇڭ رايونىدىكى تەرىقچىلىكى يەنە بىرقانچە يىل داۋاملاشتى. مەسىلەن، يەنە مىلادى 439 - يىلى (ۋېي تەيۋۇدىنىڭ تەييەن 5 - يىلى) 6 - ئايدا، زور قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، شىمالىي لياڭنىڭ پادىشاھى جورجى مۇقانىغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، جورجانلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جەنۇبقا زور قوشۇن ئەۋەتىپ، شىمالىي ۋېينىڭ پايتەختى پىڭچېڭ شەھىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، شىمالىي ۋېينىڭ قوشۇنلىرىنىڭ شىمالىي لياڭ پادىشاھلىقىنى يوقىتىشىنى توسۇماقچى بولدى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ مۇداپىئەدە قالدۇرۇپ قويغان قوشۇنلىرى، مۇداپىئە سېپىنى قاتتىق كۈچەيتكەنلىكتىن، جورجانلارنىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشماي قالدى. قىسقىسى، جورجان خانلىقىنىڭ جەنۇبقا قىلغان ھۇجۇمى، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى تەرىقچى كۆچلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا پايدىلىق بولۇپ، توغبات ۋېي دۆلىتىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە پايدىسىز ئىدى، ئوبيېكتىپ جەھەتتە مەملىكىتىمىز جەمئىيىتىنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى.

شۇڭا شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ جورجان خانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى مۇداپىئە خاراكتېرىدىكى ئۇرۇش بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىنى قوغدايدىغان ئادالەتلىك ئۇرۇش ئىدى.

لېكىن بۇ توغبات ۋېي دۆلىتىنىڭ جورجان خانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشىنىڭ ھەرگىزمۇ ئاھالە ۋە بايلىقنى بۇلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقىدىن، بولۇپمۇ جورجان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى قاچقۇنلارنىڭ ئاھالە ۋە

چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنى مەقسەت قىلىشىدىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقى ئەمەس ئىدى.

مىلادى 428 - يىلى (ۋېي تەيۇۋدىنىڭ شېنجيا تۇنجى يىلى) 8 - ئايدا جورجانلارنىڭ قاغانى داتان بىر تۈمەن ئاتلىق ئەسكەرنى سەددىچىننىڭ ئىچىگە ئەۋەتىپ شىمالىي ۋېينىڭ چېگرىسىدىكى ئاھالىلەرنى ئۆلتۈردى ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. شۇ يىلى 10 - ئايدا، جەنۇبىي سۇلالىلەردىكى ليۇ سوڭ ھاكىمىيتى (مىلادى 420 - يىلى ليۇ يۈي جىن سۇلالىسىنىڭ ئورنىغا سۇڭ ئوردىسىنى قۇرغانىدى) نىڭ سانغۇنى ۋاڭ جوڭدې، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ جياڭ (ھازىرقى خېنەندىكى لەنكاۋ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى)، چېنلىيۇ (ھازىرقى ئەنخۇيدىكى خاۋشيەن ناھىيىسى)، يىڭجىڭ (ھازىرقى خېنەندىكى يىڭيىڭ) قاتارلىق جايلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى؛ ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغان خۇلاۋ (يىڭياڭنىڭ غەربى) غىچە قىستاپ كەلدى. سوڭ ۋېندى ۋېي تەيۇۋدىغا: «ئەگەر خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلىرىمىزنى ياندۇرۇپ بەرسەڭلار، مەن دەرھال ئەسكەرلىرىمنى ئېلىپ كېتىمەن، ئەگەر بۇنداق قىلمىساڭلار، بىز پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچىمىزنى چىقىرىپ سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز» («ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە») دەپ ئۇلتىماتوم تاپشۇردى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى جەنۇب بىلەن شىمالدا تەڭلا ئىككى تەرەپنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى. ياندۇرقى يىلى باھاردا ۋېي تەيۇۋدى «قوشۇنلىرىنى چۆللۈك-نىڭ جەنۇبىغا توپلاپ، جورجانلارغا جازا يۇرۇش قىلماقچى بولدى. ئوردىدىكى ۋەزىرلەر سوڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، جورجانلارغا جازا يۇرۇش قىلىشنى خالىماي، بىرلىكتە ۋېي تەيۇۋدىغە: «جورجانلار ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقان جايلارنىڭ ھەممىسى پايانسىز قاقاس جايلار،

مۇبادا بۇ جايلارنى ئىشغال قىلغان تەقدىردىمۇ تېرىقچىلىق
قىلىپ ھوسۇل ئېلىشقا بولمايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ
خەلقىگە ئىگە بولغاندىمۇ، ئۇلارنى ئىتائەت قىلدۇرۇپ قوللۇقتا
تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدۇ» دېدى. بۇ چاغدا خەنزۇلاردىن
كېلىپ چىققان ئەدىب، تەيچاڭ تۆرىسى سۇي خاۋ ۋېي تەيۇۋ-
دىنىڭ يېنىدا ئىدى، ئۇ سوڭ قوشۇنلىرىنىڭ يېنىكلىك بىلەن
ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى
ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىپ، ۋېي تەيۇۋدىغا ئاۋۋال
جورجانلارغا جازا يۈرۈش قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. ئۇ:
«جورجانلار بىزگە كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، ئەمەلدار ۋە
پۇقرالارنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى. ئەگەر بۇ يىل يازدا
بىز جورجانلارنىڭ بىكار بولۇپ قالغان پۇرسىتىدىن پايدىلى-
نىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، دۆلىتىنى يوقاتمىساق، كۈزگە
كەلگەندە، ئۇلار قايتا يەنە ھۇجۇم قوزغاپ، بىزگە خاتىرجەم-
لىك بەرمەيدۇ، تەيزۇڭ (ۋېي مىڭيۈەندى) دىن تارتىپ تاكى
ھازىرغىچە بىز ھەر يىلى دېگۈدەك ئەمىنلىك تاپالماي
كېلىۋاتىمىز، ئەجەبا بۇ بەك ئېشىپ كەتكەنلىك ئەمەسمۇ!»
دېدى. ئۇ يەنە: «جورجانلار ئەسلى خاندانلىقىمىز (شىمالىي
ۋېي) نىڭ شىمالىدىكى رايونلاردىكى ئىسيان كۆتۈرگەن
قۇللىرى (ئىلاۋە: جورجانلار ئىلگىرى توغبات قەبىلىسىنىڭ
قارمىقىدا بولغانىدى) ئىدى. ئەمدىلىكتە بىز ئۇلارنىڭ
ئاقساقاللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قەبىلىلىرىنى ئۆزىمىزگە قاراتمىساق،
ئۇلارنى يېڭىباشتىن ئۆزىمىزگە قاراتقىلى بولامدۇ.
بۇنىڭ ھېچقانداق رولى يوق ئەمەس. چۆللۈكنىڭ شىمالىنىڭ
يەر شەكلى ئېگىز ھەم ھاۋا كىلىماتى سوغۇقراق، ھاشارات-
لارنىڭ ياشىشىغا ماس كەلمەيدۇ، سۇ ۋە ئوت - چۆپى
ئەلۋەك، ياز پەسلىدە شىمالغا كۆچۈشكە بولىدۇ. بۇ جايلار
تەبىئىي يايلاق بولۇپ، تېرىقچىلىق قىلسىمۇ ھوسۇل ئالغىلى

بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە، قاچقۇنلارنى ھالاكلىق چەۋەندازلار ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ، كۆزلىمىسىزنىڭ ئېھتىمالى سالساق بولىدۇ» («ۋېينامە. سۈي خاۋنىڭ تەرجىمھالى») دېدى. سۈي خاۋ خەنزۇ پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ۋەكىلى بولغاچقا، ئۇنىڭ سىنىپىي مەنپەئىتى قۇلدارلاردىن فېئودال پومېشچىكلارغا ئۆزگەرگەن توغبات ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ جورجانلارنى مەغلۇب قىلىپ يوقاتماي تۇرۇپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى «ئەمىنلىككە ئىگە بولالمايدۇ» دېگەن تەھلىلى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ جورجانلارغا قاراتقان ئۇرۇشىنىڭ شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۇداپىئە خاراكتېرىگە ئىگە ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى يەنە بىر تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئۇرۇش ئارقىلىق قاچقۇنلارنىڭ يايلاقلىرىنى ئىگىلەپ، قاچقۇن خەلقنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغانلىقى توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ جورجان خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قوزغىشىدىكى يەنە بىر باھانىسى بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاچقۇنلارنىڭ ئاھالە ۋە يايلاقلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىۋالماقچى ئىدى. شۇڭا شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ جورجان خانلىقىغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى ئادالەتلىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ، لېكىن قاچقۇن خەلققە نىسبەتەن ئېيتقاندا، توغبات ئاقسۆڭەكلىرى يەنىلا بۇلاڭچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشىمۇ ئوخشاشلا بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدىكى ئۇرۇش ئىدى.

ۋېي تەيۋۇدى سۈي خاۋنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، مىلادىيە 429 ـ يىلى 4 ـ ئايدا زور قوشۇننى باشلاپ، شىمالدا جورجانلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ۋېي تەيۋۇدىنىڭ باشچىلىقىدىكى

ئاساسلىق قوشۇن موگداۋ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى شىڭخې ناھىيىسىنىڭ شىمالىي) دىن، جورجان خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ئۇدۇل فېيشەن تېغىغا قاراپ يول ئالدى. پىڭيالڭ بېگى چالڭ سۇنخەنىڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار شىداۋ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى شار مۆرۆن دەرياسى) دىن، جورجان خانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ئۇدۇل دائېشيەن تېغىغا قاراپ يول ئالدى. ئىككى قوشۇن «جورجانلارنىڭ ئوردىسىدا ئۇچراشماقچى بولدى». شەرقىي قىسىم قاڭقىللار شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ زور قوشۇنىنىڭ بېسىپ كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جورجان ئاقساقاللىرىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بايقال كۆلىگە قېچىپ كەتمەكچى بولدى. 5 - ئايدا ۋېي تەيۇۋدىنىڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار لىشۈي دەرياسى (ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى ئۆنگىن دەرياسى) غا يېتىپ باردى. جورجان قاغانى «بۇنى ئاڭلاپ ساراسىمىگە چۈشۈپ، چېدىرلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، يېقىنلىرىنى ئېلىپ تېزدىن غەربكە قاراپ قاچتى» («ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە»). ۋېي تەيۇۋدى تويۇن دەرياسى (ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى تويىن دەرياسى) بىلەن جوشىشيەن تېغى (ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى گوبى ئالتاي تېغى) غىچە قوغلاپ باردى. ۋېي قوشۇنلىرى بۆلۈنۈپ، «شەرقتىن غەربكە 5000 چاقىرىمدىن ئارتۇق، جەنۇبتىن شىمالغا 3000 چاقىرىم» («ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە») كېلىدىغان دائىرىدە ئاقتۇرۇپ جازا يۈرۈش قىلدى، جورجان خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا تارقالغان قاڭقىللارنىڭ 300 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئادىمى ⑤ «ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ كەلگەن يۇرتىدىن پايدىلىنىپ» ئىسيان

كۆتۈرۈپ «جورجانلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ»، «داڭسان ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ» («ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە»). ۋېي قوشۇنلىرىغا ئەل بولدى. ۋېي قوشۇنلىرى يۈرسەتتىن پايدىلىنىپ قاڭقىللارنىڭ بىر مىليون تۇياقتىن ئارتۇق ئۇرۇش ئېتىنى بۇلاپ كەتتى. 8 ـ ئايدا ۋېي تەيۋۇدى قوشۇنلىرىنى ئېلىپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى جايلىرىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ شەرقىي قاڭقىللارنىڭ بايقال كۆلى بويىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىشتىپ، سول قول چەۋەنداز ئەن يۈەننى بىر تۈمەن كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. شەرقىي قاڭقىللارنىڭ «نەچچە يۈز مىڭ تۈتۈن ئادىمى» «ۋېي قوشۇنلىرىنى كۆرۈپ تەسلىم بولدى» («ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە») ⑥ ۋېي قوشۇنلىرى شەرقىي قاڭقىللىرىنىڭ «بىر مىليون تۇياقتىن كۆپرەك» ئات، كالا، قويلىرىنى بۇلاپ ئېلىپ كەتتى. ۋېي قوشۇنلىرىغا ئەل بولغان قاڭقىللاردىن بىرقانچە يۈز مىڭ كىشى مەجبۇرىي ھالدا چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈرۈلدى.

ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى جورجانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان جازا ئۇرۇشى، بولۇپمۇ بىرقانچە يۈز مىڭلىغان قاڭقىللارنىڭ مەجبۇرىي ھالدا چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈرۈلۈشى، جورجانلارنىڭ جەنۇبقا بېسىپ كىرىشىنى چەكلەشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يۈرسەتتىن پايدىلىنىپ جورجان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى قاڭقىللارنىڭ ئائىلە ۋە بايلىقلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشى بىلەن داڭلىق چەۋەندازلار دەپ ئاتالغان قاڭقىللارنى ئىتائەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت قەبىھ نىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلەنگەنىدى. ئەلۋەتتە، قاڭقىللارنىڭ ۋېي قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولۇشىدا،

شۇنىڭدەك ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ ئۇلارنى جەنۇبقا كۆچۈرۈشىدە، ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ ئۇلارغا قاراتقان قوراللىق تەھدىتىدىن سىرت، ئۇلارنىڭ جورجان قولدارلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان ئۆچمەنلىكى بىلەن جورجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇشىمۇ مۇئەييەن رول ئوينىغانىدى.

ئومۇمەن، موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان قاڭقىل قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى جەنۇبقا كۆچكەن بولسىمۇ، بىراق، موڭغۇل دالاسىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان يۈۋۈرغۇر قەبىلىسىنىڭ 12 جەمەتىدىكى قاڭقىللار-نىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئارىلىقى يىراق بولغاچقا، ۋېي قوشۇنلىرى ئۇلارغا جازا يۈرۈش قىلمىغانىدى. مىلادى 429 - يىلىدىن كېيىن توغبات ۋېي دۆلىتى جورجان خانلىقى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي كىتابلاردا شىمالدىكى قاڭقىللارنىڭ ئاھالىلىرىنى قايتا بۇلاڭ - تالاڭ قىلغانلىقىغا ئائىت خاتىرىلەر ئۇچرىمايدۇ. يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، توغبات دەي (ۋېي) پادىشاھلىقى مىلادى 363 - يىلىدىن مىلادى 429 - يىلىغىچە بولغان 66 يىل ئىچىدە ئۇرۇش ئارقىلىق قاڭقىل خەلقىنى جەمئىي سەككىز قېتىم بۇلاڭ - تالاڭ قىلغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە قېتىمقىسى قاڭقىل خەلقىگە قارىتا بىۋاستە قوزغىغان بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشى ئىدى. بىر قېتىمقىسى جورجان خانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان جازا ئۇرۇشىدا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قاڭقىل خەلقىگە قارىتا بۇلاڭچىلىق ئېلىپ بارغانىدى. شۇڭا قاڭقىل خەلقىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ سەككىز قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ ھەممىسىلا بۇلاڭچىلىق ئۇرۇش ئىدى.

## 2. مىللەتلەرنىڭ 16 پادىشاھلىق ۋە شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىدىكى زور كۆلەملىك كۆچۈشى، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچكەن قاتقۇللارنىڭ سانى ۋە قەبىلىلىرى توغرىسىدا يۈزەكى قىياس

مەملىكىتىمىز قەدىمدىن تارتىپ كۆپ مىللەتلىك بىر دۆلەت ئىدى. جىن، خەن سۇلالىلىرىدىن بۇيان سىياسىي، ئىقتىسادىي، بولۇپمۇ ئۇرۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن موڭغۇل دالاسىدىكى خۇن، سىيانپى، دىڭلىڭ قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئۇرۇق قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە سەركەردىلىرىنىڭ باشچىلىقىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە چۆللۈكنىڭ جەنۇبى بىلەن سەددىچىننىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كەلگەنىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر مۇھىم ئېقىملاردىن غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى خۇنلارنىڭ ئىچكى رايونلارغا كۆچۈشى، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى توغبات سىيانپىلىرىنىڭ ئىچكى رايونلارغا كۆچۈشى ھەمدە غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى تۇرالار (دىڭلىڭ) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىمالىي دىلارنىڭ 19 ئۇرۇقىنىڭ ئىچكى رايونلارغا كۆچۈشى قاتارلىقلار بار ئىدى. 16 پادىشاھلىقنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋە شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەندە يەنە، شىمالدىكى قاتقۇللارنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈشى يۈز

بەردى. بۇ بىر قېتىملىق كۆچۈش كۆلىمى زور بولغان، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلارنىڭ ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن كۆچۈش ئىدى.

چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى قاڭقىللارنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشى، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە خىل جەريانلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغانىدى. بىرىنچى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى قاڭقىللارغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، ئەسىرگە ئېلىنغان قاڭقىل ئاھالىلىرى مەجبۇرىي ھالدا چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى ۋېي سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىگە كۆچۈرۈلگەنىدى. مەسىلەن، شى يىجيەنىنىڭ 26 - يىلى، دېڭگونىڭ 5 - يىلى ۋە تيەنشىڭنىڭ 2 - يىلى جەنۇبقا كۆچۈرۈلگەن قاڭقىللار مۇشۇنداق خاراكتېرگە مەنسۇپ ئىدى. ئىككىنچى، ۋېي قوشۇنلىرى جورجان خانلىقىغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، ۋېي قوشۇنلىرىغا ئەل بولغان قاڭقىللار ۋېي قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەجبۇرىي ھالدا جەنۇبقا كۆچۈرۈلگەنىدى. بۇنداق مىساللاردىن تەيچاڭنىڭ 3 - يىلى بىلەن شېنجيانىڭ 2 - يىلىدىكى ئىككى قېتىملىق كۆچۈش بار ئىدى. ئۈچىنچى، قاڭقىللار ئۆزلىرىنىڭ سەركەردە ۋە باغالىرىنىڭ باشچىلىقىدا، ئۆزلۈكىدىن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كەلگەنىدى. مەسىلەن، ۋېي داۋۋۇدىنىڭ تيەنشىڭ يىللىرىدا قاڭقىللار نەچچە قېتىم «ئىچكى رايونلارغا كېلىپ بەيئەت قىلغانىدى». تۆۋەندە قاڭقىللارنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە بولغان كۆچۈشى بىلەن كۆلىمى، يىل دەۋرى بويىچە تۆۋەندىكىدەك جەدۋەللەشتۈرۈلدى (نوپۇس سانى ئېنىق بولمىغانلىرى قىسقارتىۋېتىلدى):

| يىل دەۋرى | كۆچۈش ئۇسۇلى ۋە ئادەم سانى | | | ماتېرىيال مەنبەسى |
|---|---|---|---|---|
| | ئەسىرگە ئېلىنغان | تەسلىم بولغان | بەيئەت قىلغان | |
| مىلادى 363 - يىلى (شى يەجيەنىنىڭ 26 - يىلى) 10 - ئايدا | «بىر تۈمەن ئاھالىنى ئەسىرگە ئالغان» | | | «ۋېينامە. مۇقەددىمە» |
| مىلادى 390 - يىلى (دېڭگونىڭ 5 - يىلى) 3 - ئايدا | «200 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە ۋە ئات، كالا، قوينى غەنىيمەت ئالغان» | | | «ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە»، «ۋېينامە. ۋاڭغىلار ھەققىدە قىسسە» |
| مىلادى 399 - يىلى (تيەنشىڭنىڭ 2 - يىلى) | 90 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە | | | ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە»، «قانۇنلار قامۇسى. |

(داۋامى)

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 2 - ئايدا | | | | قاگىقىلىلار» دا «50 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە» دېيىلگەن. بۇ خاتا |
| مىلادى 400 - يىلى (تيەنشىڭنىڭ 3 - يىلى) 11 - ئايدا | | | «900 تۇتۇندىن ئارتۇق ئادەم» | «ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» |
| مىلادى 401 - يىلى (تيەنشىڭنىڭ 4 - يىلى) 1 - ئايدا | | | «3000 تۇتۇندىن ئارتۇق ئادەم» | «ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» |
| مىلادى 418 - يىلى (تەيچاڭنىڭ 3 - | | «2000 دىن ئارتۇق ئادەم | | «ۋېينامە. تەيزۇلۇ ھەققىدە خاتىرە» |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| يىلى) 1 – ئايدا | | تەسلىم بولغان» | | |
| مىلادى 429 – يىلى (شېنجيانىڭ 2 – يىلى) 5 – ئايدىن 10 – ئاي- غىچە | | 5 – ئايدا «300 مىڭ تۇتۇندىن ئارتۇق ئادەم» تەسلىم بولغان 10 – ئايدا «نەچچە يۈز مىڭ تۇتۇن ئادەم» تەسلىم بولغان | | «ۋېينامە. سۇي خاۋنىڭ تەرجىمى- ھالى»، «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»، «ۋېينا- مە. جورجانلار ھەققىدە قىس- سە» دە «نەچچە يۈز مىڭ» دې- گەن سۆزنىڭ ئاخىرىسىدىكى «تۇتۇن» دېگەن سۆز چۈشۈپ قالغان |

جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك، ئەسىرگە ئېلىنغانلار كاتتەك- چىسىدىكى دېڭگونىڭ 5 – يىلىدىكى ئاھالە ۋە مال – چار- ۋىلارنىڭ جەمئىي سانىدىن ئاھالە سانىنى ئايرىپ چىقىشقا

مۇمكىن بولمىغىنىدىن باشقا، جەمئىي 100 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىنى ئەسىرگە ئالغانىدى. ئەسىرگە ئېلىنغانلارنىڭ سانى نوپۇس سانىغا قاراپ ھېسابلانغان، چۈنكى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئەسىرگە ئېلىنغانلار، كۆپىنچە تارقاق ھالدىكى ماكانسىز ئاھالىلەر ئىدى. بەيئەت قىلغانلار ئىككى نۆۋەتتىكىسى جەمئىي 4000 تۈتۈن ئادەم بولۇپ، تەخمىنەن 20 مىڭ ئەتراپىدا ئىدى. بۇ ئىككى نۆۋەت بەيئەت قىلغان ئاھالىلەر پۈتۈنلەي ئۆز باغالىرىنىڭ باشچىلىقىدا ئۆزلۈكىدىن كەلگەنلەر بولۇپ، ئۆيلۈك سانى ئېنىق، ھەربىر ئۆيلۈكتىكى ئادەم سانىمۇ تولۇق ئىدى، شۇڭا تۈتۈن سانى بويىچە ھېسابلاندى. تەسلىم بولغانلار كاتەكچىسىدىكى تەيچاڭنىڭ 3 - يىلىدىكى 2000 دىن ئارتۇق ئادەمدىن باشقا، قالغان ئىككى نۆۋەتتىكىسىنىڭ سانى ئەڭ كۆپ. بىر قېتىمدا «300 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق»، يەنە بىر قېتىمدا «نەچچە يۈز مىڭ تۈتۈن» بولۇپ، شېنجيانىڭ 2 - يىلىدىكى تەسلىم بولغانلارىنىڭ سانى ئىدى. بۇ ئىككى نۆۋەتتىكىنىڭ سانى جەنۇبقا كۆچكەن قاڭقىللارنىڭ سانىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھۆكۈم قىلىشىمىزدا ئاچقۇچلۇق ئەھمىيەتكە ئىگە. ھالبۇكى تارىخىي كىتابلاردىكى خاتىرىلەر كۆپ بولغانىنىڭ ئۈستىگە پەرقلىق بولغاچقا، بىز بۇ يەردە قىسقىچە بولسىمۇ توختىلىپ ئۆتىمىز.

«ۋېينامە» گە ئاساسلانغاندا، شېنجيانىڭ 2 - يىلى قاڭقىللار ۋېي قوشۇنلىرىغا ئىككى قېتىم تەسلىم بولغانىدى: بىرى لىشۈي دەرياسى بىلەن تويۈن دەرياسى بويىدا، يەنە بىرى بايقال كۆلى ئەتراپىدا ئىدى. ئاۋۋال بايقال كۆلى بويىدا ۋېي قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولغان قاڭقىللارنىڭ سانى توغرىسىدا توختىلىپ باقايلى. بايقال كۆلى بويىدا تەسلىم بولغان قاڭقىللارنىڭ نوپۇسى ھەققىدە، «ۋېينامە. قاڭقىللار

ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇ-
مىي ئۆرنەكلەر» دە «نەچچە يۈز مىڭ تۇتۇن» دېيىلگەن.
ئەمما «ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە» دە بولسا «نەچچە
يۈز مىڭ» لا دېيىلىپ، «نەچچە يۈز مىڭ» دېگەن سۆزنىڭ
ئاخىرىسىدىكى «تۇتۇن» دېگەن سۆز چۈشۈپ قالغان. «ۋېينامە.
قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، ئەن يۈەنىنىڭ
باشچىلىقىدا بايقال كۆلىگە بارغان ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ ئارت-
سىدا «يېڭىدىن بەيئەت قىلغان قاڭقىللارنىڭ ئاتلىق
ئەسكەرلىرى» مۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بايقال كۆلى
بويىدىكى شەرقىي قاڭقىللار «ۋېي قوشۇنلىرىنى كۆرۈپ
تەسلىم بولغان» بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «يېڭىدىن بەيئەت
قىلغان قاڭقىللارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى» سالا قىلىش رولىنى
ئوينىغانىدى (ۋېي تەيۋۇدىنىڭ يېڭىدىن بەيئەت قىلغان قاڭقىل-
لارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى بايقال كۆلىگە ئەۋەتىشىدىكى
مەقسىتىمۇ، مانا مۇشۇنىڭدىن ئىدى). ۋېي قوشۇنلىرى بىلەن
قاڭقىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرمىگەن بولۇپ،
قاڭقىللار تىنچ يول بىلەن تەسلىم بولغانىدى. شۇڭا قاڭقىل-
لارنىڭ «تۇتۇنلىرى» نىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ياكى ئۇرۇشتا
مەغلۇپ بولۇپ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى ئانچە چوڭ
ئەمەس ئىدى. قاڭقىللار كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولۇپ،
ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، «تۇتۇن» ئۇلارنىڭ پائالىيىتىدىكى
ئەڭ كىچىك بىرلىك ئىدى، نوپۇسمۇ ئۆينى ئاساس قىلىپ
ھېسابلىناتتى. شۇڭا شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان
شەرقىي قىسىم قاڭقىللارنىڭ سانى «قاڭقىللار ھەققىدە
قىسسە» دىكى «نەچچە يۈز مىڭ تۇتۇن» دېگىنى توغرا بولۇ-
شى كېرەك. «ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە» دە
«تۇتۇن» دېگەن سۆز يوق، يا چۈشۈپ قالغان بولۇشى
مۇمكىن، يا ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەر ناھايىتى ئاسان چۈشى-

ىندىغان بىرخىل ئىبارە بولغاچقا چىقىرىپ تاشلانغان بولۇشى مۇمكىن. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ لىشۇي دەرياسى بىلەن تويۇن دەرياسىدا تەسلىم قىلدۇرغان قاڭقىللارنىڭ سانى خاتىرىلەنمىگەن. «ۋېينامە. سۇي خاۋنىڭ تەرجىمھالى» دا «300 مىڭ تۇتۇندىن ئارتۇق» دېيىلگەن، ھالبۇكى «ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە»⑦ دە بولسا «300 مىڭدىن ئارتۇق» دېيىلگەن؛ «نەچچە يۈز مىڭ» دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرىسىدىكى «تۇتۇن» دېگەن سۆز يوق. بۇ يەردىكى قاڭقىللار بايقال كۆلى بويىدىكى شەرقىي قىسىم قاڭقىللارغا ئوخشاش ۋېي قوشۇنلىرىغا ئۆزلۈكىدىن «تەسلىم بولغانىدى». ئۇلار بىلەن ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولمىغانلىقى ئۈستىگە ئۇلار ۋېي قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ «داتان ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى ئۆلتۈرگەن». شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ «تۇتۇنلىرى» ئۇرۇشنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىمىغان بولغاچقا، ئۇلار ۋېي قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولغاندا «تۇتۇن» نى بىرلىك قىلىپ ھېسابلىنىپ، «سۇي خاۋنىڭ تەرجىمھالى» دا «300 مىڭ تۇتۇندىن ئارتۇق» دېيىلگەن بولۇشى كېرەك. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 121 - جىلد ۋېيدىنىڭ يۈەنجيا 6 - يىلىدىكى ماددىسىدا: «ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى لىشۇي دەرياسىنى بويلاپ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ تاكى تويۇن دەرياسىغىچە يېتىپ باردى...... ئورغۇنلىغان ئادەملەرنى ئەسىرگە ئېلىپ ئۆلتۈردى. قاڭقىللارنىڭ قەبىلىلىرى ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ جورجانلارنىڭ دۆلىتىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى، جورجان دۆلىتىدىن ۋېي سۇلالىسىگە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ «300 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم تەسلىم بولدى» دېيىلگەن بولۇپ، گەرچە «300 مىڭدىن ئارتۇق تۇتۇن» بولسىمۇ، ئەمما «جورجانلاردىن ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ» دېيىلگەن. جورجانلارنىڭ

ۋېي سۇلالىسىغا دۈشمەن دۆلەت ئىكەنلىكىگە ئاساسلانغاندا،
جورجانلاردىن ۋېي قوشۇنلىرىغا ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئىنتايىن
كۆپ ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ دۈشمەنلەشكەن دۆلەتنىڭ ئەسىر-
لىرى ئىكەنلىكىدىن قارىغاندا، «ۋېينامە». سۇي خاۋنىڭ
تەرجىمىھالى»، «ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە» قاتار-
لىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇلار بىلەن قاغىللارنىڭ تەسلىم
بولغان ئادەملىرى پەرقلەندۈرۈلگەن. مەسىلەن، قاغىللارنىڭ
300 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئادىمىنىڭ تەسلىم بولغانلىقىنى
بايان قىلغان ۋاقىتتا يەنە، «نۇرغۇن ئادەمنى ئەسىرگە ئېلىپ
ۋە چارۋا - ماللار بىلەن چاقلىق ئۆيلەرنى غەنىيمەت ئال-
غان، ...... نەچچە يۈز مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن» («سۇي خاۋنىڭ
تەرجىمىھالى»)، «نۇرغۇن ئادەمنى ئەسىرگە ئېلىپ ئۆلتۈرگەن
ۋە 1 مىليون تۇياقتىن ئارتۇق جەڭ ئاتلىرىنى غەنىيمەت
ئالغان» («جورجانلار ھەققىدە قىسسە») دەپمۇ كۆرسىتىلگەن
بولۇپ، بۇ «ئەسىرگە ئالغان» ياكى «ئەسىرگە ئېلىپ ئۆلتۈرۈلگەن-
لەر» نىڭ ھەممىسى شەك - شۈبھىسىزكى، جورجانلار ئىدى.
«ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە جورجانلاردىن ئەسىرگە ئېلىنغانلار
بىلەن قاغىللاردىن تەسلىم بولغانلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بىر قىلىپ
قويۇپ، «ۋېينامە» گە ئوخشاش ئېنىق خاتىرىلىمىگەن. ئۇنىڭ
ئۈستىگە قاغىللارنىڭ 300 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادىمىنى
«جورجانلار» دىن قىلىپ قويۇشىنىڭ ئۆزىمۇ خاتا بولۇ-
شى مۇمكىن.

بۇنداق بولغاندا، مىلادى 429 - يىلى بايقال كۆلىنى
بىلەن موڭغۇل دالاسىدا ۋېي قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولغان
قاغىللار جەمئىي ئىككى قېتىم بولۇپ، بىر قېتىمقىسى نەچچە
يۈز مىڭ تۈتۈن، يەنە بىر قېتىمقىسى 300 مىڭ تۈتۈلدىن
ئارتۇق ئىدى. بىر تۈتۈندە تۆتتىن بەشكىچە نوپۇس بار
دەپ ھېسابلانسا، تەخمىنەن جەمئىي 2 — 3 مىليون نوپۇس بولىدۇ.

بۇ ئىنتايىن چوڭ سان بولۇپ، ئەجەبا شۇنچىلىك كۆپ قاڭقىللار ۋەيى قوشۇنلىرىغا بىر يىلنىڭ ئىچىدە تەسلىم بولۇپ كەتكەنمىدۇ؟ شىمالدا زادى قانچىلىك قاڭقىل بار؟ باشتا بايان قىلغىنىمىزدەك مىلادى II ئەسىردە دىڭلىڭلارنىڭ نوپۇسى ئاز دېگەندىمۇ 300 مىڭ ئىدى. شۇ ۋاقىتتىن V ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى جورجان خانلىقى قۇرۇلغان ۋاقىتقا قەدەر 200 يىل ئۆپچۆرىسىدە ۋاقىت ئۆتتى. بۇ مەزگىلدە هونلارنىڭ قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئاللىقاچان غەربكە ياكى جەنۇبقا سەددىچىننىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كەتكەنىدى؛ هون دۆلىتىدىن كېيىن باش كۆتۈرۈپ چىققان سىيانپىلارنىڭ تانشىخۇاي قەبىلىسىنىڭ قەبىلىلەر ھەربىي چوڭ ئىتتىپاقىمۇ پارچىلىنىپ، سىيانپى قەبىلىلىرى ئارقا - ئارقىدىن موڭغۇل دالاسىدىن چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ياكى سەددىچىننىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كەلگەنىدى. 200 يىل ئىچىدە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى سىپايان ۋە گۈزەل موڭغۇل دالاسى قاڭقىل قەبىلە خەلقلىرىنىڭ ئەركىن مال باقىدىغان جەننىتىگە ئايلاندى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ۋەيى جېڭ تاڭ تەيزۇڭغا تۈركلەردىن «تەسلىم بولغانلار 100 مىڭغا يەتتى، نەچچە ئون يىلدىن كېيىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن» («جېنگۇەن يىللىرىدىكى مۇھىم ھۆججەتلەر» 9 - جىلد) دېگەنىدى؛ تۈركلەرنىڭ «نەچچە ئون يىل» دىن كېيىنكى نوپۇسى بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشقانىدى، قاڭقىللارنىڭ نوپۇسىنىڭمۇ بۇ مەزگىلدە ھەدەپ كۆپىيىشىمۇ پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىدى. باشتا بايان قىلغىنىمىزدەك دىڭلىڭلار موڭغۇل دالاسىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن هونلارنىڭ 200 مىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى قالدۇق قوۋملىرى ۋە سانى ئېنىق بولمىغان سىيانپى قەبىلىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ۋە ئاسسىمىلياتسىيە بولغان، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ نوپۇسىنىڭ 200 يىل ئىچىدە 300 مىڭ ئۆپچۆرىسىدىن 2 — 3

مىليونغا كۆپەيگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس ئەمەس. مانا بۇ بىر سەۋەبتۇر. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەننىڭ 20 - يىلى (مىلادى 646 - يىلى) سىرتاردۇش خانلىقى مۇنقەرز بولغان ۋاقىتتا، چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى تۇرا قەبىلىلىرى تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغانىدى، تاڭ تەيزۇڭ يارلىق چۈشۈرۈپ: «تۇرالار- نىڭ ئۇرۇق جەمەتلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قۇتلۇق ئىلتەبىرىنىڭ 1 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىسى شىمالغا تارقىلىپ جايلاشقان، ئۇلار يىراقتىن ئەلچى ئەۋەتىپ بەيئەت قىلىشنى ئىلتىجا قىلىپتۇ» («كونا تاڭنامە. تۇرالار ھەققىدە قىسسە») دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇنىڭدا دېيىلگەن جېنگۇەن يىللىرى دەۋرىدىكى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ نوپۇسى 1 مىليوندىن ئارتۇق ئىدى. مەسىلەن، 1 مىليون نوپۇسنى 200 مىڭ تۈتۈن دەپ ھېسابلىغاندا، ئۇنداقتا شىنجىيانىڭ 2 - يىلىدىكى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى قاڭقىللارنىڭ نوپۇسى (پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ 100 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئادىمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، جېنگۇەننىڭ 20 - يىلىدىكى تۈتۈن سانىنىڭ $\frac{1}{2}$ گە باراۋەر بولۇپ، 600، 700 مىڭ ئارتۇق، بۇنى كۆپ دېگىلى بولمايدۇ. بۇ ئىككىنچى سەۋەبتۇر. قاڭقىللارنىڭ پۇۋۇرغۇر قەبىلىسى غەربكە كۆچكەندە، «100 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئادىمى بار ئىدى». پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىدىن ئىبارەت بىر قەبىلىدىلا 100 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئادەم بولغان يەردە، پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىدىن باشقا قالغان ئالتە قاڭقىل قەبىلىسىنىڭ ھەربىرىنىڭ قەبىلە سانى بۇ سانغا يەتمىسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي سانى 600 مىڭ ئۆيلۈك ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق بولۇشى پۈتۈنلەي مۇمكىن. مىلادى 429 - يىلى ۋېي قوشۇنلىرى شىمالغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، ئۇلار- نىڭ يېتىپ بارغان جايلىرى ئاساسەن جورجان خانلىقىنىڭ

شەرقى ۋە ئوتتۇرا قىسمى بولۇپ، يەنى قاغىللارنىڭ ئالە
قەبىلىسىنىڭ تارقالغان جايلىرى ئىدى. قاغىللارنىڭ ئالتە
قەبىلىسىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جورجان-
لارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ۋېي قوشۇنلىرىغا تەسلىم
بولۇشى ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت تەرەپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغا-
نىدى، بۇ ئۇچىنچى سەۋەبتۇر. ئەلۋەتتە مىلادى 429 - يىلى
شىمالدىكى قاغىللاردىن 600 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق، 2 — 3
مىليون ئادەم ۋېي قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولدى دېيىشنىڭ ئۆزى
بەكلا ئاشۇرۇۋېتىلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىرىنچى، يۇقىرىدا
بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن قاغىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسىنىڭ ئۆز
ئىچىگە ئالغان ئۆي سانى، ئۇلارنىڭ موڭغۇل دالاسىغا كۆچۈپ
كەلگەندىن كېيىنكى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىگە يەتكەندىكى سانى
بولۇشى مۇمكىن. كېيىن ئالدىنقى يەن پادىشاھلىقىنىڭ پادى-
شاھى مو رۇڭجۈن، توغبات دەي پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى-
شى يىجيەن قاتارلىقلار كۆپ قېتىم قوزغىغان بۇلاڭ - تالاڭچى-
لىقتا ئۇلارنىڭ تۇتقۇن سانى زور دەرىجىدە كەملەپ كەتكەن
بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئەسلىدىكى سان بىلەن ئاتىلىۋەرگەنىدى.
بۇنداق مىساللارنى قاغىللارنىڭ تارىخىدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ.
مەسىلەن، يۇۋۇرغۇر قەبىلىسى غەربكە كۆچكەن ۋاقىتتا، 100
مىڭ تۇتقۇندىن ئارتۇق ئادىمى بار ئىدى، جورجان خانلىقى
بىلەن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق،
ئۇلارنىڭ قوۋملىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆلدى، بەزىلىرى قېچىپ
كەتتى. قاغىل دۆلىتى مۇنقەرز بولۇشنىڭ ھارپىسىغا كەلگەندە،
ئەسلىدىكى سانىنىڭ يېرىمى يەنى 500 مىڭ ئۆيلۈك ئادەم⑧
قېپقالدى، ئەمما يۈگىشىنىڭ 2 - يىلىدا بولسا يەنە
«100 مىڭ تۇتقۇن» يەنى يۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ ئەسلىدىكى
غەربكە كۆچكەن ۋاقىتتىكى ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلىدىكى سانىغا
بارلىۋەر كېلىدىغان ساندىكى ئادەم شەرقىي ۋېيگە «بەيئەت

قىلغانىدى»، («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. ۋېي شىياۋۋۇدى ھەققىدە خاتىرە»). ئىككىنچى، مەيلى قاغىقلارنىڭ تەسلىم بولۇشىغا باشچىلىق قىلغان باغا ۋە سەركەردىلەر بولسۇن، ياكى قاغىقلار تەسلىم بولغان ۋېي سۇلالىسىنىڭ جازا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنلىرىنىڭ سانغۇنلۇقىنى قوبۇل قىلغانلار بولسۇن، ھەممىسى ئېھتىمۇ كۆپ ئىنئاملارغا ئېرىشىشنى كۆزلەپ ئىدى. تەسلىم بولغانلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە رازى بولغانلار ئەگەر بىز ۋېي سۇلالىسىنىڭ سانغۇنلىرىنىڭ قەستەن مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتكەنلىكىنى نەزەرگە ئالساق ھەمدە قاغىقلارنىڭ پۈۋۈرغۇر قەبىلىسىنىڭ ئەمەلىي ئىنگە بولغان 50 مىڭ تۈتۈن ئادىمىنىڭ 100 مىڭ تۈتۈن دەپ ئاتالغانلىقىغا ئائىت مىسالغا ئاساسلانساق، مىلادى 429 - يىلى ۋېي قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولغان قاغىقلارنىڭ ئۈيلۈك سانىغا سۈندۈرۈپ، يەنى 300 مىڭ تۈتۈننى 1 مىليون 55 مىڭ ئادەم دەپ ھېسابلىساق، ئەمەلىيەتكە بىر قەدەر يېقىن كېلىشى مۇمكىن.

شۇنداق بولغاندا، مىلادى 363 - يىلىدىن مىلادى 429 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا توغبات دەي (ۋېي) پادىشاھلىقىنىڭ قاغىقلاردىن جەمئىي ئەسىرگە ئالغان، تەسلىم بولغان ۋە بەيئەت قىلغانلارنى قوبۇل قىلغان ئاھالىلىرى ئاز دېگەندىمۇ 1 مىليون 600 مىڭدىن ئارتۇق بولغان بولىدۇ. بۇ 1 مىليون 600 مىڭدىن ئارتۇق قاغىقلىنىڭ ھەممىسى توغبات ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ، مەجبۇرىي ھالدا چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈرۈلۈپ، ئىچكى موڭغۇلدىكى خېتاۋ رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىدىكى بىر قېتىملىق زور كۆلەملىك مىللەتلەر كۆچۈشى ھەم 16 پادىشاھلىق ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ بىر قېتىملىق كۆچۈشى

ھېسابلىنىدۇ.

ئەمدى بىز كونكرېت قىلىپ، تارىخىي كىتابلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن جەنۇبقا كۆچكەن قاڭقىللارنىڭ قەبىلىلىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

يۈەنخې (ئۇيغۇر) قەبىلىسى بۇ قەبىلە جەنۇبتىكى قاڭقىللارنىڭ ئەڭ چوڭ قەبىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىلادى 498 - يىلى (ۋېي شياۋۋېندىنىڭ تەيخې 22 - يىلى) مەزكۇر قەبىلىنىڭ سەركەردىسى شۇڭقار جەنۇبتىكى قاڭقىل قەبىلىلىرى تەرىپىدىن ئورتاق ھالدا ئىتتىپاقنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىنىپ، توغبات سۇلالىسىگە قارشى ھەيۋەتلىك كۈرەشنى قوزغىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ يۈەنخې (ئۇيغۇر) قەبىلىسىنى جەنۇبقا كۆچۈرگەنلىكى ئەڭ بۇرۇن «ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» نىڭ دېڭگونىڭ 5 - يىلى (مىلادى 390 - يىلى) دا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، شۇ يىلى ۋېي داۋۋۇدى ۋېي قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ چۆللۈكتىن ئۆتۈپ قاڭقىللارنىڭ يۈەنخې (ئۇيغۇر) قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، «ئاھالە ۋە ئات، كالا، قوي بولۇپ 200 مىڭدىن ئارتۇقنى غەنىيمەت ئالدى». ئۇنىڭدىن كېيىن تيەنشىڭنىڭ 6 - يىلى (مىلادى 403 - يىلى) ۋېي قوشۇنلىرى يەنە يۈەنخې (ئۇيغۇر) قەبىلىسىنىڭ قالدۇق ئۇرۇقلىرىنى بۆرە تېغىدا «مەغلۇپ قىلدى» («ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»)، لېكىن ئەسىرگە ئالغان ئاھالىلىرىنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس ئىدى. شۇڭقارنىڭ يۈەنخې (ئۇيغۇر) قەبىلىسىگە باشچىلىق قىلىشى بەلكىم بۇ ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتىكى ئەسىرگە ئېلىنىشىدا بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بىراق يۇقىرىدىكى ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا ۋېي قوشۇنلىرى ئەسىرگە ئالغان يۈەنخې قەبىلىسىنىڭ ئاھالىلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا يۈەنخې (ئۇيغۇر) قەبىلىسىنىڭ كۆپلەپ جەنۇبقا كۆچۈشى، شىنجيا

2 - يىلى (مىلادى 429 - يىلى) دا بولغان بولۇشى مۇمكىن.

قوغۇرسۇ قەبىلىسى «شىمالىي چى سۇلالىسى تارىخى. قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ تەرجىمىھالى» غا ئاساسلانغاندا، ۋېي شياۋمىڭدىنىڭ جېڭگۇاڭ (مىلادى 520 — 524 - يىللار) ئاخىرقى يىللىرىدا قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ ئىلكىدە «بىر تۈمەن تۈتۈن» بار ئىدى. بۇ بىر تۈمەن قوغۇرسۇ قەبىلىلىرى قوغۇر- سۇ ئالتۇننىڭ بوۋىسى بېكتۈلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە قېچىپ كەلگەندە باشلاپ كەلگەن قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ كېيىن- كى ئەۋلادلىرى ئىدى. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە بېكقۇلى جورجانلارنىڭ قاغانى سەنلان بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاران ئون ئادەمدىن ئىككى - ئۈچىلا قورشاۋدىن بۆسۈپ چىققان بولۇپ، ئەگەر بۇ بىر تۈمەن تۈتۈننى قوغۇرسۇ قەبىلىسىدىكى ئون ئادەمنىڭ 2 — 3 دەپ پەرەز قىلغاندا، ئۇنداقتا قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ جورجانلار قاڭقىل قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرغاندا، ئاز دېگەندىمۇ 50 مىڭ تۈتۈن ئۆپچۆرىسىدە ئادىمى بولغان بولىدۇ. بېكقۇلىنىڭ باشچىلىقىدىكى بىر تۈمەن تۈتۈن ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، قالغان قوغۇرسۇ قوۋملى- رىمۇ كېيىن داۋاملىق شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. «ۋېينامە. سۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە «غەربىي قىسىم چىلى- لاردىن بولغان قوغۇرسۇ لوياڭ» تىلغا ئېلىنغان، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قوغۇرسۇ چياڭجۇنىڭ تەرجىمىھالى» دا «قوغۇرسۇ چياڭجۇ ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە قەبىلە ئاقساقىلى بولۇپ كەلگەن» دەپ خاتىرىلەنگەن، بۇ ئىككىلەننىڭ باشچىلى- قىدىكى قوغۇرسۇ قوۋملىرى (قەبىلە سانى ئېنىق ئەمەس) بىلەن قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ ھېچقانداق تەۋەلىك مۇناسىۋىتى يوق. بەلكىم بېكقۇلىنىڭ باشچىلىقىدىكى بىر تۈمەن تۈتۈن ۋېي

سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن يەنە ۋېي قوشۇنلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا چاپ يۈرۈش قىلغاندا، ۋېي قوشۇنلىرىغا ئايرىم تەسلىم بولغانلار بولۇشى مۇمكىن.

جۇبە قوۋمى تارىخى كىتابلاردا مىلادى 401-يىلى ئۇلارنىڭ پادىشاسىنىڭ 3000 تۈتۈندىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ، «ئەپچىلىرىگە بېقىندى» قىلىنغانلىقى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇرۇن ۋە كېيىن جۇبە قوۋملىرىنىڭ ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان ياكى بولمىغانلىقى تارىخى كىتابلاردا كەمدىن - كەم خاتىرىلەنگەن.

**دى ئۇرۇقى، قۇتلۇقغۇز ئۇرۇقى، ئىزگىل ئۇرۇقى:** دى ئۇرۇقىنىڭ كۆپ قىسمى توغبات قەبىلىسى دۆلەت قۇرۇشتىن ئىلگىرىلا، ئاللىقاچان ئىچكىرى رايونلارغا كۆچۈپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا بارغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى دى ئۇرۇقى كۆزگە چېلىقمايدۇ. تارىخى كىتابلاردا قۇتلۇقغۇز ئۇرۇقى بىلەن ئىزگىل ئۇرۇقىدىن ئىبارەت ئىككى قەبىلىنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى ئىش ئىزلىرىمۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك خاتىرىلەنمىگەن. لېكىن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارنىڭ ئارىسىدا، بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ قوۋملىرى بولۇشى كېرەك. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى «قاڭقىللارنىڭ بەش قەبىلىسىنىڭ يىغىلىپ كۆككە ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلغان» لىقى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئېھتىمال دى ئۇرۇقىدىن باشقا يۈەنخې (ئۇيغۇر) ئۇرۇقى، قوغۇرسۇ ئۇرۇقى، جۇبە ئۇرۇقى، قۇتلۇقغۇز ئۇرۇقى ۋە ئىزگىل ئۇرۇقى قاتارلىق بەش قەبىلىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارنىڭ ئارىسىدا يەنە تۇرا (تېلى) ئۇرۇقىمۇ بار بولۇپ، «ۋېينامە. تۇرا پادىشاھىنىڭ تەرجىمىھالى»، «جۇنامە. تۇرا كېڭەكنىڭ

تەرجىمىھالى»، ۋە «شىمالىي چى سۇلالىسى تارىخى. تۇرا بېگنىڭ تەرجىمىھالى»دا ئۇچرايدۇ. تۇرا ئۇرۇقى يەنى بۆركلى ئۇرۇقى بولۇپ، قاڭقىللارنىڭ پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىگە تەۋە ئىدى. «ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە: «شۇ يىلى جورجانلارنىڭ تېلا تېكىن دەپ ئاتىلىدىغان باشقا بىر سەركەردىسى قوۋملىرىنى باشلاپ كېلىپ بەيئەت قىلدى» دېيىلگەن. باشقا بىر سەركەردىسى دېگەنلىك يەنى باشقا بىر قەبىلىنىڭ سەركەردىسى دېگەنلىكتۇر؛ ھالبۇكى، باشقا قەبىلىنىڭ كۆپ قېتىم بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى بولغان يات قەبىلىلەرنى كۆرسىتەتتى. بۇ يەردىكى تېلا تېكىننىڭ باشچىلىقىدىكى قوۋملار قاڭقىللارنىڭ پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىگە قاراشلىق بۆركلى جەمەتىنىڭ بىر تارمىقى بولۇشى كېرەك. بۇ قەبىلە پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىگە ئەگىشىپ غەربكە كۆچمىگەنىدەك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئېنىق ئەمەس. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۇرا يالچىن قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدىكى قاڭقىللار ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولۇشى مۇمكىن. يەنە «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» گە ئاسالانغاندا، ئېفتالىتلار كىنگىتكە ھۇجۇم قىلغاندا، كۆنچېنىڭ باشچىلىقىدىكى قوۋملارنىڭ بىر تارمىقى ۋېي سۇلالىسىگە قېچىپ بېرىپ بەيئەت قىلغان، ۋېي سۇلالىسى ئۇلارنى گاۋپىڭ قورغىنىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. بۇمۇ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارنىڭ ئارىسىدا پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەرنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ۋېي سۇلالىسىنىڭ قارىمىقىدىكى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى بىر مىليون 600 مىڭدىن ئارتۇق قاڭقىل، ئاساسەن قاڭقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسىنىڭ ئىچىدىكى يۈەنخې (ئۇيغۇر) ئۇرۇقى، قوغۇرسۇ ئۇرۇقى، چىبە ئۇرۇقى، قۇتلۇقغۇر ئۇرۇقى ۋە ئىزگىل ئۇرۇقى ئىدى

ھەمدە قاڭقىللارنىڭ پوۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ قوشۇلىرىمۇ بار
ئىدى، بىراق سانى بىر قەدەر ئاز ئىدى.
توغبات ۋېي سۇلالىسى نېمە ئۈچۈن ئەسىرگە ئالغان ۋە
ئەسلىم قىلدۇرغان قاڭقىللارنىڭ بىر مىليون 600 مىڭدىن
ئارتۇق ئادىمىنى قورال كۈچى بىلەن مەجبۇرىي ھالدا چۆل-
لۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈرگەندۇ؟ بۇنىڭدا توغبات قەبىلىسى
دۆلەت قۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يۈرگۈزگەن قۇللۇق
تۈزۈم بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇشتىن تاشقىرى
يەنە، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ سەۋەب بار: بىرىنچى، توغبات قە-
بىلىسى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا دەي پادىشاھلىقىنى قۇرغان-
دىن كېيىن، بولۇپمۇ ۋېي داۋۇدى توغباتگۇي دۆلەتنى ئەسلىگە
كەلتۈرگەندىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا، كېيىنكى
يەن، كېيىنكى چىن، تاڭغىت قاتارلىق دۆلەتلەر ئىلگىرى -
ئاخىرى بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەشكەن، شىمالدا قۇد-
رەتلىك جورجان خانلىقى دائىم ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرات-
تى. ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەمدە تەرەققىي قىلىپ
كۈچىيىشى ئۈچۈن چوقۇم بىر قاتار ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىشى
شەرت ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈ-
چۈنمۇ مول ئادەم ۋە ماددىي كۈچنىڭ قوللىشىنىڭ بولما-
لىقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. شەرقىي خەن سۇلالىسى-
نىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن بۇيان، بولۇپمۇ غەربىي جىن سۇ-
لالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى سەككىز شاھزادە يېغىلىقى
ۋە 16 پادىشاھلىقنىڭ قالايمىقانچىلىقى ئارقىلىق، ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكنىڭ ئىگىلىكى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانىدى،
نوپۇس ئازور دەرىجىدە ئازلاپ كەتتى، نەچچە مىڭ چاقىرىملىق
ئارىلىقتا ئادەمزاتنىڭ قارىسى كۆرۈنمەسلىكتەك مەنزىرە بار-
لىققا كەلدى. توغبات قەبىلىسى جايلاشقان دەي پادىشاھلىقى-
نىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خارابلىشىشى

بىلەن نوپۇسنىڭ كېمىيىپ كېتىشى تېخىمۇ ئېغىر بولدى. بۇن-
داق ئەھۋال ئاستىدا، توغبات - دەي (ۋېي) پادىشاھلىقى مىلادى
IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، «ئاھالىلەرنى پايتەختكە
كۆچۈرۈشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» سىياسىتىنى قوللانــدى. شۇ ئۇ-
رۇنىڭ ئاھالىلىرىنى ھەدەپ دەي پادىشاھلىقىنىڭ شىمالىدىكى
جايلارغا كۆچۈردى. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا،
دەي پادىشاھلىقىنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا كۆچۈرۈلگەن خەن-
زۇ، خۇن قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانى بىر
مىليوندىن ئېشىپ كەتكەنىدى ⑨. توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ
كۆپ ساندىكى قاڭقىللارنى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈرۈشى،
ئۇلارنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى كەڭ كۆلەمدە بۇلاڭ - تالاڭ
قىلىدىغان «ئاھالىلەرنى پايتەختكە كۆچۈرۈشنى ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈش» نىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى. كۆچمەنلەر چۆللۈك-
نىڭ جەنۇبىدىكى دەي پادىشاھلىقىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنىڭ
ئىگىسىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن زور كۆلەمدىكى دېھقانچىلىق (ئا-
ساسلىق خەنزۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى)، چارۋىچىلىق (ئاسا-
سلىقى قاڭقىللارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى) ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك-
نىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھېسابلىناتتى. مانا بۇ ئادەم
كۈچى ۋە ماددىي كۈچكە تايانغاندىلا، توغبات-دەي(ۋېي) پادىشاھ-
لىقى ئاندىن ئۇرۇشنى غەلىبىلىك ھالدا ئېلىپ باراليتتى.
ئىككىنچىدىن، جورجان خانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشنىڭ
ئېھتىياجىنىمۇ چىقىش قىلغانىدى. جورجان خانلىقى ئاساسەن
قاڭقىللارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش يولى بىلەن ئۆزلىرى-
نىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە قارىتا قوزغىغان تاجاۋۇزچى-
لىق ئۇرۇشىنى قامدايتتى. ۋېي سۇلالىسىنىڭ كۆپلىگەن قاڭ-
قىل ئاھالىلىرىنى مەجبۇرىي ھالدا چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈ-
رۈشى، جورجان خانلىقىغا نىسبەتەن مەسىلىنى تۈپ - تۈ-
سىل ھەل قىلىش رولىنى ئوينىغان. ئۇنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىش

ۋە يوقىلىشىنى تېزلەتتى. ئۈچىنچىدىن، كۆپلىگەن قاڭقىل ئاھالىسى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چەك چېگرايا قىسمىدىكى ئايماق ـ ۋىلايەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قورۇل، قورغانلار تەسىس قىلىنىپ باشقۇرۇلدى. ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇلار «ئېگىز چاقلىق ھارۋىلار»نى پايدىلىنىپ، سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ، ۋېي سۇلالىسى ئۈچۈن ئات، كالا، قوي قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپ چىقاراتتى، ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا بولسا «قاڭقىللارنىڭ داڭلىق چەۋەندازلىرى» توپلىنىپ، ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چېگرىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، جۇرجان خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چېگرىسىغا كەلتۈرىدىغان پاراكەندىچىلىكى بىلەن ئىچكى جايلارغا بېسىپ كىرىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان مۇمكىنچىلىكىنى زور دەرىجىدە ئازايتتى. قىسقىسى، قاڭقىللارنىڭ مەجبۇرىي ھالدا جەنۇبقا كۆچۈرۈلۈشى، پۈتۈنلەي شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى كونترول قىلىش ۋە چېگرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى ئۈچۈن بولۇپ، ۋېي سۇلالىسىنىڭ سىياسىتىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدىكى مەھسۇلى ئىدى.

## 3. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارنىڭ جايلىشىشى، «غەربىي تۇرالار»، «خېشى تۇرالىرى»، «شەرقىي تۇرالار»، «شىمالىي تۇرالار» توغرىسىدا ئىزاھ

توغبات ۋېي سۇلالىسى تەرىپىدىن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن قاڭقىللار ئەڭ دەس-

لەپتە ئاساسەن، پىڭچېڭ بىلەن دەي پادىشاھلىقىنىڭ شىمالى-
دىكى رايونلارغا مەركەزلەشكەنىدى. مەسىلەن، توغباتگۆي مى-
لادى 399 - يىلى ۋېي قوشۇنلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئې-
سىرگە ئالغان 90 مىڭدىن ئارتۇق قاڭقىلنىڭ بىر قىسمىنى
«ئادەملىرىگە ئىنئام قىلىپ بەرگەن» («ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە
خاتىرە») دىن سىرت، قالغانلىرى ۋېي قوشۇنلىرى تەرىپىدىن
پۈتۈنلەي «پىڭچېڭغا كۆچۈرۈلۈپ»، پىڭچېڭنىڭ ئەت-
راپىدا «بۇغا مەيدانى» بىلەن «ياۋاغاز كۆلى» نى ياساشقا
بۇيرۇلدى («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. ۋېي داۋۇدى
ھەققىدە خاتىرە»). كېيىن قاڭقىللاردىن ئەسىرگە ئېلىنغان ۋە
تەسلىم بولغانلارنىڭ ھەدەپ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، قاڭقىللار
پۈتكۈل چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى را-
يونلارغا دېگۈدەك تارقالدى. مەسىلەن، شىنجيانىڭ 2 -
يىلى (مىلادى 429 - يىلى) تەسلىم بولغان 1 مىليون 500
مىڭدىن ئارتۇق قاڭقىللار ھەققىدە «ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە
خاتىرە» نىڭ شۇ يىلىنىڭ داۋامىدىكى خاتىرىسىدە: «قىش-
پەسلى، 10 - ئايدا، خان زەپەر قۇچۇپ ئاستانىگە قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن بۇزرۇكۋارلار ئىبادەتخانىسىدا تىلەك تىلىدى.
يېڭى يۇقىرالارنى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا
شەرقتە رۇيۇەن (ھازىرقى خېبېينىڭ گۇيۇەن ناھىيىسىنىڭ
شەرقىي جەنۇبىدىكى لۇەنخې دەريا مەنبەسى) دىن غەربتە ۋۇيۇەن
(ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى باۋتۇ شەھىرىنىڭ غەربى)
بىلەن چوغاي تېغىغىچە بولغان دائىرىسى 3000 چاقىرىم
كېلىدىغان جايغا ئورۇنلاشتۇردى» دەپ كۆرسىتىلگەنىدى. بۇ
يەردىكى، «يېڭى يۇقىرالار» («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا-
تاڭ تەيزۇڭنىڭ «يېڭى ئادەملەر» دەپ تىلغا ئالغانلىقىنى كۆر-
سەتكەن) يەنى شۇ يىلى تەسلىم بولغان قاڭقىللارنى كۆرسىتەتتى.
شۇ سەۋەبتىن «ۋېينامە. يۇلتۇز بېقىش تەپسىراتىنىڭ

ئۆچمەنچىسى» دە: «شىنجياڭنىڭ 2 - يىلى شىمالىدا جورجاكلارغا قارشى جازا يۈرۈش قىلغاندا، تەسلىم بولغان قاتقىللار چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى نەچچە يۈز مىڭ چاقىرىملىق دائىرىدىكى چەت ياقا جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى» دېيىلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەسلىم بولغان قاتقىللارنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا تارقالغان رايونلىرىنىڭ خېلى كەڭ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قاتقىللارنىڭ جەنۇبتىكى ھەر قايسى جايلاردىكى تارقىلىش ئەھۋالى تارىخىي كىتابلاردا ئىنتايىن ئاددىي خاتىرىلەنگەن. لېكىن شىمالىي ۋېي سۇلالىسى چۆللۈكنىڭ جەنۇبدىكى قاتقىللارنى ئاتىغاندا، كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ مىللەت نامى بولغان «قاتقىل» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىغا جۇغراپىيىلىك ئورۇن ياكى يەر نامىنى قوشۇپ پەرقلەندۈرەتتى، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ مىللەت نامى ياكى قەبىلە نامىنى ئىنتايىن ئاز ئاتايتتى. بۇ ھال بىزنىڭ قاتقىللارنىڭ جەنۇبتىكى ھەرقايسى جايلاردىكى كونكرېت تارقىلىش ئەھۋالىنى ئىزدىشىمىز ئۈچۈن مۇمكىنچىلىك ھازىرلاپ بېرىدۇ.

تارىخ كىتابلىرىدىكى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاتقىللارنىڭ نامى توغرىسىدا جۇغراپىيىلىك ئورۇن ياكى يەر نامىنى ئالدىغا قوشۇپ ئاتالغانلىرىدىن «غەربىي تۇرالار» («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى: ئىرجۇروڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا «غەربىي قاتقىللار» دېيىلگەن) دېگەن نام «ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە»، «ۋېينامە. سۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە»، «ۋېينامە. جىڭمۇ يىللىرىدىكى 12 بەگنىڭ تەرجىمىھالى» دىمۇ ئۇچرايدۇ؛ «شەرقىي تۇرالار» «ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 133 - جىلدىدا ئۇچرايدۇ؛ «شىمالىي تۇرالار» («ۋېينامە. دېڭيۈەنىڭ تەرجىمىھالى» دا «شىمالىي قاتقىللار» دېيىل-

گەن) «ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» قاتارلىقلاردا ئۇچرايدۇ. ئۇلىنىڭدىن باشقا «خېشى تۇرالىرى»مۇ بار بولۇپ، «ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» بىلەن «ۋېينامە. يۈەن خېنىڭ تەرجىمىھالى» دا ئۇچرايدۇ.

«غەربىي تۇرالار»، «شەرقىي تۇرالار» ۋە «شىمالىي تۇرالار» نىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا تارقىلىشى توغرىسىدا، خۇسەنشېڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 133 - جىلد، سوڭ مىڭدىنىڭ تەيشى 7 - يىلىدىكى ماددىسىدا ئىزاھ بېرىپ، «ۋېي شىزۇ جورجانلار (ۋېي شىزۇنىڭ شىنجيانىڭ 2 - يىلىدىكى شىمالدا جورجانلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ). نى مەغلۇپ قىلغاندىن بۇيان قاڭقىللار بىلەن تۇرالار (قاڭقىللار يەنى تۇرالار بولۇپ، بىر قەبىلىنىڭ ئىككى نامىدۇر. خۇسەنشېڭ ئىككى قەبىلە دەپ يازغان، بۇ خاتا) نىڭ ھەممىسى كېلىپ تەسلىم بولدى. بۇ قەبىلىلەر سەددىچىنىڭ ئىچىگە كېلىپ ماكانلاشتى. سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى ۋۇجۇ قورغىنىنىڭ غەربىي قىسمىدىن باشلاپ ماكانلاشقانلىرى غەربىي قىسىم دەپ، شەرقىدىكىلىرى شەرقىي قىسىم دەپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا ماكانلاشقانلىرى شىمالىي قىسىمدىكىلەر دەپ ئاتالدى» دەپ كۆرسەتكەن. «ۋېينامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، ۋۇجۇ ناھىيىسى خېڭجۇ ئايمىقىنىڭ دەيجۈن ۋىلايىتىگە تەۋە بولۇپ، ھازىرقى داتۇڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە ئىدى، ئۇنىڭ چېگرىسى ئىچىدە ۋۇجۇ تېغى بار ئىدى (ئۇجۇ تېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). «تارىخىي كىتابلاردىكى چېگرا قورغانلارغا ئائىت مۇھىم بايانلار»نىڭ 44 - جىلدىنىڭ ۋۇجۇ تېغى ماددىسىدا «ۋېي سۇلالىسىنىڭ يەر زېمىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» دىن نەقىل ئېلىپ «پىڭچېڭ ئوردىسىنىڭ غەربىدىن 30 چاقىرىم يىراقلىقتا ۋۇجۇ قورغان ئېغىزى بار. بۇ جاي تاغدۇر» دەپ كۆرسەت-

ىكەن. بۇلۇڭغا ئاساسلانغاندا، «سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى ۋۇجۇ» يەنى پىڭچىڭ (ھازىرقى داتۇڭ) نىڭ غەربىدىن 30 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ۋۇجۇ قورۇلىنىڭ سىرتىدا (شىمالىدا) ئىدى. خۇسەنشىڭنىڭ ئىزاھاتىغا ئاساسلانغاندا، غەربىي تۇرالار بىلەن شەرقىي تۇرالار يەنى مۇشۇ قورۇلنىڭ شىمالى بىلەن پاسىل ئايرىپ تۇراتتى. «ۋېينامە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىكى خاتىرە، قىسسەلەرنى تەكشۈرگەندە، خۇسەنشىڭنىڭ ئىزاھاتى ئاساسىي جەھەتتىن توغرا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاۋۋال «غەربىي تۇرالار»نىڭ جايلىشىشىنى كۆرۈپ باقايلى. «غەربىي تۇرالار» نىڭ ئارىسىدا قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ بارلىقىنى، «ۋېينامە. سۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە قوغۇرسۇ قەبىلىسىنى «غەربىي تۇرالار» دەپ ئاتىغانلىقىدىن دەلىللەشكە بولىدۇ. قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ جايلاشقان ئورنى توغرىسىدا، «شىمالىي سۇلالىسى تارىخى. قوغۇرسۇ ئالتۇنىنىڭ تەرجىمىھالى» دا: «قوغۇرسۇ ئالتۇنى سۇجۇ ئايمىقىدىكى تۇرا قەبىلىسىدىن، ...... جىڭگۇاڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پولىۇ خەنبالىق بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قوۋملىرى بىلەن ئۇنىڭغا تەۋە بولغاچقا، جىن بېگى دەپ ئاتالغان. قوغۇرسۇ ئالتۇنى كۆپ قېتىم ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ، قول ئاستىدىكى مىڭغا يېقىن تۇتۇننى باشلاپ يۇنجۇ ئايمىقىغا كېلىپ تەسلىم بولىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلدى» دېيىلگەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 150 - جىلدىدا قوغۇرسۇ ئالتۇنىنىڭ «خوەيسۇ قورغىنىنىڭ سانغۇنى ياڭ جۇن تەرىپىدىن ئەمرلەشكەرلىككە تەيىنلەنگەن» لىكى تىلغا ئېلىنغان. پولىۇخەنبالىق بىلەن «تىل بىرىكتۈرگەن» جايى ۋۇيى قورغىنى بولۇپ، خوەيسۇ قورغىنى بىلەن ئۆزئارا تۇتىشاتتى. قوغۇرسۇ ئالتۇنىنىڭ قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلىپ

قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئاۋاز قوشۇشى جەزمەن ئىدى. بۇ قوغۇرسۇ
قەبىلىسىنىڭ ئالتە قورغان قوزغىلىڭىدىن بۇرۇنقى مەزگىلدىكى
جايلاشقان ئورنىنىڭ ۋۇجۇ قورۇل سىرتىنىڭ غەربىدىكى
خۇيسۇ قورغىنى (قورغان ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى
گۇياڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا) ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.
ئۇلارنىڭ «غەربىي تۇرالار» دەپ ئاتىلىشىمۇ، خۇسەن
شېڭنىڭ قارىشىغا ماس كېلىدۇ. قوغۇرسۇ قەبىلىسىدىن باشقا،
«غەربىي قىسىم تۇرالار» نىڭ ئارىسىدا يەنە تېلا (تۇرا) ئۇرۇقىمۇ
بار ئىدى. «ۋېينامە. تۇرا يالچىننىڭ تەرجىمھالى» دا يالچىن
«دەيجۇن ۋىلايىتىدىكى غەربىي قىسىم تۇرالاردىن» دەپ كۆر-
سەتكەن. «جۇنامە. تۇرا كىبەگنىڭ تەرجىمھالى» دا كىبەك
«دەيجۇن ۋىلايىتىدىكى غەربىي تۇرالاردىن» دېيىلگەن.
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۇرا بېكىنىڭ تەرجىمھالى» دا:
«تۇرا بېكىنىڭ تەخەللۇسى شاگۇي، دەيجۇن ۋىلايىتىدىكى
غەربىي تۇرالاردىن» دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭ تېلا
(تۇرا) ئۇرۇقىنىڭ دەيجۇن ۋىلايىتىنىڭ غەربىگە يەنى ۋۇجۇ
قورۇلىنىڭ غەربىدىكى جايلارغا تارقالغانلىقىنى، بۇ جايلار-
نىڭ غەربىي قىسىم چىلىلارغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە
بولىدۇ، شۇڭا «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. ئېرجۇرۇڭنىڭ
تەرجىمھالى» دا تۇرابېكنى يەنە «غەربىي قاڭقىلىلاردىن بول-
غان تۇرا شاگۇي» دەپمۇ ئاتىغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئەلنى
ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 150 -
جىلد لياڭ ۋۇدىنىڭ پۇتۇڭ 6 - يىلى (مىلادى 525 - يىلى)
دىكى ماددىسىدا: «غەربىي تۇرالار (يەنى چىلىلار) نىڭ
قەبىلە ئاقساقلى يىلىغ 30 مىڭدىن ئارتۇق تۇتۇننى باشلاپ،
جەنۇبقا بېرىپ يۈەن شېن (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ
گۇاڭياڭ بېگى يۈەن شېن) گە تەسلىم بولدى،
يۈەن شېن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئۇنى جېڭفۇ

چوقىسىدا قارشى ئالماقچى بولدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «تارىخىي كىتابلاردىكى چېگرا قورغانلىرىغا ئائىت مۇھىم بايانلار» نىڭ 44 - جىلد سۇجۇ ئايماق ماددىسىدا، «جىيۇ چوققىسى سۇجۇ ئايمىقىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قورۇلنىڭ سىرتىدا» دېيىلگەن. ئەينى ۋاقىتتا يۈەن شېنىنىڭ باشچىلىقىدىكى ۋېي قوشۇنلىرى پولىيۇخەنبالىقنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن شىكەستە يەپ، دەل ۋۇيۈەن (ھازىرقى باۋتۇنىڭ غەربىي) دىن سۇجۇ ئايمىقى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ھۆرىنگېر ناھىيىسىنىڭ شىمالىي) غا چېكىنىۋاتاتتى. بۇنداق بولغاندا يىلىغنىڭ «جەنۇبقا بېرىپ يۈەنشىنگە تەسلىم بولۇشى» ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى غەربىي تۇرالارنىڭ 30 مىڭدىن ئارتۇق تۇتۇننىڭ جايلاشقان ئورنى ۋۇيۈەن بىلەن سۇجۇ ئايمىقىنىڭ شىمالىدىكى خۇيسۇ قورغىنى ياكى ۋۇچۈەن قورغىنىنىڭ دائىرىسىدە بولۇشى كېرەك، بۇ جايلارمۇ ۋۇجۇ قورۇلىنىڭ غەربىدە بولغاچقا، ئۇلارمۇ «غەربىي تۇرالار» دەپ ئاتالغان بولۇپ، خۇسەنشېڭنىڭ قارىشىغا ماس كېلىدۇ. غەربىي قىسىم تۇرالار ۋۇجۇ قورۇلىنىڭ غەربىدىكى ۋۇمىڭ، ۋۇچۈەن، خۇيسۇدىن ئىبارەت ھەربىي قورغانغا تارقالغان تۇرالارنى كۆرسىتىدۇ.

«غەربىي تۇرالار» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىرى «خېشى تۇرالىرى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «ۋېينامە. ليۇچېننىڭ تەرجىمىھالى» دا: «تۇرالارنىڭ يېڭىدىن كەلگەن پۇقرالىرى ئەمەلدارلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭلىرىغا ئۇچراپ تۇرغاچقا، ھەممىسى زارلىنىپ يۈرمەكتە. ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ، ئات - كالىلار سەمرىگەندە ئۇلار شىمالغا قايتىپ كېتىشمەكچى بولۇشۇۋاتىدۇ. ليۇجې سول قول چەۋەنداز ئەن يۈەن بىلەن ئوردىغا دەريا مۇز تۇتمىغاندا ئۇلارنى خېشى ئارىلىقىغا كۆچۈرۈش كېرەك، دەريا مۇز تۇتقاندىن كېيىن ئۇلار شىمالغا قاچالمايدۇ دەپ

مەكتۇپ سۇندى، شۇنىڭ بىلەن 30 مىڭ تۇتۇندىن ئارتۇق ئادەم خېشى ئارىلىقىغا كۆچۈرۈلۈپ، غەربتە بەييەنچى (ھازىرقى نىڭشيادىكى يەنچى ناھىيىسىنىڭ شىمالىي) گە باردى» دېيىلگەن. «ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» بىلەن «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 121 - جىلد سوڭ ۋېندىنىڭ يۈەنجيا 7 - يىلىدىكى ماددىسىدا بۇ ۋەقەنى شىنجيانىڭ 3 - يىلى (مىلادى 430 - يىلى) بولغان قىلىپ كۆرسەتكەن. لىيۇجى كۆچۈرگەن 30 مىڭدىن ئارتۇق تۈرالارنىڭ يېڭى پۇقرالىرىنىڭ ئىلگىرىكى جايلاشقان ئورۇنلىرى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن، بىراق دەريادىن ئانچە يىراق بولماسلىقى مۇمكىن. ياكى بولمىسا خېشى ئارىلىقىغا ئىنتايىن يېقىن بولغان چوغاي تېغىنىڭ جەنۇبىي بىلەن سۇجۇ ئايمىقىنىڭ شىمالىدا بولۇشى مۇمكىن، دەرۋەقە بۇ چىلىلارمۇ غەربىي قىسىم چىلىلار جۈملىسىدىن ئىدى. لىيۇجى مەكتۇپ سۇنۇپ 30 مىڭ تۇتۇندىن ئارتۇق چىلىنى خېشى ئارىلىقىغا كۆچۈرۈشتىن ئاۋۋال، يۈنجوڭ تۈرالىرىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ شىمالغا قايتىش ۋەقەسى يۈز بەرگەنىدى. لىيۇجى غەربىي تۈرالار (يۈنجوڭ چىلىلىرىمۇ غەربىي تۈرالارغا تەۋە) نىڭمۇ داۋاملىق ئىسيان كۆتۈرۈپ كېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، شۇڭلاشقا مەكتۇپ سۇنۇپ بىر بۆلۈم غەربىي قىسىم تۈرالارنى خېشى ئارىلىقىغا كۆچۈرۈش ۋەقەسىنى پەيدا قىلغانىدى. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، لىيۇجى تۈرالارنى خېشى ئارىلىقىغا كۆچۈرگەندىن كېيىن باشلاپ «خېشى تۈرالىرى» دېگەن نام ئاندىن بولغانىدى. خېشى چىلىلىرىنىڭ جايلىشىشى ھەققىدە «ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە: «يەنشىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 471 - يىلى) قىش 10 - ئايدا، ۋويې بىلەن توڭۋەن ئىككى قورغاندىكى تۈرالار ئىسيان كۆتۈردى، ئەمىر لەشكەر لوڭشى بېگى يۈەن خې يارلىققا بىنائەن قوغلاپ زەربە بەردى» دەپ خاتىرىلەنگەن،

بىراق، شۇ كىتابنىڭ «يۈەن خېنىڭ تەرجىمىھالى» دا: «شۇ
يىلى (يەنشىڭنىڭ تۆتىنچى يىلى) خېشى تۆرالىرى ئىسيان كۆ-
تۈرگەندە، ئۇردا يۈەن خېنى ئۇلارنى قوغلاپ يوقىتىشقا ئە-
ۋەتتى» دەپ تىلغا ئېلىپ، ۋۇيى بىلەن توڭگۇەندىن ئىبارەت
ئىككى قورغاندىكى تۆرالارنى خېشى تۆرالىرى دەپ ئاتىغا-
نىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ۋۇيى قورغىنىنىڭ تۇرۇش-
لۇق ئورنى تەخمىنەن ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئىنجاۋ ئاي-
مىقىنىڭ كاڭجىن قوشۇنىنىڭ شىمالىدىكى خۇاڭخې دەرياسى-
نىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا ئىدى، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى جايلار
بولسا ھازىرقى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى چوغاي تې-
غىنىڭ جەنۇبىي ئىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە
خۇاڭخې دەرياسى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى دېڭكودىن
ئۇلات ئالدىنقى خوشۇنىنىڭ ئەتراپىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىككى
تارماققا ئايرىلاتتى. ھازىرقى ئۇچيا دەرياسى شىمالىي دەريا،
ھازىرقى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ قىنى بولسا جەنۇبىي دەريا
دەپ ئاتىلاتتى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شىمالىي دەريانى
خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئەسلى ئېقىن يولى دەپ قارىغاچقا،
شۇڭا ۋۇيى قورغىنىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى جايلار، ئەينى ۋا-
قىتتىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئىدى. شىمالىي ۋېي
سۇلالىسىنىڭ دەيدۇ شەھىرى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدە
ئىدى. شۇڭلاشقا، ۋۇيى قورغىنىدىكى تۆرالار يەنە «خېشى تۆ-
رالىرى» دەپمۇ ئاتالغانىدى. توڭگۇەن قورغىنىنىڭ تۇرۇشلۇق
ئورنى ھازىرقى شەنشىنىڭ شىڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە
بولۇپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ دەيدۇ شەھىرى بىلەن
خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدە بولغاچقا، توڭگۇەن قورغىنىدىكى
تۆرالارمۇ «خېشى تۆرالىرى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. «يۈەن خېنىڭ
تەرجىمىھالى» دا «خېشى تۆرالىرى» غا ئۇلاپلا «يەنە توڭگۇەن،
گاۋپىڭ، شياڭگۇي ئۈچ قورغاندىكى ئىسيان كۆتۈرگەن تۆ-

رالارلى قوغلاپ چىنچىڭغىچە بارغان» لىقىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، بۇ گاۋپىڭ (ئۇرنى ھازىرقى نىڭشيادىكى گويۇاندا)، شاڭگۇي (ئورنى ھازىرقى گەنسۇدىكى تيەنشۈيدە) تۇرالىرى يەنە «خېشى تۇرالىرى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئومۇمەن ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ئۇجيا دەرياسى، خۇاڭخېنىڭ جەنۇبى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سەنشى بىلەن شەنشىدىكى بۆلۈكىنىڭ غەربىگە تارقالغان تۇرالار پۈتۈنلەي دېگۈدەك «خېشى تۇرالىرى» دەپ ئاتالغانىدى.

«خېشى تۇرالىرى» بەلكىم ئەسلى «غەربىي قىسىم تۇرالىرى» دىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنمۇ ياكى دەيدۇ (ھازىرقى داتوڭ شەھىرى) نىڭ غەربىي (ۋۇجۇ قورۇلىنىڭ غەربىي ئەمەس) گە جايلاشقانلىقى ئۈچۈنمۇ ئېيتاۋۇر، تارىخىي كىتابلاردا ئۇلار بەزىدە «غەربىي تۇرالار» دەپمۇ ئاتالغانىدى. مەسىلەن، مىلادى 471 - يىلى (خۇاڭشىڭنىڭ 4 - يىلى) خېشى تۇرالىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ، گاۋپىڭجيا قورغىنىنىڭ سانغۇنى شىلىگىنى ئۆلتۈرگەن، «ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» بىلەن «ۋېينامە. جىڭمۇ يىللىرىدىكى 12 بەگنىڭ تەرجىمھالى» قاتارلىق كىتابلاردا پۈتۈنلەي «غەربىي تۇرالار ئىسيان كۆتۈردى» دېيىلگەن؛ مەسىلەن، يەنە مىلادى 524 - يىلىدىكى يۈلىۋ خەنبالىڭ قوزغىلىڭىغا كېيىن خېشىدىكى گاۋپىڭ تۇرالىرىنىڭ ئاقساقىلى خۇچېن ئاۋاز قوشقانىدى، «ۋېينامە. تەيۇۋ يىللىرىدىكى بەش بەگنىڭ تەرجىمھالى» دا «غەربىي تۇرالار ئىسيان كۆتۈردى» دەپ تىلغا ئېلىنىدى. ئومۇمەن بۇلارنىڭ ھەممىسى «خېشى تۇرالىرى» نىڭ بەزىدە يەنە غەربىي تۇرالار دەپ ئاتالغانلىقىنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

قىسقىسى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى «غەربىي تۇرالار» دەسلەپ ۋۇجۇ قورۇلىنىڭ غەربىدىكى ۋۇچۇەن، ۋۇمىڭ، خۇەيسۇدىن ئىبارەت ئۈچ ھەربىي قورغان

ئەتراپلىرىغا تارقالغان تۇرالارنى كۆرسەتتى؛ شىنجيانىڭ 3 - يىلىدىن باشلاپ، تۇرالار خېشى ئارىلىقىغا كۆچكەندىن كېيىن، «غەربىي تۇرالار» يەنە خېشى ئارىلىقىدىكى قورغانلار (ۋۇيې، توگۇەن، گاۋپىڭ، شياگۇي) غا تارقالغان تۇرالارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى. ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئومۇملۇق بىلەن قىسمەنلىكنىڭ مۇناسىۋىتى ئىدى. خۇسەنشېڭ ئىزاھلىغان «ۋۇجۇ قورۇلىنىڭ غەربىدىكىلىرى غەربىي قىسىم دەپ ئاتىلىدۇ» دېگەن قاراش توغرا. بىراق، بۇ يەردە «خېشى تۇرالىرى» بىلەن «غەربىي تۇرالار» نىڭ مۇناسىۋىتى تىلغا ئېلىنمىسا مۇجمەللىك پەيدا بولۇپ قالغانلىقى تۇرغان گەپ.

«شەرقىي تۇرالار» يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن خۇسەنشېڭنىڭ ئىزاھاتىدا دېيىلگەن ۋۇجۇ قورۇلىنىڭ شەرقىگە تارقالغان تۇرالارنى كۆرسىتىدۇ. ۋۇجۇ قورۇلىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جايلار ۋېي سۇلالىسىنىڭ روشۇەن، خۇەيخۇاڭ، يۇيىدىن ئىبارەت ئۈچ قورغىنىنىڭ زېمىنلىرى ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلغاندا، «شەرقىي تۇرالار» مانا مۇشۇ ئۈچ قورغاننىڭ يەرلىرىگە تارقالغان تۇرالار بولۇشى كېرەك. «ۋېينامە. لۇسىنىڭ تەرجىمھالى» دا: «لۇسى دەسلەپتە كۇنچىقىش تەرەپنى تىنچىتىش سانغۇنى، خۇەيخۇاڭ قورغىنىنىڭ باش سانغۇنى بولغانىدى. كېيىن قاچقىلارنىڭ باغاسى لۇسىنىڭ رەھىمسىزلىكى بىلەن ئۇنىڭ تۆۋەندىكىلەرگە قاراتقان پوزىتسىيىسى ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ، ئىلگىرى قورغان سانغۇنى بولغان لياڭفۇنىڭ قايتا يەنە قورغان سانغۇنى بولۇشىنى تەلەپ قىلدى» دېيىلگەن. لۇسىنىڭ كۇنچىقىش تەرەپنى تىنچىتىش سانغۇنى، خۇەيخۇاڭ قورغىنىنىڭ باش سانغۇنى بولغانلىقى ئەمەلىيدىن قارىغاندا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شۇبھىسىزكى خۇەيخۇاڭ قورغىنىنى شەرقىي قورغان دەپ قارىغانىدى، خۇەيخۇاڭ قورغىنىغا تارقالغان قاچقىلار شەرقىي تىنچـ

تمش سانغۇنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، مۇشۇ خىلدىكى ھۆكۈمگە ئاساسلانغاندا، ئەلۋەتتە شەرقىي قىسىم قاڭقىللىرى (تۇرالار) بولۇشى كېرەك. «ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە: «يەنشىڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 472 - يىلى) 2 - ئايدا، شەرقىي تۇرالار ئىسيان كۆتۈرۈپ جورجانلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى، شاھنشاھ (شيەن ۋېندى) ئۇلارنى سايلىققىچە قوغلاپ بېرىپ، يېتىشەلمەي قايتىپ كەلدى» دېيىلگەن. سايلىق يەنە چۆللۈك دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ دىڭشياڭ ۋىلايىتىنىڭ ۋۇياۋ ناھىيەسىنىڭ غەربىي شىمالىدا ئىدى. «ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە: «ۋۇياۋنىڭ شىمالىدىكى دالا» دېگەن سۆز بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى جىنىڭ شەھىرى بىلەن كۆكخوت ئارىلىقىدا ئىدى. چۆللۈك ھازىرقى شارمۆرۈن دەرياسىنىڭ شەرقىدىن جىنىڭ شەھىرىگە بارىدىغان 2 - تۆمۈر يول ئەتراپىدا. چۆللۈكنىڭ غەربىي شىمالى ئارقىلىق جورجانلارغا قېچىپ بېرىپ تەسلىم بولغان تۇرالارنىڭ ئەسلى تارقالغان رايونلىرى چۆللۈكنىڭ شەرقىي جەنۇبى يەنى روشۈەن، خۇەيخۇاڭدىن ئىبارەت ئىككى قورغاننىڭ ئايرىم جايلىرى بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاچقىلا ئۇلار، ئاندىن «شەرقىي تۇرالار» دەپ ئاتالغانىدى. قىسقىسى، تارىخىي كىتابلارنى كۆزەتكەندە، خۇسەنشېڭنىڭ شەرقىي تۇرالار ۋۇجۇ قورۇلىنىڭ شەرقىگە تارقالغان دېگەن قارىشىمۇ توغرىدۇر.

ئاخىرىدىكىسى، شىمالىي تۇرالارنىڭ تارقىلىشى ھەققىدىكى مەسىلىدۇر. «شىمالىي تۇرالار» دېگەن نام دەسلەپ، «ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا: «شېنجيانىڭ 4 - يىلى (مىلادى 431 - يىلى) قىش 10 - ئايدا شىزۇ قوشۇن بىلەن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا يېتىپ باردى. 11 - ئايدا شىمالىي تۇرالارنىڭ باغاسى قورىقان

ئۆزىنىڭ قەبىلىسىدىكى نەچچە 10 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى باشلاپ، نەچچە 10 مىڭ تۇياق بوغا ـ مارالنى ئۇنىڭ قارارگاھىغا ھەيدەپ ئاپاردى. پادىشاھ شىزۇ بۇ ئوۋچىلارغا كاتتا ئىنئاملارنى بېرىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنىڭ نامىنى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا خاتىرە تاشقا ئويدۇردى» دېيىلگەن. شىزۇ (توغبا تىناق) نىڭ قوشۇن بىلەن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا بارغاندا، «شىمالىي تۇرالار»نىڭ باغاسى قورىقانىنىڭ قوۋملىرىنى ئېلىپ بوغا ـ مارالارنى ھەيدەپ ئۇنىڭ قارارگاھىغا بېرىشى، قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلىپ ئۇنى قارشى ئالغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، بۇ شىزۇنىڭ قوشۇن بىلەن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى «شىمالىي تۇرالارنىڭ» تۇرۇشلۇق ئورنىغا يېتىپ بارغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. ھەممە يەنە خۇسەنشىڭ ئېيتقان «چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا ماكانلاشقانلىرى شىمالىي قىسمىدىكىلەر دەپ ئاتىلىدۇ» دېگەن قارىشىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. شىزۇ قوشۇن بىلەن يېتىپ بارغان چۆللۈكنىڭ جەنۇبىي قورىقانىنىڭ بوغا ـ مارالارنى قوغلاپ ئاپارغان جايىنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىنىڭ قايسى جايى ئىكەنلىكى، تارىخىي كىتابلار بىلەن خۇسەنشىڭنىڭ ئىزاھاتىدا پۈتۈنلەي ئېنىق چۈشەندۈرۈلمىگەن. يەنە «ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە»گە ئاساسلانغاندا، تەيپىڭ جېنجۇنىنىڭ 5 - يىلى (مىلادى 444 - يىلى) «5 - ئايدا (شىزۇ) قوشۇن بىلەن چوغاي تېغىنىڭ شىمالىغا يېتىپ باردى. 6 - ئايدا شىمالدىكى خەلقلەر سانغۇن لى يىنى ئۆلتۈردى، خېڭياڭ بېگى موفۇ 5000 تۈتۈن ئادەمنى باشلاپ شىمالغا قېچىپ كەتتى. شىزۇ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغىچە قوغلاپ بېرىپ ئۇلارنىڭ سەركەردىسىنى ئۆلتۈردى» دەپ خاتىرىلەنگەن. نەقىلنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، شىزۇنىڭ بۇ قېتىمقى «ھەربىي يۈرۈشى» بىلەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شېنجيانىڭ 4 - يىلىدىكى ھەربىي يۈرۈشى كۆپ پەرقلىق بولۇپ، ناھايىتى

ئېنىق تۇردە «شىمالدىكى خەلقلەر» نى باستۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە. بۇ «شىمالدىكى خەلقلەر» ھەرگىزمۇ جورجانلاردىن تەسلىم بولغان خەلقلەر ئەمەس. چۈنكى بۇ جاي («چوغاي تېغىنىڭ شىمالىي») جورجان خانلىقىغا قوشنا بولۇپ، جورجانلارنىڭ تەسلىم بولغانلارنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان جايى ئىدى، شۇڭلاشقا «شىمالىي تۇرالار» بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. دەرۋەقە «شىمالىي تۇرالار»نىڭ تارقالغان جايلىرى چوغاي تېغىنىڭ شىمالى، چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى بولۇشى كېرەك، تەخمىنەن، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ چۆرىسى، ئۇلات بىرلەشمە خوشۇنى ۋە دارخان مىياۋ مىڭگەن خوشۇنلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇلارنىڭ تارقالغان ئورۇنلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسىم تۇرالار بىلەن چېگرىلىنىدىغان چېگرىسى، تەخمىنەن شەرق بىلەن غەربنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن چوغاي تاغ تىزمىسى ئىدى.

يۇقىرىدىكىلەر چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىل قەبىلىلىرى («غەربىي تۇرالار»، «شەرقىي تۇرالار»، «شىمالىي تۇرالار»)نىڭ تارقالغان ئورۇنلىرى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش ئىزاھلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «شىمالىي تۇرالار» شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىلا ئۇچرايدۇ. «غەربىي تۇرالار» بىلەن «شەرقىي تۇرالار» بولسا شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئىزلىرى چىقىدۇ. شۇڭا، تارىخ كىتابلىرىدا كۆپىنچە ھاللاردا بىرلەشتۈرۈپلا «شەرقىي ۋە غەربىي تۇرالار» ياكى «ئىككى تارماق قاڭقىللار» («ۋېينامە. تەيزۇ يىللىرىدىكى بەش پەڭنىڭ تەرجىمىھالى»)، «قاڭقىللارنىڭ ئىككى تارمىقى» («ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 150 - جىلد لياڭ ۋۇدىنىڭ پۇتۇڭ 5 - يىلى) دەپ ئاتالغانىدى.

## 4. توغبات — ۋېي سۇلالىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىق شەكلىنىڭ باسقۇچ خاراكتېرلىك ئۈچ خىل ئۆزگىرىشى

توغبات - ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى چىقىش قىلىپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللار ئۈستىدىن مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. بۇ خىل سىياسەتتە كۆزلىگەن نىشان ئىككى ئىدى: بىرىنچىسى، قاڭقىللارنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى بىلەن ماددىي كۈچ بايلىقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ چىرىك ۋە ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشى بىلەن خوراش كۈچى ئىنتايىن زور بولغان تاشقى ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئىدى؛ يەنە بىرى، قاڭقىللارنىڭ ئەرلىرىنى توغبات ۋېي سۇلالىسى ئۈچۈن ئەسكەر بولۇشقا، ئاساسلىقى ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چېگرىسىنى قوغداش بىلەن جورجان خانلىقىغا جازا يۈرۈش قىلىشقا زورلاش ئىدى، توغبات - ۋېي سۇلالىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى بىر مىليوندىن ئارتۇق قاڭقىللارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىق شەكلى، شۈبھىسىزكى بۇ باش سىياسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى.

توغبات - ۋېي سۇلالىسى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارغا قارىتا زادى قانداق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن، بۇ مەسىلە توغرىسىدا «ۋېينامە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»دا تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. شۇنداقتىمۇ بىز خاتىرە ۋە قىسسەلەردىكى پارچە - پارچە ماتېرىياللاردىن يۇ-

زەكى بولسىمۇ ئىزنالارنى كۆرۈۋالالايمىز. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پروتوكول توغبات ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە، ئۇلارنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىلارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىق شەكلىدە، بىرقەدەر روشەن بولغان باسقۇچ خاراكتېرلىك ئۈچ خىل ئۆزگىرىشنى ئىپادىلەپ بەردى.

توغبات - ۋېي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىلىدا، يەنى مىلادى 394 - يىلى (دېڭگونىڭ 9 - يىلى) «يەرلەرنى بۆلۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشنى باشلاشتىن ئاۋۋال ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە. توغبات - ۋېي سۇلالىسى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، ئەسىرگە ئېلىنغان قاڭقىلارغا قارىتا، ئىككى خىل بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى: بىر خىلى، ئۇلارنى جازا يۈرۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەن سانغۇن - سەركەردىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى، يەنى «ھەر قايسى ئەمەلدارلارغا دەرىجىسى بويىچە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ» («ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە»)، قاڭقىل ئەسىرلىرىنى توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئائىلە قۇللىرىغا ئايلاندۇردى؛ يەنە بىر خىلى قاڭقىل ئەسىرلىرىنى توغبات - ۋېي سۇلالىسىنىڭ دۆلەت قۇللىرىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى مەجبۇرەن كوللېكتىپ ھالدا قۇللار ئەمگىكىگە سالدى. يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، قاڭقىلار توغباتگۇينىڭ پىڭچېڭ شەھەر سېپىلى بىلەن بۇغا مەيدانىنى قۇرۇشىدا كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلدى. بۇغا مەيدانىنىڭ كۆلىمى ئىنتايىن زور بولۇپ، «جەنۇبتا تەيىنىدىن، شىمالدا سەددىچىنگىچە دائىرىسى نەچچە ئون چاقىرىم كېلەتتى. ئۆستەڭ چېپىپ ۋۇچۇەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى بۇغا مەيدانىغا باشلاپ، ئۈچ چوڭ ئېقىننى تۇتاشتۇردى. ئوردىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا ئېقىپ بارىدىغان ئېقىنلاردىن باشقا يەنە بەيياڭچى كۆلىنى قازدۇردى» («ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە»). ئومۇمەن جازا يۈرۈشتە

سانغۇنلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ياكى توغبات - ۋېي سۇلالىسى
نىڭ باشقۇرۇشىدىكى قاڭقىللار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىدىكى ئەركىن چارۋىچىلاردىن
توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىدىغان ئائىلە
قۇللىرى بىلەن توغبات - ۋېي دۆلىتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى
قۇللارغا ئايلاندى. قاڭقىل ئەسىرلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ۋە شەخس
لەرنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىشىدا، ئەينى ۋاقىتتىكى توغبات
سيانپىلارنىڭ جەمئىيەت تۈزۈمى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشى
بار ئىدى. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا توغبات
سيانپىلار ئىپتىدائىي كوممۇنىدىن دەسلەپكى مەزگىلىدىكى
قۇللۇق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتكە ئۆتۈشنى ئاللىقاچان تامام-
لاپ بولغان بولۇپ، قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ دەسلەپكى
باسقۇچىدا تۇرۇۋاتاتتى.

توغبات - ۋېي سۇلالىسى سيانپى مىللىتىنىڭ چارۋىچىلىق
ئىگىلىكىنى دېھقانچىلىققا ئۆزگەرتىشكە ۋە كونا ئۇرۇق - قە-
بىلە تۈزۈمىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشقا ماسلىشىش ئۈچۈن،
مىلادى 394 - يىلدىن باشلاپ، دۆلەت ئىچىدىكى سيانپى
مىللىتى بىلەن باشقا ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتلەرگە
قارىتا. توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىد-
غان بىر خىل «قەبىلىلەرنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ تارقاقلاشتۇ-
رۇپ، يەرلەرنى بۆلۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇپ، ئاقساقاللىرى بىلەن
قوشۇپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى نوپۇسلۇق تۇتۇنلەرگە ئايلاندۇ-
رۇش» («ۋېينامە. خې نانىڭ تەرجىمھالى») دىن ئىبارەت سىيا-
سەتنى يولغا قويدى. بۇ خىل سىياسەتنىڭ يولغا
قويۇلۇشى، ئەسىرگە ئېلىنغان قاڭقىللارغا نىسب-
ەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ياشاپ كەل-
گەن ئۇرۇق - قەبىلە تەشكىلىنى پارچىلاشتىن دېرەك بەرسە
مۇ، بىراق، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ

يامانلىشىپ كەتتى.

قاڭقىل خەلقىنى ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ قۇللىرىغا ئايلاندۇرۇش بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە تەشكىلىنى يىمىرىپ تاشلايدىغان سىياسەت قاڭقىل خەلقىنىڭ كەسكىن قارشىلىقىنى قوزغىدى. مىلادى 399 - يىلى ۋېي قوشۇنلىرى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا يەنە 90 مىڭدىن ئارتۇق قاڭقىلنى ئەسىرگە ئالدى. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ قۇللۇققا قارشى تۇرۇش، ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە تەشكىلىنى يىمىرىپ تاشلاشقا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ كۆلىمى تېخىمۇ زورايدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، توغبات - ۋېي سۇلالىسى يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە: «تەيزۇنىڭ دەۋرىدە، قەبىلىلەر تارقاقلاشتۇرۇلغان، قاڭقىللار قۇل بولۇشنى خالىمىغاچقا، ئاۋۋالقىدەكلا قەبىلە بولدى» دېيىلگەن. تيەنشىڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 399 - يىلى) توغبات ۋېي سۇلالىسىنىڭ كۆپلىگەن قاڭقىللارنى يەنىلا جازا يۈرۈشكە قاتناشقان سانغۇنلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىشى بىلەن قاڭقىللاردىن بولغان قۇللارنى كەڭ - كۆلەمدە بۇغا مەيدانىنى ياساتقۇزغانلىقىغا ئاساسلانغاندا، مۇشۇ خىلدىكى «قۇل بولۇشنى خالىمىغاچقا، ئاۋۋالقىدەكلا قەبىلە بولۇش» تىن ئىبارەت يېڭى سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى، مىلادى 399 - يىلىدىن بۇرۇنقى ئىش ئىدى. بۇ ئابزاس ماتېرىيال «قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» گە مىلادى 403 - يىلى (تيەنشىڭنىڭ 6 - يىلى) يى ۋېي شىمالدا قاڭقىللارنىڭ يۈەنخې (ئۇيغۇر) قەبىلىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۇڭا توغبات - ۋېي سۇلالىسىنىڭ قاڭقىللارغا بولغان ھۆكۈمرانلىق شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولۇشى، مۇشۇ

يىلدىن كېيىن ۋە ۋېي تەيزۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇن يەنە مىلادى 403 — 408 - يىللار ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن ئىش بولۇشى كېرەك.

بۇ ئىلگىرىكى سىياسەتتىن سەل - پەل پەرق قىلىدىغان بىر خىل سىياسەتتۇر. ئالدى بىلەن قاڭقىللارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە تەشكىلىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا يول قويۇلدى. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن غەربىي، شەرقىي ۋە شىمالىي تۇرالار ۋە خېشى تۇرالىرى، قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تۇرالارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورۇن ۋە رايونلار بويىچە ئايرىلغان ئۇرۇق قەبىلە گۇرۇھلىرى ئىدى. مەسىلەن، شىمالىي تۇرالارنىڭ باغاسى قورىقان نەچچە يۈز مىڭ ئاتلىق خەلققە ئىگە قاڭقىللارنىڭ خېلىلا چوڭ بىر ئۇرۇق - قەبىلە تەشكىلى ئىدى.

غەربىي تۇرالاردىن بولغان تۇرا بېك ۋە تۇرا يالچىنلار «ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە قەبىلە ئاقساقىلى ۋە سەركەردە بولغانىدى» («شىمالىي چى سۇلالىسى تارىخى. تۇرا بېكنىڭ تەرجىمھالى»؛ «ۋېينامە. تۇرا يالچىننىڭ تەرجىمھالى»). قوغۇرسۇ چياڭجۇ «ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە قەبىلە ئاقساقىلى بولغانىدى» («شىمالىي چى سۇلالىسى تارىخى. قوغۇرسۇ چياڭجۇنىڭ تەرجىمھالى»). قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ ئىلكىدە «بىر تۈمەن تۈتۈن»، يىلغىننىڭ ئىلكىدە «30 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئادەم» بار ئىدى. قاڭقىللارنىڭ بەزى قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋېي سۇلالىسى تەرىپىدىن يەنە «سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن ئاھالىلەرنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى بولغانىدى»، مەسىلەن، قاڭقىللاردىن بولغان تۇرا كېبەك «دەسلەپتە قەبىلە ئاقساقىلى بولۇپ، ۋېي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ۋېي سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ تۇنجى ئاقساقىلى بولغان، تاكى بەشىنچى ئەۋلاد كېبەككىچە شۇنداق بولغان» («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۇرا بېكنىڭ تەرجىمھالى»). مەسىلەن، يەنە

قوغۇرسۇ ئالتۇنىنىڭ «دادىسى تاغاي كېگەش بېگى، تۇنجى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن ئاھالىلەرنىڭ ئاقساقىلى بولغاندى» («شىمالى چى سۇلالىسى تارىخى. قوغۇرسۇ ئالتۇنىنىڭ تەرجىمىھالى»). سۇيۇرغال ئاھالىلەرنىڭ ئاقساقىلى، توغبات - ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بىرقانچە قاڭقىل قەبىلىلىرىنى باشقۇرىدىغان چوڭ ئاقساقال ئىدى. قەبىلە ئاقساقىلى بىلەن سۇيۇرغال ئاھالىلەرنىڭ ئاقساقىلىنىڭ ئىككى خىل ئىمتىيازى بولاتتى، بىر تەرەپتىن ئۇلار قەبىلە سەركەردىسى بولۇپ، ئۆز قەبىلىسىدىكى قاڭقىل چارۋىچىلارغا باشچىلىق قىلىپ، توغبات - ۋېي سۇلالىسى بەلگىلەپ بەرگەن رايونلاردا چارۋىچىلىق قىلاتتى ھەمدە ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئايرىم ئىشلاردا چەكلىك دەرىجىدىكى ئاپتونومىيىسىنى يۈرگۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى توغبات - ۋېي سۇلالىسىنىڭ قاڭقىل چارۋىچىلىرىنى باشقۇرىدىغان ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى بولۇپ، توغبات - ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا ئاساسەن، ۋاقتىدا باج - سېلىق يىغىپ، ھاشارغا تۇتۇپ ۋە ئۆز قەبىلىلىرىگە باشچىلىق قىلىپ جازا يۈرۈشلەرگە قاتنىشىشى شەرت ئىدى، ۋەھاكازالار.

«ۋېينامە» دە خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، توغبات - ۋېي سۇلالىسى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى «باشقا - باشقا قەبىلە بولغان» دىن كېيىنكى قاڭقىللارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىش ۋە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئىشىنى بىر ياقىلىق قىلىش ئۈچۈن، غەربىي ۋە شەرقىي جەن سۇلالىلىرى جەنۇبىي ھونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانغا ئوخشاش ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى تەسىس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. «ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە» دە: «شىنجيانىڭ تۇنجى

يىلى (مىلادى 428 - يىلى) 8 - ئايدا داتان ئوغلىنى بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئاتلىق بىلەن سەددىچىنگە باستۇرۇپ كىرىشكە ئەۋەتىپ، چېگرىدىكى ئاھالىلەرنى ئۆلتۈرۈپ ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ قايتقاندا، بەيئەت قىلغان قاچقىل ئەللىرى ئۇلارنى قوغلاپ بېرىپ مەغلۇپ قىلدى» دېيىلگەن. بۇنىڭدا چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاچقىللارنى «بەيئەت قىلغان قاچقىل ئەللىرى» دەپ ئاتىغانىدى. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبىدە «بېقىندى ئەللەر ئىشلىرى» ئورگىنى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى «بەدۆلەتلەردىن ئەل بولغانلار» («چىن سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر»گە تولۇقلىما» 14 - جىلد) نى قوبۇل قىلىش ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىنتايىن چەكلىك ئىدى. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، «بېقىندى ئەللەر مەھكىمىسى» تەسىس قىلىنىپ، بەيئەت قىلغان يات مىللەتلەرنى باشقۇرغانىدى. «بېقىندى ئەللەر مەھكىمىسى» خەن ۋۇدىنىڭ يۈەنشو 2 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 121 - يىلى) دىن باشلاپ تەسىس قىلىنغانىدى؛ شۇ يىلى ھونلارنىڭ قۇنشار خانى 40 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانىدى، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھونلارنىڭ تەسلىم بولغان ئاھالىلىرىنى لوڭشى، بېيدى، شياڭجۈن، سۇفاڭ، يۈنجوڭدىن ئىبارەت بەش ۋىلايەتنىڭ سەددىچىننىڭ سىرتىغا ئورۇنلاشتۇرغانلىرىدىن سىرت، قالغانلىرى «بەش بېقىندى ئەل» دەپ ئاتالغانىدى. «بېقىندى ئەللەر» نىڭ ئىچكى تۈزۈمى پۈتۈنلەي «ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئۆرپ - ئادەتلىرى بويىچە بولاتتى» («تارىخىي خاتىرىلەر. چاپاۋۇل سانغۇنىنىڭ تەرجىمىھالى»). خەن سۇلالىسى تەسىس قىلغان بېقىندى ئەللەر مەھكىمىسى بېقىندى ئەللەرگە مەنسۇپ بولغان زور ئىشلارنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلاتتى.

شۈبھىسىزكى، توغبات-ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستى
دىكى قاڭقىللارنىڭ بەيئەت قىلغان ئەللىرىمۇ، غەربىي خەن
سۇلالىسىنىڭ ھونلارنىڭ بېقىندى ئەللىرى بىلەن ئوخشىشىپ
كېتەتتى. دەرۋەقە توغبات-ۋېي سۇلالىسىمۇ قاڭقىللارنىڭ
بېقىندى ئەللەر ئىشلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بىر ياقلىق
قىلىدىغان ئورگان تەسىس قىلغان بولۇشى كېرەك، لېكىن
«ۋېينامە. مەنسەپ تەزكىرىسى» دە بۇنداق ئورگان خاتىرىلەنمى
گەن. بىراق «ۋېينامە. تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە:
«تەيچاڭنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 418 - يىلى)
باھار 1 - ئاي پادىشاھ تەيزۇڭچاڭچۈەن دەرياسى بويىدا، قاڭ
قىللارنى ھىمايە قىلغۇچى، قاڭقىللار كەپتاۋۇلى شۆفەننى ەنگـ
لىڭلارنىڭ 12 قەبىلىسىنىڭ ئاقساقال ۋە قوۋملىرىنى ئېلىپ
(«تەيپىڭ شىڭگو يىللىرىدىكى خان يارلىقى بىلەن تۈزۈلگەن
كىتابلار قامۇسى» نىڭ 102 - جىلدىدا «قوۋملىرى»
دېگەن سۆزنىڭ كەينىدە «20 مىڭ» دېگەن سۆز بار)،
شىمالدىكى تۇرا دەرياسىغا يېتىپ بېرىشنى بۇيرۇدى» دېگەن
سۆزلەر بار بولۇپ، توغبات - ۋېي سۇلالىسى قاڭقىللارنى ھى
مايە قىلغۇچى كەپتاۋۇل مەھكىمىسىدىن بىرنى تەسىس قىل
غانىدى. خۇسەنشىڭ: «ۋېي سۇلالىسى خەن سۇلالىسى تەسىس
قىلغان ھونلار كەپتاۋۇل مەھكىمىسىنى تەقلىد قىلىپ، قاڭ
قىللارنى ھىمايە قىلغۇچى كەپتاۋۇل مەھكىمىسىنى تەسىس قىل
غان» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»
118 - جىلد جىن ئەندىنىڭ يىشى 14 - يىلى) دەيدۇ. ھونلارنىڭ
كەپتاۋۇل مەھكىمىسى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى
يىللىرى تەسىس قىلىنغان، تولۇق نامى «ھون كەپتاۋۇلى»
بولۇپ، ئۇ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي ھونلارنىڭ
ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەڭ ئالىي مەمۇرىي باشلىقى ئىدى.
قاڭقىللارنى ھىمايە قىلغۇچى كەپتاۋۇلمۇ شۈبھىسىزكى، توغبات-

ۋېي سۇلالىسىنىڭ شەرقىي خەن سۇلالىسىنى تەقلىد قىلىپ تەسىس قىلىنغان بەيئەت قىلغان قاغقىل ئەللىرىنى باشقۇرىدىغان ئەلڭ ئالىي مەمۇرىي باشلىقى ئىدى. ئۇ تىنچ ۋاقىتلاردا توغبات ۋېي سۇلالىسىگە ۋەكالىتەن قاغقىللارنىڭ بەيئەت قىلغان ئەللىرىنى باشقۇرۇپ ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى، ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا قاغقىللارنىڭ بەيئەت قىلغان ئەللىرىگە باشچىلىق قىلىپ، جازا يۈرۈشلەرگە قاتنىشاتتى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن 12 قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرى قاغقىللارنى ھىمايە قىلغۇچى كەپتاۋۇلنىڭ قول ئاستىدىكى قاغقىللارنىڭ 12 قەبىلە ئاقساقاللىرى ئىدى. قاغقىللارنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئاقساقال دەپمۇ ئاتىلىدىغانلىقى، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۇرا كىبەكنىڭ تەرجىمىھالى»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قۇسارچۇنىنىڭ تەرجىمىھالى» ۋە «ۋېينامە. قاغقىللار ھەققىدە قىسسە» دە ئۇچرايدۇ. مىلادى 411 - يىلى (ۋېي مىڭيۇەندىنىڭ يوڭشىڭ 3 - يىلى) ۋېي پادىشاھى ئۆزىگە رام قىلىش ئۈچۈن «بەيئەت قىلغان قاغقىل ئەللىرىنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ ھەر بىرىگە كىمخاب، تەگلىماتلارنى تارتۇق قىلىپ» («ۋېينامە. تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە»)، ئۇلارنىڭ توغبات - ۋېي سۇلالىسىگە بولغان ساداقىتىنى مۇكاپاتلىدى.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، توغبات - ۋېي سۇلالىسى تەخمىنەن مىلادى 403 - يىلىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىن باشلاپ، قاغقىللارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىرىنى پارچىلاپ، قاغقىللارنى توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇللىرى بىلەن دۆلەت قۇللىرىغا ئايلاندۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدىغان سىياسەتتىن ۋاز كېچىپ، غەربىي، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ كونا تۈزۈمىنى تەقلىد قىلىپ، قاغقىللارنى ھىمايە قىلغۇچى كەپتاۋۇلنىڭ

نازارىتى ئاستىدا، بەيئەت قىلغان قاڭقىل ئەللىرى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئۇرۇق - قەبىلىلەر تەشكىلى ئارقىلىق، قاڭقىل خەلقىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋە بولاڭ - تالاڭ قىلىدىغان سىياسەتنى يۈرگۈزدى. شەك شۈبھىسىزكى، توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بۇ مەركەزلەردە پەيدىنپەي قۇللۇق تۈزۈمىدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىي تارىخىي جەريانى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق ئىدى.

تەخمىنەن مىلادى V ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن باشلاپ، توغبات - ۋېي سۇلالىسى يەنە قاڭقىل قەبىلىلىرىدىن تەركىب تاپقان بەيئەت قىلغان قاڭقىل ئەللىرى بىلەن قاڭقىللارنى ھىمايە قىلىدىغان كەپىتاۋۇلدىن ئىبارەت ھۆكۈمرانلىق شەكلىدىن ۋاز كېچىپ، قاڭقىللار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ھەربىي قورغانلار (ئالتە قورغان قاتارلىقلار) نى تەسىس قىلىپ، ھەربىي قورغانلاردىن پايدىلىنىپ قاڭقىللارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئۇسۇلنى قوللاندى.

توغبات - ۋېي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا توغبات ئاقسۆڭەكلىرى موھىم ھەربىي جايلار ياكى قارشىلىق كۈچلىرى بىرقەدەر زور بولغان، جەمئىيەت تەرتىپى مۇقىم بولمىغان جايلاردا ھەربىي قورغانلارنى تەسىس قىلىپ، ھەربىي ھۆكۈمرانلىقنى يۈرگۈزۈپ، دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ پائالىيىتىنى باستۇردى. تەسىس قىلىنغان بۇ قورغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاھالىلەر بىرقەدەر زىچ بولغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە شەرقىي جىن، جەنۇبىي سۇلالىلەر بىلەن تۇتىشىدىغان جايلاردا تەسىس قىلىندى. ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمالىدىكى چېگرا رايونلىرىدا ھەربىي قورغانلار ئىنتايىن ئاز تەسىس قىلىندى. مەسىلەن، «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، توغبات-ۋېي سۇلالىسى ئەڭ بۇرۇن تەسىس قىلغان قورغان-

لاردىن بولغان سىجو قورغىنى (ئۇرنى جيۇيۇەندە، ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىبشەن ناھىيىسى، «شەرقىي جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ زېمىنلىرى ھەققىدە مەلۇمات» دە: «سىلۇ قورغىنى» دېيىلگەن) مىلادى 405 - يىلى (ۋېي داۋۋۇدىنىڭ تيەنشىي 2 - يىلى) قۇرۇلغانىدى. پابى قورغىنى (سەنشىنىڭ شېنفىڭ ناھىيىسىدە). لىشى قورغىنى (ھازىرقى سەنشىدىكى لىشى)، پىڭجىن قورغىنى (ھازىرقى سەنشىدىكى دوگچىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي)، گۇاڭشا قورغىنى (ھازىرقى خېبېيدىكى لوڭياۋ ناھىيىسى) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پوتۇنلەي ۋېي مىڭدى يۇەندىنىڭ دەۋرىدە يەنى مىلادى 409 — 423 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا تەسىس قىلىنىغان بولۇپ، ھەممىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ئىدى. مىلادى 427 - يىلى (ۋېي تەيۋۇدىنىڭ شىگۇاڭ 4 - يىلى) ۋېي تەيۋۇدى توگۇەن قورغىنى (ھازىرقى شەنشىدىكى فېڭشيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىدە) تەسىس قىلىدى⑩. توگۇەن قورغىنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن يىراق بولۇپ، ۋېي سۇلالىسىنىڭ چېگرىدىكى قورغىنى ئەمەس ئىدى.

توغبات - ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چېگرا رايونلىرىدا تەسىس قىلىنغان قورغانلارنىڭ يىل دەۋرى، قورغانلارنىڭ تەسىس قىلىنغان ئورنى ۋە تەرەققىياتىنى، «ۋېينامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە تەپسىلىي خاتىرىلەنمىگەن. ۋېي شۇ تارىخ تۈزگەندە «شىمالدىكى جايلارنىڭ ھەممىسى خارابە - ئېدىرلىقلارغا ئايلىنىپ كەتكەن»، «ئەمەلدار ۋە شەخسلەرنىڭ قولىدىكى ماتېرىيال ھۆججەتلەرمۇ تاشلىنىپ قېلىنغان» بولغاچقا، ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىسىدىكى ھەربىي قورغانلارنىڭ تەسىس قىلىنىش جەريانى توغرىسىدا، ھېچقانداق چۈشەنچە ھاسىل قىلالماي، پەقەت «ئايماق-ۋىلايەتلەرنىڭ بارلىققا كەلگەن يىلىنى ئۆزگەرتىپ، خالىغانچە ئىزاھ

بېرىپ، ئېنىق بولمىغانلىرىنى ئاق تاشلاپ قويغان» («ۋېينامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» گە مۇقەددىمە»). بۇنداق قىلىش بىر خىل ئىزدىنىش پوزىتسىيىسى بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ تەتقىقات خىزمىتىمىزگە بەزى قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. بىراق «ۋېينامە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ۋە باشقا تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن پارچە - پۇرات ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چېگرىلىرىدا تەسىس قىلىنغان قورغانلىرى. تەخمىنەن مىلادى V ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا، ئومۇمەن ھەممىسى ئىچكى رايونلاردا تەسىس قىلىنغان قورغانلارغا قارىغاندا كېيىنرەك باشلانغانىدى. بۇ مەسىلە بىزنىڭ توغبات - ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چېگرىلىرىدا تەسىس قىلىنغان ھەربىي قورغانلارنىڭ مەقسىتى ۋە ھەربىي قورغانلارنى تەسىس قىلىش ئارقىلىق چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى شەرھلەپ بېرىشىمىزدە، ئىنتايىن مۇھىمدۇر. بىز قولىمىزدا بار بولغان تارىخىي ماتېرىياللاردىن ماس كېلىدىغانلىرىنى رەتلەپ تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىمىز:

«ۋېينامە» گە ئاساسلانغاندا، ۋېي سۇلالىسىنىڭ سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا تەسىس قىلىنغان ھەربىي قورغانلىرى جەمئىي سەككىز بولۇپ، غەربتىن شەرققە قاراپ تەرتىپ بويىچە: پوگۇلۇقۇرغىنى(ھازىرقى نىڭشيانىڭ لىڭۋۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى)، ۋويې قورغىنى، خۇەيسۇ قورغىنى، ۋۇچۇەن قورغىنى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ۋۇچۇەن ناھىيىسى)، ۋۇمىڭ قورغىنى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى سىزىۋاڭ خوشۇنىنىڭ شەرقىي جەنۇبى)، روشۇەن قورغىنى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى شىڭخې ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالى)، خۇەيخۇاڭ

قورغىنى (ھازىرقى خېبېيدىكى جاڭبېي ناھىيىسى)، يۈيى
قورغىنى (ھازىرقى خېبېيدىكى چەچېڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىي) دەپ
ئاتىلاتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ۋۇيې، خۇەيسۇ، ۋۇچۇەن، ۋۇمىڭ،
خۇەيخۇاڭ قورغانلىرى تارىختا ئالتە قورغان⑪ دەپ ئاتال-
غانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئورنى يۇقىرىدىكى چېگرا قور-
غانلارنىڭ جەنۇبىدا بولسىمۇ، لېكىن جۇغراپىيىلىك ئورنىغا
سەل قاراشقا بولمايدىغان توگۇەن بىلەن گاۋپىڭدىن ئىبارەت
ئىككى قورغانمۇ بار ئىدى. ھەممىسىنى قوشقاندا جەمئىي
10 قورغان بولاتتى.

ئاۋۋال «ۋېينامە» دىكى شىمالدىكى قورغانلارنىڭ قۇرۇل-
غان ۋاقتى ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى كۆرۈپ باقايلى. «ۋېينامە.
گۇاڭگياڭ بېگى يۈەن يۈەننىڭ تەرجىمىھالى» («شىمالىي
سۇلالىلەر تارىخى» دا «يۈەن» خېتى «شېن» دەپ يېزىلغان) دا:
«خۇاڭشى يىللىرىدىن بۇرۇن چېگرا مۇداپىئەسىگە ئەھمىيەت
بېرىش، ئاددىي- سادda بولۇش تەشەببۇس قىلىنغان بولسىمۇ،
شىرەم توغقانلار ئەتىۋارلانغان، ئەسكەر باشلاپ قورغانلارنى
قۇرىدىغاندا، پۇتۇنلەي ئەمەلدارلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئەۋەتىلگەن؛
ئۇلار چېگرىنى جان تىكىپ قوغدىمىغاندا، ئۇلارنىڭ ئورنىغا
تەسىر يەتمەي قالمايتتى، يەنە كېلىپ ئۇلار چوڭ ئەمەل-
دار بولغانسېرى، ھوقۇقىنىڭ كىچىكلەپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلات-
تى. شۇڭلاشقا، ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەر ئۇلارغا ئىنتايىن
ھەۋەس قىلاتتى» دېيىلگەن. بۇ ماتېرىيال ئالتە
قورغاننىڭ تەرەققىيات جەريانىنى بايان قىلىپ بەرگەن
ئادەم تەرىپىدىن قايتا تەكرارلانغان نەقىل بولۇپ، ئالتە
قورغاننىڭ خۇاڭشى (مىلادى 396 — 398 - يىللار) يىللى-
رىدا قۇرۇلغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. لېكىن يۈەن يۈەننىڭ
بۇ سۆزىنى ئىنچىكىلىك بىلەن مۇھاكىمە قىلغاندا، مەسىلە

يوقمۇ ئەمەس. بىرىنچى، «ئەسكەر باشلاپ، قورغانلارنى قۇرۇش» دېگەنلىك ھەربىي قورغانلارنى قۇرۇش دېگەنلىك بولسىمۇ. ئەمما قۇرۇلغان ھەربىي قورغاننىڭ شىمالىدىكى قورغان ياكى ئالتە قورغان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەيدۇ. يۈەن يۈەننىڭ سۆزىدە پەقەت: خۇاڭشى يىللىرىدىن باشلاپ قۇرۇلغان ھەربىي قورغانلار بىلەن شۇ ۋاقىتتا «ئەسكەر باشلاپ قورغانلارنى قۇرغان» لارنىڭ ھەممىسى تۇغبات قەبىلىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇلار ئوردا تەرىپىدىن بەكلا قەدىرلەنگەچكە، ئۆستۈرۈلۈشمۇ تېز ئىكەنلىكىنى، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار چوڭ ئەمەلدار بولغانسېرى ھوقۇقىنىڭ كىچىكلەپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دەرۋەقە يۈەن يۈەننىڭ سۆزى ئالتە قورغاندىن مۇستەسنا ئەمەس بولۇپ، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ «مەكتۇپى» دا، خۇاڭشى يىللىرىدىكى ھەربىي قورغانلاردىكى ئەسكەرلەر بىلەن ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئالتە قورغاندىكى ئەسكەرلەر سېلىشتۇرۇلغان بولغاچقا، ئالتە قورغاندىكى ئەسكەرلەرنىڭ پاجىئەلىك ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. ئۇنىڭ مەقسىتى ئالتە قورغاندىكى ئەسكەرلەرنىڭ تەڭسىزلىكىگە چىدىماي چوقان سېلىش ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ يەردە پەقەت ۋېي سۇلالىسىنىڭ باشلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا قورغان ئەسكەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، زور دەرىجىدە تۆۋەنلىگەن دېگەن يەكۈنگە ئېرىشىشكە ئىگە بولۇشقىلا بولىدۇكى، ئالتە قورغاننى خۇاڭشى يىللىرىدا قۇرۇلغان دەپ كېسىپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، يۈەن يۈەننىڭ «ئەسكەر باشلاپ قورغانلارنى قۇرغاندا، پۈتۈنلەي ئەمەلدارلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئەۋەتىلگەچكە، چېگرىنى جان تىكىپ قوغداپ» دېگەن سۆزىگە، كۆپىنچە ئالتە قورغاننى قۇرۇشتىن مەقسەت،

جورجان خانلىقىنىڭ جەنۇبقا بېسىپ كىرىشىدىن مۇداپىئەلە
نىش ئۈچۈندۇر دەپ ئىزاھ بېرىلگەنىدى. لېكىن «ۋېينامە»
بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» غا ئاساسلانغاندا، خوائگ
شى يىللىرىدا جورجان خانلىقى تېخى قۇرۇلمىغانىدى. ئەينى
ۋاقىتتا جورجانلار يەنىلا ئادەم سانى ئانچە كۆپ بولمىغان
ۋېي سۇلالىسىدىن خېلىلا يىراقتىكى ئاجىز، كىچىك بىر قەب
بىلە ئىدى. ئۇلار ۋېي سۇلالىسىنىڭ تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىشى
دىن قورقۇپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىنىڭ بېكىنىۋېلىپ، چۆللۈكنىڭ
جەنۇبىغا كېلىشكە زادىلا جۈرئەت قىلالمىغاچقا. قۇملۇقتىن
ئۆتۈپ ۋېي سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ئىشنى قىلالىشى
تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارغا قوشنا بولغان قاڭقىلى
لارنى ئالساق، ئۇرۇق-جەمەتلىرى كۆپ، قەبىلىلى
رى تارقاق بولغاچقا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ھېچقانداق
تەھدىت پەيدا قىلالمايتتى. مىلادى 389 — 399 - يىللىرى
ۋېي قوشۇنلىرى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا بىر قانچە قېتىم جازا
يۈرۈش قىلغان. مەسىلەن، ئۇلار پايانسىز دالىغا باستۇرۇپ
كىرگەندە، جورجانلار بىلەن قاڭقىللارنىڭ زادىلا قارشىلىق
غا ئۇچرىمىغانىدى. قىسقىسى، ئەينى ۋاقىتتا ۋېي سۇلالىسىنىڭ
شىمالدىكى پۈتكۈل موڭغۇل دالاسىدا، ۋېي سۇلالىسى
بىلەن قارشىلىشالايدىغانلار يوق دېيەرلىك بولغاچقا، ۋېي
سۇلالىسىنىڭمۇ شىمالدىكى چېگرىسىدا «ئەسكەر باشلاپ
قورغانلارنى قۇرۇپ، ئەمەلدارلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئەۋەتىپ
چېگرىنى جان تىكىپ قوغدىشى» نىڭ ھېچقانداق زۆرۈر
يىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇنداق
زۆرۈرىيەت بولغاندا، ياۋشېڭدىكى سىلۇ قورغىنى بىلەن شەن
خۇدىكى لىشى قورغىنى قاتارلىق ئىچكى جايلاردىكى قورغان
لارنى قوغداش ئۈچۈن بولغان بولسا كېرەك. بۇنىڭغا ئاسا
لانغاندا، گۇاڭياڭ بېگى يۈەن يۈەننىڭ سۆزى بىلەن ئالتە

قورغانلىنى خوۋاڭشى يىللىرىدا قورۇلغان دەپ دەلىللەشنىڭ ئۆزى ھەقىقەتەن پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. ⑫ ئۈچىنچى، «ۋېينامە» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» غا ئاساسلانغاندا «ئالتە قورغان» دېگەن نام ئەڭ دەسلەپ ۋېي ۋېنچېڭدىنىڭ تەيئەن 5 - يىلى (مىلادى 459 - يىلى) «ۋېينامە. گاۋزۇڭ ھەققىدە خاتىرە» دە ئۇچرايدۇ. ئالتە قورغاننىڭ ئىچىدىكى خۇەيشۇ قورغىنى «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە: «يەنخېنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 433 - يىلى) قورغان قىلىپ تەسىس قىلىنغان» دېيىلگەن. خۇەيخۇاڭ قورغىنى ئاۋۋال يەنخېنىڭ 2 - يىلى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، شۇ يىلى لۇسى «شەرقنى تىنچىتىش سانغۇنى، خۇەيخۇاڭ قورغىنىنىڭ باش سانغۇنى» بولغان. ئېھتىمال قورغانمۇ مۇشۇ يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ۋۇچۈەن قورغىنى «ۋېينامە. لۈۋېنزۇنىڭ تەرجىمىھالى» دا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ۋېنزۇ «شيەنزۇنىڭ دەۋرى (مىلادى 466 — 470 - يىللار) دە ۋۇچۈەن قورغىنىغا يۆتكەلگەن» دېيىلگەن. تارىخىي كىتابلاردا كۆرۈلگەن ۋاقتىمۇ ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن كېيىن ئىدى. ئالتە قورغاندىن باشقا پوگۇلۇ، گاۋپىڭ قورغانلىرىنىڭ ھەممىسى تەيئەننىڭ 2 - يىلى (مىلادى 436 - يىلى) تەسىس قىلىنغان، توگۈەن قورغىنى شىگۇاڭنىڭ 4 - يىلى (مىلادى 427 - يىلى) تەسىس قىلىنغان، يۈيى قورغىنى بولسا تەيخې (مىلادى 477 — 499 - يىللىرى) نىڭ ئاخىرقى يىللىرى تەسىس قىلىنغان. باشقا قورغانلار (ۋۇيى، روشۈەن، ۋۇمىڭ) نىڭ تەسىس قىلىنغان يىل دەۋرى بولسا ئېنىق ئەمەس. ئومۇمەن ئالتە قورغان بىلەن باشقا قورغانلار شىمالىي قىسمىدىكى چەت چېگرىدىكى ھەربىي قورغانلار بولۇپ، تەكشۈرۈشتە مەلۇم بولغان ئۇلارنىڭ تەسىس قىلىنغان يىل دەۋرىدىن

قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئەسىر قىلىنغان يىل دەۋرى مىلادى 7 ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن كېيىن (تۇڭۇەن قورغىنى سەل بۇرۇن قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما چېگرا ياقىسىدىكى ھەربىي قورغان ئەمەس ئىدى) بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئالتە قورغان بىلەن شىمالدىكى باشقا قورغانلار خۇاڭشى يىللىرىدا قۇرۇلغان بولسا، ئۇنداقتا شىمالدىكى قورغانلارنىڭ ناملىرى خۇاڭشىدىن يەنىچىچە بولغان ئون نەچچە يىلنىڭ ئىچىدە، ئۇچرىمايدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى شۇكى، «شىمالدىكى دىلاردىن ساقلىنىش» (يەنى جورجان خانلىقىدىن) نى نام قىلغان ئالتە قورغان، جورجان خانلىقى ئەڭ گۈللەنگەندىكى سەللان بىلەن داتان قاغانىنىڭ دەۋرلىرى (مىلادى 402 — 429 - يىللار) دە قۇرۇلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىدە مەيلى «ۋېينامە» ۋە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا بولسۇن ئالتە قورغانغا ئائىت بىرەمۇ ماتېرىياللار خاتىرىلەنمىگەن. بۇنى بەلكىم «ماتېرىياللارنىڭ ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ قولىدا تاشلىنىپ قېلىنغان» لىقى ئارقىلىقلا چۈشەندۈرۈشكە بولمايدۇ.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ مىلادى 430 - يىلىدىن كېيىن شىمالىي قىسىمدىكى چېگرىدا قورغان قۇرۇشقا نېمە سەۋەب بولغان؟ بۇ مەسىلىگە توغرا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن چوقۇم ئەينى ۋاقىتتا شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چېگرىدا دۇچكەلگەن يېڭى ۋەزىيەتنى چىقىش قىلىپ، بۇ مەسىلە توغرىسىدا كونكرېت تەھلىل ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك، مىلادى 429 - يىلى ۋېي قوشۇنلىرى جورجان خانلىقىغا جازا يۈرۈش قىلىغاندا، چۇلۇكنىڭ شىمالىدىكى 1 مىليون 500 مىڭدىن ئارتۇق قاڭقىللار جورجان خانلىقىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ قاڭقىللارنىڭ ھەممىسى ۋېي تەيۋۇدى تەرىپىدىن

بەزىدە ئالدىنىپ، بەزىدە مەجبۇرىي دېگۈدەك بولۇپ چۆللۈكنىڭ
جەنۇبىدىكى رايونغا كۆچۈپ باردى. ئۇلار چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى را-
يونغا كەلگەندىن كېيىن، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ
ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزگەن بولسا كېرەك،
يەنە چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا قايتىپ كېتىشمەكچى بولدى.
«ۋېينامە. ليۇ جىنىڭ تەرجىمھالى» دا (مىلادى 430 - يىلى):
«يېقىندىن كەلگەن تۇرا پۇقرالىرى ئەمەلدارلارنىڭ بۇ-
لاڭ - تالاڭلىرىغا ئۇچراپ تۇرغاچقا، ھەممىسى زارلىنىپ يۇر-
مەكتە، ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ ئات، كالىلار سەمرىگەندە ئۇلار
چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىپ كېتىشمەكچى بولۇشۇۋاتىدۇ» دەپ
كۆرسىتىلگەن بولغاچقا، ۋېي تەيۋۇدى 30 مىڭ ئۆيلۈكتىن
ئارتۇق ئادەمنى خېشى ئارىلىقىغا كۆچۈرۈشنى بۇيرۇپ، خۇاڭ-
خېدىن ئىبارەت تەبىئىي توسۇقتىن پايدىلىنىپ قاڭقىللارنىڭ
ئىسيان كۆتۈرۈپ قېچىشىنى توسۇماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن
يەنە بىرقانچە مىڭ ئاتلىق قاڭقىل ئىسيان كۆتۈرۈپ كېتىپ
قالغانىدى. بۇ يېقىندىن تەسلىم بولغان بىر مىليوندىن ئارتۇق
قاڭقىللارغا قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلىش، ئۇلارنىڭ قېچىپ
كېتىشىنى قانداق توسۇش، ئەينى ۋاقىتتىكى توغبات - ۋېي سۇ-
لالىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چېگرىسىدا دۇچكەلگەن ئىنتا-
يىن ئېغىر بىر مەسىلە ئىدى.

توغبات-ۋېي سۇلالىسىنىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرى ئۇچۇن
ئېيتقاندا، ھەربىي قورغانلارنى قۇرۇپ، قاڭقىللارغا قارىتا ھەر-
بىي قورغان ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزگەندە، قاڭقىللارنىڭ ئىسيان
كۆتۈرۈپ كېتىپ قېلىشى بىلەن قارشىلىقىنى ئۈنۈملۈك تۇردە
توسۇغىلى ۋە باستۇرغىلى بولاتتى. مىلادى 429 - يىلى چۆللۈك-
نىڭ شىمالىدىكى بىر مىليوندىن ئارتۇق قاڭقىللار تەسلىم بو-
لۇپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈرۈلگەندە، ۋېي تەيۋۇدى ئۇلار-
نى شەرقتە رۇيرۇەندىن غەربتە ۋۇيۈەنگىچە بولغان «مىڭ چا-

قىرىلىق دائىرىگە» («ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە:
«3000 چاقىرىملىق دائىرە» دېيىلگەن) ئورۇنلاشتۇردى. تارىخ كىتابلىرىدا ئالتە قورغاننىڭ «شەرقتىن غەربكىچە بولغان دائىرىسىنىڭ مىڭ چاقىرىمدىن ئاشمايدىغان» («ۋېينامە. گاۋلۇنىڭ تەرجىمىھالى») لىقى خاتىرىلەنگەن. كېيىنچە ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنى يەنە ئالتە قورغاندىن باشقا رايونلارغا قاراپ كېڭەيدى. ئالتە قورغاننىڭ غەربىدىكى پوگۇلۇ قورغىنى، شەرقىدىكى يۈيى قورغىنى، خېشى ئارىلىقىدىكى تۇگۇۋەن، گاۋپىڭ قاتارلىق قورغانلارنىڭ ھەممىسىگە كۆپلىگەن قاتقىللار جايلاشقانىدى. رۇيۇەندىن ۋۇيۈەنگىچە بولغان دائىرىدىكى قاتقىللار (ئۇلار ئايرىم ھالدا ئالتە قورغان بىلەن يۈيى قورغىنىغا قارايتتى) نىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كېلىپ ئەڭ دەسلەپ ماكانلاشقان جايلىرىدىن سىرت، باشقا قورغانلاردىكى قاتقىللارنىڭ ھەممىسى كېيىن ۋېي سۇلالىسى تەرىپىدىن يۇقىرىدىكى ئورۇنلارغا كۆچۈرۈلگەنىدى. بۇنىڭ قاتقىللارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى بىراقلا «مىڭ چاقىرىملىق دائىرە» دىن ئېشىپ كەتتى، بەلكىم نەچچە مىڭ چاقىرىملىق دائىرىگە يەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

چېگرا ياقىسىدىكى ھەربىي قورغانلار قۇرۇلغان ۋاقىتتىن باشلاپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاتقىللار پۈتۈنلەي رايون خاراكتېرىگە ئۆزگىرىپ كەتتى. ئەسلىدىكى ئۇرۇق - قەبىلەرنىڭ ناملىرى يوقىلىپ، ئۇلار بەزىدە غەربىي قىسىم، شەرقىي قىسىم، شىمالىي قىسىم، خېشى تۇرالىرى دەپ ئاتالسا، بەزىدە «خۇەيخۇاڭ قورغىنىدىكى قاتقىللار» («ۋېينامە. لۇسىنىڭ تەرجىمىھالى»)، «ۋۇيى، تۇگۇۋەن ئىككى قورغاندىكى چېلىلار» («ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە»)، «دۇرشۇەن قورغىنىدىكى ئىككى تارماق تۇرالار» (يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش)، «گاۋپىڭ قورغىنىدىكى تۇرالار» («ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە

خاتىرە»)، «لىيەنچۇەن تۇرالىرى»(لىيەنچۇەن، ھازىرقى شەنشىدىكى
سىنىڭنىڭ شىمالىدا، شۇ چاغدا توڭۇەن قورغىنىغا قارايتتى) قا-
تارلىق ناملار بىلەن ئاتالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جۇغراپى-
يىلىك ئورۇن ياكى ھەربىي قورغانلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئا-
تالغان قاڭقىللارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرى ئىدى. قاڭقىللارنىڭ
نوپۇسى بىر مىليوندىن ئارتۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مانا
مۇشۇنداق كەڭ رايونلارغا تارقالغانلىقى ئۈستىگە يەنە ۋېي
سۇلالىسىنىڭ ھەرقايسى ھەربىي قورغانلىرى بىلەن ۋېي سۇ-
لالىسىنىڭ مۇشۇ قورغانلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرى تەرىپىدىن
بىۋاستە نازارەت قىلىنىپ ۋە تىنچىتىلىپ تۇرۇلغاچقا، ئۇلار-
نىڭ قارشىلىق كۈچى مۇئەييەن دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتكەنى-
دى. بۇ خىل ھەربىي قورغانلارنى قورۇش ئارقىلىق قاڭقىللارنى
بۆلۈپ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان سىياسەت، قاڭقىللارنىڭ ئۇ-
رۇق - قەبىلە تەشكىلىنى پارچىلىۋېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار-
نىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە مەلۇم
دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ بىر-
لىشىپ ھەرىكەت قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى زور دەرىجىدە ئازايت-
تى. شۇنىڭدەك مۇبادا قارشىلىق ھەرىكەتلىرى يۈز بېرىپ قال-
سا، توغبات-ۋېي سۇلالىسىمۇ، ناھايىتى ئاسانلا قورغانلاردىكى
ھەربىي كۈچلىرىنى يىغىپ قارشى چىققۇچىلارنى قورشاپ يو-
قىتالايتتى. ياكى بولمىسا قارشى چىققۇچىلارغا ئايرىم-ئايرىم
ھالدا زەربە بېرەلەيتتى. مىلادى 498 - يىلىدىكى شۇڭقار-
نىڭ باشچىلىقىدىكى قارشىلىق كۆرەشنى، توغبات-ۋېي سۇلا-
لىسى مانا مۇشۇنداق «قورغانلار ئارقىلىق بۆلۈپ
يوقىتىش» تىن ئىبارەت ئۇسۇلغا تايىنىپ باستۇرۇپ
تاشلىغانىدى.

قىسقىسى، توغبات-ۋېي سۇلالىسىنىڭ مىلادى V ئەسىر-
نىڭ 30 - يىللىرىدىن باشلاپ، شىمالىي قىسمىدىكى چېگرا

رايونلىرىدا ھەربىي قورغانلارنى قۇرۇشىدىكى ئاساسلىق مەقسىتى، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتقان قاڭقىللارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلاتتى. خۇسەنشىڭ: «شىمالدىكى قورغانلار، يەنى ۋېي سۇلالىسى قاڭقىللارنى تەسلىم قىلغان ئورۇنلاردا قۇرغان ئالتە قورغاندۇر، ئۇ پىڭچېڭنىڭ شىمالىدا بولغاچقا، بۇرۇن شىمالدىكى قورغانلار دەپ ئاتالغان» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 123 - جىلد، خۇسەنشىڭنىڭ ئىزاھى) دەيدۇ، ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ۋېي شىزۇ جورجانلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن تەسلىم بولغانلار (قاڭقىللاردىن تەسلىم بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ) نى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇپ، شەرقتە رۇيۇەندىن غەربتە ۋۇيۇەن، چوغاي تېغىغىچە بولغان دائىرىدە ئالتە قورغان تەسىس قىلغان» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 136 - جىلد، خۇسەنشىڭنىڭ ئىزاھى). خۇسەنشىڭ ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمالدىكى قورغانلارنى قۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق تونۇپ يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇنىڭ ئالتە قورغان تەسلىم بولغان قاڭقىللار ئۈچۈن قۇرۇلغان دېگەن قارىشى ئىنتايىن مەقسەتلىكتۇر. ياكى بولمىسا توغبات - ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمالدىكى قورغانلار بىلەن باشقا ھەربىي قورغانلارنى قۇرۇشى، جورجان خانلىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، جورجان خانلىقىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇشنى مەقسەت قىلامدۇ دېگەن سوئال تۇغۇلسا ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاب شۇكى: دەرۋەقە، جورجان خانلىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، جورجان قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبقا بېسىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇش، ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئالتە قورغان بىلەن شىمالدىكى باشقا قورغانلارنى قۇرۇشىدا يەتمەكچى

بولغان مەقسىتى بولسىمۇ، لېكىن تەسلىم بولغان قاڭقىل ئاھالىلىرىنى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىندا تۇتۇپ تۇرۇپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا ماڭغۇزمىغاندىلا، ئەڭ ئاخىرىدا جورجان خانلىقىنى ئاجىزلاشتۇرغىلى، شۇ ئارقىلىق ۋېي سۇلالىسىنىڭ قورغان، قورۇللاردىكى ئەس-كەرلىرىۋە قاڭقىللارنىڭ ئاتلىقلىرى ئاساسىدا، قاڭقىللارنىڭ جەنۇبقا بېسىپ كىرىشىنى توسىدىغان، دەيدۇنى قوغدايدىغان كۈچلۈك بىر شىمالىي مۇداپىئە لىنىيىسىنى تەشكىللىگىلى بولاتتى. ئەكسىچە بولغاندا، يەنە ئەينى ۋاقىتتا شىمالدا قۇرۇلغان بە-زى قورغانلار ئارقىلىق، قاڭقىللارنى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىندا تۇتۇپ تۇرۇش ئارقىلىقلا ئۇلارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا «قېچىپ كېتىشى» نىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى. شۇڭلاشقا، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغبات - ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئالتە قورغان ۋە شىمالدىكى باشقا ھەربىي قورغانلارنى قۇرۇشىدىكى ئەڭ ئا-ساسلىق مەقسىتى بولۇشى كېرەك. «ۋېينامە» دە خاتىرىلەن-گەن ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، جورجان خانلىقىنىڭ جەنۇبقا بېسىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن تەڭ، شىمالىي قى-سىمدىكى چېگرىدا ھەربىي قورغانلارنى قۇرۇشنىڭ ھېچقانداق مۇقەررەرلىك مۇناسىۋىتى يوقتەك قىلىدۇ. مىلادى V ئەسىر-نىڭ 30 - يىللىرى ۋېي سۇلالىسى شىمالدىكى قورغانلارنى قۇرۇشتىن ئاۋۋال، ۋېي سۇلالىسى جورجان خانلىقىنىڭ جە-نۇبقا بېسىپ كىرىشىگە قارشى تۇرۇشتا، ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە جازا يۈرۈش قىلىشى بىلەن چېگرا ياقىسىدا تەسىس قىلىنغان قورۇللارغا تايانغانىدى، بۇ ئۇسۇلمۇ ئوخ-شاشلا بەكلا ئۈنۈم بەرگەنىدى. جورجانلارنىڭ سەللان قاغان-دىن داتان قاغانغىچە بولغان ئەڭ قۇدرەت تاپقان مەزگىل-

ده، ۋېيى سۇلالىسىگە قاراتقان كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇملىرىغا ۋېيى ئوردىسى مانا مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن زەربە بەرگەنىدى. مىلادى 429 - يىلى داتان قاغان ئۆلگەندىن كېيىن جورجان خانلىقى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشقا باشلىغانلىقتىن، شىمالىي ۋېيى سۇلالىسىگە قارىتىلغان ھۇجۇممۇ زور دەرىجىدە كىچىكلەپ كەتتى. ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا زور مىقداردىكى تەسلىم بولغان قاڭقىللارنى كونترول قىلىشقا ۋە باشقۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولمىغان بولسا، ۋېيى سۇلالىسىنىڭ ئۇ جايلاردا ھەربىي قورغانلارنى قۇرۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ بولمىغان بولاتتى. ۋېيى سۇلالىسىنىڭ ھەربىي قورغانلارنى قۇرۇشىدىكى ئاساسلىق مەقسىتىنىڭ تەسلىم بولغان قاڭقىل ئاھالىلىرىگە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ نۇقتا توغرىسىدا، خېشىدىكى گاۋچېڭ، توكۇەن ئىككى قورغانىنىڭ تەسىس قىلىنىشىدىن ناھايىتى ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ئىككى قورغان چېگرا ياقىسىدىن يىراق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە شىمالىي قىسمىدا خۇاڭخې دەرياسىدىن ئىبارەت تەبىئىي توسۇقمۇ بار ئىدى، ۋېيى سۇلالىسى قۇرۇلغان نەچچە يۈز يىل جەريانىدا، بۇ جايلار زادىلا جورجان خانلىقىنىڭ تەھدىتى ۋە ھۇجۇمىغا ئۇچرىمىغانىدى، ئۇ جايدا ئەڭ بۇرۇن قورغان قۇرۇشنىڭ ئېھتىماللىقى غەربىي شيا پادىشاھلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنىڭ بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇشى، ھەربىي ۋاستە ئارقىلىق باستۇرۇشقا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىدىن بولسا كېرەك (مەسىلەن، توكۇەن قورغىنى). لېكىن كۆپ سانىدىكى تەسلىم بولغان قاڭقىللارنىڭ خېشى كارىدورىغا قوغلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار ئاساسەن قاڭقىللارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىندىغان ۋە ئۇلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرىدىغان ھەربىي قورغانلارغا ئۆزگىرىپ كەتتى.

«ۋېينامە» گە ئاساسلانغاندا، ئالتە قورغان ۋە شىمالدىن

نكى باشقا ھەربىي قورغانلارنىڭ ئاھالىلىرى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل كىشىلەردىن تەركىب تاپقانىدى: بىرىنچى، توغبات ـ سىيانپى ئاقسۆڭەكلىرىدىن كېلىپ چىققان قورغان سانغۇنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار، «ۋېينامە. يۈەن خېنىڭ تەرجىمىھالى» غا ئاساسلانغاندا، ھەربىر قورغاندا 800 دىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاساسلىقى سىيانپىلاردىن تەشكىللەنگەن كۆپ سانلىق قورغان، قورۇل ئەسكەرلىرىمۇ بار ئىدى. ئىككىنچى، بىر مىليونىدىن ئارتۇق قاڭقىللار ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ باشچىلىقىدا، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھەرقايسى ھەربىي قورغانلارغا ئورۇنلاشقانلىقتىن، ئۇلار ھەربىي قورغانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئاھالىسى ئەڭ كۆپ چارۋىچىلار ئىدى. ئۈچىنچى، خەنزۇ ۋە ئاز ساندىكى جورجان، ئىچكى رايونلارغا كۆچۈپ بارغان دىڭلىڭ، ھون قاتارلىقلار. پوكۇلۇ قورغىنىدا جورجانلاردىن تەسلىم بولغان بىر تۈمەندىن ئارتۇق تۈتۈن بار ئىدى. ۋۇيى قورغىنىدا چاڭشىيەن، جاۋجۇن ۋىلايەتلىرىدىكى دىڭلىڭلارنىڭ شيەنيۇ جەمەتى بىلەن ھونلار بار ئىدى. ھەرقايسى قورغانلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ تەركىبلىرىدىن قارىغاندا، بۇ ھەربىي قورغانلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئاساسلىقى ھەرقايسى ھەربىي قورغانلاردا تۇرۇپ چارۋىچىلىق قىلىدىغان قاڭقىللارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى باستۇرۇش ئىدى.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ۋېي سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىن ئاخىرلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە، توغبات ۋېي سۇلالىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىق شەكلى ئۈچ خىل باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەنىدى: ۋېي سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىن مىلادى 408 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىل بىرىنچى باسقۇچ بولۇپ، بۇ باسقۇچتا توغبات-

ۋېي سۇلالىسى تەسلىم بولغان قاڭقىللارنىڭ ئۇرۇق ـ قەبىلە
تەشكىلىنى پارچىلاپ، ئۇلارنى ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ قۇل-
لىرىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى كوللېكتىپ ۋە تارقاق ھالدا قۇل-
لار ئەمگىكىگە سالدى؛ مىلادى 408 ـ يىلدىن
مىلادى 429 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىل ئىككىنچى باسقۇچ
بولۇپ، بۇ باسقۇچتا توغبات ـ ۋېي سۇلالىسى قاڭقىللارنىڭ ئۇ-
رۇق ـ قەبىلە تەشكىلىنى ساقلاپ قېلىشقا قوشۇلدى، شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىككى خەن سۇلالىسىنىڭ تەسلىم بولغان
خون ئاھالىلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى تەجرىبىلىرىنى
قوبۇل قىلىپ، بېقىندى ئەللەر بىلەن
قاڭقىللارنى ھىمايە قىلغۇچى كەپتاۋۇللىقىنى قۇرۇپ، قاڭ-
قىللارنىڭ تەسلىم بولغان ئادەملىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى؛
مىلادى 430 ـ يىلدىن ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بول-
غان مەزگىل ئۈچىنچى باسقۇچ بولۇپ، بۇ باسقۇچتا توغبات ـ
ۋېي سۇلالىسى قاڭقىللارنىڭ ئۇرۇق ـ قەبىلە تەشكىلىنى
داۋاملىق ساقلاپ قېلىشقا يول قويدى، لېكىن
بېقىندى ئەللەر بىلەن قاڭقىللارنى ھىمايە قىلغۇچى
تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەربىي قورغان-
لار ئارقىلىق قاڭقىللارغا بۆلۈپ ھۆكۈمرانلىق قى-
لىدىغان تۈزۈمنى يولغا قويدى. توغبات ـ ۋېي سۇلالىسىنىڭ
قاڭقىللارغا بولغان ھۆكۈمرانلىق شەكلىنىڭ بۇ ئۈچ خىل
باسقۇچ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشى، بىر جەھەتتىن قاڭقىل خەل-
قىنىڭ توغبات ـ ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپى بىلەن
ئېلىپ بارغان سىنىپىي كۆرەش ۋە مىللىي ئۇرۇشىنىڭ مەھسۇلى
بولسا؛ يەنە بىر جەھەتتىن ئۇ توغبات ـ ۋېي سۇلالىسىنىڭ
سىياسىي مىللىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە خەنزۇلىشىشىغا ئەگى-
شىپ، قاڭقىللارغا بولغان ھۆكۈمرانلىق شەكلىنىمۇ ئۈزلۈكسىز

تۇردە ئالماشتۇرۇپ تۇرغانلىقىدەك تارىخىي پاكىتنى ئەكىس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ.

## 5. توغبات - ۋېي سۇلالىسىنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارغا قاراتقان ئېكسپلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمى

يۇقىرىدا بىز توغبات - ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئوخشاشمىغان دەۋرلەردە قاڭقىل خەلقىگە قارىتا ئوخشاش بولمىغان ھۆكۈمرانلىق قىلىش شەكلىنى قوللانغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. تارىختا ھۆكۈمران سىنىپلار ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەت خەلقلىرىگە قارىتا ھەمىشە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى قاتلاملىرى ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ كەلگەنىدى. بۇ جەھەتتە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

ئەينى ۋاقىتتا، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللار ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىدىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈشنى تېخى تاماملاپ بولالمىغانىدى، لېكىن ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاللىقاچان باي - كەمبەغەللىكنىڭ ئايرىلىشى مۇئەييەن دەرىجىدە روشەنلەشكەن بولۇپ، ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلىرى بولۇپمۇ قەبىلە ئاقساقاللىرى بىلەن سەركەردىلەر بەلگىلىك مىقداردىكى خۇسۇسىي مال - مۈلۈكلەرنى توپلىغانىدى. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۇلارنىڭ قولىدىكى ھوقۇقمۇ زورىيىپ، ئۇرۇق - قەبىلە تەشكىلىنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇشقا باشلاپ، ئالاھىدە مەنپەئەتدار بىر گۇرۇھقا ئايلاندى. مانا بۇلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەز-

گىلىدىكى ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولغان ئۇرۇق - قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى ئىدى. توغبات - ۋېي سۇلالىسى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ۋە ئېكسپىلاتاتسىيەسى، قاڭقىللارنىڭ مانا مۇشۇ ئۇرۇق - قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بارغانىدى.

توغبات - ۋېي سۇلالىسى قاڭقىللارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە ئاقساقاللىرى بىلەن سەركەردىلىرىنى يۇقىرى ئەمەل، كۆپ مال-ماش بىلەن سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى كەڭ قاڭقىل خەلقىغە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى قولچوماقلارغا ۋە غالچىلارغا ئايلاندۇردى. مەسىلەن، باغاتۇرا تېكىن شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ۋېي سۇلالىسى ئۇنىڭغا سۇر ھەيۋەتلىك سانغۇن دېگەن نامنى بەردى؛ باغاپان تېكىن ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بەھەيۋەتلىك سانغۇن دېگەن نامنى بەردى ھەمدە ئۇلارغا ئەمىر لەشكەر، ھەربىي مەسلىھەتچى قاتارلىق ئەمەللەرنى بەردى؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «كىيىم - كېچەكلەرنى ھەدىيە قىلىپ، ھەر يىللىق ئۇزۇق - تۈلۈكنى بېرىپ تۇردى» («ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»). قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ سەركەردىسى بېكقۇلى ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ۋېي سۇلالىسى ئۇنى مىڭدۇ بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، مول ئىنئاملارنى بەرگەنىدى. شۇنىڭدەك يەنە ۋېي داۋۇدى بىلەن «شەخسەن ئايرىم جايلارغا بىرگە باراتتى»، «كىچىك ئوغلى دوخې تائىنى ھەرەمبېگى قىلىپ تەيىنلىگەن» بولۇپ، ئۆلگەندە «دۆلەت مۇراسىمى بويىچە دەپنە قىلىنغانىدى»؛ ئۇنىڭ ئوغلى پان تېكىن ئەمەلدارلىقتىن ئوردا دىۋان بېگى بولغانىدى؛ نەۋرىسى تاناغايغا كېڭەش بېگى دېگەن نام بېرىلگەندىن سىرت، تۇنجى سۇيۇرغال ئاھالىلەرنىڭ ئاقساقىلى بولغانىدى؛ تاناغاينىڭ ئوغلى قوغۇرسۇ ئالتۇنى دەسلەپتە ئەمىر لەشكەر،

كېيىن ئىككىنچى سۇيۇرغال ئاھالىلەرنىڭ ئاقساقىلى بولغانىدى. قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ يەنە بىر ئاقساقىلى قوغۇرسۇكمەن ئەمەلدارلىقتىن چاپقۇر ئەجدىھار سانغۇن، ۋۇچۇەنى تىنچىتىش سانغۇنى («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قوغۇرسۇ چياگجۇنىڭ تەرجىمىھالى») بولغانىدى. قەبىلە ئاقساقىلى قوغۇرسۇتىمەنىڭ ئاتىسى قوغۇرسۇ تۇن«ۋېي سۇلالىسى تەرىپىدىن يانداش ئامبالىلىقا تەيىنلەنگەنىدى» («شىمالىي سۇلالىلەرتارىخى. قوغۇرسۇ تىمەنىڭ تەرجىمىھالى»). غەربىي قىسىم چەلىلاردىن بولغان تۇرا يالچىنىڭ بوۋىسى شىزۇنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پادىشاھ بىلەن گۇابۇ تېغىغا بارغاندا، لىنجياڭ بېگى دېگەن نامغا ئىگە بولغانىدى؛ ئاتىسى ئىلمىئىي بوۋىسىنىڭ نامىغا ۋارىسلىق قىلىپ، گاۋزۇنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، شاتۇر چېرىكچى بەگ بولغانىدى؛ تۇرا يالچىنىڭ ئۆزى ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە، «پەرمانچى بەگ، قۇتاتقۇچى سانغۇن، كېڭەش بېگى، جياجىن قورغىنىنىڭ شەرقىي يول سانغۇنى، تۇتۇق، غەربىي قىسىم تۇرالىرىنىڭ تۇنجى سۇيۇرغال ئاقساقىلى بولغان بولۇپ، يوگنىڭ ناھىيىسىنىڭ تۇنجى بېگىلىك ئوتتۇغاتى بېرىلىپ، 500 تۇتۇن سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن» («ۋېينامە. تۇرا يالچىنىڭ تەرجىمىھالى») ۋە باشقىلار. ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان قاڭقىللارنىڭ بۇ ئۇرۇق، قەبىلە ئاقساقاللىرى توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ سىتەۋىلىشى ۋە ئۆزىگە تارتىشى ئارقىسىدا، ناھايىتى تېزلىكتىلا، كۆپلىگەن مال - مۈلۈك ۋە زور ھوقۇققا ئىگە ئېكسپىلاتاتور ۋە ئەزگۈچىلەرگە ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆپ ساندىكىلىرى توغبات ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بىرلىكتە كەڭ قاڭقىل چارۋىچىلىرىنىڭ شىللىسىگە مىنىۋېلىپ، ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇشۇۋالدى. ئۇلار توغبات-ۋېي سۇلالىسىنىڭ قاڭقىل خەلقىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان

ۋە ئېزىدىغان گۇماشتا ۋە قول چوماقلىرى ئىدى.

توغبات-ۋېي سۇلالىسىنىڭ قائىقىل چارۋىچىلىرىغا قاراتقان ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلمىنى تەخمىنەن تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، قائىقىل خەلقىنىڭ ئەمگەك ۋە ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى دەھشەتلىك تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. توغبات-ۋېي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، توغبات ئاقسۆڭەكلىرى ئۇلارنى گوگۇەن ئۆستەڭگىنى ياساش بىلەن ئائىلىدىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتەش قاتارلىق قۇللار ئەمگىكىنى قىلىشقا مەجبۇرلىدى. توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ فېئوداللىشىشىغا ئەگىشىپ، توغبات-ۋېي سۇلالىسىنىڭ قائىقىل خەلقىنىڭ ئەمگەك ۋە ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش شەكلىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بېقىندى ئەل ۋە ھەربىي قورغان ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىش دەۋرىدە، توغبات ۋېي سۇلالىسى گەرچە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە تەشكىلىنى ساقلاپ قېلىپ، ئايرىپ بېرىلگەن يايلاقلاردا «ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردىن پايدىلىنىپ، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈشى» گە يول قويغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر يىلى توغبات ئاقسۆڭەكلىرى خالىغانچە بەلگىلەپ بەرگەن ئېغىر باج - سېلىقلارنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ تۇرۇشى شەرت ئىدى. بۇنىڭ سانى كۆپ بولۇپ، توغبات ئاقسۆڭەكلىرى بۇزۇپ - چاچقان ۋە ئۇرۇشتا خوراپ تۈگىگەندىن سىرت، يەنە كۆپ مىقداردا ئېشىپ قالاتتى. «ۋېينامە. قائىقىللار ھەققىدە قىسسە» دە: «قائىقىللار ھەر يىلى بىزگە ئولپان تەقدىم قىلىپ تۇرغاچقا، خاندانلىقىمىزدىكى ئات، كالا، قويلارنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتتى، يۇڭ - كىگىز ۋە تېرە - تەسەك دېگەنلەر دۆۋىلىنىپ بىسىلىپ كەتمەكتە» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىن قائىقىل خەلقىنىڭ ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى

كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. باج - سېلىقلاردىن باشقا، توغبات ۋېي سۇلالىسىنىڭ سانغۇن ۋە ئەمەلدارلىرى يەنە، ھەر خىل پۇر-سەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى قاقتى-سوقتى قىلىۋالاتتى. مىلادى 430 - يىلى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن ئەمدىلا چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كەلگەن بىر بۆلۈم قاڭ-قىللار «ئەمەلدارلار تەرىپىدىن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغان» دىن كېيىن، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا ياشاشقا ئامالسىز قېلىپ، ئىسيان كۆتۈرۈپ قايتىپ كېتىشمەكچى بولغانىدى («ۋېينامە. ليۇ جې-نىڭ تەرجىمىھالى»). مىلادى 433 - يىلى خۇەيخۇاڭ قورغى-نىدىكى قاڭقىللار ۋېي تەيۋۇدىغا قورغان سانغۇنى لۇسىنىڭ «زالىملىقى» تۈپەيلىدىن، «ياشاشقا ئامالسىز قالغان» لىقى ھەققىدە ئەرز قىلغان، بۇ يەردىكى «زالىملىقى» تۈپەيلىدىن، «ياشاشقا ئامالسىز قالغان» دېگىنى زورلۇق بىلەن تۈرلۈك ئالۋان - ياساقلارنى ئالغانلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. مىلادى 471 - يىلى ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئوردا ياساۋۇلى خۇ-مۇخان ئوردا ياساۋۇللىرىنى ئىخچاملاش پۇرسىتىدىن پايدىلى-نىپ، غەربىي قىسىم قاڭقىللاردىن «كۆپلەپ مال - دۇنيا ئال-غان» لىقى ئۈچۈن، ئاقىۋەتتە قاڭقىل چارۋىچىلىرىنىڭ قوزغى-لىڭىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى («ۋېينامە. جىڭمۇ يىللىرى-دىكى 12 بەگنىڭ تەرجىمىھالى»). توغبات ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، ھۆكۈمەت بىلەن ئالتە قورغاندىكى ئەمەل-دارلارنىڭ ھەممىسى چىرىكلىكتە چېكىگە يەتكەنىدى. «ۋېينامە. گۇاڭيالىڭ بېگى يۈەن يۈەننىڭ تەرجىمىھالى» دا: «ئاشۇنداق ئىقتىدارى چاغلىق كىشىلەر چېگرىدىكى قورغانلاردا سانغۇن-لۇقنى ئۈستىگە ئالغاچقا، ئۆزئارا بىر - بىرىنى دورىشىپ، ھەدەپ مال - دۇنيا توپلاشقا بېرىلىپ كەتتى. بەزىلىرى بول-سا جايلاردىكى مۇناپىق ئەمەلدارلار بولۇپ، جىنايىتى سېزى-لىپ قالغاندا، چېگرىدىكى قورغانلارغا كېلىۋالغان، ئۇلار ئۆز-

لىرىنىڭ سەۋەبلىكىنى تۈگىتىش ئۇيالقىتا تۇرسۇن، ئەكسىچە چېگرىدىكى قورغان سانغۇنلىرى بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، مەھكىمىلەرنى ئالداپ، ئەمەلدارلارغا پارا بەرمەكتە. شۇڭلاشقا ھەممەيلەن دېگۈدەك بۇ مۇناپىق ئەمەلدارلارنىڭ قىلمىشلىرى كىشىنى بىزار قىلماقتا دەپ يۈرۈشمەكتە» دېيىلگەن. «ۋېينامە. يۈمن خەننىڭ تەرجىمىھالى» دا: «ئاشۇ چەت چېگرا رايونلاردىكى ئايماق ۋىلايەتلەردىكى ئەمەلدارلار ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشى بىلەنلا بېيىپ كېتىدۇ؛ قوشۇندىكى سانغۇنلار بولسا ھەممىنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. بەزىلىرى پەزىلەتسىز، ئىقتىدارىمۇ چەكلىك، بەزىلىرى سان - ساناقسىز ئادەملەرنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغىنى بىلەن پۇقرالارنى قانداق ئاسراشنى بىلمىگەچكە، ئېغىر ئالۋان بېلەن خەلققە زۇلۇم سېلىپ، خەلقنى دەھشەتلىك تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنىلا بىلىدۇ. ئۇلار چېگرىدىكى قورغانلارغا ئۆزلىرى ئەسكەر ئەۋەتىپ چارلاپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ تەيىنلىگەن سانغۇن، ئىشقا قويغان ئادەملىرى ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرى ياكى پارا بەرگەن كىشىلەردۇر. بۇ ئادەملەردە دۈشمەندىن ساقلىنىش دېگەن ئوي - پىكىر بولمىغاچقا، پەقەت بىر نەرسىنىلا يەنى تىرىكچىلىك قىلىپ، بايلىق توپلاشنىلا ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى قىرانلىرى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. مۇبادا كۈچلۈك دۈشمەنگە ئۇچراپ قالسا دۈشمەنگە ئەسىر بولۇپ قالىدۇ؛ ئەگەر بايلىققا ئېرىشىپ قالسا ئۆزلىرى ئىگە بولىدۇ. بىراق بەزى قېرى - ئاجىز، كېسەل - مېيىپلار بىلەن تۆمۈر تاۋلاشنى بىلمەيدىغان ھۈنەرۋەنلەر بولسا ھەر خىل ئېغىر مەجبۇرىيەتلەرنى ئاتقۇرىدۇ. قالغانلىرى بولسا تاغ - جىلغىلارغا بېرىپ ياغاچ كېسىدۇ، بەزىلىرى تۈزلەڭلەردە تېرىقچىلىق قىلىپ ئوت - چۆپ ئورىدۇ، بەز-

لىرى سېتىقچىلىق قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىگە بولغان كىرىمى ئىنتايىن ئاز، مەبلىغىمۇ چەكلىك. ھالبۇكى چېگرىدىكى قورغان سانغۇنلىرى ئەمەلدارلاردىن يىغىۋېلىنغان باجدىن ئۇلارغا ئازراق ئاشلىق تارقىتىپ بېرىدۇ. نەتىجىدە قۇللۇق مەجبۇرىيەتلىرىگە تۇتۇلغان، قورسىقى تويمايدىغان، يېپىنچىسى يوق بۇ كىشىلەر قاتتىق سوغۇق، تومۇز ئىسسىقلاردا، ئازابىنىڭ ئۈستىگە ئازاب تارتىپ تەگدىن تولىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. ئەلۋەتتە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن قورغان سانغۇنلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ تۈرلۈك مەجبۇرىيەتلەرنى ئاتقۇرىدىغان قورغان خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي قاغقىللار ئەمەس ئىدى. لېكىن قاغقىللار خىيانەتچىلىك ۋە زالىملىقتا چېكىگە يەتكەن قورغان سانغۇنلىرى تەرىپىدىن ئالۋانغا تۇتۇلۇپ، ھەر خىل قوللۇق مەجبۇرىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان خورلۇق ۋە دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيىگە ئۇچراپ تۇراتتى. ھەتتائېرىق - ئۆستەڭ ھاشىرىدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

ئىككىنچى، قاغقىللارنى توغبات-ۋېي سۇلالىسى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا سالاتتى. توغبات-ۋېي سۇلالىسىنىڭ قاغقىل خەلقىگە قاراتقان ھەربىي ئالۋىنى، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاغقىللارنىڭ يەلكىسىدىكى ئېغىر يۈك ئىدى. توغبات ئاقسۆڭەكلىرى قاغقىللارنىڭ ئەرلىرىنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، جورجان خانلىقىنىڭ جەنۇبقا بېسىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن سىرت، ئۇلارنى يەنە جورجان خانلىقىغا جازا يۈرۈش قىلىش بىلەن ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى دۈشمەنلەشكەن دۆلەتلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا زورلايتتى. مىلادى 418 - يىلى (ۋېي مىڭيۈەننىڭ تەيچاڭنىڭ 3 - يىلى) كەپتاۋۇل شۆفەن قاغقىللارنىڭ 20 مىڭ ئاتلىق

ئەسكىرىگە باشچىلىق قىلىپ، شىمالدا جورجانلارغا جازا يۈرۈش قىلدى. مىلادى 428 - يىلى (ۋېي تەيۋۇدىنىڭ شېنجيا تۈنجى يىلى) جورجان قوشۇنلىرى بېسىپ كىرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، شىمالغا قاچقاندا، ۋېي تەيۋۇدى قاڭقىللارنىڭ ئەل بولغان ئەللىرىنى ئۇلارنى قوغلاشقا بۇيرۇق قىلدى. مىلادى 427 - يىلى ۋېي تەيۋۇدى خې ليەنچاڭغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، باش سانغۇنلار قول ئاستىدىكى «قاڭقىللارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە باشچىلىق قىلىپ، دۈشمەن ئىستىھكامىغا قاراپ توسالغۇسىز ئىلگىرىلىدى» («ۋېينامە. ۋېي گوجېنىڭ تەرجىمىھالى»). مىلادى 420 - يىلى ۋېي سۇلالىسى خې ليەندىڭگە ھۇجۇم قىلغاندا، ۋېي تەيۋۇدى «قاڭقىل دەپ ئاتالغان تۇرالارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى خې ليەندىڭگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى» («ۋېينامە. گوبىنىڭ تەرجىمىھالى»). مىلادى 415 - يىلى (ۋېي تەيۋۇدىنىڭ تەيپىڭ جېنجۈن 6 - يىلى) لىزشۈي غۇزلىرىدىن گەيۋۇ شىڭچېڭ (ھازىرقى شەنشىنىڭ خۇاڭلىڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالى) دا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، ۋېي تەيۋۇدى «گاۋچېڭ تۇرالىرىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى چاڭئەنگە بېرىپ ئۇلارنى جازالاشنىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈشكە ئەمر قىلدى» («ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە»). مىلادى 498 - يىلى ۋېي شياۋۋېندى زور قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، جەنۇبتىكى چى پادىشاھلىقىغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، قاڭقىللارنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى قوشۇن بىلەن بىرگە جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى، شۇ يىلى سانغۇن يۈ ۋېنفۇ قاڭقىللارنىڭ يولسىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ چى قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى، يۇقىرىدىكىلەرنى خاتىرىلەردىلا كۆرۈشكە بولىدۇ. «ۋېينامە. مەنسەپ - جەمەتلەر تەزكىرىسى»دە ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيخې يىللىرىدىكى مەنسەپ تۈزۈمى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى

مەنسەپلەر ئىچىدە قاڭقىللارنىڭ يۇلىن كەپتاۋۇلى دېگەن بىر مەنـ
سەپ بار ئىدى. ئۇ تۆتىنچى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئىدى؛
قاڭقىللارنىڭ ئۇچار يولۋاس سانغۇنى تۆتىنچى دەرىجىلىكتىن
تۆۋەن ئىدى؛ قاڭقىللارنىڭ ئۇچار يولۋاس ئەمىر لەشكىرى،
ئۇچار يولۋاس سەركەردىسى، يۇلىن كەپتاۋۇلى قاتارلىقلارنىڭ
ھەممىسى بەشىنچى دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئىدى؛ قاڭقىللارنىڭ
ئۇچار يولۋاس ئەمىر لەشكىرى ئالتىنچى دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئىدى. بۇ
ياساۋۇل ئەمەلدارلارنىڭ ئەمەل دەرىجىسىدە «يۇلىن» سۆزى
بار بولۇپ، يۇلىن قوشۇنلىرىغا يۇقىرىدىكى نەقىلدىكى خو-
مۇخان غەربىي قىسىم تۇرالىرىنى ئىچىۋالغاندىكى «ئوردا يا-
ساۋۇللىرى» ئىدى؛ قاڭقىللار جاھاندىكى داڭدار چە-
ۋەندازلاردىن بولغاچقا، ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى ئۇ-
لارنى ياساۋۇللۇققا تاللاپ تولۇقلىغانىدى. ئۇچار يولۋاس
سانغۇن، ئۇچار يولۋاس ئەمىر - لەشكەر، ئۇچار يولۋاس
سەركەردە قاتارلىقلار، قاڭقىللارنىڭ زەربىدار ئاتلىقلىرىغا قو-
ماندانلىق قىلغۇچى ئەمەلدارلار بولۇشى مۇمكىن. «ۋېينامە.
گاۋگۈلىنىڭ بېگى يۈننىڭ تەرجىمىھالى»دا: «گاۋزۇ جەنۇبقا
جازا يۈرۈش قىلغاندا، يۇلىن پەرماندار قوتاتقۇچىنى ئالتە
قورغانغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ زەربىدار ئاتلىقلىرىنى سەپەرۋەر
قىلىشقا ئەۋەتكەن» لىكى تىلغا ئېلىنغان. ئالتە قورغاندىكى
زەربىدار ئاتلىقلار يەنى قاڭقىللارنىڭ زەربىدار ئاتلىقلىرى
بولۇشى كېرەك. قاڭقىللارنىڭ يۇلىن قوشۇنىنى ئوردىنىڭ دا-
ئىملىق تۇرغاۋۇتلار قوشۇنى قىلىپ تەسىس قىلغان بولۇپ،
يۇلىن نازارەتچىسى قوماندانلىق قىلاتتى. يۇلىن نازارەتچى-
لىكىنى توغبات خان جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈستىگە ئالاتتى.
مەسىلەن، يۈەن تەن (شىزۇنىڭ نەۋرىسى) قاتارلىقلار؛
بەزىدە «شىمالىي تەرەپتىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى
بىلەن تىلىنى پىششىق بىلىدىغان» خەنزۇلار ئۈستىگە ئالاتتى.

مەسىلەن، مىلىك ۋېي قاتارلىقلار. قاڭقىللارنىڭ زەربىدار ئاتلىقلىرى ھەربىي قورغانلار تەرىپىدىن ۋاقىتلىق ئەسكەرلىككە تۇتۇلاتتى. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندا بولسا دەرھال قايتۇرۇلاتتى.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، توغبات ۋېي سۇلالىسى مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىدا، مىللىي كەمسىتىش بىلەن مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى بىرقەدەر تىپىك يۈرگۈزگەنىدى. بۇ نۇقتىنى ۋېي تەيۋۇدىنىڭ مىلادى 451 – يىلى جەنۇبتىكى سۇڭ پادىشاھلىقىنىڭ سانغۇنى ساڭ جىغا يازغان خېتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. خەتتە ئۇ دىڭلىڭ، ھون، دى، چياڭ قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغان ئەسكەرلەرنىڭ جايلاشقان ئورنىنى قەستەن ساڭ جىغا ئاشكارىلاپ بەرگەن ھەمدە سۇڭ قوشۇنلىرىنىڭ قولى بىلەن ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى. خەتتە قاڭقىللار تىلغا ئېلىنمىغان بولۇپ، بەلكىم قاڭقىللار يولىن ۋەزەربىدارلىقنى ئۈستىگە ئالغان بولغاچقا، ۋېي سۇلالىسىدىكىلەر ئېھتىيات قىلغان بولۇشى مۇمكىن. يات مىللەتلەرنىڭ ھاياتىنى ئوت – چۆپ ئورنىدا كۆرىدىغان توغبات ئاقسۆڭەكلىرىدىنىڭ نەزىرىدە، قاڭقىللارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئورنىمۇ، باشقا ئاز سانلىق مىللەت ئەسكەرلىرىنىڭكىدىن يۇقىرى ئەمەس ئىدى. قاڭقىل خەلقىنىڭ قايتا – قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ توغبات ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ئالۋىنىغا قارشى تۇرغانلىقى بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، توغبات ئاقسۆڭەكلىرى ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا داۋاملىق ئۇچراشنى خالىماي، قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن قاڭقىل خەلقى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇرۇق قەبىلىلىرىنى قىلچىمۇ رەھىم قىلماي ئەڭ قەبىھ يوسۇندا باستۇردى. كۆرەشنى داۋاملاشتۇرغان قاڭقىل خەلقى، توغبات ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن ھەدەپ قىرغىن قىلىندى؛ قورالنى تاشلاپ ئىتائەت قىلىشنى بىلدۈرگەن قاڭقىللارنىڭ

ئۇرۇق قەبىلىلىرىنى مەجبۇرىي پارچىلاپ كۆچۈرۈپ، ئىچكى جايلاردىكى ئايماق - ۋىلايەت-لەرنىڭ كازارما تۈتۈنلىرىگە ئايلاندۇردى. شىمالىي سۇ-لالىلەر دەۋرىدە، كازارما تۈتۈنلىرى يەنى ھەربىي كازارمىلار-نىڭ تۈتۈنلىرى بولۇپ، توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىچىدىكى قوشۇن سانغۇنلىرى تەرىپىدىن ئىگىلىنىۋېلىناتتى. ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى قۇللاردىن قىلچە پەرق قىلمايتتى. كازارما تۈتۈنلى-رىگە ئايلاندۇرۇلغانلار توغبات ھەربىي سانغۇنلىرى ئۈچۈن ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قىلاتتى ۋە باشقا مەج-بۇرىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى. كەسپىنى ئۆزگەرتىشكە يول قويۇلمايتتى. مىلادى 444 - يىلى (تەيپىڭ جىنجۈننىڭ 5 - يىلى) شىمالىي قىسىم تۇرالىرى ۋېي سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندە، ۋېي سۇلالىسى ئۇلارنىڭ سەركەردىسىنى ئۆلتۈرۈپ، «قالغان ئاھالىلىرىنى يى (ئورنى شىندۇدا، ھازىرقى خېبېينىڭ يىنشيەن ناھىيىسى)، شياڭ (ئورنى يېدا، ھازىرقى خېبېينىڭ سىنشيەن ناھىيىسى)، دىڭ (ئورنى لۇنۇدا، ھازىرقى خېبېينىڭ دىڭشيەن ناھىيىسى) دىن ئىبارەت ئۈچ ئايماققا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كازارما تۈتۈنلىرىگە ئايلاندۇردى» («ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە»). مىلادى 471 - يىلى (يەنشىڭنىڭ تۇنجى يىلى) ۋېي سۇلالىسى يەنە ۋويې، توڭۋەن ئىككى قورغاندىكى ۋېي سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن تۇرالارنى «يى، دىڭ، شياڭدىن ئىبارەت ئۈچ ئايماققا ئورۇنلاشتۇرۇپ كازارما تۈتۈن-لىرىگە ئايلاندۇردى» («ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە»). ياندۇرقى يىلى (مىلادى 472 - يىلى «لىيەنچۈەن تۇرالىرى ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغاندا، چىڭ (ئورنى گۇاڭگۇدا، ھا-زىرقى شەندۇڭدىكى يىدۇ)، شۇ (ئورنى پىڭچىڭدا، ھازىرقى شۇجو شەھىرى)، جى (ئورنى لىچېڭدا، ھازىرقى جىنەن شە-ھىرى)، گۇن (ئورنى شياچيۇدا، ھازىرقى شەندۇڭنىڭ گۇنجۇ

ناھىيىسى) دىن ئىبارەت تۆت ئايماقتا كۆچۈرۈلۈپ، كازارما تۇتۇنىگە ئايلاندۇرۇلدى.» («ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە»)؛ يۇقىرىدىكىلەرنىمۇ خاتىرىلەردىنلا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللار ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە كەينى - كەينىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇردى، مەجبۇرىي كۆچۈرۈلۈپ كازارما تۇتۇنىگە ئايلاندۇرۇلغانلار، تارىخىي كىتابلاردا تولاراق چۈشۈپ قالغان بولغاچقا، سانى ئاز ئەمەس بولۇشى كېرەك. ۋېي ۋېنچېڭدىنىڭ دەۋرى (مىلادى 452 — 465 - يىللار) دە، توغبات ۋېي سۇلالىسى توغبات ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارغا قارىتا «بىرەر ئەھۋال يۈز بەرسە، قورغانلار ئارقىلىق تىنچىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆز - كۆز قىلىپ، ئىچكى ۋە تاشقى كۈچلەرنى بىراقلا قولغا چۈشۈرۈش» («ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە») سىياسىتىنى ئىجرا قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ۋاقتىدا جورجان خانلىقى جەنۇبقا ئىنتايىن ئاز ھۇجۇم قىلغانلىقتىن ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چېگرىلىرى بىرقەدەر ئەمىن تاپتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ بىر مەزگىللىك قىسقا مۇددەتلىك ئەمگەك قىلىش مۇھىتىغا ئېرىشتى. بۇ ھەقتە «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە: «گاۋزۇڭ (يەنى ۋېنچېڭدى) نىڭ دەۋرىدە قاڭقىللارنىڭ بەش قەبىلىسىدىن نەچچە يۈز مىڭ ئادەم يىغىلىپ، كۆك تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزدى. ئات بەيگىسى ئۇيۇشتۇرۇپ مال-چارۋىلارنى قۇربانلىق قىلىپ، ناخشا ئېيتىشىپ، ئۇسسۇل ئويناشتى، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە بۇنداق كاتتا مەرىكە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغانىكەن» دېيىلگەن. لېكىن پۈتكۈل توغبات-ۋېي سۇلالىسىنىڭ دەۋرىدىكى قاڭقىللارنىڭ تۇرمۇشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ھەمىشە ئۇرۇشنىڭ پاراكەندىچىلىكى بىلەن

بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراشتىن سىرت، يەنە توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مىللىي زۇلمى ۋە سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراپ، قۇللاردەك ئېچىنىشلىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى. قاڭقىللارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ نامراتلىقىنى: قاڭقىللاردىن بولغان ئېل بايانىڭ ئاچلىقىنىڭ دەستىدىن ھۆكۈمەتنىڭ ئاتلىرىنى ئوغرىلاپ يەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ئائىت بىر مىسالدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ («ۋېينامە. ئېنساب قائىدە تەزكىرىسى») ئەينى ۋاقىتتىكى قاڭقىللار تېخىچىلا سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈش باسقۇچىنى تاماملاپ بولالمىغانىدى. ئۇلار ئەركىن، ئەمگەك قىلىش بىلەن باراۋەر تۇرمۇش كەچۈرۈشنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭلاشقا پۈتكۈل توغبات ۋېي سۇلالىسىنىڭ دەۋرىدە، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللار ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلىپ كۆرەش قىلىپ، توغبات-ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇردى.

ئىزاھلار:

① قاڭقىللارنىڭ ئايرىم ئۇرۇق ياكى قەبىلىلىرى بىلەن شى يىجيەننىڭ دەي پادىشاھلىقىنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بار ياكى يوقلۇق مەسىلىسى توغرىسىدا، تارىخىي كىتابلاردا ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن «ۋېينامە. مۇقەددىمە» دە مىلادى 376 - يىلى ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقى دەي پادىشاھلىقىنى يوقاتقاندا، شى يىجيەننىڭ «دۆلىتىدىكىلەرنى باشلاپ چوغاي تېغىنىڭ شىمالىغا قېچىپ بېرىپ پاناھلانغاندا، قاڭقىللارنىڭ ئارىلاشما ئۇرۇقلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئىسيان كۆتۈرگەن» لىكى خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن قاڭقىللارنىڭ بەزى ئۇرۇق قەبىلىلىرىنىڭ شى يىجيەننىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا دەي پادىشاھلىقىغا بەيئەت قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

② «ۋېينامە. خانىكەلەرنىڭ تەرجىمىھالى» دە: «خانىكە شيەنمىڭ خېلەن جەمەتىدىن بولۇپ، تەيزۇنى تۇغقانىدى. فۇلۇ ئىچكى رايونلارنى دەپسەندە قىلغاندا، خانىكە تەيزۇ ۋە باشقا ئەمەلدارلار بىلەن بىرگە شىمالغا قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى. بىراق قاڭقىللار

باستۇرۇپ كېلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلغانلىقتىن، خالىكە تەيزۇ بىلەن ھارۇنغا ئۇلتۇرۇپ جەنۇبقا قېچىپ كەتتى، يېرىم يولدا يولدىن ئادىشىپ قالدى، يۈز چاقىرىمدىن ئارتۇقراق يول يۈرگەندىن كېيىن چىجياشەن تېغىنىڭ جەنۇبىدا خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالدى» دېيىلگەن. چىجياشەن تېغى ھازىرقى سەنشىنىڭ پىڭلۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، چىجياشەن تېغىغا يۈز چاقىرىمدىن ئارتۇقراق كېلىدىغان جايدا ئادىشىپ قالغان ئورۇن، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى كۆكخوت شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك. ئادىشىپ قالغان ئورۇننى «يېرىم يولدا» دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئۇنىڭ باشلانغان ئورنى (يەنى شىمالغا قاچقان جايى) ھازىرقى كۆكخوت شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى شارمۆرۈن دەرياسى بىلەن ئابۇغانار دەرياسىنىڭ ئەتراپى بولۇشى كېرەك.

③ «ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە: «قاڭقىللارنىڭ باشقا بىر سەركەردىسى تۇراتېكىن» دېيىلگەن.

④ پان تېكىن زادى قانچىلىك قاڭقىللىنى باشلاپ ئىچكىرىگە بەيئەت قىلغان؟ «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە: «30 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق» دېيىلگەن. «ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» دە: «3000 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق» دېيىلگەن. تۇراتېكىن 900 ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ ئىچكىرىگە بەيئەت قىلغاندا، ۋېي سۇلالىسى ئۇنىڭغا سۇر - ھەيۋەتلىك سانغۇن دېگەن نامنى بەرگەنىدى؛ «ۋېينامە. مەنسەپ تەزكىرىسى» دە سۇر ھەيۋەتلىك سانغۇننىڭ دەرىجىسىنىڭ 4 - دەرىجىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكى خاتىرلەنگەن. پان تېكىن ئىچكىرىگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، ۋېي سۇلالىسى ئۇنىڭغا بەھەيۋەت سانغۇن دېگەن نامنى بەرگەنىدى. «ۋېينامە. مەنسەپ تەزكىرىسى» دە چەت جايلارنى تىنچىتقۇچى، چەت جايلارنى ئەمىن تاپقۇزغۇچى، چەت جايلارغا ئىزگۈلۈك بەخش ئەتكۈچى سانغۇن دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دەرىجىسىنىڭ 3 - دەرىجىدىن تۆۋەن ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان؛

چەت جايلارنى تىنچىتقۇچى سانغۇن بىلەن چەت جايلارنى تىنچىت-
قۇچى قاتارلىق سانغۇنلار ئوخشاش ئىدى. ئەلۋەتتە پانتېكىنىنىڭ
ئېرىشكەن ئەمەلى تۇرا تېكىنىنىڭكىگە قارىغاندا يۇقىرى. ئۇنىڭ
باشلاپ كەلگەن قوشۇنىمۇ تۇرا تېكىنىنىڭكىدىن كۆپ ئىدى. بۇ
يەردە «تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» دىكىسى ئاساس قىلىندى.

⑤ «ۋېينامە. سۇي خاۋنىڭ تەرجىمىھالى» دا: «300 مىڭ
تۇتۇلىدىن كۆپ» دېيىلگەن؛ «ۋېينامە. جورجانلار ھەققىدە قىسسە»
دە: «300 مىڭدىن ئارتۇق» دېيىلگەن؛ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا
پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە: «300 مىڭ تۇتۇندىن كۆپ»
دېيىلگەن. ئەمما ئۇنىڭدا ئۇلارنى «جورجانلار بىلەن بىر» قىلىپ
قويغان. بۇ يەردە «سۇي خاۋنىڭ تەرجىمىھالى» دىكىسى ئاساس
قىلىندى. قالغانلىرى داۋاملىق تەپسىلىي تەكشۈرۈلىدۇ.

⑥ «ۋېينامە قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى
ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ ھەر ئىككىلى-
سىدە: «نەچچە يۈز مىڭ تۇتۇن» دېيىلگەن. «ۋېينامە. جورجانلار
ھەققىدە قىسسە» دە «نەچچە يۈز مىڭ» دېيىلگەن. بۇ يەردە
«قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدى-
لىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىكىسى ئاساس قىلىندى.

⑦ «ۋېينامە» نىڭ ئەسلىدىكى «جورجانلار ھەققىدە قىسسە»
سۇڭ دەۋرىدە يوقىلىپ كەتكەچكە، «ۋېينامە» نىڭ ھازىرقى نۇسخ-
ىسىنىڭ 103 - جىلدىتىكى «جورجانلار ھەققىدە قىسسە» سى
كېيىن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 98 - جىلدىدىن
تولۇقلانغانىدى.

⑧ «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە قاڭقىل دۆلىتى
مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن مىلادى 546 - يىلى «تۇرالار جورجان-
لارغا جازا يۈرۈش قىلغاندا، تۈمەننىڭ ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم
قىلىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ 50 مىڭ تۇتۇلىدىن

ئارتۇق ئادەمنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە ئەل قىلدۇرغان» لىقى خاتىرى-
لەنگەن. ياپونىيە ئالىمى ئونوكاۋا خىدېمى «تۇرالار توغرىسىدا
مۇھاكىمە» دە بۇ 50 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئادەمنى «ئاپۇرغۇز-
نىڭ قوۋملىرى» دەپ قارايدۇ. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ قارىشى ئاساس
قىلىندى.

⑨ ماچاڭشۇ: «ئوغانلار ۋە سىيانپىلار» 47 - بەت.

⑩ يۇقىرىدىكى قورغانلارنىڭ تەسىس قىلىنغان يىل دەۋرى
ھەققىدە جۇيىڭ ياڭ يازغان «شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ قورغان، قورۇل
تۈزۈمى توغرىسىدا مۇھاكىمە ۋە تەھلىل» ناملىق ماقالىگە قاراڭ،
«ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت
ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى».

⑪ «ئالتە قورغان» دېگەن بۇ نام «ۋېينامە» دە كۆپلەپ
خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئالتە قورغاننىڭ زادى قايسى
قورغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات
يوق. شۇڭلاشقا كېيىنكىلەر ئالتە قورغان توغرىسىدا ئوخشاشمىغان
قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. «ئالتە قورغان ھەققىدە
ئىزاھ» («لوفەن شىپاڭى توپلىمى» غا بېسىلغان) تا ۋۇيۇەن،
خۇەيشۇ، ۋۇچۇەن، ۋۇمىڭ، روۋيۇن، خۇەيخۇاڭخى ئالتە قورغان
دەپ كۆرسىتىلگەن. ئىلىم - ساھەسىدىكىلەر تەكشۈرۈش ئېلىپ
بارغان بولسىمۇ، كۆپىنچىسى بۇ قاراشنى ئاساس قىلىدۇ.

⑫ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»
نىڭ 150 - جىلد، لياڭ ۋۇدىنىڭ پۈتۈڭ 5 - يىلىدىكى ماددى-
سىدا يۇەن يۇەن ئېيتقان «خۇاڭشى يىللىرىدىن بۇيان مۇداپىئە مۇھىم
دەپ قارالغان بولسىمۇ، شىرەم تۇغقانلار مۇھىم دەپ قارالدى،
تۇغ-ئەلەملىرىنى قوغداپ، قورغان قۇرۇپ» دېگەن سۆزلى «ئىل-
گىرىكى سۇلالىلەر پىڭچېڭنى پايتەخت قىلىپ، شىمالىي چېگرىنى
مۇھىم دەپ قارىغان بولسىمۇ، شىرەم تۇغقانلار مۇھىم بولمىغىچقا،

تۆغ - ئەلەملىرىنى قوغدىغان بىلەن» دەپ ئۆزگەرتكەلىدى.
ئېھتىمال سىماكۇالى شىمالدىكى قورغانلارنىڭ خۇاگشى يىللىرىدا
تەسىس قىلىنغانلىق توغرىسىدىكى قاراشتا مەسلىنىڭ بارلىقىنى
ھېس قىلىپ، «خۇاگشى» دىگەن سۆزنى چىقىرىپ تاشلاپ، «ئىلگىرىكى
سۇلالىلەر» دىگەن مۇجمەل سۆزگە ئۆزگەرتىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.

## X باب چۆللوكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللار-نىڭ توغبات - ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمران-لىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەش-لىرى ۋە ئۇلارنىڭ چۆللوكنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا قايتىشى

مىلادى V ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىن V ئەسىرنىڭ ئاخىر-لىرىغىچە قاڭقىللارنىڭ توغبات-ۋېي دۆلىتىگە قارشى كۈرىشى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆلىمى بىرقەدەر چوڭراق بولغان كۈرەشتىن جەمئىي ئۈچ قېتىم يۈز بەردى. VI ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا قاڭقىل خەلقى يەنە خەنزۇ خەلقى ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە كۆلىمى زور بولغان ئالتە قورغان قوزغىلىڭىنى ۋە كۆەنلۈك قوزغىلىڭىنى قوزغاپ، ئاخىرى توغبات ۋېي دۆلىتى-نىڭ ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان ھۆكۈمرانلى-قىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى داۋامىدا چۆللوكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارنىڭ كۆپ قىسمى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ توغبات-ۋېي دۆلىتىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، چۆللوك-

نىڭ شىمالىدىكى ئانا يۇرتىغا قايتتى. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا قېپقالغان قاڭقىللار ئالتە قورغان ۋە گۇەنلىڭ قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قاڭقىللارنىڭ كۈنسايىن خەنزۇلاشقان ياكى سىيانپىلاشقان قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە شىمالىي چېگرىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ كېلىپ، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى فېئودال تەپرىقىچىلىك ئۇرۇشىغا كەڭ كۆلەمدە قاتناشتى، كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇلارغا قوشۇلۇپ كەتتى.

بۇ بابتا ئاساسلىق چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارنىڭ توغبات-ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشى ۋە ئۇلارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا قايتىشى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنىدۇ.

## 1. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارنىڭ ئۈچ قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى

V ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن تارتىپ V ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللار توغبات-ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۈچ قېتىملىق زور كۆلەملىك كۈرەش ئېلىپ باردى.

تۇنجى قېتىملىق كۆلىمى زور بولغان قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى مىلادى 430 - يىلى يۈز بەردى. مىلادى 429 - يىلى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى قاڭقىللار ۋېي سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كەلگەندىن كېيىن، نېمىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە، نېمىنىڭ زۇلۇم ئەكەنلىكىنى بىلمەيدىغان قاڭقىللار ۋېي سۇلالىسىنىڭ سانغۇن

ۋە ئەمەلدارلىرىنىڭ بولاڭ-تالىڭىغا ئۇچرىدى. قاڭقىللار قاتتىق غەزەپلىنىپ «ئۆزلىرىنىڭ ئارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئات-كالىلىرىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قاراپ ئاتلاندى». ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تەي ۋۇدى 30 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىنى خېشى ئارىلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە دىۋان بېگى ليۇجې، باش سانغۇن گۇبىنى قوشۇن باشلاپ ۋۇيۈەن دەرياسىنىڭ شىمالىدا تۇرۇشقا، سول قول ياندىشى ۋەزىر ئەن يۈەننى ئەسكەر باشلاپ يۇبا قەلئەسى (يەنى دېيلەي شەھىرى ھازىرقى ئىچكى ئايمىقىدىكى ئېجىنغول خوشۇنىنىڭ غەربىي شىمالىدا) دە تۇرۇشقا بۇيرۇپ، خۇاڭخېدىن ئىبارەت تەبىئىي توسۇقتىن پايدىلىنىپ ۋە ۋېي سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قورغانلىرى ئارقىلىق قاڭقىللارنىڭ «ئىسيان كۆتۈرۈپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىشى»نى توسۇشقا ئۇرۇندى. مەجبۇرىي ھالدا خېشى ئارىلىقىغا كۆچۈرۈلگەن قاڭقىللار بۇنى ئاڭلاپ ساراسىمگە چۈشۈپ «بىزنى خېشى تەۋەسىدە قورشاپ ئۆلتۈرمەكچىكەن» دەپ قاراپ، غەربكە قاراپ لياڭجۇ ئايمىقىغا قېچىپ، بېرىپ، چۆللۈكنىڭ شىمالىغا ئۆتۈپ كەتتى. مىلادى 430 - يىلى 3 - ئايدا يۈەنجۇڭ ۋە خېشى ئارىلىقىغا كۆچۈرۈلگەن قاڭقىللارنىڭ «نەچچە مىڭ ئائىلىلىرى شىمالغا كۆچتى». لېكىن ئۇلار ليۇجې باشچىلىقىدىكى ۋېي سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى ۋە «يول بويى ئاشلىقنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كەتتى» (يۇقىرىدىكىلەر ھەققىدە «ۋېينامە. ليۇجېنىڭ تەرجىمىھالى» غا قارالسۇن). 4 - ئايدا يەنە قاڭقىللارنىڭ 10 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادىمى ئىسيان كۆتۈرۈپ قېچىپ كەتتى. ئۇلارنى ۋېي سۇلالىسى «دىۋان بېگى فېڭ تى قوغلاپ زەربە بېرىپ يوقاتتى» («ۋېينامە. شىزۇڭ ھەققىدە خاتىرە»). بۇ قېتىملىق ۋېي سۇلالىسىنىڭ

«قومالدان ۋە ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىقى» تۈپەيلىدىن قوزغالغان قائىقىل خەلقىنىڭ توغبات-ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشى ئاخىرى باستۇرۇۋېتىلدى.

مىلادى 471 - يىلىدىن 473 - يىلىغىچە (يەنشىڭنىڭ تۈنجى يىلىدىن 3 - يىلىغىچە) چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قائىقىللارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق توغبات-ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك كۈرىشى پارتلىدى. باشتا دېگىنىمىزدەك توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قائىقىللارغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرى ۋە ۋېي ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىقى قائىقىللارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئېغىر يۈك ئىدى. شۇنداقلا قائىقىللارنىڭ ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن نەپرەتلىنىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنىدىغان تۈپ سەۋەب ئىدى. ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تەيۋۇدى ئۆلگەندىن كېيىن ۋېي سۇلالىسى زەئىپلىشىش يولىغا قاراپ ماڭدى. ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋېنچىڭ (452 - 465 - يىللار) نىڭ دەۋرىدە ۋېي سۇلالىسىنىڭ سىرتقا قارىتا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشىغا مادارى يەتمەي، ئامالسىز خەلقنى ئارام ئالدۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويدى. جورجان خانلىقىمۇ بۇ مەزگىلدە زەئىپلىشىپ كەتكەنىدى. جەنۇبىي سۇلالىلەردىكى ليۇسۇڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا غەليان يۈز بەرگەچكە، چېگرىدا ئىنتايىن ئاز ۋەقە سادىر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەزگىلدە ۋېي دۆلىتى بىلەن ئەتراپتىكى قوشنا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زور كۆلەملىك ئۇرۇشلار توختىدى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ قائىقىللارغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ماددىي بايلىقلىرى (ئاساسلىق چەك ئاتلىرى) غا بولغان بۇلاڭچىلىقى بىر مەھەل پەسەيدى.

لېكىن مىلادىنىڭ 465 - يىلى (ۋېي سۇلالىسىنىڭ

پادىشاھى ۋېنچېڭنىڭ 6 - يىلى) پادىشاھ ۋېنچېڭ ئۆلگەندىن كېيىن تەختكە ۋارىسلىق قىلغان ۋېي شيەنۋېندى (466 — 471 - يىللار) جانبازلىققا ھېرىسمەن كىشى بولغاچقا، ئۇ تەختكە چىقىشى بىلەنلا ۋېي سۇلالىسىنىڭ ليۇسۇڭ پادىشاھلىقىغا قارشى ئۇرۇشى پارتلىدى. ئۇرۇش بىر توختاپ بىر داۋام قىلدى. مىلادى 470 - يىلى ئۇ يەنە جورجانلارغا جازا يۈرۈش قىلىپ، ئۆزى چوڭ قوشۇن باشلاپ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا ئىچكىرىلەپ كىردى. دۆلەت ئىچىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇرۇشتىن قاتتىق بىزار بولدى، ئۇرۇشتىن قېچىش ۋەقەلىرى كۈنسېرى ئېغىرلاشتى. مىلادى 471 - يىلى 3 - ئايدا شيەنۋېندى ئۇرۇشتىن قاچقان ئەسكەرلىرىنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى، يارلىقتا: «تيەنئەن يىلى (مىلادى 466 - يىل) دىن بۇيان، دۆلەتتە ۋەقە كۆپلەپ يۈز بېرىپ، جەنۇبتا شۇفاڭنى تىنچىتىلدى (يەنى مىلادى 466 - يىلى سۇڭ پادىشاھلىقىنىڭ شۇجۇدىكى ئايماق بېگى شۇئەندۇ ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سۇڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خۇەيبېينىڭ شىمالىدىكى كەڭ زېمىننى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، شىمالدا جورجانلارنىڭ تەھدىتى تازىلاندى، يىراق چېگرا ساقلايدىغان ئەسكەرلەر ئۆزلۈكسىز كېمىيىپ كەتتى، جازالاشقا تېگىشلىك بولغانلىرىغا كەڭچىلىك قىلىندى. كەڭچىلىك قىلىنىۋەرگەچكە قاچقۇنلار داۋاملىق كۆپەيدى، شۇڭا، ئۇلارنى جازالىماي بولمايدۇ» دېيىلگەن («ۋېينامە. شيەنزۇ ھەققىدە خاتىرە»). بۇ مەزگىلدە دۆلەت ئىچىدىكى سىنىپىي ۋە مىللىي زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ۋاقىتتا جورجان خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا سىياسىي ۋەزىيەت بىرقەدەر مۇقىم بولغانىدى. مىلادى 464 - يىلى يۇچېڭ قاغان

(464 — 485 - يىللار) تەختكە چىققاندىن كېيىن دۆلەت ئىچىدە جورجان خانلىقىنىڭ قولدار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن قاغقىل قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى (قەبىلە ئاقساقاللىرى بىلەن سەركەردىلەر) ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىدىغان بىرقاتار تەدبىرلەرنى يولغا قويدى. مەسىلەن، قاغقىللارنىڭ پۈۋۈرغۇر قەبىلىسىنىڭ بەلگىلىك چەكلىمە ئىچىدە ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىغا يول قويۇش، ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى خانلىقنىڭ چوڭ سىياسەتلىرىنى بەلگىلەشكە قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلىش قاتارلىقلار. مىلادى 469 - يىلى قاغقىللارمۇ ۋېي دۆلىتىگە قارىتا ئەلچى ئەۋەتىپ ئەپلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى (مۇشۇ كىتابنىڭ VII باب 3 - بۆلۈمىگە قاراڭ). مۇشۇ مەزگىلدىكى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاغقىللارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا «ئىسيان كۆتۈرۈپ ۋە جورجانلارغا ئەل بولۇش» تەك ئەھۋاللارنىڭ يۈز لىنىشىدىن قارىغاندا، يۈچېڭ قاغان ئاستىرتىن قوبۇل قىلىش ياكى قۇترىتىش سىياسىتىنى قوللىنىپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاغقىللارنى شىمالغا قايتىپ كېتىشكە چاقىرىق قىلغان بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ خىلدىكى ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاغقىللار ئارىسىدا تەسىر پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مىلادى 471 - يىلىدىن باشلاپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاغقىللارنىڭ غەربىي يۈرۈشكە ۋە ئەمەلدارلارنىڭ قاقتى - سوقتىسىغا قارشى تۇرۇشنى مەركىزى مەزمۇن قىلغان، شىمالغا قايتىپ «ئىسيان كۆتۈرۈپ ۋە جورجانلارغا ئەل بولۇش» نى ئاساسىي مەقسەت قىلغان ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك كۈرەش پارتلىدى.

مىلادى 471 - يىلى 4 - ئايدا غەربىي قىسىمدىكى تۇرالارنىڭ «ئومۇمىيۈزلۈك ئىسيان كۆتۈرۈش» ھەرىكىتى يۈز بەردى. غەزەپلەنگەن قاغقىل خەلقى قالايمىقان پارا ئالغان

خومۇخەن ۋە گوپىڭجىيا قورغىنىنىڭ سانغۇنى شىلېڭنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ۋېن شيەنۋېندى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، رۆيمىن بېگى تيەنسى ۋە باش غوجىدار لويۇن قاتارلىق سانغۇنلارنى چوڭ قوشۇن بىلەن ئۇلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. تۇرالار يالغاندىن تەسلىم بولغاندا، لويۇن بۇنىڭغا ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىپ ھېچقانداق تەييارلىق قىلمىدى. تۇرالار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نەچچە مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ، لويۇننى ئۆلتۈردى، ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىدىن ناھايىتى كۆپلىرى ئۆلدى. ۋېيمن بېگى تيەنسى «پۈتۈن قوشۇنى بىلەن ھالاك بولدى» («ۋېينامە. شيەنزۇ ھەققىدە خاتىرە»، «جىڭمىڭ يىللىرىدىكى 12 بەگنىڭ تەرجىمىھالى»، «يى يۇ نىڭ تەرجىمىھالى»). يازما خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا شيەنۋېندى مۇشۇ يىلى 6 - ئايدا خېشى ئارىلىقىغا، 7 - ئايدا يەنە چوغاي تاغلىرىغا «ئۆركۈشلۈق ھالدا ھەربىي يۈرۈش قىلغان». بۇ مەزگىلدىكى خېشى ئارىلىقى ۋە چوغاي تاغلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن غەربىي قىسىم تۇرالارنىڭ ماكانى بولغانىدى. شيەنۋېندى قانداق قىلىپ «ئۆركۈشلۈق يۈرۈش قىلالىغان؟» ئۇ ئەلۋەتتە ئۇ جايلارغا شەپاھەت قىلغىلى بارماستىن بەلكى غەربىي قىسىم تۇرالارنى باستۇرۇش ئۈچۈن بارغانىدى. لېكىن تارىخىي كىتابلاردا شيەنۋېندىنىڭ ئۆزى قوشۇن باشلاپ غەربىي قىسىم تۇرالىرىغا يۈرۈش قىلغانلىقى خاتىرىلەنمىگەن. بۇ بەلكىم ئۇنىڭ ئۆزى غەربىي قىسىم تۇرالىرىغا قىلغان يۈرۈشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بولغان بولۇشى مۇمكىن. 8 - ئايدا شيەنۋېندى پېڭچېڭغا قايتقاندا ئوردىدا ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى پارتلىغان، شيەنۋېندى مەجبۇرىي ھالدا تەختىنى ئاران بەش ياشقا كىرگەن ۋەلىيئەھد توغبات خۇڭ (ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋۋېندى) غا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. چوڭ ھوقۇق شاھ

سانىيە قىلىپ تەيخۇ جەمەتىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن؛ پادىشاھ شىيەلۇبىندىنىڭ تەختتىن قالدۇرۇلۇشى بەلكىم غەربىي قىسىم تۇرالىرىنىڭ «ئىسيان كۆتۈرۈپ» ۋېي سۇلالىسىگە قارشى چىقىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى قوشۇن باشلاپ قىلغان يۈرۈشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. 10 - ئايدا خىشى ئارىلىقىدىكى ۋويې، توگۇەن، گوپىلىڭ، شاڭگۇيى قاتارلىق تۆت قورغاندىكى تۇرالار قەبىلە ئاقساقىلى يۇجۇرۇ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشچىلىقىدا ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ شىمالدىكى ئالتىبە قورغان ۋە فۇگۇلى قورغىنىدىكى ۋېي سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ تويۇقسىز ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشقا ئۇرۇنۇپ، بوخەن ۋە جىنچېڭ شەھىرى ئەتراپىدىكى دەريادىن ئۆتۈپ غەربكە قاراپ مېڭىپ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئەسلى ماكانىغا قايتماقچى بولدى. ۋېي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئەمىر لەشكەر يۈەن خېنى چوڭ قوشۇن باشلاپ قوغلاشقا ئەۋەتتى. ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى يۇجۇرۇ باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈم خىشى تۇرالىرىنى بوخەن (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى لىنشيا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) دە قوغلاپ يېتىپ «ئۇلارنى تارمار قىلىپ 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى» («ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە»، «ۋېينامە. يۈەنخېنىڭ تەرجىمىھالى» دا «ئۇلارنى تارمارقىلىپ 5000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالغان دەپ يېزىلغان) يەنە توگۇەن، گوپىلىڭ، شاڭگۇي قاتارلىق ئۈچ قورغاندىكى «ئىسيانچى تۇرالار» نى جىنچېڭ شەھىرى (ھازىرقى لەنجۇ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا) دە قوغلاپ يېتىپ «3000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالدى» («ۋېينامە، يۈەنخېنىڭ تەرجىمىھالى»). قورال تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان تۇرالارنىڭ ھەممىسى ئىچكى جايلارغا كۆچۈرۈلۈپ، ھەربىي تۇتۇنكە ئايلاندۇرۇلدى. لېكىن خىشى تۇرالىرىنىڭ ۋېي سۇ-

لالىسىگە قارشى كۈرەش پۈتۈنلەي باستۇرۇۋېتىلمىگەنىدى. ياندۇرۇق يىلى (يەلىشىگىنىڭ ئىككىنچى يىلى يەنى مىلادى 472 - يىلى) 1 - ئايدا تولۇق ۋەن غەربىي قورغىنىدىكى تۇرالار «ئىسيان كۆتۈرۈپ شىمالغا كۆچتى»، 3 - ئايدا يەنە «لىيەنچۈەن تۇرالىرى ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولدى» ۋېي سۇلالىسى ئالدىراپ - تېنەپ سانغۇن خەن بانى ئەۋەتىپ باستۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۆلۈپ چىلىق، شۇ، جى، يەن قاتارلىق ئايماقلارغا ھەربىي تۇتۇن قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

غەربىي قىسىم تۇرالىرىنىڭ ۋېي سۇلالىسىگە قارشى كۈرىشى تۇپتوغرا بىر يىل داۋام قىلدى. ھەر قايسى قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىككە كەلگەن ھەرىكەتنىڭ بولماسلىقى، قاتتىق تەشكىللىك تۈزۈمنىڭ بولماسلىقى، شۇنىڭدەك ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۈچلۈك بولۇشى سەۋەبىدىن كۈرەش يەنىلا مەغلۇپ بولدى.

دەل غەربىي قىسىم تۇرالىرىنىڭ ۋېي سۇلالىسىگە قارشى كۈرىشى ۋېي سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ دەھشەتلىك باستۇرۇشىغا ئۇچراپ، ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان ۋاقىتتا يەنى مىلادى 472 - يىلى 2 - ئايدا «شەرقىي قىسىم تۇرالىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ جورجانلارغا ئەل بولدى» («ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە»). شۇ ۋاقىتتا ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن خېشى ئارىلىقىدىكى غەربىي تۇرالارنى باستۇرۇۋاتقان بولغاچقا، ئۇلار شەرقتىكى تۇرالارغا بولغان ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش «جورجانلارغا قارشى قورۇل» دا تۇرۇشلۇق پىڭچېڭنىڭ ئەتراپىدىكى ۋېي سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ جورجانلارغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتىلگەن ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالغانىدى. شەرقىي قىسىم تۇرالىرى كۈتۈلمىگەندە ۋېي سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇش قوزغاپ شىمالغا - قاراپ كۆچتى. تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە

ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تۇرالارنى قوغلاپ «قۇملۇققىچە
بېرىپ، يېتىشەلمەي قايتىپ كەلدى». بۇ بىرقىسىم قاڭ-
قىللارنىڭ زور كۆپچىلىكى شىمالدىكى ئەسلى يۇرتلىرىغا
قايتىپ كەتتى. يالدۇرقى يىلى (مىلادى 473 - يىلى) 11 -
ئايدا «جورجانلار چېگرىغا باستۇرۇپ كىرگەندە، رۇشۇمەن
قورغىنىدىكى ئىككى تارماق تۇرالار يۈز ئۆرۈپ ئۇلارغا قو-
شۇلۇپ كەتتى» («ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە»). دۇشۇەن
قورغىنىدىكى تۇرالار شەرقىي تۇرالارغا مەنسۇپ ئىدى. شەرقىي
چېلىلارنىڭ ۋېي سۇلالىسىگە قارشى يۇقىرىدىكى قوزغىلاڭلى-
رىنىڭ ھەممىسى، جورجانلارنىڭ «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قاراۋۇل-
خانىلىرىغا باستۇرۇپ كىرىشى» ياكى «ۋېي سۇلالىسىنىڭ
چېگرىلىرىغا ھۇجۇم قىلىشى» بىلەن بىر ۋاقىتتا يۈز بەرگەنىدى.
شۇڭا ئۇلار جورجان خانلىقىنىڭ شەرقىي تۇرالارنىڭ قەبىلە
ئاقساقاللىرىنى ۋېي سۇلالىسىگە قارشى تۇرغۇزۇش خىزمىتىنىڭ
تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. مىلادى 472 — 473-
يىللىرى جورجانلارغا «ئەل بولۇپ كەتكەن» شەرقىي تۇرالار
پەقەتلا شەرقىي قىسىم تۇرالىرىنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. كەتمەي
قېپقالغان شەرقىي تۇرالار داۋاملىق ھالدا چۆللۈكنىڭ
جەنۇبىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈردى.
شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۇلار ئالتە قورغان-
دىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋېي سۇلالىسىگە قارشى چوڭ
قوزغىلىڭىغا قاتناشتى.

مىلادى 471 - يىلىدىن 473 - يىلىغىچە بولغان ئارى-
لىقتا غەربىي ۋە شەرقىي تۇرالارنىڭ ۋېي سۇلالىسىگە قارشى
كۈرىشى توغبات ۋېي ھۆكۈمىتىگە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ
كەلدى. غەربىي تۇرالارنىڭ كەڭ كەتكەن يايلاق ۋە چارۋا-
ماللىرى ۋەھشىي ۋېي سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن دەپ-
سەندە ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىپ قۇرۇقدىنۋېتىلدى. نەچچە

ئون مىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر مەجبۇرىي هالدا ئىچكى جايلارغا كۆچۈرۈلۈپ گازارما تۇتقۇنلىرىگە ئايلاندۇرۇلدى. شەرقىي قىسىم تۇرالىرىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرى جورجانلار بىلەن چېگرىداش بولغاچقا، ئۇلار ئېھتىمال خېلى بۇرۇنلا بۇ جايدىن كۆچۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋاللار ۋېي دۆلىتىنىڭ قاڭقىللارنى ئېزىشنى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان «ئات، كالا، قويلارنى ئەرزان سېتىۋېلىش، تېرە - يۇڭلارنىڭ دۆۋىلىنىپ تۇرۇشى» دەك گۈللەنگەن ۋەزىيەت قايتا ئەسلىگە كەلمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئەكسىچە، شۇنىڭدىن كېيىن ۋېي دۆلىتىنىڭ شىمالىي قىسىم چېگرىلىرىدا كۆپ قېتىم ئاچارچىلىق ئاپەتلىرى يۈز بەردى، ھەتتا ۋېي سۇلالىسىنىڭ پايتەختى پىڭچېڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردىمۇ «ئاچلىقتىن ئۆلگەنلەرنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىدى» («ۋېينامە. ئوزۇق - تۈلۈك، مال - مۈلۈك تەزكىرىسى»)، «ئاچلىقتىن ئۆلگەنلەرنىڭ ئۆلۈكى سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكەن بولۇپ، كۆمۈپ قويغۇدەك ئادەم چىقمىدى» («ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە»). ۋېي دۆلىتىنىڭ پىڭچېڭنى ئۇزۇن مۇددەت پايتەخت قىلىشىدىكى سەۋەب، چوڭ يۈزلىنىشتىن قارىغاندا، ئۇ يەرگە كۆچۈپ بېرىپ ماكانلاشقان خەنزۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن نەچچە ئون مىڭلىغان قاڭقىللارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرالىغانلىقىدىن بولغانىدى. بۇ مەزگىلدە قاڭقىللارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى خارابلىشىشقا يۈزلەنگەن، خەنزۇلار باشقۇرغان دېھقانچىلىقمۇ ئۇدا نەچچە يىل قۇرغاقچىلىق، ئاپەتكە ئۇچرىغانىدى. يەنە كېلىپ ۋېي دۆلىتى كېلەگسىز بولغان ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى پىڭچېڭدا داۋاملىق ساقلاپ قېلىشقا ئامال قىلالمىدى، شۇڭا مىلادى 494 - يىلى پايتەختنى خەنزۇلارنىڭ دېھقانچىلىق مەركىزى بولغان لوياڭغا كۆچۈرۈشكە

مەجبۇر بولدى. بىراق پايتەختنىڭ كۆچۈرۈلۈشى توغبات-ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈش بىلەن ئالتە قورغان قوزغىلىڭى ۋە ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھالاك بولۇشى ئۈچۈن گۆر كولاپ بەردى.

جەنۇبتىكى قاڭقىللارنىڭ توغبات-ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشى مىلادى 488 - يىلى (ۋېي شياۋۋېندىنىڭ تەيخې 22 - يىلى) يۈز بەردى. يەنشىڭ يىللىرىدا ۋېي دۆلىتىنىڭ پۈتكۈل شىمالىي چېگرىسىنى قاپلىغان تۇراق خەلقىنىڭ قارشىلىق كۈرىشى يۈز بېرىپ، توغبات-ۋېي دۆلىتىنىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن توغبات-ۋېي سۇلالىسى بۇ تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلىمەي، ئەكسىچە قاڭقىل خەلقىنى تېخىمۇ قاتتىق ئەزدى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. بولۇپمۇ ۋېي دۆلىتىنىڭ چەكسىز ھەربىي يۈرۈشلىرى ۋە تۈگىمەس - پۈتمەس ئالۋان - ياساقلىرى قاڭقىل خەلقىنى ۋەيران قىلىپ ئادەملىرىنى ھالاك قىلدى. قاڭقىل خەلقى توغبات ۋېي دۆلىتىنىڭ ئۇرۇش خۇمارلىقىدىن قاتتىق يىرگەندى. مىلادى 497 - يىل (تيەنخېنىڭ 21 - يىلى) ۋېي شياۋۋېندى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ جى، دىڭ، يىڭ، شياڭ، جى قاتارلىق ئايماقلاردىن 200 مىڭ ئەسكەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، جەنۇبتىكى چى پادىشاھلىقىغا ھۇجۇم قىلدى؛ چى پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇنىنىڭ مۇداپىئەسى ناھايىتى مۇستەھكەم بولغاچقا، ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماي قايتىپ كەلدى. ئىككىنچى يىلى (مىلادى 498 - يىلى) ۋېي شياۋۋېندى يەنە 200 مىڭ ئەسكەرنى جەنۇبقا جازا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى ھەمدە قاڭقىللارنى ھارۋا - ئاتلىرىنى ئېلىپ جەنۇبقا جازا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى» («ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»). قاڭقىللار جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشقا رازى بولماي، ئۇيغۇرلار-

نىڭ ئاقساقىلى شۈەنقارنى ئۆزلىرىگە باش قىلىپ تىكلەپ،
ئۇرۇشقا قارشى داغدۇغىلىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭچى
قوشۇن جىنلىڭ (سۇجۇ ئايمىقىغا تەۋە، ھازىرقى ئىچكى
موڭغۇلنىڭ ھۆرىنگېر ئەتراپىدا) دا ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلى-
رىغا قاتتىق زەربە بەردى. جىنلىڭ ۋېي دۆلىتىنىڭ دۇۋۇۋۇد-
دىن شيەنۋېندىگىچە بولغان پادىشاھلىرىنىڭ قەبرىسى جاي-
لاشقان ئورۇن بولۇپ، قائىقىل قوشۇنلىرىنىڭ بۇ يەردە
«ئايلىنىپ يۈرۈشى» توغىبات ئاقسۆڭەكلىرىنى قاتتىق چۆچۈتۈ-
ۋەتتى. قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ كۈچى ناھايىتى تېزلا
خۇەيسۇنىڭ شەرقىدىكى تۆت ھەربىي قورغان ۋە خېلىڭ، شۇ
ئايماقلىرىغا كېڭەيدى. ۋېي دۆلىتىنىڭ پۈتكۈل شىما-
لىي چېگرىسى يىمىرىلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. 9 - ئايدا
ۋېي شياۋۋېندى ئالدىراپ - تېنەپ شىمالغا جازا يۈرۈشى
قىلغۇچى سانغۇن يۈۋېنفۇنىڭ قوماندانلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىپ
ئۇلارنى باستۇردى. ئەمما ۋېي سۇلالىسىنىڭ
قوشۇنلىرى قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كەلدى.
ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋېي شياۋۋېند-
نى جەنۇبتىكى چى پادىشاھلىقىغا بولغان ھەربىي ھەرىكەت-
لىرىنى توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر قىلدى ۋە خۇەيخېنىڭ
شىمالىدىكى ئالدىنقى سەپتىكى «توغىنى قايتۇرۇپ كېلىش»
كە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن شۈەنقار باش-
چىلىقىدىكى قائىقىل قوزغىلاڭچىلىرىغا تاقابىل تۇردى. شۈەنقار
قائىقىل قوزغىلاڭچىلىرىنى باشلاپ، يەنشىڭ يىللىرىدا قوزغى-
لاڭ كۆتۈرگەن غەربىي قىسىم تۈرالىرىغا ئوخشاش، قوزغىلاڭ
غەلىبە قازانغاندىن كېيىن چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئانا يۇرتىغا
قايتىپ كەتمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن يۈۋېنفۇنىڭ
قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، قەبىلىلىرىنى باشلاپ
چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كۆچتى. ۋېي شياۋۋېندى جياڭ ياڭ

بېگى يۈەن جىنى تۇتۇق قىلىپ كەيىنلەپ جازا يۈرۈش
قىلىشقا ئەۋەتتى. يۈەن جى ۋېي شياۋۋېندىنغا مەكتۇپ سۇنۇپ،
«قاچقىللارنىڭ ئىچىدىكى جاھىللار بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنى
بىلمىگەچكە، ئۆزئارا بىرلىشىۋېلىپ، بىزگە قارشى چىقىپ
شىمالغا قايتىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار ھازىر ناھايىتى
ئەسەبىيلىشىپ كەتتى. ئەگەر ئالدىراقسانلىق قىلىپ، ئۇلارغا
قوغلاپ زەربە بەرگەندە، چوقۇم چوڭ قالايمىقانچىلىق كېلىپ
چىقىدىغاندەك قىلىدۇ. شۇڭا ئالىيلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ
ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، پەقەت رەھبەرلىرىدىن بىرىنىلا
قەتل قىلىپ، قالغانلىرىغا ئەمىنلىك بېرىپ خاتىرجەم
قىلغايلا» («ۋېينامە. جياڭ ياڭ بېگى يۈەن جىنىڭ تەرجىمە-
ھالى») دېدى. نەتىجىدە ۋېي شياۋۋېندى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ
«جازا يۈرۈشنى توختاتتى». بۇ توغبات ـ ۋېي دۆلىتىنىڭ
يەنشىڭ يىللىرىدا قاچقىل قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ باتۇرانە
كۈرىشى ئالدىدا، غەربىي تۇرالارغا بولغان كەڭ
كۆلەمدە قىرغىن قىلىش ۋە مەجبۇرىي ھالدا ھەربىي تۈزۈم-
گە ئايلاندۇرۇش سىياسىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر
بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ئورنىغا
قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرىنى جازالاش سىياسىتىنىلا دەسسىتىشى
بۇ شۈبھىسىزكى قاچقىل خەلقىنىڭ قەيسىرانە كۈرىشىنىڭ
مەھسۇلى ئىدى. بۇ سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى قاچقىل
قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئارىسىنى يىراقلاشتۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىك
قىلىش رولىنى ئوينىدى. قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بىر قىسىم
قاچقىل چارۋىچىلىرى ۋېي سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئالدامچى-
لىقى بىلەن ئۇلارغا كەينى ـ كەينىدىن بويسۇندى» («ۋېينامە.
جياڭ ياڭ بېگى يۈەن جىنىڭ تەرجىمىھالى»). 11 ـ ئايدا
يۈەن جى بىر تەرەپتىن، ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى
باشلاپ شۇڭقار باشچىلىقىدىكى بويسۇنمىغان قاچقىل قەبىلە-

لىرىنى قىستىسا، يەنە بىر تەرەپتىن يالغاندىن «ئەلچى ئەۋەتىپ شۈڭقاردىن ھال سورىدى»، شۇنداقلا ياغلىما سۆزلەر بىلەن شۈڭقارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى. شۈڭقار يۈەن جىنىڭ تەسلىم بولۇشقا قىلغان نەسىھىتىنى رەت قىلىپ شۇ يىلى 12 - ئايدا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، قوۋملىرىنى باشلاپ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا بېرىپ، جورجانلارغا ئەل بولدى. بۇ ۋاقىتتا جورجان خانلىقى دەل قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەربىي شىمالنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا كەتكەن قاڭقىللارنىڭ پۇۋۇرغۇر قەبىلىسى بىلەن جان تىكىپ ئۇرۇشۇۋاتقان بولغاچقا، ئۇلار شۈڭقارنىڭ ئەل بولۇشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلدى. شۈڭقار ئامالسىز، قوۋمىنى باشلاپ جەنۇبقا قايتىپ، ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا ئەل بولۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن شۈڭقارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس، بەلكىم ۋېي ئوردىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. قالغان قەبىلە ئەزالىرى ۋېي دۆلىتى تەرىپىدىن «بۆلۈپ تارقاقلاشتۇرۇپ ئىدارە قىلىندى».

بۇ قېتىمقى قاڭقىللارنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ قەبىلە باشلىقى شۈڭقارنىڭ باشچىلىقىدىكى تۆت ئاي داۋام قىلغان چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارنىڭ چوڭ قوزغىلىڭى، ۋېي سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلىپ يېمىرىپ تاشلىشى بىلەن مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ جورجان خانلىقىغا قارشى كۈرىشى بىلەن بىرلىشىپ، چۆللۈكنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدىكى كەڭ تارقالغان قاڭقىل مىللىتىنىڭ يات مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغانىدى. بۇ ئىش قاڭقىل مىللىتىنىڭ تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان جەنۇبتىكى قاڭقىللارنىڭ ئۈچ

قىيىنلىق كەلگەن كۆلەملىك قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى توغبات-ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بەرگەن. كۈرەش داۋامىدا چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاچقىنلارنىڭ كۆپ قىسمى توغبات-ۋېي دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلاد ھايات كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان شىمالدىكى يايلاقلىرىغا قايتىپ كەتتى.

جەنۇبتىكى قاچقىنلارنىڭ كۆپلەپ «ئىسيان كۆتۈرۈپ ۋە كۆچۈشلىرى» تۇپەيلىدىن ۋېي دۆلىتىنىڭ شىمالىي چېگرىسى ۋە ھەربىي قورغانلىرىدا ئادەم ئازىيىپ كەتكەچكە، قاقاسلىشىپ خارابە بولغان مەنزىرىلەر بارلىققا كەلدى. چېگرىنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 504 - يىلى) يۈەن خۇەي ۋېي شۈەنۋۇدىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، «پېقىرنىڭ ئۇقۇشىچە، شىمالدىكى ھەربىي قورغانلاردىكى ۋاسساللاردىن بولغان قاچقىنلار ئىسيان كۆتۈرۈپ، سىرتقا قاچقىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇدا قەھەتچىلىك يۈز بەرگەچكە ئەسكەرلەرنىڭ ئونىدىن سەككىزى ئۆلۈپ كەتكەن» («ۋېينامە: يۈەن جىنىڭ تەرجىمىھالى») دەپ كۆرسەتتى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئالتە قورغاندىكى توغبات ئاقسۆڭەكلىرى بىر تەرەپتىن، كۈچىنىڭ بارىچە جەنۇبتىكى «ئىسيان كۆتۈرمەي» قېپقالغان قاچقىن چارۋىچىلىرىنى ۋە باشقا مىللەتلەردىن بولغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەربىي قورغان پۇقرالىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياخشى تۇرمۇش ئەھۋالىنى قوغداپ قالماقچى بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن لوياڭغا كۆچۈپ كەتكەن يەنە بىر قىسىم توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ «چوڭ ئەمەللەرنى ئىگىلىۋېلىش»، «ئۆزلىرىنى كۆز - كۆز قىلىش» غا ئىنتىلگەن قەلبىدە «ئۆچمەنلىك ساقلىغان» ئىدى. شۇنداق قىلىپ توغبات-ۋېي دۆلىتىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق

قىلىنغۇچى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا-توغبات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى گۇرۇھلار (ئاساسلىقى ئالتە قورغاندىكى توغبات ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن لوياڭغا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقان توغبات ئاقسۆڭەكلىرى) ئوتتۇرىسىدا ئادەتتىن تاشقىرى ئۆتكۈر بولغان كۈرەش پارتلىدى. بۇ ئەڭ ئاخىرى توغبات ۋېي دۆلىتىنىڭ تېزلىكتە يوقىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى ۋە ئالتە قورغاندىكى چوڭ قوزغىلاڭنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## 2. ئالتە قورغان چوڭ قوزغىلىڭى مەزگىلىدىكى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللار

مىلادى 523 - يىلى ۋېي شياۋمىڭدىنىڭ (جېڭگۇاڭ تۆتىنچى يىلى) 4 - ئايدا جورجانلار شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا باستۇرۇپ كىردى. خۇەيخۇاڭ قورغىنىدىكى ئاھالىلەر ئاچ قېلىپ ئاشلىق سوراپ سانغۇن يۈجىڭنىڭ يېنىغا بارغان بولسىمۇ، رەت قىلىندى. قورغان ئاھالىسى ئاچ - زارلىق ئىچىدىمۇ يەنە ۋېي سۇلالىسى ئۈچۈن چېگرا ساقلاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي قوزغىلىپ يۈجىڭنى ئۆلتۈرۈپ، ئالتە قورغان چوڭ قوزغىلىڭىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى.

ئىككىنچى يىلى (مىلادى 524 - يىلى، جېڭگۇاڭنىڭ بەشىنچى يىلى) 3 - ئايدا ۋۇيې قورغىنىدىكى ئەسكەر باشلىقلىرى قورغاننى قوغدايدىغان ئەسكەر ۋە خەلققە رەھىمسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، قورغان ئاھالىلىرىدىن بولغان سيانبېيلاشقان خون پولىيۇخەنبالىڭ ئامىنى يىغىپ، ئەسكەر باشلىقلىرى ۋە ۋۇيې قورغىنىنىڭ سانغۇنىنى ئۆلتۈرۈپ ۋېي

سۇلالىسىگە قارشى كۆرەشنىڭ چوڭ تۇغىنى ئاشكارا كۆتۈرۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئالتە قوردىدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋېي سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلىڭى دەبدەبە، ئەس - ئەس بىلەن باشلاندى. 4 - ئايدا قوزغىلاڭچى قوشۇن ۋۇچۇەن قورغىنى بىلەن خۇەيسۇ قورغىنىنى ئىشغال قىلدى. بۇ جاي-لاردىكى «يات مىللەتلەرنىڭ هەممىسى ئۇلارغا ئاۋاز قوشتى» («ئەدلىيە ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 149-جىلد لياڭفۇدىنىڭ پۇتۇڭ 4 - يىلى). بۇ يەردە دېيىلگەن «ياتلار» ئاساسلىق ۋۇيى، ۋۇچۇەن، خۇەيسۇ قاتارلىق ئۈچ قورغان ئەتراپلىرىغا تارقالغان غەربىي تۇرالار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنى كۆرسىتەتتى. «شىمالىي چى سۇلالىسى تارىخى. قوغۇرسۇ ئالتۇنىنىڭ تەرجىمىھالى» غا ئاساسلانغاندا، غەربىي تۇرالاردىن بولغان قوغۇرسۇ ئالتۇ-نى ۋېي سۇلالىسى هۆكۈمىتىنىڭ خۇەيسۇ قورغىنىنىڭ سانغۇنى ياڭ جۇننىڭ قول ئاستىدا - ئەمىر لەشكەر بولۇپ، پولىيۇ خەنبالىقنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، نەچچە ئون مىڭ تۈتۈننى باشلاپ پولىيۇ خەنبالىققا ئاۋاز قوشتى. بالىڭ قوغۇرسۇ ئالتۇننى بەگ قىلىپ تەيىنلىدى. قوغۇرسۇ لوياڭمۇ ئۆزىگە تەۋە بولغان قاڭقىل قوۋملىرىنى باشلاپ پولىيۇ خەنبالىققا تەۋە بولدى. قوغۇرسۇ جەمەتىدىن باشقا غەربىي قىسىم تۇرالارنىڭ قەبىلە باشلىقى چىللىغ (يەنى «ۋېينامە. ئېرجۇ-رۇڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى چىللىغىۇرۇ بولۇشى مۇمكىن)① ئۆزىگە تەۋە 30 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئاھالىنى باشلاپ، غەربىي قىسىم تۇرالارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى تۇرابېك، تۇراكې-بەگ قاتارلىقلار ئۆزىگە تەۋە تۇرا قوۋملىرىنى باشلاپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدى.

گوپىڭ قورغىنىدىكى تۇرالارنىڭ ئاقساقىلى خۇچېن بولىيۇخېنبالىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىر ئايدىن كېيىن يەنى مىلادى 524 - يىلى 4 - ئايدا، گوپىڭنى ئىشغال قىلىپ، «بالىق قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشتى» («ۋېينامە. سۇزۇڭ ھەققىدە خاتىرە»). قىسقىسى، پۇلىيۇ خېنبالىق قوزغىلاڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈشى بىلەنلا، دەرھال غەربىي تۇرالارنىڭ قوغۇرسۇ جەمەتى، تۇرا جەمەتى ۋە گوپىڭ قورغىنىدىكى تۇرالارنىڭ ھىمايىسىگە ۋە ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى؛ بولۇپمۇ، پولىيۇ خېنبالىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن جايغا يېقىن ئەتراپتىكى قوغۇرسۇ جەمەتى، تۇرا جەمەتى ئۆزىگە تەۋە 40 مىڭ تۈتۈن تەخمىنەن 200 مىڭدىن ئارتۇق قاڭقىل ئاھالىسىنى باشلاپ، قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ، پۇلىيۇ خېنبالىق قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ كۈچىنى ئېخىمۇ زورايتتى. ۋۇيى، ۋۇچۇەن، خۇەيسۇ قورغانلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى تېزلىكتە ئىشغال قىلىندىكى، قوغۇرسۇ قاتارلىق غەربىي تۇرالار قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ، ناھايىتى مۇھىم روللارنى ئوينىغانىدى.

غەربىي قىسىم تۇرالارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، پولىيۇخېنبالىقنىڭ شۇ يىلى 5 - ئايدا ۋېي دۆلىتىنىڭ لىنخۇەي بېگى يۈەنيۇ ۋە شىمالنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇنى لى شۇزېن باشلامچىلىقىدىكى ۋېي دۆلىتىنىڭ زور قوشۇنىنى ۋۇيۈەن بىلەن بەيداۋ (ھازىرقى كۆكخوت شەھىرىنىڭ شىمالى) دا ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ قىلدى. يۈەنيۇ قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى سەۋەبىدىن «ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاندى». 7 - ئايدا ۋېي سۇلالىسىنىڭ قۇتاتقۇچى سانغۇنى سۇي شيەننى بەيداۋنىڭ ئەتراپىدا مەغلۇپ قىلدى. سۇي شيەن «يالغۇز ئات بىلەن جېنىنى ئارانلا ئېلىپ قېچىپ كەتتى.» ۋېي سۇلالىسى

ئەۋەتكەن شىمالغا جازا يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ باش تۇتۇقى لى چۇڭ، باسقاق سانغۇن. گۇاڭئەن بېگى يۈەن-يۈەنلەر «يۈرۈش قىلىپ تاقابىل تۇرالماي» چېكىنىپ يۈنجۇڭ شەھرىنى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ھۆررۈنگېر ناھىيىسىنىڭ شىمالى) مۇداپىئە قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئۇرۇش قىلىشتىن قورققاچقا، «ئەسكەرلەرنىڭ رايى يېنىپ، تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى». قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئارقا - ئارقىدىن قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىنىڭ تەسىرىدە 8 - ئايدا شەرقىي تۇرالار ۋېي سۇلالىسىدىن يەنە يۈز ئۆرۈپ قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشتى. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي ۋە غەربىي تۇرالار قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ سېپىگە قوشۇلدى. تارىختا بۇ «شەرقىي ۋە غەربىي تۇرالارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىسيان كۆتۈرۈشى» دەپ ئاتالدى («ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 150 - جىلد ليالڭ ۋۇدىنىڭ پۇتۇڭ 5 - يىلى). 10 - ئايدا ۋېي سۇلالىسىنىڭ باش چاۋۇشى خېبا دۇبا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى خېباشىڭ، خېبايۆلەر خۇەيسۇدا تۇرا قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. خېبا ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلدى. قوزغىلاڭچىلار خۇەيسۇنى ئىشغال قىلدى. ئالتە قورغان ۋە ئەتراپىتىكى جايلارنىڭ ھەممىسىنى ھەر مىللەت قوزغىلاڭچى قوشۇنى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كوپىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ رەھبىرى، تۇرالارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى خۇچېن سانغۇن سۇ چىنمىڭدانى ئەۋەتىپ، بېن (ئورنى ئەندىڭدا. ھازىرقى گەنسۇنىڭ نىڭشيەن ناھىيىسى)، شىيا (ئورنى يەنلۇدا. ھازىرقى شەنشىدىكى جىڭبيەننىڭ شەرقىي شىمالىي)، بېيخۇا (ئورنى شىڭچېڭدا، ھازىرقى سەنشىنىڭ خۇاڭلىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) قاتارلىق ئايماقلارغا ھۇجۇم قىلدى. «بۇ ۋاقىتتا شىيا ئايمىقىنىڭ شەرقىدىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئىسيان كۆتۈرۈپ،

ھەرقايسى قورغانلار بىرلىشىۋالدى» («ۋېينامە. يۈەنلېننىڭ
تەرجىمىھالى. قوشۇمچە يوگىنىڭ تەرجىمىھالى»). قوزغىلاڭچىلار
بۇ جايلارنى پۈتۈنلەي كونترول قىلدى. شۇنداق قىلىپ
غەربتە گوپىڭدىن شەرقتە ئالتە قورغاننىڭ شەرقىدىكى
خۇەيخۇاڭ قورغىنىغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى پولىيۇ-
خەنباليڭ باشچىلىقىدىكى نەچچە ئون مىڭلىغان قاڭقىللار
قاتناشقان قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ۋېي سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ
باش تۇتۇقى لى چۇڭ، گۇاڭياڭ بېگى يۈەن يۈەنلەر يۈنجۇڭ
شەھىرىنى يەككە - يېگانە ھالدا مۇداپىئە قىلىشقا جۈرئەت
قىلالماي ئالدىراپ - تېنەپ، ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ پىڭچېڭ
شەھىرىگە چېكىنىپ بېكىنىۋالدى. يۈەن يۈەن ئوردىغا مەكتۇپ
سۇنۇپ، مۇنداق دېدى: «خان قوشۇنى ئىسيانچىلار بىلەن
كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار كۈنسايىن كۆپىيى-
مەكتە. ھازىر ئالتە قورغاندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىسيان
كۆتۈردى. قاڭقىللارنىڭ ئىككى تارمىقى (شەرقىي ۋە غەربىي
قىسىم چېلىلارنى كۆرسىتىدۇ) ئۆزئارا بىرلىشىۋالدى. شۇنداق
بولغاچقا، چارچاپ كەتكەن ئەسكەرلەر بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم
قىلغاندا غەلىبە قازىنالماسلىقىمىز مۇقەررەر. ئۇنىڭدىن كۆرە،
خىل ئەسكەرلەرنى تاللاپ خېڭجو (پىڭچېڭنى كۆرسىتىدۇ، ھا-
زىرقى داتۇڭ شەھىرى) نى ساقلاش مۇھىم. قالغان ئىشلارنى
كېيىن مۇزاكىرە قىلغان تۈزۈك» («ۋېينامە. گۇاڭياڭ بېگى
يۈەن يۈەننىڭ تەرجىمىھالى»). بۇنىڭدىن شەرقىي ۋە غەربىي
ئىككى تارماقتىكى قاڭقىللارنىڭ قوزغىلاڭغا قاتناشقاندىن
كېيىن، ئالتە قورغاندىكى قوشۇنلارنىڭ زورايغانلىقى، ۋېي
سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ پۈتۈن سەپ بويىچە مەغلۇپ بولغانلى-
قىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ياندۇرقى يىلى (مىلادى 525 - يىلى) 4 - ئايدا

ئاۋارلارنىڭ قەبىلە ئاقساقلى خۇچېن باش سانغۇن ۋەنسى چيۇنۇ، سۇچېنمىڭدانى باشلاپ، گو پىڭنىڭ شەرقىدىكى، ۋېي سۇلالىسىنىڭ جىڭجۇ ئايمىقى (ئورنى ئەندىڭدا، ھازىرقى گەنسۇنىڭ جىڭچۇەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا) غا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار ئەندىڭنىڭ شىمالىدىكى تۈزلەڭلىكتە ۋېي سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى سۇ باۋيىن، سۇي يەنبو باشچىلىق قىلدىكى ۋېي سۇلالىسىنىڭ چوڭ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىپ، بىر يوللا ۋېي قوشۇنىنىڭ 100 مىڭ ئادىمىنى يوقىتىپ، سۇي يەنبونى ئۆلتۈردى. «بۇ مەزگىلدە ئىسيانچىلار تىنچ تىلمايلا قالماستىن، بەلكى ۋېي ھۆكۈمىتى قابىل سەركەردىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئوردىنى قورقۇنچ قاپلاپ كەتتى» («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 150 - جىلد لياڭ ۋۇدىنىڭ پۇتوڭ 6 - يىلى). گۇەنجۇڭ، لۇڭشىدىكى ۋېي قوشۇنى پۈتۈنلەي يىمىرىلدى. خۇچېننىڭ تەسىر كۈچى شەرقتە خۇاڭخېغىچە يېتىپ باردى. تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، «خۇاجۇ (ئورنى خۇاجۇدا، ھازىرقى سەنشىنىڭ چىنچۇەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا)، بەيشۇيلەر مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان، گۇەنلۇڭنىڭ ئوك تەرىپىنى پاراكەندىچىلىك قاپلاپ كەتكەچكە جايلارنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان» («ۋېينامە. يۈەن خېنىڭ تەرجىمىھالى، قوشۇمچە يوگىنىڭ تەرجىمىھالى» دىن كۆرۈڭ) ئىدى. 6 - ئايدا پولىيۇخەنبالىڭنىڭ قوشۇنلىرى يۈنجۇڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. بۇ ۋاقىتتا يەنە گېۋەنجۇڭ ۋە گەنەن رايونلىرىدىكى چاڭلارنىڭ ئاقساقلى موجې نيەنشېڭ ئۆز قوۋمىگە باشچىلىق قىلىپ، ۋېي سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا تۇيۇقسىز قاتتىق زەربە بەردى.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، مىلادى 524 - يىلى 3 - ئايدا پولىيۇخەنبالىڭ تۇنجى قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن-

دىن تارتىپ، تاكى مىلادى 525 ـ يىلى 4 ـ ئايدا خوچېن
نىڭ ئەندىگىدا زور غەلىبە قازىنىشى ۋە 6 ـ ئايدا بالىگىنىڭ
قوشۇنىنىڭ يۈەنجۈنى ئىشغال قىلغانلىقىغا قەدەر بولغان بىر
يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ۋېي دۆلىتىنىڭ شىمالىي
ۋە غەربىي شىمالىي قىسىملىرىدىكى كەڭ زېمىنى قوزغىلاڭ
چىلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇن
لىرى گۇمران بولدى. توغبات ۋېي سۇلالىسى خەۋپ ئاستىدا
قالدى.

توغبات-ۋېي سۇلالىسى پات ئارىدا يوقىلىشتەك تەقدى
ردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئىككى تۈرلۈك ئىنتايىن
زەھەرخەندىلىك بىلەن تولغان تەدبىرنى قوللاندى: بىرىنچى،
ئىنتايىن پەسكەشلىك بىلەن جورجان خانلىقىنىڭ قوشۇن چىقىرىپ،
ئۇلارنىڭ نەچچە ئون مىڭلىغان قاڭقىللار قاتناشقان ئالتە
قورغان قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا ياردەم قىلىشىنى تەلەپ
قىلدى. ئىككىنچى، سېتىۋېلىش ۋاستىسى ئارقىلىق غەربىي
تۇرالارنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرىنى ئۆزگىرىش ياساشقا
قىزىقتۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىغا بۇزغۇنچىلىق
قىلدى ۋە ئۇلارنى پارچىلىدى.

جورجان قاغانى ئاناغاي بۇرۇن يەنى مىلادى 520 ـ
يىلى جورجان خانلىقىدا ئىچكى قالايمىقانچىلىق يۈز بەر
گەندە، ۋېي دۆلىتىگە قېچىپ كەلگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا
ۋېي دۆلىتى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ۋېي سۇلالىسىپەرەس
بىر جورجان قاغانىنى يۆلەپ كۈنسېرى گۈللىنىپ كۈچىيىپ
كېڭىۋاتقان يوۋغۇرلارنىڭ قاڭقىل دۆلىتىنى ئىسكەنجىگە
ئېلىشنى ئۈمىد قىلغاچقا، ئاناغايغا نۇرغۇن ماددىي ياردەم
لەرنى بەردى، ھەمدە ئۇنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا ھاكىمىيەت
ئاپپاراتلىرى بىلەن قوشۇنلىرىنى قايتا قۇرۇشقا ياردەم قىلىپ
ئۇنى پۇرسەت كۈتۈپ دۆلىتىنى تىرىلدۈرۈشكە قۇشكۇرتتى

بىراق، ئاناغاي مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا مىلادى 523 - يىلى 2 - ئايدا نەچچە ئون مىڭ ئادەمنى باشلاپ كېلىپ قاتتىق بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىپ كەتتى. ئالتە قورغان قوزغىلىڭىدىن كېيىن، ئاناغاي باشچىلىقىدىكى بۇلاڭچىلىققا ئادەتلىنىپ كەتكەن جورجان قولدار ئاقسۆڭەكلىرى پۇرسەت كۈتۈپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنى ئويلاۋاتقاندا، ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ كۈتۈلمىگەندە، ئۇلارنى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا «تەكلىپ قىلىشى» غا ئۇلار ئەلۋەتتە رازى بولاتتى. مىلادى 525 - يىلى (ۋېي شياۋمىڭدىنىڭ شياۋچاڭ تۇنجى يىلى) 6 - ئايدا (پولىيۇ خەنبالىق يۈەنجۇڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلغان ئايدا) ئاناغاي 100 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇننى باشلاپ، قوملۇقتىن ئۆتۈپ ۋۇچۇەن قورغىنىغا ھۇجۇم قىلدى. ئارقىدىنلا غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلىپ ۋۇيې قورغىنىنى ئىشغال قىلىپ قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ باش سانغۇنى كوڭ چۇ قاتارلىقلارنى ئۆلتۈردى. قوزغىلاڭچىلار ئۇرۇشتا پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، ۋەزىيىتى ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا قالدى.

تۇغىبات ۋېي ھۆكۈمىتى جورجانلارنىڭ قولى بىلەن قوزغىلاڭچى قوشۇننى باستۇرغانلىقتىن، قوزغىلاڭچى قوشۇن ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالدى. ۋېي دۆلىتىنىڭ باش ھەربىي مەسلىھەتچىسى يۈجىن گۇاڭياڭ بېگى يۈەن يۈەنگە غەربىي قىسىم تۇرالاررىنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرىنى سېتىۋېلىش ۋە ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش پىلانىنى كۆرسەتتى، ئۇ مۇنداق دېدى: «ھازىر توپىلاڭچىلارنىڭ ھەممىسى قوزغىلىپ كەتتى، قورال كۈچىنى ئىشلىتىپ غەلىبە قىلىش ئاسان ئەمەس. شۇڭا پېقىر يۈجىن ئۇلۇغ بېگىمنىڭ يارلىقلىرىنى ئېلىپ ئۇلارغا پايدا - زىيانىنى چۈشەندۈرسەم، ئۇلار چوقۇم ئىچكى قىسمىدىن

ئۆزئارا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ». شۇنداق قىلىپ يۇچىن ئۆزى يالغۇز غەربىي تۇرالارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى يېلىلىغنىڭ بارگاھىغا بېرىپ «ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسەتتى»؛ شۇنىڭ بىلەن يىللىغ 30 مىڭ تۇتۇلدىن ئارتۇق 100 مىڭدىن كۆپ تۇرالارنى باشلاپ ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا ئەل بولدى («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 150 - جىلد. لياڭ ۋۇدىنىڭ پۇتۇڭ 6 - يىلى). غەربىي قىسىم قاڭقىللارنىڭ يەنە بىر ئاقساقىلى قوغۇرسۇ ئالتۇنى «دۆلىتىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىگە تەۋە 10 مىڭدىن ئارتۇق تۇتۇننى باشلاپ يۈنجۇ ئايمىقىغا بېرىپ تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلدى» («شىمالىي چى سۇلالىسى تارىخى، قوغۇرسۇ ئالتۇنىنىڭ تەرجىمىھالى»). تەخمىنەن شۇ مەزگىللەردە يەنە غەربىي قىسىم تۇرالارنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرىدىن قوغۇرسۇ لوياڭ، تۇرا بېك، تۇرا يالچىنلار ئۆز قەبىلىلىرىنى باشلاپ ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. نەچچە ئون مىڭ تۈمەن قاڭقىللارنىڭ ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇشى، ئالتە قورغان قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇش جەريانى تېزلەشتى.

غەربىي قىسىم تۇرالار ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، پولىيۇ خەنباشنىڭ كۈچى يېتىم ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. جورجانلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوۋمىنى باشلاپ، خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىغا بېرىپ، خېشىدىكى خۇچېن باشچىلىق قىلغان قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقماقچى بولدى. ئەپسۇسكى، ئالتە قورغاندىكى قەبىلە خەلقىدىن 200 مىڭدىن ئارتۇق كىشى دەريادىن ئۆتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ۋېي سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشى بىلەن كۆپ قىسمى ھالاك بولدى، ياكى ۋېي قوشۇنلىرىغا ئەسىرگە چۈشۈپ

كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئالتە قورغان قوزغىلىڭى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. پولىيۇ خەنبالىڭنىڭ ئاز ساندىكى قالدۇق ئادىمىنى باشلاپ خېنەنگە كىرگەندىن كېيىنكى پائالىيىتى ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلىرى تارىخىي كىتابلاردا ناھايىتى ئاز خاتىرىلەنگەن. شياۋ چاڭنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادى 526 - يىلى) 10 - ئايدا باليك «جەنۇبتا خۇاڭخېدىن ئۆتۈپ» بىر يىل تۆت ئايدىن كېيىنلا، ئاندىن تارىخىي كىتابلاردا «خۇچېن بىلەن مۇجىتىيەنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلەشتى، بۇنىڭدىن پولىيۇ خەنبالىڭ گۇمانلىنىپ، ۋەزىرى خېي كۇنى كوپىڭغا ئەۋەتىپ، خۇچېننى ئالداپ ئۆلتۈرۈۋەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن («ئەلىنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 151 - جىلد، لياڭ ۋۇدىنىڭ پۇتۇڭ 7 - يىلى). بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا مىلادى 526 - يىلى 10 - ئايلاردا پولىيۇ خەنبالىڭ ۋە ئۇنىڭ قوۋمى يەنىلا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. پولىيۇ خەنبالىڭنىڭ خۇچېننى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى خېشى تۇرالىرىنىڭ ئاخىرى ئالتە قورغان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىدىن ئايرىلىپ چىققانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئالتە قورغان قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدا، جورجانلارنىڭ قاغانى ئاناغاينىڭ قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىدىن تاشقىرى، غەربىي تۇرالارنىڭ ئاقساقاللىرى يىللىغ، تۇرابېك، قوغۇرسۇ ئالتۇنى، قوغۇرسۇ لوياڭلارنىڭ يۈز ئۆرۈشى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانىدى. پولىيۇ خەنبالىڭنىڭ باشچىلىقىدىكى ئالتە قورغان قوزغىلاڭچىلىرى جەمئىي تۆت - بەش يۈز مىڭچە ئادەم (خۇچېننىڭ قەبىلىلىرىدىن باشقا) ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يىللىغنىڭ باشچىلىقىدىكى غەربىي تۇرالار ئومۇمىي سانىنىڭ ئوندىن ئالتە - يەتتىسىنى، تەخمىنەن 300 مىڭ ئادەمنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، غەربىي

تۇرالارنىڭ ئالتە قورغان قوزغىلىڭىدا ئوينىغان مۇھىم رولىنى مۇشۇنىڭدىنمۇ بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئالتە قورغان قوزغىلىڭىنىڭ تېز روناق تېپىپ تېز ھالاك بولۇشىنى يەنە مۇنداق چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ:

لېنىن مۇنداق دېگەنىدى: «ھەر قاچان ھەقىقىي، كەسكىن ۋە زور سىياسىي مەسىلە يۈز بەرگەندە، گۇرۇھلار سىنىپىي ئۆلچەم بويىچە بىرلىشىدۇ، ھەرگىزمۇ مىللىي ئۆلچەم بويىچە بىرلەشمەيدۇ.»⑧ قوغۇرسۇ ئالتۇنى قاڭقىللارنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بېكقۇلىنىڭ ئەۋلادى ئىدى. يىللىغ. تۇرابېكلار ئېھتىمال قاڭقىللارنىڭ بۈركلى جەمەتىنىڭ باشلىقى تىلەتېكىن (吐吕勤) نىڭ ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن. بىكقۇلى، تىلەتېكىنلار ئۆز قوۋمىنى باشلاپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا كېلىپ ۋېيى سۇلالىسىگە بويسۇنغان بولۇپ، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ۋېيى خانلىقىنىڭ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشىپ، يۇقىرى ئەمەل، تەمىناتلارغا ئېرىشكەن، ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئاساسىي جەھەتتىن ياكى پۈتۈنلەي سىيانپى ئاقسۆڭەكلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ لوياڭغا كۆچۈپ بارغان بىر قىسىم سىيانپى ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن زىددىيىتى بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىردەك ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئالتە قورغان قوزغىلىڭىدىن بۇرۇن، قاڭقىل خەلقى كۆپ قېتىم ۋېيى سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، باشقا غەربىي تۇرالارغا ئوخشاش قوزغىلىپ كۆرەش قىلمىغانىدى. ئالتە قورغان قوزغىلىڭىدىن كېيىن ۋېيى سۇلالىسىنىڭ ئالدىراپ تەسلىم قىلدۇرۇشى بىلەن

ئۇلار قوزغىلاڭچى قوشۇندىن ئايرىلىپ چىقىپ ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانىدى.

يىللىغ يەنچىڭ ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، دەسلەپتە ۋوياڭ (ھازىرقى سەنشىنىڭ پويۇ ناھىيىسىنىڭ شىمالىي) دا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانىدى. مىلادى 526- يىلى ئۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ شىمالىي ۋېيگە قارشى چىققاچقا چەۋىك غوز قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئېر جورۇڭ تەرىپىدىن يوقىتىلدى، قالغان بىر تارمىقى تۇرابېك (تەخەللۇسى ساغۇن، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. ئېر جورۇڭنىڭ تەرجىمھالى» دا غەربىي قاڭقىللاردىن بولغان تۇرا ساغۇن دەپ ئاتالغان) نىڭ باشچىلىقىدا ئېر جورۇڭ بىلەن بىرگە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۇرۇشقا قاتناشتى. مىلادى 528 - يىلى ئېر جورۇڭ تاۋجۇ (ھازىرقى خېنەننىڭ مېڭشيەن ناھىيىسى) دا ۋېي سۇلالىسىنىڭ شاھ سانىيە ۋېي تەيخۇنى دەرياغا چۆكتۈرۈۋېتىپ، ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدار - بەگلىرىدىن 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە، تۇرابېكمۇ بۇ ۋەقەگە قاتناشتى. كېيىن يەنە ئېرجورۇڭغا ئەگىشىپ گېروڭ باشچىلىقىدىكى خېبېي قوزغىلاڭچى قوشۇنىغا زەربە بەردى ۋە ئۇرۇشتىكى تۆھپىسى ئۈچۈن يىگتۇ ناھىيىسىنىڭ بەگلىك ئوتتۇغاتىغا ئېرىشتى. ئېر جورۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ يەنە چېشىن ۋۇدى گاۋ خۇەننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ «تۆت غوزنى يوقاتتى» (تاغ غوزلىرى، لۇ شۈي غوزلىرى، چەۋىك غوزلىرى، كىنكىت غوزلىرى) ۋە ئۇرۇشتىكى تۆھپىسى ئۈچۈن «يەنجۇ ئايىمىقىغا ئايماق بېگى بولۇپ يۆتكىلىپ، دىۋاندىكى ئۈچ ۋەزىرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى» («شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى: تۇرا

بېگىنىڭ تەرجىمىھالى»).

تۇرا يالچىن ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، قوۋمىنى باشلاپ ئېر جۇرۇڭغا ئەگىشىپ لوياڭغا كىردى ۋە گېرۇڭغا جازا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى. گېرۇڭنى يوقاتقان تۆھپىسى ئۈچۈن «يالۋاچ قوتاتقۇچى سانغۇن، كېڭەش بېگى، جيا چېن قورغىنىنىڭ ئوڭ قول سانغۇنى. تۇتۇق، غەربىي قىسمىدىكى بويسۇندۇرۇلغان ئاھالىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئاقساقىلى، يۇڭنىڭ ناھىيىسىنىڭ تۇنجى بەگلىكىگە تەيىنلىنىپ، 500 تۈتۈن سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلدى» («ۋېينامە. تۇرا يالچىننىڭ تەرجىمىھالى»). پۇتەي يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە (مىلادى 531 - يىلى) ئوردا تەرىپىدىن تۇتۇقلۇققا تەيىنلىنىپ، فېڭ، يۇن، يەن، شۇ قاتارلىق تۆت ئايماقنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇردى، باش تۇتۇق، قوشۇمچە دىۋان بېگى، ئوڭ قول ياندىش ۋەزىر بولدى. ئېر جۇرۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن، گاۋ خۇەنگە ئىتائەت قىلدى، كېيىن يەنە گاۋ خۇەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

قوغۇرسۇ ئالتۇنى ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، قوۋمىنى باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈپ خۇاڭگۇا دۆڭگە بارغاندا (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ يىنشيەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا)، «دولۇجى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، ئۇ ئاكىسى قوغۇرسۇبېك بىلەن ئىككىسى جېنىنى ئاران قۇتۇلدۇردى. ئېر جۇرۇڭغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن ياندىش سانغۇنلۇققا تەيىنلەندى.» ۋېي جۇڭدى دەۋرىدە (مىلادى 528 — 529 - يىللار) ئۇنىڭغا فۇ چېڭ تۆرىسى، ئالتۇن جۇلالىق ئىناۋەتلىك تۆرە مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىندى، كېيىن

ئېر جۇرۇڭدىن ئايرىلىپ، گوۋخۇەنگە بېقىندى ۋە شىيا يۈەن
جېڭىدە ناھايىتى زور خىزمەت كۆرسەتكەچكە، گاۋ خەن ئۇنىڭ
ئەمىرلەشكەر قىلىپ، كېيىن شىنچېڭىنىڭ ئىنانچىخانلىق ئوتتۇ-
غاتنى بەردى. شىمالىي چىنىڭ تيەنباۋ يىللىرىدا (مىلادى
550 - يىلىدىن 559 - يىلىغىچە) شيەنياڭىنىڭ ئىنانچىخان-
لىققا تەيىنلەندى. خەلپەت بېگىلىك ئەمەلدىن سول قول باش
ۋەزىرلىككە كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئالتۇن نۇرى باش سان-
غۇن، سول قول باش ۋەزىر قاتارلىق ئەمەللەرگە ئېرىشىپ،
گاۋ خۇەن بىلەن قۇدا - باجا بولۇشتى. «جەمەتىدىن خانىكە،
ۋەلىئەھد، بانۇ، مەلىكىلەر چىققاچقا، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ شىمالدا
ناھايىتى زور نام - ئاتاق قازانغان» («شىمالىي سۇلالىلەر
تارىخى. قوغۇرسۇ ئالتۇنىنىڭ تەرجىمىھالى») دېدى.

قوغۇرسۇ لوياڭ ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن كې-
يىن، مىلادى 542 - يىلى سانگەن ۋىلايىتى (سانگەن ۋىلا-
يىتى ھازىرقى سەنشىنىڭ شەنيىن ناھىيىسى) دە، ۋېي سۇلا-
لىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندە، ئېر جۇرۇڭ تەرىپىدىن
مەغلۇپ قىلىندى. قوۋملىرى ئېر جۇرۇڭغا بەيئەت قىلدى؛
قوغۇرسۇ لوياڭنىڭ ئاقىۋىتى ئېنىق ئەمەس، بەلكىم ئېر جۇرۇڭ
تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ئالتە قورغان قوزغىلى-
ڭىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولغان
غەربىي تۇرالار قەبىلە ئاقساقاللىرى تۇرابېك، قوغۇرسۇ
ئالتۇنى قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا جەنۇبقا بېرىپ، دەسلەپتە
ئېر جۇرۇڭغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئۇرۇشلارغا
قاتناشتى. كېيىن يەنە گاۋ خۇەنگە ئەل بولۇپ،

ھۆكۈمرانلارنىڭ ئوتتۇراتۈزلەڭلىكتىكى يېغاۋە فېئودال تەپرىقچىلىك ئۇرۇشىنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالدى. شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتتى.

خېبشى تۇرالىرى قاتناشقان گۆەنلۈڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنىغا خۇ چېن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن سيانپىلاردىن بولغان ۋەنسى چيۇنۇ باشچىلىق قىلغانىدى. مىلادى 528 - يىلى (ۋېي شياۋ جۇاڭدىنىڭ جيەنى تۇنجى يىلى) 7 - ئايدا چيو تۇ ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ جاكارلاپ، يىلنامىسىنى شىنخۇ دەپ بېكىتتى. ئۇ باشچىلىق قىلغان قوزغىلاڭچى قوشۇن گۆەنلىڭ رايونىدا نۇرغۇن قېتىم غەلىبىلىك جەڭلەرنى قىلدى. مىلادى 530 - يىلى (ۋېي شياۋ جۇاڭدىنىڭ تۆتىنچى يىلى) 4 - ئايدا ئېر جۇرۇڭنىڭ باش سانغۇنى ئېرجۇ تيەنگۇاڭ، خې بايۆلەر باشچىلىق قىلغان ۋېي قوشۇنى تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ قىلىندى. چيۇنۇ ئەسىرگە چۈشۈپ، ئېرجۇ تيەنگۇاڭ تەرىپىدىن كۆشۈك ھارۋىغا سولىنىپ لوياڭغا ئاپىرىلىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. چيۇنۇ ئۆلگەندىن كېيىن بۇ تارماق قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ بىر قىسمى چيۇنۇ جەمەتىدىن بولغان موچى دورونىڭ باشچىلىقىدا چېكىنىپ لوياڭنى مۇداپىئە قىلدى ۋە ۋاڭچىڭيۈن باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، داۋاملىق ھالدا ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا زەربە بەردى. كېيىن شۈيلو شەھىرى (ھازىرقى گەنسۇنىڭ جۇاڭلاڭ ناھىيىسى) دە ئېرجۇ تيەنگۇاڭنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالدى؛ دۇرۇ قولغا چۈشۈپ قېلىپ، قەبىلە خەلقىدىن نۇرغۇن كىشى ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. يەنە بىر تار-

ماق قوزغىلاڭچى قوشۇن باش سانغۇن سۇ چىنمىڭدانىڭ باشچىلىقىدا چېكىنىپ شياجۇ ئايمىقى (ھازىرقى سەنشىنىڭ خېڭشەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا) غا بېرىپ مۇداپىئەدە تۇردى، مىلادى 531 - يىلى ئېرجۇ تيەنگۇاڭ باشچىلىقىدىكى ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى؛ سۇ چىنمىڭدا قولغا چۈشۈپ قېلىپ كۆشۈككە سېلىنىپ، لوياڭغا ئاپىرىلىپ ئۆلتۈرۈلدى. قوزغىلاڭ پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى.

تۇرالارنىڭ قەبىلە ئاقساقىلى خۇ چېن بىلەن سيانبى ۋە نىسى چيۇنۇ. سۇ چىن مىڭدا باشچىلىق قىلغان گوەنلۇڭ قوزغىلىڭىغا زادى قانچىلىك قاڭقىل خەلقى قاتناشقان، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بۇ قاڭقىللارنىڭ كېيىنكى ئاقىۋىتى قانداق بولغان؟ بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە تارىخىي كىتابلاردا ناھايىتى ئاز خاتىرە قالدۇرۇلغان. لېكىن خۇ چېننىڭ ھەر مىللەت قوزغىلاڭچى خەلقى تەرىپىدىن قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ داھىيسى قىلىپ سايلىنىشىدىن، قوزغىلاڭغا قاتناشقان قاڭقىللار سانىنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلارنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇن ئىچىدىكى رولى (بولۇپمۇ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئوينىغان رولى)نى تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ.

## 3. چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىشى

باشتا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ۋېي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن قاڭقىللار ئاز دېگەندىمۇ 1 مىليون 5 - 6

يۈز مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇغبات-ۋېي سۇلالىسى تەرىپىدىن شىمالىي قىسىم چېگرىلاردىكى قورغانلار (ئالتە قورغان ۋە بوگۈلۈ، ياتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش قورغانلىرى)غا ۋە خېشى ئارىلىقىدىكى توگۈەن،گو پىلىڭ قاتارلىق ئىككى قورغانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. لېكىن مىلادى 524 - يىلىدىكى ئالتە قورغان قوزغىلىڭىدىن تارتىپ جەنۇبتىكى قاچقىلىلار ئىچىدە شىمالىي تۇرالار ئالىبۇرۇن غايىب بولغانىدى، شەرقىي تۇرالار پولىۇ خەنبالىق قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشقانىدى، لېكىن قوزغىلاڭدىن كېيىن خۇددى ھۆرگۈلدەك بىر كۆرۈنۈپ قويۇپلا غايىب بولۇپ، ئۇلارنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى پائالىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش ھاجەتسىز بولۇپ قالدى. ئالتە قورغان قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بىز پەقەت غەربىي قىسىم تۇرالارنىڭ پائالىيىتىنى ئۇچرىتالايمىز. غەربىي قىسىم تۇرالاردىكى يىللىغ ۋە قوغۇرسۇ ئالتۇنىنىڭ قەبىلىسىنىڭ جەمئىي 40 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادىمى بولۇپ، قوغۇرسۇ لوياڭ، تۇرابېك تۇرا يالچىن ۋە گاۋ يىڭ تۇرالىرىدىن خۇ چېن قەبىلىسىنىڭ ئادەم سانى ئېنىق ئەمەس، ئەگەر ئۇلارنى قوشۇپ 40 مىڭ تۇتۇن دەپ ھېسابلىساق، جەمئىي 80 مىڭ تۇتۇن يەنى ئۈچ - تۆت يۈز مىڭچە ئادەم بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ۋېي سۇلالىسىنىڭ دىملىپىدە جەنۇبقا كۆچكەن قاچقىلار 1 مىليون بەش - ئالتە يۈز مىڭ ئادەم بولۇپ، ئالتە قورغان قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندا، ئاز دېگەندىمۇ 1 مىليون 200 مىڭ ئادەم غايىب بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار قەيەرگە كەتكەن؟ بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ھازىر ساقلىنىپ قېلىنغان تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاچقىلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك چۈشەندۈرىمىز:

## چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارنىڭ كېيىنكى ئاقىۋىتى

| يىللار | كېيىنكى ئاقىۋىتى | ماتېرىيال مەنبەسى |
|---|---|---|
| مىلادى 430– يىلى (شىنجيانىڭ ئۈچىنچى يىلى | 1. «3 – ئايدا يۇنجۇڭۋە خېشى ئارىلىقىدىكى تۇرالاردىن بىر مىڭ ئەچچە تۈتۈن ئادەم ئىسيان كۆتۈرگەچكە، دىۋان بېگى لىۋجى بۇيرۇق بويىچە ئۇلارنى قوغلاپ بېرىپ يوقاتقان».<br>2. 4 – ئايدا، تۇرالاردىن بىر تۈمەن نەچچە تۈتۈن ئادەم ئىسيان كۆتۈرۈپ قاچقاندا، دىۋان بېگى فېڭ تى پەرمان بويىچە قوغلاپ زەربە بېرىپ ئۇلارنى يوقاتقان. | 1.«ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە»<br>2.«ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» |
| مىلادى 433 – يىلى (يەنخېنىڭ ئۈچىنچى يىلى) | 1. قاڭقىللاردىن باغاقۇن ۋېي سۇلالىسىنىڭ خۇەيخۇاڭ قورغىنىنىڭ سانغۇنى لاڭگونى ئۆلتۈرۈپ ئىسيان كۆتۈرگەن.<br>2. بۆركلى قورغىنىدىكى قاڭقىللار ئىسيان كۆتۈرۈپ قورغاننى قورشىۋالغان. ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى قاڭقىللاردىن مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرگەن. | 1.«ۋېينامە. لوسىنىڭ تەرجىمىھالى».<br>2.«ۋېينامە. شىمجىننىڭ تەرجىمىھالى» |

(داۋامى)

| | | |
|---|---|---|
| 444 – يىلى (تەيپىڭ جىنجۈننىڭ بەشىنچى يىلى) | 601 – ئايدا «شىمالدىكى قوۋملار» (شىمالىي تۇرالار بولۇشى مۇمكىن) لەردىن 5000 نەچچە تۇتۇن ئادەم شىمالغا كۆچكەن، ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى قوغلاپ زەربە بېرىپ ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قالغانلىرىنى يى، شياڭ، دىڭ قاتارلىق ئۈچ ئايماققا ھەربىي تۇتۇن قىلىپ كۆچۈرگەن. | 1.«ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە» |
| 471 – يىلى (خۇاڭشىڭنىڭ بەشىنچى يىلى) | 1. 4 – ئايدا غەربىي تۇرالار ئىسيان كۆتۈرۈپ ۋېي سۇلالىسىنىڭ باش غوجىدارى لويۈلنى ئۆلتۈرگەن، ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىدىن نۇرغۇن ئادەمنى يوقاتقان.<br>2. ۋېي، تۇڭگۇەندىكى تۇرالار ئىسيان كۆتۈرگەچكە 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن («يۈەنخېنىڭ تەرجىمىھالى» دا «5000 دىن ئارتۇق ئادەم»، «ئۇمۇمىي | 1.«ۋېينامە. شىزۇ ھەققىدە خاتىرە»<br>2.«ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە».<br>«ۋېينامە. يۈەنخېنىڭ تەرجىمىھالى» |

| | | |
|---|---|---|
| | ئۆرلەكلەر» دە «8000 ئادەم» دەپ خاتىرىلەنگەن). بىر تۈمەن ئەتچە تۈتۈن ئادەم ئەسىرگە چۈشكەن، 2000 تۈتۈن ئادەم ئەل بولغان. | «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 133 – جىلد. سۇڭ مىڭدىنىڭ تەيشىلىق يەتتىنچى يىلى |
| 472 – يىلى (يەنشىڭنىڭ ئىككىنچى يىلى) | 1. 1 – ئايدا توڭۇن قورغىنىدىكى «غۇزلار» (تۇرالار بولۇشى مۇمكىن) ئىسيان كۆتۈرۈپ شىمالغا كۆچكەندە، سانىڭۇن خەنبا قاتارلىقلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان.<br>2. 2 – ئايدا «شەرقىي تۇرالار جۇرجانلارغا ئەل بولغان ۋېي پادىشاھى شاھنىشاھ قۇملۇققىچە قوغلاپ بېرىپ يېتىشەلمەي قايتىپ كەلگەن».<br>3. 3 – ئايدا لىيەنچۈەن تۇرالىرى ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغاندا ۋېي ئوردىسى تەرى- | 1. «ۋېينامە. يۇلتۇز بېقىش تەپسىراتى»<br>2. «ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە». «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 133 – جىلد. سۇڭ مىڭدىنىڭ تەيۈ بىرىنچى |

| | | |
|---|---|---|
| | يىدىن چىڭجۇ، شۇيجۇ، چىجۇ، يەنجۇدىن ئىبارەت تۆت ئايماققا ھەربىي تۈتۈن قىلىپ بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. | يىلى» 3. «ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە» |
| 473 - يىلى (يەنشىڭ ئۈچىنچى يىلى) | 1. 12 - ئايدا «جورجانلار سەددىچىن ئىچىگە باستۇرۇپ كىرگەن. رۇشۇەن قورغىنىدىكى تۇرالونىڭ ئىككى قەبىلىسى ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۇلارغا ماسلاشقان». | 1. «ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە». «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 133 - جىلد سۇڭ ساڭۇۋ ۋاڭنىڭ يۈەنۋېي تۈنجى يىلى. |
| 498 - يىلى (تەيخېنىڭ 22 - يىلى) | 1. تۆت قورغاندىكى قاڭقىلار ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى شۇڭقارنى ئۆزلىرىگە باش قىلىپ «ئىسيان كۆتۈرۈپ جورجانلارغا ئەل بولماقچى بولغان»، ۋېي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جياڭىياڭ بېگى يۈەنجىنى ئۇلارنى جازالاشقا ئەۋەتكەن. | 1. «ۋېينامە. گاۋزۇ ھەققىدە خاتىرە»، «ۋېينامە. قاڭقىلار ھەققىدە قىسسە»، «ۋېينامە. مىڭ ۋېينىڭ تەرجىمىھالى» |

| | | |
|---|---|---|
| | شۇڭقار جورجانلاردىن ئازار يەپ پۇشايمان قىلىپ، قايتىپ كېلىپ ۋەيى سۇلالىسىگە ئەل بولغان. | «ۋېينامە. داۋۋۇ يىللىرىدىكى يەتتە بەگنىڭ تەرجىمىھالى». |
| 504 – يىلى (جېڭشىنىڭ بىرىنچى يىلى) | 1. يۈەنخۇەي ئۇردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ مۇنداق دېگەن: «پېقىرنىڭ ئۇقۇشىچە شىمالدىكى ھەربىي قورغانلاردىكى ۋاسال قاڭقىلار ئىسيان كۆتۈرۈپ، سىرتقا قاچقىلى تۇرۇپتۇ». «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي تۈرنەكلەر» دە: «ئېيتىلىشىچە، شىمالدىكى ھەربىي قورغانلاردىكى ۋاسال قاڭقىلار ئىسيان كۆتۈرۈپ، كۆپلەپ سىرتقا قاچقان» دەپ يېزىلغان. ئىزاھات: «ۋاسال» دېگەندە قاڭقىل قەبىلىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. | 1. «ۋېينامە. يۈەنخىنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي تۈرنەكلەر»، 145 – جىلد لياڭۋۇدىنىڭ تيەنجيەن ئۈچىنچى يىلى |
| 524 – يىلى (جېڭگۋاڭ | 1. 3 – ئايدا پولىيۇ جەنبالىڭ ۋۇ يى قورغىنىدا ۋەيى سۇلا- | 1. «شىمالىي چى سۇلالىسى. |

(داۋامى)

| | | |
|---|---|---|
| نىڭ بەشىنـ-<br>چى يىلى) | لىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆ-<br>تۈرگەن. غەربىي تۇرا-<br>لارنىڭ ئاقسالى قوغۇرسۇ<br>ئالتۇنى «بىر تۇمەن تۇتۇن<br>ئادەمنى باشلاپ ئاۋاز قوش-<br>قان. بالىق قوغۇرسۇ ئالتۇنى-<br>نى بەگ قىلىپ تەيىنلىگەن»<br>غەربىي قاغىقىللارنىڭ<br>باشلىقى يىللىغىمۇ 30 مىڭ<br>ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەمنى<br>باشلاپ بالىغا ئاۋاز قوشقان.<br>2. 4 - ئايدا گاۋپىلىڭ تۇ-<br>رالىرىنىڭ باشلىقى خۇ چېن<br>ئۆزىنى گاۋپىلىڭ بېگى دەپ<br>ئاتاپ، ۋېي سۇلالىسىگە قار-<br>شى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، با-<br>لىغا ئاۋاز قوشقان.<br>3. 8 - ئايدا شەرقىي ۋە<br>غەربىي تۇرالار ئومۇم-<br>يۈزلۈك ھالدا ۋېي سۇلالىسىگە<br>قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ با-<br>لىغا ئاۋاز قوشقان. | قوغۇرسۇ ئالتۇ-<br>نىنىڭ تەرجىمىھا-<br>لى». «ئەلنى ئى-<br>دارە قىلىشقا پاي-<br>دىلىق ئومۇمىي<br>ئۆرنەكلەر» 150 -<br>جىلد لياڭ ۋۇدىنىڭ<br>پۈتۈك بەشىنچى<br>يىلى. «شىمالىي<br>سۇلالىلەر تارىخى.<br>ئېرجۇرۇڭنىڭ<br>تەرجىمىھالى»<br>2. «ۋېينامە».<br>ئۆزۈڭنىڭ تەر-<br>جىمىھالى»، «ئەلنى<br>ئىدارە قىلىشقا<br>پايدىلىق ئومۇمىي<br>ئۆرنەكلەر» 150 -<br>جىلد لياڭ ۋۇدى-<br>نىڭ پۈتۈك بە-<br>شىنچى يىلى.<br>3. «ۋېينامە».<br>تەيۈۋ يىللىرىدىكى |

(داۋامى)

| | | |
|---|---|---|
| | | بەش بەگنىڭ تەرجىمھالى» «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، 150 - جىلد، لياڭ ۋۇدىنىڭ پۇتۇڭ بەشىنچى يىلى |
| 525 - يىلى (شياۋچاڭنىڭ تۇنجى يىلى) | 1. 6 - ئايدا غەربىي تۇرالارنىڭ ئاقساقىلى قوغۇرسۇ ئالتۇدى بىلەن يالىغ 40 مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادىمىنى باشلاپ ۋېي سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان. كېيىن ئېرجۇرۇڭغا ئەل بولۇپ، جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا بارغان. | 1. «ۋېينامە. قوغۇرسۇ ئالتۇدىنىڭ تەرجىمھالى»، «ۋېينامە. ئېرجۇرۇڭنىڭ تەرجىمھالى» |
| 526 - يىلى (شياۋچاڭنىڭ ئىك- | 1. غەربىي تۇرالاردىن تۇرا بۇرۇ بىلەن قوغۇرسۇ لويالاڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ | 1. «ۋېينامە. ئېرجۇرۇڭنىڭ تەرجىمھالى»، «ئەلنى |

(داۋامى)

| | | |
|---|---|---|
| كىنچى يىلى) | ۋېي سۇلالىسىگە قارشى چىقى قاچقا، ئىبر جۇرۇڭ تەرىپىدىن يوقىتىلغان. | ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 151 – جىلد لياڭقۇۋنىڭ يۇتۇڭ يەتتىنچى يىلى. |

يۇقىرىقى جەدۋەلدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قائىقىللارنىڭ غەربىي تۇرالاردىن بولغان قوغۇرسۇ ئالتۇنىنىڭ قەبىلىسى، يىللىغىنىڭ قەبىلىسى ۋە خۇچىنىنىڭ قەبىلىسى ئالتە قورغان قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، داۋاملىق ھالدا جەنۇبتا قېپقىلىپ خەنزۇلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەندىن تاشقىرى، قالغان بىر مىليوندىن ئارتۇق قائىقىللارنىڭ كېيىنكى ئاقىۋىتى مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولغان: بىرى، «ئىسيان كۆتۈرۈپ» چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىپ كەتكەن. يەنە بىرى، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ۋېي سۇلالىسىگە قارشى چىققاندىن كېيىن، ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلغان. يەنە بىرى، ھەربىي تۇتۇن ئۈپتىدە مەجبۇرىي ھالدا ئىچكى جايلارغا كۆچۈرۈلگەن. بىز يۇقىرىقى بايان قىلىنغان ئۈچ خىل ئاقىۋەتكە قالغان قائىقىللارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ سانى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلمىسەكمۇ، بىراق يۇقىرىقى جەدۋەلدىن جەنۇبتىكى قائىقىللارنىڭ كېيىنكى ئاقىۋىتىنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ۋېي سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىش ۋە توسقۇنلۇق قىلىشىنى تارمار قىلىپ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا قايتىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. قائىقىل خەلقى

جەنۇبقا مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەندىن تارتىپلا ۋېي دۆلىتىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ۋە شىمالغا قايتىپ كېتىش ئۈچۈن
ئۇدا كۈرەش قىلدى. مىلادى 433 - يىلى خۇەيخۇاڭ قورغى-
نىدىكى قاڭقىللار قورغاننىڭ سانغۇنى لاڭگۇنى ئۆلتۈرۈپ
«ئىسيان كۆتۈرۈپ كۆچكەن». مىلادى 472 - يىلى شەرقىي
تۇرالار «ئىسيان كۆتۈرۈپ كۆچكەن» دە ۋېي سۇلالىسى
قوشۇنلىرى چۆللۈككىچە قوغلاپ بېرىپ «يېتىشەلمەي قايتىپ
كەتكەن»؛ مىلادى 473 - يىلى روشۇەن قورغىنىدىكى ئىككى
قىسىم تۇرالار «ئىسيان كۆتۈرۈپ، جورجانلارغا قوشۇلۇپ كەت-
كەن»؛ مىلادى 498 - يىلى قاڭقىللارنىڭ يۈەنخې قەبىلىسى-
دىن بولغان شۈگقارنىڭ تۆت قورغاندىكى قاڭقىللارنى باشلاپ
جورجانلارغا «ئەل بولۇشى» (شۈگقار ۋە بىر قىسىم قەبىلە
كىشىلىرى كېيىن يەنە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىغا قايتىپ كېلىپ
ۋېي سۇلالىسىگە ئەل بولغان) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جە-
نۇبتىكى قاڭقىللارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىش يولىدا
ئېلىپ بارغان پۈتۈنلەي مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان كۈرىشىدۇر.
ئالتە قورغان قوزغىلىڭى مەزگىلىدە، شەرقىي تۇرالار قوزغى-
لاڭ كۆتۈرۈپ ئاۋاز قوشقان. جورجان قاغانى ئاناغاي چوڭ
قوشۇن بىلەن ئالتە قورغان قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندا، ئۇنىڭ
قوشۇنى ۋۇ چۈەن قورغىنىدىن غەربكە ھۇجۇم قىلغانلىقتىن،
ئەسكىرىي كۈچى ۋۇچۈەننىڭ شەرقىدىكى شەرقىي قىسىم قاڭقىللار تار-
قالغان رايونلارغا ھۇجۇم قىلىشقا يېتىشمىگەنىدى. بۇ ئېھتى-
مال شەرقىي تۇرالارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شىمالىي ۋېيگە
قارشى چىققاندىن كېيىن كۆپلەپ شىمالغا قايتىپ كەتكەنلىكىدىن
دېرەك بېرىدۇ. بۇمۇ جەنۇبتىكى قاڭقىللارنىڭ شىمالغا مۇۋەپ-
پەقىيەتلىك ھالدا قايتىپ كەتكەنلىكىنىڭ تىپىك مىسالى.
ئۇنىڭدىن باشقا، جەدۋەلدىكى بىر قىسىم جەنۇبىي قاڭقىللارنىڭ
شىمالغا قايتىش كۈرىشى تارىخلاردا «قوغلاپ يوقى-

ئىلغان»، «جازا يۈرۈشىدە يوقىتىلغان» ياكى «ئۇلارنىڭ سەركەردىلىرى ئۆلتۈرۈلۈپ، قالغانلىرى ھەربىي تۇتقۇنغا ئايلاندۇرۇلغان» دەپ خاتىرىلەنگەن بولغاچقا، بىرمۇ كىشى قېچىپ قۇتۇلالمىغان، ئەمەلىيەتتە ۋېي دۆلىتىنىڭ سانغۇنلىرىنىڭ ئىچىدە چوڭ ئىنئاملارنى ئېلىش ياكى ئوردىنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈشىدىن قورقۇپ «قايتىپ كەتكەن» لەرنى يالغاندىن «قوغلاپ يوقىتىلدى» دەپ مەلۇم قىلغانلار بىرمۇنچە بولسا كېرەك. قىسقىسى، ھازىر ساقلىنىپ قالغان تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللارغا قارىغاندا 1 مىليوندىن ئارتۇق قاڭقىل خەلقى ئالتە قورغان قوزغىلىڭىدىن كېيىن شىمالغا قايتىپ كەتكەن. مانا بۇ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قاڭقىللارنىڭ كېيىنكى ئاقىۋىتىدۇر.

بىر تۆۋەندە كونكرېت قىلىپ شىمالىي، شەرقىي تۇرالار بىلەن غەربىي تۇرالارنىڭ بىر قىسمىنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا كۆچكەن ۋاقتىنى ۋە جەريانىنى تەھلىل قىلىپ باقايلى:

شىمالىي تۇرالار چۇغاي تېغىنىڭ شىمالىدىكى جورجان خانلىقىغا يېقىن جايلارغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ «شىمالغا كۆچكەن» ۋاقتى باشقا تۇرالارغا قارىغاندا بۇرۇنراق ئىدى. يارما ھۆججەتلەردە، ئۇلار مىلادى 431 - يىلى بىر قېتىم كۆرۈلىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار «نەچچە تۈمەن ئاتلىق ئەسكەر»گە ئىگە بولۇپ، قەبىلە ئەزالىرىنىڭ سانى ئاز دېگەندىمۇ نەچچە تۈمەن تۇتۇن يەنى 200 مىڭ كىشى ئەتراپىدا ئىدى. مىلادى 444 - يىلىغا كەلگەندە، يەنى ئارىلىقتا ئون نەچچە يىل ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن، تارىخلاردا «5000 نەچچە تۇتۇن ئادەم شىمالغا كۆچكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى پائالىيىتى ئۈن - تىنسىز غايىب بولدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ماتېرىياللاردىن بىز تۆۋەندىكىدەك

ھۆكۈم چىقىرالايمىز: شىمالىي تۇرالار بۇرۇنلا يەنى مىلادى
432 - يىلىدىن مىلادى 444 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا
ئىسيان كۆتۈرۈپ پۈتۈنلەي شىمالغا كېتىپ بولغانىدى؛ مىلادى
445 - يىلىدىن كېيىن جەنۇبتا شىمالىي تۇرالار قالمىدى.

شەرقىي تۇرالارنىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا قايتىشقا باش-
لىغان ۋاقتى تارىختا ئېنىق ئەمەس. «ۋېينامە. لۇسىنىڭ تەر-
جىمىھالى» دا خاتىرىلىنىشىچە، ۋېي شىزۇ دەۋرىدە خۇەيخۇاڭ
قورغىنىدىكى تۇرالار «قورغان سانغۇنى لاڭگونى ئۆلتۈرۈپ
ئىسيان كۆتۈرگەنىدى». خۇەيخۇاڭ ۋوجېن قورۇلىنىڭ سىرتى
ۋە ئۇنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ جايلار شەرقىي تۇ-
رالار جايلاشقان يەرلەر ئىدى. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدى-
لىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» گە ئاساسلانغاندا، بۇ ۋەقە سۇڭ
ۋېندىنىڭ يۈەنجيا 10 - يىلى يەنى 433 - يىلى يۈز بەر-
گەنىدى. شۇ يىلى شەرقىي تۇرالار شىمالغا قايتىشنى باشلى-
غان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدىن كېيىن تارىخىي كىتابلاردا
شەرقىي تۇرالارنىڭ «ئىسيان كۆتۈرۈپ» شىمالغا قايتىشى دا-
ۋاملىق خاتىرىلەنگەنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى، مىلادى
472 - يىلىدىكى «شەرقىي تۇرالارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ جور-
جانلارغا ئەل بولۇشى» ھېسابلىنىدۇ. مىلادى 473 - يىلى
دۇ شۈەن قورغىنىدىكى تۇرالارنىڭ ئىككى قەبىلىسى (دۇ شۈەن
قورغىنى شەرقىي تۇرالار تارقالغان رايونغا تەۋە) «ئىسيان
كۆتۈرۈپ، جورجانلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن («ۋېينامە. گاۋزۇ
ھەققىدە خاتىرە») ئىدى. مىلادى 498 - يىلى شۇگقارنىڭ
باشچىلىقىدىكى خۇەيشۈەنىڭ شەرقىيدىكى «توت قورغان قاگقىنىڭ
لىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ، جورجانلارغا ئەل بولدى» («ۋېينامە.
مېڭۋېينىڭ تەرجىمىھالى»). مىلادى 524 - يىلى شەرقىي تۇ-
رالار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىدىن كېيىن شىمالغا قايتىپ
كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، شەرقىي تۇرالارنىڭ

پاتالىيىتىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئېھتىمال ئۇلار پۈتۈنلەي شىمالغا قايتىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. قىسقىسى، شەرقىي تۇرالار ئىسيان كۆتۈرۈپ، شىمالغا قايتىشنى باشلىغاندىن تارتىپ، پۈتۈنلەي قايتىپ كەتكەنگە قەدەر، گاھ ئۈزۈلۈپ، گاھ داۋام قىلىپ بىر ئەسىرگە يېقىن داۋاملاشقانىدى.

غەربىي تۇرالار (خېشى تۇرالىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كەڭ كۆلەمدە قايتا — قايتا شىمالغا قايتىش كۆرىشىنى قوزغاپ تۇرغان بولسىمۇ (تارىخىي كىتابلاردا ئۇلارنىڭ شىمالىي ۋېيى سۇلالىسىگە قارشى كۆرىشىنىڭ خاتىرىلىنىشى، شەرقىي تۇرالار بىلەن شىمالىي تۇرالارغا قارىغاندا كۆپرەك خاتىرىلەنگەن)، بىراق، جۇغراپىيىلىك شەرت — شارائىتنىڭ پايدىسىزلىقى (خېشى تۇرالىرى خېتاۋ ئارىلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان) ۋە قۇغۇرسۇ، تۇرا قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ۋېيى ئوردىسىغا بولغان ساداقىتى، شۇنداقلا ۋېيى ئوردىسىنىڭ ھەددىدىن زىيادە قاتتىق باشقۇرۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىمالغا پۈتۈنلەي قايتىپ كېتەلمىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ۋېيى سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئىچكى جايلارغا ھەربىي تۇتقۇن قىلىپ مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەندىن تاشقىرى، قالغان نەچچە تۈمەن تۇتقۇن ئادەم، تەخمىنەن ئۈچ — تۆت يۈزمىڭ ئادەم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ، كېيىن ھەممىسى خەنزۇلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. شىمالغا قايتىپ كەتكەن غەربىي تۇرالار ئېھتىمال كۆپ بولمىسا كېرەك. ئۇلار پەقەت غەربىي تۇرالارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىشى مۇمكىن④.

**ئىزاھلار:**

① «ۋېينامە. ئىرجۇرۇڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا «تۇرا بۆرۈ» غا تەل ھالدا «بىي رۇ بۆرۈ» دەپ قارالغان. بۇ ھەقتە جۇڭخۇا